

جالالىدىن بەھرام
كۆمۈچى بالا
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



جالالىدىن بەھرام

# كۆمۈچى بالا

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مۇقەددىمە

2004 - يىلى مەن ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى. بوستان شەھەر — غۇلجا گۈل - چېچەكلەرگە راسا پۈركەنگەن ماي ئايلىرى ئىدى. سۈس سۆسۈن رەڭ ئېچىلغان سىرىنگۈللەر پاكىز باغ - هويلىلارنى يېڭى كېلىندەك بېزەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خۇش پۇراق هىدلىرى دەممۇدەم دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. قۇشلار گوياكى بەزمە - مەشرەپكە چۈشكەندەك هەممىلا يەردىن بۇلبۇللارنىڭ چاڭىلداپ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بالىلىقىمدىن تارتىپ بىرگە چوڭ بولغان، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بىرگە ئوقۇش جەريانىدا شۇ دەۋرلەردىكى ئاچارچىلىق ئازابلىرىنى بىللە تارتقان جانجىگەر ئاغىنەم هەم ساۋاقدىشىم ئوبۇلقاسىم ماڭا تېلېفون بېرىپ:

— غۇلجىغا 20 - مايغىچە كېلىپ بولغىن! هەممە ساۋاقداشلار يىغىلماقچى…، — دەپ ئۇقتۇردى. «ساۋاقداشلىق مېھرى شۇنداق بولامدۇ نېمە؟! …» پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئوتلۇق بىر هاياجان چىرمىۋالدى. يېزىۋاتقان تېلېۋىزىيە تىياترىنى تاشلىدىم - دە، ئەتىسىلا يولغا چىقتىم. دەرۋەقە 23 - ماي كۈنى غۇلجا «يېشىلنۇر» رېستورانىغا هەممە ساۋاقداشلار جەم بولدۇق … ئۇزۇن يىللىق جۇدالىق سېغىنىشتىن كېيىنكى ۋىسال شادلىقىمۇ ئەجەب بولىدىكەن؟! «بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈم؟» دېگەندەك گاڭگىراپ قالدىم. بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىمىز هەرقايسىمىزغا بەش قولدەك ئايان بولغان ئوبۇلقاسىم،

مەھەممەتخان، ئەلى ئەكبەر (تاتار)، تەلىپ (قازاق)، سۇلتان، سابىر، تۇرغان، ئەخمەتجان خۇدابەردى (قەشقەردىن كەلگەن)، يۈسۈپجان (خوتەندىن كەلگەن)، روزىگۈل، ئالىيە قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر - بىرىمىزگە قاراپ ھەيران بولۇشتۇق. راستلا ھەممىمىز قېرىپتىمىز... بالىلىقىمىز، ياشلىقىمىز بەكمۇ ئۇزاقلاردا قاپتۇ! ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى ئۆمۈر مەنزىلى ھەققىدە مۇنداق نالە قىلغانىدى:

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى پۈتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى، كۈز كېلىپ يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغاچ سۆيۈنچ بۇلبۇلى،
بىلمىدىم قاچانلار كەلدىيۇ - كەتتى...

توغرا، ۋاقىت ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئىكەن! قارالڭ قىرىق ئۈچ يىللىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى!! قاپقارا چاچلار كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئالمىدەك رۇخسارلارغا يول - يول قورۇقلار چۈشكەن ... چىناردەك بەللەر پۈكۈلۈپ كۆز گۆھەرلىرىڭ خىرەلەشكەن ... ئەمما ۋىسالمۇ ئۇلۇغ خاسىيەتلەرگە تولغان شادلىق پەرىشتىلىرىگە ئوخشايدىكەن! مانا ساۋاقداشلار ئۇچرىشىپلا روھىي ھالەتلىرىمىز بالىلىقىمىزغا قايتقاندەك بولۇشتۇق! ھەممىمىز يىغلاشتۇق... ھاياجانغا تولدۇق... كۈلۈشتۇق... بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقانلارنى ياد ئېتىشتۇق...

«يېشىلنۇر» رېستورانىنىڭ گىلەم ھەم تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان ئايرىم خانىسى دوستلۇق، ساۋاقداشلىق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن يورۇپ كەتتى!... دوستلۇق ناخشىلىرى ئېيتىلدى. ئىلىنىڭ بىر يۇرۇش «ئوغۇل بالا» ناخشىلىرىنى ھەممىمىز قۇلاقلىرىمىزنى تۇتقان ھالدا كۆكلەرگە كۆتۈرۈۋەتتۇق... بىر - بىرىمىزگە قەدەھلەر تۇتۇپ، ئۇزۇن

ئۆمۈر، خاتىرجەملىك، ئامەت تىلەشتۇق... ئايرىم - ئايرىم ھال - مۇڭ تۆكۈشتۇق...

«يېشىلنۇر» رېستورانىنىڭ مېھماندوست ساھىبخانىلىرى تاماقتا قالغۇدەك تائاملىرى بىلەن بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە خاس خانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ تەمبۇر كۆتۈرگەن ئوتتۇز سەككىز - قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بوغداي ئۆڭ بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېگىز بوي، تەمبەل، قاپقارا چاچلىرى ئارقىغا تارالغان بولۇپ، تەمكىن ھەم سالماقلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— مۇشۇ سورۇندا جالالىدىن بەھرام ئاكىنى بار، دەپ ئاڭلاپ ئاتايىتەن كېلىشىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. مەن دەرھال ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم ساۋاقداشلار سىغدىلىپ مېنىڭ يېنىمدىن ئورۇن بوشاتتۇق، مەن ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدىم. ئۇنىڭ ئىسمى جاۋدەت بولۇپ، تەمبۇرنى بەكمۇ ياخشى چالىدىكەن. جاۋدەت بىرقانچە ناخشىلارنى ئۇلاپ ئېيتقاندىن كېيىن ماڭا ئېگىلىپ:

— سىزگە «كۆمۈرچى بالا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى - دە، تەمبۇرنى مۇڭ بىلەن چېرتىپ ناخشىنى باشلىۋەتتى... مەن تېكىستى بىلەن مۇزىكىسى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، مىسكىن ھەم ھەسرەتلىك بۇ ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتىمەن... گويا ئۆزۈمنى «يېشىلنۇر» رېستورانىدا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ «كۆمۈرچى بالا» بىلەن «گاڭگول»، «پېلىچى» خاڭلىرىدىن كۆمۈر ئەكىرىۋاتاتتىم... ھارۋام لاي - كاتاڭلارغا پېتىپ قالاتتى... ئاچچىق تەرلەرگە چۆمۈلۈپ، كۆمۈرچى دوستلىرىم بىلەن ھارۋىنى ئىتتىرىپ، ئاتنى: «ھە، جانىۋار!» دەپ دېۋىتمەكتە ئىدىم. قىش - زىمىستانلاردا گۈلخان ئەتراپىدا دۈگدەرەپ كۆمۈرلىرىمگە خېرىدار چاقىراتتىم... بىلىم ئېلىش، پاراۋان تۇرمۇش، بەخت - ئامەتلەر مەندىن يىراق ئىدى!

يۈزلىرىم قاپقارا، كىيىملىرىم مەينەت، ھەممە مەندىن يىرگىنەتتى… بىراق مېنىڭ ئاشۇ كونا يىرتىق كۆرەك جۇۋام تېگىدە كىرسىز بىر ساپ يۈرەكنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم يادىغا ئېلىشمايتتى…

ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا تالاغا چىقىپ كەتتىم. ئەمما كۆڭلۈمدىكى ھاياجان بېسىققاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بارغانسېرى ئۇرلەۋاتاتتى…

— چىرايىڭ بىرقىسمىلا بوپقالدى، — دېدى ئارقامدىن چىققان ئوبۇلقاسىم، — مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياق، ئۆزۈم ياخشى، — دېدىم مەن سۇسلا كۈلۈمسىرەپ، — بايىقى ناخشىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئەجەب پاراكەندە بولۇپ كەتتا…

— مەنمۇ سەزدىم، ناخشىنى ئاڭلاۋېتىپلا چىرايىڭ ئۆزگەرگەن ئىدى، — ئوبۇلقاسىم دولامغا ئۇرۇپ قويىدى، — يۈرە، سېنى بىر شامالدىتىپ ئەكېلەي…

— ئاغىنىلەرنى تاشلاپ كەتسەك؟…

— ئۇلار شامالداپ كىرىپ، ئالدى - ئارقىسى تەڭشىلىپ بولغۇچە كېلىپ بولىمىز. قارىغىنا، ماشىنىمۇ تەييار.

ئوبۇلقاسىم ئوغلىنىڭ قاپقارا يالتىراپ تۇرغان «سانتانا 2000» ماركىلىق ماشىنىسىنى كۆرسەتتى.

— بالام، دەريا بويىغا ھەيدە، — دېدى ئوبۇلقاسىم ماڭا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىۋېتىپ.

ماشىنا «يادىن ئايرىلغان ئوقتەك» تېز يۈرۈپ كەتتى. راست دېگەندەك بىردەمدىلا دەريا بويىغا كېلىپ قالدۇق. ئوبۇلقاسىم ئىككىمىز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەرياغا ئۇسۇپ كىرگەن تىك يار ئۈستىدە توختىدۇق. بۇ كەچ زاۋال ۋاقتى بولۇپ، قۇياش غايەت زور قىزىل شاردەك ئورمانلار ئىزنىلىرىغا ئاستا پاتماقتا

ئىدى. دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلار، توقايلىق، قومۇشلۇقلار ئاسمان قەھرىنى قاپلىۋالغان شەپەق ئىلكىدە قىپقىزىل تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا ئاشۇ قان قۇيغاندەك قىزىپ كەتكەن ئاسمان سەتھىسىدە دېڭىزدەك بەھەيۋەت بىر بوۋاي تەمبۇر چېلىۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە كۆرۈندى!… كۆرۈندىلا ئەمەس بەلكى ئاۋازىنى مۇڭ بىلەن پەلەكلەرگە كۆتۈرۈپ: «قەلبىڭدە يۇلتۇزلاردەك دەردلىرىڭ تولا…» دەپ كۆمۈرچى بالىغا خەيرىخاھلىق قىلسا، تۇرۇپلا: «چىرايىڭ كۆرۈنەر شۇنچە پەرىشان» دېيىش ئارقىلىق كۆمۈرچى بالىنىڭ دەرد ـ پىغانلىرىغا ھەمدەم بولاتتى. تېخى «تىلەيمەن بەختىڭنى دۇئالىرىمدا…» دېگەن نالىلىرى بىلەن تەڭ كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى…

— ئوبۇلقاسىم، — دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىغاندەك، — ئاشۇ ئوتقاشتەك تاۋلانغان ئاسماندا بىر بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ تەمبۇر چېلىۋاتىدۇ…

— ھە؟! — ئوبۇلقاسىمنىڭ چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بارماقلىرىنى پېشانەمگە تەگكۈزدى، — ئىسسىتماڭغۇ ئۆرلەپ قالغاندەك ئەمەس، يۇر كېتەيلى، يەنە بىردەم تۇرساق «ئاسماندا ئالتە خوتۇن ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ…» دەيدىغان ئوخشايسەن…

ئوبۇلقاسىم شۇ كۈنى كەچتىلا ماڭا «دوستلارغا» دېگەن VCD پلاستىنكىسىنى ئەكېلىپ بېرىپ: «كۆمۈرچى بالىنىڭ بوۋىسىنى ئاسماندا كۆرمەي، مۇشۇنىڭدىن كۆر…» دېدى. بۇ پلاستىنكىنى قويۇپ «كۆمۈرچى بالا» دېگەن ناخشىنى قانغۇچە ئاڭلىدىم. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى جالالىدىن ئابدۇماناپنىڭ، مۇزىكىسى نۇرمەھەممەت روزىنىڭ بولۇپ، جاۋدەت ئورۇنلىغانىكەن. مەن بۇ بالىلارغا مەمنۇنىيەت بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن ھەم ئىجادىيەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن…

مەن «كۆمۈرچى بالا» دېگەن ناخشىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىمەن. ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا ئۆزگىچە ھېس ـ

تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن. ھەتتا كۆمۈر بازارلىرىغا بېرىپ كۆمۈرچى
باللارنى كۆردۈم، پاراڭلاشتىم... ئۇلارنىڭ كىچىكى ئون بەش
ياش، چوڭى يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدا ئىدى... بۇ باللارنىڭ
ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، تەقدىر ـ ئىقباللىرىنى ئويلاپ ئىچ ـ باغرىم
ئۆرتىلىپ كەتتى... بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يىگىتنىڭ
كەچمىش ـ قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىم ئاچچىق ياشلارغا
تولدى! مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى گويا ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك
غۇلجىنىڭ ئەڭ چىرايلىق، ساپ ھاۋالىق يېزا ـ سەھرالىرىنى
زىيارەت قىلدىم... بولۇپمۇ «قاش» بويلىرى، «قاش» دەريا
ۋادىلىرى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى... خىلمۇخىل رەڭلەر
بىلەن بېزەلگەن تەبىئىي ئورمانلار، قەدىمىي توقايلىقلار،
چىغىللار ئارا شاۋقۇنلىغان تاغ سۇلىرى... مۇنبەت تۇپراق،
مېۋىلىك باغلار... بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئارچا،
قېيىن، قىرچىن تاللار... قىسقىسى، ياپيېشىل مەخمەلدەك
تاۋلانغان دەريا ساھىللىرى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي گۈزەللىكىنى
نامايان قىلىپ تۇراتتى... بىراق بۇ جەننەتسىمان تەبىئىي
مەنزىرىلەر ئارا چوقچايغان داچا، ھەيۋەتلىك بىنا، ئارامگاھلار
خۇددى ھۆسنى بەرقارار گۈزەلنىڭ چېھرىگە چۈشكەن داغدەك
كۆڭۈلنى خىرە قىلاتتى... مەن ئۇ يەرلەردىن يۈرىكىم سىقىلغان
ھالدا قايتتىم... شۇنداقتىمۇ كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى «كۆمۈرچى
بالا» ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى! ھەدېسىلا كۆز ئالدىمغا
بىر مۆتىۋەر بوۋاي بىلەن كۆمۈرچى بالا كېلىۋالىدىغان بولدى.
كېيىن بارا ـ بارا باشقىلارمۇ يىغىلىشقا باشلىدى... ئەمما ئۇلارنىڭ
ئىچىدە قىپقىزىل شەپەق ئارا يىغلاپ تۇرۇپ تەمبۇر چالغان بوۋاي
ھەم مەن بىلەن سىرى ئەسرا بولغان ھېلىقى كۆمۈرچى بالا
مۇقەددەس ئابىدىدەك قەلبىم باغلىرىغا مەھكەم ئورۇنلاشتى. ئۇلار
مېنىڭدىن «قەلىمىڭ ئامان ـ ئېسەندۇر؟» دەپ سوراشتى. مەن
ئۇلارغا «ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى» دەپ جاۋاب بەردىم. بوۋاي
بىلەن كۆمۈرچى بالىنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!...

# 1

قۇياش گويا ئوت شارىدەك ئاستا پاتماقتا... دەريانىڭ ئۇ قانتىدىكى قويۇق چاتقاللىق ھەم توقايلىقلار ئاسمان سەتھىسىنى سۇۋارى قاپلىۋالغان شەپەق ئىلكىدە خۇددى قانغا چىلىشىپ قالغاندەك قىپقىزىل تاۋلانغانىدى. ئىككى قىرغاقنى تولدۇرۇپ، لۆمشىپ ئېقىۋاتقان سۇ مىليونلىغان ياقۇت ئۇۋاقلىرىدەك ۋىلىقلاپ كۆزنى چاقاتتى. گۈگۈم زاۋاللىقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن قولۋاق ھەم ئېرىنچەكلىك بىلەن پالاق ئۇرۇۋاتقان بېلىقچى گوياكى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن گىگانت تاش ھەيكەللەرنى ئەسكە سالاتتى... قىزىل، سېرىق، سۆسۈن رەڭ نۇر تالالىرىدا ئاۋرال تېغىنىڭ قار ـ مۇز قاپلىغان چوققىلىرى يىراقتىكى پادىچى گۈلخانلىرىدەك بىنەپشە رەڭ يالتىرايتتى... مانا بۇ ئېرەن دەريا بويلىرىنىڭ كەچكى شەپەقتە ھۆسن ـ جامالىنى نامايان قىلىشى ئىدى...

كاككۇك، بۇلبۇل، سوپتورغايلارنىڭ، يەنە قانداقتۇر خۇشناۋا قۇشلارنىڭ كۈي ـ ناۋالىرى ئۆچكەن، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇز، چېكەتكىلەرمۇ ئاخىرقى نەغمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇۋىلىرىغا ئالدىرىشىۋاتقان، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قېلىن ئورمانىنىمۇ ئۇگدەك بېسىۋاتقان بۇ جىمجىت كەچتە دەريا ساھىلىدىن كېلىۋاتقان تولىمۇ مىسكىن تەمبۇر ئاۋازى بارغانسېرى جىگەر رەڭ تاۋلىنىۋاتقان ئېگىز ئاسمانغا، قارىغات، مالىنا، جىغان قاپلىغان توقايلىقلارغا، شاۋقۇنلۇق ئېرەن دەريا تارامىلىرىغا باغرىنى يېقىپ، لەرزان سىڭمەكتە ئىدى...

سەل كونىرىغان مانچىستىر دوپپىلىق، ئاپئاق ساقاللىق بىر



STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK

مويسىپىت بوۋاي دەريا سۈيى شاۋقۇنلاپ تۇرغان تىك يار ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، تۇمانلىق كۆزلىرىنى يىراق تامانلارغا تىككەن هالدا تەمبۇرنى بەكمۇ سالقىن چېكىپ، پىغانلىق ناخشىسىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى...

... كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
ئۆزۈڭدەك كۆمۈرچى دوستلىرىڭ تولا.
خېرىدار ئىزدەيسەن كۆمۈرلىرىڭگە،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن يۈرىكىم يارا...

بوۋاي خاڭغا كۆمۈرگە كەتكەن نەۋرىسىدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ؟ ياكى بۇ يالغۇز ئوغۇلنىڭ كەلگۈسى تەقدىر - قىسمەتلىرى يۈرىكىنى ئەلەمزادە قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر، مۇڭلۇق ناخشىسىنى داۋام ئەتكەنسېرى ئېرەن دەرياسىمۇ ئېغىر تىنغاندەك بولۇپ مۇڭۇپ قالدى...

كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
قەلبىڭدە يۈلتۈزدەك دەردلىرىڭ تولا...
چىرايىڭ كۆرۈنەر شۇنچە پەرىشان،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن يۈرىكىم يارا...

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇژغۇنلار چاچرىتىپ كۆز - ياش تۆككەندەك بولدى! توۋا، ئېرەن دەرياسى — هەيۋەتلىك قارىغايزارلىقلار، قېيىنزارلىق چوڭقۇر جىلغىلار، ياۋا مېۋىلەر تولغان قاپتاللار... رېدە، ئىرغاي، ئارچا هەم قىرچىن تاللار سايە تاشلىغان ۋادىلار، مەخمەلدەك سايلىقلاردىن شاۋقۇن سېپىلىپ ئۆتىدۇ... ئۇنىڭ بۇ شوخلۇقلىرى، نىمىگىدۇر ئالدىراشلىرى... ئاشىقى سەۋدايىدەك ئۆركەشلىرى «ئېرەنلىك»

يېزىسىغا كېلىش بىلەنلا پەسىيىپ، تېز ئېقىنلىرى ياۋاشلاپ، شاۋ - شۇۋلىرى جىمىپ، ھەتتا قاينام ھاسىل قىلىپ پىرقىراپ ئارقىغا ياناتتى... قايتىپ كېلەتتى... يەنە ياناتتى...

پاھ! ئۇ نېمىگە پايلىمايۋاتقاندۇ؟ كىمگە تارتىشىۋاتقاندۇ — ھە! ... «ئېرەنلىك» يېزىسىغا ئاشىقمۇ ياكى بوۋاينىڭ مىڭ يىللىق، تۈمەن مىڭ يىللىق ھەسرەت - نادامەتلەرنى ئەسكە سالىدىغان تەمبۇر مۇڭىغا مەھلىيامۇ! ؟...

كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
ساددىسەن سەھرادەك، ساۋاتىڭ چالا.
تىلەيمەن بەختىڭنى دۇئالىرىمدا،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن كۆمۈرچى بالا...

ئېرەن دەرياسى ئارقىغا قاراپ - قاراپ ئۈزۈۋاتقان ئاشىقتەك قويۇق ئورمان ھەم چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىدە غايىب بولماقتا ئىدى. دەرۋەقە ئۇ، بوۋاينىڭ پىغانلىق كۈيلىرىگە باغرىنى يېقىپ، مۇڭلىرىغا چۆككەنسېرى ئېرەنلىك يېزىسىنىڭ ھۆسن - جامالىغا بولغان ئاشىقلىقى مىڭ مەرتەم ئوتلۇق ھەم جىلۇۋىلىك بولۇپ قالاتتى. قىزىل، ياق! ئوچۇق قىزىل، بىنەپشە رەڭ يوپۇرماقلىق ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ ھەممىلا كەنتلەرگە ھۆسن قوشقانلىقى، بولۇپمۇ «چىلانلىق» كەنتىدە بوك - باراقسان ئېرەن ئورمانلىقىنىڭ بولغانلىقىدىن بۇ بىپايان چوڭ ساھىل — چوڭ يېزىغا «ئېرەنلىك» دەپ نام قويۇلغانمۇ؟ ياكى بۇ ھۆسنى كامالىغا يەتكەن، يەل - يېمىشلىرى شىرىنلىك، يەرلىرى مۇنبەت، قاراڭغۇ باغلىرىدىن كاككۇك، بۇلبۇل ناۋالىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان يېزىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن دەرياغا «ئېرەن» دەپ نام قويۇلغانمۇ؟ بۇنىسى كىشىلەرگە قاراڭغۇ...

ئىشقىلىپ، ئېرەنلىك يېزىسىنى جەننەتنىڭ ئەندىزىسى دېسە

ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايتتى. «ئېرەنلىك» يېزىسىنىڭ خېلىلا نۇرغۇن كەنت ـ مەھەللىلىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەريا ياقىلاپ جايلاشقان «توپتېرەك»، «قارغوجا»، «تارسۇ»، «چىلانلىق» كەنتلىرىنىڭ يەرلىرى قارا چىلان تۇپراق بولۇپ، ھاۋاسى ساپ، تاغ سۇلىرى تاتلىق، تەبىئەت مەنزىرىلىرى جانغا ــ جان قوشقانلىقى ئۇچۇن مۇشۇ ئون يىلدىن بېرى شەھەردىكى كاتتا بايلار، ھەتتا ئۇرۇمچىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان نازىر ھەم ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى ئون ـ ئون بەش مولاپ يەرلەرنى ئېلىپ جەننەتتەك داچىلارنى سېلىپ، كۆڭلىرىنى بەھۇزۇر، راھەتتە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۆرۈكلەرنىڭ غوللىرىغا سۇ يۇگۇرۇپ، بىخلىرى ئەمدىلا قىزىرىۋاتقان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ پوتلىلىرى ئاقۇچ يېتىلىۋاتقان، قىسقىسى، مارت ئايلىرى ئۇزا ـ ئۇزىمايلا ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلىرى خۇددى ھاشار چومۇلىسىدەك تىزىلىپ ئېرەن دەريا بويلىرى ۋادىسىدىكى بىر ـ بىرىدىن ھۆسن تالاشقان «توپتېرەك»، «قارغوجا»، «تارسۇ»، «چىلانلىق» كەنتلىرىدىكى داچىلىرىغا يېتىپ كېلەتتى ـ دە، باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. قېرىلىرى بىرنەچچە ياش ياشىراتتى. ياشلىرى تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ ئۆزلىشىپ كېتەتتى… چۈنكى بۇ يەرلەرنىڭ سۈت، قايماق، قېتىقلىرى ئەلۋەك… يەل ـ يېمىشلىرى شىرنىلىك… تاتلىق ئوت، سۈزۈك سۇدا سەمرىگەن پاقلانلىرىنىڭ گۆشلىرى يۇمشاق ھەم مەززىلىك… تېخى دەريانىڭ ساپ ھاۋاسى … رەڭ تۆكۈلۈپ كەتكەندەك سۈزۈك كۆك ئاسماندىكى قۇياش نۇرى… ئەتراپتىكى سۈرەتتەك مەنزىرىلەرنى دېمەيلا قويۇڭ!… قىسقىسى، بۇ ۋادىنىڭ ھەممە ـ ھەممە نېمىسى تەنگە داۋا، يۈرەككە شىپا مۆجىزاتلار ئىدى… مەن سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ھېكايەممۇ ئەنە شۇ ئېرەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ھەم تۆۋەن ئېقىنلىرىغا جايلاشقان ھادىس گۈزەل «چىلانلىق»

بىلەن «تارسۇ» كەنتلىرىدە يۈز بەرگەن كىچىككىنە، كۆڭۈلسىز بىر ۋەقەدۇر...

ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم، بەلكىم سىلەر مېنى: «داۋاملىق پاجىئە، تراگېدىيە بىلەن تولغان ۋەقەلەرنى يازىدىكەنسەن، ئۇنىڭدىن باشقا تېمىلار تېپىلمامدۇ ساڭا؟...» دەپ ئەيىبلىشىڭلار مۇمكىن... بىلىمەن، تەڭرى ماڭا شادلىقنى يار قىلمىغان چېغى! ... توۋا دەيمەن، ماڭىلا شۇنداق كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر ئۇچرامدىغاندۇ؟! قەلىمىممۇ مەندىن بىزار! ئۇ نائىلاج سەھىپىلەر ئۈستىدە كۆز يېشى تۆكىدۇ. مەن ئۇنىڭغا: «شادلىق ئۇنتۇلۇر، خاپىلىق ئۇنتۇلماس...» دەپ تەسەللى بېرىمەن... بولدىلا، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھېس - تۇيغۇلاردىن نېرى بولايلى. يەنىلا ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى:

ئاتا - بوۋىلىرىمىز «شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، ئاياغلاشمايدىغان زىياپەت» دېگەنىكەن. قوڭۇر رەڭ، ساپسېرىق يوپۇرماقلار شىرتىلداپ ئاستىغا تۆكۈلۈۋاتقان ئېرەن ئورمانلىرى قىزلارنىڭ لەۋلىرىدەك سۇزۇك، نازۇك ياپراقلىرىنى چېچەكتەك پۈركۈپ، ئورمان ئىچىنى بىر قەۋەت ئاتەشتەك قىزارتىۋەتكەن... ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇللار يالىڭاچلىنىپ، باغلار غۇۋۋۇلداپ قالغان نويابىرنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرى باشلىنىش بىلەن يىراق - يېقىندىن كەلگەن بەگزادە - خېنىملار داچىلىرىنى خىزمەتچى - مالايلىرىغا قالدۇرۇپ، چوڭ شەھەرلەردىكى پارۋايلىق ئۆيلىرىگە كېتىپ قېلىشاتتى. شۇڭا دېھقانلار ئۇلارنى «پەسىل قۇشلىرى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق داچىلار گۈلزار ئىلىنىڭ ھەممە سەھرا - يېزىلىرىدىن تېپىلاتتى. نازىر تۇردى ھەسەننىڭ ئېرەن دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «چىلانلىق»قا سېلىنغان ئون بەش مولۇق ھەشەمەتلىك ئارامگاھى ئاشۇ داچىلارنىڭ سەرخىلى ئىدى!...

قارالڭ! ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە سۇس كۆكۈچ رەڭ چاڭغا

پۈركەنگەن بۇ داچا نېمانچىلا سىرلىق سۈكۈتكە چۆمگەندۇر! ئاھ، ئاشلاڭ! كېچىنىڭ سەلكىن شامالىرى تەمبۇرنىڭ مىسكىن، مۇڭ ـ زارغا تولغان نالىسىنى نە ـ نەلەردىن ئېلىپ كەلدى! … ئۇ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ كۆڭۈل پىنھانلىرىدىكى كونا داغ، ئۇنتۇلغان يارىلارنى ئەسكە سالدى! … بۇ مۇڭلۇق نىدا، پىغانلىق دولقۇنلار… ھاياجان ئىزتىراپىدا تىترەتكەن يۇمشاق كۈچىنىشلەر… كۆزلىرىڭنى لىپمۇلىق سۈزۈك ياشلارغا تولدۇرۇپ ئاستا پەسىيىشلەر… پەيدىنپەي ئۆرلىگەن ھەسرەت ـ نادامەت ئېقىنلىرى… مانا بۇلار تەمبۇرنىڭ كارامەتلىك سېھري كۈچىدۇر… ئۇنىڭدىن ئېرەن دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى كۆز ـ ياش تۆكۈپ، ئىپتىدائىي ئورمانلار ئىچىدە غايىب بولدى. مىس لېگەندەك ئېسىلىپ تۇرغان ئاي كۆك قەھرىدىن پەسكە نەزەر تاشلىدى ھەم ياشلىق كۆزلىرى بىلەن خاڭ يولىدا كېتىۋاتقان كۆمۈرچى باللارنى كۆرۈپ قالدى… ئۇ، بوۋاينىڭ تىلەكلىرىنى ئاستا شىۋىرلاپ ئۇلارغا يەتكۈزدى:

تىلەيمەن بەختىڭنى دۇئالىرىمدا،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن كۆمۈرچى بالا! …

*

— مۇنۇر، قامچاڭنى ئوينات، ئېتىڭنى دېۋىت، — ۋارقىرىدى تۇغلۇق، — پىدا ئىككىمىز هارۋىنىڭ شوتىسىدىن مۈرىدەيلى.

— تۇغلۇق، بولماسمىكىن، — دېدى مۇنۇر يېڭىدە پېشانىسىنى سۈرتۈۋېتىپ، — كاتاڭ خېلى چوڭقۇركەن ئەمەسمۇ.

— ئەمىسە مىكى ـ مىكى دەپ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرامدۇق

بۇ ئېزىتقۇ سايدا؟ — تۇغلۇقنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — قېنى، مەن دېگەندەك قىل...

كۆمۈرچى بالىلار «هە ـ هۇ» دېيىشىپ ۋارقىراشقىنىچە هارۋىنى ئىتتىرگەنىدى، چاق يېرىم كۆتۈرۈلۈپ كاتاڭغا يەنە جاققىدە چۈشتى. پېشانىلىرىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان تۇغلۇق چاق يېنىغىلا ئولتۇردى ـ دە، مانچېستىر دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ يۈزىنى يەلپۈدى. پىدامۇ بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ يۈز ـ بويۇنلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— تۇغلۇق ئاداش، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مۇنۇر قامچىسىنى هارۋىدىكى كۆمۈر ئۈستىگە تاشلاپ، — ئېتىممۇ تەرلەپ كەتتى.

— پىدا، — تۇغلۇق چاچلىرى كىرپىدەك دوغىلاقىنا بالىغا قارىدى، — ئىككىمىز يوغانراق تاشلاردىن تېرىپ كېلەيلى.

— نېمە ئاشۇ سايدىنما؟ — پىدانىڭ كۆز ئېقى پاللىدا يېنىپ قاراڭغۇلۇق تىقىلغان چەكسىز سايغا قاراپ قويدى، — مەن... مەن بارمايمەن، راست گەپنى قىلسام، ئۇ... ئۇ يەردە جىن بار...

— تۇكى يوق پاراڭنى قوي، نەدىكى جىنكەن ئۇ؟

— بىلەتتىم، سەنغۇ ئىشەنمەيسەن... لېكىن، مەن... هەرگىز بارمايمەن...

تۇغلۇق ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئېگىز بوي، كۆكرەكلىرى كەڭ، قىزغۇچ چىراي هەم چوڭ كۆزلىرىدىن خۇش پېئىللىقى بىلىنىپ تۇرغان، بىلەكلىرى گۈرزىدەك مەزمۇت، كۈچتۈڭگۈر يىگىت بولۇپ، ئەمدىلا يىگىرمە يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى. بۇ هارۋىلار ئۆزىنىڭ هەم پىدانىڭ بولۇپ، بېشىغا تۆۋرا كىيگۈزۈلگەن ئاتلار كوروسلىتىپ بوغۇز يېمەكتە ئىدى.

— تۇغلۇق ئاداش، قانداق قىلىمىز؟ — مۇنۇر ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئايغا قاراپ قويدى، — ئەگەر ئاي ئولتۇرۇپ

كەتسە جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ.
— مەن ئېتىمنى يېشىپ كېلەي، ھارۋاڭغا ياندايلى.
— يانداق توشۇغۇچىلىرنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ كەپتىكەنمەن.
— ئاپلا! مەنمۇ ئالماپتىكەنمەن ئەمەسمۇ، پىدا، سەنچۇ؟
— يانداق قاتمىغاندىن كېيىن لازىمى بولماس دەپتىمەن.
— «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتى» دېگەن شۇدە،—
تۇغلۇق پىداغا قاراپ قويدى،— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟
— كۆمۈرلەرنى چۇشۇرۇۋەتسەكلا بولمىدىمۇ! ؟— دېدى پىدا
غودۇڭشىپ، — ئاتمۇ بىر بۇلجۇنۇپلا ئاچىقىپ كېتەتتى.
مۇنۇرنىڭ خالتا كۆمۈرلەرنى چۇشۇرۇشكە كۆزى
قىيمايدىغانلىقى تۇغلۇققا ئايان ئىدى. چۇنكى كۆمۈرلەرنى
چۇشۇرۇپ، يەنە ھارۋىغا بېسىش خېلىلا كۇچ تەلەپ قىلاتتى.
بولۇپمۇ ھارۋىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى تەڭشەپ باسمىسا ئاتنىڭ
بېلى كاردىن چىقاتتى ھەم خالتا كۆمۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا
ئىلىنغان پارچە ۋە ئۇششاق كۆمۈرلەرنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش
ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. دائىم دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى
ئاياپ، ئۆزى جاپا تارتىدىغان تۇغلۇق ھارۋىسىدىن بىر تاغارنى
ئالدى ـ دە، ئالدىدىكى سايلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ تاش تېرىپ
كەلمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن مۇنۇرمۇ تاغىرىنى ئېلىپ مېڭىشى
بىلەنلا، پىدامۇ ھارۋىسىغا چىقىپ نېمىنىدۇر ئىزدىدى. بۇنى
كۆرگەن تۇغلۇق ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— پىدا، سەن ھارۋىلارغا قارىغاچ تۇرغىن! بىز بىردەمدىلا
كېلىمىز.
تۇغلۇق بىلەن مۇنۇر ئىككى تاغاردا تاش ئەكەلگەندىن كېيىن
مۇنۇر ئېتىنى قامچىلاپ «ھە، جانىۋار!» دەپ ۋارقىرىدى.
تۇغلۇق ھارۋا شوتىسىدىن كۆتۈرۈپ «ھە ـ ھۇ...» دېدى. پىدا
چاق كۆتۈرۈلگەن ھامان تاش تاشلاپ، ئاخىرى ھارۋىنى كاتاڭدىن
چىقىرىۋالدى.

— مۇنۇر، — دېدى تۇغلۇق، — قارا، ئېتىڭنىڭ قارنىنىڭ تارتىلىپ كەتكىنىنى؟ بېشىغا توۋرىنى كىيگۈزۈپ قوي! ئەڭ ياخشىسى، ئاغىنىلەر، ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىپ بىرئاز ئارام ئالدۇرايلى، ئاندىن بىزمۇ قورساقلىرىمىزنى تويدۇرۇۋالساق قانداق دەيسىلەر؟

ئۇلار نان سېلىنغان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ، شىرقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كېلىشتى. بۇ ئېقىن تاغدىكى تاش يېرىقلىرىدىن، جىلغىلاردىكى بۇلاقلاردىن كەلگەچكىمۇ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك ھەم سوغۇق ئىدى. تۇغلۇق، مۇنۇر، پىدالار قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى ئېقىنغا تاشلاپ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچىپ قورساقلىرىنى پومىلىماقتا ئىدى. ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە بۇ ئۈچ كۆمۈرچى بالىنىڭ يۈزلىرى ئوخشاشلا قارا كۆرۈنەتتى. ئەمما كۆزلىرىنىڭ ئېقى ئوخشاشمىغان ھالدا چوڭ - كىچىك پارقىرايتتى. ئۆزى ئورۇق، بويى ئۆسكىلەڭ مۇنۇرنىڭ كۆزلىرى كىچىك بولغاچقىمۇ ئۇنى دوستلىرى «يۇمۇق» دەپ ئاتىشاتتى. پىدا پاكار، دىقماققىنە بولۇپ، سەل چوڭ چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى تىكەندەك دىردىيىپ تۇرغاچقىمۇ «كىرپە» دېگەن لەقەم پېچىپ تىككەن كىيىمدەك سىڭىشىپلا قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا تۇغلۇقنىڭ چوڭ كۆزلىرى ئاي نۇرىدا يالت - يۇلت يالتىراپ، قوناقنىڭ دانىسىدەك چىشلىرى ئاپئاق پارقىرايتتى.

ئادەتتە خۇش پېئىل، خۇش چاقچاق ھەم گەپتان بالىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى تەبىئىتى يېنىك، مىجەزى سۇيۇق كېلىدۇ. لېكىن تۇغلۇق خۇددى مومىدا ياسىۋالغاندەك ھەممە تەرەپتىن يېتۇك بالا بولۇپ، ئەخلاق - پەزىلەت، رەسىم - قائىدە، ئادەمگەرچىلىك جەھەتلەردە بولسۇن، ياكى نامرات يارەنلەرگە ھىممەت قولىنى سۇنۇشتا بولسۇن، ئۇنى دوستلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، ھەتتاكى «تارسۇ» كەنتىدىمۇ ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى:

— تۇغلۇق خويىمۇ يېتىشلىك بالا بولدى... بىرىنىڭ

بۇغدىيىنى ئورۇشۇپ بەرسە، يەنە بىرىنىڭ خامىنىنى سورۇشۇپ بېرىۋاتقان، — دەيتتى مومايلار چىشسىز ئاغزىلىرىنى ماكىلدىتىپ.

— ۋۇي، ئانىسى! تۇغلۇق ناسۋال قاپىقىمنى چىڭداپ ئاچىقىپ بەردى، پۇل تەڭلىسەم ئالمىدى، بىزنىڭ بالىلاردىن بۇنچىلىك راپائەت كەلمىگەندى ـ ھە! — دەپ قوللىرىنى شىلتىيتتى بوۋايلار.

دېمىسىمۇ تۇغلۇق بىكار بولۇپ قالسىلا باشقىلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى ھەممە ماختايتتى. تۇغلۇق كەنتتىكى چىشى، بېشى، قورسىقى ئاغرىپ قالغان، تۇمۇ تېگىپ ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ قالغانلارغا قەغەز بولاقلاردا دورا ئاچىقىپ، ئۆزى ئىچۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا تارسۇلۇقلار بالىلىرى شاتىراقلاپ قالسىمۇ تۇغلۇقنى ئىزدەپ كېلەتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ تۇغلۇق بولمىغان بولسا، مۇنۇرنىڭ ھارۋىسىنى كاتاڭدىن چىقارماق بەس مۇشكۇل ئىدى.

— پىدا، — دېدى تېخىچىلا قورساق كۆپۈكى يانمىغان مۇنۇر، — بايا ئېزىتقۇ سايىدا جىن بار دەپ كۆتۈڭگە بىرلا ئۇرۇپ گەپ تاپتىڭا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە تاش كۆتۈرگۇم يوق دېسەڭلا بولمىدىمۇ؟

— ھەي يۇمىۇق، مېنىڭ گېپىمگە چىنپۇتمىسەڭ، باشقىلاردىن سوراپ باق، — پىدا بىردىنلا قىزىشىپ قالدى، — راست گەپ قىلسام، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، قۇرۇلۇش كانتورنىڭ (شىركەت) باشلىقى مېنى ھارۋىكەش مەگسۇركامغا قېتىپ قويدى. بىز ئىشچى ئائىلىلىرىگە قىشلىق كۆمۈر توشۇيمىز. بىر كۈنى ئورۇسنىڭ ئىككى ئات قېتىلغان بىرىشكا ھارۋىسىغا كۆمۈرنى بولۇشىغا باستۇق ـ دە، قايتتۇق. مەگسۇركامدا سەرەڭگە بولمىغاچقا تاماكا چېكەلمەي يول

بـويى تېرىكىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاخىرى مۇشۇ ئېزىتقۇ سايغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. قارىساق يول چېتىدە ئىككى يـېتىمچى پۈتلىرىنى بىرى كۆنچىقىشقا، يەنە بىرى كۈنپېتىشقا ئۇزۇن سۇنۇپ جەينەكلەپ يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ تۇراتتى. لېكىن ئوتتۇرىدا كىچىككىنە گۈلخان كۆيۈۋاتاتتى. ئوت يورۇقىدا ئۇلارنىڭ ھىمىرىلگەن بۇرۇتلىرى، يۇمۇلغان كۆزلىرى، بۇرۇن، قاشلىرى شۇنداق ئېنىق ئىدى... ئـەمما بىرىشكىغا قېتىلغان بولماقتەك ئىككى ئات خارقىراپ، كىشنەپ، يەر چاپچىپ ھارۋىنى ئەپقاچتى. خېلى بىر يەرلەرگە بـارغـانـدىـلا توختىتىۋالدۇق. شۇنداقتىمۇ ئاتلارنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ جىم تۇرمايتتى. مەخسۇركام ماڭا ئورالغان تاماكىسىنى بېرىپ «تۇتاشتۇرۇپ كەل!» دېدى. مەن يېقىن كېلىپ قارىسام ھېلىقى ئىككى يېتىمچىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. مەن قايتىپ كەلدىم ـ دە:

— مەخسۇركا، ھېلىقى ئىككى ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. گۈلخان ئـورنىـدا دۈۋـلـەنگەن ئات تېزىكى تۇرىدۇ...، — دېيىشىمگە مەخسۇركام «ھارۋىغا چىق» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئاتلارغا قامچا سـالـدى. ئـۇ تاكى شەھەرگە كىرگۈچە بىردە ئاتلارغا، بىردە ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا قامچا ئۇرۇپ كەلدى. ئەتىسىدىن تارتىپ مەخـسۇركامنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قىپقىزىل بىرنېمىلەر چىقىپ يېتىپ قالدى ـ دە، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ كەتتى. باشقىلارنىڭ دېيىـشىچە، ئۇ قامچا بىلەن ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئالۋاستى ئۇنىڭغا چېقىلىپ ساپتۇ...

— توغرا، — دېدى يۇمۇق كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغان مۇنۇر، — مەخسۇركام ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرمىسا بوپتىكەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئالۋاستى ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىلىۋالسا، ئاتلار قارا تەرگە چىلىشىپ ئۆلۈپ قالارمىش.

ئېغىزلار نان چايناشتىن توختىدى. ئوچۇمىدىكى سۇلار

شىرقىراپ تۆكۈلۈپ ئىقىنغا قوشۇلۇپ كەتتى. مۇنۇر بىلەن پىدا قاراڭغۇلۇق تىقىلغان ئېرىتقۇ سايغا قاراپ ئاغزىدىكى ناننىمۇ يېۇتمىدى. ئەمما تۇغلۇق ئوچۇمىدا سۇ ئىچىپ، نېنىنى چايناۋەردى. ئۇ ئىككى دوستىنىڭ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى.

— هەي پىدا، نېمانداق مەسلىھەتىڭ يوق ئالجۇقا نېمىسەن، — تۇغلۇق قولىنى شىلتىپ قايناپ قالدى، — كونىلارنىڭ دېيىشىچە، «جىن - ئالۋاستى دېگەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىككى ئادەمگە تەڭ كۆرۈنمەيدۇ» دەيدىكەن، ھېلىقى ساقال - بۇرۇت قويۇۋالغان ئالۋاستىلارنى راستىنىلا كۆردۈڭمۇ؟

— راست گەپنى قىلسام ئۇ... ئۇ... چاغدا مەنمۇ گىرىم - سىرىم كۆرگەندەك قىلدىم...

— نېمانداق گېپىڭنىڭ تۇتۇرۇقى يوق نېمىسەن، بۇ كېچىدە ۋەھىمە تارقىتىپ، — تۇغلۇقىنىڭ راستىنىلا ئاچچىقى كەلگەندى، — مېنى تولا كولدۇرلىتىپ، جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتمە، ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ يوللاردا قانچە قېتىملاپ يالغۇز ماڭدىم. ئەجەب ماڭا چىقىلماپتۇ ئۇ ئالۋاستى.

— نېمە پەيلىڭنى بۇزىسەن، سەن... شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئەمىسە كۆيۈۋاتقان گۈلخانچۇ؟...

— گېپىمنى تولا چا پۇتلىما، — تۇغلۇق قولىنى شىلتىدى، — كېچىلىرى ئوت كۆرۈنىدىغان پارقىراق قوڭغۇزنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

— كېچىدە مال ئىغىلىغا كىرسەم، يۇلتۇزدەك ئۇچۇشۇپ يۈرىدۇ ئۇ بىرنېمىلەر، — دېدى مۇنۇر سەل جانلىنىپ، — دەسلەپتە مەنمۇ قورققان...

— ھەببەللى، بۇنداق پارقىراق قوڭغۇزلار كۆپىنچە تېزەككە توپلىشىدۇ. ئۇنداقتا تېزەك كېچىلىرى...

— گۈلخان بولۇپ كۆرۈنىدى - دە، — مۇنۇر كۈلۈۋەتتى،

— ھەي پىدا، ھەي پىدا، سەنزە گۆسمۇستەك غولۇڭ بولغان بىلەن ئەقلىڭ چولتا نىمىدە سەن··· خېلى راست گەپ قىلاتتىڭ، بۇ قېتىم «جا» ئارىلىشىپ قالدىغۇ دەيمەن.

— قارا، پىدا ئاداش، بۇ گەپلەرنى مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپلا تاپىمەن جۇمۇ، — تۇغلۇق پىدانىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ماڭا مۇئەللىم دەپ بەرگەن.

— مەن ناقابىل، — دېدى پىدا غودۇڭشىپ، — ئەمىسە مەڭسۇركام ئۆلۈپ قالدىغۇ···

— ھەي ئۆزۈڭ «پۈتۈن بەدىنىگە قىزىل بىرنېمە چىقىپ كەتتى» دېدىڭغۇ، ئادەمگە ئىلما چىقىپ قالسا دەرھال بىگىزدە ئېلىپ، ئۈستىرا قېيىۋېتىدۇ. ئۇن بىر يەردىن قارا قاننى سىقىپ چىقىرىۋەتمىسە ئاشۇنداق جاننى ئالىدىغان گەپ.

— تۇغلۇق، سەن دېگەن «ئىلما»، «ئەسۋى چىقىپ قالدى» دېگىنى شۇمۇ؟ — سورىدى مۇنۇر، — مېنىڭ كىچىك دادامنىڭ بەدىنىگە چىققاندا دادامنىڭ ئىلغىنىنى كۆرگەنىدىم.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، — دېدى تۇغلۇق سومكىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى كاپ ئېتىپ، — قېنى ئەمىسە، ئاتلارنى قاتايلى.

كۆمۈرچى باللارنىڭ قىلىۋاتقان ئوقىتى ئازغىنە پايدىسىغا قارىغاندا، جاپا ـ مۇشەققىتى كۆپ ئىش ئىدى. قار ـ شىۋىرغانلىق زىمىستان قىشلاردا ئاچ ـ توق قېلىپ، چۆل ـ جەزىرىلەردە تۈنەپ قېلىشاتتى. جۇدۇن ـ چاپقۇن، يامغۇرلاردا باشلىرىغا قاپقارا پاسكىنا تاغارلارنى ئارتىشىپ «ھەي، خالتا كۆمۈر!···» دەپ خېرىدار چاقىرىشاتتى. بەزىدە ھارۋىسىنىڭ بىرەر نېمىسى سۇنسا، بەزىدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېتى يېتىۋالاتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تاپقان ئازغىنە پۇلى جەننەت نېمەتلىرىدىن ھالال ئىدى. مانا «تارسۇ»لۇق مۇشۇ كۆمۈرچى باللار ئاشۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەر

ئىچىدىن ئۆزىگە تالىق ئازغىنە خۇشاللىق تاپالايتتى. ئۇلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ كوچا ـ مەھەللە، كەنتلەرنى بۆلۈشۈۋالاتتى. بىر سىنىڭ سودىسىنى بىرسى بۇزمايتتى.

— تۇغلۇق ئاداش، — دېدى ئاتىنىڭ خامۇتىنى سىلىۋاتقان مۇنۇر، — ئەتە چىلانلىقنى بىر ئايلىنىپ ئۆتەلەمسەن؟

— ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن بۈگۈن كېچە ئىككىنچى توخۇ چىللاش بىلەن شەھەرگە ماڭىمەن، — مۇنۇر ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئاپام ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا. كۆمۈرنى ئېلىشىغا ساتىمەن ياكى بېسىمدارلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ دوختۇرخانىغا بارمىسام بولمايدۇ...

— نېمە، چىلانلىقتا چۆپقەتلىرىڭ كۆپمىدى؟

— ياقەي، ئەممازە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن تۇردى نازىر دېگەن بىر كاتتا ئەمەلدار بار. ئۇنىڭ داچىسىدىكىلەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۈچ ـ تۆت خالتا كۆمۈر چۈشۈرەتتى.

— نېمە، ئۇلار كۆمۈر يېمەيدىغاندۇ؟ ياكى بۇ قىش بولمىسا!

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن يەر ئاستى ئۆيىدىكى پار قازىنىغا كېچە ـ كۈندۈز ئوت قالايدىكەن. شۇڭا ئاشخانا، چايخانا، مۇنچىلىرىدا قىزىق سۇ ئۈزۈلمەيدىكەن. بولمىسىغۇ باغلىرىدا سۇ ئۈزۈش كۆللىرىمۇ بار ئىكەن.

— مۇنداق دېگىن، — تۇغلۇق ئاچچىققىنە كۈلدى، — ئۇ نازىر غوجام قالتىس باي ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە، — مۇنۇر تامىقىنى چاكىلدىتىپ قويدى، — مەنغۇ ئۆزىنى كۆرمىدىم. لېكىنزە داچىغا قىش ـ يازدا قارايدىغان ئاياز، ئايىسمە دېگەن ئەر ـ خوتۇنلار بار. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بانكىدىكى پۇللىرىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈملىرى قانچە پۇل بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەيمىش. ئاددىيىسى، تاغدا بىر موڭغۇل مالچى بېقىۋاتقان قويلىرىنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيمىش... شۇنداققۇ

پىدا ـ ھە؟

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، — چىرچىلىپ كەتكەن پىچان ئۇۋاقلىرىنى ئالىقانداپ تاغىرىغا ئىلىۋاتقان پىدا بېشىنى چايقىدى، — راست گەپنى قىلسام، «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا...» دېگەندەك خۇدايىممىچۇ بەرگەنگە قوش قوللاپ بېرىۋېرىدىكەن دېسە! مۇنۇرنىڭ يېلىنىشى بىلەن چىلانلىقتا بىر قېتىم بېرىپ قالدىم. مەن كۆمۈرنى يەر ئاستى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىپ سىرتقا چىقىشىمغا، ئاياز دېگەن بۇقا گەدەن: «خالىئاي خېنىمدىن پۇل ئاچقىپ بېرەي» دەپ پايانداز سېلىنغان پەلەمپەيلەر ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. پەس تەرەپكە قارىسام خۇددى بوياق تۆكۈۋەتكەندەك ياپيېشىل بىر كۆل تۇرمامدۇ... كۆل بويىدا خۇددى گىلدىڭ باش قارىمدەك گىلدىڭلاپ تۇرغان ئېسىل ئورۇندۇقتا بىر قىز ئولتۇرىدۇ... پاھوي... ئۇنىڭ نازىنىنلىقىنى دېمەيلا قوي... راست گەپنى قىلسام ئۇ قىز مەدەكتەك تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇۋېلىپ بىركىمگە راسا ئاچچىقلاپ كەتتى...

— بۇنداق خېنىملارنىڭ ئاشنىلىرى ساماندەك دېگىنە، — دېدى مۇنۇر ئېتىنى يېتىلەپ يولغا ئاچقىۋېتىپ، — تايىنلىق كۇندەشلىك قىلىپ بىرەر ھەزىلەكنى تىللىغاندۇ؟

— ھەي مۇنۇر، نېمانداق لاۋزا بىرنېمىسەن؟ مۇشۇ تېتىمەيلىكىڭدىن خوتۇنۇڭ كۆڭۈلسىزمۇ بولۇپ قالمايدىكەن، — پىدا ھارۋىسىنى سا قىلىپ تۇغلۇققا يېقىنلاشتى، — ئۇ قىزنىڭ باغۇ قارا، چىرايىغا بىرلا قاراپ، ھېيىقىنىڭدىن زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالىدۇ جۇمۇ... شۇنداق سالاپەتلىك ھەم بەكمۇ تەمكىن دېگىنە.

— بولدى، سەنمۇ ئېزىپ ئىچۇرمەي، — تۇغلۇق پىدانىڭ ئۇزۇن ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. — ئۇ قىزنىڭ نېمىگە ئاچچىقلاپ قالغانلىقىنى دېمەمسەن؟

— قۇلاق سالسام، — پىدا ئاغزىنى تۇتۇپ گومۇشلاردەك خىر ـ خىر كۈلدى، — ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت، مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇپ قالغان بولسىچۇ… پۇلدا كۆرپە تىكىپ ياتىدىكەنمەن…

— تېخى مۇنۇرنى لاۋزا دەيسەن، — ۋارقىرىدى تۇغلۇق، — مۇشۇ تۇرقۇڭ قايسى دەلدۇشتىن كەم، ھەي ئېتىقسىز…

— گېپىمنى پۈتلىما داڭگال… ھېلىقى قىز… ھە، توغرا، ھېلىقى قىز، قولىقىدىكى مەدەككە ئاچچىقلاپ: «بىر ئايدىن بېرى ھېساباتىنى يوللىماي تېخى يۈزۈڭ چىملداپمۇ قويمايدۇ. راست گەپنى قىلسام سېنىڭ نەرىڭ بوغالتىر ـ ھە؟! دەرھال مۇئاۋىن دىرېكتور ۋە شۆھرەتتاي بىلەن چەت ئەلدىن يېڭىدىن كىرگەن مال، سېتىلغىنى، قالدۇقتىكى سانى ھەم ئىككى دۇكاننىڭ كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنى بۈگۈنلا كومپيۇرغا كىرگۈزۈۋەت. راست گەپنى قىلسام كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن قالسا، ئىشتىن ھەيدەيمەن…» دەپ يەتمىش پۈشتىنى قويۇۋەتتى.

— ھەي پىدا، — دېدى مۇنۇر ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، — ئۇ قىزغا «راست گەپ قىلسام» دېگەن سۆزنى سەن ئۆگىتىپ قويمىغانسەن؟

تۇغلۇق بىلەن مۇنۇر تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

— تېخى كومپۇر دەيسىنا، نېمە ئۇ كومپۇر دېگىنىڭ كالۋا.

— ھەي مۇنۇر، شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭما؟ — تۇغلۇق كۈلكىسىنى توختىتالمىدى، — ئۇ… ھېلىقى كومپيۇتېرنى دېمەكچى.

— ھەي تىلىنى قاغا چوقۇۋالغان كېكەچ…

ھارۋىلىرى يولغا چىقىپ بولغان كۆمۈرچى باللار كۆمۈرلىرى ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ سالاپەتلىك پەرى كاتتا

باي بولۇپلا قالماي خوجايىن ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمدى ئۇنىڭ ئېرىچۇ؟ ئېرى جەننەتتىن چىققان غۇلمان ئەمەستۇ! ... ياق! چوڭ شەھەرلەردە باي، زەردار خوتۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا سايىدايدىغان ئاچچىقى يامان، جېنى بوش، قۇلاق كەستى بىرنېمىلەر ئازمۇ؟! خوتۇنىنىڭ پۇلى بىلەن ئاشنا تۇتۇپ، قىمار ئوينايدىغان بۇنداق چۈپرەندىلەر ئاللىقاچان ئادىمىيلىكنى يوقاتقان دىيانەتسىز ھايۋانلار...

ئۈچ ھارۋىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇغلۇقنىڭ خىيالى يەنە داۋام ئەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئوتتۇرىدا كېتىۋاتقان مۇنۇر تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىدى:

— تۇغلۇق، ساڭا تولا جاۋراپ، ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ چۈشەي دېدى. لېكىن سەن قۇلاق سالمىدىڭ، — دېدى مۇنۇر ئېچىنغان ھالدا، — مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟ «بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇۋال» دەپ بەرگەن پۇلۇڭنى زىكرى سېرىق ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ.

— قارا، بۇ گۇينىڭ قىلغان قىلىقىنى، كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئۆلۈشكۈن ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ دەپ بەردى، — مۇنۇر يۇمۇق ئاچچىقىدا چىرتتىدە تۈكۈردى، — تېخى بوتكىچى شايىكامدىن نېسىگە ھاراق ئىچىپ خېلىلا جىق پۇلغا بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا بىر غېرىچ بولغان بەش مولۇق زېمىنىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ.

— ھەي تۇغلۇق، ساۋابلىق ئىشنىڭمۇچۇ ئورنى بار جۇمۇ، — دېدى پىيدا كىرپە خاپا بولغان تەلەپپۇزدا، — «جالالاپلىق ياخشى كەسىپ، تېرە ئېلىپ، تېرە ساتساڭ ئاسانلا نېپىسىنى كۆرسەن» دەپ كۆيۈپ - پىشقانلىرىڭ مانا سۇنۇق ياماققىمۇ يارىمىدى. بۇنداق ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق غەلۋىر قوڭلارنى يۆلەش خۇددى پاقىنى قونداققا چىقارغىلى بولمىغاندەك بىر ئىش دېگىنە.

— قانداق قىلىسەن، بىر پاتمان پوتلىسىنى ئېقىتىپ تۇرسا... ،— تۇغلۇق ئېتىغا بوشراق بىر قامچە سالدى،— ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ.

ئاي — خاڭنىڭ ئېگىز - پەس دۆڭ - ئېدىرلىرىغا پاتماقتا ئىدى. ئۆز ئوقۇرلىرىنىڭ ھىدىنى ئالغان ئاتلار قەدەملىرىنى تېزلىتىپ كەتتىنىڭ قارىسىنى ئالدى. تۇغلۇق بىر مەھەللىدە بىرگە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئاغىنىسى زىكرى سېرىقنىڭ كەلگۈسى كۆنلىرى ھەققىدە غەم يەپ، يەنە قانداقتۇر ئامال - چارىلارنى ئويلايتتى. لېكىن مۇنۇر بىلەن پىدا بولسا تۇغلۇقنىڭ سادداا، ئاق كۆڭۈل، تۈز مىجەزىدىن زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئاغىنىسىغا چىن كۆڭلىدىن ئېچىناتتى...

## 2

كالتە يەڭ، ئاق يېپەك كۆڭلەك ئۈستىدىن تاسمىلىق ئاسما ئىشتان كىيگەن تۇردى نازىر داچىنىڭ باغلىرىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ داچىنىڭ پاسىل تاملىرىنى بويلىتىپ تېرىۋەتكەن كاۋا، قوناق، نوقۇت، پۇرچاقلارنى ئوغۇتلاۋاتقان ئاياز بىلەن ئايىسمەگە قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. نازىر تۇردى ھەسەن ئالما، ئۆرۈك، گىلاس، شاپتۇل قاتارلىرىنى، رەڭگارەڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋە ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ، باغنىڭ مەركىزىي ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋەقە رەت - رەت ھەم خىل تۈرلىرى بىلەن قويۇلغان ئىستولوۋۈي، كارتوچكا، لىمون، مەنپەزە، ئاپورۇت، سارىمئالمىلار، «قىزىل قاچا»، «بىجىنار»، «ئاق ئۆرۈك» قاتارلىق ئىلىنىڭ قەدىمىي ئالما - ئۆرۈك سورتلىرى ئالتە يىلدىن بېرى راسا بولاققا كىرىپ مېۋىلىرى ئاجايىپ سەرخىل بولغانىدى. غورىلىرى ئۆلۈكنى سەكرەپ تۇرغۇز ۇۋەتكۈدەك قارا ئۆرۈكلەر... تۇمشۇقى قىزىرىپ

سارغىيىۋاتقان ئارگىلاتلار··· خوتەندىن ئەكېلىپ ئۆلىغان كۆك شاپتۇللار··· دۇپدۇگىلەك قىزىرىش ئالدىدا تۇرغان ئامىلەلەر··· پاكىز چىملىق قىرلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. پاھ، قان چېچىۋەتكەندەك قىزىرىپ تۇرغىنى زادى نېمىدۇر؟ توغرا بۇ تېخى قارىداشقا ئۆلگۈرمىگەن گىلاسلىق ئىدى! ئۇنىڭ مۇراباسى تەنگە داۋا، يۈرەككە شىپا ئەمەسمۇ···

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇخىل گۇللەر بىلەن بېزەلگەن چەمبەرسىمان گۇلخاندىن ئىككى تەرەپكە داۋاملاشقان «يېشىل كارىدور» تال بوستان نەق سۇ ئۇزۇش كۆلى ئەتراپىدىكى جېنەستىلىككە تۇتىشاتتى. بۇ «يېشىل كارىدور» دا خۇددى ئاسماقتا ئېسىۋەتكەندەك «قاراچاراس»، «قىمىرسقا»، «شىۋېرغان»، «ئات باغرى» قاتارلىق ئۈزۈملەرنىڭ تېخى يېتىلمىگەن غوراپلىرى گويا كۆك قاشتېشىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى.

نېمىشقىدۇر تۇردى ھەسەن مۇشۇنداق ھەشەم ـ دەرەملىك داچىدىن، ئۈرۈمچىدىكى نازىر دەرىجىلىك مەخسۇس قورۇلۇق ئۆيلىرىدىن، تاغدىكى مال، بىخەتەرلىك ساندۇقىدىكى پۇل چەكلىرىدىن مەمنۇن ئەمەستەك چىرايى ئېچىلمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئىدى. بۇرۇن مال ـ دۇنيا ئانچە كۆپ بولمىغان چاغلىرىدا ئۇنچىۋالا چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىدى. مانا ئەمدى ھەممە تەرەپتىن توققۇزى تەل بولغانسېرى بىر ئوغلىنىڭ بولۇشى خۇددى ئەنقانىڭ سۈتىدەك تۇتىيا بىلىنمەكتە ئىدى.

يۇقىرى نەسەبلىك بىر ئائىلىدە ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر ئوغۇل بولۇش كېرەك. چۈنكى نەسەبكە ۋارىسلىق قىلىپ ئاتىنىڭ چىرىغىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياندۇرۇش، ئۆچۈرمەسلىك ئوغۇل بالىنىڭ بۇرچى! ئوغۇل دېگەن ئاتىنىڭ ئوق يىلتىزى··· ئالتۇن قوزۇقى! نەسەبنى داۋام ئەتكۈچى! قىز بالا ياتنىڭ ئادىمى. شۇڭا

كونلار: «قىز بالىنىڭ مىللىتى، دىنى، يۇرتى بولمايدۇ…» دەپ ئىشلىتىمىز، قىز بالىنىڭ خۇدا تەلىيىنى بىرسىپ ئىنساپ - دىيانەتلىك بىرەرسىگە يولۇقسىغۇ ياخشى، ئەگەر بىرەر نىيىتى يامانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئاتىدىن قالغان مال - مۈلۈك، دۇنيا بىلەن قىزىنى خورلاپ، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالىدۇ. ئاشنا ئويناپ، قىمارغا كىرىشىدۇ. ھەتتاكى خوتۇنىنىڭ بايلىقىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. قىسقىسى، سىنىڭ ئىتىز چاشقىنىدەك بىر ئۆمۈر ئۇۋاڭغا توشۇغىنىڭنى توخۇدەك چىچىپ تۈگىتىدۇ. ئەدناسى ئاتىنىڭ تاپقان دەپنە - دۇنياسى يامان ئەرنىڭ قولىدا قىزنىڭ خورلۇق ھەم ئازاب لەھىتىگە ئايلىنىدۇ.

تۇردى نازىرنىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسىرى ئوغۇل توغرۇلۇق خىياللىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ياش بىر يەرگە كېتىۋاتىدۇ. ئۆمۈر مەنزىلى نامازشام زاۋاللىقىغا يېقىنلاپ قالدى. ئەگەر تۇردى ھەسەن كۆزىنى يۇمدىمۇ، خوتۇنى خالىئاي قانداقتۇر بىر ئەرنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى ياش - دە!… قىرىق بەش ياش دېگەن بىر ئايالنىڭ ئەرگە ئەڭ زوقمەن، ئىشقى شەربەتلىرى قىزىق، ئىشتىياقى تېز، كۆزى ئاچ ۋاقلىرى! ئۇنداقتا ئۇنىڭ بايلىقى قانداقتۇر يالاڭ تۆش، دىۋانىلەرگە قالامدۇ! «ھەسسىنە …» دەيتتى تۇردى ھەسەن بۇرۇنقى ئىككى خوتۇنىنى ئەسكە ئېلىپ. ئىككىلىسى ئۆزىدىن ئون بەش - ئون ئالتە ياش كىچىك نىمىلەر تۇرۇپ، مۇشۇكنىڭ ئاسلىنىدەك بىرنىمە تۇغۇپ بەرمەي بىرسى ئۆلدى، بىرسى كەتتى… تايىنلىق ئۇلار «سەن بەرىبىر بالدۇر ئۆلىسەن، سېنىڭ كۇچۇكۇڭنى نەدە باقىمەن دەپ يۈرەي؟ …» دەپ ئالدىن چارىسىنى قىلغان گەپ… ھەي، ھەي… بۇ زامانىنىڭ قىز - چوكانلىرى ئۆپكەڭنى ئىچىڭدىن قېقىۋېتىدىغان ئالۋاستىلاركەن ئەمەسمۇ! بىراقزە ھازىرقى ئايالى خالىئاي ئۇنىڭغا قىز بولسىمۇ تۇغۇپ بەرگەنىدى، لېكىن ئۇ ئون تۆت يېشىدا قازا

قىلىپ تۇردى ھەسەننى ھەسرەتتە قالدۇردى. قانداق قىلغۇلۇق، ئۇ قىزنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ.

تاسمىلىق ئاسما ئىشتان ئىچىدە ئانچە چىڭ كەتمەيدىغان دۇپدۇگىلەك قورسىقىنى سىلاپ، ئەتراپقا نەزەر سېلىۋاتقان تۇردى ھەسەن كۆركەم داچا كۆرۈنۈشىدىن زوقلاندى بولغاي، سۇس كۆلۈمسىرەشتىن قارا ئۆرۈكتەك بىغىر رەڭ چىرايى ۋىلىلدە ئېچىلدى. ئۇنىڭ قارا چىرايى كەمدىن ـ كەم ئېچىلاتتى. ئۇ، خۇددى تېگىدىكى تاشلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان لاي سۇدەك دىمىقتى ئادەم ئىدى. قىسقىسى، بىر تۇتام چار چېچى دىڭگىيىپ تۇرغان تاقىر بېشىدىن سېمىز يۈزلىرىگىچە، پەس مۇرىلىرىدىن قىسقا بويۇنلىرىغىچە بىر خىل كېلەڭسىز ئىدى. ئۇنىڭ سول قۇلىقى ئاستىدا زاڭقىغا چاپلىشىپ تۇرغان بادامدەك قىپقىزىل خالى بولغاچقا، ئىدارىدىكىلەر ئۇنى دەسلەپتە «خال جۇيجاڭ» دەپ ئاتىغان بولسا كېيىن «خال تىڭجاڭ» غا ئۆزگەرتىۋالغانىدى.

داچا قۇرۇلغان ئالتە يىلدىن بېرى تۇردى ھەسەن ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم كېلىپ كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ بۇ يىل ئۇزاقراق تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. بىرەر كادىر، بولۇپمۇ ئۆمرى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئادا قىلىۋاتقان ئەمەلدارلار ئۇچۇن ئاندا ـ مۇندا تۆۋەنگە چۈشۈش، يىراق ـ يېقىنغا يېغىنغا بېرىش كاماندىروپكا دېگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زېرىكمەي بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ئاتمىش ياشنى كۈتۈۋېلىش ئاسان ئەمەس! ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. شۇڭا يۇقىرى رەھبەرلىك ياش نازىرنى ئىدارىدە قالدۇرۇپ، تۇردى ھەسەننى دەم ئېلىشنى ئاساس قىلغاچ غۇلجىدىكى كانلارنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇ ئۇنىڭغا موكلا ياقسا بولاتتى! شۇنداق ئەمەسمۇ، جەننەتتەك داچىسىدا كۆڭلىرىنى بەھۇزۇر راھەتتە ئۆتكۈزگەنگە نېمە يېتەتتى! ئەمما ئۇ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا خۇددى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك چىرايى خاپىخان

كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەر يىلى ياخشى پەسىللەردە دەم ئېلىش ئۈچۈن داچىسىدا بىرەر ئايدىن تۇرسا بەس! شۇمۇ يېتەرلىك... ئەممازە، خىزمەت ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ، يەنە كېلىپ مەركەزدىن دەڭا... «ئەمدى سىز دەم ئالغاچ تۆۋەننىڭ خىزمىتىنى ئىشلىگەچ تۇرۇڭ...»، «ياشىنىپ قالدىڭىز، سىزنى ئاسىرىمىساق بولمايدۇ... كادىر دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ بايلىقى...»

پاھ — پاھ! ماۋۇ گەپلەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈڭ! ئۇنىڭدىن كۆرە، «ياشلىقىڭدا ئىشلىدىڭ، ئەمدى ۋەزىپەڭ ئادا بولدى، كاڭغا چىقىپ قېرى مۇشۈكتەك ئۇخلا...» دېسىلا بولمىدىمۇ! «كەسپىي خىزمەت رەھبەرلىرىنىڭ يېشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ...» دېگەن بىر ماددا قىزىل باشلىق ھۆججەتتە تۇرسا... تۇردى ھەسەننى مۇشۇنداقلا يولغا سېلىپ قويسا بولامدۇ؟ رەھبەرلىك خىزمىتى دېگەن بۇ بىر سەنئەت! ئۇنى ئېپى - جېپىدا قاملاشتۇرۇپ ئىشلەش ئۈچۈن رەھبەرلىك سەنئىتى كېرەك... رەھبەر بولىدىغان ئادەم ئۇ بىر ئايرىم ماتېرىيال... ئەگەر يازغۇچى، شائىر، سەنئەتچى دېگەنلەرنى رەھبەرلىك خىزمىتىگە قويسا، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن «ئاكام ئاغىنەم، ئۇكام ئاغىنەم» بولىدۇ - دە، تۆت كۈندىلا ئىناۋىتىنى تۆكۈپ كاسات بازاردا بىر كۆشۈككە ئالغۇسىز بولۇپ قالىدۇ...

دەرۋەقە تۇردى ھەسەن ئالىي مەكتەپتە «كان ئىشلىرى» كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەتتە كەسپىي خادىم بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى، يۇقىرى - تۆۋەن بىلەن بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى، سۆزدىكى ناتىقلىقى، سىياسىي ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئىدىيە - ئىستىلىدا ئىزچىل ساپ بولۇپ كېلىشى يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا: «بىرەر ئەمەل ئېتىغا مىنىمگۈچە، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمايمەن...» دەيدىغان قاتتىق ئىرادىمۇ يوق ئەمەس ئىدى... خەيرىيەت، رەھبەرلىك: «تۇردى

ھەسەندە ئۇمىد بار. كەلگۈسىدە يارامىلىق دۆلەت خادىمى بولۇشىدا گەپ يوق» دېگەن قارارغا كېلىشتى.

تۇردى ھەسەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ چىنىقتۇرۇش، دېھقانلارغا يېقىنلاشتۇرۇش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى مولLاشتۇرۇش، جەمئىيەت بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈردى. ئۇ نۇقتىدا بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆتمەيلا بۆلۈم باشلىقى بولدى. ئۇ «كېچاك» دېگەن ئاتقا مىنىپ مائارىپقا يۆتكەلدى. تۇردى ھەسەن ئوتتۇز سەككىز ياشقا كىرگەندىلا رەسمىي «جۇيجاڭ» لىققا كۆتۈرۈلدى. قىرىق سەككىز يېشىدا «مۇئاۋىن نازىر» بولدى. ئەللىك ئىككى يېشىدا «نازىر» دېگەن شۆھرەتلىك نام بىلەن ئاتالدى. كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تۇردى ھەسەننىڭ شىئەندە كان ئىشلىرى فاكۇلتېتىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتتى بولغاي، نازىرلىق دەرىجىسىنى ساقلاپ قالغان شەرت ئاستىدا ئۇنى «كان ئىشلىرى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى. بۇ چاغدا تۇردى ھەسەن ئەللىك ئالتە ياشتا ئىدى.

تۇردى ھەسەن ئەمەلنىڭ تەمىنى تېتىغانسېرى ئەمەلنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. كېچاك بولغاندا ئۇنىڭ مائاشىغا قانچە پۇل قېتىلغانلىقى ھەم شۇ ئازغىنە پۇلغا نەقەدەر خۇشال بولغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. كېيىن «مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى»، «ئىدارە باشلىقى»، «مۇئاۋىن نازىر»، «نازىر» بولغانلىرىدا مائاشىغا قېتىلىدىغان پۇلمۇ، ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ كۋادرات مېتىر سانىمۇ، تەمىنلەش مەئىشەتلىرىمۇ پەيدىنپەي ئۆسۈپ، سۈپەت ئۆلچەملىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ تۇردى.

••• تۇتقان ئەمەللىرى، ئەمەللەردىن كەلگەن شان ـ شۆھرەت، مەنپەئەت مەئىشەتلىرى، ئالقىش ـ مەدھىيىلەر يادىدىن

كەچكەن تۇردى ھەسەن پېشانىسىدە ئەمەل يۇلتۇزى چاقنىغان شۇ كۇنلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلىدى. ئۇ باغ ئايلىنىپ سەل چارچىغانمۇ نېمە؟ داچىنىڭ ئاخىرقى پاسىل تام تۇۋىدىكى ياپيېشىل چىملىق قىرىدىلا ئولتۇردى ـ دە، «ئۇھ، ۋادەرد- خا...» دەپ ئېغىر خۇرسىندى. دۇرۇس، ئۇنىڭ كۆڭلى سەل پاراكەندە ئىدى. تۇردى ھەسەننىڭ بۇ قېتىم غۇلجىغا كېلىشى ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. «تۇردى نازىر ئالتۇن كان ئاچقۇچىلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپتۇ، پايدا ـ كۇنەم بولمىسا شۇنداق قىلامتى؟...»، «نەچچە ئون مىليونلۇق ئالىي تېخنىكوم قۇرۇلۇشىنى بىر خوجايىنغا ھۆددە بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە داچا سالدۇرۇپتۇ!»، «تۇردى نازىرنى دەم ئالغاچ خىزمەت قىلىش، دېگىنى ئۇنى بابلاشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى...» دېگەندەك ئالدى ـ قاچتى گەپلەر تۇردى ھەسەننىڭ غەزەپ قېپىنى يېرىۋەتكەن بولسىمۇ، سەل چۆچۈتۈپ قويدى.

دۇنيادا مەنپەئەتتىن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۈچ بولمىسا كېرەك؟ ئۇ «مەن ـ مەن» دېگەن پاك ئەمەلدارلارنى خىيانەتچى، پارىخورلارغا، ۋىجدانلىق ـ غۇرۇرلۇق ئەرلەرنى پەسكەش ساتقىنلارغا، سادىق دوستلارنى دۇشمەنلەرگە... بىر ـ بىرىگە مېھرىبان قېرىنداشلارنى ئۆزئارا قان چېچىشىدىغان كۇشەندىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ... ئەقەللىيسى، تۆمۈرنى دات يەيدۇ، ياغاچنى قۇرت... ئەلمىساقتىن تارتىپ بېشىغا قونغان ھۇمايۇن قۇشنى «تاخوي ـ تاخ» دەپ ھۆركىرىتىۋېتىپتۇ دېگەننى كىم ئاڭلىغان؟! راست ئەمەسمۇ شاھقىمۇ گال كېرەك، گادايغىمۇ ھەم! قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان نەدە بار؟... قاراڭ، باغنىڭ بۇلۇڭىدا ئەتىگەندىن بېرى جاۋىلدىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقان ئاۋۇ قۇشقاچلارغا!... ئۇلار بىر ـ بىرىنى چوقۇپ، قاناتلىرىدا ئۇرۇپ، پۇتلىرىدا تاتىلاپ، بىر ـ بىرىنى يۇڭدىلاپ ھېچ مەسلىھەتنى قويۇشمىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىدۇ؟ ئۇۋا

تالىشىدۇ... دان تالىشىدۇ! ... خوتۇن تالىشىدۇ! ... بىر ئېغىز گەپ يەنىلا مەنپەئەت! ئاۋۇ رەزگى چۈمۈلىنى كۆرۈڭ! ئۆزىدىن ئون نەچچە ھەسسە يوغان ئۆلۈك قۇرتنى ئارقىچىلاپ ئېگىز تامغا ئاچىقىپ كېتىۋاتىدۇ. تامنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇيۇ، چىشلەكلىك قۇرتنى قويۇپ بەرمەي يەنە تامغا يامىشىدۇ... ئۇ چۈشۈپ كېتىپ، يەنە چىقىپ مۇشۇ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغىلى نېكەم، لېكىن ئۆلۈك قۇرتتىن ۋاز كەچمىدى!

توۋا، بۇ ئادەملەر دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ سوراپ باقسا بولمامدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۆزلىرى ئەمەل ئېتىغا مىنىپ قالغان تەقدىردە خۇددى «ھابدال ئۇلاغ مىنسە چاپمىغان ئۆي - دۆڭ قالماپتۇ» دېگەندەك غاجىلاپ يېمىگەن كوچىدىكى دىۋانىمۇ قالماس! ... تېخى: «مەن ئۇلارغا قەلەندەرچىلىك قىلىشقا يول قويغان ئىكەنمەن، ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ ماڭا ھىممەت قولىنى سۇنۇشى كېرەك...» دەپ ئۆزلىرىنى بەزلەشتىن يانمايدۇ. ئەڭ بولمىسا «بۇ دېگەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش» دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئاقلىشىدۇ. تۇردى نازىرمۇ يامان قىلمىدى، ئالتۇن كان ئاچقۇچىلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ ئاز - تولا بىرنېمە ئالغىنى قانچىلىك ئىشتى؟ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىشتا مەركەزنىڭ بىرتۇتاش سىياسىتى بار. شۇڭا ئاچماقچى بولغان كاننىڭ خەلققە بولىدىغان پايدىسى، دۆلەتكە يېتىدىغان مەنپەئىتى، ئېچىلىدىغان يەر ياكى تاغ - تۇرانىڭ ئەمەلىي شارائىتى، ئەتراپقا بولغان سەلبىي تەسىرى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزماسلىقى، ئىمكانقەدەر يايلاق ھەم ئورمانلارنى بۇزۇش ھېسابىغا كان ئاچماسلىق قاتارلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن كان ئېچىش شەرتلىرىنى تولدۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ مەركەزگە يوللايدىغان گەپ. ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەجرى ئۈچۈن ئالغان تاپان ھەققىگىمۇ كۆز قىزارتسا بۇ ئىنساپتىن ئەمەستە... تېخى، مائارىپنىڭ نازىرى چاغدا، «بىر ئالىي

تېخنىكومنىڭ نەچچە ئون مىليونلۇق قۇرۇلۇشىنى هۆددىگە بېرىپ، ئۇنداق ئالغان، بۇنداق يېگەن» دېگەن گەپلەرنى تاپقان ئاشۇ ئادەملەرگە نازىرلىق ئەمەس، ئادەتتىكى بۆلۈم باشلىقلىق تاجىسىنى كىيگۈزۈپ قويسا هۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ «هۆددىسىدىن چىقتى» دېگەندىمۇ، خۇددى «مانتا كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۇم چۈشكەن» دەك نېمە ئىشلارنى تەۋرىتمۇتەر! گېلى بىلەن هېسابلاشماي، تۆگىنى پۈتۈن يۇتىدۇ، ئۆتمىگۈدەك بولسا غاجىلايدۇ... تاتىلايدۇ... شورايدۇ... ئەدناسى تىرناقداپ بولسىمۇ بالادەك نەپسىنى قاندۇرىدۇ... چۈنكى هاياتلىقنىڭ مىزانى «سەن ئۆل، مەن ياشاي...» تۇرسا!... دۇنيادا ئەڭ ياۋاش، مۇلايىم، قورقۇنچاق قوي بىلەن توشقان چېغىدا بىچارە ئوت ـ گىياهلارنى بىر يازمۇ ياشىغلى قويماي يالماپ تۈگىتىدۇ... ئەمما، يىرتقۇچ هايۋانلار ئۇلارغا رەهىم ـ شەپقەت قىلماي ئېغىر چىشلىرىدا چايناپ يېيىشىدۇ... ئادەملەر ئاشۇ يىرتقۇچلارنىڭ تېرىلىرىنى تەتۈر سويۇپ ئۆزلىرىگە يېپىنچا قىلىشىدۇ. ئادەملەرنى بولسا يەر يەپ ئۆزىنى سەمرىتىدۇ... هەتتاكى يەر ئاستىدىكى يىلتىزلارمۇ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ نە ـ نەلەرگە ئۇزاپ كېتىدۇ... نېمە ئۈچۈن؟ ئادەم يېگەن تۇپراقنىڭ ماغدۇر ـ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈندۇر!!...

شۇنداق، كائىناتتىكى بارلىق جانلىق هەم جانسىز مەۋجۇداتلار چېغىدا بىر ـ بىرىنى يېيىشنىڭ كويىدا يۈرۈشىدۇ... ئەمدى تۇردى نازىر ئۆزىنىڭ ئەجرى ـ ئېهسانى، جاپا ـ مۇشەققىتى بەدىلىگە ئانچە ـ مۇنچە يەپ قويسا بۇ جاهان ئۆڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتمەس... ئەمەل يۇلتۇزى پېشانىسىدە چاقناۋاتقان بىر نازىر تۇرۇقلۇق ئاشۇ ئۇرۇشقاق قۇشقاچلاردا، هېلىقى رەزگى چۈمۈلىدە بار روه ئۇنىڭدا بولمىسا قانداق بولغىنى!...

تۇردى هەسەن ئۆزىنىڭ مەنتىقىي خۇلاسىلىرىدىن ئۆز

كۆڭلىگە تەسكىن تېپىپ كۆل بويىغا كەلدى. كۆلنىڭ ئەتراپىنى بۈككىدە جىپەستە «ئورمانلىقى» قورشاپ تۇراتتى، ئاستى ھەم يان قىرلىرىغىچە يېشىل چاقچۇق بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ كۆل ئەغزەم تۆرە داچىسىدىكى كۆلنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. ئەغزەم تــۆرە ئۈرۈمچى ھەم غۇلجىلاردا نامى پۇللۇق بايلارنىڭ بىرسى بولۇپ، تۇردى ھەسەننىڭ بۇرادىرى ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن سەككىز يــىل ئــىلــگــىرىــلا غـۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ساپ ھاۋالىق «ئايدىڭساي» مەنزىلگاھىدىن يەر سېتىۋېلىپ داچا سالغانىدى. خەقلەرنىڭ تۇردى ھەسەن ئۇستىدىن: «ئالتۇن كان ئاچقۇچىلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى...» دېيىشى يەنىلا ئاشۇ ئەغزەم تۆرىگە «ئالتۇن كان ئېچىش» رەسمىيىتىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىدىن چىققان گەپ ئىدى. تۇردى ھەسەن بۇ ئالتۇن كاننىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. تاغ رايونىنىڭ چارۋىچىلىرى يۇقىرى- تۆۋەن ئــەرز سـۇنــۇپ ھــازىــرغــىچە توختىغىنى يوق. ئېكولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردىكى ماقالىلىرى ئەمدىلا جىمىقتى. تۇردى ھەسەننىڭ ئۇچرىغان بېسىمى، ئاڭلىغان گەپ - سۆزلىرى، قىسقىسى، تارتقان جاپاسىغا چۇشلۇق ئەغزەم تــۆرە يۈز ساغلىقتىن باشقا يەنە نېمە بەردى؟ ئالتۇن دۇكىنى ئــېــچىپ بېرىشتىن ئىبارەت قۇرۇق سوسكىنى ئاغزىغا سېلىپ قــويــغــانــلــى ئۈچ يىل بولدى. تۇردى ھەسەن ئۇنى قاچانغىچە ئــېــمــىــدىــكــىــنــتاڭ... ئەمما ئەغزەم تۆرە قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يــۈرۈۋاتىدۇ. تايىنلىق بۇ قېرى دوك — قىزى نەئىمەگە خام تــەمــەدە بولۇۋاتقان گەپ... نومۇس قىلمايدىغان ئەبلەخ... بىز خەقنىڭ سودىگەرلىرى پۇل تاپسىلا خوتۇن كۆپەيتىشنىڭ كويىدا قالىدىكەن. ئىككى يىل ئىلگىرى شەھەر مۇتىۋەرلىرىدىن نەزەر خەلپەت چىلانلىقتىكى داچىغا چىقتى. ئۇ ئۆزۈندىن- ئۆزۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— نازىر غوجام، بىئەمدۇللا نىكاھ غايىب دېگەن شۇ ئىكەن،

قىزلىرى نەئىمەخانغا ئەغزەم تۆرەمنىڭ مەيلى چۈشۈپتۇ، — دېدى نەزەر خەلپەت كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئەگەر ماقۇل كۆرسىلە شاۋ - شۇۋ كۆتۈرمەيلا بىرەر پىنھاندا خۇپىيانە نىكاھ قىلىپ قويساق، ئەغزەم تۆرەم غۇلجىدىن، ئۈرۈمچىدىن ھۇجرا تۇتۇپ بەرمەكچى...

تۇردى ھەسەن گوياكى بىركىم يۈزىگە نىجاسەت سۈۋىغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. كۆرۈڭ ماۋۇ سېسىق سودىگەرنى! تۆت تال بايلىقىغا ئىشىنىپ بىر نازىرنى، ھۆكۈمەت ئەربابىنى مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى! ئۇ كىم، تۇردى نازىر كىم؟! ئەمدىلىكتە ئۆزىدىن ھازاچەن چوڭ قېرى دوكقا «قېيناتا» بولامدىكىنە... نەئىمە ئۇنىڭ نەۋرىسىدەك تۇرسا... تۇۋا، تۇۋا، ماۋۇ زاڭ ئېشەكنى!

تۇردى ھەسەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ نەزەر خەلپەتنى تىللاپلا كەتتى:

— ۋۇي، پوق ساقال ئەبگار... قارا قورساق ئەبلەخ... ماۋۇ قايسى دەۋر، قايسى زامان! سەن قايسى دۇنيادا ياشاۋاتىسەن؟

بۇ خورلۇق ئېغىر كەلگەن تۇردى ھەسەننىڭ ئايالى خالئاي شەھەرگە كىرىپ ئەغزەم تۆرىنى ئوغلى قاۋۇز، خوتۇنى زەرىپىخان ئاغىچا خېنىم ئالدىدىلا رەسۋا قىلىۋېتىپ قايتىپ چىقتى. غەزىپىدىن چوقۇر يۈزلىرى داغلىغان مىس لېگەندەك بولۇپ كەتكەن تەلۋە قاۋۇز:

— مەن ئالماقچى بولغان قىزغا سەن چاڭگال سالماقچى بولدۇڭمۇ، قېرى ھاڭگا... سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپ دادىسىنى بوغۇپ قويغىلى تاسلا قالدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ قاۋۇزنىڭ ئەلچىلىرى بىرنەچچە قېتىم ئاۋارە قىلىشتى. لېكىن خالئاي قاۋۇزنى يۈزتۇرانە رەسۋا قىلىۋەتتى.

— سىلەرنىڭ نەرىڭلار مۇسۇلمان... پۇل تاپقان بەزى بايلار پۇللىرىنى مەكتەپ، يېتىم بالىلار، مېيىپ - غۇرۋالارغا خەير-

ئىھسان قىلىۋاتىدۇ. سەنلەر پۇل تاپقانسېرى قىزلارنى تاۋار ئورنىدا كۆرۈپ ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇۋېلىشتىڭ... داداڭ دېگەن قېرى نەۋرىسىدەك قىزغا «مەيلىم چۇشۇپ قالدى» دېسە، سەن يېشىڭ قىرىققا بارماي تۇرۇپ ئون بىر خوتۇننى يولغا سېلىپ بولساڭ، شۇلارنىڭ ئوت ـ ئۇۋالى سېنى تۇتمامدۇ؟ يوقال خوتۇنباز، سەندەك تەلۋىگە ئىتنىڭ كۈچۈكىنىمۇ بەرمەيمەن...

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ قاۋۇزنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ھازىرغىچە ئۇمىدى ئۈزۈلمەي، «ئالتۇن دۆكىنى ئېچىپ بېرىش» ۋەدىسىنى كەينىگە سۈرمەكتە ئىدى. ھەشەم ـ دەرەملىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان تۇردى ھەسەن يېنىسىيىسىگە چىقتىمۇ، مەئىشەت كۆلىگە نەچچە تەرەپتىن كىرىۋاتقان «ئېرىق ـ ئۆستەڭ»لەرنىڭ سۈيى چىپپىدە توختايتتى. ئەلۋەتتە ئۇ چاغدا تۇردى ھەسەننى ئىككى پوشكالغا يۆگەپ تاشلاپ بەرسە ئىتمۇ قارىمايتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى پاراغەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئالتۇن دۆكىنىدىن ئىبارەت تىنىمسىز بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇلاقنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئەلۋەتتە تۇردى ھەسەن دۆكانغا ئادەم سېلىپ قويىسىلا كۆپايە ئىدى. ئۆتمۈشتىمۇ قانچىلىغان شەھەرلەرگە ئالتۇن دۆكىنى ئېچىپ قويۇپ، پايدىسىنى يەيدىغان سەرراپلارمۇ كۆپ ئىدىغۇ...

— ھەي... شۇ چاغدا نەئىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە، — دېدى كۆل بويىدىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان تۇردى ھەسەن بېشىنى چايقاپ، — نېمىشقىمۇ ئەغزەم تۆرە بىلەن قاۋۇز سەتەڭنى چاقىرغاندىمەن... مانا شۇ چاغدىلا نەئىمەنى كۆرۈپ پەيلى بۇزۇلغان بۇ ئاتا ـ بالا شەھۋەتخورلارنىڭ زوتالىق غوۋغالىرى تۈگىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن دۆكىنىمۇ سۇغا چىلاشتى. تېخى قاۋۇز دېگەن لۈكچەك: «نەئىمە مېنىڭسىز توي قىلالمايدۇ، ئەگەر قىلىدىغان بولسا چىلانلىقتىكى داچىنى قانغا بويايمەن...»

دەپ يۈرگۈدەك. سارالڭ پىت چىقىۋالغان بۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن
ھەر بالا كېلىدۇ. دادىسىدىن خوتۇن تالىشىپ يۈرگەن يەردە قان
تۆكۈش، ئوت قويۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن چىشىنىڭ ئارىسىدىكى
چىرىندىنى ئېلىپ تاشلىغانچىلىكلا بىر ئىش ـ دە!

تىنىك كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئەتراپنى ئۆتكۈر تەپتى بىلەن
قىزىتماقتا ئىدى. سايىلار قىسقىراپ نەق چۈش بولۇپ قالدى.
تۇردى ھەسەن قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، ئورنىدىن ئاستا
تۇرۇپ، كۆلنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىگە نەزەر تاشلىدى.
نېمىشقىدۇر ئۇ مۇشۇ كۆل قېشىغا كەلدىيۇ، يەر باغاشلاپ ياتقان
بىر مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنىڭ
ئېرىق بولۇپ، مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلۇۋاتقانلىقى كۆزىگە كۆرۈنۈپ
قالاتتى... مانا ھازىرمۇ شۇ ھال يەنە يۈز بەردى...

تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ چۈشلۈك تاماققا
ماڭدى. ئۇ ئەتىرگۈل چۈنەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى چىغىر يول
بىلەن كېتىۋېتىپ كاۋا ئوغۇتلاۋاتقان ئاياز بىلەن ئايسىمەگە كۆزى
چۈشۈپ قالدى.

ئاياز بىلەن ئايسىمە ئەر ـ خوتۇنلار مۇشۇ داچىنىڭ
مالايلىرى. بۇ داچا قاچان ئاپىرىدە بولدىكىن، مانا شۇ چاغدىن
باشلاپ يېرىدىن ئايرىلغان بۇ جۈپتى ھەمراھلار ئاشۇنداق
خۇرجۇنسىز دىۋانە، كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارغا
تۇردى ھەسەن ئۈچ يىلغىچە بىر يۈز ئەللىك سومدىن ئىككىسىگە
ئۈچ يۈز سوم ھەق بېرىپ كەلگەنىدى. لېكىن يەل ـ يېمىشلىرى
يېتىشىپ قالغاندىن كېيىن شۇلارنى سېتىپ «ئاش ـ تۇز»
قىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا داچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يېڭى
كۆچەتلەر ئوتتۇرىسىغا تېرىۋەتكەن پىچان ھەم كۆكتاتلارمۇ
ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىدە ئىدى. داچىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن
كىرگەندىن كېيىنلا، ئوڭ تەرەپتە ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان بىنا
تۇردى ھەسەننىڭ ھەشەمەتلىك ھۇجرا ـ سارايلىرى بولۇپ، سول

تەرەپ قورۇنىڭ بۇلۇڭىدىكى لىم، چەنزە، بورا، مەڭگەنلەردە لاي سۇۋاق قىلىپ سالغان ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ئۆي ئاياز بىلەن ئايسىمەنىڭ ئولتۇراق غەمخانىسى ئىدى. ئۇلار قىش كۈنلىرى بىنانىڭ ئەتراپى ھەم قورو يوللىرىدىكى قارلارنى تازىلايتتى. ئەتىياز كېلىشى بىلەن يەل- يېمىشلەرنى پۇتاش، دورا چېچىش، ئون بەش مولۇق داچىنىڭ پاسىل تاملىرىنى ياقىلىتىپ كاۋا، قوناق، نوقۇت، پۇرچاقلارنى تېرىش، گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش، تىنغان، بۇزۇلغان ئېرىق- قىرلارنى رېمونت قىلىش دېگەندەك ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىشلار باشلىنىپ كېتەتتى.

تۇردى ھەسەن قاقىرام ئاپتاپتا باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان ئەر- خوتۇنغا بىردەم قاراپ تۇردى. ھەربىر كاۋىنىڭ تۈۋىگە ئورەك كولاۋاتقان ئاياز كۆڭلىكىنى سېلىۋەتكەن بولۇپ، دول، دۈمبە، بىلەكلىرى قىزغۇچ قوڭۇر كۆيگەن ئىدى. داكا ياغلىقىنى چىكىلەپ تېڭىۋالغان كېسەلچان ئايسىمەنىڭ ئىككى مەڭزى ھەم بۇرۇن ئۇچلىرى قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ چىرايى تاتىراڭغۇ، سارغۇچ كۆرۈنەتتى. تۇردى ھەسەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغۇچە نازىرلىق تونىنى كىيىپ تەكەببۇر قىياپەتتە گىدەيدى:

— بۇ ئىشىڭلار قاچان تۈگەيدۇ؟

— تېخى بۈگۈن چۈشتۈق نازىر، — دېدى ئاياز ئىشىنى توختىتىپ، — كاۋا، قوناق، نوقۇت، پۇرچاقلارغا ئوغۇت بالدۇر ياكى كېيىن بېرىلىپ قالسا مايسا نابۇت بولىدۇ.

— ئەمىسە قول تۇتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— قوناق، نوقۇت، پۇرچاقلارنىڭ چۆنەك ئارىلىقىغا ئوغۇت تۆكۈپ كۆمۈۋەتسەكلا بولىدۇ. لېكىن كاۋىنىڭ تەسرەك، مۈشۈنداق ھەربىر تۈپ كاۋىغا ئورەك كولاپ كۆمۈپ بولغۇچە ۋاقىت كېتىدىكەن.

— ئۈچ- تۆت كۈن ئەتراپىدا تۈگەپ قالامدىكىن نازىر، — قىر ئۈستىدە مەيدىسىگە ئالىقىنىنى قويۇپ ھاسىراپ ئولتۇرغان

ئايسىمە زەئىپ ئاۋازدا جاۋاب بەردى، — بىزمۇ شۇ چاپسانراق تۈگەتسەك دەيمىز... ئۇھ...

— تولا مىسلىدىماي تېزرەك بولايلى، — تۇردى ھەسەن قاياقىدۇر قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئالدىنقى كۈنى چىققان بوران كۆلىنى غازاڭ - غۇزۇڭغا تولدۇرۇپ، باراڭدىكى تاللارنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. كۆلدىكى ئەخلەتنى ۋاقتىدا سۈزۈۋەتمىسە سېسىپ، كۆل لەش باغلاپ پۇراپ قالىدۇ، ئاندىن گۈللەرنىمۇ ياتقۇزۇۋېتىدۇ... ھە، راست، تۆكۈلۈپ كەتكەن غورىلارنى تازىلاپ ئېلىپ، ئېرىقلارنى چىنىدەك پاكىز تازىلىۋېتىڭلار.

— خوپ، ئازىر...

تۇردى ھەسەن لوڭ - لوڭ دەسسەپ كېتىپ قالدى. ئاياز بىلەن ئايسىمە ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قول قوشتۇرۇپ ئېڭىشىپ تۇردى...

## 3

— ئۇھ، ۋاي جېنىم، — ئايسىمە كۆڭلەك ئېتىكىنى قايرىۋېتىپ قىر ئۇستىگىلا ئولتۇردى، — ئون بەش مو دېگەنمۇ بالايىئەزەم يەركەن ئەمەسمۇ! ئۇچ كۈندىن بېرى تۈگىمەيۋاتسا...

— خوتۇن، بىزغۇ قوناق، نوقۇت، پۇرچاق، كاۋىلارنى ئوغۇتلاۋاتىمىز، — دېدى ئاياز تۆمۈر كۈرەككە تىرەنگەن ھالدا، — ئادەتتە قورساقنى تويدۇرۇپ ئون بەش مو يەرنى بىر ئايلىنىپ كەلگىچە تامبال باغلار بوشايدۇ... لېكىنزە، سېنىڭ ئەتىسىز ساغراڭدا قانچە چىڭ باغلىغان ئىشتانباغمۇ ئاسانلا بوشاپ كېتىدۇ دېگىنە، ھى... ھى... ھى...

— ھە، ماقۇل، پاختىدەك ۋاقتىمدا ئەتىۋارلاپ ئەركىلىتىپ، ئەمدىزە كېسەل دەردىدە تاختىدەك بولۇپ قالغاندا، كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنگىلى تۇردۇمما؟ — ئايسىمە مىچچىدە

يىغلىدى.

— ھەي خوتۇن، شۇنىڭغىمۇ يىغلاش كېتەمدۇ ـ ھە؟— ئاياز ھىجايدى، «تامبال بېغىمنىڭ چىلىڭ چىگىلىپ قالغىنىدىن بوشراق تۇرغىنى سىزنىڭ تەلىيىڭىز...» دەپ قويساڭلار بولمىدىمۇ...

— ۋىيەي، ۋىيەي، ماۋۇ قېلىنىنىڭ ئادەمنىڭ ئۇياتقىسىنى كەلتۇرۇپ سەتلىشتۇراتقىنىنى...

خۇددى تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر دېگەندەك، دەرۋەقە ئايىسمە گويا قويۇق ئورمان سايىسىدا ئاپتاپ كۆرمەي ئۆسكەن ئاپتاپپەرەستەك ئورۇق ھەم نىمجان ئىدى. ئەمما ئاياز بولسا سۆيى، تۇيسى، ھاۋاسى خىل كەلگەن توغراقتەك بەردەم، ئۇستىخىنى چىرايلىق ھەم تەمبەل بولۇپ، «مەنمەن» دېگەن قىز ـ چوكانلار ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلغۇچىلىكى بار دېھقان ئىدى. ئۇ داۋاملىق باغدا ئىشلىگەنده چاك ياقىلىق ئاق خىسە، ياسىمانە دېھقانلار كۆڭلىكى ئۇستىدىن قارا پوتا باغلاپ، بېشىغا بىغىر رەڭ مانچىستىر دوپپا كىيىپ، پۇچقاقلىرى تۇرۇلگەن ھالدا يالاڭ ئاياغ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئايىسمەگە بىلىنمىگىنى بىلەن خالىئاي ئىچىدە: «ھەقىقىي ئىلى دېھقىنى! ھەقىقىي چىن ئىنسان...» دەپ زوقلىناتتى...

تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تەتۈر قارىۋالغان ئايىسمەنىڭ راستىنىلا ئاچچىقلاپ قالغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغان ئاياز غەلىتىلا ھىجىيىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قارا، خوتۇن، بۇ نېمە؟— ئاياز سېسىپ خېلىلا كۆپ چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن ياغاچ تارغاقنى ئايىسمەگە بەردى، — بۇ... بۇ تارغاقنى تونۇدىڭمۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، ئاپامنىڭ تارغىقىغۇ بۇ، — ئايىسمەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، — نەدىن تاپتىڭىز؟

— مۇشۇ قىردىن.

— رەھمەتلىك ئاپام مۇشۇ تارغاقتا مېنىڭ چاچلىرىمنى

تاراپ، يېلىم چېپىپ ئۆرۈپ قوياتتى، — ئايسىمەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، — ئۇ... ئۇ... «ئاياز دېگەن ھۇررەك بوزەك قىلسا ماڭا دەڭ قىزىم، مەن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يۇلۇپ قولىغا ئېلىپ بېرىمەن...» دەيدىغان، مانا ئەمدى...

— خاپا بولما، خوتۇن، ئوينىشىپ قويدۇم، ئاپامنىڭ ئورنىدا قۇلىقىمنى ئۈزۈۋم سوزۇپ بەرسەم بولىدىغاندۇ؟ — ئاياز قۇلىقىنى تارتىپ قىزارتىۋەتكەنىدى، ئايسىمە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بولدى قىلىڭە، قېلىن،— ئايسىمە كۈلۈۋەتتى، — ئاغزىنىڭ ئەسكىلىكىنى، بۇ داپ يۈزنىڭ...

— ئاچچىقىڭ ياندىمۇ ئايسىمە، — ئاياز خوتۇنىنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈردى، — ئەمدى ... ئەمدى قارا مۇشۇنداق بېھىشتەك باغ، پىنھان سايىلاردا ئادەمنىڭ شەيتىنى جىم تۇرغىلى قويمايدىكەن ئەمەسمۇ...

ئايسىمە ئېرىنىڭ كۆڭۈل قويۇشىدىن ئېرىپ قالدىمۇ ياكى رەھمەتلىك قېينانىسىنىڭ تارغىقىنى كۆرۈپ ئېرىنىڭ قوپال چاقچىقىنى ئۇنتۇدىمۇ؟ ئىشقىلىپ، يىلىسېرى، كۈنسېرى ئۆزگىچە ھۆسن تۈزۈۋاتقان باغنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئىشتىياق بىلەن قارىدى. توۋا، شۇنچە كۆپ يەل - يېمىشلەر تۇرۇقلۇق، تۇردى نازىر يەنە نېمە ئۈچۈن ھەر يىلى باغنىڭ ئەتراپىغا كۆكۈاش، قوناق، نوقۇت، كاۋا تەرگۈزىدىغاندۇ؟ مانا ئۇن بەش مو باغنىڭ پاسىل تاملىرىنى ياقىلىتىپ تېرىۋەتكەن ئاشۇ دەردېسەرلەرنى ئوغۇتلاۋاتقان ئاياز بىلەن ئايسىمە ئۈچ كۈندىن بېرى قاقىرام ئاپتاپتا كۆيۈپ، كۈلدە كۆمەچ بولۇپ كەتتى... تېخى نازىر غوجام: «كۆكۈاش، نوقۇت، پۇرچاق، كاۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىلا بولۇپ قالماي دورىلىق قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇنداق دەپ ئادەم ئالدىغىچە «سىلەر بىكار قالماڭلار» دېسىلا بولمىدىمۇ...

— ھەي… خوتۇن، سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دېدى ئاياز ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ، — كونىلاردا: «ھالۋىنى يەۋەرسە ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن گەپ بار… قېنى كاتەكچىلەرگە بىر كۆرەكتىن قىغ قۇيۇپ كۆمۈۋەت… ھۇششەرە، قولۇڭ ئەجەبمۇ ئەپچىل - دە سېنىڭ… ھە، قۇشناچىم ھازىر مەن نېمە دەۋاتاتتىم؟

— «ئەمەن تېتىيدۇ» دېگەن يەرگە، — دېدى ئايسىمە قىغ قۇيۇلغان كاتەكچىلەرنى تىندۇرۇۋېتىپ.

— ھەببەللى، بەك ھوشيار - دە، بىزنىڭ خوتۇن، — ئايسىمە ئېرىنىڭ ئىشلەۋېتىپ ئۆزىنى بىردە چۆكۈرۈپ، بىردە كۆتۈرۈپ قىلىدىغان ھەزىللىرىگە كۆنۈك ئىدى، — ئاشۇ غوجام خېنىملارچۇ، قارا، خوتۇن، شەھەرنىڭ نازۇ نېمەتلىرىدىن سەسكىنىپ يەنىلا سەھرانىڭ نېمەتلىرىگە يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن گەپ… ۋاي، ۋاي، دەرىخا، بۇ ئېسىلزادىلەر نېمىدېگەن سىركىسى سۇ كۆتۈرەلمەيدىغان نازۇك خەقتۇ… خۇددى پۇسسىدا ئۇسسۇرۇپ قويساڭمۇ توزۇپ كېتىدىغان مامكاپىنىڭ ئۆزىدە!

ھەر يىلى باش باھاردا كېلىۋاتقان تۇردى ھەسەن ئىلى تۇپرىقىغا قەدەم ئېلىش بىلەن كېلىم - كېتىم، سەيلە - ساياھەت، ئولتۇرۇشلار كۆپىيىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ھەقەمسايىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزىنىڭ تۆكۆلۈشىدىن ئەنسىرەپ ئايازغا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويىدى. بۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى بولغان ئىش ئىدى. بىر كۈنى تۇردى ھەسەن مەست بولۇپ قېلىپ چىلانلىقتا قايتماقچى بولدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىپلا ئايازنى «ھەيدە» دەپ تۇرۇۋالدى. ئاياز يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ مەست خوجايىنىغا گېپىنى يېگۈزەلمىدى. تۇردى ھەسەن ئۇنى:

— ۋۇي قاپاق باش… مەن ساڭا شەھەرگە كىرگىچە ئۆگەتكىنىم بويىچە ھەيدىمەمسەن… قارا بۇ، يامغۇر ياغسا

دۈمبىسىدە سازاڭ قاينايدىغان سەھرالىق داڭگالىنىڭ كالۋالىقىنى... — دەپ تىللاپ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا قىسىۋۋەتتى. ئاياز ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى يۇيۇپ، ئورۇندۇقلارنى تازىلاپ بولغۇچە ئۇ خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ چاغدا ئاياز بىر سائەتلىك يولنى سەككىز سائەتتە بېسىپ چىلانلىققا سەھەرلىكتە ئارانلا يېتىپ كەلدى. شۇ چاغدا خالئاي: «ئاياز ئۇنى ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇڭ...» دەپلا كىچىك ھۇجرىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

— ھەي ئادەم، — دېدى ئايسىمە كاتەكچىلەرگە قىغ قويۇۋېتىپ، — ئۈلۈشكۈن سىز نازىر بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتكەندە ئەجەب بىر ئىش بولدى دېسە...

— ھە، نېمە ئىش بولدى؟ — ئاياز كۆرەكنى قىرغا پاتۇرۇپ ئايالىغا قارىدى، — چىرايىڭ ئەجەب قىزىرىپ كەتتا!...

— خالئاي خېنىم «دولامغا قولۇم يەتمەيدۇ، يۇيۇپ قويۇڭ» دەپ مېنى مۇنچىغا بىللە ئەكىردى. ئىككىمىز بىللە يۇيۇندۇق...

ئاياز گەرچە سىنەكمىگەندەك ئەلپازدا: «ھە، نېمە ئىش بولدى» دەپ قويغىنى بىلەن يۇمشاق قىرغا تىزلانغان پېتى ئۆكچىسىگە زوڭزىيىپ خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا قارىدى. ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلىنىپ، نەپەسلىرى تېزلىشىپ كېتەتتى...

— ۋېيى، ۋېيى... بىلىق... بىلىق دەڭا، — ئايسىمە ئايال خوجايىنىنى يۇيغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئەمچەكلىرى دېگەن پىيالىدەك دۇپدۇگىلەك... تېرىسىدە تۇرىدۇ... بالا ئەمگەندەك ئەمەس... مەن ئۇنىڭ دۈمبە، ئىنچىكە بەللىرىنى يۇيۇپ كېلىپ ساغرىسىغا كەلگەندە راستىنىلا قورقتۇم...

— نېمىشقا ئەمدى؟ — ئايازنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ

چىقتى...

— جىرتتىدە قان چىقىپ كېتەمدىكىن دەپچۇ... مېنىڭ قوللىرىم ئېكەكتەك يىرىك تۇرسا... ئۇنىڭ بەدىنى شۇنچىلىك يۇمرانكى، خۇددى ئالتە ئايلىق بوۋاقنىڭ ئۆزى دەڭا... ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت، شۇنداق ئېسىل بىر چوكان، ئۆزىدىن ئون بەش - ئون ئالتە ياش چوڭ پور كۆتەككە تەگكەن بارمۇ...

— بەدىنى ئاپئاقتۇ ھە؟ — ئاياز تۇكۇرۇكىنى غۇرتتىدە يۇتۇپ، سەل قىمشىپ قويدى، — ئالايلى يوتىلىرى...

— نەدىكىنى، تېرىسى قانلىرى كۆرۈنگىدەك بەك نېپىزمۇ نېمە؟ سۇس ھال رەڭدە پارقىراپ تۇرىدۇ... تېخى ئۇنىڭ...

— ھە، يەنىچۇ؟ — ئايازنىڭ بېشى خوتۇنى تەرەپكە تېخىمۇ سامداپ كەلدى...

— بولدى قىلىڭە... مۇشۇنداق گەپلەرنى ئەر كىشىگە دەپ يۈرگەن مەنىمۇ بىر ساراڭ...، — ئايسىمە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى... لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر ئارىسالدىلىق ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — ھەي ئاياز، خالئاي خېنىمنىڭ بەزى گەپلىرىنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىدىم دېسە!

— ئالايلى، قايسى گەپلىرىنى دەيسەن؟

مۇنچىدا دېيىلگەن گەپلەر ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەندەك، ئايسىمەنىڭ قۇلىقىدا يەنە تەكرارلاندى:

«— ... خالئاي خېنىم، ئادەم سۇغا چۈشۈۋەرسىمۇ ئەڭگىزى ئېشىپ كېتىدۇ. تايىنلىق، ئەتىگەندىمۇ بويىڭىزنى سۇغا سالغان بولغىيىتتىڭىز؟...

— مېنىڭ ئەتىگەن سۇغا چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىمنى سىز نەدىن بىلىسىز، — خالئاي غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى.

— ئەر خەق دېگەن بەك ئاچ كۆز كېلىدۇ. بىللە ياتقاندىن كېيىن ئايال كىشىنى بىكار قويامدۇ... سىز... سىز شۇنچە چىرايلىق تۇرسىڭىز...

— ھى، ھى…، — خالىئاي دىمىقىنى قاققىنچە كۈلۈپ قويدى، — ھەممە ئەقىل - ئىدرىكىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەمەلگە ئاتىۋەتكەن ئادەم ئۇنداق «ئاچ كۆز» لىككىلەردىن بالدۇرلا قالىدىكەن… بۇنداق كۆڭۈلگە تالىق ئىشلارنىڭ بولمىغىنىغا بىرقانچە يىللار بولۇپ قالدى…

خالىئاي چاندۇرماي چوڭقۇر تىنىپ قويدى ھەم خېلىغىچە جىممىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ تىترەپ تۇرغان چىرايلىق كۆكسىنى ئالىقانلىرىدا توختىماي سىلاپ يۇيۇشلىرىدىن ھەم كۆزلىرىنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېلىشىدىن قانداقتۇر تاتلىق - لەززەتلىك بىر تۇيغۇ ئۇنى شېرىن ئازاب ئوتىدا پۇچۇلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى!…

— گېپىڭىزنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، — خالىئاي ئايسەمگە يېرىم قايرىلدى، — ئېرىڭىز ئاياز بەك ئاچ كۆز ئوخشىمامدۇ؟…

— ۋىيىەي، ئۇنى بىر دېمەڭ، ئۇنىڭ راسا قىران ۋاقتى دەڭا… قىرىق ئالتە ياش ئەرلەرنىڭ بۆرە ۋاقتىمىش… لېكىن مەن ئاغرىقچان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى ئازابلاش بەدىلىگە مېنى ئايايدۇ… ئاياز بەكمۇ ياخشى… بەزى چاغلاردا شۇنداقمۇ ئويلاردا بولىمەن… ئەگەر قول - ئىلكىمىزدە بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەي بىرەر توقالنى چېتىپ قويغان بولاردىم… قانداق، مەن راستىلا ساراڭمىكەنمەن…»

… باغنىڭ قايسىدۇر بۇلۇڭىدىن بىر توپ قۇشقاچلارنىڭ چۇۋۇلدىشىپ سوقۇشۇشلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى. ئاياز ئورنىدىن تۇردى - دە، تىزلىرىنى قېقىپ كورەكنى قولىغا ئالدى… ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلەلمىگەن ئايسەمە ئېرىگە تىكىلىپلا قالغانىدى.

— ۋىيىەي، شۇنچە گەپلەرنى قىلىپ بەرسەم مۆرەپمۇ قويمايسىزغۇ؟

— هوٚ!… بولدىمۇ، — ئاياز ئاۋازىنى ئۇزۇن سوزۇپ موٚردى، — ئەجەب ساددا خوتۇنسەن ـ دە، ئايسىمە! قولى ئوچۇق، كوٚكسى ـ قارنى كەڭ… ناھارلارغا ھەممەتلىك بىر ئايالنىڭ نىمە ئۇچۇن بىر كۇن كەچكىچە كەكرى يۇتۇۋالغاندەك چىرايىنىڭ ئىچىلمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۇشەنگەنسەن؟ ھەي… بىچارە ناتىۋان!…

ئاياز گىپىنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمىدى. چۇنكى خالئاي گۇللۇكلەر ئارا سىلىق قەدەملەر بىلەن كىلىۋاتاتتى. ئۇ، ئاق گىرىپ كوٚڭلەك ئىچىدە بەئەينى پەرىشتىلەرگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇزۇن ئىككى ئوٚرۇم چىچى ئاستىدىن بويىنىغا سىيلىۋالغان سوٚس سوٚسۇن رەڭ ھىلىلە رومىلى يىپنىڭ ھىلپىرلەپ مەڭزى بىلەن بويىنىنى ئەركىلەتمەكتە ئىدى. ئاياز ئەر ـ خوتۇن تەركىي ھوٚرمەت بولمىسۇن ئۇچۇن قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— كۇن يانغاندىراق ئىشلىسەڭلەرمۇ بولاتتىغۇ، — دىدى خالئاي ئاسمانغا قاراپ قويۇپ، — بۇ قاقىرام ئاپتاپتا ئىسسىق ئوٚتۇپ قالمىسۇن يەنە…

— بۇگۇن كەچكىچە توٚگىتىپ سۇ باشلىۋەتمىسەك خىنىم، — ئاياز خالئايغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، — كوٚمگەن ئوغۇت قىزىپ، كاۋىنىڭ خەمەكلىرىنى يىگىلتىپ توٚكۇۋىتىدۇ.

— ئاياز، سىزغۇ بەردەم ئادەمسىز، بىراقزە، ئايسىمە سىزگە ئوخشاشمايدۇ جۇمۇڭ. ئۇ ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسا ھىسابىنى سىزدىن ئالىمەن…

— خوش، خانىم.

— نەئىمە كوٚرۇنمەيدىغۇ، — خالئايمۇ ئايازنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى، — ئازراق گەپ بار ئىدى.

— كوٚل بويىدىكى راۋاقتا كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى…

گۇل بەدىنى تولغان، ئوتتۇرا بوي، كوٚكسىلىرى موٚڭگۇزدەك چىڭ، ئەمما توٚخۇمدەك بىجىرىم ئاق رۇخسارى،

توكۇلۇپ تۇرغان قاش ـ كىرپىكلىرىدىن ئون سەككىز ياشلىق رەســـىدە قىزلارنى ئەسكە سالىدىغان خالئاي ئۇزۇم كارىدورى ئــىچىدە كېتىۋاتقىنىدا، ھېلىلا ئايسىمەنىڭ دېگەنلىرى يادىدىن كەچكەن ئاياز ئېچىنغان ھالدا ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ئاياللار نېمە ئۈچۈن بەختسىز بولۇپ قالىدىغاندۇ… ھەي… بىچارە خالئاي…

## 4

سۇ ئۈزۈش كۆلىنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي يېشىل چاقچۇق بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خۇددى بادام شەكىللىك زۇمرەتكىلا ئوخشايتتى. تاسمىلىق ئاسما ئىشتاندا قورسىقى ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان تۇردى ھەسەن كۆل بويىدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ: «ئاياز، كۆلنىڭ سۈيىنى يېڭىلاپ تۇر! كۆكىرىپ، لەش باغلاپ كەتمىسۇن، توختام سۇ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالسىلا پاقا يــوتقىنى قاپلاپ كېتىدۇ» دەپ تاپىلايتتى. شۇڭا تىندۇرۇش كۆلچەكلىرىدە سۈزۈلدۈرۈپ ئاندىن كۆلگە باشلانغان سۇنى ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت كۆكتات، مېۋىلەرگە باشلىۋېتەتتى. داچىغا مېھمان تولغان چاغلاردا بۇ كۆل — ئىگىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋېتەتتى.

شەھەردىكى باي سودىگەرلەر، چەت ئەل تىجارەتچىلىرى، شىركەت دىرېكتورلىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرى قاتار چاي باھانىسىدا بىرنەچچە كۈن بەزمە ـ مەشرەپ قىلىشاتتى. قوي ـ پاقالانلار سويۇلۇپ شەھەردىن چىققان ئاشپەز، كاۋاپچىلار قول ـ قولىغا تەگمەي ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۈرۈمچىدىكى ئىدارە ـ ئورگان ئەمەلدارلىرى، ھەتتا ئۆي ـ ئىمارەت خوجايىنلىرى، كۆمۈر ھەم ئالتۇن كان مىليونېرلىرى قاتارلىق ھەقەمسايىلىرى تۇردى ھەسەننىڭ

داچـــسىنى زىيارەت ھەم ساياھەت قىلىپ كېتىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاياز بىلەن ئايسىمە ئىككى - ئۈچ كۈن يىرىك قىلىلىق ئـۇزۇن چوتكىلاردا كۆل ئىچىنى يۇيۇپ، سۇيىنى يېڭىلايتتى. مـېھمانلار كېلىپ ئۇزاپ بولغۇچە خالئاينىڭ مىسقالچە مادارى قـالـمـايـتـتـى. بولۇپمۇ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ مېھمانلارنىڭ بىللە كەلگەن قىز - چوكانلار بىلەن بىرلىكتە كۆلدە سۇغا چۈشۈشى ئۇنى سەسكەندۈرۈۋېتەتتى... بەزىلىرى سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەنلا بۇك جىنەستىلىك ئىچىگە كىرىپ كېتىشەتتى... دېمىسىمۇ كۆلنىڭ تۆت ئەتراپى جىنەستىلىك بولۇپ، ئىيۇننىڭ باشلىرى كۆپكۆك چىملىقتا تۆكۈلگەن جىنەستىلەر خۇددى ئاق، قــىزىل، سۇس ھال رەڭ مەرۋايىتلاردەك يالتىراپ كېتەتتى. كــۆلــنــىڭ ئـەتراپىغا قاقلىنىش سۇپىلىرى، ئىككى كىشىلىك سۆھبەت ئورۇندۇقلىرى ياسالغان بولۇپ، مېـھـراب شەكىلـلـىك ئويـما نەقىشـلـەر ھـەم ئۇستەل - ئورۇندۇقلار بىلەن بېزەلگەن راۋاق كۆلگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

داچا مېھمانلار بىلەن تولغان ئەنە شۇنداق كۈنلەردە نەئىمە بـۇ كـۆل بـويـىـدىـكـى راۋاقتا كېلىش ئەمەس، ھۇجرىسىدىن چىقمايتتى. تۇردى ھەسەن: «قىزىم، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ مېھمانلارغا سالام بېرىپ قويۇڭ...» دەپ يالۋۇراتتى. نەئىمە: «كەچۈرۈڭ دادا، پەقەتلا مىجەزىم يوق...» دەپ ئەدەپ بىلەن رەت قىلاتتى. ئەمما ئۇ، داچا تىمتاسلىقتا چۆمگەن بۇنداق كۈنلەردە راۋاقتا ئولتۇرۇپ، كۆلدىكى كۆپكۆك سۇغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈشكە، كىتاب ئوقۇشقا، خاتىرە يېزىشقا ئامراق ئىدى. مانا بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى قانداقتۇر بىر كونا كىتابنى كۆرۈۋاتقان نـەئـىـمـە خۇددى سەھىپىلەر قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەندەك باش كۆتۈرەلمەيلا قالدى. ھەتتا ئۇ راۋاق پەلەمپەيلىرىدىن تاقىلداپ چـىقىپ، بېشىدا قاراپ تۇرغان ئاپىسى خالئايىنىڭمۇ قاچانلاردا كـەلـگـەنـلـىـكـىنى تۇيماي قالدى. خالئاي ئۈستەلدىكى ئاغزى

ئېچىلغان سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىنى، سۇلياۋ خالتىدىكى مايلىق توقاچ پارچىلىرىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى.

— نەئىمە، ماڭا قارارغا كۆزىڭىز بارمۇ يوق؟

— ۋاي، جېنىم ئاپا، مېنى كەچۈرۈڭ... پەقەتلا تۇيماي قاپتىمەن، — نەئىمە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى ئاپىسى بىلەن قىرقىپ قويغاندەك ئوخشاش ئىدى.

— بۇ كىتابتىن بەخت ئۈمىلەپ چىقىدىغاندەك چاپلىشىپلا قالغىنىڭىز نېمىسى؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، تاتلىق ئاپا، ئاۋۋال ئولتۇرۇڭ، ئاندىن سۆزلەپ بېرىمەن.

خالىداي نەئىمەنىڭ ئۇدۇلىغا روبىرو ئولتۇرۇپ، ئۈستەلگە جەينەكلىرىنى قويدى. ئاندىن ئۇ قىزىنىڭ ئاق مەرمەردەك سىلىق ھەم پارقىراق چىرايىغا لەپپىدە كۆز تاشلاش بىلەن ئۇچقۇر خىياللار ئۇنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كەتتى...

بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان خالىداي بىلەن نەئىمەنىڭ بوي ـ تۇرقى، ھۆسن ـ رۇخسارىنىڭ بۇنچىلىك ئوخشاپ كېتىشىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم: «ئۇلار قوشكېزەك ھەدە ـ سىڭىللار ئىكەن» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. بىراق سىنچىلاپ زەن سالغاندا قاپقارا تال ـ تال قاشلار، قويۇق كىرپىكلىك خۇمار كۆزلەر، سۇزۇك قاڭشارلىق بۇرۇنلار، جېنەستىدەك ھال رەڭ لەۋلەر، شاكىلىدىن ھېلىلا ئايرىلغان چۈجىدەك يۇمران ئېڭەكلەر خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدىن ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش تەقسەپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بىراق خالىداينىڭ كۆزلىرىدە مۇلايىملىق شولىلىرى يېلىنجاپ، تۇخۇمسىمان چېھرى سەل ئاقارغانىدى. تەبەسسۇم كەتمەيدىغان نېپىز لەۋلىرى بولسا سۇس ھال رەڭ، تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. خۇش پىچىم سىن ـ سىپاتىغا ھاردۇق يەتكەندەك سولغۇن ئىدى. مانا بۇ ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان يوشۇرۇن ھەسرەت ـ نادامەتلەر داغلىرى بولسا كېرەك...

ئەمدى نەئىمەنى سۈرەتلەپ باقساق، ئۇنىڭ نۇر چاقنىغان شوخ كۆزلىرى گەپ قىلىشنى بىلەتتى... كەڭ پېشانە، ئايدەك يۈزلىرى سىلىق ھەم يۇمران بولۇپ، مەرمەردەك يالتىرايتتى... ئالۇچىدەك تومپىلاق لەۋلەر... قايرىلىپ ئوتلۇق بىقىشلار... يالت - يۇلت قىلىپ ئوتقا سالىدىغان كۆزلەر... قىسقىسى، نەئىمەنىڭ گۈلسىمان سىيماسى بىر پارچە ئوتلۇق ماگنىت ئىدى... مانا بۇ خالئاي بىلەن خوشلاشقان ياشلىق جىلۋىسى، ياشلىق ئۇچقۇنى، ياشلىق سېھرىي نۇر زىباسى ئىدى!...

— ئاپا، ماڭا قاراپ جىمپلا كەتتىڭىزغۇ؟

— ھېچ، ھېچنېمە...، — خالئاي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، — ھە، قېنى سۆزلىمەمسىز؟ زادى سىزنى مەھلىيا قىلىۋالغان قانداق ۋەقەكەن ئۇ؟!

نەئىمەنىڭ ئوقۇۋاتقىنى رىۋايەت تىپا قىلىنغان چوڭ داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربىي دىيار شاھلىقىدا ئەشراپ ئىسىملىك بىر ۋەزىر ئۆتكەنىكەن. ۋەزىرنىڭ خانىمى ئائىلىق يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇ كىتابلارنى ئۆزىگە دوست تۇتقانىكەن. ئۇنىڭ خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ئوقۇمىغان كىتابى قالماپتۇ. ئۇ ئوقۇشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىپتۇكى، خانزادە، بەگلەرنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېرىپتۇ... ۋەزىر ئەشراپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، خانىمۇ: «بۇ زاماندا ئەرلەرنىڭ ياخشىسى يوق، ھەرقانچە ئىشەنگەن ئەرمۇ سىرتتا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، ئايالىنىڭ يۈزىگە نىجاسەت سۈۋايدۇ... ئۇنداق خورلۇق تارتقۇچە تەنھا ئۆتىمەن...» دەيدىكەن. ئاخىرى قىز ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قاپتۇ...

— پاھ، پاھ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىمۇ، — دېدى خالئاي چاقچاق قىلىپ، — نەئىمە دېمەي، نەئىمە بانۇ دېسەك بولىدىكەن... سىزمۇ «ئەخلاق بۇزۇلۇپ كەتتى، ئەرلەردە ۋاپا قالمىدى» دەپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ قالدىڭىزغۇ.

— ۋاي، جېنىم ئاپا، مەن دېگەن مەن··· سىزگە دەپ بېرىۋاتقىنىم بىر رىۋايەت.

— ھە، قېنى داۋامىنى سۆزلەڭ، «دوستىڭىز» خانبانۇ كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— ئەشراپ ۋەزىر «قىزىمنى كىتابلار يولدىن چىقاردى. ئۇ ھازىر خىيالىي بىر دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ، شۇڭا خانلىق كۇتۇپخانىسىدىن ئايرىۋېتىشىم كېرەك» دەپتۇ ـ دە، قىزىغا ئاتاپ ئاجايىپ كۆكۈلمەيدانلىق تاغ باغرىغا بىر باغ ياساپتۇ. ئۇنىڭغا ۋەزىر ئەشراپ: «خانبانۇ ھۇمايۇن چارىگاھ بېغى» دەپ نام قويۇپتۇ. قىز كۈندە باغنى ئايلىنىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىكەن. بىر كۈنى تاغ تەرەپتىن شۇنداق مۇڭلۇق نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغان خانبانۇ قالتىس يوغان غول تارتقان تۇخۇمەككە يامىشىپ چىقىپ قارىسا، يانباغرىدا يېتىۋالغان بىر ئوتۇنچى نەي چېلىۋاتقۇدەك··· ئېشىكى بولسا دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇنلار قېشىدا ئوتلاۋاتقۇدەك···

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ خانبانۇ ھەر كۈنى تۇخۇمەككە چىقىپ ئوتۇنچىغا بىر توقاچ تاشلاپ بېرىپ مۇڭلۇق نەي ئاۋازىنى ئاڭلايدىكەن. بىرقانچە قېتىم خانبانۇ: «سېنىڭ قېشىڭغا چۈشەي، ئىككىمىز بىردەم ـ يېرىمدەك مۇڭدىشايلى» دېسە ئوتۇنچى پەقەتلا ئۇنىمايدىكەن. چۈنكى ئۇ قىز ـ چوكانلارنى يېنىغا يولاتماسلىققا قەسەم قىلغانىكەن. ئوتۇنچىغا قىزىقىسىنىپ قالغان خانبانۇ ھەر كۈنى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى ئۇنى قايىل قىلىپ يېنىغا چۈشۈپتۇ···

— ئوتۇنچى، ئېتىڭ نېمە؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئېتىم نىياز، ئوتتۇز بەش ياشقا كىردىم.

— نېمىشقا قىز ـ چوكانلارغا شۇنچە ئۆچ بولۇپ كەتتىڭ؟

— چۈنكى ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىلاردۇر··· خوش، ئۆزلىرىچۇ؟

— ئىسمىم خانبانۇ، ئوتتۇز ياشقا كىردىم...
— بىرەر ئەر زاتىنىڭ تەرىتىگە سۇ بەرمىلىدىمۇ؟
— ياق، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاپاسىزلادۇر...
— قېنىي بايان ئەيلىسلە، سىلىنىڭ دەردلىرى مېنىڭ نادامەتلىرىمگە ياماقچى بولالامدۇ؟
— ئاڭلا، ئەي ئوتۇنچى، مېنىڭ كىچىك دادامنىڭ سۇلتان ئىسمىلىك بىر ئوغلى بولىدىغان...
... خالئاي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن راۋاق ئەتراپىدا دانلاۋاتقان بىر توپ قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ جېنەستىلىككە قوندى.
— كىچىكىدىن تارتىپ مەدرىسلەردە بىللە ئوقۇپ، بىللە چوڭ بولغان سۇلتان، — دېدى نەئىمەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان خالئاي، — خانبانۇنىڭ دوستىنى ئازدۇرۇپ، ھەقىقەتەن ۋاپاسىزلىق قىپتۇ... ئەمدى ئوتۇنچىغا كىملەر خورلۇق سالغاندۇر... قېنى سۆزلەپ باقسىلا مەلىكە نەئىمە بانۇ ئالىيلىرى...
— «مەن ئون تۆت يېشىمدىن باشلاپ قارا يېتىم بولۇپ قالدىم» دەپتۇ ئوتۇنچى خانبانۇمغا كەچمىشلىرىنى بايان قىلىپ، — نەئىمە داستاننى قايتا ئوقۇۋاتقاندەك زوق ھەم ئىشتىياق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئوتۇنچى نىياز دادىسىدىن قالغان ئېشەكتە جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ، كۈنلىرىنى غورىگىل ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ شىۋىرغانلىق بىر كۈنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىۋاتسا سەككىز ياشلىق بىر قىز كونا تام تۈۋىدە ئىڭراپ - تىترەپ ياتقۇدەك... قىزنىڭ قاش - كىرپىكلىرىنى ئايئاق قىرو باغلاپ كەتكەن بولۇپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى سوغۇقتىن ئۇششۇپ قالايلا دەپتۇ. نىياز ئېشەكتىكى ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قىزغا كۆرەك جۇۋىسىنى كىيگۈزۈپ، بېلىدىكى پوتىسىدا پۇتلىرىنى ئوراپ، ئېشەككە

مىندۇرۇپ ئەكېتىپتۇ. قىزنىڭ ئىسمى ساھىبە بولۇپ، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەنىكەن. ساھىبە كۆڭلىنى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. نىياز ئۆزى يېمەي ـ ئىچمەي قىزنى تۇرمۇشتىن قىسماي بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. ساھىبە ئون يەتتە ياش، نىياز يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەندە نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ساھىبە ئېرىگە ئەركىلەپ كۆڭلىدىكىنى دەپتۇ:

— نىياز، بىر ئۇلاغ ئوتۇننىڭ ئازغىنە پۇلى بىلەن قاچانغىچە نامراتچىلىقتا ياشايمىز... شەھەرلەردە ئىش ـ ئوقەت كۆپمىش...

— ئۇغۇ شۇنداق ساھىبەم، بىراقزە، پۇتۇن ناشايان ئىشلار شەھەردىن چىقىدۇ. سىز بولسىڭىز تولىمۇ چىرايلىق ھەم ياش، بىرەر بۇزۇقلارغا ئالدىنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئاھ، جېنىم نىياز، سىز ماڭا ھاياتلىق بېرىپ دوزاقتىن قۇتقۇزغان شاپائەتچىم تۇرسىڭىز، ۋاپاسىزلىق قانداقمۇ كۆڭلۈمگە سىغقاي...

— خوتۇن خەققە ئىشىنىپ داغدا قالغان ئەرلەر ئازمۇ، — دەپتۇ نىياز بېشىنى چايقاپ، — ھاۋا ئانامىمۇ ھاۋا ئاتامغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ قىرىق يىل ئايرىلىپ كېتىپتىكەن...

— ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز مېنى سەككىز يىل بېقىپ بالاغەتكە يەتكۈزدىڭىز، ئاندىن نىكاھ قىلىپ ئون يىل ئۆي تۇتتۇق، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىنزە، ئادىمىي شەيتان يامان... سىزنى ئېزىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

— ئەگەر مەن سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلسام، چىراغ باغرىمدا كۆيسۇن... ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا تۇزكور بولۇپ، تاڭلا قىيامەت كۈنى يۈزۈم قارا قوپقاي... گۆرۈمدە يىلان ـ چايانلارغا ھەمراھ بولاي... ۋاپاسىزلىق قىلغان كۈنۈم پۈتۈن تېنىم پارچە ـ پارچە

بولۇپ تىن تارتماي ئۆلەي...

نىياز خوتۇننىڭ ئەھدۇ ـ قەسەملىرىگە ئىشىنىپ شەھەرگە بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ چۆلگە كەلگەندە ئارام ئاپتۇ. نىياز خوتۇننىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، كىمدۇر بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر ئاتلىق بايۋەچچە ساھىبەگە ئىما ـ ئىشارىلەرنى قىلغاچ گەپ قىلىۋاتقۇدەك:

— ئەي، ساھىبجامال پەرىشتە، سەن ئاشۇ جۇلدۇر ـ كىيەن دىۋانىگە زايە كېتىپسەن، مەن بىلەن بىللە بولساڭ دۇنيادىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى كۆرسىتىمەن... كىمخاب تونلارغا ئورايمەن... زىبۇ زىننەتلەر بىلەن گوياكى مەلىكىزادىنىڭ ئۆزى بولىسەن!

بايۋەچچىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىرايلىق گەپ ـ سۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قالغان ساھىبە بولسا ئېرىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يەرگە قويۇپتۇ ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېرى نىيازغا قاراپمۇ قويماي، ئاتلىق بايۋەچچىنىڭ قېشىغا غىپپىلداپ كېتىپ قاپتۇ. نىياز قانچە يالۋۇرۇپ ـ يېلىنسىمۇ ساھىبە قىلغان پۈتۈن ئەھدۇ ـ ۋاپا، قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ بايۋەچچىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا مىنگىشىپ كېتىپ قاپتۇ...

شەھۋانىي نەپسى بالاسىدا تاقەتسىزلەنگەن بايۋەچچە ئېتىنى قامچىلاپ بىر چوڭ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا ئاتتىن چۈشۈپتۇ ھەم ساھىبەنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ قۇمغا ياتقۇزماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ساھىبە «كىچىك تەرەت قىلىۋالاي» دەپتۇ ـ دە، بىر قۇم بارخاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاتتىق چىرقىراپ كېتىپتۇ. بايۋەچچە قارىغۇدەك بولسا، بىر ئاچ بۆرە ساھىبەنى ئاستىغا بېسىپ تالاۋاتقۇدەك... قورقۇپ كەتكەن بايۋەچچە ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ... ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىز قوغلاپ كەلگەن ئوتۇنچى نىياز خوتۇننىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن جەسىتىنى قۇملۇققا دەپنە قىلىپتۇ. ھەم: «ئەي تەڭرىم،

تۇزكورلارغا قەھرىگىنىڭ بۇنچىلا تېز ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن... تۇۋا قىلدىم، تۇۋا...» دەپ تەگرىگە سىغىنىپتۇ.

... داستان سۆزلەپ تامىقى قۇرۇپ كەتكەن نەئىمە سوغۇق ئىچىملىكتىن بىر يۇتۇم ئىچتى. ئۇ ئېگەك تىرەپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاپىسى خالىئايغا ئىللىققىنە كۈلۈپ قويۇپ «بولامدىكەن» دەپ قويدى.

— تۈگىدىما، — خالىئاي قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، — داستاننىڭ ئاخىرى مېنى خېلىلا تەسىرلەندۈردى.

— نەدىكىنى تۈگىسۇن، — دېدى نەئىمە بۇرنى ئۇچىدىكى ئۇششاق تەرلەرنى قولياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ، — ئوتۇنچى نىياز بىلەن خانبانۇ بىر كۈن كۆرۈشمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىدە بىر ـ بىرىگە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەشراپ ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، شان ـ شۆھرىتى، ئەمەل ـ ئىناۋىتى، نەسەب شەجەرىسىنىڭ بۇلغىنىشىدىن، سەتچىلىككە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئوتۇنچى نىيازغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋەدە قىلىپ: «بۇ يەردىن يوقال!» دەپتۇ. شۇنداقتىمۇ خانبانۇ بىلەن نىيازنىڭ ئۇچرىشىشى ئۈزۈلمەپتۇ. ئەشراپ ۋەزىر ئوتۇنچى نىيازنى قاتتىق ئۇردۇرۇۋېتىپتۇ. خانبانۇ ئۇنى بىر ئۆڭكۈردە بېقىپ ساقايتىپتۇ. ئەمما سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن ۋەزىر ئوتۇنچى نىيازنى بىر تاغارغا سولاپ نەچچە يۈز غۇلاچ ھاڭدىن دەرياغا تاشلاۋېتىپتۇ. پۈتۈن ۋاپا ـ ئەقىدىسى، ئىشقى ـ مۇھەببىتى، ئىشەنچ ـ ئۈمىدىنى ئوتۇنچى نىيازغا ئاتىغان خانبانۇمۇ ئاشۇ ھاڭدىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، پاك مۇھەببىتى يولىدا ساداقىتىنى بىلدۈرۈپتۇ...

نەئىمە چىرايلىق كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرىنى بارماقلىرىدا سۈرتتى... بۇنى كۆرگەن خالىئاي قىزىغا ئېچىنغان ھەم سۆيۈنگەن ھالدا باش چايقىدى.

— جېنىم قىزىم، سىز نېمانچە رومانتىك ھە؟ مەن سىزدىن

راستتىنلا ئەنسىرەپ قالدىم. خانىنۇنىڭ كۆڭلى ئوتۇنچىغا چۈشكەن بولسا، سىز كۆمۈرچىگە ئاشىق بولۇپ قالمىسىڭىز بولاتتىغۇ...، — خالئاينىڭ تەرەببا بىر ئىش ئېسىگە كەلدى بولغاي، قىزىغا لەپپىدە قارىدى، — ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، كۆمۈرچىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ھېلىقى تاماق ئېتىدىغان چوكاننىڭ ئىسمىنى خويمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن.

— ئايەتبۇ، يېڭى كەلگەچكە مەنمۇ بەزىدە ئېسىمگە ئالالمايمەن.

— ھە، شۇ ئاشپەز چوكان «ئاشخانا، چايخانا، پار قازانلىرىغا قالايدىغان كۆمۈر تۈگىدى» دېگەنىدى.

— ئايازكامغا دېمىدىڭىزمۇ؟

— قارىسام ئەر - خوتۇن ئىككىسى بەك ئالدىراش ئىشلەۋېتىپتىكەن، دېيىشكە تىلىم كۆيدى. ئۆزۈم كوچىغا چىقىپ تۇرسام، دادىڭىز خاپا بولىدۇ. ۋاقتىڭىز يېتەرمۇ؟

— بولىدۇ، ئاپا. كىتاب كۆرگەچ ئولتۇرسام، خالتا كۆمۈر ساتىدىغان باللار كېلىپ قالار.

— بوپتۇ، سىزنىڭغۇ ئادەتتە چىرايىڭىز ئېچىلمىغىنى بىلەن ئاشۇنداق كۆمۈرچى، ئوتۇنچى، ياغاچچى، موزدۇز، دېھقان دېگەندەك ئاۋامنى كۆرسىڭىز بىردەمدىلا ئېچەكىشىپلا كېتىسىز...

— ئاپا، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم خالتا كۆمۈر ئېلىپ نېمە ئاۋارىچىلىك، — دېدى نەئىمە تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ، — بىرەر ماشىنا ياكى ھارۋىلاپ چۈشۈرۈۋالساق بولمامدۇ؟

— دادىڭىز جىق كۆمۈرنى توشۇپ بولغۇچە ھويلىغا يېيىلغان چاقچۇقلارنى مەينەت قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن.

— ئاپا، — نەئىمە قىزىرىپ كەتتى، — سىزدىن بىر گەپنى سوراي دەپ خېلى بولدى، سورالماي كېلىۋاتىمەن.

— قېنى سوراڭ، چامامنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىمەن.

— لېكىن شەرتىم، جاۋابىڭىزغا ھەرگىز ئوسما قويماڭ…
— قىزىقتە سىز، نېمە دەيدىغىنىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ، جاۋابىمغا قانداقچە ئوسما قوياي.
— ئىجتىمائىي ھاۋاسى دىمىق ھەم بۇلغانغان… چىرايلار سۇنئىي … مۇئامىلىلەر ياسالما… ھېجىيىشلار يالغان… قاقاقلاپ كۈلۈشلەرگە ھىيلە ـ مىكىر سىڭگەن… مەنپەئەت كويىدا بىر ـ بىرىنى سېتىشقان… ئەمەل ھەم شۆھرەت ئۈچۈن رەزىللىكتىن يانمىغان… يۈزىنى كاچاتلاپ ئىششىتىۋېلىپ «مەن سېمىز» دەپ ماختىنىدىغان ئىللەتلەر بولمىغان جايلارمۇ بارمىدۇ؟
— جەننەت! !…
— چاقچاق قىلماڭ… مېنىڭ سوئالىم ئەستايىدىل.
— ھەقىقىي چىن ھايات، چىن تۇرمۇش، چىن ئىنسان… مېنىڭچە، مەنپەئەت ھاڭلىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان ئەنە شۇ ئوتۇنچى، كۆمۈرچى، كاسىپ، ھۈنەرۋەنلەر، ئالىقانلىرى قاداقلىشىپ كەتكەن دېھقانلار ئارىسىدا دەپ بىلىمەن!
— جېنىم ئاپا!…، — نەئىمە خالىئايىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى، — سىز مېنىڭ پەرىشتىدەك ئاپام! !… ئىسىت ئوقۇتقۇچىلىقىڭىزنى تاشلىمىغان بولسىڭىزچۇ…
— نەئىمە، ئاڭلاڭ، بۇ نېمە ئاۋاز؟
— كۆمۈر، كۆمۈر!… ھەي خالتا كۆمۈر!
سىرتتىن «كۆمۈر، كۆمۈر، ھەي… خالتا كۆمۈر ئېلىۋېلىڭلار!…» دېگەن ئاۋاز قايتا تەكرارلاندى…

*

— ھەي، كۆمۈرچى بالا، بىزنىڭ ئۆيگە ئۈچ خالتا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەرسىڭىزچۇ، بولامدۇ؟
— بولىدۇ، خانقىز…

كۆمۈرچى بالا ھارۋىسىنى يول چېتىگە تارتىپ توختاتتى. ئاندىن ئۆزى لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ نەئىمەگە لەپپىدە كۆز تاشلىدى. «ئەجەب تەمبەل، قاملاشقان بالىكەنا...» دېگەن ئوي شۇ ھامان نەئىمەنىڭ كۆڭلىگە سايە سېلىپ ئۆتتى...

— خانقىز، يول باشلامسىز؟— كۆمۈرچى بالا ئىككى خالتا كۆمۈرنى دەستىلەپ مۈرىسىگە ئېلىپ، يەنە بىر خالتىنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

— قولتۇقىڭىزدىكى خالتىنىڭ بىر قۇلىقىنى مەن كۆتۈرۈشۈپ بېرەيمۇ؟— نەئىمە دەرھاللا يېتىپ كەلدى.

— ۋاي بولدى، بولدى، — كۆمۈرچى بالا قاپقارا بەش بارمىقىنى چىقىرىپ توستى، — قولىڭىزنى مەينەت قىلىۋالىسىز.

نەئىمەنىڭ باشلىشى بىلەن خالتا كۆمۈرلەرنى كۆتۈرگەن كۆمۈرچى بالا كۆركەم بېزەلگەن، چىلان رەڭ چوڭ دەرۋازىغا قورۇنۇپقىنا قەدەم ئالدى. ئۇ يوللىرىغا رەڭدار چاقچۇق يېپىشتۇرۇلغان چوڭ قورۇغا كىرىپلا سەل ئەيمىنىپ قالدى. ئوڭ تەرەپتە ئون سەككىز پەلەمپەيلىك كۆتۈرمە بىنا ھەيۋەتلىك قەد كېرىپ تۇراتتى. پەلەمپەي شۇنچىلىك كەڭ ئىدىكى، ئوتتۇرىغا قىپقىزىل پاياندار سېلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدىكى بىر غۇلاچتەك پەلەمپەي باسقۇچلىرىغا تەشتەك گۈللەر تىزىلغانىدى. بىنانىڭ ھويلىغا قارىغان دېرىزىلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئورنىتىلغان يوپۇرماق شەكىللىك گەژ قاپارتما گۈللەر سۈس ھاۋا رەڭدە بولۇپ، بىناغا بەكمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشقانىدى. ھەتتا ئاشخانا ـ چايخانىلارنىڭ تاختايلىق كەڭ سەينالىرى ئەتراپىغا نەقىشلەنگەن قاپقارا تۆمۈر سالاسۇنلار ئورنىتىلغان بولۇپ، سالاسۇن ئۈستىگە چىلان رەڭلىك ياغاچ بالداقلار بېكىتىلگەنىدى. دەرۋازىدىن باشلانغان يول داچىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ گۈل تەكچىلەر، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، گىلاس قاتارلىرىنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىكى چىغىر يوللارمۇ رەڭلىك چاقچۇق ئىدى.

نەئىمە كۆمۈرچى بالىنى باشلاپ چايخانىنىڭ يەر ئاستى بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. بۇ يەرگە شاڭخەيدە ئىشلەنگەن پار قازىنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا كۆمۈر تۆكىدىغان ياغاچ ساندۇقمۇ بار ئىدى. كۆمۈرچى بالا كۆمۈرنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن، تامغا يۆلەكلىك تۆمۈر كۈرەكنى ئالدى - دە، چېچىلىپ كەتكەن كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى پاكىز قىرىپ، ياغاچ ساندۇققا تاشلىدى. نەئىمە ئۇنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. كۆمۈرچىنىڭ كەڭ ماڭلايلىق بېجىرىم يۈزى قاپقارا ئىدى. لېكىن چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئېقى بىلەن ئاپئاق چىشلىرى يالت - يۇلت پارقىرايتتى. قېلىن توم قاشلارنىڭ تېگى ھەم ئۇزۇن كىرپىكلىرىگىچە كۆمۈر توزۇندىلىرى سىڭىپ كەتكەچكە يۈزىدىن پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. كۆمۈرچى بالا تۆمۈر كۈرەكنى جايىغا قويۇپ گەۋدىسىنى رۇسلىۋېدى، ئۇنىڭ كەڭ ھەم مەزمۇت كۆكرىكى، ئېگىز قامەتلىك سىيماسى ئايان بولدى.

— كۆمۈرخاناڭلارنى رەتلەپ قويدۇم، بولدىمۇ خانقىز، پاھ - پاھ، بۇ پارخاناڭلار ئەجەبمۇ تىنجىقكەن، — كۆمۈرچى بالا يوغان - يوغان تەر تامچىلىرى تىنتىرەپ تۇرغان پېشانىسىنى ئالىقىنىدا سۈرتۈشى بىلەن بەش بارماقنىڭ قاپقارا ئىزى تامغا باسقاندەكلا چۈشۈپ قالدى. نەئىمە چىن كۆڭلى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى...

— خۇددى كەشتە ئۈستىگە گۈل قوندۇرغاندەك قارا ئۈستىگە قارا سۇۋاپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، قاراڭ بۇنىڭغا، — نەئىمە يانچۇقىدىن كىچىككىنە يۇمىلاق ئەينىكىنى چىقىرىپ بېرىۋېدى، يىگىت قولىنىڭ قارىلىقىنى كۆرسىتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا نەئىمە ئەينەكنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتۇپ بەرگەنىدى، بالىمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ساددا ھەم سەمىمىي ئىدى...

— راستىنلا قىزلار ئاشىق بولۇپ قالغۇدەك «چىرايلىق» بولۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ...

— ئەمىسە مېنى كۆرۈپلا قەستەن سۈۋاپسىز ـ دە؟

— ئەلۋەتتە، — يىگىت ھەييارلارچە چوڭ كۆزلىرىنى ئالايتتى، — سىلەر قىزلار سۈۋساڭلار بولىدىكەنۇ، بىز يىگىتلەر سۈۋساق بولمامدىكەن!

— ھۇيت بالا، بىز نېمىنى سۈۋاپتۇق؟

— سىلەر قاش ـ كىرپىكىڭلارغا سۈۋايسىلەر، چاچلىرىڭلارنى بويايسىلەر، ھەتتا كۆز جىيەكلىرىڭلارنى چەكتۈرۈپ، يالغان مەڭلەرنى قوندۇرۇسىلەر، بۇ يالغان ئەمەستۇ؟

— ۋىيەي، ماۋۇ بالىنى! ساراڭمۇسىز؟ — نەئىمە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، — ئۇنىڭ بىلەن بۇ قانداق ئوخشىسۇن؟

— بەرىبىر ئوخشاش، لېكىن مەن ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق، — قىزنىڭ تۇز كۆڭلى، سەممىيلىكلىرىدىن يىگىت ئۆزىنىڭ كەملىكىنى ئۇنتۇغان ئىدى، — ئىشقىلىپ «قارا» بارلىق رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ رەڭدۇر! ناخشىلىرىمىزدا «قارا كۆز»، «قارا چاچ»، «قارا قاش»، «قارا كىرپىك» لىرىڭ... دەپ ئېيتىلىدۇ... تېۋىپلىرىمىز «قارا توخۇ»، «قارا قوي»، «قارا ئوغلاق» نىڭ گۆشىنى، تېرىسىنى كېسەلگە شىپا دەپ بۇيرۇيدۇ... تېخى قارا چۇمۇلىدىن دورىلارنى ياسايدۇ... خانقىز، ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نېمە ئۈچۈن «قاراخان پادىشاھ»، «قارا باتۇر»، «قارا ھاجىم» دەپ ئىسىملارنى قويۇشىدۇ، مەن سىزگە قارا رەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە ئىككىلىك شېئىرلاردىن بىرنەچچىنى ئوقۇپ بەرسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ... جېنىم بىلەن ئاڭلايمەن، — نەئىمە ھاياجانلاندى، — قېنى ئوقۇڭ قۇلىقىم سىزدە.

كۆمۈرچى بالا گويا ئۇچۇشقا تەرەددۇتلانغان لاچىندەك كۆكرىكىنى كېرىپ يۇقىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاتەش ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. يۈرىكى بولسا بىر پاك نازىنىن، پەرىزات ئالدىدا ھەم خىجىللىق ھەم تەلپۈنۈش ئىزتىراپى بىلەن سىمابتەك تىترىدى… ھەتتا ئۇ «شېئىر ئوقۇپ بېرەيمۇ» دېگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدى… ئامال قانچە؟ بۇ سۆز ئېتىلغان يا ئوقىدەك ئېغىزىدىن چىققانىكەن لەۋزى ھالال بولۇشى كېرەككقۇ… كۆمۈرچى بالا گېلىنى رۇسلاپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

1. رەڭگىلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى ھېچ رەڭ، كىم يۇقارى تۇرمۇش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇر سەۋار.

*

2. قاپقارالىقىدا فۇزۇنراق بارچە گۇللەردىن ئىرۇر، قارا رەيھان، ئەنبەر ئەفشان، قارا سۇمبۇل مۇشكبار.

*

3. ھەق دېدى باغى بېھىشت ئەۋسافىدا «مۇدھامەتان»، كىم قارا دېگەن بولۇر «تەشىيدئىلە» ئەي ھوشيار.

نەئمە قارا يىگىتكە تىكىلگىنىچە تۇرغان ئورنىغا ئۇيۇپلا قالدى. بىر كۆمۈرچى بالىنىڭ ئاغزىدىن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرىنى ئاڭلىشى، يەنە كېلىپ توغرا تەلەپپۇز بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشى نەئمەگە خۇددى مۇز ئۈستىدە گۇل

① رەڭنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق. چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر.

② گۈللەرنىڭ ئىچىدە رەڭگى ئەڭ قارا بولغىنى ئەنجەر پۇرىقى چاچىدىغان قارا رەيھان بىلەن ئىپار پۇرىقى چاچىدىغان قارا سۇمبۇلدۇر.

③ تەڭرى بېھىشنى تەرىپلىگەندە «مۇدھامەتان» دېدى. ھەي ھۇشيار كىشى «مۇدھاممەتان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قارا دېگەن بولىدۇ.

ئېچىلغاندەك، سۇ تېگىدە قىپقىزىل چوغنى كۆرگەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلدى. قارا يىگىتنىڭ چىرايلىق سىيماسى، ئاجايىپ روشەن چوڭ كۆزلىرى، كەڭ كۆكرەكلىرى، مەردلىك ھەم جاسارەت يېلىنجاپ تۇرغان چاسا يۈزلىرىدىن كۆرە ئۇنىڭ ئەقىل- پاراستى نەئىمەنى قايىل قىلىۋالغانىدى. ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— بۇ... بۇ... نېمە... نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز... نېمانداق گەپتان بالىسىز... ئېتىڭىز نېمە؟

— ئېتىم تۇغلۇق! ئۆزۈم «تارسۇ» كەنتىدىن، ئۆزىڭىزچۇ؟

— ئىسمىم نەئىمە... ئۇرۇمچىدىن دەم ئالغىلى كەلگەن...

— كەچۈرۈڭ، خانقىز...

— مەن سىزگە ئىسمىمنى خانقىز دېمىدىم... نەئىمە!...

— كەچۈرۈڭ، نەئىمە، — تۇغلۇق ئەمدىلا ئېسىنى يىغىۋالدى، — سىزنىڭ دېھقان قىزلىرىغا ئوخشاش، كۆڭلىڭىز تاياقتەك تۈز، مىجەزىڭىز بەكمۇ يېقىشلىق بولغاچقا، ئۆزۈمنى دەڭسىمەي خامپىغا چورۇق بىلەنلا سەكرەپتىمەن.

— «خامپىغا چورۇق بىلەنلا سەكرەپتىمەن» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟

— ئۆزۈم بىر كۆمۈرچى تۇرۇقلۇق، سىزدەك چىرايلىق، بىلىملىك بىر قىزغا بەزى قوپال گەپلەرنى قىلىۋېتىپتىمەن، تېخى ئۆزۈمنى چاغلىماي شېئىر ئوقۇپ كەتكىنىمنى كۆرۈڭ.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، سىز بىلەن بىردەم گەپلىشىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى... مەن ئاشۇنداق ئوسما قويمىغان گەپلەرگە ئامراق، — نەئىمە چىن دىلىدىن يىگىتكە قىزىقسىنىپ قالغانىدى، — كېلىڭ، دوست بولۇپ قالايلى!

تۇغلۇق ئۆزىگە ئۇزىتىپ تۇرغان ئاپئاق، نازۇك بارماقلىق قولىنى كۆرۈپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى... بىراق قىزنىڭ قەتئىي كۆرۈشۈش قەيسەرلىكىنى كۆرۈپ ئىلاجسىز قولىنى ئاستا

ئۇزاتتىيۇ، قىزنىڭ قولىنى تۇتالمىدى. ئەمما نەئىمە شارتلا قىلىپ تۇغلۇقنىڭ قولىنى تۇتتى... كىچىك ھەم نازۇك ئالىقانلار ئاجايىپ كۈچلۈك، قاداقلاشقان، قاپقارا پەنجە ئىچىدە يوقاپلا كەتتى... ئۇلار بىردىنلا قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. چۈنكى نەئىمەنىڭ سۇتتەك ئاپئاق يۇمران قولى قاپقارا كۆمۈر يۇقى بولۇپ كەتكەنىدى... ئۇلار كۈلكىلىرىنى بىرھازا توختىتالمىدى.

— تۇغلۇق، بايىقى شېئىرنىڭ يەشمىسىنى بىلەمسىز؟ ئەگەر بىلسىڭىز دەپ بېرىڭە.

— بىلىمەن، لېكىن...، — تۇغلۇق چەمەك بارمىقىدا پېشانىسىنى تاتىلىدى.

— نېمىگە ئىككىلىنىسىز؟ بىلگەننى دېمەك شۇنداق تەسمۇ؟

— تەسقۇ ئەمەس، ئەمما سىزگە دەپ بەرسەم خۇددى پەيغەمبەر ئالدىدا مەدداھلىق قىلغاندەك بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ قورقۇدىكەنمەن.

— سىز... سىز مېنى پەيغەمبەردەك كۆرۈۋاتامسىز؟

نەئىمە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلۈشۈپ سىرى ئەسرا بولۇشۇۋاتقاندا، يەر ئاستى بۆلۈمىنىڭ تىك پەلەمپىيىدىن بىركىمنىڭ تاقىلداپ چۈشۈۋاتقان تىۋىشى كەلدى. ئاندىن كالتە يەڭ، ھاۋا رەڭ چاقماق كۆڭلەك ئۈستىدىن تاسمىلىق ئاق ئاسما ئىشتان كىيگەن تۇردى ھەسەن ئىشىك بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ بايىلا بىنا پەلەمپىيىدە تۇرۇپ چايخانىنىڭ يەر ئاستى بۆلۈمىدە كىمگىدۇر گەپ قىلىۋاتقان قىزى نەئىمەنى ھاۋادىن كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆھبەتدىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى. شۇڭا «شەھەردىن ياكى ئۈرۈمچىدىن ئىزدەپ كەلگەن بىرەر ئوقۇمۇشلۇق يىگىت ياكى بىرەر شىركەت دىرېكتورى، ھېچبولمىغاندا رېستوران، مېھمانخانا خوجايىنى بولۇشىمۇ مۇمكىن، كىم بىلىدۇ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى

بىرەر رەھبەرمۇ تېخى··· قىزىم، مەندىن، ئاپىسىدىن خىجىل بولۇپ ئۆيگە باشلىيالماپتۇ ـ دە؟!···» دېگەندەك ئويلار كۆڭلىدىن كەچكەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ خام تەمەدە بولغان «ئېسىلزادە» سىنىڭ قاپقارا تەلەت بىر كۆمۈرچى ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— نەئىمە قىزىم··· بۇ نېمە ئىش ـ ھە؟! — تۇردى ھەسەن تۇغلۇقنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالمىدى، — سۆھبەتداش تېپىلمىغاندەك···

— دادا، بۇ··· بۇ··· كۆمۈرچى بالا··· بىزگە كۆمۈر ئەكىرىپ بەرگەنىدى···

— ئەكىرىپ بەرگەن بولسا پۇلىنى بەرگەنسىز؟ ··· ياكى ھەق ئىللالاغا بەرمىگەندۇر؟

تۇغلۇق گويا قوقاسنى دەسسەپ تۇرغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ تۇردى ھەسەننىڭ داتلاشقان مىس تەلەڭگىدەك يايپاڭ يۈزىگە، قىياق كۆزلىرىگە، داۋاملىق ئۇچى قىپقىزىل شەلۋەرەپ تۇرىدىغان قاپاق لازىدەك بۇرنىغا تېكىلىپ قالغىنىچە گەپ قىلالمىدى.

— نومۇس قىلىڭ قىزىم، نومۇس··· ، — تۇردى ھەسەن تۇغلۇققا مىختەك قادالدى، — ھە، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ھەققىڭنى ئالدىڭمۇ، يولۇڭغا ماڭ! پاقا تەشكەن سويمىدەك بېزىرىپ تۇرغىنىنى قارا.

— دادا!··· ، — ۋارقىرىدى نەئىمە، بۇ ئارىلىقتا تۇغلۇق يەر ئاستى بۆلۈمىدىن ئوخچۇپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، نەئىمەمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزرە سورىغىلى ماڭغانىدى، تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— نەگە بارىسىز؟ — تۇردى ھەسەننىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى.

— ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىلى!···

— بىر زەڭگى دېۋانىدىنما؟!···

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە دىۋانە بولسا، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بىر ئادەم! بىلەمسىز، ئۇ كۈچىنى خار قىلىپ ئۆزىنى خار قىلمىغان غۇرۇرلۇق ئادەم!!

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ساپاسىز غۇرۇر!… ھەقىقىي غۇرۇر ئادەمنى مىليونىر باي بولۇشقا، جاھان سوراشقا، دەۋرنىڭ سەرخىللىرى بولۇشقا ئۈندەيدۇ… ئەرزىمەس بىر كۆمۈرچى بولۇشقا ئۈندىگەن غۇرۇرنى غۇرۇر دېگىلى بولامدۇ؟!

— ھەممىلا ئادەمنىڭ ياشاش مىزانى سىزگە ئوخشاش پۇلنى، ئەمەلنى ئۆلچەم قىلىۋەرمەيدۇ، — نەئىمە تۇنجى قېتىم دادىسىنىڭ يېغىرىغا تەگدى، — دۇنيادا مەلۇم ئېتىقاد ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىككىدىغان… بىر كەشپىياتنى دەلىللەش يولىدا ئۆمۈر بويى غۇربەتچىلىكتە ياشايدىغان… ئاۋام ئۈچۈن ئون جېنى بولسىمۇ سېلىپ بېرىدىغان… «ئادىمىيلىك»، «ۋىجدان»، «غۇرۇر»، «كۆڭۈل» دېسە ئوت دېڭىزىغا كىرىدىغان روھىي بايلىقلىرىمىزمۇ بارغۇ!!…

ئاتا ـ بالىنىڭ زەنجىرسىمان مۇنازىرىسى داۋاملىشىۋەرگەنمۇ بولاتتى، لېكىن خالىئاينىڭ سىلىق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېلىشى ھەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىستىھزا تۇردى ھەسەن بىلەن نەئىمەنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويدى. نەئىمە «جېنىم ئاپا…» دېگىنىچە خالىئاينىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

— قاراڭ، خالىئاي! بىر قاسماق كۆمۈرچى…، — تۇردى ھەسەن ئەمدىلا دادخورلۇق قىلىشىغىلا، خالىئاي «بولدى قىلىڭ» دېگەندەك كۆز ئىشارىسى قىلدى.

— نەئىمەنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى سىزگە ئايانغۇ ئەپەندىم، كۆمۈرچى بالا بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلاشقانغا جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتمەس، — خالىئاي جۇدۇنى ئۆرلەپ قالغاندىلا ئېرىنى تەئەددى بىلەن «ئەپەندىم» دەپ ئىلتىجا قىلاتتى، — مەن نەئىمە بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقاي…

خالئاي قىزىنى ئالدىغا سېلىپ يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. «خوتۇن ئەركە بولسا، ئېرىگە تېكە بولار» دېگەن گەپ بار. لېكىن خالئاي ئۇنداق خوتۇنلاردىن ئەمەس. ئۇ ئېرىگە ئەركىلەپ، خۇيلىنىپ، ھەر خىل نازۇكەرەشمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دېگىنىنى قىلدۇرىدىغان خوتۇنلار تىپىغا كىرمەيتتى. تۇردى ھەسەنمۇ خوتۇنىدىن قورقۇپ ئىشتان بېغى يانىغا ئۆتۈپ قالىدىغان ئەرلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىرلا ئەنسىرەيدىغىنى خالئاي تەنبىھ يەپ، رەنجىپ قالسا ئېرىگە يۇزتۇرانە بىرنېمە دېمەيتتى. لېكىن ئاۋايلاپ جىمغور بولۇۋېلىپ، كۆڭلىرىنى بىر ئۇندە، بىر تۇندە ئۆتكۈزەتتى. بولۇپمۇ تۇردى ھەسەننىڭ ئەڭ ئۇياتلىق مېھمانلىرى كەلگەندە چىرايى ئېچىلماي بۇرۇقتۇرما قىلىۋېتەتتى. چۈنكى تۇردى ھەسەننىڭ ئەمەلدار، سودىگەر، باي ھەقەمسايىلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياش، چىرايلىق ھەم سۇمباتلىق ئايالىدىن پەخىرلىنىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۇلارمىغۇ تارازا باسقۇدەك چوڭ ئىش ئەمەس، تۇردى ھەسەننىڭ تىلىنى باغلاپ، يۈزىنى شەرمىسار قىلىدىغىنى بىرنەچچە يىللاردىن بېرى مىجەزىنىڭ بىردىنلا زەئىپلىشىپ، ياش خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس لاتا قوزۇققا ئايلىنىپ قېلىشى يامان بولدى. ئەللىك توققۇز - ئاتمىش دېگەن ھازىرقى زاماندا ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك چوڭ ياش ئەمەس. لېكىن «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك تۇردى ھەسەن بۇ شەرمەندىچىلىكنى ئۆزى تىلەپ تاپقان. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى قولايلىق ھوقۇقىدىن نەپ ئالغان ھەم ئالماقچى بولغان نەپسى يامان لەھەڭلەر، ئاغزى قان بۆرىلەر ئۇنى «ساڭنا» مونچىلىرىغا، «ئۇۋۇسلاپ ھۇزۇرلاندۇرۇش»، «قوش تەن» ئارامگاھلىرىغا، كېچىلىك بەزمىخانىلىرىنىڭ ئايرىم «خانا»لىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللاردا كۆندۈردى. «ۋاقىتىنى ئۆزۈڭغا سوزىدىغان» خىمىيىلىك دورىلار بىلەن ئوخشىمىغان مىللەت نازىنىنلىرىنىڭ

پەيزىنى سۇرگۈزدى... بۇ خىمىيىلىك دورىلار ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئەزالىرىنى زەھەرلەپ، كاردىن چىقاردى. شۇڭا ئۇ دورا ئىچىسمۇ كېيىنچە ھۆندىگە ـ سۆندە بولمايدىغان، ھەتتا بۇ دۇنيادا شېرىن ـ لەززەت دەقىقىلەر ھۇزۇرىنى سۈرۈپ باقمىغاندەك ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى تۇنجۇقۇپلا كەتتى...

خەيرىيەت، ئەزەلدىن ئىلمان خوتۇن بولۇپ كېلىۋاتقان خالىئاي ئۈچۈن بۇ ئازابلانغۇدەك يوقتىش ھېسابلانمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەر كېچىسى ئۆزىنى زورلاپ ئېرىنىڭ قوينىغا كىرىدىغان، يالغان ناز، سۇنئىي ھىجىيىش بىلەن كۆڭلىنى ئالىدىغان، لېكىن يۈرىكىنىڭ قات ـ قاتلىرىنى ئاختۇرۇپمۇ چىن سۆيۈشنىڭ زەرلىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان بۇ خوتۇننىڭ كۈنسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقان كۆڭلى ئۇنىڭ ئۆچمەس چاڭقاق تەشنالىقىنى، ئاياللىق ئوتلۇق ئىنتىلىشلىرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇلگۇرگەنىدى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئېرىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ناشايان ئىشلىرى خالىئاينىڭ كۆڭلىدە قېپقالغان ئازغىنە ئەر ـ خوتۇنلۇق سامان چوغنىمۇ توزۇتۇۋەتتى... شۇڭا، بىر چاغلاردا تاتلىق ئەركىلىتىش، نېمىلەرنىدۇر ۋەدە قىلىش، سىرلىق پىچىرلىشىش، قانماي سۆيۈشۈش ئاۋازلىرىغا بىر خىلدا غىچىرلاشلار تەڭكەش بولىدىغان قوش كىشىلىك ئالىي كارىۋاتتىن ھازىر قوپال خورەك ئاۋازى بىلەن يۇمشاق پۇشۇلداشلار ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى... بۇرۇن نەپىس زىننەتلەنگەن كەڭ ئازادە كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلىنىدىغان يوتقان ـ كۆرپىلەر ئەمدىلىكتە ئايرىم ـ ئايرىم سېلىنىدىغان بولدى. بىر ـ ئىككى قېتىم تۇردى ھەسەن ئۆزىنى چاغلىماي خالىئاينىڭ يوتقىنى ئىچىگە كىردى. ئاندىن سائەتلەپ «مېھىر ـ شەپقەت»لىرىنى ياغدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ تەرلەپ سۇغا چىلىشىپ قالدىكى، ياش ئايالنىڭ باغى ئېرەم بوستانلىرىدىن گۈل ئۈزەلمىدى!... ھەرقانچە ياخشى كۆرمىسىمۇ ئەر بەدىنىنىڭ سېھىرىي ھۇزۇرىدىن يۇمران تەنلىرى

لەرزىگە كەلگەن خالىئاي ئاخىرى چىدالماي: «ئەپەندىم، ئۆزىڭىزنى بۇنچىلىك ساراسىمىگە سالماڭ... ئورنىڭىزغا كىرىپ ئۇخلاڭ...» دەپلا ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋالدى...

... كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە بىردەمدىلا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن خالىئاي قىزى نەئىمەنى باشلاپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ھۇجرا چەت ئەلدىن مەخسۇس ئەكەلدۈرگەن سۇس ھال رەڭ يىپەك تورلار، دىۋان، كارىۋات ياپقۇچلار، ئىسسىق ھەم سوغۇق شامال پۈركەيدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، چىلان رەڭ پولغا تۈركىيەنىڭ گىلىمى سېلىنغانىدى.

ھۇجرىغا بىر خىل ھاۋا تازىلايدىغان سۇيۇقلۇق پۈركەلگەچكە بەكمۇ ئىللىق ھىد دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى روھلاندۇراتتى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بىر غۇۋالىق كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغان خالىئاينى بۇ نەپىس بېزەلگەن ھۇجرا ھەم مەززىلىك پۇراقلار روھلاندۇرالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ روھىي ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى... شۇڭا قىزى نەئىمە بىلەن يالغۇز كىشىلىك دىۋاندا يانمۇيان ئولتۇرغان خالىئاي بىرھازا جىمىپ كەتتى- دە: «توۋا قىلدىم خۇدايىم!...» دەپ ئېغىر ئۇھسىندى...

دەرۋەقە، تەڭرى بېشىمىزدا قاراپ تۇرىدىكەن! بىزنىڭ خۇي- پەيلىمىز، ياخشى- يامان نىيەتلىرىمىز، گۇناھى كەبىر،[1] گۇناھى سەغىر[2]لىرىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتىدىكەن... خالىئاي بايىلا راۋاقتا ئولتۇرۇپ رىۋايەت قىسسىلىرىنى ئاڭلىدى ھەم تەسىرلەنگەنلىكىدىن: «خانبانۇنىڭ كۆڭلى ئوتتۇنچىغا چۈشكەن بولسا، سىز كۆمۈرچىگە ئاشىق بولۇپ قالمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ...» دەپ سالدى. كونىلارنىڭ «ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن» دېگىنى راستكەن- دە!... توغرا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ

---

[1] گۇناھى كەبىر — چوڭ گۇناھ.
[2] گۇناھى سەغىر — كىچىك گۇناھ.

ئۇرانىدىن كۆمۈرچىنى پەسلىگەنلىك، خورلىغانلىق، كۆزگە ئىلمىغانلىق چىقىپ تۇرامدۇ! شۇڭا ئاللا نەئىمەنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا كۆمۈرچىنىڭ ئىشقىنى سېلىپ قويغان بولسىچۇ! بۇ... بۇ... «ئۆچ بولماڭ، گىرىپتار بولارسىز» دەپ بېشارەت بەرگىنىمۇ ـ يە...

قىرىق تۆت ياشلىق هايات مۇساپىسىدا ئىككى ئەرلىك بولغان، ئەمما ئەردىن بەختىنى تاپالمىغان، هۆسن ـ پەزىلىتى بەرقارار بۇ مەزلۇم يىگىرمە نەچچە يىللاردىن بېرى، بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ـ نادامەتلەرنى بارا ـ بارا خۇدادىن كۆردى هەم خۇداغا تىۋىنىدى، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى. تا هازىرغىچە هەممە ـ هەممە ئارزۇ ـ ئۈمىد، تىلەك ـ ئىستەكلىرىنى بىر خۇداغا تاپشۇردى!... ئەمما خۇدا هازىرغىچە ئۇنىڭغا بىرەر بەخت روجەكلىرىنى كۆرسەتكىنى يوق! ئەدناسى، قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىدەك بولسىمۇ، ئۈمىد زەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى يورۇتۇپ قويسا بولاتتى... نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر ئاجىز ئەمەسمۇ...

— قىزىم نەئىمە، — سوردى خالىئاي ياشلىق كۆزلىرى بىلەن، — دادىڭىزنىڭ دېگەنلىرى... مەن... مەنىغۇ ئىشەنمىدىم...

— ئاپا، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز...، — نەئىمە دۇدۇقلىدى، — مەن... مەن شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ... ئۇ... ئۇ... بىر كۆمۈرچى بالىغۇ...

— راست دەيسىز قىزىم، دادىڭىز ئوشۇقچە ئويلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — خالىئاي قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى، — دادىڭىزنىڭ مىجەزى سىزگە ئايان. ئۇ يۈز ـ ئابروي، شۆهرەت ـ ئىناۋەتكە جېنىنىمۇ تىكىشىدىغان ئادەم.

— هى ـ هى، — نەئىمە قەهرى بىلەن دىمىقىنى قاقتى، — ئۇنىڭدا شۇنچىلىك ۋىجدان، غۇرۇر بولىدىغان بولسا،

مېنى ھېلىقى ئالتۇن كان خوجايىنىنىڭ قىرىق ياشلىق خوتۇنباز ئوغلىغا سايە قىلماس ئىدى. ئاسماندىن بىر تاغار تېرىق تۆكۈۋەتسە يەرگە چۈشمەي، يۈزىدە توختاپ قالىدىغان چوقۇر مازغا...

— بولدى، قىزىم، «تەگمىسەڭ تېرىق بولار» دېگەن گەپ بار. ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق دادىڭىز بىلەن قانچىلىك ئۆرە - تۆپە بولۇشتۇق. ھازىر خېلىلا ئىنىئامغا پاتقاندەك قىلىدىغۇ... ئىشقىلىپ كۆمۈرچى بالا توغرۇلۇق بولغان ئۇقۇشماسلىق ئايدىڭلاشتى.

— ئەمما ئۇ كۆمۈرچى بالا، — نەئىمە ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى، — زېرەك، ئەقىللىق، خۇش پېئىل، قىسقىسى، شەھەر باللىرىغا ئوخشاشمايدىغان خىسلەتلىك بالا ئىكەن...

خالئاي قىزىنىڭ شىۋىرلاپ ئېيتقان گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئاڭلاپلا قالماي بەلكى كېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر جۇدۇننىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى...

## 5

تۇغلۇق خالتا كۆمۈرلىرى سېتىلىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان ھارۋىسىنى ھويلىغا ئەكىرگەندە، قۇياش چەكسىز ئېتىزلارنىڭ يىراق ئىزنىلىرىغا باش قويماقتا ئىدى. ئۇ تەرەپتىن ئېرەن دەرياسىنىڭ «تارسۇ» كەنتى يارلىقلىرىغا ئۇرۇلغان شاۋقۇن ئاجىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇغلۇق «دادا، ھەي دادا!...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھارۋىسىنى ئات ئېغىلىنىڭ قېشىغا قايدۇرۇپ ئاپاردى. ئاندىن ئېتىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، تۆمۈر تارغاقتا راسا تاتىلىدى. كۆك ئاتمۇ قىچىشقان يەرلىرى ئارام تاپقاندەك كېرىلىپ تۇرۇپ بەردى.

— ھە، بىۋرادەر، كۆكۇيۇن، چاققاق چىۋىنلەر چاققان يەرلىرىڭنىڭ قىچىقى بېسىلىپ، ھوزۇرلىنىپ قالغانسەن ـ ھە؟

توغلۇق ئېتىنىڭ بويىنغا شاپىلاقلاپ، پېشانىسىنى سىلاپ ئەركىلەتكەندىن كېيىن ئېغىلغا ئەكىرىپ قانتۇرۇپ قويىدى. ئاتنى سەپەردىن كېلىپلا ئوت ياكى سۇغا قويمايتتى. توغلۇق ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىغا قاراپ خاتىرجەم بولغاندەك كۈلۈپ قويىدى. چۈنكى ئۆگزىدە بىرنەچچە «نە» كەپتەر «مادا» كەپتەرلەرنى بوقۇلداپ قوغلاپ يۈرەتتى.

— دادام دەريا بويىغا كەتكەنمىدۇ ياكى ئېتىزغا؟

تۇيۇقسىزلا ۋەھىمىلىك بىر خىيال كۆڭلىدىن كەچكەن توغلۇق ئۇچقاندەك ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ھەم ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. بۇ چاغدا قاغجىراپ كەتكەن كونا دەرۋازىنى غاچىرلىتىپ، ئاپئاق بومبا ساقاللىرى مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇرغان يەتمىش بەش ياشلاردىن ئاشقان ئەمرۇللا تەمبۇر ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ توغلۇقنى كۆرۈپلا خۇشاللىقى يۈزىگە تەپتى. ئۇنىڭ ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىدەك ئاپئاق قاشلىرى ئاستىدىكى روشەن چوڭ كۆزلىرى كۈلدى... كۈلۈش بىلەنلا كۆز قۇيرۇقلىرى، پېشانىلىرىدىكى قورۇقلار بىر يەرگە يىغىلدى. بوۋاي ھەقىقەتەن گەۋدىلىك، تەمبەل بولۇپ قالماي ئۇنىڭ خۇش پېئىل، خۇش چاقچاقلىقى تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھۇششەرە! ئوغلۇم... ساقام، پالۋىنىم، كۆمۈرلىرىڭنى تۈگىتىپسەن ـ دە؟ ئانام... ئانام...، — بوۋاي يىرىك ئالقانلىرىدا توغلۇقنىڭ بېشىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيدى، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر، ھېلىقى «ئالا قاغا» بىلەن «موللاقچى» بۈگۈن چۈشتە بالىلىدى قارا...

— نەچچىدىن باچكا چىقىرىپتۇ؟ — توغلۇقنىڭ سۇس كەيپىياتى بوۋاينىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

— «ئالا قاغا» دېگىنىڭ ئۇچىنى، «موللاقچى» ئىككىنى، — بوۋاي ئوغلىنىڭ غەمكىن چىرايىغا زەن سالدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئانا بولۇشى دېگىنە دادا... — تۇغلۇق يۈزىنى قاچۇردى.

— ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باقمامسەن بالام، — بوۋاي ئۆگزىنى ئىما قىلدى، — «قاچانمۇ باچكا چىقىرار» دەپ تەقەززا بولۇۋېدىڭ.

— ماقۇل، دادا، — تۇغلۇق خۇشياقمىغاندەك ئۆگزە تەرەپكە ماڭدى.

ئەمرۇللا تەمبۇر دىمىققاندەك بولۇپ ئۆي ئالدىدىكى كاۋا بارائ ئاستىغا كەلدى. ئۇ سۇپىغا ئولتۇرۇۋېتىپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى.

— بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ — ئەمرۇللا بوۋاي ئېرىنچەكلىك بىلەن شوتىغا يامىشىپ كېتىۋاتقان تۇغلۇققا قاراپ قويدى، — ھەر كۈنى سەھەردە كەپتەرلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ شوتىنىڭ ئىككى بالدىقىنى بىر ئاتلاپ دەسسەيدىغان... بۈگۈن بولسا باشقىچىلا... ئاھ، خۇدا! مۇشۇ يېتىم ئوغلۇمنىڭ بەختىنى ئۆزىگە يار قىلغايسەن...

بوۋاي قايسىدۇر بىر ئايەتنى ئىچىدە زىكرى قىلىۋاتقاندا تۇغلۇق كاتەكنىڭ شادىلىق ئىشىكىدىن قىسىلىپ كەپتەرخانىغا كىردى ـ دە، مىچچىدە يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۇنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن ئاغزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— سىلەرنىڭ... سىلەرنىڭ ئانا بولغىنىڭلارغا ... مۇبارەك بولسۇن، — دېدى تۇغلۇق ئۇۋسىدا بالىلىرىنى بېسىپ ياتقان ئىككى كەپتەرگە قاراپ، — مەن سىلەرگە بۈگۈن بۇغداي چېچىپ بېرەي... ياكى سىلەرمۇ «كۆمۈرچى بالا» دەپ ياراتمامسىلەر؟...

تۇغلۇق باشقىدىنلا ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي ئېسەدەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، كۆزلىرى

قورۇغاندىن كېيىن كەپتەرخانىدىن چىقىپ ھويلىغا قارىدى. ئىشىك ئالدىدىكى چەللە باراڭغا ياماشقان كاۋا پېلەكلىرى ساپسېرىق چېچەكلەپ كەتكەن بولۇپ، تاكى ئۆي ئۆگزىلىرىگىچە پېلەك يايغانىدى. ھاسىسىغا ئېگەك تىرەپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ باشلىرىدىمۇ تېخى چېچىكىدىن ئايرىلمىغان چوڭ بارماقتەك مانتا كاۋا خەمەكلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى.

— دادا، — تۇغلۇق ئۇنلۇكرەك توۋلىدى، — دادا ئۇخلاپ قالدىڭما؟

— ھە، ھە، سەنمىدىڭ؟ توۋا كۆزۈم ئېلىنىپ كېتىپتا، — ئېغىر خىيالغا پاتقان بوۋاي ئەسلىدە مۈگدەپ قالمىغانىدى، — ھە، بالام، كەپتەرلىرىڭ قانداق تۇرۇپتۇ؟ «ئالا قاغا» بىلەن «موللاقچى»نى مۇبارەكلەپ قويغانسەن؟

كۆز نۇرى ھەم زېھنىياتىدىن قالمىغان بوۋاي تۇغلۇقنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر شەپىنى سەزگەندەك بولغانىدى. شۇڭا ئوغلىنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىلاجى بار تۇغلۇقنىڭ چىرايىغا قارىمىدى.

— دادا، بۈگۈن ساڭا نېمە تاماق ئېتىپ بېرەي؟

— بالام، تۈنۈگۈن ئەتكەن كەسكەن لەغمىنىڭ راسا ئوخشاپتىكەن دېگىنە، — بوۋاي تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ قويدى، — بۈگۈنزە، جاگدۇ، پۇرچاقلارنى سېلىپ ئوخشىتىپ بىر سۇيۇقئاش ئىچمەيلىمۇ؟ قانداق دېدىم، مەن ئوتياشلىققا چىقىپ باقاي، بىرەر تاماقلىق چۈشكەندۇر ئۇ كاساپەتلەر...

سەھراچىلىقتا يەر ھەر هالدا كەڭتاشچىلىق ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پۈڭدىن كۆپرەك يەرنىڭ ئەتراپىغا ياش كۆچەتلەر تىكىۋېتىلگەن بولۇپ ئوتتۇرىسى ئوتياشلىق ئىدى. بۇنداق ئوتياشلىقلار باشقا دېھقان ھويلىلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن بولمىغاچقا، ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار ئەمرۇللا تەمبۇردىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشاتتى. ئۇلار: «ۋېيىيي، ۋېيىيي، تۇغلۇق

ئەجەب قولى ئىشلىق بالا بولدى... بىردەم - يېرىمدەم جىم تۇرمىغان، قاراڭلار بۇ ئوتياشلىقنىڭ سەرەمجانلىقىنى...» دەپ ماختىسا؛ قېرى موماي‌لار «خويمارا...» دېيىشىپ تاماقلىرىنى بىرھازا چېكىلدىتىپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ رەت - رېتى بىلەن كۆكىرىپ تۇرغان پىدىگەن، كۆكمۇش، كەرەپشە، يېسىۋىلەك، كۇدىلەر، خۇددى كۆك مارجاندەك شاخلاردا تۇگۇر - تۇگۇر ئېسىلىپ تۇرغان شوخلا غورىلىرى، جاڭدۇ - پۇرچاقلار تۇغلۇقنىڭ ئىشچان قوللىرى بەرپا قىلغان ئەمگەك مېۋىلىرى ئىدى.

ھويلىدىكى سۇپىغا سۇپرا سېلىپ بىر ئەپلىك خېمىر يېيىۋاتقان تۇغلۇقنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنى: «خۇدايىم ئايال كىشى قىلىپ يارىتىپ قويغان بولسا خويمۇ چاققان كېلىن بولغۇدەك...» دېگەن بولاتتى. مانا تۇغلۇق بىلەن ئەمرۇللا تەمبۇر دانەم مۇماي ئۆلۈپ كەتكەن ئون تۆت يىلدىن بېرى ئەنە شۇنداق نىم ئەر، نىم ئايال بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەمرۇللا تەمبۇر تۇغلۇقنى ئۆيلەپ قويۇشنى ئويلىمىدى ئەمەس ئويلىدى، ھەتتا كەپتەرخانىغا ياناپ تاملىرىنى سوقۇپ ئىككى ئېغىز ئۇلىنى تىكلەپ قويغىلى نېكەم. لېكىن تۇغلۇق كايىش قىلمىدى. ئۇ، ئۆيلىنىشنىڭ گېپى چىقسىلا: «ۋاي، دادا بولدى قىلغىنا، بىر ئوبدان كېتىۋاتىمدۇق» دەپ بوۋاينى ئېغىز ئاچقۇزمايتتى. ئىلاجسىز قالغان بوۋاي تۇغلۇقنىڭ ئاغىنىلىرى مۇنۇر، پىدا، زىكرىلاردىن گەپ ئېلىپ باقتى. لېكىن ئۇلارمۇ ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇرىسىنى چىقىرىشتى. شۇندىن باشلاپ بوۋاي چۈشى بۇزۇلۇپ قالغاندەك ئۇنداق - مۇنداق گەپ ئېچىپ قويمىسا، باشقا چاغلاردا ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، سەھرانىڭ قىزلىرى غەلىتىلا! ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەلچى كىرىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. ئەرنىڭ بىر خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچىلىكى

بولسا، ئەقەللىي تەلەپ، خوتۇننى باقالىسىلا بولدى بەس… ئۇلار: «بوپتىلا تېگىپ باقمامدىم، كېيىنچە بىر گەپ بولار…» دەپ تەقدىرىگە تەۋەككۇل قىلىشىدۇ. ھەتتا بەزى بۇرنى كۆپكەن يىگىتلەر: «ھەي، بۈگۈن كېچە قوناققا سۇ تۇتمەن چىقالامسەن؟» دېسە، يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتكەن قىز چوكان ئالدى - ئارقىسىغا قارىمايلا: «يەنە ئۆتكەنكىدەك ئالدىمايدىغانسەن؟» دەپ غىلجىڭلايدۇ. توغرىسى ئۇلاردا مۇھەببەت - نەپرەت، ھەق - ناھەق، ۋىجدان - دىيانەت كۆزقارىشى يوقتەك تۇرمۇشقا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارايدۇ. شۇڭا ھازىر ئۇياققا قارىسا ئاتىسىز، بۇياققا قارىسا ئانىسىز يېتىملەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ… ئەمدى سەھرالاردىمۇ ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ئاغزىدا ئىمان، دىلىدا دىيانەت يالتىراپ تۇرغان قىزلارمۇ كۆپ. بىراق كۆڭۈل دېگەن ئاشۇنداق سىركىسى سۇ كۆتۈرەلمەيدىغان نازۇك نېمىكەن. ئۇ خالىمىسا نېمە چارە، قانداق ئامال بار دەيسىز؟ شۇڭا تۇغلۇق «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ؟» دەپ يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى. گەرچە ئۇ «كۆمۈرچى بالا» بولغىنى بىلەن تۇرمۇش مەسىلىسىدە «تۆمۈرچى بالا» دىنمۇ ئارتۇق ئىرادىسى قاتتىق ئىدى.

چايقىلىپ تۇرغان بۇغدايلىقلار، توختىماي چاۋاك چېلىۋاتقان قوناقلىقلار، شىلدىرلىشىۋاتقان زىغىر ئېتىزلىقلىرى بار - بارا گۈگۈم پەردىسى ئاستىدا غۇۋالاشماقتا. ئاخىرقى بېغىر رەڭ شەپەقمۇ، سۆسۈن رەڭ تۇمانغا ئايلىنىپ، نىل رەڭلىك ئاسمان قوغۇشۇندەك ئېغىرلاشتى. سەھرانىڭ باغلىرى، ياۋا سۆلۈ، تىلقانات، ئاپىخانلار بىلەن قاپلانغان قىر - دالالار، قىپقىزىل ئېرەن ئورمانلىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كۆجۈم مەھەللىلەر ئېغىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېرىپ يوقالماقتا ئىدى…

ئاشكۆكى ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان سۇيۇقئاشنى

پېشانىلىرى چىلىق - چىلىق تەرلىگىچە ئىچىۋالغان ئەمرۇللا تەمبۇر دۇئاغا قول كۆتۈردى. تۇغلۇقمۇ دادىسىغا ئەگەشتى.

— پاھ، پاھ، ئەجەب ئىسسىق باستا، — ئەمرۇللا تەمبۇر ساقاللىرىنى سىپىدى، — مۇشۇ سۇيۇقئاش دېگەن بارغۇ، بالام ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بارىدۇ... چوقاڭدىن تا تاپىنىڭغىچە دېسە ھەرگىز لاپ ئەمەس.

— دادا، چىراغنى يېقىۋېتەيمۇ؟— تۇغلۇق چىۋىن يوقى بىلەن چىپارلىشىپ كەتكەن ئون بەش ۋاتلىق لامپۇچكىغا قاراپ قويدى، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

— ياقما، بالام، بۇنىڭ پۇلىغۇ چاغلىق، لېكىنزە، پاشا، كۆمۈتا، چىۋىننى چىللاپلا كېلىدۇ دېگىنە، ھېلىقى ئىش ئېسىڭدىدۇ ھە؟

— ئېسىمدە، دادا، — تۇغلۇق خۇشياقمايلا كۈلۈپ قويدى. چۈنكى دادىسىنىڭ دېگىنى بۇلتۇرقى ئىش ئىدى. بىر كۈنى مۇنۇر، پىدا، زىكرى قاتارلىق تارسۇلۇق باللار مۇشۇ ھويلىدا دۇتار، تەمبۇر چېلىشىپ، ئوتتۇرا كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى. گاژىلدىشىپ يۈرگەن توپ - توپ چىۋىنلەرمۇ ناخشىنىڭ پەيزىنى سۇردىمۇ، ئىشقىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاشمىدى. ئەتىسى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى تونۇيالماي قېلىشتى، چۈنكى ئاپئاق كۆڭلەكلەر بىر كېچىدىلا «گۈللۈك چىت كۆڭلەك» كە ئايلىنىپ قالغانىدى.

— تۇغلۇق بالام، قاراڭغۇدا ئىچىڭ پۇشۇپ قالمىسۇن، بوپتۇ چىراغنى ياندۇرۇۋەت، — بوۋاي سۇپا قىرىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ قويدى.

— بولدىلا، دادا، يېتىپ قالايلى.

— بالام مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياقەي، ھېرىپ قالغان ئوخشايمەن...

— راست، بىر كۈن كەچكىچە مەھەللە - كوچىلارنى

ئايلىنىپ كۆمۈر ساتماق ئاسان ئەمەس، — بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقى ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — ئەمما بۈگۈن باشقا چاغلاردىكىگە سەل ئوخشىماي تۇرىسەن...
— قىزىقسەندە، دادا، — تۇغلۇق زورمۇزور كۈلدى، — سېنىڭ گۇمانخورلۇقۇڭ بارلا - بار.
— بوپتۇ، بالام، باشقا گەپلەرنى قويايلى، — بوۋاي گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپكە تۇتۇندى، — كەپتەرلىرىڭغۇ ئانا بولدى، سەن قاچان دادا بولارسەن؟
— ۋاي - ۋۇي، يەنە شۇ گەپمىدى، — تۇغلۇق ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، ئەمرۇللا تەمبۇر «ئولتۇر» دېگەندەك ئىشارە قىلدى، — دادا، «توي» دېگەنلىك «بۆرنى - قۇلىقىڭغىچە توي! ...» دېگەن گەپ دەۋاتاتتىڭغۇ... ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ. تۆت تېمنى قوپۇرۇپ قويغىنىمىز بىلەن ئۇنىڭدا ئولتۇرغىلى بولمىسا...
— جېنىم بالام، نەچچە يىللاردىن بېرى ماڭا بەرگەن پۇللىرىڭنى يىغىپ قويدۇم، توي چىقىمىدىن غەم قىلما... ئۆي ئىشىغا كەلسەك ھەممە سەرەمجان تەييار. مۇنۇر، پىدا، زىكرى ئاغىنىلىرىڭنى چاقىرساڭ، ھە - ھۇ دېيىشىپ بىرنەچچە كۈندە ئۆينى تۇرغۇزۇۋېتەلەيمىزمۇ!
— مەندەك بىر كۆمۈرچى بالىغا قايسى قىز تەييار تۇرۇپتۇ، — يۈرىكىنى مۇجۇپ بىئارام قىلىۋاتقان سۆز پۇسۇقىدە چىقىپ كەتتى، — تەگكەن تەقدىردىمۇ تۆت كۈندىن كېيىن كارامىتى ئاشكارا بولىدۇ.
— بالام، قىزمۇ ئۆزۈڭگە تونۇشلۇق، كىچىكىڭلاردىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، — ئەمرۇللا بوۋاي قەتئىي قارارغا كەلگەندەك قىلاتتى، — ئۇ كىم دېسەڭ ئاغىنەڭ زىكرىنىڭ سىڭلىسى بېشىرئاي...
— نېمە بېشىرئاي؟ — تۇغلۇق تېرىككىنىدىن پۇشۇلداپ

كـەتـتـى، — جىنىم دادا... نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، بىشىرئاي ئاغىنەم پىدانىڭ يۇرۇۋاتقان قىزى تۇرسا... ئۇلار توي قىلىشقا پۇتۇشۇپمۇ بولدى...

— نېمە؟ ! — ئەمرۇللا قېلىن ئاق ساقاللىرىنى تۇتاملاپ جىمىپ كەتتى...

بـۈگۈن چۈشتە بىشىرئاينىڭ ئاپىسى رانەم ئوتياش تىلەپ كىرگەنىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆزىگىز ئېلىۋېلىڭ دېگەچكە رانەم ئـەتـراپى شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئاھادا قېلىنغان ئوتياشلىققا كـىـرىـپ تـۇغـلـۇقـنـى ماختاپ كەتتى. ئارقىدىنلا مەھەللىدە «پىيەنچۈك» دەپ يامان ئاتىقى چىقىپ قالغان ئوغلى زىكرىنىڭ بـۇنـىڭـدىـن كـېـيىـن هاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلغانلىقى، تۇغلۇققا ئەگـىشىـپ ئوقـەت قىلىدىغانلىـقى قاتارلىق بىرمـۇنچە تاققا - تۇققا گەپلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ قىزى بىشىرئاينىڭ بـەكـمۇ ئەقىللىق، زېرەك، قولى ئىشلىق چوڭ بولغانلىقىنى ماختاپ كەتتى.

— خۇدايىم، كۆز تەگمىسۇن، بىشىرئايغا خېلى - خېلى يـەرلـەردىـن ئـەلـچىلەر كەلدى. بىچارە قىزىم زىبىر ئۇنىماي تۇرىدۇ. لېكىنزە، ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسىلا «تۇغلۇق ئاكام ئـۇنـداغـەي، تـۇغـلـۇق ئـاكـام مـۇنـداغەي...» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ دېسە... مەنمۇ توۋا دەپ ياقامنى تۇتىمەن.

ئـەمرۇللا بوۋاي رانەمنىڭ ئاستىرتىن بەرگەن شەپىسىنىڭ تېگىگە يەتكەچكە، ئوغلىغا قورقمايلا سايە قىلغانىدى.

— دادا، ئاشۇ رانـەمدەمنىڭ لىڭگىرتاقـتاق گەپلىرىـگە پـۇتـتـۇڭـما؟ — دېدى تۇغلۇق تۇپتۇزلا قىلىپ، — ئۇ خوتۇن ئـوغـلـىنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قالايلا دەپتۇ. زىكرى دۇكانچى شايىكامدىن نېسىگە هاراق ئىچىپ نۇرغۇن پۇلغا بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش مولـۇق زىغىرنـى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېـ- تىپتۇ...



[library stamp]

— قارا، بۇ خوتۇن تالاقنىڭ قىلىپ يۈرگەن رەسۋاچىلىقىنى، مەن تېخى زىكرىنى خېلى ئوبدان بالا دەپ يۈرەتتىم.

— دادا، زىكرى ئەسلىدە ئوبدان بالا، — تۇغلۇق ئاغىنىسىنىڭ ئەيىبىنى دەپ سالغانلىقىغا خىجىل بولۇپ قالدى، — لېكىن شەھەرگە ئوقەت قىلىمەن دەپ كىرىپ بەزى يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ...

— شۇڭا دەيمەنغۇ بالام، شەھەرگە كىرگەن ئاق ئىتمۇ قارا بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ دەپ...، — بوۋاي تۇغلۇقتىن خىجىل بولدىمۇ نېمە، توي ئىشىنى قايتا تىلغا ئالمىدى، — بالام، سەن نەدە ياتىسەن؟

— دادا، ساڭا ئەسلىي ئورنىڭغا ئورۇن سېلىپ بېرەي، سالقىنراق ياتقىن، ئۆي بەك تىنجىق، مەن ئۆگزىدە ياتىمەن.

— بالام، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا سېسىق ساماندا ئىس سېلىۋەت، بولمىسا پاشا تالاپ ياتقۇزمايدۇ.

تۇغلۇق دادىسىغا كاۋا باراڭ تېگىدىكى سۇپىغا ئورۇن سېلىپ بەرگەندىن كېيىن، كىگىز، سامان تەكىيە ھەم قۇراق كۆرپىنى يىپ ئەدىيالغا ئوراپ ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئورۇننى شامال ئۆتۈشكۈدەك يەرگە سالغاندىن كېيىن كۆڭلىكىنى بېشىدىن سۇغۇرۇپ يېنىغا تاشلىدى، ئاندىن سامان تەكىيگە بېشىنى قويۇپ، تىنىق قوڭۇر رەڭ ئاسماندىكى پىلىلداپ كۆز قىسىۋاتقان يۇلتۇزلارغا، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ يانتۇ قاراپ تۇرغان ئاي ئوغىقىغا قاراپ ئاھ ئۇردى. چۈنكى سۈس ھاۋا رەڭ يىپەك كىيىملەر ئىچىدىكى نەئىمە كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى...

تۇغلۇق يەر ئاستى پارخانىدىن ئوقچۇپ چىققاندىن كېيىن بىردىنلا: «تۇردى نازىر قىزىنى قاتتىق ئۇرۇۋېتەرمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا چوقۇم قىزنى...» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كېچىش بىلەن ھاۋادان روجەكلىرىدىن يەر ئاستى بۆلۈمىگە قاراپ بىردەم

تۇردى ھەم ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان ھەممە گەپنى ئاڭلىدى. بۇ ئەسنادا ئىگىز پەلەمپەيلەردىن ئاستا چۇشۇۋاتقان خالئاينى كۆرگەندىلا داچىدىن تېزلا چىقىپ كەتكەنىدى...

... ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سىپىق ساماندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق ئىس ئايئاق ئايدىڭ كېچىدە سۈس ھاۋا رەڭ تور پەردىدەك ئەتراپقا يېيىلماقتا ئىدى. تۇغلۇق گويا ئاي بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك كۆككە قاراپ ئاستا پىچىرلاشقا باشلىدى:

«— ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىلى!...

— بىر زەڭگى دىۋانىدىنما؟!...

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە دىۋانە بولسا، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بىر ئادەم!... بىلەمسىز غۇرۇرلۇق ئادەم!...»

.........

— ئاھ، نېمىدېگەن يۈرەكلىك قىز!...، — تۇغلۇق چوڭقۇر تىنىدى، — بۇنداق يەكدىللىق روھنى ھازىرقى قىزلاردىن تاپماق تەس!... ئاھ، نەئىمە!... نەئىمە!!... سىزگە مىڭ مەرتەم رەھمەت... سىز دادىڭىز ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىماقچى بولدىڭىز... سىز: «ئۇ بىر ئادەم! غۇرۇرلۇق ئادەم!!...» دەپ ماڭا ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلغىنىڭىزدا مەن... مەن كۆمۈرچى بالا، يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ دەپ قورقتۇم... چۈنكى سىزدەك بىر پەرىشتە ماڭا يۈكسەك ئىنئام ئاتا قىلغان ئىدىڭىز... ئاھ، نەئىمە! سىزنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈش نېسىپ بولارمۇ؟ جانغا جان ئاتا قىلىدىغان ھاياتبەخش سۆزلىرىڭىز يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن تۇرسا، سىزنى قانداقمۇ ئۇنتارمەن!... مەن پەقەت سېغىنىمەن... كۆيىمەن... غايىۋانە ياخشى كۆرىمەن! ئەمما ئۇمىدلىرىم ئارزۇلاردىن بەكمۇ يىراق... چۈنكى مەن بىر خەس تۇپراق بىلەن تەڭ كۆمۈرچى بالىمەن! مەن سىزگە قانداقمۇ بويلىشاي... شۇڭا ھەممە چىن ئەقىدىلىرىمنى يۈرىكىمگە دەپنە قىلىشتىن باشقا چارەم يوق... سىز بىلەن كۆرۈشمەسلىككە، ئاشۇ

چىلانلىقا بارماسلىقا ئەھدە قىلىپ، تۈنجى قېتىم قەلبىم تىلەكلىرىگە قارشى ماڭدىم… قۇرۇقتىن - قۇرۇق شېرىن ئازاب ئىسكەنجىلىرىدە بوغۇلۇپ نېمە قىلاي… سىز بولسىڭىز ئاسماندىكى چولپان يۇلتۇزسىز، مەن بولسام ئۆزۈمنىمۇ يورۇتالمايۋاتقان شام چىراغمەن… سىز بىلەن ئۇچراشقان ئاشۇ كۈننى ھاياتىمنىڭ سائادەتلىك كۈنلىرى سۈپىتىدە ساقلايمەن… ئەمدى سىزنى دادىڭىزنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىزنى سۆرۈن قىلغۇم يوق… مەنمۇ غۇرۇرۇمغا يۇندا چاچىدىغان تىل - ئاھانەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن!

تۇغلۇقتا يۇلتۇزلار سۆۋارى بولۇپ كۆرۈندى. يالغۇز ئايمۇ ئورنىدا جىم تۇرماي سەكرەۋاتقاندەك بىلىندى… چۈنكى كۆزلىرىنى سۈپسۈزۈك ياش پەردىلىرى قاپلىۋالغانىدى… توۋا! تۇغلۇق نومۇس قىلغۇدەك يىگىتمىدۇ؟ بىر ئەل رەھبىرى، ئەل ئاتىسى، يوقسۇلنىڭ شاپائەتچىسى بولغان نازىر «نومۇس قىلىڭ قىزىم، نومۇس…» دەۋاتسا… نەئىمە— كۆمۈر سېتىپ ھالال ياشاۋاتقان تۇغلۇقتىن نومۇس قىلامدۇ؟! ئۇ پەقەت كۆمۈرچى بولغانلىقى ئۈچۈنلىما؟ ئۇنداقتا «بىز خەلقنىڭ چاكىرى، ئاۋام ئۈچۈن جېنىمىز پىدا…» دېگەندەك شوئارلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قۇلاقتا يېقىملىق ئاڭلىنىشتىنلا پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەگەر نازىرنىڭ بىرەر ئوغلى ياكى تۇغقىنى ئاشۇنداق ئاددىي ئەمگەكچى بولۇپ قالغىنىدا ئۇنى: «زەڭگى دىۋانە» دەپ تىللارمىدى؟ شۇنداق، نامراتنىڭ ئەيىبى تولا بولىدۇ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەيىبى قولىنىڭ قىسقىلىقىدا… ئەگەر تۇغلۇقنىڭ ئاتا - ئانىسى قول - ئىلكىدە بار بايلاردىن ياكى ئەمەلدار تۆرىلەردىن بولغىنىدا ئۇ بىراۋلانىڭ دەشنىمىنى يەپ، ئەلىمىنى تارتىپ يۈرەرمىدى؟!

تۇغلۇق «ئۇھ» دېدى - دە، يانغا ئۆرۈلدى. ئۇ، جۇۋاز ئوقىدەك توم بىلەكلىرىنى چېقىۋاتقان پاشىنى پاققىدە ئۇرۇپ، ئەدىيالنى مۇرىسىگە ئارتتى. ئېرەن دەريا بويلىرىدىن ئۇرۇۋاتقان

سەلكىن شامال تەنلەرنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، پاشا ـ كومۇتىلارنى نەلەرگىدۇر ئەكەتمەكتە ئىدى. توغلۇق ئۆزى كۆرمىگەن ئاتا ـ ئانىسىنى خىيالەن قىياس قىلىپ باققان بولسىمۇ پەقەتلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىدى. ئۇ بوۋىسى ئەمرۇللادىن بىرقانچە قېتىم سوراپ قانائەت تاپقۇدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. لېكىن توغلۇق ئۇنى ــ ئون بىر ياش ۋاقتىدا بولسا كېرەك، تالادىن ئاڭلاپ كىرگەن گەپلىرىنى بوۋىسى بىلەن مومىسىغا دەپ بېرىشىگىلا ئەمرۇللا بوۋاي چېچىلىپ كەتتى:

— قانداق شۇم ئېغىز لەنتىيلەر ئۇ. سەن موماڭ دانەمنىڭ جاغىستايدىكى سىڭلىسى بەدىرنىساخاننىڭ بالىسى بولىسەن. ئاپاڭ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن، داداڭ بولسا شەھەردە كادىر ئىدى. ئۇ خۇمسى ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىپ ھەپسىدە ئۆلدى... مانا شۇنداق ئىش...

— ئەمىسە باللار، — توغلۇق ئەيمىنىپ يەرگە قارىدى، — سەن ئەمرۇللا تەمبۇرنىڭ نەۋرىسى بولىسەن، ئاپاڭ ئۇماي سېنى توي قىلماي تۇغۇپ قويغاچقا، بوۋاڭ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن... ئۇمايقىز نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان دېيىشىدىغۇ...

— يوق يەپتۇ ئۇ زۇۋانىسىزلار...

— ئەمىسە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دەريا بويىدىكى ئېگىز يارلىقتا دەرياغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەيسەن... ھەم... ئۇماي قىزىم دەپ يىغلىدىڭ...

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، قارا بۇ قۇلاق كەستىنىڭ ئارقامدىن تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى...

چىگىش خىياللار ئىلكىدە ئۇيقۇسى قاچقان توغلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ـ دە، بىلەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ تىك كۆتۈرۈلگەن ئايغا قارىدى. خۇددى تارىلىپ كەتكەن شايىلاردەك نېپىز بۇلۇتلار ئىچىگە گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان ئاي توغلۇقنىڭ باللىق كەچمىشلىرىنى ئېسىگە

سىلىپ، قانداقتۇر كۆڭۈلسىز كوچىلارغا باشلاپ كەتتى...

تۇغلۇقنىڭ مومىسى دانەمنىڭ جۇغى كىچىك بولۇپ، ئىرىنىڭ يىرىمىدەكمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئەمرۇللا خوتۇنىنى ئەركىلىتىپمۇ ياكى ۋۇجىكلىكىنى كەمسىتىپمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى «غورالداي، »[①]، «بىزنىڭ غورالداي» دەپ قويانتى. شۇڭا تۇغلۇقنىڭمۇ «غورالداي ئاپا» دەپ تىلى چىققانىدى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ كەتسە: «غورالداي، نان... غورالداي ئاپا، نان...» دەپ يىغلايتتى. قولۇم - قوشنىلار تۇغلۇقنى دانەمنىڭ سايىسى دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ «غورالداي» ئاپىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۇتۇۋېلىپ ئېتىز - ئېرىق، خامان، ئورمىلىقلارغا كېتىۋېرەتتى. ھەتتا دانەم موماي كالا ساغسا يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ كالىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىمەن دەپ قەغىشلىق قىلاتتى. دېمىسىمۇ دانەم ئۇنى «ئالتۇن ساقام...»، «تايچىقىم...»، «بوتىلىقىم...» دەپ ئەركىلىتىپ چوڭ قىلدى. تۇغلۇقمۇ بوۋاي بىلەن مومايىنى «دادا - ئاپا» دەپ شۇ دېمەتلىك بولدى. ئەمما دانەم موماي كىچىك تۇغلۇقنىڭ يۇمران قەلبىگە ئۆچمەس ئابىدىلەرنى قالدۇردى. بۇغداي ئورۇۋېتىپ، چۆپ چېپىۋېتىپ، چار - توپانلارنى تاسقاۋېتىپ، ھەتتا ئېگىزلاردا باشاق تېرىۋېتىپ مومىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا بېسىپ، قانماي - قانماي سۆيۈپ پىچىرلاشلىرىنى، مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ نالە قىلغانلىرىنى تۇغلۇق شىرە - شىرە ئەسكە ئالدى...

— جېنىم قوزام، ئالتۇن بالام... ئاپاڭغا نېمانچە ئوخشايدىغانسەن! ئۇ يالغۇزۇم ساڭا قانماي بۇ دۇنيادىن كەتتىغۇ... سېنىڭ قاشلىرىڭ... كۆزلىرىڭ... بۇرۇنلىرىڭ... ئەدناسى كۇلۇشلىرىڭگىچە مىسكىن ئاپاڭنىڭ سۈرىتىلا! بوپتۇ جىگىرىم، ئۆمرۈڭ ئاپاڭنى ھەرگىز دورىمىسۇن...

بۇنداق ئەلەملىك يىغلاش، نالىلەر كۆپ بولغاچقىمۇ،

① غورالداي — ئۆزى ئورۇق، جۇغى كىچىك قۇش.

تـوٗغـلوٗق بارا ـ بارا ئەقلىنى تاپقانسېرى بوۋىسى ئەمر ۇللانىڭ دېگەنلىرىگە گوٗمان بىلەن قارايدىغان، ھەتتا ئىشەنمەيدىغان بولوٗپ قـالـغـانىدى. موماي ئەنە شوٗنداق كىمنىڭدوٗر ئوتىدا كۆيۈپ، سوٗيىدە ئېقىپ، ھەسرەت ـ نادامـەت ئارغامچىسىدا بوغـوٗلوٗپ، شـامـوٗ ـ سەھەرلەردە ياستوٗقلىرىنى ھۆل قىلىپ بوٗ دوٗنيادىن خـوشـلاشتى... توٗغلوٗق يەتتىنچى سىنىپتا ئوقوٗۋاتقان چاغلىرى ئىدى. دانەم موماي ئوٗچ كوٗنلا يېتىپ، بىر سەھەرلىكى كۆز يوٗمدى...

— دادا، ئەمدى ئوقوٗمايمىكىن دەيمەن، — دېدى توٗغلوٗق يەتتىنچى سىنىپنى پوٗتتوٗرگەن يىلى، — ئوقۇش پوٗلى، ماتېرىيال پوٗللىرى يىلدىن ـ يىلغا ئۆرلەپ كېتىۋاتىدوٗ... ئالىي مەكتەپكە چىقتىم دېگەن بىلەنمو چىقىمنى سەن قانداق تۆلەپ بولىسەن. ئـوٗنىڭ ئوٗستىگە ياشىنىپ قالدىڭ، سەككىز مو يەرنى تېرىش تەسكە چوٗشىدوٗ.

— دېـھـقـانچىلىق دېگەننىڭغوٗ تېرىش، ئوروٗش، پەرۋىش قـىـلـىـش دېـگەندەك ۋاقتى ـ قەرەلى بار، — بوۋاي بېشىنى چايقىدى، — ئوٗنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا نېمىمو قىلارسەن بالام؟ بىكارچىلىق ئادەمنى يامان يوللارغا باشلايدوٗ.

— خاڭدىن كۆموٗر ئەكېلىپ ساتىمەن، موٗنوٗر ئىككى ـ ئوٗچ يىل بولدى شوٗنداق قىلىۋاتامدوٗ؟

— موٗنوٗر دېگەن سەندىن ئوٗچ ياش چامىسىدا چوڭ، سەن بولساڭ ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىردىڭ.

— دادا، شەھەردە ئون بىر ـ ئون ئىككى ياشلىق باللار خادىك ھەيدەپ پوٗل تېپىۋاتىدوٗ. ماقوٗل دېگىنە، پىدامو شوٗنداق قىلماقچى.

مانا شوٗنىڭدىن بېرى ئون ئوٗچ يىل ئۆتتى. توٗغلوٗق تېرىش، سـوٗغـىـرىـش، ئـوروٗش، يـىـغـىش قاتارلىق قاتىلاڭ چاغلاردا دېھقانچىلىقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان كۆموٗرچى بالا بولوٗپ قالدى.

تۇن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. ھويلىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسمۇ سۇسلاپ كەتتى. بۇنداقتا پاشىلار بىردىنلا ئەدەپ كېتەتتى. شۇڭا دادىسىدىن ئەنسىرىگەن تۇغلۇق شوتا ئارقىلىق ھويلىغا چۈشتى. ئۇ بوۋاينىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، سامانخانىدىن بىر قۇچاق سېسىق سامان ئاچىقىپ سۇس ئىس چىقىۋاتقان قاپقارا كۇل ئۇستىگە تۆكۈپ، ئاندىن ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى.

## 6

كۆمۈرچى بالا — تۇغلۇقنىڭ «چىلانلىق» قا كەلمىگىنىگە بۇگۈن توپتوغرا توققۇز كۈن بولدى. بۇ ئارىلىقتا كۆمۈرچى بالىلاردىن پىدا ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى. توۋا، ئادەتتە ئانچە بىلىنمەي كەتمەيدىغان توققۇز كۈن بۇ قېتىم توققۇز يىلدەك بىلىنىپ كەتتا... ئادەم ساقلاش دۇنيادا ئەڭ بىتاقەت قىلىدىغان ئازابلىق ئىشكەن ئەمەسمۇ! نەئىمە بۇرۇن بۇنى نېمىشقا ھېس قىلىپ باقمىغان بولغىيتتى؟!...

«ئاپا، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، مەن شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ ... ئۇ... ئۇ بىر كۆمۈرچى بالىغۇ...» نەئىمە بۇ گەپنى ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ دەۋەتكەنلىكىنى كېيىن ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنداقتا بۇ پەرىشتىدەك يۇمران قىز كۆمۈرچى بالا تۇغلۇققا «ئەنە شۇنداق...» بوپقالدىمۇ - يە؟ ياقەي، سۇنى كۆرمەي ھەرگىز ئىشتان سالمايلى. ئەممازە، شۇنى دېمەي بولمايدىكىن، تۇردى ھەسەن تۇغلۇقنى ھاقارەتلىگەن كۈندىن باشلاپ نەئىمە خۇددى قوقاس يۇتۇۋالغاندەك ئازابلىنىپ يۇردى. گويا، بۇ ساددا كۆمۈرچى بالا ئۆزى تەرىپىدىن خورلۇققا ئۇچرىغاندەك تەڭلىكتە قالغانىدى. ئەدناسى بىرنەچچە كۈنلەرگىچە يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان خىجىللىق ئىسكەنجىسى چىڭقىپ باردىكى، زادىلا بوشىمىدى!

توغرا، قەلبىدە ئادىمىيلىك خىسلەت بولغان ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسى ئەلۋەتتە خىجىل بولىدۇ- دە! ئۆيۈڭگە كۆمۈر ئەكىرىپ بەرگەن بىر يىگىت تۈز كۆڭلى بىلەن بىرنەچچە ئىغىز چاقچاق قىلىپ قىزنىڭ بەھرىنى ئىچىپ قويسا بولمامدىكەن؟ ياكى نەئىمە جەننەتتىن چىققان ھۆر، ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاق بولمىسا... ئۇمۇ ھىس - تۇيغۇلىرى راسا مەي باغلىغان، يىگىتلەرنىڭ ھىدلىرى، قوپال ئەمما تاتلىق سۆزلىرى، كۆزلىرىدە بىر ئەپلىك ئۇرۇشلىرى، كىچىككىنە يۈرىكىگە ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر خىل شىرىن ھوزۇر بىلەن لەرزىگە كېلىدىغان رەسىدە چاغلىرى تۇرسا... ئەمدىزە، «رەھمەت» دىيىشنىڭ ئورنىغا سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلىسە، بۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ يەنە كېلىپ بىر رەھبەر دەڭا... تۇغلۇق: «ئۇرۇمچىدە ئالىي تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، چاغلىقكەن...» دەپ ئويلاپ قالماسمۇ...

توققۇز كۈندىن بېرى ئۆزىدىن - ئۆزى ئۇيىلىپ، ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقان نەئىمە تۇغلۇقتىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن كۈندىلا كوچىغا چىقىپ ساقلىدى. ئەمما ئۇ كەلمىدى... كەلمىگەنسېرى نەئىمە بىتاقەت بولۇپ يۈردى. بۇ چاغقىچە ئايسىمە بىلەن ئايازنى قانداقلىكى ئىشقا بۇيرۇسا «باش ئۈستىگە خانقىز» دەيتتى- دە، شەھەر، يېزا دېمەي يىراق- يېقىنغا كېتىۋېرەتتى. ھازىر ئايسىمە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئەزەلدىنلا كۈن كۆرمىگەن مۇسۇندەك نىمجان بۇ ئايالنى تۇيۇقسىزلا قوزغالغان «يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى» ئەڭ خەتەرلىك ئەجەل گىردابىغا ئەكىلىپ قويغانىدى. ئەگەر ئاياز بولغان بولسا: «بولدى خانقىز، ئۇ ھارامنى ئۆزۈم چاقىرىپ كېلەي!» دەپلا چىقىپ كېتەتتى. قىزىق ئىش، نەئىمە دادىسى بىلەن ئاپىسىغا دېيەلمىگەن گەپلىرىنى بۇ دىلكەش ئەر -

خـوتـۇنلارغا دېيەلەيتتى. ئايسىمە دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ھـەپـتـىدىن بىرى نەئىمە يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلىپ باقتى، لېكىن تۇغلۇقنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ يالتايدى. بولمىسا شەھەردىن، ناھىيە بازىرىدىن چىقىۋاتقان مېنبۇسلار چىلانلىقتىكى چوڭ يول بىلەن توپتېرەك، قارغوجا، تارسۇ قاتارلىق كەنتلەردىن ئارىلاپ، يەنە ئارقىغا قايتاتتى.

مانا بۈگۈنمۇ تاڭ ئېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، كۈنچىقىش تەرەپ ئـوتـقـاشـتـەك قىزىرىپ، يېڭى كۈننىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بەرمەكتە. سەھرانىڭ توخۇلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قىچقىرىپ، ئېشەكلەر ھاڭرىماقتا. سۇس مايسىرەڭ يىپەك پەردىلەر ئوچۇق دېرىزىلەردىن كىرگەن مەيىن شامالدا ئاستا ھىلپىرلەپ ئويغاق ياتـقـان نەئىمەنىڭ يۈزلىرىنى سىلىماقتا ئىدى. بۇ — «قىز ھۇجرىسى» نىڭ قوش دېرىزىلىرى باغ تەرەپكە قارىغان بولۇپ، ئۈزۈم كارىدورى، كۆل ھەم راۋاقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپئاق كىرلىكلەر سېلىنغان كارىۋات، پەي ياستۇقلار ئىچىگە چۆكۈپ قالغان نەئىمە خۇددى رىۋايەتلەردىكى قار مەلىكىسىدەك ياتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا قوندۇز چاچلىرى يوتقان ـ كۆرپىلەرگە تەرتىپسىز چېچىلغانىدى. كۈن كۆرمىگەن ئاپئاق كۆكسلىرى بىغەرتاقسىز رۇباشكا ئىچىدە سۇس تەۋرىنەتتى. تولغان بىلەكلىرى خۇددى شـاكىلى سويۇۋېتىلگەن تۇخۇمدەك يالتىرايتتى. ئۇنىڭ قېلىن كىرپىكلىرى، چوڭ كۆزلىرى تامغا ئورنىتىلغان گۈل سېۋەتتىكە، ســېۋەتتىكى گۈللەرگە تىكىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئـەلـەڭـلەپ تۇرغان بىر سىيمانى ئايدىلەڭ كۆرۈپ تۇراتتى... سۆزلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقاتتى...

... «— راسـتـىـنـلا قـىـزلار ئاشىق بولۇپ قالغۇدەك ‹چىرايلىق›، بولۇپ كېتىپتىمەن.»

«— بىز يىگىتلەر سوۋۇساق بولمامدىكەن؟»

«— ئىشقىلىپ، 〈قارا〉 بارلىق رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ

رەڭدۇر! »

«— خانقىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: ‹قاراخان پادىشاھ›، ‹قارا باتۇر›، ‹قارا ھاجىم› دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشىدۇ…»

نەئىمە ئاستا شۇۋىرلىدى:

— نېمىدېگەن سەمىمىي، ساددا، كىرسىز، پاك، ئېقىن سۇدەك راۋان سۆزلەر ـ ھە؟…

«ئۆزۈمنى دەڭسىمەي خامىنغا چورۇق بىلەنلا سەكرەپتىمەن…» دېگەن سۆز ئېسىگە كېلىش بىلەن نەئىمە پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز يۇيۇۋاتقاندىمۇ، ئاپىسى بىلەن ناشتا قىلىۋېتىپمۇ تۇغلۇقنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى… ھەتتا، تۇغلۇقنىڭ كاستوم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، ياكى چاچلىرىنى قاپقارا پارقىرىتىپ كىچىك ماشىنا ھەيدەۋاتقان سىياقىنى پات ـ پاتلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى…

ئادەتتە كۆمۈرچى بالىلار چۈشتە ياكى چۈشتىن كېيىن كېلەتتى. شۇڭا نەئىمە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن راۋاقتا بىردەم كىتاب كۆردى. چۈشتە ئايەتبۇ ئەتكەن لەڭمەندىن بىر تەخسە يەپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا ئەمدىلا كىرىشى بىلەن سىرتتىن «كۆمۈر، كۆمۈر، ھاي خالتا كۆمۈر…» دېگەن ئاۋاز كەلدى. نەئىمە قولىدىكى كىتابنى قويۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىراق بىردىنلا سولتىيىپ قالدى. چۈنكى بۇ قېتىم كەلگىنىمۇ پاكار، دىقماق، چاچلىرى كىرپىدەك كۆمۈرچى بالا ئىدى. «بەلكىم بۇ كۆمۈرچى بالىلار بىر ـ بىرىنى تونۇشى مۇمكىن» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن نەئىمە كۆمۈرچى بالا بىلەن كوچىدا سۆزلىشىشنى بىئەپ كۆردى بولغاي، بىر خالتا كۆمۈر ئەكىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

كۆمۈرچى بالا بىر خالتا كۆمۈرنى مۇرىسىگە ئېلىپ گۇس ـ گۇس دەسسىگىنىچە ھويلىغا كىردى. ئۇ باغنىڭ ئاخىرىنى

كۆرگىلى بولمايدىغان. هويلىدىكى ھەشەمەتلىك بىنا، گۈللۈكلەر، قاپارتما نەقىشلىق دېرىزىلەر، پاياندار سېلىنغان تىك ھەم ئۇزۇن پەلەمپەيلەرنى بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم كۆرگەچكىمۇ ئۇدۇللا چايخانىنىڭ تېگىدىكى يەر ئاستى پارخانىغا چۈشۈپ كەتتى.

— ۋوي، ئۇكاموي، — دېدى كۆمۈرچى بىر خالتا كۆمۈرنى بولۇڭدىكى ساندۇققا تۆكۈۋېتىپ، — راست گەپ قىلسام، قالغان كۆمۈرىڭىزنىڭ ھالى شۇ تۇرىدۇ. يەنە بىرەر - ئىككى خالتا تۆكۈۋېتەيمۇ؟

— ئاۋۋال مەن سىزدىن بىر گەپ سورىۋالاي، — نەئىمەنىڭ تەلەپپۇزى سەممىمي ئىدى، — سىز تۇغلۇق دېگەن بالىنى تونۇمسىز؟

— نېمە دەۋاتىسىزۇي قىز بالا، راست گەپ قىلسام ئۇنى تارسۇلۇقلارنىڭ تونۇمايدىغىنى يوق. مانا مەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى بولىمەن، قاراڭ، راست گەپ قىلسام قالتىس گۈيدە ئۇ... تۇغلۇق دېگەن ئىسىم چىققان ھامان بىز ئاغىنىلىرى تۇرماق، تارسۇلۇق دېھقانلارمۇ تەۋرەپ كېتىدۇ جۇمۇڭ...

— ۋاي - ۋوي، بىر ساۋاتسىز بالىنى ئەجەبمۇ ماختاپ كەتتىڭىز، — دېدى نەئىمە تۇغلۇقنىڭ قانچىلىك ئوقۇغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە، — بەرىبىر ئۇمۇ سىزدەكلا كۆمۈرچى بالىغۇ...

— ھەي، قىز بالا، راست گەپنى قىلسامچۇ قاراڭ، — پىدانىڭ راستلا ئاچچىقى كەلگەنىدى، — ئۇ بىر تال قېرى دادىسىنى دەپ يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپلا چىقىپ كەتتى دەيمەن... بىراق ھازىرغىچە كىتابنى تاشلىمىدى. بىز بىرنەچچە ئاغىنىلەر خالىغا ماڭساق — قايتساق ئاتلارنى ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىغا چاتىمىز - دە، بىر ھارۋىغا چىقىۋالىمىز. تۇغلۇق بىزگە نى - نى قىزىق كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ جۇمۇڭ... نېمە تۇغلۇقنى ئاسماقچىلاپ سوراپ كەلگىنىڭىزگە قارىغاندا تەڭگىڭىز

بار ئوخشىمامدۇ؟...
— ۋــىيەي، ماۋۇ ساراڭنى، — نەئىمە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — نېمانداق ئالىجۇقا بىرنېمە بۇ... ئەسكى تامدىن قوقاق چىققاندەك دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ!
— ھــەي، ئۇكاموي، راست گەپنى قىلسام باغۇ قاراڭ، تــوغلۇق ئالىمەن دېسە تېگەلەيسىز جۇمۇڭ، — پىدا چىرتتىدە تۇكۇرۇپ قويدى، — ئۇ كۆمۈرچى بولغىنى بىلەن ئوقۇرى ئېگىز جۇمۇڭ، راست گەپنى قىلسام تارسۇدا نى - نى قىزلار تېگىمەن دەپ تېگەلمىدى. ئۇچۇ ھېلىقى بىر يەرلەرگىچە ئوقۇيالىغان بولسا سىزنىڭ دادىڭىزدەك ئون كاتتىۋاشنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ دەيمەن. بۇ، پو ئەمەس...
— ئۇنداقتا تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچرىغۇدەك، — نەئىمە پىدانىڭ قەستەن چىشىغا تەگدى، — تارسۇلۇقلارمۇ راسا ئەخمەق ئوخشايدۇ، قىزلىرىنى تەڭشىلىپ...
— نــېمــانداق گىرى قىزسىز، — ساددا پىدانىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتتى، — سىزمۇ تازغا تېگەمسىز، بەزگىمۇ، ياغاق ئالامدۇ چوقۇرمۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. راست گەپنى قــىلسام تارسۇلۇقلار تۇغلۇقنى ئۆز جىگىرىمىز دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ياردەم قولى تەگمىگەن دېھقان يوق... ئۆزىنىڭ بوسۇغىسىغا چــۈشــكــەن ئــىــزدىن خەقنىڭ ئېتىزىغا چۈشكەن ئىزى كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا خەق باغۇ، بېشى، چىشى، قورسىقى ئاغرىسا، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كەتسە، ھەتتا شاتراقلاپ قالسىمۇ تۇغلۇقنى ئــىــزدىــشــىــدۇ. ئۆيگە كىرسىڭىز رەت - رەت تىزىلغان دورا قــۇتــىــلــىــرى، تــۇغــلۇق ئاشۇ سەھرالىقلار ئۇچۇنلا ئاشۇنداق مېھرىبان، تېخى تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچرىغۇدەك دەيسىز! ... راست گەپنى قىلسامچۇ تۇغلۇق قىزلارنى كۆرسە گەپ ئەگىتىپ، ساقال تاشلاپ، پوخورلۇق قىلىپ ھۇشقىتىپ يۈرۈيدىغان بەتقىلىق باللاردىن ئەمەس...

— بولدى، خاپا بولمىسىڭىزچۇ ئاكا، — نەئىمە توغلۇقنىڭ نىيمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىك سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن گەپ ئەگىتمەكتە ئىدى، — ئەجەب قازاندىكى قوماشتەك پارسلاپ ئېتىلىپلا كەتتىڭىز... ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ رەنجىگەن يەرلىرىم بار...

— ھە، ماقۇلە، ئەمدى بىلدىم، — پىدا بۇرنىنى تاتىلاپ قويدى، — توغلۇقنىڭ «ئەمدى چىلانلىققا بارمايمەن» دېگىنىدە گەپ بار ئىكەن - دە! راست گەپ قىلسام ئۇنىڭ يۈرىكىگە غاسسىدە سانجىلغىدەك بىرەر گەپ قىلمىسىڭىز ئۇ شۇنداق رەنجىپ كېتەمدۇ؟

نەئىمە پىدانىڭ گېپىدىن شۇنى بىلدىكى، توغلۇق ئەمدى چىلانلىققا كەلمەيدىكەن. ئۇنداقتا پىداغا بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈرسۇنمۇ؟ «مەن ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ قويۇڭ» دەپ يېلىنسۇنمۇ؟ ئەگەر «توغلۇق چىلانلىققا بىر كېلىپ كەتسۇن» دېسە پىدانىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدۇ - دە، تارسۇ، چىلانلىقتا قولاق ياقتى گەپلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا تۇزۇك بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىش كېرەككى، پىدا ئېقىتماي - تېمىتماي ئاپىرىدىغان، توغلۇق كۆلۈپ كېتىدىغان بولۇشى كېرەك!...

— ھۆيت ئادەم، «سەن تاز دېگىچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك تېخى گۇناھنى مەندە قويىسىزغۇ، — نەئىمەنىڭ تەلەپپۇزى راستتەكلا ئىدى، — سىز ھاپىلداپ ماختىغان ئۇ ئادەم «بىر هارۋا كۆمۈر ئەكېلىپ بېرىمەن» دەپ بىرمۇنچە پۇلۇمنى ئەپقاچتى... كۆرسىڭىز دەپ قويۇڭ، دەرھال كېلىپ پۇلۇمنى بېرىۋەتسۇن، بولمىسا تارسۇغا ئۆزۈم بېرىپ رەسۋا قىلىمەن...

نەئىمە بىر خالتا كۆمۈرنىڭ پۇلىنى يەرگە تاشلىدى - دە، يەر ئاستى بۆلۈمدىن ئۆزىنى سىلكىپ چىقىپ كەتتى. گاراڭلا بولۇپ قالغان پىدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە كوچىغا چىقتى. ئاندىن دەرەخكە باغلانغان ئېتىنىڭ بوجىسىنى يەشتى... يەنە باغلىدى...

ئارقىدىن يەنە يەشتى. ئۇ «يېشىپ ـ چىگىشنى» تەكرارلىغاچ ئىمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىماقتا ئىدى:

— بۇ خوتۇن ئۇرۇمچىدىكى ئېرىنى كۆرگۈسى كېلىپ ئېلىشىپ قاپتۇ... راست گەپنى قىلسام، ئۇ ئەر خاپىلىقىدا ساراڭ بوپتۇ... ئۇ... ئۇ قىزمىدۇ ـ يە؟... ئۇنداقتا ئەرگە تەگكۈسى كېلىپ ئۆلەي دەپتۇ... ۋاي، ۋاي... كىممۇ ئالار ئۇ تاۋى نازۇك مىسلميانىنى... خۇدايىم توۋا، ئۇ توغلۇقنى ئىمىلەرنى دەپ كەتتى... راست گەپنى قىلسام توغلۇق ئالمايمەن دېگەن گەپ، شۇڭا سەۋدايى بولۇپ قاپتۇ...

— هەي كۆمۈرچى، ئىمە ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گەپ قىلىپ كەتتىڭ، — دېدى مېنبۇستىن ھېلىلا چۈشكەن ئاياز، — ياكى ئېتىڭ بىلەن مۇڭدىشىۋاتامسەن؟

— ھە، يا، ياق... ئاكا، ئۆزۈمچە...

— داچىدىكىلەر كۆمۈر ئالدىمۇ يوق؟

— ئالدى، بىر... بىر خالتا ئەكىرىپ تۆكۈپ بەردىم.

ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئايالى ئايسىمەگە قاراۋاتقان ئاياز ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا قورۇغا كىرىدە ئېگىز پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چىقىپ، خالئاي بىلەن تۇردى ھەسەننىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ!» دېگەن تولىمۇ نازۇك ھەم يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاياز ھۇجرىغا قەدەم ئېلىشى بىلەن مەززىلىك بىر ھىد دىماغلىرىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ دېرىزە تۈۋىدىكى ئۈستەلدە كىتاب كۆرۈۋاتقان خالئايغا لەپپىدە قارىدىيۇ، يەنە شۇ ھامان يەرگە قارىۋالدى.

— ئايسىمەنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ بىر يوقلاپ بارغانچە قايتا بارالمىدىم.

— ياخشى... ، — ئايازنىڭ ئاغزىدىن «ياخشى» دېگەن سۆز ئارانلا چىقتى. بۇنى خالئاي دەرھاللا چۈشەندى.

— دوختۇرخانىدىن ئالدىراپ كەلگىنىڭىزگە قارىغاندا، بىرەر مۇھىم ئىش بارغۇ دەيمەن...

— مەن··· مەن تۇ نازىرنى ئىزدەپ كېلىشىم ئىدى.
— ئۇياق شەھەرگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەتكەن، قانداق؟ ماڭا دېگىلى بولمامدۇ؟
— يوقسۇ، يوقسۇ، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، خالىئاي خانىم، مەن···
— تايىنلىق ئىقتىسادتىن قىينىلىپ قالغان ئوخشىماـسىز؟ — دېدى خالىئاي ئايازنىڭ سەل ئاقىرىپ قالغان چىرايىغا زەن سېلىپ، — قېنى ئېيتىڭە، قانچىلىك كېرەك؟
— يوقسۇ، خانىم، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا نازىرنى ئىزدىمەي سىزنى ئىزدىگەن بولاتتىم، — ئاياز يەر بېقىپ سۆزلەۋاتاتتى، — پەقەت داچىدا بىرنەچچە كۈن بولالمايدىغانلىقىمنى دەپ قويۇش ئۈچۈنلا كەلگەن.
— شۇ ئىشمىدى؟ ماڭىلا دەپ قويسىڭىز بولمىدىمۇ؟
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن نازىر ئۇقۇشماسلىقتىن سىزگە···
— ماڭا ئاچچىقلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىڭىز شۇنداقمۇ؟ — ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن خالىئاي بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، — رەھمەت سىزگە ئاياز، سىزنىڭ باغرىڭىز ئەجەب يۇمشاق···
— ئەمىسە مەن ماڭاي، — ئاياز مېڭىشقا تەرەددۇتلەنگەندى، خالىئاي «توختاڭ» دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى. ئاندىن ئۇ بولۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ تۇز قۇلۇپىنى ئېچىپ قولىنى تىقتى ـ دە، بىر تۇتام پۇلنى ئالدى.
— بىر بىمار بالىنىستتا ياتتىمۇ قانچىلىك پۇل كېتىشىنى مۆلچەرلىگىنى بولمايدۇ، ـ دېدى خالىئاي ئايازنىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ، — بۇنى تارتىنماي ئېلىڭ···
— كەچۈرۈڭ خانىم، — ئاياز قولىدىكى پۇلنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى، — مۇشۇنداق قارا كۈنلەر كېلىشىنى كۆڭلۈم تۇيغاندەك ئۆز ۋاقتىدا يەر ساتقان پۇلنى نېرى ـ بېرى قىلماي ساقلاپ قويغانىدىم. شۇنى دوختۇرخانىغا تۆلىدىم. بىراق···، —

ئاياز ئېسەدەپ مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى، — ئايسىمەدىن ئۈمىد يوقتەك قىلىدۇ... دوختۇرلار...

چوپچوڭلا بىر ئەر يىغلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن خالىئاينىڭمۇ كۆز جىيەكلىرىدە لىپمۇلىق ياشلار لىغىرلىدى... خالىئاينىڭ بۇنداق بىئارام بولۇشى ياۋاش - يۇمشاق، ئېرىگە ساداقەتمەن، تۇرمۇشنىڭ ھېچ خۇۋلىقىنى كۆرمىگەن قىرىق ئىككى ياشلىق ئايسىمەگە ئېچ ئاغرىتىشتىن بولدى، دېگەندىن كۆرە، تولاراق ئايازغا ئېچىنىپ ياش تۆكتى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۈزۈن يىل كېسەل ئازابىدا قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغان بۇ نىمجان ئايالنىڭ جاپاسىنى بولدى دېگۈچە تارتقان ئاياز يەنىلا ئاشۇ ئايالغا پايلىماي ياش تۆكۈۋاتىدۇ. باشقا نائىنساب ئەرلەر بولغىنىدا كۆزىدە ھازا تۇتۇپ، ئىچىدە ھېيت ئوينار ئىدى. مانا بۇ سادىدا دېھقانلارنىڭ قەدىناسىغا بولغان ساپ - سەممىي پاك ئەقىدىسى ئەلۋەتتە!

— بۇ ئۈچ مىڭ سوم، — خالىئاي ئايازنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي قولىغا قايتا تۇتقۇزۇپ قويدى، — ئۆيدە بارى شۇكەن، مەن ئەتە - ئۆگۈن يوقلاپ كىرگەچ بانكىدىن يەنە ئاجرىتىپ بېرىمەن. سىز خاتىرجەم ئايسىمەنى كۈتۈڭ.

— ئايسىمەنىڭ سىڭلىسىمۇ بار، — دېدى ئاياز غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا، — شۇڭا داچىغا ئارىلاپ چىقىپ تۇرىمەن.

— داچىدا قانچىلىك ئىشلار بار دەيسىز، ئەگەر بوپقالغان تەقدىردە ئاشپەز ئايال ئايەتبۇ بار ئەمەسمۇ.

— خوش خانىم.

ئاياز قانداق ئالدىراپ كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

## 7

ئەغزەم تۆرە ئاتسا ئېتى، تۇتسا سېپى، ئاڭلىسا دېڭى بار بايلارنىڭ بىرى. خۇدايىم بەرسىمۇ ھەممە نېمىسىنى ئوخشىتىپ،

تۈز تەمىنى تېتىپ، ھەممە ئاڭلىسۇن ـ بىلسۇن ئۈچۈن نام ـ شەرىپىنى دەبدەبىلىك يارىتىدىكەن. دۇرۇس، خۇدا ئەغزەم تۆرىگە نېمىلەرنى بەرمىدى دەيسىز! ئۇ ھازىر بىر ئالتۇن كاننىڭ خوجايىنى... بىرنەچچە يۈزلىگەن ھەر مىللەت ئىشچىلىرى جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يەر ئاستىدىن كاللەك ـ كاللەك، ساندۇقلاپ، ۋاگونلاپ پۇل قېزىپ ئەغزەم تۆرىنىڭ مەڭگۈ تولماس نەپسە خەزىنىلىرىگە تۆكىدۇ. شان ـ شۆھرەت مۇنارلىرىغا چىراغ ياقىدۇ! ئۇنىڭدىن باشقا، دورجالا يايلىقىدىكى نەچچە مىڭلىغان قوي ـ كالىلار، شەھەردىكى پۇل سودەك ئېقىپ كىرىۋاتقان سائۇنا مونچىلىرى، ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ ئالتۇن دۇكىنى يەنىلا شۇ ئەغزەم تۆرە تەسەررۇپىدە! گەرچە سائۇنا مونچىسى ئوغلى قاۋۇز سەتەڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ، ئۇ ھەپتىدە بىرەر قېتىم (پەقەت سائۇنا سەتەڭلىرىنى سېغىنغاندا) مونچىغا يولۇقۇپ قويىدۇ ـ دە، ئاندىن ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى بىلەن داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە ئوينايتتى.

«بايلىقنى نەگە بارسەن دېسە، دوقا ماڭلايغا» دەپتىكەن. ئەگەر چوڭقۇرراق زەن سالساڭ كونىلار «بىلىپ دەپتىكەن» دەپ قالىسەن. راست، خۇدايىم ئەغزەم تۆرە بىلەن ئوغلى قاۋۇز سەتەڭگە ھەممە مەئىشەتنى ئايىماي بېرىپ، پەقەتلا بىرلا نەرسىگە بېخىللىق قىلغان. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەك، بۇ ئاتا ـ بالىلار ئادىمىلىك شەكىلدىن ئۆزگىچە يارىلىپ قالغانىدى.

ئەغزەم تۆرە غەلىتىلا دوك بولۇپ، بىركىم كۈچەپ پاتتۇرۇۋەتكەندەك ئۇنىڭ بېشى پۇسكىيىپ چىققان گەجكىسى بىلەن مەيدىسى ئوتتۇرىسىغا چۆكۈپ كەتكەچكە بوينى كۆرۈنمەيتتى. بىر مۇرىسى ئېگىز، بىرسى پەس بولغاچقا چوڭقۇنتەكتەك كىچىككىنە گەۋدىسى سىڭايان ماڭاتتى. بۇ ئەيىبلەر ئاز كەلگەندەك دۇمبىسى كاۋاك ئىدى.

قاۋۇز ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم ئالىچىپار كىيىملەرنى

ئالماشتۇرۇپ، تۇرلۇك مايلارنى سۇرتۇپ يۇرگەچكە «سەتەڭ» دېگەن لەقەم قويۇلغانمۇ ياكى بەتبەشىرە چىرايىنى مەسخىرە قىلىپ قويۇپ قويغانمۇ؟ بۇ تەرىپى قاراڭغۇ. لېكىن ئۇ تەتۇر ئۇستىخان، بەستى كېلەڭسىز، خۇددى ۋاقىتسىز يوغىناپ كەتكەن ئىچى پور سۆگەتكىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسى تار، كەڭ ئېگەك گۆشلىرى سالپىيىپ چۈشكەن، بۇقا بويۇن، قاپقارا چوقۇر بولۇپ، خۇددى ئىككى بۆرەكنى چاپلاپ قويغاندەك ئەتلىك كالپۇكلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ جۇغى كىچىك، ئۆڭلىرى ئاق سېرىق كەلگەن دادىسى بىلەن ئاپىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى...
ئەغزەم تۆرىنىڭ ئاساسلىق بايلىق مەنبەسى — تۆرەمنىڭ نام ـ ئەمەلىنى كۆكلەرگە كۆتۈرگەن شۆھرەت بۇلىقى يەنىلا ئالتۇن كان ئىدى. بۇ ئالتۇن كاننى ئۈچ يىل ئىلگىرى «كان ئىشلىرى ئىدارىسى» نىڭ ھوقۇقلۇق ئەربابى تۇردى ھەسەن قول ئاستىدىكى ھەم ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكى كان ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خىزمەت بېجىرىش ئورۇن رەھبەرلىرىگە خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزى يول مېڭىپ، بىرقانچە ئورۇنلاردىن تەستىقلانغان رەسمىيەتلەرنى مەركەزگە يوللاپ دېگەندەك كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى ھەل قىلىپ ئەغزەم تۆرىنى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ سەركەردىسى قىلىپ قويغانىدى. ئەغزەم تۆرە ۋەدىسى بويىچە دورجالا يايلىقىدىكى قويلىرىدىن يۈز ساغلىقنى تۇردى ھەسەننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ خەت ـ توختام قىلىشتى. بۇ يۈز ساغلىقنى بېقىش ۋەزىپىسىنى موڭغۇل قويچى باتبايىر ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بېقىش شەرتلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:
«بۇ يۈز ساغلىق — تۆمۈر ساغلىق. (ئۆتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان، بۆرە يېمەيدىغان، لېكىن ئاپەت بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس). بۇ يۈز ساغلىق يىلىغا يۈزنى قوزىلايدۇ. بۇنىڭ ئەللىك پىرسەنتى تۇردى نازىرنىڭ، ئەللىك پىرسەنتى قويچى

باتبايىرنىڭ. ئەگەر تۇردى نازىر بېقىلىش ھەققى ئۈچۈن ھەربىر ساغلىقتا يىلىغا ئوتتۇز بەش سوم تاپشۇرسا، قوزىلارنىڭ يەتمىش پىرسەنتى تۇردى نازىرنىڭ بولىدۇ. ھەربىر ساغلىق ئىككى - ئۈچنى قوزىلامدۇ ياكى قىسىر قالامدۇ، بۇ تەلەيىنىڭ ئىشى، لېكىن يىلىغا تۆغۇلىدىغان يۈز قوزا تۆمۈر قوزىدۇر... شۇڭا بىر يىلدىن كېيىن يۈز ساغلىق بىر يۈز ئەللىك ساغلىق بولىدۇ... ئىككى يىلدىن كېيىن ئىككى يۈز يىگىرمە بەش ساغلىق بولىدۇ ... مۇشۇ نىسبەتتە كۆپىيىۋېرىدۇ...»

دورجالا يايلىقىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان قىممەت باھالىق ماشىنا «نيۇتۇ» (كالا بېشى) كۈن قايرىلىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەلدى. ماشىنىنىڭ ئارقا دىۋانىدا ئەغزەم تۆرە بىلەن تۇردى ھەسەن ئېڭەكلىرىنى مەيدىلىرىگە چۆكۈرۈپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە پېنسىيىگە چىققان مەنسۇر ئىسىملىك بىر بۇجاڭ چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېقىن - يورۇق بۇرادەرلىرىگە خوشلىشىش چېيى بەرمەكچى ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرىنىڭ كەنجى قىزىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ مۇبارەكلەپ قويۇش ئۈچۈن بۈگۈن ئەتىگەندىلا شەھەرگە كەلدى. ئەمما ئەغزەم تۆرە «دورجالا يايلىقىدىكى قويلارنى كۆرۈپ كېلەيلى، مەنسۇر بۇجاڭنىڭ كەچتىكى خوشلىشىش چېيىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىمىز» دەپ، تۇردى ھەسەننى يايلاققا ئاچىقىپ كەتكەنىدى.

«نيۇتۇ» نىڭ ئارقا دىۋانىدا ئاستا لىڭشىپ كېلىۋاتقان ئەغزەم تۆرە بىلەن تۇردى ھەسەن گەرچە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى قانداق قىلىپ بابلاش، قارمىقىغا ئىلىندۇرۇش ھەققىدە قورسىقىدا چوت سوقۇۋاتاتتى.

ئەغزەم تۆرە ئالتۇن كان توغرۇلۇق چىقىۋاتقان ھەر خىل تۇسالغۇ - ماجىرالارنى تۇردى ھەسەننىڭ قولى ئارقىلىق

جىمىقتۇرۇشنى ئويلىسا، تۇردى ھەسەن: «ئەگەر سەن مېنى ئەخمەق ئېتىمەن دېسەڭ، ئۆز پېيىڭدە ئېسىلىپ قالغىنىڭنى تۇيماي قالىسەن... ئوغلۇڭمۇ قىزىمنىڭ بىر تال مويىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ...» دەپ ئىچىدە زىكرى قىلاتتى. تۇردى ھەسەننىڭ بۇنداق غەزەپكە كېلىشىنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالتۇن كان رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئالدىدا يۈز ساغلىق ھىممىتىگە كۆڭۈل تىندۇرالمىغان تۇردى ھەسەن ھەل بولالا دەپ قالغان ئىشنى توختىتىپ قويىدى. ئەلۋەتتە ئالتۇن كاندىن ئىبارەت «بايلىق خەزىنىسى»نىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشتەك كاتتا ئىلتىپاتقا يۈز ساغلىق دېگەن قانچىلىك ھىممەت ھېسابلىناتتى! ناھايىتى ئوتتۇز - قىرىق مىڭ سوملۇق چاغلىقلا بىرنېمە! بۇ دېگەن نەچچە ئون تۈمەن پۇلنى لېگەندە ئېلىپ كەلسىمۇ ئەرزىيدۇ... شۇڭا بۇ پەس قىبرى ھوشىنى تاپقىچە رەسمىيەتلەرنىڭ ئۇخلاپ ياتقىنى ياتقان...

ھەل بولغان كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى باستۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلگەن ئەغزەم تۆرە تەقەززالىقتا ئېلىنىشىپ قالايلا دېدى. شۇڭا ئۇ: «كان ئىشقا كىرىشىپ ئىككى يىل بولغاندا يىگىرمە تۈمەن مەبلەغ ھېسابىدا بىر ئالتۇن دۆكىنى ئېچىپ بېرىش»نى ۋەدە قىلدى. تۇردى ھەسەن «بۇنداق ۋەدىلەرگە ھۆپۈپمۇ ئوسۇرۇپ قويمايدۇ» دەپ ئويلىدى بولغاي، رەسمىيەتلەرنى يەنە كەينىگە سۈردى. ئاخىرى تۇردى ھەسەننىڭ ئىنچىكە پىلانلىشى بىلەن ھۆججەت: «مەن ئالتۇن دۆكىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن تۇردى نازىردىن يىگىرمە تۈمەن سوم ئالدىم. بۇ ھۆججەت قانۇنىي كۈچكە ئىگە» دەپ يېزىلىپ، ئەغزەم تۆرە شەخسىي مۆھۈرىنى باستى.

مانا ھازىر ئالتۇن كاننىڭ مېڭىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى. لېكىن يىگىرمە تۈمەنلىك ئالتۇن دۆكىنى ھازىرغىچە رويابقا چىقمىدى. ئەغزەم تۆرىنىڭ بۇ ھەقتە پىلانى باشقا ئىدى... بۇ

ئالتۇن دۇكىنىنى ئاخىرقى كوزىر قىلىپ، بىرىنچى، «ئالتۇن كان توغرۇلۇق چىقىۋاتقان ماجىرالارنى ھەل قىلدۇرۇش»؛ ئىككىنچى، «قىزى نەئىمەنى ئوغلى قاۋۇزغا بېرىش». مۇشۇلارنى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم باسىدىغان قەدەم ئۆزگىچە بولاتتى. ئۇنىڭ بوگۇن تۇردى ھەسەننى دورجالا يايلىقىغا ئاتايىتەن ئاچىقىپ كېلىشىمۇ تاغدىكى قويلارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ: «ھوشۇڭنى يىغ، بۇ كىمنىڭ شاپائىتى...» دېگەننى بىلدۈرمەكچى ئىدى. مانا ھازىرمۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ماشىنىدا كېتىۋاتقان ئەغزەم تۆرە يالغان يۆتىلىپ تۇردى ھەسەنگە شەپە بەردى. بۇ، ئۇنىڭ «كاللاڭنى سەگەك تۇت، ھەربىر ئېغىز سۆزۈمنى قۇلىقىڭغا سىڭدۈرۈپ ئېسىۋال...» دېگىنى ئىدى.

— نازىر بېگىم، تاغدىكى قويلارنى كۆرگەنلا، — دېدى ئەغزەم تۆرە كالپۇكلىرىنى تامشىپ قويۇپ، — ئانىسىدىن بالىسى يوغىناپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ... مانا يۇز ساغلىق ئۈچ يۇزگە يېتىپ قالدى دېگەن گەپ، كېلەر باھاردا ساق ئۈچ يۇز ئەللىك بولۇپ قالىدۇ... بىر ساغلىقنى تۆت يۇز سومدىن پىچقاندىمۇ بىر يۇز قىرىق مىڭ سوم بوپقالىدىكەن... بۇ... بۇ ئاز پۇل ئەمەس-دە! ...

تۇردى ھەسەن پېتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ بوش پۇشۇلدايتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكى، لېكىن بولۇنغان گەپلەرنى قېتىغىمۇ ئالمىغانلىقتەك ئەمەلدارلىق كىبىرىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەغزەم تۆرە كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى دەۋالغاندا، تۇردى ھەسەننىڭ ئاخىرى بۇرگە چاققاندەك سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەڭ بولمىغاندا قورسىقىدىكى گەپنى چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— نازىر بېگىم، ھازىر ئالتۇن كاندا باش ئاغرىقى ئىشلار

يۈز بېرىۋاتىدۇ، — ئەغزەم تۆرە يېرىم قايرىلىپ قاراپ قويدى، — بىر قىسىم ئۆكتەملەر يايلىقىمىزنى بۇزدىيەي دېسە، يەنە بەزى بەدرەكلەر ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق يوقالدىيەي ...يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغاچقا تاغلىرىمىز قىيىاندا گۇمۇرۇلۇپ چۈشتىيەي دېيىشىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراۋاتىدۇ. ۋاقتىدا بىرەر چارە - تەدبىر قوللانمىسىلا سىلىگىمۇ شالنى چېچىشتىن يانمايدىغاندەك قىلىشىدۇ.

— ئەغزەم تۆرەم، ماڭا قورققاق سېلىۋاتاملا؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، هەددىم ئەمەس... هەددىم ئەمەس...

— هېساب ئۇچۇق بولسۇن، تۆرەم. بىر يۈز قىرىق مىڭ سوم تولىمۇ كۆلكىلىك بولۇپ قالدى. سىلىنىڭ بەرگەنلىرى قارىقويۇق ئۇرغاندا ئوتتۇز مىڭ سوملۇق ساغلىق... خوش ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. مەن سىلىگە ئالتۇن كاندىن ئىبارەت شەربەتتى مەڭگۈ تۈگىمەس بىر تۈپ مېۋە بەردىم، — تۇردى هەسەننىڭ تەلەپپۇزىغا تەئەددى ئارىلاشقانىدى، — ئەمدى مەن ئۇنىڭ شاخلىرىنى ئېگىپ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ قويسام بولماس... ئۆزلىرى قول ئۇزىتىپ «تىكەن»، «توپا - چاڭ»، «داغ» لىرىنى تازىلاپ يېسىلە بولارمىكىن!

— هىممەتنىڭ ئاخىرغىچە بولغىنى تۈزۈك، — ئەغزەم تۆرىمۇ راسا قاغدالمىلاردىن ئىدى، — مەن بولسام ئىسلاھات سەركىسى! سىلى بولسىلا سىياسەت يۈرگۈزگۈچى — سىياسىئون! ! ئەلۋەتتە ئاۋامنى تەرتىپكە چاقىرىش، هۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىش... زاۋۇت، كان - كارخانا خوجايىنلىرىنى قوغداش سىلىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىدۇر...

— بۇ تەرەپلىرىنى ئىزىپ ئىچۈرمىسلىمۇ ئۆزۈمگە ئايان، — تۇردى هەسەن هۇجۇمغا تەرەددۇتلەندىيۇ، بىراق شۇ هامان ئىككىلەندى، — مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن هەم رەهبەرلەر

بىلەن بىرلىككە كېلىپ كاننى قانۇنلۇق ھەل قىلىپ بەردىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار مېنىڭ ۋەزىپەم ئەمەس.
— ناھايىتى ياخشى، بۇنى ئۇقۇۋالغىنىم تولىمۇ ئوبدان بولدى، — ئەغزەم تۆرىنىڭمۇ ئاھاڭىغا كىنايە ئارىلاشقانىدى، — نازىر بېگىم سىلى كۆرۈپ باققانمۇ؟ كاڭدا ياتقان مۇشۇكنى دەرھال يۇلۇپ ئالسا، ئۇ تېگىمدىكى بىر پارچە كېگىزنى بىللە قامالالاپ قوپىدۇ...
— شۇنداقمۇ؟— تۇردى ھەسەن زەھەردەك كۈلۈپ قويدى، — ئەگەر مەن ئاشۇ غەلىيانچىلارغا چەك قويمىسام، سىلىمۇ مېنى قامالالاپ قوپىدىغان ئوخشىمامالا؟
— ئەلۋەتتە! جان قايغۇسىدا قالغان توشقان چېغىدا ئادەم چىشلەيدۇ... كانىيىغا پىچاق سۇرۇلگەن توخۇمۇ تېپىرلاپ باقىدۇ ئەمەسمۇ!
بۇ ئىككى قاغدالما قېرىلارنىڭ قورساق جېڭى داۋاملاشقانمۇ بولاتتى، ئەمما ئەينەك توسۇق ئىچىدىكى شوپۇر ماشىنىنى شەھەر سىرتىدىكى بىر باغ - بوستانلىق ھويلىغا قايدۇرۇپ كىردى. ماشىنا — ئىككى تەرىپىگە خۇددى يېشىل توپلارنى تىزىۋەتكەندەك دۇپىدۇگىلەك ياش سېدە كۆچەتلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چاقچۇقلۇق يولدىن يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاپئاق گەج تۇۋرۇكلەر قەد كۆتۈرگەن بىنا ئالدىدا توختىدى. مانا بۇ ئەغزەم تۆرىنىڭ «ئايدىڭساي» دىكى داڭلىق داچىسى ئىدى.
ئەغزەم تۆرە بىلەن تۇردى ھەسەن ماشىنىدىن چۈشۈشى بىلەن بىنا پەلەمپىيىدىن تاۋاق، داستىخان قولتۇقلىغان بىرمۇنچە ئايالالار چۈشۈپ كېلىشتى. ئۇلار، بۇ ئىككى مۆتىۋەرگە چوڭقۇر تەزىم قىلىشىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئايالالارنى ئۇزىتىپ چىققان ئەغزەم تۆرىنىڭ ئايالى زەرىپىخان ئۆزى بىر غېرىچ بولغىنى بىلەن زەھىرى ئون غېرىچ ئايال ئىدى. ئۇ، تۇردى ھەسەنگە سۇسلا تەزىم قىلغاندىن كېيىن نەشتىرىنى ئايىمايلا تىقتى:

— ۋىيەي، توۋا! كەنجى قىزىمىزنىڭ تويىغا قويۇۋاتىمىز، خالىئاي خېنىم «مۇبارەك بولسۇن» دەپ بېشىنى تىقىپمۇ قويمايدا… مەنچۇ ئۇرۇمچى، غۇلجىلاردا تۆتىنىڭ ئالدى بولسام، تۆتىنىڭ كەينى… مانا بۇ ئەتراپتىكى تونىغان - تونىمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىرىپ، «قىلىدىغان ئىش - كۈش بارمىكىن» دەپ ياخشى كۆڭۈللىرىنى بىلدۇرۇۋاتىدۇ… ئون بەش مولۇق داچىسى بارلار شۇنداق يوغانچى بولامدۇ - يە؟!

تۇردى ھەسەن: «بۇ ئىككى قاقباش، بۈگۈن ياڭاق چۇشەپ قالغانمۇ نېمە؟ سوقۇشقىلى ئارانلا تۇرىدا» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدىيۇ، لېكىن چاندۇرماي چىرايىغا كۈلكە، ئاۋازىغا مۇلايىملىق تۈسىنى بەردى.

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، زەرىپىخان ئاغىچا خېنىم. خالىئاي ھەپتىدىن بېرى راسا مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، ئۆزرىسىنى قىلغانىدى. سىلىگە دەپ بولغۇچە يايلاققا چىقىپ كەتتۇق. بۈگۈن ئەتىگەنمۇ مەن بىلەن كىرمەكچىدى، لېكىن: «چىرايىڭىز سەل ئەسلىگە كېلىۋالسۇن» دەپ توسۇپ قويدىم. ئۇ سەللا ئەسلىگە كېلىۋالسا، ئەتە - ئۆگۈن كېلىپ ئۆزلىرىگە ئۆزرە ئېيتىدۇ.

— بولدى، بولدى، — ئەغزەم تۆرە ئاغزىنى ئۆمەللىگەن خوتۇنىنى سىلكىپ، — لاۋزا قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ دەپ، مۇشۇ خوتۇن خەق دېگەننىڭ ۋىت - ۋىتى بىلەن رەسىم - قائىدىسى تۈگىمەيدۇ. قېنى ئۆيگە مەرھەممەت قىلىلى، نازىر بېگىم.

ئەغزەم تۆرىنىڭ ئۆيى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىدى. بۇلغار قېقىلغان ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا كەڭ ئازادە سەينا بولۇپ، خۇددى شاخمات تاختىسىدەك پول ئۈستىگە يېيىتىلغان ئەينەك پارقىراپ تۇراتتى. ئوڭ تەرەپتىكى ياي شەكىللىك پاياندىز سېلىنغان پەلەمپەي ئىككىنچى قەۋەتكە تۇتىشىپ، ئالدىغا ئۇسۇپ چىققان بالكون ئالدى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلەر بىلەن

زىننەتلەنگەنىدى. ئىككىنچى ھەم بىرىنچى قەۋەت كارىدورلىرىدىكى ئىشىكلەرنىڭ تولىلىقىدىن قانچە ئېغىزلىق ئۆي بار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

تۇردى ھەسەن ئەينەكلىك سەيناغا كىرىشى بىلەنلا ئېگىزلىكى بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان، ئۇزۇن تۈكلەر قاپلاپ كەتكەن، ھەتتا كۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ئاپئاق بىر پىستە ئىنچىكە قاۋاپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، ئەينەك پولدا تېيىلىپ يىقىلدى ـ دە، تۇردى ھەسەننىڭ ئايىغى ئاستىغىچە سىيرىلىپ كەلدى. ئەغزەم تۆرە: «گېنى، ماڭ كىرىپ كەت...» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن پىستىمۇ كۆزدىن يوقالدى.

— قېنى، تۇ نازىر، بۇ كىچىك مېھمانخانىغا مەرھەممەت قىلسىلا، — تۇردى ھەسەننىڭ پىستىغا ئالىيىشىدىن خىجىل بولغان تۆرە ئاستا غودۇڭشىپ قويدى، — بىزنىڭ قاۋۇزنىڭ قىزىقمايدىغان نېمىسى يوق.

بىرنەچچە كىشىلىك سۆھبەت ياكى غىزالىنىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بۇ كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھەيۋىتى بار ئىدى. ئوتتۇرىدىكى تاماق ئۇستىلىنى چۆرگىلىتىپ قويۇلغان دىۋانلار خورما رەڭ بۇلغار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ يوپۇرماق شەكىللىك يۆلەنچۈكلىرى، يان سالاسۇنلىرى ئالتۇن ھەل بىلەن سىرلانغان ياغاچ قاپارتما گۇللەر بولغاچقا، بەكمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. مېھمانخانىنىڭ كۈنگەيگە قارىغان بىر تېمى باشتىن ـ ئاخىر ئەينەك بولۇپ، دېرىزە تەكچىلىرىگە تىزىۋەتكەن ھەر خىل چىنە تەشتەكلىك گۇللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. تاش ئەينەكلىك تام ئىشكاپلىرىدا خىلمۇخىل فارفور بۇيۇملار ھېقىقەتەك ۋىلىلدايتتى. بۇ ئارىلىقتا خىزمەتچىلەردىن ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى چېقىر كۆز، قارىقۇمچاق، يۇزلىرى يۇمىلاقىنە بىر چوكان ئۇستەلگە تاتلىق ـ تۈرۈم، قورۇق يېمىشلەرنى تىزىپ، چىنىلەرگە چاي قۇيغاندىن كېيىن چىقىپ

كەتتى.

— قېنى، نازىر بېگىم، كەچلىك تاماق پىشىپ بولغۇچە بۇ نەرسىلەر بىلەن قورساقنى ئەستەرلەپ تۇرايلى، يايلاقتا يېگەن گۆشلەر، ئىچكەن سۈت ـ قايماق، قىمىزلار نەلەردە قالدى؟...

ئەغزەم تۆرىنىڭ تەلەپپۇزى مايدەك يۇمشاق، سىمابتەك سىلىق ئىدى. داۋاملىق سودا ھەم پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ئۆمرى ئۆتكەن ئادەم ئاشۇنداق تېز ئۆزگىرىشچان كېلەمدۇ نېمە؟ ئۇ بايا ئۆزىنىڭ سەل چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ قولىدا ھوقۇق كالتىكى، سىياسەت ئىمتىيازى بار بۇنداق ئادەمدىن يېڭىلىك بىلەن قولنى يۇيۇپ، قولتۇقىغا سۈرتۈۋەتكىلى بولمايتتى. ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىش نادانلارنىڭ مەنتىقىسى! «ھېسسىيات ئالدىدا يۈرسە، ئەقىل ئارقىدا ئۆمىلەپ قالىدۇ» دېگەن گەپنى ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكەن. ئەلۋەتتە بەزىدە ئېتىلمىغان تاشمۇ قاڭشارنى يارىدۇ ئەمەسمۇ!

ئالتۇن كانىدىكى ئەغزەمنىڭ تۇيۇقسىز سىرقىتىۋاتقان تۇقاناق بالالار ئالمادىس بىرەر ئىش تېرىپ قويسا يەنىلا شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ چوكۇلدايدىغان گەپ. تاغدىكى مال ھەم سائۇنا مۇنچىسىنىڭ باج، باشقۇرۇش، ئامانلىق دېگەندەك ھەر خىل رەسمىيەتلىرىغۇ ئەغزەم تۆرىنىڭ بۇرۇتىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. لېكىن ئالتۇن كانىنىڭ ئۆزىدىنلا يىلىغا نەچچە ئون تۈمەن دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان پۇللارنى «ئىچكى تۇزۇم»، «پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم...»، «زىياننى تولدۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش ئۇسۇللاردا ھازىرغىچە يېرىم باھا ئېتىبار قىلغىنىمۇ مۇشۇ ئاچچىقى يامان، تەدبىرى سۈس نازىرنىڭ ساخاۋىتى ئەمەسمۇ...

— تۇ نازىر، تاغدىن كەلگىچە، زېرىكىشتىن بىر ئىش دېگەندەك، ئازراق چېقىشىپ قويدۇم، كۆڭۈللىرىگە ھەرگىز ئالمىسىلا، — ئەغزەم تۆرە قونغان شېخى مىدىرلىسا دەرھال باشقا

شاخـقا يۆتكىلىدىغان ئادەم ئىدى، — ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئۆزلىرىگە ئاتاپ، ئۇرۇمچى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىن بىر دۇكان سۆزلىشىپ قويدۇم... بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ قالسام، ياخشى ئۇستىلاردىن تېپىپ زىننەتلەشكە بېرىۋېتىمەن.

— نېمە؟!

تۇردى ھەسەن گويا مۇز ئۇستىدە گۇل ئۇنگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. تېخى بايىلا چوڭ كىگىزنى قامالاپ قوپماقچى بولغان بۇ ياۋا مۇشۇك يەنە قانداق شۇملۇقلارنى ئوينىماش ئۈچۈن ئۆي مۇشۇكىدەك ياۋاش بولۇۋالدى. تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ بايىقى رەپتارىغا قاراپلا قامچىسىغا تۇكۇرگەنىدى. ھەتتا ئۇ ئالتۇن دۇكىنىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئەغزەم تۆرىنى باج ئوغرىلاش، ئىقتىسادىي كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى يوشۇرۇش، ئىشلەپچىقارغان ئالتۇننىڭ بالىسىنى بانكىغا ئۆتكۈزۈپ، ئانىسىنى چەتكە ئەتكەس قىلىش، ئىككى دەپتەر تۇتۇش قاتارلىق جىنايىتى بىلەن ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن بۇ ئويىمۇ چەك باسمىدى. چۈنكى ئالتۇن كاندىن ئېلىنىدىغان دۆلەت بېجى، باشقۇرۇش ھەققى، ئىشچىلار سۇغۇرتىسى، كان ئامانلىق سۇغۇرتىسى دېگەندەك ھەر خىل ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەرنى دۆلەتنىڭ نامرات رايونلارغا قارىتىلغان پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىگە كىرگۈزۈپ تۈزۈمنى بۇزغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئۆزى تۇرسا... بۇ... بۇ ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بېرىشقۇ...

— ھە، گەپ قىلمايسىزغۇ نازىر بېگىم، — بېشىنى گەجگىسىگە پاتۇرۇپ سىڭايان مېڭىپ يۈرگەن ئەغزەم تۆرە تۇردى ھەسەننىڭ دولىسىغا شاپىلاقلىدى، — ياكى ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— يۇقسۇ، يوقسۇ... نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكمەن، ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، — تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرىنىڭ غەلىتە گەۋدىسىگە، ئىككى مۈرىسىدە ئېگىز - پەس ئېسىلىپ تۇرغان

ئۇزۇن - قىسقا قوللىرىغا قاراپ: «مۇنداقمۇ ئىسكەتسىز مەخلۇق بولارمۇ!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئەغزەم تۆرىمۇ قورسىقىدا پايدا - زىياننى دەڭسەۋاتاتتى...

... تۇردى نازىر ھازىرچە ئورماندىكى مايمۇنلارنى قاچۇرۇشقا ئەسقاتىدىغان دۇمباق بولالايدۇ. بۇ دۇمباقنىڭ يېرىلىدىغىنىغىمۇ ئۇزۇن قالمىدى. بولۇنۇۋاتقان مىش - مىش، كۇسۇر - كۇسۇر گەپلەرنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ چۇشىدىغان ئورىسىنىڭ كولىنىپ بولغانلىقى ئەلۋەتتە. شۇڭا ھازىرچە يولۋاسنىڭ تۇكىنى يېتىشىغا سىلاپ ئاچچىقلاتماسلىق كېرەك... ئۇنىڭغا ئالتۇن دۇكىنىدىن ئىبارەت قۇرۇق سوسكىنى ئېمىتىپ، دۇمباقنىڭ يېرىلىشىنى كۇتۇش لازىم. ئۇنىڭسىزمۇ ئەغزەم تۆرە كۆزلىگەن رېجىسىغا يەتتى. ئۇ، بىرىنچىدىن، تاغدىكى ماللارنى كۆرسىتىپ كېلىپ، تۇردى ھەسەننىڭ ئاغزىنى خېلىلا تۇۋاقلىدى؛ ئىككىنچىدىن، مۇشۇكنىڭ كىگىزنى قامالاپ كۆتۈرۈشىنى مىسال كەلتۇرۇپ: «مېنىڭ چىشىمغا تېگىدىغان بولساڭ، ساڭا ياخشى كۈن يوق» دېگەننى بىلدۈرۈپ، يۈرىكىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى؛ ئۈچىنچىدىن، «ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىمەن...» دەپ يالغان ئۈمىد قەنەرىگە ئېسىپ قويدى. مانا ئەمدى تارىنى بوشىتىپ ئۇنى بوش پەدىلەرگە ئويناتسا تامامەن بولىدۇ...

— تۇ نازىر، بۇ قېتىم ئىككىمىز ۋاقىت چىقىرىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېلەيلى، — دېدى ئەغزەم تۆرە ھېچ كۆرۈلمىگەن سىپايىگەرلىك بىلەن، — دۇكاننى كۆرۈپ باقسىلا، ئۇن سەككىز كۋادرات مېتىرلىق چوڭ دۇكان، سىلىگە چوقۇم خوپ كېلىدۇ.

— دۇكاننى راست سۆزلىشىپ بولغانما؟— سورىدى تۇردى ھەسەن سەل دەرگۇماندا، — ئەجەب مېنىڭ خەۋىرىمدە يوقكىنا.

— ئۆزلىرى باللارنى ئېلىپ داچىغا بالدۇرراق يېنىپ كەلدىلە، مەن تېخى بۇنى مۇشۇ يېقىندىلا سۆزلەشتىم.

— ئىجارىسىچۇ؟
— بىر بۇرادىرىمنىڭ زاپاس ئېلىپ قويغان دۇكىنى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم قاملىشىۋالىمەن.
تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرىنىڭ ئىخلاسمەن چىرايىغا قاراپ ئۆزىنى راستىنلا ئالدىمىغانلىقىغا ئىشەندى ھەم كۆڭلىدە: «مەندەك بىر ھۆكۈمەت ئەربابى بۇ دوكىنىڭ ئارقىسىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ بەرمىسە ئالتۇن كاننى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھوشىنى تېپىۋالدى» دەپ چۈشەندى.
— ئەمىسە مالنى قاچان سالغىلى بولار؟
— ھەي، تۇ نازىر، تۇ بازىر، «ئېشىكى ئۆلۈۋاتسا كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دەپ مەن نېمە غەمدە، سىلى نېمە كويدا؟ ئۇنىڭغا ئالدىرىمىسىلا، مەن تاغلىقلارنىڭ غوۋغىسىدىن ھوشۇمنى يوقىتىپ قويايلا دەۋاتىمەن. ئاۋۋال قۇلىقىم تىنجىسۇن.
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئالدىنقى ھەپتە بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئەمدى سىلىنى ئاۋارە قىلمايدۇ.
— شۇنداقمۇ؟
ئەغزەم تۆرىنىڭ يايما قاپاقلىرى لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ ھايۋانات باغچىسىدىكى غەلىتە بىر مەخلۇققا ھەيران بولۇپ قارىغاندەك تۇردى ھەسەنگە تىكىلىپلا قالدى... قارىغانسېرى ئىچىگە ئۇيۇپ كەتكەن ئوغا بارا ـ بارا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى...
«ھىم ماقۇلە، ئەسلىدە تاغلىقلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ دەيدەيگە سېلىۋاتقان پېرىخون سەنكەنسەن ـ دە! نېمانداق بىرنەچچە كۈنىنىڭياقى تىنجىپ قالدى دېسە، بۇ سېنىڭ سېھىري كارامىتىڭ ئوخشىمامدۇ! يا... ياق سېنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغان رەقىبىكەنسەن... بۇ خەۋەرنى نەچچە كۈنلەردىن بېرى خۇپىيانە تۇتقىنىڭغا قارىغاندا «ئالتۇن دۇكان» غا ساقلاپ تۇرۇپسەن ـ دە؟ مەندىن خۇش خەۋەر ئاڭلىۋېدىڭ، دېدىڭ... بولمىسا ئۇلارغا:

«كارامىتىڭلارنى كۆرسىتىڭلار» دەپ مەخپىي يارلىق چۈشۈرۈپ، مېنى ئۇسسۇل ئوينىتاماقچىدىڭ!… خەپ، بۇنداق شۇملۇقنى ئەمدى مەندىن كۆر…»

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئۇنداق بولسا،— ئەغزەم تۆرە زەھەردەك كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىنى يوشۇردى، — ئاۋۋال دۇكاننى زىننەتلەشكە بېرەيلى، ئاندىن ئالتۇن پىششىقلايدىغان ئۇستىلارنىڭ ئەڭ كامىللىرىنى تاپىلى، ئەلۋەتتە، خام ئالتۇننى خام پېتى دۇكانغا سالغىلى بولمايدۇ ـ دە!

— ئاڭلىشىمچە، ھازىر بازاردا ئېقىمۋاتقىنى شياڭگاڭ پوسۇنلىرىمىش، — دېدى تۇردى ھەسەن دېرىزىدىن باغقا قاراپ تۇرغان ئەغزەم تۆرىگە لەپپىدە كۆز تاشلاپ، — ئۇلار ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى قېلىپتا چىقىرىشتىن سىرت، قىرىش ئارقىلىق گۈل، نەقىش، ھەر خىل ئۆرنەكلەرنى بەكمۇ نەپىس چىقىرارمىش.

— قارا، كاساپەتلەرنىڭ يامانلىقىنى!

ئەغزەم تۆرە چىرايىنى يوشۇرۇپ زەھەردەك كۈلۈمسىرىدى. «ۋوي، دىتسىز قاپاق باش، دۆت كالۋا، سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپ قاپتۇ» دېگەندەك تېخى ئالتۇن بۇيۇملارنى، ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپسەن ـ دە! بوپتۇ، سەن قاغىدەك ئۆز كۆڭلۈڭنى خوش قىلىپ قاقىلداپ يۈرۈۋەر… ھەر قېتىم قاقىلدىغان ۋاقتىڭدا «ئالتۇن دۇكان» سوسكىسىنى ئاغزىڭغا تىقىپ قويىمەن. تاكى دۇمبىقىڭ يېرىلىپ، قاقىلدىشىڭ تۈگىگىچە ئېمىپ يۈرۈۋېرىسەن!

ئەغزەم تۆرە ئىچىدە يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى. لېكىن بايىقى چېقىر كۆزلۈك، يۇمىلاق چوكان چوڭ لېگەندە كېسىلگەن گۆشنان ئەكىردى… ئۇ چىنىلەرگە قىزىق دەملەنگەن چايىنى قۇيۇپ بولۇپ، ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى ـ دە، ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى «بۇجاڭنىڭ خوشلىشىش» چېيىغا بىللە بارغان ئىككى كۈشەندە كېچىلەپ قايتىپ كېلىپ ئەغزەم تۆرىنىڭ ھەيۋەتلىك سارىيىدا يېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆيقۇسى كەلگىچە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتتىكى، سودىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى سۆزلىشىپ يېتىشتى. ئەغزەم تۆرە بولسا نەئىمە توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، ئوغلى قاۋۇزنىڭ ھازىرغىچە ئۆمىد ئۈزەلمىگەنلىكى، ھەر كۈنى دادىسىغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقى، ئەگەر نەئىمەنى ئالالمىسا بىرنەچچە ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچىدىغانلىقى… قاتارلىق ھەم يېلىنىش، ھەم قورققاق سېلىشتەك گەپلەرنى قىلدى. لېكىن ئۆيقۇسى كەلگەن تۇردى ھەسەن: «مەندىغۇ گەپ يوق، قاۋۇز بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشىپ ئۆتىمەن. ئۇ قولى ئوچۇق، مەرد يىگىت، ئەمما ئايالىم تاش چىشلەپ تۇرۇۋاتامدۇ…» دەپ ھەممە توقىناق بالانى خالىئايغا ئارتىپ قويدى. چۈنكى تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرە بىلەن قاۋۇز تەلۋىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشىنى، ئالتۇن دۇكىنىنىڭ يەنە «مىكى - مىكى» غا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

— ئەمىسە خالىئاي شەھەرگە كىرىپ قالغۇدەك بولسا، مەن بىر سۆزلىشىپ كۆرەي…

— ھەي، تەس بولارمىكىن.

— مەندە ئايالىلار كۆرسە ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بىرنەرسە بار، قېنى مەن بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي.

— ئىختىيارلىرى، — كۆرمىسە كىشنىشىدىغان، كۆرسە چىشلىشىدىغان ئىككى قېرىنىڭ ئېغىر قاپاقلىرى بارا - بارا يۇمۇلدى.

ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەن تۇردى ھەسەن ئازراقلا ناشتا قىلدى - دە، ماشىنا قويۇش ئۆيىدىن ماشىنىسىنى ئاچىقتى. ئەغزەم تۆرە، قاۋۇز سەتەڭ، چېقىر كۆز چوكانلار ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىشتى.

— ئابزەر خوجا قاتار چېيىنى كىچىك چوقۇر، ئاق قۇ ئارامگاھىدا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، — دېدى ئەغزەم تۆرە ماشىنا دېرىزىسىگە ئېڭىشىپ، — ئۈچ كۈن ئويىنغۇدەكمىز. ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەنرەك ئابزەر خوجىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىمىز. ئۈلگۈرۈپ كېلەلا.

— ئەلۋەتتە، خالىئايمۇ زەرىپىخان ئاغىچا خېنىمدىن كەچۈرۈم سورىغىلى مەن بىلەن بىللە كېلىدۇ.

— ئاپلا، «دە، دە دېسە، ئاتىسىنى ئۇنتۇپتۇ» دېگەندەك، — ئەغزەم تۆرە ماشىنا دېرىزىسىگە يەنە ئېڭىشتى، — ساقچى باشلىقى مەخمۇت زىياغا خەۋەر قىلالمىدۇق. ئەمدى ھەرەمباغ تەرەپ بىلەن مېڭىپ جاپا تارتىدىغان بولدىلا.

— ھېچقىسى يوق، قەدىناس ساۋاقدىشىم بىلەن ئۇزۇن بولغان كۆرۈشمىگىلى، شۇ باھانىدە كۆرۈشۈۋالىدىغان بولدۇم.

— زەرىپىخان ئاغىچا خېنىمنىڭ مىجەزى بولمىغاچقا ئۇزاتقىلى چىقالمىدى، — چېقىر كۆز چوكان ئۇززە سورىغاچ قاۋۇزغا تۆيدۈرماي كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ئەگەر خالىئاي خېنىم كېلىپ قالسا لايىقىدا ئوبدان كۈتۈۋالىمىز...

— ئەلۋەتتە كۈتۈۋالىمىز، — ھىجايدى قاۋۇز، — كۈتمەي بولامدۇ.

تۇردى ھەسەن ماشىنىسىنى قايتا ئوت ئالدۇردى.

— تۇ نازىر، ئۆزلىرىدەك شۆھرەتلىك ئەربابنى چوڭ بىلىمىز، — ئەغزەم تۆرىنىڭ ئاۋازىدا مەسخىرە پۇرىقى بار ئىدى، — لېكىنزە ماشىنىلىرىنى ئۆزلىرى ھەيدىگەنلىرى زادىلا كۆڭلۈمگە سىغمايدۇ. ئەل - بۇرادەرلەر ئالدىدىمۇ سەت دېسىلە...

— شۇنداق، شۇنداق، — تۇردى ھەسەن قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى، — شوپۇرىمىنىڭ ئايالى تۇغەپ كېتىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

تـۆردى ھەسەن ماشىنىغا ماي بېرىپ گۆركىرىتىۋاتقاندا، قاۋۇز چېبىقـىـر كۆز چوكانىنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ كـۇسـۇرلـىـماقتا ئىدى. تۆردى ھەسەننىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ نەئىمەگە ھازىرغىچە خام تەمەدە بـولـۇپ كـەلگەن بۇ قارىۋاتقۇ چوقۇر خالىئاينىڭ بىر چاغدىكى ئاچچىق تىللىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمىغانىدى. شۇڭا «ئۆچ ئېلىپ قول سالارمۇ؟» دېگەن ئوي تۆردى ھەسەننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «بىر ئايال كىشىگە قول سالغان ئەر كىشىنى قانـداقــمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا سولىتىۋېتەرمىنا...» دەپ ئىچىدە شىۋىرلىدى.

دەقىقە ئىچىدە ۋەھىمىلىك خىياللاردىن ئەندىككەن تۆردى ھەسەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ سېدىلىك تۈز يولغا چىقتى ـ دە، دەرۋازىـدىـن قـۇيـۇندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ «ئايدىڭساي» نىڭ ئـادەمـىـسـىـز كەڭ ئـاسفالت يوللىرىدا ماشىنىسىنى ساراڭدەك ھەيدىمەكتە ئىدى. كۆڭلىدە بولسا: «ئەگەر خالىئايغا چېقىلسا ئـۇنـى سـولـىـتـىـۋېتىمەن» دېگەن گەپنى يېنىش ـ يېنىشلاپ تەكرارلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن بۇنداق قىلىش كەلمەيتتى. توغرا، قاۋۇز ھېچكىمدىن تەپ تارتمايدىغان، ھەتتا دادىسىدىن ئاشنا تالىشىدىغان، كۆڭلىگە سىغمىغان بىرەر ئادەمنى كۆزدىن يـوقـىتىشتا ۋاستە تاللىمايدىغان، ۋەھشىي، قارا يۈرەك، قارا كـۆڭـۇل رەزىـل مــەخـلۇق ئىدى. بىراق تۆردى ھەسەن نېمە ئـۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈلمەيتتى... ئون يىلدىن بېرى سـودىــگـەرلەر، كان ـ كارخانا خوجايىنلىرى، ئۆي ـ مۈلۈك شىركەتلىرىنىڭ لېدىرلىرى قاتارلىقلار ئىشلىرىنى بېجىرىۋېلىش كويىدا تۆردى ھەسەنگە ھەر خىل دورىلارنى يېگۈزۈپ خىلمۇخىل ھـۇزۇرخـانىلاردا ھۇزۇرلاندۇردى. كېيىنچە بىرىنچى قېتىمدا بـۆرىـدەك ۋەھــشـىي قىلىۋەتكەن دورا ئىككىنچى قېتىمدا ئۆز

كۆچىنى كۆرسىتەلمىدى. تۇردى ھەسەن بارا ـ بارا ئارمان بار، دەرمان يوق، «ئاختا ئات» بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئادەم كۆڭۈلگە تالىق بۇ ئىشتىن ئاسانلىقچە كەچمەيدۇ. ھەتتا سەكراتتا ياتقان قېرىمۇ ئۇ دۇنيالىقنى ئويلىماي، ياش خوتۇننىڭ كىملەرگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆندەشلىكى تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ چەكسىز ئېچىنىش ئىچىدە: «ھەي... كۆڭۈل ئۆلگەندىن كۆرە، ئادەم ئۆلگەن تۈزۈككەن» دېگىنى بىكار ئەمەستە! تۇردى ھەسەن ئەنە شۇنداق كۆڭۈل شادلىقىنى، ۋۇجۇد لەززىتىنى يوقىتىپ، ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قالغاندا، ئۇنىڭغا جەننەت ھۇزۇرىنى قاۋۇز بەرگەنىدى. ئۇ بىر كۈنى كايىپ:

— ئاھ... نازىر بېگىم، يېگەن ئۇ دورىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ساختا... ئادەمنىڭ ئەرلىك ھورمۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەزىلەك مىجەز قىلىپ قويىدۇ... مانا بۇ ياپونىيىنىڭ، يەپ كۆرۈڭ...، — دەپ بىر تال تابلېتكىنى بەردى. راست دېگەندەك تۇردى ھەسەن بۇ دورىنىڭ لەززەت ھۇزۇرىنى كۆڭۈلدىكىدەك تېتىدى... قاۋۇزغا مىڭ مەرتەم رەھمەت ئېيتتى. ھەتتا كۆڭلىدە نەئىمەنى بىر ئامالاپ يۇمشاتماقچىمۇ بولدى! مانا شۇنىڭدىن باشلاپ قاۋۇز «ئامېرىكىنىڭ...»، «سىنگاپورنىڭ...»، «گېرمانىيىنىڭ» دەپ ھەر قېتىمدا ئوخشاشمىغان دورىلار ئارقىلىق تۇردى ھەسەننى ئۆزىگە مەھكەم ئەسىر قىلىۋالدى. ھەتتا ئۇ ئۇرۇمچىدىن تېلېفون بېرىپ «يېڭى دورا» كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولدى. بىر قېتىم «مۇشۇ دورىدىن بىرنەچچە تال سېتىپ بەر...» دېگەنىدى. قاۋۇز تۇردى ھەسەننى قاتتىق سىلكىۋەتتى:

— ئاھ... نازىر بېگىم، بۇنداق قىممەت، ئېسىل دورىلارنى ياقىسى چاك قىلىپ ئېچىلمىغان غۇنچىلارغا ئىشلىتىمىز.

توزۇپ، بىخچىلا قالغان پاخپاق مامكاپلارغا زايە كەتمەمدا!...

مانا شۇنىڭدىن بېرى تۇردى ھەسەننىڭ كۆڭۈل رىجىلىرى ئۆرلەپ، تايىنى قىستاپ قالغاندا قاۋۇزنى ئىزدەپ تاپاتتى. ھەتتا بىرەر يېڭى دورىنىڭ خەۋىرىنى ئالغان ھامان ئۇرۇمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقى قوغۇنلۇقنىڭ يولىچىلىكمۇ بىلىنمەيتتى. ئالماستەك ساپ، پەرىشتىدەك پاك، سەرۋىدەك نازۇك، سىمابگۇلدەك مۇلايىم نەئىمەگە كۆيۈپ قالغان قاۋۇزمۇ تۇردى ھەسەن كەلگەن ھامان ھېچ كۆرۈلمىگەن ئىلتىپاتتا كۇتۇۋالاتتى. ئەڭ ياخشى ئېسىل، ھەم قىممەت دورا ئارقىلىق نازىرىنىڭ كېچىلىكى «خەيرىلىك» بولاتتى. قىسقىسى، تۇردى ھەسەننىڭ ئۇرۇمچى - غۇلجىلاردىكى ئەل - ئاغىنىلىرىنىمۇ ھەشەمەتلىك رېستورانلاردا كۇتۇشتىن سىرت، ساياھەت رايونلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتاتتى. كەتكەن نەچچە ئون مىڭ سوملۇق زىيانلارغا ۋاي دەپمۇ قويمايتتى. ئەنە شۇنداق قولى ئوچۇق، مەرد ھەم كۆڭۈلگە تالىق شادلىقلارنى ئاتا قىلغان ساخاۋەتچىنى سولتىۋېتىشكە تۇردى ھەسەننىڭ كۆزى قىيارمۇ؟! ئەللا تەۋارا مۇمكىن ئەمەس!...

## 8

نەئىمە دەرۋازا ئالدىدىكى يېشىل سىرلانغان شادا ئورۇندۇقتا كىتاب كۆرگەچ پات - پات مەھەللىنىڭ بېشىغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىۋاتقىنىغا نەچچە كۈنلەر بولۇپ كەتتى. قەستەن تېرىكتۇرۇپ ھويلىدىن چىقىرىۋەتكەن گول پىدا بولۇنغان گەپلەرنى ئېيتىماي - تېمىتماي يەتكۈزگەندۇ! تۇغلۇق زېرەك بالا! ئۇ ئاڭلاپلا چوقۇم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندۇ! ئەگەر ئۇنىڭ بىرەر زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالمىغان بولسا بۇ چاغقىچە كېلەتتى. توغرا، ياشىنىپ قالغان بوۋىسى بار دەۋاتاتتى، ئاغرىپ - تارتىپ

قالمىغاندۇ، ياقەي، خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ ياكى ھېلىقى «راست گەپ» قىلىدىغان كىرپە دېيىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟
مۇنداق بىر خەلق قوشىقى بار:

قىلۇىدىن شامال چىقىپ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ،
كۆكۈل دېگەن ساراڭنى.

قەدىمدىن تارتىپ ئەلنەغمىچىلىرىمىز بۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. راست دەيدۇ، كۆكۈل دېگەن بىر ساراڭ... ساراڭ بولغاندىمۇ ئوماق، يېقىملىق شۇنداقلا تەرسا، نازۇك ھەم قېلىن ساراڭلاردىن! بۇ ساراڭ پەقەت ھېسسىياتنىلا ھايات مەنبەسى قىلىپ ئەقىل يۈگىنىنى كېرەك قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنى باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدىغان تەلۋىلەردىن... بۇ تەلۋە كۆپرەك رومانتىك قىز ـ يىگىتلەرگە ئاشىق كېلىدۇ...
تۇغلۇقنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق نەم چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈشلىرى... قارا رەڭ ھەققىدىكى مەنتىقىلىق مۇلاھىزىلىرى... يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى... «چورۇق بىلەنلا خامپىغا سەكرەپتىمەن» دېگەن ۋاقتىدىكى ساددا، مۇلايىم قاراشلىرى... چوڭ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ: «شۇنداقمۇ خانقىز...» دەپ ھايا بىلەن قىزىرىشلىرى... ئۇنىڭ پاك ۋۇجۇدىدىن پارلىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت شولىلىرى ئەلۋەك! نەئىمە بۇ تۇنجى ئۇچرىشىش خاتىرىلىرىنى ئۇنتاي دەپ قانچە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، قېرىشقاندەك دەمۇدەم كۆز ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. ئەدناسى بۇ قارا يىگىت بىراۋلارنىڭ تېپتىنچ قەلب كۆلىگە چۆكمەكتە ئىدى!
نەئىمە ئۆزىگە ـ ئۆزى كايىپ: «بولدىلا، ئاپامغا ۋەدە بەرگەن

تۇرسام، ئۇ بىر كۆمۈرچى بالىغۇ...» دەپ گۇل بويىغا بارغانسېرى سىڭىۋاتقان ساراڭ تۇيغۇلارنى ئىلاجى بار ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى...

ئەمما نەئىمە ئۇلارنى ئىتتىرگەنسېرى، ئۇلار خۇددى مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپايىلاردەك تېخىمۇ چاپلاشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ جىمجىت كېچىلەردە بۇ ئوغرى تۇيغۇلار ئىشىك يوچۇقلىرىدىن، دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن، بوسۇغا ئارىلىقلىرىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ شېرىن ئۇيقۇلارنى بۇزاتتى... كۆڭۈل ئوغرىلايتتى... تاڭ ئاتقۇچە ئاق كېچىلەرگە ھەمراھ قىلاتتى... ئەجەب ئىش! بۇ قارا يىگىت داۋاملىق نەئىمەنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا: «پاكىز كىيىنگەن، كىيىملىرى رەتلىك، قاپقارا يىرىك چاچلىرى ئارقىغا تارالغان ھالدا كىچىك ماشىنا ئەينىكىدىن نەئىمەگە چاقچاق قىلىۋاتقان قىياپەتتە پەيدا بولاتتى... مۇھەببەت كىتابلىرىنى تولا كۆرۈپ، ئېستېتىكىلىق تىلەكلەرنىڭ، رومانتىك خىياللارنىڭ ئاشىقى بولۇپ قالغان بۇ قىز ئۈچۈن، كۆمۈرچى بالا غايىۋى دۇنيادىكى دەريالاردا ئاققان تاھىر... بېستون تاغلىرىنى كەسكەن دەرۋىشسىمان پەرھات... جەزىرە - چۆللەردە سەرسان بولغان مەجنۇنلاردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. چوڭ شەھەرلەردە قىز - چوكانلار كاساتچىلىقىدىن بۇزۇلۇۋاتقان ئەرلەر ئالدىدا، كۆمۈرچى بالا گويا تەڭرىتېغىدەك مەزمۇت، يۈرىكى ئاپئاق چوققىلاردەك پاك ئىدى.

دەسلەپتە ئەخلاق يۈزىسىدىن «كەچۈرۈم» سوراپ قويۇش ئۆيىغا كەلگەن نەئىمە كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، دادىسى چەكلىگەنسېرى، (ئىنسان چەكلەنگەن نەرسىلەرگە تېخىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ)، تۇغلۇق كەلمىگەنسېرى ئۇنى كۆرگۈسى كېلىدىغان، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ قىزلىق ئىستەكلىرىگە مەلھەم ئىزدەيدىغان دەرىجىدە تاقەتسىزلەندى. شۇنىڭغا قارىغاندا «دۇنيادا مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ

بولسمۇ — «ۋاقىت ①» . قاراڭ، تۇغلۇق بىلەن ئۇچراشقان بىرىنچى كۈنى «جېنىم ئاپا، ئۇ بىر كۆمۈرچى بالىغۇ...» دېگەن نەئىمە ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ساراڭ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قانچىلىك تاتلىق خىياللار، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر ئىچىدە ياشىمىدى؟ تېخى ئۈلۈشكۈن كېچە كۆرگەن چۈشىدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك ئاپىسى خالىئاينى كۆرسىمۇ، ئاشپەز خوتۇن ئايەتبۇ ئۇچراپ قالسىمۇ يۈزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇنى شۇنچىلا ئۇياتقا قالدۇرغان قانداق يۈزى قىلىن چۈشتۇ ئۇ؟!

... تېگىدىكى رەڭگارەڭ تاشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك بىر ئېقىنىمىش. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە سۇ چېچىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقۇدەك... تۇغلۇق تۇيۇقسىزلا نەئىمەنى دەس كۆتۈرۈپ، سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پولتۇلتوڭىدە تاشلىۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلگىدەك... نەئىمە سۇدىن چاچراپ چىققىنىچە:

— ۋاي، تۇغلۇق، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن!...، — دەپتۇ - دە، تۇغلۇقنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ، مەرمەردەك سىلىق، چىرايلىق پۇتلىرىدا بېلىگە چىرماق سېلىۋاپتۇ... كۈن كۆرمىگەن بىر جۈپ ئاپئاق بۇمران كۆكسى يىگىتنىڭ كەڭ

① بىر ئارالدا بايلىق، خاپىلىق، خۇشاللىق، مۇھەببەت قاتارلىقلار بىللە ياشايدىكەن. بىر كۈنىسى بۇ ئارالنىڭ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلۇپتۇ. بايلىق ئۆز كېمىسىگە چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. مۇھەببەت ئۇنىڭغا: «مېنىمۇ كېمەڭگە سېلىۋالساڭ» دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. لېكىن بايلىق: «كېمەم ئالتۇن - زەر بىلەن تولغان، سېنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن» دەپتۇ. مۇھەببەت خاپىلىققا: «مېنى بىللە ئېلىپ كەتسەڭ» دەپتۇ. لېكىن خاپىلىق: «ئىچىم قايغۇ - ئەلەمگە تولغان، ئۆزۈم يالغۇز كېتەي دەيمەن» دەپ سالغىنى ئۇنۇماپتۇ. مۇھەببەت خۇشاللىققا: «رەھىم قىلىپ مېنى كېمەڭگە سېلىۋالساڭچۇ؟» دېگەن ئىكەن، خۇشاللىق قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ. مۇھەببەتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «مۇشۇ ئارال بىلەن بىللە دېڭىزغا چۆكۈپ ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ قايغۇرۇپ ئولتۇرسا، بىر بوۋاي كېمىسىنى قىرغاققا ھەيدەپ كېلىپ، مۇھەببەتنى چىقىرىۋاپتۇ. بۇ بوۋاي مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن مۇھەببەتنى چۈشۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. مۇھەببەت قارىسا قىرغاقتا سالاپەتلىك بىر بوۋاي تۇرغانىكەن، ئۇنىڭدىن: «ئاتا سىلى كىم بولىدىلا؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ: «مەن بىلىم بولىمەن» دەپتۇ. مۇھەببەت ئۇنىڭدىن يەنە سوراپتۇ: «ئۇنداقتا مېنى كېمىسىگە سېلىپ، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان بايىقى بوۋاي كىم بولىدۇ؟»... سالاپەتلىك بوۋاي مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «سېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئۇ كىشى ‹ۋاقىت› بولىدۇ. ۋاقىتلا مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ...»

كۆكرەكلىرىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغۇدەك... گۈرزىدەك كۈچلۈك بىلەكلەر تال چىۋىقتەك نازۇك، ئەۋرىشىم بەلنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغۇدەك... تۈنجى قېتىم يىگىتنىڭ يالىڭاچ تېنىدىن تارقىغان ئوتلۇق بىر ئېقىن قىزغا ئالەمشۇمۇل ھۇزۇر ئاتا قىلىپ، ئۇنى بىھوشلۇق گىردابىغا ئېلىپ كەلدى. نەئىمە زەئىپ ئەمما تاتلىق تووۇلىۋەتتى:

— ۋىيەي، جېنىم، تۇغلۇق بوشراق... بەللىرىم ئۇشتۇلۇپ كېتىدۇ...

... نەئىمە ئويغىنىپ كېتىپ تاڭ ئاتقۇچىلا بىر شېرىن ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ ياتالمىدى...

... كۆمۈر، كۆمۈر... ھەي خالتا كۆمۈر ئېلىۋېلىڭلار!

ئىشىك ئالدىدىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا پېتىپ قالغان نەئىمە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، چوڭ يول چېتىدىكى قوچاق يەتكۈسىز بىر توپ سېدىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاستا ماردى. راستلا مەھەللىنىڭ بېشىدىن خالتا كۆمۈر بېسىلغان ھارۋا كېلىۋاتاتتى. كۆمۈر ئۈستىدە ئېگىز بوي، كەڭ كۆكرەك، چاسا يۈزلۈك كۆمۈرچى بالا چوقچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇغلۇق ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان نەئىمە دەرھاللا ھويلىغا كىرىپ، دەرۋازىنىڭ كىچىك قانىتىنى يېپىۋالدى... ئۇ تۇغلۇقنىڭ دەرۋازا ئالدىدا توختاپ ۋارقىرايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلاتتى. دېگەندەك ھارۋا دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ھارۋىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشكەن تۇغلۇق ھويلىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— كۆمۈر، كۆمۈر!... ھەي خالتا كۆمۈر!...

تۇغلۇق بىردەم ساقلىدى، لېكىن ھويلىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۇ تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك تووۇلىدى:

— ھەي كۆمۈر... خالتا كۆمۈر ئېلىۋېلىڭلار!...

بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازىدىن ھېچكىم چىقمىدى. ئەسلىدە ھېلىقى قىز بالا مۇشۇ پەردە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ

... ياكى ئۆزىنىڭ دەپ قويغان ئۆسەك گېپىدىن قورقۇپ قالدىمۇ ـ يە...

تۇغلۇق بىردىنلا دەرۋازىنىڭ ئاستىدىن بىر جۈپ ئاق بەتىنكىنىڭ تومشۇقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تويۇقسىزلا بىر ئوي كەلدى بولغاي، ئېتىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ دەرۋازىغا تاقىدى، ئاندىن دەرۋازىنى ئىتتىردى...

— ھەي، مۇتتەھەم قىز، ئەمدى چىقمىسىڭىز، دەرۋازىڭىزنى چېقىپ كىرىۋېرىمەن جۇمۇڭ...

نەئىمە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە چىقتىيۇ، ۋارقىراپ كەينىگە داجىدى. چۈنكى ئۇ ئاتنىڭ تومشۇقىغا ئۇسۇۋالغىلى تاسلا قالغانىدى.

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز ئۇ؟... ئېتىڭىزنى تارتىڭ.

— نېمىشقا تارتقۇدەكمەن؟ مۇشۇ ھويلىغا ئەكىرىمەن...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھېلىقى مەن ئەپقاچقان بىر ھارۋا كۆمۈرىڭىز شۇ!

نەئىمە باشقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاۋۋال ئۈچ خالتا، ياق، ياق، ئىككى خالتا كۆمۈر ئەكىرىپ بېرىڭ... تېخى بىر ھارۋا چۈشۈرىمەن دەيدا بۇ قارا باتۇر، — نەئىمە بىر چىرايلىق دومسايدى، — ئۆتكەنكى ئۈچ خالتا كۆمۈرنىڭ ھەممىسى داشقالكەن ئەمەسمۇ...

— ھەي، ھەي، سىز نېمانداق كۆكەرمە، — تۇغلۇق ئىككى خالتا كۆمۈرنى يەرگە چۈشۈردى، — مۇشۇ كەمگىچە مېنىڭ كۆمۈرىمدىن مۇشتۇمدەك داشقال چىقتى دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدىم.

— مۇشتۇمدەك ئەمەس، مۇنە... داق... تاۋۇزدەك...، — نەئىمە كۆزلىرىنى ئالايتىپ قوچىقىنى ئاچتى...، — بوپتىلا ئېلىپ قوياي دېسەم تېخى...

— ساتمايمەنغۇ ئازا، — تۇغلۇق بىر خالتا كۆمۈرنى كۆتۈرۈپ هارۋىغا ئالاي دېيىشى نەئىمە ۋارقىرىدى:
— هاي... هاي، بولدى قىلالا قارا خان پادىشاھ...
تۇغلۇقمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئۆتكەندە دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى نەئىمە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. تۇغلۇق بىر خالتا كۆمۈرنى قولىقىدىن كۆتۈرۈپ مېڭىشى بىلەنلا نەئىمە كەلگەنچە خالتىنىڭ يەنە بىر قولىقىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا چەكچەيدى.
— ھە، نېمە بولدى، قارا توخۇ... بىر تەرىپىنى كۆتۈرسەم بولمامدىكەن؟
— ئاپئاق يۇمران قوللىرىڭىز قاپقارا بولۇپ كېتەرمىكىن...
— سىز ماختىغان ئۇلۇغ رەڭدە قولۇمنى بولسىمۇ بوياپ باقاي دەيمىنا!
— ۋاي، ۋاي، گەپ تۇشاتقىلى بولمايدىكىنا بۇ جاۋۇلداقتا...
ئۇلار ئىككى خالتا كۆمۈرنى بىللە ئەكىرىپ يەر ئاستى ئۆيىگە تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى بىر- بىرىگە قاراپ كۈلۈۋەتتى. چۈنكى نەئىمەنىڭ يۈزىدىمۇ بەش بارماقنىڭ قاپقارا ئىزى تۇراتتى.
— ھېلىقى قاپىقى ئۇشۇق دادىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى تۇغلۇق ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — ئەسلىدە كەلمەي دېگەن...
— كەلمىگەن بولسىڭىز، پۇلۇمنى ئەپقاچتى دەپ رەسۋا قىلاتتىم...
— تارسۇغا بېرىپما؟
— شۇنداق! — ئىككىسى تەڭلا كۈلۈۋەتتى، — ئاپام ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈۋاتىدۇ، دادام شەھەرگە كىرىپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى. بۈگۈن قايتىپ كېلىشى ناتايىن.

— نېمىشقا؟

— ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز، ئەغزەم تۆرە دېگەن بىر بەتبەشىرە كاتتا باي بار.

— ھە، ھە، ھېلىقى ئالتۇن كېنى بار بايدۇ؟ خۇدايىم باشقىلار بىلسۇن، ئۇقسۇن دەپ ئۇنىڭغا شۇنچە بايلىقنى بەرگەن ـ دە!—… ۋىيەي دەپ كەتكىنىنى، ئاشۇ ئالتۇن كاننى دادام ھەل قىلىپ بەرگەن!

— سىزنىڭ دادىڭىز؟ توۋا… سىزنىڭ دادىڭىز ـ ھە؟! ئۇنىڭ شۇنچىلىك كارامىتى بارمۇ؟

— ھېلىغۇ ئۇ ئىكەن، نەچچە ئون مىليونلۇق قۇرۇلۇشلارنىمۇ باشقىلارغا بەرگەن… ، — نەئىمە بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى، — ھەي تۇغلۇق، كۆل بويىدىكى راۋاقتا بىرىپ بىردەم تىنىلىشامدۇق؟ بەك كۆڭۈللۈك بولىدىكەن… ياكى ھارۋىدىن ئەنسىرەمسىز؟

— ياقەي، بېشىغا توۋرا كىيگۈزۈپ قويدۇم، ئاتلار قونىقىنى چايناپ تۇرىدۇ.

ئۇلار راۋاقتا بىرىپ روبىرو ئولتۇرۇپ، ئۇستەلگە جەينەكلىدى. تۇغلۇق راۋاقتا كەلگىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئېچىلغان ھەم ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈل تاختىلىرىغا، ئالما، ئۈرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل، ئارگىلات قاتارلىق بولاقتا كىرگەن كۆچەتلەردىكى تۇخۇمدەك سۇزۇلۇۋاتقان مېۋىلەرگە، ئالا بولغان ئۈرۈك غورىلىرىغا، يېشىل كارىدوردىكى شۇنچە زىچ ساڭگىلىشىپ تۇرغان خىلمۇخىل سورتلۇق ئۈزۈم ساپلىرىغا قاراپ ھەيرانلا قالدى. تېخى بۇ ھەيۋەتلىك راۋاق ھەم ئەتراپى جېننەستە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان ياپيېشىل كۆلگە قاراپ: «بۇ ئالەم بەكمۇ تەڭسىز ئالەم ئىكەن… دېھقانلار ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ، ياخشى كۈن كۆرمەيدىكەن… بەزىلەر بولسا قانداقتۇر شۇملۇقلار بىلەن ئۆمرىنى چەكسىز پاراغەتتە ئۆتكۈزىدىكەن…» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى…

— تۇغلۇق، جىمىپ قالدىڭىزغۇ، — نەئىمە قول ـ يۈزلىرىدىكى قارىنى سۈرتۈۋەتمەي سۆزلەۋاتاتتى، بۇ هال تۇغلۇقنى روهىي بېسىمدىن خالاس قىلدى، — پىدا ھەممىنى دەپتۇ ـ هە، خاپا بولدىڭىزمۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ تۆهمەت قىلىۋاتسىڭىز خاپا بولمامدىم ئەمىسە.

— ئەمىسە تىللىۋېلىڭ…، — نەئىمە پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى، — هە، راست، پىداغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟

— نېمە دەيتتىم، «پۇلنى ئالغىنىم راست» دېدىم شۇ.

— چاقچاق قىلماڭ…

— ئويلاپ بېقىڭ، هەي ساراڭ قىز بالا، ئاشۇنداق دېمىسەم پىدا سىزنى نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟!…

نەئىمە ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ تۇغلۇقنىڭ بەرگەن جاۋابى ئۇنى خېلىلا جىق سەتچىلىكتىن ساقلاپ قاپتۇ. بولمىسا «نەئىمە تۇغلۇققا كۆيۈپ قاپتۇ…»، «ئەرسىرەپ قالغان بايىنىڭ قىزىنىڭ تاپقان هىيلىسىنى كۆرمەمدىغان…»، «زادى چوڭ شەهەرلەردە ياشىغان قىزلار ئاشۇنداق قېلىن، قورسىقىدا ئىلمىكى كۆپ كېلىدۇ…» دېگەندەك گەپلەرنى تېپىشى ئاسانلا ئىدى. نەئىمە نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكى، دادىسىنىڭ يولسىزلىقىدىن ئاغرىنغانلىقى، شۇڭا كەچۈرۈم سوراپ، يۈرىكىگە بېسىم بولۇۋاتقان سەتچىلىكنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشنى ئويلىغانلىقىنى تۈز كۆڭلى بىلەن چۈشەندۈردى. نەئىمە گەرچە بىر باي ئەمەلدارنىڭ قىزى بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانچىلىك پاك هەم بىغۇبار ئىكەنلىكىنى هېس قىلغان تۇغلۇق ئۇنىڭغا باشقىچە هۆرمەت ـ ئېتىبار بىلەن ئۇزۇن قاراپ كەتتى… بولۇپمۇ قىزنىڭ سەممىيەت نۇرلىرى يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرى ئېيتقۇسىز چىرايلىق هەم گۈزەل مەنالار بىلەن چاقنايتتى.

— تۇغلۇق، ئۆتكەندە سىز ئوقۇغان شېئىرنىڭ يەشمىسىنى

شۇنداق بىلگىم بار ئىدى.

— ئۇ تەجەللىنىڭ قەشقەرلىك دوستى نەزەربەگ سىلىمئاخۇن قازىغا بېغىشلىغان قەسىدىسى، قەشقەرلىك بۇ ئادەمنىڭ ئۆڭى قارا بولسا كېرەك، تەجەللى باشتىن - ئاخىر «قارا»نى مەدھىيىلەپ ئاجايىپ پەلسەپىلىك قانۇنىيەتلەرنى يەشكەن. مەن يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا ئەدەبىيات مۇئەللىم بۇ قەسىدىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى. مېنىڭ ئۆڭۈممۇ قارا بولغاچقا بۇ شېئىر ياراپ كېتىپ باشتىن - ئاخىر يادلىدىم.

— سىزنى قارا دېيىشكە بولمايدۇ، سىز دېگەن بۇغداي ئۆڭگە تەۋە...

تۇغلۇق ئۆتكەندە ئوقۇغان شېئىرنىڭ يەشمىسىنى دېگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھاياجانلىنىپ شېئىر ئوقۇدى...

1. قارالىقدىندۇر سەنەملەر ساچى قاشى دىلغەرىپ،
قارالىقتىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تاتار...

*

2. ئەسلىگە راجىئە بولۇر ھەرشەيئى مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز،
ئەسلىي ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۇرۇپ كۆر ئاشكار...

3. ھەق كەلامى قارا خەت ئىچىدە تەجەللى كۆرسەتۇر،
ئەھلى بىنىشقە قارالىقتىن ئەمەستۇر ئەيبۇئار...

---

① گۈزەل مەھبۇبىلەرنىڭ چېچى بىلەن قېشى قارا بولغانلىقتىن، كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدۇ، شۇنىڭدەك ئەنبەر بىلەن ئىپارنىڭ رەڭگى قارا بولغانلىقتىن قىممەتلىك.

② ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزگە ھەممە تەسلىم بولىدۇ. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلىي قارادۇر، كۆيدۈرۈپ كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ...

③ تەڭرىنىڭ سۆزى قارا خەت ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدۇ، بىلىمدان كىشىلەرگە رەڭنىڭ قارا بولۇشى ئەيىب ۋە نومۇس ئەمەس...

نەئىمە تۇغلۇققا زوقلانغىنىچە قاراپلا قالدى. ئۇ ئوقۇغان شېئىرلىرىنىڭ يەشمىسىنى دەپ بولغاندىن كېيىن تەجەللىنىڭ قارا رەڭنى مەدھىيلەپ ئاق بۇلۇتتىن قارا بۇلۇتنىڭ يامغۇرى كۆپ بولىدىغانلىقى... ئەگەر مەڭ قارا بولمىسا مەھبۇبىلەرنىڭ ھۆسنى باھارى گۈل ئاچمايدىغانلىقى... تەڭرىنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت خەزىنىسىنى قارا لوقمانغا بەرگەنلىكى... ھەتتا قۇرئاندا «قارا كېچە» دېگەن ئايەت بالدۇر، كۈندۈز دېگەن ئايەت كېيىن نازىل بولغانلىقى... قاتارلىقلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ يەشمىسىنى چۈشەندۈرگەندە نەئىمەنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك زوق ـ ئىشتىياقلار شەربەتلىرى بىلەن تولدىكى، ئەگەر ھايا ئۇنى توسۇپ قالمىغان بولسا تۇغلۇقنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالغۇسى كەلدى.

— تۇغلۇق، ھازىر مەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن بىلەمسىز؟ — نەئىمە يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — قېنى دەپ بېقىڭا؟

— سىز ھازىر مېنى تىللايدىغان گەپلەرنى ئىچىڭىزدە ساپلاۋاتىسىز، — تۇغلۇقمۇ ئۇتتۇرلا جاۋاب بەردى، — مېنى «قارا باتۇر»، «قاراخان پادىشاھ»، «قارا رەڭلەر پادىشاھى» دېگەن تىللار بىلەن تىللاپ بولدىڭىز. ئەمدى قېپقالغىنى «قارا چۈمۈلە...»، «قارا ئوغلاق»، «قاراھاجىم» لارنى دەۋالسىڭىز ئىككىمىز ئالمىغان ـ بەرمىگەنلا بولىمىز... ھېچ ئۇقالمىدىم، مەن قارا بولغانلىقىم ئۈچۈن قارا رەڭلەرگە ئۆچمۇ ياكى قارا رەڭلەرگە ئۆچ بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ماڭا ئۆچمۇ؟...

— راست، مەن سىزگە ئۆچ، — نەئىمە بىردىنلا مۆڭلىنىپ قالدى، — ئۆيقۇمنى، خىيالىمنى خاتىرجەم تىنچ كۈنلىرىمنى بۇزغان سىزدەك قارا كۆز، قارا قاش، قارا چاچ، قارا يۈزنى چىشلەۋالسامۇ دەردىم چىقمايدۇ...

كۆمۈرچى بالا قىزنىڭ قەلبىدىكى كىرسىز بىر گۆھەرنى

كۆرۈپ قالدى...

— ئەمىسە چىشلەڭ... ، — تۇغلۇق يۈزىنى تۇتۇپ بەردى. قىز قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام، ئۈچ ئادەم سىز ئەمەس، مەن بولۇشۇم كېرەك ئىدى. راست ئەمەسمۇ، مەن ھالىمغا باقماي، يەردىكى بىر پارقىراق قوڭغۇز تۇرۇپ، ئاسماندىكى چولپانغا قول ئۇزاتسام ئەسلا مۇمكىن ئەمەسقۇ! مېنىڭ تىنچ - تىنۇشسىز ئاددىي تۇرمۇشىمنى بۇزغان سىز! ئەمدى مەن سىزنى «ئايپەرى» ، «ئاي رۇخسار» ، «ئايگۈزەل» دېگەن گەپلەر بىلەن تىللايمۇ! !...

تۇغلۇقنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى... ئۇ يەر بېقىپ ئولتۇرغان نەئىمەنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ راۋاق پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كەتتى - دە، گۈل تەكچىسى ئالدىدا توختىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كېلەلمەيمەن، — تۇغلۇق ئارقىسىغا قارىماي ئاستا شىۋىرلىدى، — سىزنى تۇنجى كۆرگەن كۈنۈم، بىر كېچە ئايغا ھەمراھ بولۇپ يىغلىغانلىرىم سىز... سىز ئۇچۇن ئىدى... بۇنى سىزدەك ئېسىلزادە قىزلار ھېس قىلالمايدۇ... ئەزەلدىن زۇۋۇلىمىز مۇشۇنداق يارالغان ئىكەنمىز، شۇ تۇرمۇشقا كۆنمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق! سىز بىلەن يەنە كۆرۈشسەم ئازابلىرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، يۈرەك يارىلىرىم قانايدۇ... قەلب پىنھانلىرىمدىكى ئەلەملىك نىدالار قان - زەردابقا ئايلىنىدۇ...

— تۇغلۇق، بىز... بىز... ، — نەئىمەمۇ يىغلىغانىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن دوست بولۇپ ئۆتسەك بولماسمۇ؟ تەلىپىم يوقىرى ئەمەس، پەقەت ئانچە - مۇنچە تىللاشساق... خۇددى بۈگۈنكىدەك...

— مەڭگۈ قوشۇلالمايدىغان، لېكىن بىر - بىرىگە كۆڭۈل

بىرشكەن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ دوستلۇقى ئاقىۋەت خەيرلىك بولمايدۇ… بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم ياكى بولمىسا بىرەر پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. خوش، مەن كەتتىم، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلماڭ…

نەئىمە گۈللۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چاقچۇقلۇق چىغىر يولدا كېتىۋاتقان تۇغلۇقنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىشىغىلا ماشىنىدىن ئەمدىلا چۈشكەن تۇردى ھەسەنگە دوقۇرۇشۇپ قالدى. نەئىمەنىڭ چىرايى بىردەمدىلا ئاقىرىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ھەي، نېمانداق قېلىن نېمىسەن، — ھۆرپەيدى تۇردى ھەسەن، — سەن پاسكىنا قىلمىغان مېنىڭ داچام قالدىما؟

— قىزىڭىزدىن سوراڭ، نېمە قىلغىنىمنى ئۇ دەپ بېرىدۇ…

— پاھ، گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ، — تۇردى ھەسەن تۇغلۇقنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى ـ دە، ئارقىدىن ياقىسىغا ئېسىلدى، نەئىمە ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، — قېنى گەپ قىلە؟ ئەجەب بۇ داچىغا كۆنۈۋالدىڭا، سەن ئوغرى بولمىساڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دەرۋازىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيسەن؟

— مەن بىر كۆمۈرچى، خېرىدارلىرىمنىڭ كۆمۈرىنى ھويلا ـ ئاراملىرىغا ئەكىرىپ بېرىمەن، — تۇغلۇق ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى، — نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم سىلى!

— نېمە دېدىڭ؟ — تۇردى ھەسەن ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەنىدى، تۇغلۇق ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، — قويۇۋەت قولۇمنى… ھەي زەڭگى ۋاي… ۋاي قولۇم!…

— جېنىم دادا، نېمانداق يولسىزلىق قىلىسىز…، — نەئىمە يىغلىۋەتتى، — ئۆتكەندىمۇ يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ قىلمىغان ئەسكىلىكىڭىز قالمىدى. قويۇۋېتىڭ ئۇنىڭ ياقىسىنى.

— ئۆيــگە كــىرىپ كېتىڭ، — ۋارقىــرىــدى تۇردى
ھەسەن، — نېمىدېگەن پەس كۆڭۈل قىزسىز!...
— قويۇۋېتىڭ ياقامنى، داداڭدەك ئادەم ئىكەنسىز، قولۇم
تېــگــىپ كەتمىسۇن، — تۇغلۇق ئارقىغا داجىغانىدى، تۇردى
ھــەســەنــمــۇ بــىللە كەلدى، — بىكاردىن ـ بىكار ئۇردىڭىز،
قىــزىــڭــىزنىڭ يۈزىنى قىلدىم. بىر كاتتا ئەمەلدارمۇ شۇنداق
ئۆكتەم بولامدۇ؟
— پاسكىنا ئاغزىڭنى يىغ دىۋانە!
— دادا، ئۇنداق قىلماڭ دەيمەن.
تۇغلۇق تۇردى ھەسەننىڭ ئېڭىكىگە ئالىقىنىنى تىرەپ بىر
ئــىــتــتــىرگەنىدى، تۇردى ھەسەن نەچچە قەدەم يەرگە پولاڭلاپ
كــېــلــىــپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. لېكىن تۇگمىلىرى ئۈزۈلۈپ،
ياقىسى يىرتىلىپ كەتكەن تۇغلۇق ھارۋىسىنىڭ قىشىغا باردى ـ
دە، ئېتىنى بۇراپ كېتىپ قالدى.
تۇردى ھــەســەن ھويلىغا قەدەم ئالا ـ ئالمايلا قوللىرىنى
شــىــلــتــىپ، توكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ چالۋاقاپ ۋارقىراقلاپ
كەتتى...
— قېنى سەن ئاياز، ھەي ئاياز دېگەن ھۆل چالما... نەگە
يوقالدىڭ دەيمەن...
بۇ ئەسنادا خالىئاي ئۆيدىن چىقىپ پەلەمپەيلەر ئوتتۇرىسىدا
توختىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرىدىن يەنىلا قىزى
توغرۇلۇق سەپراسىنىڭ ئۆرلەپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى.
— جېنىم دادا، — دېدى نەئىمە يىلىنغان تەلەپپۇزدا، —
ئايازكام قاينۇقتا، ئايالىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىۋاتسا...
— ھــەي ئەپەندىم، ھەرقانچە ئادەم ئۆلگۈدەك چوڭ ئىش
بولسىمۇ، ئۆيگە كىرىپ چېچىلىڭ، — خالىئاي ئاچچىقىدا سۈس
تىترەۋاتاتتى، — قولۇم ـ قوشنا، تالا ـ تۈزدە كېتىۋاتقانلارغا
ئويۇن قويۇپ بەرمەكچىمۇسىز!

خالىئاي ھۆجرىسىغا كىرىپ كېتىشى بىلەن تۇردى ھەسەنمۇ ئۇنىڭغا سوغدىشىپلا كىردى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئاچچىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. خالىئاي ئېرىنىڭ چالۋاقاشلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بايا ھۆجرا دېرىزىسىنىڭ پەردىلىرى ئارىسىدىن قىزى نەئىمەنىڭ كۆمۈرچى بالىنى راۋاق تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن بۇ بىچارە ئانا ئون نەچچە كۈندىن بېرى جىمغۇرلىشىپ گەپ سۆزدىن، كۈلكە - خۇشلۇقتىن قېلىۋاتقان قىزىنىڭ «دەردى»نى ئوبدان چۈشىنەتتى. گەرچە ئۆزى دەسلەپتە «بىر كۆمۈرچى بالا» دەپ كەمسىتكەندەك قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە: «توۋا سىن - سىپاتى ئەجەب قاملاشقان، سۈيكى چىرايلىق بالىكەنا...» دەپ زوقلانغانىدى. شۇڭا قىزىنىڭ بايىقى چاڭقىلداپ گەپ قىلىشلىرى، تاتلىق كۈلكىلىرى، خۇشال كەيپىياتىنى كۆرگەن خالىئاي ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغانىدى. بىراق ئېرىنىڭ نەئىمە ئۈچۈن بۇنداق «كۆيدى - پىشتى» ئەزۋەيلەشلىرى خۇددى تۈلكىنىڭ ھېجىيىشى چۈجە ئۈچۈن، قاغىنىڭ قاقىلدىشى لۇقما ئۈچۈن دېگەندەكلا بىر ئىش ئىدى. بولسا قىزنى بۇگۈنلا لۇكچەك قاۋۇز سەتەڭگە تۇتۇپ بېرىپ ئالتۇن دۈكىنىنى ئېچىۋالسا، قىزىنىڭ دەرد - پىغانى بىلەن نېمە ئىشى!

— مەن سىزگە قانچىلاپ دېدىم، مۇشۇ ئاياز دېگەن نان قېپىنى ھەيدەيلى دەپ...، — تۇردى ھەسەن ھۇجۇمنى نەئىمەدىن باشلاشنى خالىمىدى، — مانا داچىغا ئات - ئېشەك، ئىت - مۈشۈك كىرسىمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق!

— ئەپەندىم، — خالىئاي بادام قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈردى، — گەپلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن... ئۇ ئادەم ھازىر قەدىنىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغاندۇ...

— ياش تۆكەمدۇ، قان سىيەمدۇ، ئۆزىنىڭ شورى، — نازىر قوللىرىنى شىلتىدى، — مانا ئۆتكەندە تىللاپ قورۇدىن

چىقىرىۋەتكەن ھېلىقى زەڭگى بۆگۆن يەنە داچىغا كىرىپتۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ ئوغرىمۇ، بۇلاڭچىمۇ ياكى بۇزۇق ئەبلەخمۇ؟

ئايىسىمەنىڭ قازا قىلغىنىغا سەككىز كۈن بولدى. تېخى تۇنۇگۇنلا قاينۇقتا يەتتە نەزىرسى ئۆتكۈزۈلدى. خالئاي بىلەن نەئىمە قاتنىشىپ تېگىشلىك ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى. لېكىن نازىر قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. مانا ئەمدىلىكتە «ئۆزىنىڭ شورى» دەۋاتىدۇ. خالئاي ئېرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ شۇنچىۋالا قارىداپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك تۇردى ھەسەننىڭ خۇنۇك، سېمىز چىرايىغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى...

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، بىراۋنى ئورۇنسىز ئەيىبلىسىڭىز بولامدۇ؟— ئوغرى، بۇلاڭچى، بۇزۇق ئەبلەخ دېگەن گەپ خالئاينىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى،— ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، ئۇ، ئۆز كۈنىنى ئارانلا ئېلىپ كېتىۋاتقان ياۋاش - يۇمشاق كۆمۈرچى بالىغۇ!

— سىز ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقتىڭىزمۇ ھە؟ بىر كېچىدە ھەممىنى بوغۇزلاپ، قاق سەنەم قىلىپ قويغاندىلا ئىشىنەمسىز؟ — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى،— خەپ، ئاياز دېۋانە قاينۇقتىنغۇ ئۆي تۇتمايدىغانسەن... كۆتۈنۈڭگە تېپىپ، توۋاڭغا تاياندۇرمىسام...

— ئۇنداق قىلسىڭىز ئايازغا بايرام بولىدۇ، بىلەمسىز خۇشاللىق بايرام...

خالئاينىڭ بۇ بىر ئېغىز سۆزى تۇردى ھەسەننى لەسسىدە بوشىتىۋەتتى. ئەسلىدە داچا سېلىنغان ئون بەش مو يەر ئايازنىڭ تېرىلغۇ ھەم باغلىق يېرى ئىدى. بۇ يەرنى يېزا باشلىقى بىلەن كەنت باشلىقى بىرلىشىپ چوڭ بىر قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خوجايىنىغا سېتىپ بەرمەكچى بولۇشتى. ئەلۋەتتە ئۇلار ئوتتۇرىدىن ئالىدىغان شېرىنكانىغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى.

بىراق ئاياز ھەم ئايسىمە يېرىنى سېتىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىرى بۇ ئەر - خوتۇنلارنى قۇرۇلماقچى بولغان داچىدا «مائاشلىق خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ» دەپ بېكىتكەندىن كېيىن يەر قۇرۇلۇش شىركەت خوجايىنىغا سېتىلدى. ئەسلىدە قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خوجايىنى نازىر تۇردى ھەسەنگە داچا سېلىپ بېرىش بەدىلىگە بىر چوڭ قۇرۇلۇش سودىسىغا ئىگە بولماقچى ئىدى. لېكىن توپا تۇرتۇش ماشىنىسى ئۆي، چايخانا، ئېغىل، ھويلا - ئارامىلارنى تۇزلەيدىغان چاغدا ئايازنىڭ يەتمىش ياشلىق ئاپىسى نۇربانۇم ھويلا ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالدى. بۇ چاغدا كەنت باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئايازنىڭ يەنە بىر تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شەرت تۇردى ھەسەننىڭ گەجگىسىنى قورۇپ ئاچچىقىنى كەلتۇرگەن بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ بېسىمى، باشقىلارنىڭ سالا - سۇلھى قىلىشى بىلەن مۇنداق تىلخەت يېزىلدى:

«مەنكى تۇردى ھەسەن ئوغلى، شول توغرۇلۇق تىلخەت بېرىمەنكى، قۇرۇلماقچى بولغان داچىنىڭ مائاشلىق خىزمەتچىلىرى بولغان ئاياز ھەم ئايسىمەلەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن قالدۇرۇلسا، مۇشۇ ئون بەش مو يەردىن ئۈچ مو يەرنى ئاجرىتىپ ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىمەن...

دەپ: شاھىت ۋە گۇۋاھچىلار»

— شۇ چاغدا،— دېدى تۇردى نازىر پەسكويغا چۈشۈپ، — ئاياز ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۈچ يۈز سوم مائاشقا قوشۇلغان. بىراق ئۈچ مو يەر، ئۈچ ئېغىز ئۆي جېدەلى تۈيۈقسىز چىقتى. مېنىڭچە كەنت ئاقساقىلى قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بولمىسا ئايازدەك ياۋاش، ساددا، مۆمىن دېھقاننىڭ يادىدىمۇ يوق ئىدى.

خالئاي بىردىنلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ تەتۇر قارىۋالدى. ئۇ ئاياز توغرۇلۇق ئېرىنى قايتا چېكىپ باقماقچى بولۇپ، دىۋانغا چۆككىنىچە خىيالغا كەتكەن ئېرىگە قارىدى.

— ئايازنىڭ ئۈچ مو يېرى بولىدىغان بولسا، قەلەمچە

تىكىپ، كۆكتات تېرىپ ياكى باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تەرسىمۇ بېيىپ كېتىدۇ...

— هەي...، — تۇردى هەسەن بېشىنى چايقىدى، — شۇ چاغدا ئاشۇ تىلخەتنى يېزىپ مېنى ئەجەب قارا باسقان، مانا ئەمدى...

— بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئادەم ئەجەب كۆڭلىڭىزگە سىغماي قالدى، — خالىئاي تۇردى هەسەننىڭ چىرايىغا زەن سالدى، — ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز يەنە بەربىر داچىغا قىش ـ ياز قارايدىغان خىزمەتچى تاپمىساق بولمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق... ئەمدى شۇ، — تۇردى هەسەننىڭ كۆزلىرى غىلىپاللىدى، — سەل توختالغانراق دېهقاندىن ئەكېلەيلىمىكىن دەپ ئويلىغان...

خالىئاينىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاجايىپ سىرلىق بىر ئېقىن تەپتىدە تىترەپ كەتتى... چۈنكى تۇردى هەسەننىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن كۇندەشلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ، خالىئاي ئانچە سىنەكەپ كەتمىگەن جاراهەتنىڭ ئېغىزىنى بۇزۇپ، جاراهەت ئىگىسىنى شېرىن ئازاب ئوچىقىغا ئۆز قولى بىلەن تاشلىدى. تۇردى هەسەن قىزى نەئىمەدىن ئاﻻلمىغان ئۆچىنى ئايازدىن ئېلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. چۈنكى ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقان لوقما باشقا ئىدى. ئۇ، قاۋۇل، قامالاشقان، ۋۇجۇدىدىن كۈچ تېمىپ تۇرغان قىرىق ئالتە ياشلىق ئايازغا هەسەت قىلاتتى. گەرچە خالىئاينىڭ پەزىلەتلىك ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، يەنىلا كۆڭۈل توختىتالمايتتى. خالىئاي ئېرىنىڭ سۆزىدىن شۇنى جەزملەشتۈردىكى، «ئەرلىك قەرزى»نى ئادا قىلالمىغان بۇ زەئىپ مىجەز ئادەم ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىنىپ هەم گۇمانلىنىپ يۈرگەنلىكىگە كۆزى يەتتى. شۇڭا خالىئاي ئوشۇقچە گەپ ئېشەككە يۈك دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇندىمەي جىم ئولتۇرۇۋالدى. لېكىن پۈتۈن ئەس ـ يادى «ئالتۇن دۇكىنى»دا قالغان تۇردى هەسەننىڭ ئىچىدە مىڭلىغان چۇمۇلىلەر قىمىلداۋاتقاندەك

ئولتۇرالماي قالدى:

«دۇنيادا قىز بالىدەك دۆت، ئەخمەق، ساراڭ، ئەقىلسىز بىرنېمە بولمىسا كېرەك...، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە شىۋىرلاپ، — قاراڭ، بىر ئىستىقبالسىز كۆمۈرچىگە قىلغان ئىلتىپاتىنىڭ يۈزىدىن بىرىنى قاۋۇزغا قىلىدىغان بولسا، ئالتۇن، زىبۇ زىنىنەتلەرگە كۆمۈلۈپ كەتمەسمىدى...» تۇردى ھەسەنمۇ كۆزلىگەن رىجىسىگە ئاسانلا يېتەتتى. چۈنكى قاۋۇز تەلۋىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، بىرلا «ھۆيت كۆش - كۆش...» دەپلا قويسا دادىسى دوكىنىنىڭ نەق جان يېرىدىن ئالىدىغان ئىتتە ئۇ... قىسقىسى، ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن جىلغىنىڭ تۈلكىسىگە ئېغىز سالالايدىغان تايغاننىڭ ئۆزى! ھەتتىگىنەي! نەئىمەدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر بىلەن ئالدىدا يوغانلىق قىلىپ باراڭ كۆرسىتىۋاتقان ئەغزەم تۆرىدەك بىر تاغىنىمۇ ھېچ كۈچىمەيلا ئۆزىگە ئېگەلەيتتى.

تۇردى ھەسەن بىردىنلا ئەغزەم تۆرىنىڭ «خالئاي بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، مەندە ئاياللار كۆرسە ھوشىنى يوقاتقۇدەك بىرنەرسە بار...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەنجى قىزىنىڭ توينى مۇبارەكلەپ كىرىپ قويىدىغان رەسمىيەتمۇ بار. بۇ پۇرسەتتە خالئاي ئېرىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— خالئاي، ئەغزەم تۆرە كەنجى قىزىنىڭ تويىغا قوپۇپ-تۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى ئەپقىچىپ، — يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ مۇبارەكلەۋاتىدۇ. نەئىمە ئىككىڭلار بېرىپ قويمىساڭلار سەت بولامىكىن.

تۇردى ھەسەن زەرىپىخان ئاغىچىنىڭ تاپە - تەنىلىرى، ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتىپ، خالئاينى ئاقلىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. يۇمشاق ھەم يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدىن ئېرىگەن خالئاي ئېرىگە لەپپىدە قاراپ قويدى.

— ئۆزۈم باراي، نەئىمەنىڭ بويىنى باغلىغان بىلەنمۇ بەربىر ئۇ ئاتا - بالا شەھۋەتخورلارنىڭ قېشىغا بارمايدۇ.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — تۇردى ھەسەن يالتىندە قاراپ قويدى، — ئاياز ئەتىگىچە كېلىپ قالارمۇ؟

— يەتتە نەزىرنى ئۆتكۈزۈپ بولدى. ئۇ، «بۈگۈن - ئەتە قايتىپ كېتىمەن» دېگەندەك قىلغان، بەلكىم بۈگۈن كەچ كېلىپ قالار، نېمە بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئۈگۈنلۈككە ئەتىگەندە مەن شەھەرگە كىرىمەن. ئابزەر خوجا قاتار چېپىنى ئاق قۇ ئارامگاھىدا ئۈچ كۈن ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى، — دېدى تۇردى ھەسەن ئايالىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ، — ئاياز مېنى ئابزەر خوجىنىڭ ئۆيىگە تاشلىۋېتىپ، سىزنى ئەغزەم تۆرىنىڭ داچىسىغا ئەكەتمەمدۇ!

— تەشلەپكىنىڭ ئالدىدىكى سوۋېت بازىرىدىن بەش - ئالتە پەتنۇس تاتلىق - تۈرۈم راسلاپ ئاپارمىسام، ئوقۇرى ئېگىز زەرىپىخاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالارمەن...

— رەسىم - قائىدە شۇ بولغاندىن كېيىن ئوبدانراق قىلىڭ!

تۇردى ھەسەننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەن بولۇشى كېرەك، ئۇ «ئېرەن يېزا بازىرىنى ئايلىنىپ كېلەي» دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا يالتىراق سانتاناسى چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى دېرىزىدىن كۆرگەن خالئاي قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا غىپپىدە كىرىپ كەتتى...

*

تۇغلۇق بىلەن نەئىمە ئوتتۇرىسىدىكى ھەسرەتلىك سۆھبەت، تۇردى ھەسەن بىلەن تۇغلۇقنىڭ ماجىراسى، نازىر شۇنداقلا خالئاينىڭ سىرلىق پاراڭلىرى قارار تاپقان شۇ كۈنى زاۋال ۋاقتى بىلەن «تارسۇ» كەنتىدىكى زىكرى پىيەنچۈك ئەمرۇللا بوۋاينى يوقلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەمرۇل دادا، كەچ بولسىمۇ يوقلاپ كەلدىم، قايداراغۇي ئەھۋالىڭ؟ بىرنەچچە كۈن بولدى، يوقلاپمۇ

كىرەلمىدىم.

— كەل، كەل زىكرى بالام، — باراڭ تېگىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان بوۋاي ئورنىدا مىدىرلاپ قويدى، — ياللا مۇشۇ مەھەللىدە سەنلا مېنى يوقلاپ تۇرىسەن جۇمۇ.

— ئەمدى سەن، قارا، مەھەللىمىزدە بىر تەۋەررۇك بولۇپ قالدىڭ، — زىكرىنىڭ قارىچۇقلىرى گوداڭغا چۈشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك پارقىراپ تۇراتتى، — سېنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەيمەن شۇ.

ئوتتۇرا بوي، چىرايى سېرىق، بۇرۇن ئۇچىنى قىپقىزىل قاپارتمىلار قاپلاپ كەتكەن، ئەتتىكەنلىشىپ كەتكەن بويىندا كۆپكۆك داغلار پۈلتىيىپ تۇرغان، ئورا كۆز، ياڭاق سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ، قوۋۇزلىرى چۆككەن ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى كەپكە شەپكە كىيىۋالغان زىكرى كىر قولياغلىقتا چىگىلگەن بىر نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىزنىڭ باغدىكى ھېلىقى سەن ئۇلاپ بەرگەن بىجىنار ئۆرۈك سارغىيىپ قاپتىكەن، — زىكرى قولياغلىقنى بوۋايغا سۇندى، — باش - بۇرنىغا سېنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئەكىردىم.

— رەھمەت، بالام، رەھمەت، — بوۋاي ئاپئاق بومبا ساقاللىرىنى سىيپىدى، — تۇغلۇق يوق چاغلاردا سۇيۇمنى توشۇپ، باغ، كۆكتاتلىقلارنى ئوتاپ، سۇغىرىپ بېرىۋاتىسەن، شۇمۇ يەتمەسمىدى بالام.

— تۇغلۇق بولسا ئاماننى زامانغا بەرمەي ئىشلەۋاتقان، — زىكرى نەلەرگىدۇر قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — شۇڭا ساڭا ئازراق قول - قانات بولمىسام بولامدۇ؟

— رەھمەت، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن بالام، — ئەمرۇللا بوۋاي بىرنەرسىنى دېيەلمەي، دىلغۇللۇق ئىچىدە ساقىلىنى سىيپىدى، — لېكىنزە بالام، سەن توغرۇلۇق قاملاشمىغان گەپلەرنى ئاڭلايمىنا؟

— مەن... مەن توغرۇلۇقما؟ — بىردىنلا چىرايى ئۆڭگەن زىكرى دەماللا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — بىلمىدىم، بىلمەن... شۇ «دۇكانچى شايىدىن نېسىگە هاراق ئىچتى»، «بەش مو زىغىرنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتى...» دېگەندەك قۇلاق ياقتى گەپلەردۇر شۇ.

— هە، هە، شۇ، شۇ گەپلەر، — بوۋاي باشلىرىنى كىلدىڭلاتتى، — ئاڭلاپ «يا رۇسۇلىللا...» دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قاپتىمەن قارا.

— بۇ پەلىپەتىش گەپلەرگە سەنمۇ ئىشىنىپ قاپسەن-دە! — زىكرىنىڭ قۇيماقتەك قۇرۇلۇپ قالغان يۈزى پۈرۈشتى، — توپتېرەك، قارغوجا، ھەتتا شەھەردىنمۇ، قارا، سىڭلىم بېشىرئايغا كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ دېگىنە. «تۇل خوتۇن ئوتى ئۆچكەن ئوچاق» دەپ، ئاپامنىڭ گېپىنى كىممۇ ئىلىك ئالىدۇ دەيسەن، مەن كەلگەن ئەلچىلەرگە، «ياقا يۇرتقا بېرىدىغان سىڭلىم يوق» دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋەتتىم. ئاڭلىسام ئۇ خۇمسىلار چىدىماي ئارقامدىن گەپ تېپىپ يۈرۈپتۇ. مەن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېتىزدا يۈرسەم، مېنىڭ ئەرۋاھىم ئېچىپ-چېچىپ يۈرۈپتۇما؟

— مۇنداق دېگىن بالام، هە، راست، بېشىرئاي بىلەن ئاغىنەڭ پىدا، هېلىقى...، يېڭىچە نېمە دەيتتىڭلار خۇدايىم...، شۇنداقمىشكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداقتى، ئەمما، «مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق» دېگەندەك، توي قىلغۇدەك ۋەجى يوق ئادەم ساقلىتىۋەرسە بولامدۇ؟ شۇڭا: «ۋۇي پىدا، ئۈجمەڭ قاچان پىشىدۇ سېنىڭ؟» دەپ قويىۋىدىم، ئىزا تارتتىمۇ نېمە؟... «بېشىرئاي ئالدىرىسا توي قىلىۋەرسۇن...» دەپتۇ...، — زىكرى هويلىدىكى هارۋىغا قاراپ قويدى، — ۋۇي، بۈگۈن سودا بولمىغانمۇ نېمە؟ خالتا كۆمۈرلەرنىڭ تەڭ يېرىمى ئېشىپ قاپتىغۇ.

— شۇنى دېمەمسەن بالام، — ئەمرۇللا باش چايقىدى، — تۇغلۇق چۈش پېشىن بىلەن خاپا قايتىپ كەلدى. گەپ سورىسام تۈزۈكمۇ جاۋاب بەرمەي چىقىپ كەتتى. سىلەر ئاغىنە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ باقساڭلار بولاتتى.

— بۇنى مەن بىلمەن ئەمرۇل دادا، «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن گەپ بار، — زىكرىنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى قاماللاپ بىرھازا باش چايقىشىدىن بوۋاي بىردەمدىلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى، — ھەي... ھەي، چاتاق... چاتاق...

— قېنى دېگىنە بالام، تۇغلۇققا زادى نېمە بوپتۇ؟

— بىز تۆت ئاغىنە پېشىندىن تارتىپ، پىدانىڭ ئۆيىدە تۇغلۇق توغرۇلۇق باش قاتۇردۇق.

— نېمە، نېمە؟ — بوۋاينىڭ يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ كەتتى، — تۇغلۇق بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان ئوخشىمامدۇ؟

چۈش پېشىندىن ئۆتكەندە زىكرى ئوتۇن يېرىۋېتىپ، ھويلىنىڭ شور تېمىدىن تۇغلۇق بىلەن مۇنۇرنىڭ بېشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ پالتىسىنى قويۇپ بويۇنداپ خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇردى. ئۇلار ئىككىسى تەتۈر سۆگەت قاپلىغان خالتا كوچىغا قايرىلىۋاتقاندا، زىكرى: «پىدانىڭ ئۆيىگە بارىدىكەن» دەپ جەزملىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىشنى بىئەپ كۆرگەن زىكرى بىرەر باھانە تېپىشى كېرەك ئىدى. توغرا ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئېشەك ھارۋىنىڭ چاقىغا يەل بېرىش ئۈچۈن ئارىيەت ئالغان پىدانىڭ ناسوسى ئېسىگە كەلدى ـ دە، خۇشلۇقىدىن ئالىقانلىرى ئىشقىلاپ كەتتى. ئۇ، يېرىۋاتقان ئوتۇننى تاشلاپ، ناسوسنى ئالدى ـ دە، پىدانىڭ ئۆيىگە جۆندى.

سەھرادىكى دېھقانلارنىڭ قورۇ — جايلىرى شەھەرلىكلەرنىڭكىدەك تولىمۇ پۇختا ياسالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئادەتتىكىدەك دەرۋازىلىرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ غارال بىلەن توسالغان بولىدۇ. پاسىل تاملىرى پاكار ھەم شور، ئۆيلىرىنىڭ

ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇقلا ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. تېخى ئىتلىرى شۇنچىلىك ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنكى ئۇلار تۇمشۇقلىرىنى چىۋىلىرىگە تىقىپ كەچكىچە ئۇخلايدۇ. سىرتتىن يات ئادەملەر كىرىپ قالغۇدەك بولسا، «بۇ بايقۇش بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ يېقىنىمۇ ئەمەسمۇ؟ ھاۋشايمۇ - ھاۋشىمايمۇ؟ ھاۋشىسام خوجايىن خاپا بولۇپ قالارمۇ؟ ۋاي بولدىلا نېمە بولسا بولمامدۇ...» دېگەندەك ياتقان پېتى بويىنى سىڭايان قىلىپ بىرھازا قاراپ كېتىدۇ. مانا شۇ تۇرقىدا ناسۇس كۆتۈرگەن زىكرى ھويلىغا بەخىرامان قەدەم ئالدى، دالان ئۆيگىمۇ كىردى. لېكىن ھېچكىم كاشىلا قىلمىدى. شۇڭا ئۇ مېھمانخانا ئۆيدە بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بەكمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. ئاندىن ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى - دە، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك:

— ھەي، ئاغىنىلەر، تۇغلۇق قىز ئەپقاچسا بىرسىڭ ئات، بىرسىڭ قامچا بولىدىكەنسەن... ئەمدى، زىكرى دېگەن بىر ئاغىنىمىز بار ئىدى، كۆزەتچىلىككە بولسىمۇ ياراپ قالار، دەپ قىيۇشمىدىڭما؟ ھەرقايسىڭنىمۇ قىيامەتلىك ئاغىنىلەر دەپ يۇرۇپتىمەن...، — دەپلا چالۋاقاپ كەتتى...

زىكرىنىڭ ئەمرۇللا بوۋاي ئالدىدا: «بىز تۆت ئاغىنە تۇغلۇق توغرۇلۇق باش قاتۇردۇق» دەپ پو ئېتىشى ئەنە شۇ ئىش ئىدى. زىكر، پىدانىڭ ئۆيىدە ئاڭلىۋالغان تۇردى نازىر، نەئىمە، خالىئاي ھەم تۇغلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىش، شۇنداقلا شۇ جايدا بولۇنغان گەپ - سۆز، ماجىرالارنى كۆپتۈرۈپ، چوڭايتىپ يەتكۈزدى. ھەتتا تۇردى نازىرنىڭ بۈگۈن تۇغلۇقنى بىر كاچات ئۇرغانلىقىنىمۇ چالا قويمىدى. بىردىنلا ئىچىدىن ئۆرلەپ كەلگەن غەزەپ ئەمرۇللا بوۋاينىڭ يۈزىگە تەپتى. ئۇ ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— قانداق يېرى «نازىر» ئۇنىڭ ھە؟— دېدى بوۋاي، ۋارقىراپ،— ئۆتمۈشتىكى مەسۇم شاڭيۇمۇ بىھۇدە ئادەم

ئۇرمايدىغان...

— ئاغىنىلەر «نەئىمەنى ئەپقېچىش كېرەك» دېيىشىدى، مەن ئۇلارنى توستۇم، — زىكرى بوۋايغا يالتىيىپ قاراپ قويىدى، — نازىرنىڭ قولىدا ھوقۇق، قانۇن بار... پۇل بار... ئالىمادىس تۇغلۇقنى سولىتىۋەتسە چاتاق ـ دە! تېخى ئاغىنىلەر: «غۇلجىدا قىز ئەپقېچىش مودا» دەپ تۇغلۇقنى كۈشكۈرتۈۋاتىدۇ...

— تۇسقۇنلۇق بولماپتۇ، بالام، تېگىل بولماپتۇ، — بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن چېقىن چېقىۋاتاتتى، — قىزنىڭ رايىغا بارمىغان خاۋارىشنىڭ ئاشۇنداق ئەدىبىنى بېرىش كېرەك. با مەسلىھەت قاچقان قىز ـ يىگىتنى سولايدىغان قانداق پۇچەك قانۇنكەن ئۇ؟ ... ئۇنداقتا غۇلجىدا قىز ـ يىگىت قالامدۇ؟

— بۇ... بۇ ئەمرۇل دادا، — زىكرى دۇدۇقلاپ كەتتى، — ئەمەلدارلار بىلەن پۇت تېپىشىپ بۇ چاغقىچە كىم پايدا ئالالىغان؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، تۇغلۇقنى مۇشۇ تارسۇدىن ئۆيلەپلا قويساق بولمىدىمۇ...

— بۇنى مېنى ئويلىمىدى دەمسەن، — بوۋاينىڭ ھاسا تۇتقان قوللىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى، — ئەڭ مۇھىمى، تۇغلۇق بالامنىڭ رازىلىقى بولۇش كېرەك... مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئۆلۈشكە رازى!

زىكرى تۇنجۇقۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى داۋاملىق يۆلەپ، قانات يېيىپ كېلىۋاتقان تۇغلۇقنى كەڭ ـ كۇشادە سېغىپ ئىچىش كويىدا سىڭلىسى بېشىرئاينى بەرگۈسى بار ئىدى. شۇڭا ئاپىسى رانەمنىمۇ ئىشقا سېلىپ باقتى... تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان، قول ئىلكىدە بار، سېخىي ھەم مەرد بۇنداق يىگىتنى تارسۇ كەتتى، ئېرەن يېزىسىلا ئەمەس، بەلكى يەتتە ئىقلىمدىن تاپماقمۇ تەس ئىدى. شۇڭا زىكرى دائىم تۇغلۇقنىڭ ئۆيلىنىشى توغرۇلۇق ئوغرىلىقچە تىڭ تىڭلاپ يۈرەتتى. مانا بۈگۈن تۇغلۇق بىلەن مۇنۇرنىڭ بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناسۇسنى باھانە قىلىپ

پىدانىڭ ئۆيىگە كىردى ھەم ئاڭلىغانلىرىنى ئەمرۇل بوۋايغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشمەكچى بولدى. بىراق بوۋاي ئۇنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىن چىقمىدى. شۇڭا ئۇ نېمە دېيەرىنى بىلمەي پۇشۇلداپ ئولتۇردى.

— ئەمرۇل دادا، تۇغلۇق كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۆزۈڭ «بىز تۆت ئاغىنە بىللە ئىدۇق» دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— بىز خېلى بۇرۇنلا تارقاپ چىققانىدۇق، — دېدى زىكرى تېلىققاندەك بولۇپ، — توغرا، مۇنۇر بىلەن پىدا تۇغلۇقنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىمىز، دېگەندەك قىلىۋىدى، ئېرەن بازىرىغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ...

— سەن بارماپسەنغۇ؟

— سېنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ بارمىدىم، — زىكرى ئورنىدىن تۇردى، — مەن قايتاي، بولدى ئورنىڭدىن تۇرما... كۆكتاتلىقىڭدىن ئازراق ئوتياش ئېلىۋالاي ھە؟!

— ئال - ئال...

شۇ كۈنى تۇغلۇق ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندىلا كەلدى. ئۇ بىرەر ئىشتىن قاتتىق خاپا بولغان چاغلاردىلا پىۋا ئىچىپ قوياتتى. شۇڭا بوۋاي ئۇنى خىجىل قىلماي دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، قەستەن خورەك تارتقان بولىۋالدى. ئەمرۇللا بوۋاي ئەتىسى ئەتىگەن چاي ۋاقتىدىلا تۇردى نازىر داچىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاسماقچىلاپ سوراپ كۆرگەن بولسىمۇ، تۇغلۇقنىڭ ئاغزىدىن بىرەر گەپ ئالالمىدى.

— بالام، سەن قانداقلىكى ئىش قىلساڭ مەن ساڭا ھەمقان بولالايمەن، — دېدى بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن، — چۈنكى سەن ئەقىللىق بالا، ھەممىنى ئويلاپ قىلىسەن... نەئىمەنى ئەپقېچىش ئويۇڭ بولسا مەندىن ئەنسىرىمە، ئويلاپ باقسام جانابى نازىر ئېرىمىگۈدەك...

— جېنىم دادا، ئىش ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنى يوق...

نەئىمەمۇ ئەپقاچىدىغان قىزلاردىن ئەمەس! ئۇ، ئوقۇمۇشلۇق، ئىبسىلزادە قىز،— تۇغلۇقنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى، — لېكىن مەن بۇگۈن نەئىمە بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتتىم...

— نېمە، نېمە؟ قانداق ئوچۇق قىلىۋەتتىڭ؟

— «بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ» دېدىم شۇ.

— ھەي ئەخمەق بالا، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەمدۇ ھە؟— بوۋاي ياش چايقىدى،— ھەر ئىككىڭلار ئۆمۈر بويى نادامەتتە ئۆتىسىلەر.

— ئەمىسە قانداق قىلاي، تۇردى نازىرنىڭ ئايىغىغا تىزلىنىپ يالۋۇرايمۇ؟— تۇغلۇق ياشلىرىنى سۈرتمىدى،— ئۇ... ئۇ دېگەن بىر تاش ئادەم... ئەبەدىلئەبەد ئېرىمەيدۇ...

— سېنىڭدەك ئوغۇلنى 18 مىڭ ئالەمگە چىراغ يېقىپمۇ تاپالمايدۇ،— دېدى ئەمىرۇللا بوۋاي ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ،— بولدى مەن ئۆزۈم بېرىپ سۆزلىشىمەن.

— جېنىم دادا، سېنىڭ بېرىشىڭ ھاجەتسىز، مەن... ئۇ قىز بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتتىم دېدىمغۇ... ئەمدى ئىلەشتۇرمىگەن سەن قالدىڭمۇ؟

— ھە، دېگىنە، ئۇ قىز قوشۇلدىمۇ؟

— ئۇ... ئۇ...، — تۇغلۇق دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمىدى،— قوشۇلسۇن - قوشۇلمىسۇن مېنىڭ نېمە ئىشىم...

— ھە، مانا دېمىدىممۇ، بىر ئاجىزەنى ئوتقا تاشلىۋەتتىم دېگىن...

— ۋاي... ۋاي بولدىلا...

تۇغلۇق ھارۋىسىنى قېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىلغا ماڭدى. ئەمما بوۋاي ئوغلىنىڭ يۈرىكىگە مەدەت بولسۇن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئوچۇق ئېيتتى:

— بالام، سەن ئۆزۈڭنى ئالدىما، بۇنداق قىلىش

نادانلىق... دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر، ھەل بولمايدىغان ماجىرالار يوق... نەئىمە قىز ئىككىگلارنىڭ تىلى، دىلى بىر يەردىن چىقسىلا، ئۈمىد ـ ئارزۇيۈگلارغا يېتەلەيسىلەر...

## 9

ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، داچىغا چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا سول تەرەپ — قورۇنىڭ ئەڭ بۇلۇڭىدا ئايازنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆيىنىڭ ئۇدۇل قارشىسىدا، يەنى قورۇنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭىدا بىر ماشىنا قويۇش ئۆيى بار. بۇ ماشىنا قويۇش ئۆيى بىلەن ھەيۋەتلىك داچا بىنا ئوتتۇرىسىدا بىر تاختا ئانارلىق ئېتىزى بار بولۇپ، قىپقىزىل مەخمەلدەك ئېسىلىپ تۇرغان ئانار چېچەكلىرى ھەم ئانار خەمەكلىرى خۇددى چوڭ ـ كىچىك پانۇسلارغا ئوخشايتتى.

ماشىنا قويۇش ئۆيى ئالدىدىكى چاققانغىنە سېمونت مەيداندا ئاياز چوڭ تۆمۈر باكتىن ناسوس ئارقىلىق چېلەككە بېنزىن چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئاشپەز ئايەتبۇ ماشىنىنى ھۆل ۋە قۇرۇق لۆڭگىدە پارقىرىتىپ سۈرتىۋاتاتتى. بۇ تۇل چوكان ئايسىمە ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر ئايازغا سىڭايان قاراپ جىلمىيىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ قولى ئىشتا بولسىمۇ، كۆزى ئايازنىڭ قاملاشقان بەستىدە ئىدى. ئەمما بۇ خوتۇنىنىڭ سۈيىنى قاچۇرۇپ، قاياقتىندۇر تۇردى ھەسەن جىددىيلەشكەن ھالدا يېتىپ كەلدى ـ دە، ئايازنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ بېشىنى سىلكىدى، ئاياز بېسىۋاتقان ناسوسنى توختىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— ھېلىقى بىر چاغدا نەئىمەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سەتلەشكەن پور كۆتەكتۇ؟ ئۇنىڭغا تېتىغۇچىلىكىم بار... لېكىنزە

ئۆزلىرىنىڭ بىللە كىرگەنلىرى ياخشى بولاتتى.
— دەۋاتــىــمــەنــغۇ، ئۇرۇمچىدىن بىر جۇيجاڭ ئاغىنىمىز كــەپــتىكەن، ھېلىلا تېلېفون كەلدى، ئۇ ھازىر داچىغا قاراپ كېلىۋېتىپــتۇ، — دېــدى تــۇردى ھەسەن سەل جىددىي قىياپەت-تە، — ھە، راست، پىچىقىڭنى ئېلىۋال، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق بولمىسا بولمايدۇ. قېنى پىچىقىڭ؟
— ئۆيدە، ئۇستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويغان.
— ئەكە ئاچقۇچىڭنى، — تۇردى ھەسەن ماشىنا يۇيۇۋاتقان ئايەتبۇگە قايرىلدى، — سىز ئاياز ئۆيىگە كىرىسىڭىز ئۇستەل ئــۇســتــىــدە غىلاپلىق پىچاق بار. شۇنى ئاچقىپ بېرىڭ، مانا ئاچقۇچ.
ئايەتبۇ غەلىتىلا ھېجىيىپ كېتىپ قالدى. ئاياز تەرلىرىنىمۇ سۇرتمەي ناسۇسنى باسماقتا ئىدى.
— قارا، ئاياز، — دېدى تۇردى ھەسەن جىددىــي تەلــەپپۇز-دا، — خالئاي بىر چاغدا قاۋۇزنى قاتتىق تىلىلىۋەتكەن. بۇ تەلۋە ئــۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان. شۇڭا خالئاينى ھەرگىز يالغۇز يېرىم قويما، ئۇقتۇڭمۇ؟ قاتتىق سەگەك بول!
— تــۇ نازىر، ئالىمادىس بىرەر ئىش يۈز بەرسە، قېنىم قىزىقراق ئادەممەن. ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇپ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام...
— قورقما، مەن ئىگە، ساقچى باشلىقى مەخمۇت زىيا مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ھەم ساۋاقدىشىم بولىدۇ.
تۇردى ھەسەن پەلەمپەيلەردىن قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چۈشۈۋاتقان خالئاينى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا تېز - تېز چامداپ يــېتىپ كەلدى ھەم قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، خالئاي بىردىنلا ئاچچىقلاپ قالدى.
— سىز نېمانداق گېپىڭىزدە تۇرمايدىغان ئادەم، — خالئاي ئــالــىقانلىرىغا ئۇردى، — تۈنۈگۈن بىللە بارىمەن دېگەنتىڭىز،

ئەجەب بۇگۇن يالتىيىپ قاپسىز. بولدى، مەنمۇ كوچىدىن تاكسى ياللاپ باراي.

— جىينىم خالئاي غەرەز ئۇقۇتۇپ ئۆلتۈرمىدىمكىن. ھازىر ئاغىنەم داچىغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنى قاتار چايغا ئاپىرىپ بىر ئوينىتىپ قويمىسام بولمايدۇ، — تۇردى ھەسەنمۇ ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئەگەر تاكسىدا بارىدىغان بولسىڭىز، ئاشۇ ئاسمانغا مىخ قاقىدىغان تۆرەم، ئاغىچىلارنىڭ ئالدىدا نومۇستا ئۆلتۈرۈسىز مېنى...

— ئاشۇ ئاياز ھەيدىگەن ماشىنىغا چۈشمەيمەن... بولدى، چوڭ يولدا تاكسى توسۇيمەن...

ئۇلار راسا تاكاللىشىپ تۇرغىنىدا نەئىمە ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇنىڭدىن تۇردى ھەسەن خېلىلا جانلاندى.

— قاراڭ، قىزىم نەئىمە، ئاپىڭىزنىڭ جاھىللىقىنى...

— ئاپا، بولدى قىلىڭە، دادامنى تولا تەڭلىكتە قويماڭ. ئايازكامىمۇ ماشىنىنى شۇنداق سىلىق ھەيدەيدىغۇ... تايىنلىق شۇ، ياراتمايۋاتىسىز شۇنداققۇ؟

ئەقىللىق ھەم زېرەك نەئىمە: «ئايازكامىمۇ ماشىنىنى سىلىق ھەيدەيدىغۇ، تايىنلىق شۇ ياراتمايۋاتىسىز، شۇنداققۇ؟» دېيىش ئارقىلىق ئاپىسىنىڭ بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە سادىر قىلغان سەۋەنلىكىنى چىچەنلىك بىلەن ئېسىگە سالدى. ئۇلۇشكۇن تۇردى ھەسەن ماشىنىسى بىلەن يېزا بازىرىغا كەتكەندە قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن خالئاي نەئىمە بىلەن مۇڭدىشىپ، بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگەنىدى. بۇ ئانا ـ بالا سىرداش دوست ھەم بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكلەردىن ئىدى. مانا ھازىرمۇ نەئىمە ئاپىسىنىڭ كەم ئەقىللىق قىلغانلىقىنى سىزىپ قالدى... توغرا ئەمەسمۇ؟ تۇردى ھەسەن كۇندەشلىك قىلغانىكەن، خالئاي نەزەر كۆزىگىمۇ ئالماي بەخىرامان يۈرگەندىلا گۇماندانلاردىن خالاس تاپىدۇ. چۈنكى

قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئىخلاسمەن چىرايىدىن، تۈز كىرىپ تۈز چىقىشلىرىدىن، سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇشلىرىدىن كۆڭلىگە ئەمىنلىك تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوقلا گەپلەرگە كايىپ: «سەن كۇندەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ ماشىنىسىغا چىقمايمەن»، «نېمە ئويۇنلارنى ئويناۋاتىسەن...»، «سېنىڭ ماشىناڭدا ئولتۇرماي تاكسىدا ماڭىمەن...» دېگەندەك چىدىماسلىق قىلساڭ، تېخى جاھىللىق بىلەن ئۆز گېپىڭنى يورغىلاتساڭ باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ، ھەرقانداق ئادەم «غىدىقى بارنىڭ قىچقىقى بار...» دېمەمدۇ!

قىزىغا ئىپتىخارلىق ھەم رازىمەنلىك بىلەن قارىغان خالئاي ماشىنىنىڭ ئارقا دىۋانىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى. تۇردى ھەسەن، نەئىمە، ئايەتبۇلەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قويدى.

دەرۋازا ئالدىدىكى توغرا كوچا گەرچە شەھەرگە يېقىن بولسىمۇ ئاسفالتلىق چوڭ يولغا چىققۇچە بولغان ئارىلىق خېلى ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتىكى تاشيول ئىدى، ئەمدى دەرۋازىغا روبىرو قارىشىپ تۇرغان بۈك - باراقسانلىق خالتا كوچا ئىككى يۈز مېتىرمۇ كەلمەيدۇ. بۇ كوچا گەرچە دېھقانلارغا ئۆيلۈك يەر كېسىپ بېرىلگەن ئون يىل ئىچىدە ئاپىرىدە بولغان بولسىمۇ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۆگەت تاللىرى بىر - بىرىگە تەزىم قىلغاندەك ئېگىلىپ قوشۇلۇپ كەتكەچكە، يول بەكمۇ سالقىن ھەم ھاۋالىق ئىدى. كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇستىنى يالپۇز، ياۋا بېدە، سېرىقيۆگەي ھەم سۇتلىگەن، تىلقاناتلار قاپلاپ كەتكەن چوڭقۇرلۇقتا بىر ئۆستەڭ سۇ گۇركىرەپ ئاقاتتى. باھار كېلىش بىلەن سۆگەتلەرنىڭ مايسىرەڭ چوكان - جالالىرى خۇددى قىزلارنىڭ ئۇششاق ئۆرۈم چاچلىرىدەك يولغا ساڭگىلىشىپ كەتكەچكە، بۇ كوچىنى «چوكانتال» كوچىسى دەپ ئاتايتتى. چىلانلىقنىڭ بۇنداق كۆجۈم، باراقسانلىق كوچىلىرى كۆپ ئىدى.

مانا مۇشۇ كوچىنىڭ بېشىدا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار، ئۈچ چاقلىق موتسىكىلىتلار، مېنىبۇسلار ئۆزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان چوڭ ئاسفالت يول كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بوستان شەھەر غۇلجىغا ئېلىپ بارىدىغان بۇ يول كەڭ، ئازادە، ئەينەك بېتىدەك تۈپتۈز، ئىككى تەرىپى بۈك ـ باراقسان دەرەخلىك ئىدى. بەزىدە شەھەردىكى گۈل ماگىزىنلىرى، گۈل بىلەن تەمىنلەيدىغان گۈلزارلىق ئېتىزلار ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان هالدا كۆرۈنىدۇ. قىزىل، سېرىق هال، ئاق ئەتىرگۈللەر، يەنە قانداقتۇر نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ پۇراقلىرى ماشىنا دېرىزىلىرىدىن گۇپۇلدەپ دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى شېرىن خىياللار ئالىمىگە ئېلىپ كېتىدۇ...

قاپقارا سانتانا شەهەر يولىدا ئۇچقاندەك چاپماقتا! دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، خىيالغا پاتقان خالئاينىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش تامچىسى ئاق مەرمەردەك سىلىق يۈزلىرىنى سۆيۈپ، يۇمران ئېڭەك ئاستىدا توختاپ قالدى. ئۇ، ئورنىدا تۈپتۈز ئولتۇرۇپ ماشىنا هەيدەۋاتقان ئايازنى كۆرگىنىدە تېخى ئۈنتۇلۇشقا ئۇلگۇرمىگەن، بىراق تولىمۇ يىراقتا قالغان ياشلىقى، شوخلۇقى، شۇنداق! ئەسلىگىنىدەك تاتلىققىنە خاتىرىمۇ قالمىغان، ئەكسىچە نومۇس ۋە ئۇياتسىزلىق، خورلۇق هەم نادامەتلىك يادنامىلىرى داغ بولۇپ ئويۇپ كەتكەن ياشلىقى ئايان بولدى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا هېلىقى شەرمەندە كۆرۈنۈش هېلىهەم ئەلەڭلەپ تۇرۇپتۇ... ئەنە قاپقارا كۆسەيگە ئايلانغان ئىككى جەسەت قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ... جىگدە شاخلىرىغا ئېلىنىپ قالغان. باغىرتاق، ئەر ـ ئاياللارنىڭ هەر رەڭدىكى ئىچكى كىيىملىرى... پايپاقلار... «بىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماڭلار...» دېگەندەك سەلكىن شامالدا هېلپىرلەپ تۇرۇپتۇ...

— خالئاي خانىم!

— هە، — خالئاي چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى...

— شەھەرگە كىرىپ قالدۇق، «ئادىمەتچىلىككە ئاپىرىدىغان تاتلىق - تۇرۇم ئالىمەن» دېگەندەك قىلىۋېدىڭىز...

— شۇنداق، تەشلەپكىدىكى سوۋېت بازىرىدا توختالڭ.

شەھەرنىڭ قاتناش تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ ئىدى. ماشىنىلارنى قالايمىقان توختىتىشقا قويمايتتى. شۇڭا ئاياز ماشىنىسىنى «يېشىلنۇر» رېستورانى ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا توختاتقاندىن كېيىن، خالىداي ئىككىسى سوۋېت بازىرىغا كىرىشتى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ داغدام يولى ئەڭ ئالدى بىلەن تىجارەتچىلەرنى جەننەتكە ئاپىرىدىغاندەك بازاردا ئالىدىغان ئادەمدىن ساتىدىغان ئادەم جىق ئىدى. ھەر خىل يېمەكلىكلەرمۇ ئاجايىپ مول بولۇپ، خېرىدارلار قايسىسىنى ئېلىپ قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي قالاتتى. خالىداي باقالى، قات - قات ھەم سوۋېت كەمپۈتلىرىدىن بولۇپ ھەربىرىنى جۈپ پەتنۇستىن قىلىپ بېرىشنى دېيىشى بىلەنلا دۇكاندار شۇئان ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالتە پەتنۇسنى گۈللۈك سۇلياۋلار بىلەن شۇنداق چىرايلىق ئورىدىكى، ئادەمنىڭ ئۇنى ئېچىشقا كۆزى قىيمايتتى.

ئاياز دەستىلەنگەن تۆت پەتنۇسنى، خالىداي ئىككىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ماشىنىغا چىقىشتى. ماشىنا شەھەردىن چىققۇچە ئاستىراق ماڭغان بولسىمۇ ئېلى دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان «ئايدىڭساي» ساياھەت رايونىغا كىرىشى بىلەن مېڭىشى تېزلەپ كەتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى شالاڭ، يوللىرى ئازادە بولغاچقا، ماشىنا ئەغزەم تۆرە داچىسىغا بىردەمدىلا كېلىپ قالدى. ئۇلارنى چېقىر كۆز، يۇمىلاق چوكان كۈتۈۋالدى.

— تىنچ تۇردىڭىزمۇ، تىنچ - ئامان كېلىپ قالدىڭىز-مۇ؟ — چېقىر كۆز چوكان خالىداينى قۇچاقلاپ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، — زەرىپخان ئاغىچا خېنىم سىلەرنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە ساقلاپ، تېخى ھېلىراقتا بىر نەزىرگە كىرىپ كەتكەن. تۆرەم ئاتام بىلەن قاۋۇز ئاكا ئابزەر خوجىنىڭ ئۆيىگە ئەتىگەندىلا

كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قاتار چېپىي كىچىك چوقۇردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوخشايدۇ. قېنى ئۆيسەن كىرىلى.

چېقىر كۆز چوكان ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

— ئاياز، — دېدى خالىئاي كەينىگە قايرىلىپ، — ماشىنىدىكى نەرسىلەرنى ئەكىرىشىپ بېرىڭ.

— بولىدۇ، خالئاي خانىم، باش ئۈستىگە!

چېقىر كۆز چوكان مېھماننى باشلاپ قويۇپلا، «چاي دەملەي» دەپ چىقىپ كەتتى. خالئاي بۇ كۆركەم لېكىن مېھرى سوغۇق مېھمانخانىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا كۆز تاشلىدى. مېھمانخانا ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بولۇپ، قوڭۇر رەڭ پولغا سېلىنغان ئەتىرگۈللۈك يېشىل گىلەم، ئۆي ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ھەم كەڭ تاماق ئۈستىلى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەترەڭ بولغار قاپلىق دىۋانلار، ئازادە، ئېگىز كۇنگۈرىلىك دېرىزىلەر، شۇنداقلا ئىشىك بېشىدىكى گەرنىزلەردىن ئېسىلىپ تۇرغان سۇس سۆسۈن رەڭ يىپەك پەردىلەر مېھمانخانىنى ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى. خالئاي ئىچىدە: «نازىر ئەپەندىم چاققانغىنا مېھمانخانىغا باشلىدى دەۋاتاتتى، بۇ ئەمەس ئىكەن ـ دە!» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇشىغا ئاياز دەستىلەنگەن تۆت پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاياز، قالغان ئىككى پەتنۇسنى ئەكىرىۋېتىپ، يىراققا كەتمەڭ، — دېدى خالئاي بوش ئاۋازدا، — ئايال خوجايىن بولمىغانىكەن، قويىدىغاننى قويۇپ، دەرھال كېتىمىز...

— بولىدۇ، خانىم...

زىيىنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، ئەغزەم تۆرىنىڭ داچا بىناسىغا كىرگەن ھامان ئەينەك پوللۇق يۇمىلاق سەينا، ئوڭ تەرەپتە بالكونلۇق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىدىغان ياي شەكىللىك پەلەمپەي بولۇپ، بالكون ئاستىدا، يەنى بىنانىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە دېرىزىلىرى باغ ئورمانلىقىغا

قارايدىغان ئىككى كارىدور بار ئىدى. بۇ كارىدولارنىڭ ھەربىرىدە ھوجرا، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى قويۇلغان چېنىقىش ئۆيى، مۇنچا، ئارامخانا... دېگەندەك ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەر بار ئىدى.

ئاياز مېھمانخانىدىن چىقىپلا ئەتراپقا سەپسالدى. چۈنكى تۆردى ھەسەننىڭ سۆزلىرى ئۇنى سەل چۆچۈتۈپ قويغانىدى. خۇددى «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ»، دېگەندەك ياندىكى ئۆيدىن بىر كىملەرنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاياز قىيا ئېچىقلىق ئىشىكنىڭ پەردە ئارىلىقىدىن بايىقى چېقىر كۆز چوكاننىڭ كىمگىدۇر گۇدۇڭلاپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. لېكىن يەنە بىر ئادەم ئىشىك ئارقىسىدا بولغاچقا كۆرگىلى بولمايتتى. يۈرىكى ئاغقان ئاياز: «زەرىپىخان نەزىردە، تۆرە بىلەن قاۋۇز ئابزەر خوجىنىڭكىگە كەتكەن تۇرسا، ئۇ، جۇۋان كىمگە گەپ قىلىۋاتقاندۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن ماشىنىدىن ئىككى پەتنۇسنى ئېلىپ، ئەينەكلىك سەيناغا كىردى - دە، ئوڭغا بۇرۇلدى. ئۇ كارىدوردا كېلىۋېتىپ، بايىقى ئۆيگە ئىختىيارسىز قاراپ سالدى - دە، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. چۈنكى قايرىلغان پەردە ئارىلىقىدىن قاۋۇزنىڭ قاپقارا، چوقۇر يۈزىنى كۆرۈپ قالدى. بەلكىم ئۇ، ئايازنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى چېقىر كۆز چوكاننىڭ دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، گەپ قىلماقچى بولۇپ دەرھاللا پەردىنى تارتىپ يۈزىنى يېپىۋالدى.

بۇگۈن بىر شۇملۇقنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئاياز مېھمانخانىغا چاندۇرماي كىردى. بۇ چاغدا چېقىر كۆز چوكان ئۈستەلگە تاتلىق - تۈرۈملارنى تىزىۋاتقان بولۇپ، توقاچلارنى ئۇششىتىۋاتاتتى. ئاياز پەتنۇسلارنى چوكانغا تۇتقۇزۇپ كەينىگە قايرىلىشى بىلەن خالىئاي ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن توختاتتى.

— ئاياز، مەن ھازىرلا چىقىمەن، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ تۇرۇڭ.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ خالىئاي خانىم، — دېدى چوكان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — مەن زەرىپىخان ئاغىچا خېنىمغا تېلېفون بېرىۋەتتىم. ئۇ، خالىئاي خانىم جىندەك ساقلىغاچ تۇرسۇن، ھېلىلا بارىمەن، دېگەن تۇرسا... كەتسىڭىز زەرىپىخان ئاغىچا خېنىم مېنى بوغۇپ قويار.

— تېلېفون بەرمىسىڭىز بوپتىكەن، نەزىر ئىگىلىرى ئاغرىنىپ قالار.

— ئاغرىنمايدۇ، ئۇلار مۇشۇ يەردىكى قوشنىلار.

ئاياز مىققىدە تولغان چېقىر كۆز چوكاننىڭ يالت - يۇلت ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە، تولغىنىپ تۇرۇپ كىرپىك قېقىشلىرىغا قاراپ: «ناز - كەرەشمىدە پىشقان چوكانكەن» دېگەن ئوي كۆڭلىگە كېلىشى بىلەن قاپاقلىرى مىژژىدە تۇرۇلدى.

— بوپتۇ، تېلېفون بېرىۋەتكەن بولسىڭىز ساقلاي، — دېدى خالىئاي ئايازغا قاراپ قويۇپ، — ئاياز، سىز شەھەردە قىلىدىغان ئىشلىرىڭىز بولسا، كېتىپ كۆن ئولتۇرا يېقىن كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ. زەرىپىخان ھەدەم كېلىپ قالسا تاپىنلىق قويۇپ بەرمەي، ھايال بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن...

— خانىم باشقا ئىشىممۇ يوق، داچا بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. باغ، ئورمان، گۈللۈكلەرنى ئايلانغاچ سەگىدەپ كەلمەمدىم.

ئاياز ھويلىغا چىقىپلا ماشىنىدىكى غىلاپلىق پىچىقىنى ئىشتان تاسمىسىغا ئۆتكۈزدى - دە، گۆرىستان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن داچىنىڭ ھەممە تەرىپىگە زەن سالدى. داچا بىناسىنىڭ ئوڭ — سول ھەم ئارقا تەرىپىدىكى چوڭ دېرىزىلەر باغ ئورمانلىقىغا قارايتتى. ئاياز بولسا قاۋۇزنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسىنى بىلىش ئۈچۈن باغ ئورمانلىقىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا چېقىر كۆز چوكان خالىئاينى چايغا زورلىماقتا ئىدى.

— ئىلگىچۇ خالىئاي ھەدە، ئۇسساپمۇ قالغانسىز؟ — دېدى چېقىر كۆز چوكان ئۆزىنىڭ چېيىنى ئوتلاپ قويۇپ، — بىرەر

تەخسە گۆش قورۇيمىكىن دېسەم، سىزنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. توي بولىدىغان سىڭلىمىز تويلۇق كۆرگىلى شەھەرگە كىرىپ كەتتى. توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭلا تۇتقاندەك بولىدە ئاران كەلگىنىڭىزدە...

— داستىخاندا يېيىملىك كۆپ تۇرسا، قورۇما قورۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ۋيەي، ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاغىچا خېنىم بەكمۇ مېھماندوست. بۇگۇن جۈمە بولغاچقا داچا خادىملىرى دەم ئالدى. ئىككى ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىشى بار ئەمەسمۇ، چاي ئىچىڭە قېنى...

خالئاي چاينى بىر ئوتلاپلا چىنىنى ئىككىنچى قولىغا ئالمىدى. چۈنكى چاي قانداقتۇر بەتتەم ھەم دات تېتىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ چوكاننىڭ زورلىشى بىلەن خىجىل بولغان خالئاي ئىككىنچى قېتىم بىر يۇتۇم ئىچىپلا سەسكەندى، ئەمما ئۇنىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى ئېغىرلاشقاندەك بولۇپ، مۈگدەك باسماقتا ئىدى. خالئاي كۆزلىرىنى بىر - ئىككى قېتىم ئۇۋۇلىدى، چېكىسىنى چىڭ سىقىپ باقتى... بىردىنلا، كىنولاردىكى ئۇيقۇ دورىسى بىلەن قەستلەش كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى خارابلاشماقتا ئىدى... چېقىر كۆز چوكان خالئاينىڭ ئاشۇنداق بولۇشىنى كۈتكەندەك ھجىيىپ قاراپ تۇراتتى. خالئاي ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇ تۆت - بەش بولۇپ كۆرۈندى... ھەم ئۇ، ئۇچۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى... خالئاي شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى، ئەمدى قاۋۇزنىڭ قولىدىن ساق چىقالمايدىغانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى...

— سەن... ئىپلاس... ۋۇي ... سېتىلما پاسكىنا! ... ئا... ياز...

بۇ چاغدا ئاياز باغ ئورمان ئىچىدە پىرقىراپ يۈرۈپ، ھەممە

دېرىزىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. بەزى دېرىزىلەرگە قاتمۇقات پەردە تارتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىچىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. بەزىلىرى بولسا ئادەمسىز بوش ئىدى. ئاخىرى ئۇ بىنانىڭ سول تەرىپىدىكى بىرىنچى دېرىزىگە قاراپلا بېشىنى دەرھال قاچۇردى. چۈنكى قاۋۇز ئۆرە تۇرغىنىچە قانداقتۇر قاپلىق بىرنەرسىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا بىرنەرسە سېلىۋاتاتتى. بۇ ئۆي ئۇستەل، پىرقىراتما ئورۇندۇق، تېلېۋىزور، ئۇنئالغۇ ھەم VCD جازىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، خىزمەت ئۆيى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئاياز دېرىزە كۆزنىكىگە تىكىپ تۇرغان ئالما شېخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ماراۋاتقاچقا، ئىچىدىكى ئادەم سىرتتىكى ئادەمنى ئانچە سېزەلمەيتتى. شۇ پەيتتە چېقىر كۆز چوكان ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كېلىپ نېمىلەرنىدۇر دېگەنىدى، قاۋۇز قولىدىكى قاپلىق نەرسىنى ئېلىپلا چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن چوكانمۇ يوقالدى. ئۇلارنىڭ جىددىي ھالىتى ئايازنىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى...

مەۋھۇم بىر ئەنسىزچىلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ئاياز باغ ئورمان ئىچىدە پۇتلىشىپ، يىقىلىپ ھويلىغا يۈگۈردى. بۇ چاغدا قاۋۇز بىلەن چېقىر كۆز چوكان مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. خالىئاي دىۋاندا بېشى مۇرىسىگە ساڭگىلىغان ھالدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەمما چىرايى قوۋۇزنىڭ سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— چاينىڭ ھەممىسىنى ئىچمەپتىغۇ، — دېدى قاۋۇز چوكانغا ئالىيىپ، — تولۇق بىھوش بولماپتۇ ـ دە!

— ئىككى يۇتۇم ئىچىپلا جايلاشتى. دورا سەل جىق بولۇپ كەتكەن چېغى...

— بىلىقىز، ماڭ، ئىشكىنىڭ ئىلغىرىنى سېلىۋەت، ھېلىقى سەھرالىق داڭگال كىرىپ قالمىسۇن.

قاۋۇز ئون ئالتە ياش قىزلاردەك غۇنچە بوي، ئەمما

مارجاندەك تولغان تەننى ھېچ كۆچمەيلا دەس كۆتۈردى ـ دە، مېھمانخانىدىن ئاچىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدور بويلاپ، ئەينەك پوللۇق سەيناغا كەلدى. ئاندىن ئوڭدىكى پەلەمپەي ئارقىلىق خالىئاينى ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

قاۋۇز خالىئاينى سۆسۈن گۈللۈك، قاپقارا يۇڭ ئەدىيال بىلەن ئورالغان كارىۋاتقا ياتقۇزدى ـ دە، كىيىملىرىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ سالدۇرۇشقا باشلىدى. خالىئاينىڭ كۆڭلەك، رۇباشكا، لىپتىك ۋە ئىچ كىيىملىرى بىر ـ بىرلەپ پولغا چۈشۈپ دۆۋىلەنمەكتە ئىدى... مانا شۇ چاغدىلا ئاللانىڭ سېھرىي كارامىتىنى نامايان قىلىدىغان بۇ نەپىس تەن قارا يۇڭ ئەدىيالدا تېخىمۇ يارقىن جىلۋىلىنىپ ئالماستەك ۋىلىقلىدى!... ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى... ئاق بېلىقتەك يوتىلىرى... ئىنچىكە بەللىرى... تولغان ساغرىسى... قاپقارا چاچلار، تولغىنىپ تۇرغان نازۇك بويۇن، يۇمىلاق مۇرىلەر ئايدىلەك نامايان بولدى... قاۋۇز تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدە يۇتتى، قولى ئىشتانبېغىغا يۈگۈردى... ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇلغان ئىدى. ئەمما بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىغان، تىللىغان، تاش ـ داشقاللار بىلەن ئىشىكنى ئۇرغان شىددەتلىك بىر ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈپ قورقۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى قورسىقىغا پۈكۈپ كەلگەن بىر پىلانى بار ئىدى... بۇ پىلان بىلەن ھەممە توسالغۇلارنى يوق قىلىش خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ئاسانغا چۈشەتتى... بۇنداق «ئۇلۇغ»، «كاتتا» پىلاننى مۇشۇنداق ئەپلىك پۇرسەتتە ئورۇنلالمىسا، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە!

— ئىشىكنى ئاچ دەيمەن، ھەي مۇناپىقلار! بولمىسا چېقىۋېتىمەن، گۆرىڭگە ئوت قويۇۋېتىمەن...

كۆتۈرۈلۈۋاتقان دەھشەتلىك غەلياندىن تەمتىرەپ قالغان قاۋۇز تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئالىي ئاپپاراتنىڭ قاپقاق

ئىبغىزىنى ئاچتى. ئۇ قايسىدۇر دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرى جاراڭلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا چۆچۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاپپاراتنى خالىئايغا توغرىلىغان قاۋۇز بىر ياقتىن تىللىغاچ، بىر ياقتىن ھەر خىل شەكىللەردە رەسىمگە تارتىشنى باشلىۋەتتى...

— ۋۇي پاسكىنا جالاپ، ئەمدى تىللىمامسەن؟ قېنى تىللا دەيمەن؟! قاۋۇز تىل ئىششىتىپ سۈكۈت قىلىدىغان لاتىلاردىن ئەمەس... بىلەمسەن، قوچقارنىڭ ئەنت ـ قىساسى مۈڭگۈزلىكىدە قالىدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى. «سەندەك تەلۋىگە قىز ئەمەس، ئىتتىنىڭ كۈچۈكىنىمۇ بەرمەيمەن» دېگەنىدىڭغۇ؟! مانا ئەمدى قىزىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قوينۇمغا سېلىپ بېرىسەن... بولمىسا بۇ رەسىملەرنى ھەممىگە تارقىتىپ رەسۋايىئالەم قىلىمەن...

ئالىي ئاپپارات بىر ياقتىن تىرسىلداپ، بىر ياقتىن يالت ـ يۇلت نۇر چاچاتتى.

— قاۋۇز دېگەن ھەزىلەك، مەن سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن! — قاۋۇزنىڭ قولىدىكى ئاپپارات چۈشۈپ كەتتى...

داچا بىنا ئىشىكىنى ئاچالمىغان ئاياز يەنە باغ ئورمانلىقىغا كىرىپ ھەممە دېرىزىلەرگە قاراپ چىقتى. بايىقى خىزمەت ئۆيىدىمۇ قاۋۇز كۆرۈنمەيتتى. ئايازنىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپسى تېزلەپ ئېغىر ھاسىرىدى! ئۇ تۆردى ھەسەندىن قورقۇپ قالمىدى. پەقەت پەرىشتىدەك بىر ئايالنىڭ قاۋۇزدەك قاباھەتلىك مەلئۇن قولىدا بۇلغىنىشىدىن دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشكەندى. ئۇ يەنە باغ ئورماندىن ئۇچقاندەك چىقىپ بىنا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز غەزەپ ھەم نەپرەت ئۇنى شۇنچىلىك غالجىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئارقىغا ئون نەچچە قەدەم چېكىنىپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىشىككە زەرب بىلەن تەپكەندى، ئىشىك ـ رامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن تاختاي ئاجراپ، ئەينەك

سەيناغا كىرىپ كەتتى... ئاياز قويۇندەك مېھمانخانىغا كىرگەن بولسىمۇ خالىئايىنى تاپالمىدى. شۇئا كەينىگە ياندى ـ دە، كارىدور بويلاپ يۈگۈرۈپ ئەينەك پوللۇق سەيناغا كېلىشكە پەلەمپەيدىن ئوغرىلىقچە چۈشۈۋاتقان چېقىر كۆز چوكان بىلىقىزنى كۆرۈپ قالدى. بىلىقىز ئايازنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قېچىشىگە ئاياز نەچچە پەلەمپەينى بىر تاقلاپ يېتىپ باردى ـ دە، ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ، پەلەمپەي سالاسۇنىغا قاتتىق نىقتىغانىدى، ئۇنىڭ قارىمۇتۇق يۈزى تېخىمۇ قارىداپ چېقىر كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دېدى.

— تېخى قاچماقچىمىدىڭ جالاپ، ئېيتە، خالىئاي نەدە؟

چېقىر كۆز بىلىقىز زۇۋان سۈرمىدى. ئاياز قولىنىڭ ئارقىسىدا بىر ھامپا سېلىپ قويۇۋەتكەنىدى، ئۇ پەلەمپەيلەردىن دومىلاپ ئەينەك سەيناغا چۈشتى. ئاياز ئۇنى پولغا نىقتاپ تۇرۇپ پىچىقىنى بوينىغا پاتۇردى. ئاياز بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بويۇن تېرىسى يېرىم سانتىمېتىردەك كېسىلىپ ئىسسىق قان يامراپ چىقتى. قورقۇپ كەتكەن چوكان ئىككىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى ئۆينى قولىدا كۆرسەتتى... ئاياز يۈگۈرۈپ چىققانچە پۈتۈن بەدىنى بىلەن ئىشىككە بىر ئۇرۇلغانىدى، ئىشىك كېشەكىدىكى كىلتاڭ تۆشۈكى سۇنۇپ، ئىشىك قانىتى ئېچىلىپ كەتتى. ئايازنىڭ قولىدىكى قانلىق پىچاقنى كۆرگەن قاۋۇز قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قولىدىكى ئاپپاراتنى ئاتتى. تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلگەن رەسىم ئاپپاراتى ئايازنىڭ قاڭشىرىغا كېلىپ تەگدى. يامراپ چىققان قان بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ھەم ئاپئاق كۆڭلىكىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. بىراق ئاياز كارىۋاتتا قىپيالىڭاچ ئوڭدىسىغا ياتقان خالىئايىنى كۆردى ـ دە، غەزىپىدە پىچاقنى بىر شىلتىش بىلەن قاۋۇزنىڭ مۈرىسىنى تىلىۋەتتى... ئاڭغىچە قاۋۇز قولاق

تۆۋگە تەگكەن بىر مۆشتتىن ئارقىچە سەنتۆرۈلۈپ ھەم پۆلاڭلاپ كارىدورغا يىقىلدى. ئاچچىقى ئۇغىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئاياز ئۇنى قارىقويۇق قوغلاپ يۈرۈپ بىرنەچچىنى سېلىشى بىلەن ئاغزى - بۇرنى قان يالىغان ئىتتەك بويۇلۇپ كەتتى. كارىدور ئوتتۇرىدا ئەلەڭلەپ تۇرغان خام سېمىز قاۋۇز ئۆزىنىڭ ئامان قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلىۋەتتى:

— جېنىم ئاكا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي... مەن... مەن خالىئاينى ھېچنېمە قىلمىدىم... نان دەسسەپ بېرەي... تۈزغا سىيىپ بېرەي، قۇرئان... قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرەي... پەقەت بىرنەچچە پارچە...

قاۋۇزنىڭ قىلىۋاتقان قەسەملىرى ئاياغلاشمايلا ھاۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر پەشۋا نەق سول يۈزىگە «قارس» قىلىپ تەگدى - دە، ئۇ ئىككى غۇلاچ قاڭقىپ پەلەمپەي گىرۋىكىگە يىقىلىپ قوپالمىدى. ئاياز ھۇجرىغا كىرىپلا پولدىكى ھەممە كىيىم - كېچەكنى يۆرلاپ ئېلىپ خالىئاينىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن چوڭ كارىۋات ئۈستىگە يېپىلغان سۆسۈن گۈللۈك قارا يۇڭ ئەدىيالدا خالىئاينى ئورىدى. مانا شۇ چاغدا خالىئاي بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئېتىپ كۆزلىرىنى ئاچماقچى بولدىيۇ، قاپاقلىرىنى كۆتۈرەلمىدى. ئەمما زەئىپ ئىڭراپ:

— ئاياز... ئاياز... جېنىم ئاياز... مېنى... مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېيەلىدى.

— خالىئاي خانىم، مەن قېشىڭىزدا، قورقماڭ... مەنلا بولىدىكەنمەن، سىزنى ھېچكىمگە تاك ئەتكۈزمەيمەن...

ئاياز ئەدىيالغا ھىم ئورالغان خالىئاينى دەس كۆتۈرۈپ كارىدورغا چىقتى. ئۇ پەلەمپەي ئالدىغا كەلگەندە قوللىرىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا ياتقان قاۋۇز بېشىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئاياز ئۇنى ئاتلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا

كۆزى لەپپىدە ئېچىلغان خالئاي بولسا ئايازنىڭ مۇرىسىدىن قانغا بويالغان قاۋۇزنى خىرە ـ شىرە كۆردى...

ئاياز ماشىنىنىڭ جۇپ ياستۇقىنى قويۇپ، ئەدىيالغا ئورالغان خالئاينى ئارقا دىۋانغا ياتقۇزدى. بىھوش قىلىش دورىسىنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك، خالئاينىڭ پۈتۈن تېنىدە مىسقالچە ماغدۇرى بولمىغاچقا كىيىملىرىنى ئۆزى كىيەلمەيتتى. «بىرئاز ئەسلىگە كېلىۋالسۇن» دەپ ئويلىغان ئاياز ئەدىيالنى قايتىدىن يۆگەۋاتقاندا، قانداقتۇر بىر ئىشنى كەم قىلغاندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى...

— خالئاي... خالئاي خانىم، — ئاياز ئۈنلۈكرەك چاقىرغاندىلا خالئاي كۆزىنى ئارانلا ئاچتى، — ئازراق تەخىر قىلىڭ، مەن بايىقى ئۆيگە كىرىپ چىقاي.

— ئەمدى... ئەمدى بولدى قىلىڭ،— ئايازنىڭ قانغا بويالغان ئۈستىۋېشىنى خالئاي ئەمدىلا كۆردى،— ئۇ... توڭگۇز ئۆلۈپ... قالمىسۇن...

— ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قولۇمنى پاسكىنا قىلمايمەن. مەن ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى تاشلاپ چىقىپتىمەن.

ئاياز كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدا رەسىم ئاپپاراتى بار ئىدى. ئۇ ئاپپاراتنى يېنىدىكى ئورۇنغا قويغاندىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى.

— خالئاي خانىم، ئەمىسە يۇرتىمىز چىلانلىققا كەتتۇق، — ماشىنا ئاستا قوزغالدى، — بىئارام بولسىڭىز مېنى نوقۇپ قويۇڭ بولامدۇ؟

— ھازىر قايسى ۋاق بولدى؟— خالئاي يىغلامسىراپ سورىدى.

— كەچ سائەت تۆتتىن ئاشتى، ئەمما كۈن ئولتۇرۇشقا خېلى بار.

خۇددى ئالۋاستى ـ جىنلار ئۇۋىسىدەك قورقۇنچلۇق، تەنلەر شۈركەنگۈدەك مېھرى سوغۇق، بىر قەپەس قانلىق ئېلىشىشتىن كېيىن تېخىمۇ سۈرلۈك تىمتاسچىلىقتا چۆكۈۋاتقان دوزاخ — ئەغزەم تۆرە داچىسى ئارقىدا قالدى... قاپقارا يالتىراپ تۇرغان سانتانا شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

— ئاياز... ئاياز...، — خالئاينىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، شۇنداقتىمۇ سەگەك ئولتۇرغان ئاياز ئېنىق ئاڭلىدى.

— خوش، خانىم.

— مېنى ئۇدۇل ئۆيگە ئەكىرمەڭ، ھېلىقى ئايەتبۇ دېگەن نازىرنىڭ قولىقى بار. بۇ سەتچىلىك تالا ـ تۈزلەرگە چىقىپ كەتمىسۇن...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. سىزنى ئېرەن دەريا ساھىلىدىكى ئەڭ پىنھان، ئەمما ئەڭ چىرايلىق بىر توقايلىقتا ئاپارسام مەندىن قورقمايدىغانسىز؟

— قاراڭ گېپىڭىزنى، سىز... سىز مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ قەدىرلىك ئادىمىم!

خالئاي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن تىنغانلىرى ئايازنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ ئالەم ئاشۇنداق تەڭشەلمىگەن ئالەم ئىكەن. ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق! خالئاينىڭ ئالدىنقى ئېرى مەسئۇد ياش، چىرايلىق، سۇباتلىق يىگىت بولسىمۇ، پەزىلەتسىز ئەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ پەزىلەتسىزلىكى ئاخىرى بېرىپ بېشىغا چىقتى. ئەمدى ئىككىنچى ئېرى — ئۆزىدىن ئون بەش، ئون ئالتە ياش چوڭ تۇردى ھەسەن بولسا خالئاينى جاندىن ئەزىز ياخشى كۆرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، نەئىمە ئۇنىڭ قىزى بولمىسىمۇ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدىنمۇ چارە كۆرۈپ ئەزىزلەيدۇ. شۇڭا قىزى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان

قىلغان خالىئاي — چىرايلىق، ياش ئاياللارغا ھېرىسمەن قېرى ئېرىنى ئەخلاق يۈزىسىدىنلا ياخشى كۆرىدۇ. ئەپسۇس تۇردى ھەسەننىڭ بىردىنبىر ئاجىزلىقى «پۇل ھەم ئەمەل» ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىكنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

كونىلار: «چىرايلىقلار ئۆز بەختسىزلىكى بىلەن تەڭ تۇغۇلىدۇ» دەپتىكەن. ھۆسن ـ جامالدا بەرقارار بۇ ئايال ھاياتىدىكى ئىككى ئەردىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان بەختكە ئېرىشەلمىدى. قىسقىسى، ئۇلاردا خالىئاي ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالىغۇدەك شىجائەت ھەم ئەرلىك غۇرۇر يوق ئىدى. مانا بۈگۈن ئاياز ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىدى، ئۆزىنىڭ باغرىغا تاڭغان خوتۇنى، ياخشى كۆرگەن ئادىمى ياكى ئاشنىسى بولمىسىمۇ، ئەرلىك شىجائىتى، ۋىجدانى، غۇرۇرى، ئەڭ مۇھىمى پەزىلىتى بىر ئاجىزەنى قۇتقۇزۇشقا دەۋەت قىلدى. شۇنداق، ئاياز سۆيۈشكە، سۆيۈلۈشكە لايىق ئەر!

دورىنىڭ زەھەرلىك كۈچىدىن ئۆزىگە بىر كېلىپ، بىر كېتىپ تۇرغان خالىئاي ئاياز ئەكەلگەن ئاپپاراتنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قانداقراق قورقۇنچلۇق پاجىئەگە يولۇققانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى. ئەگەر ئاياز بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ سۈيىقەستى چوقۇم رويابقا چىققان بولاتتى. ئۇنداقتا خالىئايغا ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى قالمايتتى. ئاياز گەرچە كۆپ ئوقۇمىغان چالا ساۋات دېھقان بولسىمۇ، ئاپپاراتنىڭ ھايات ـ ماماتلىق پاجىئەگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. خالىئاينىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر ئاچقۇچ ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى.

— خالىئاي خانىم، قانداقراق بولۇپ قالدىڭىز؟— ئاياز بولسا خالىئاينىڭ چوڭقۇر تىنغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلگەندى، — بېشىڭىزنىڭ ئاغرىقى بىرئاز قويۇپ بەردىمۇ؟

— بىرئاز ياخشى، لېكىن تاماقلىرىم قۇرۇپ كەتتى.
— ھېلىمۇ ياخشى ئىككى يۇتۇمدەك ئىچىپسىز، ئەگەر ھەممىسىنى ئىچكەن بولسىڭىز، ئەتىگىچىمۇ ئويغىنالمايدىغان ئوخشايسىز.
ئاياز ماشىنىنى يول چېتىگە توختىتىپ سوغۇق ئىچىملىك سېتىۋاتقان بوتكىچى ئايالغا ۋارقىرىدى:
— ماڭا ئانار سۈيىدە قىلىنغان سوغۇق ئىچىملىكتىن تۆت قۇتا، مىنېرال سۇدىن ئىككى بوتۇلكا ئەكېلىڭا.
ئايال سوغۇق ئىچىملىكنى ماشىنا دېرىزىسىدىن سۇنۇپ بېرىۋېتىپ: «ۋايجان ماۋۇ ئادەمنى!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. چۈنكى ئايازنىڭ يۈزىدىكى قېتىشىپ قالغان قاپقارا قانلارنى ھەم قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنىدى.
— بولدى، قورقماڭ، — ئاياز كۈلۈپ قويدى، — دەريا بويىغا ئوينىغىلى چىققان بىر گۇرۇھ بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم... بۇ تۇرقۇمدا ماشىنىدىن قانداق چۈشىمەن.
— خوتۇنىڭىز بەك چىرايلىقكەن ئەمەسمۇ، — دېدى بوتكىچى ئايال خالىئايىغا كۆز تاشلاپ، — بىركىم ساقال تاشلىغاندۇ تايىنلىق، سىزمۇ قاراپ تۇرمىدىڭىز - دە....
— راست دەيسىز، خوتۇن چىرايلىق بولسىمۇ بولمايدىكەن دەڭا.
— ھەي... مۇشۇ كەمدىكى ئەرلەر خوتۇن دېسە مانتىسىغا دۈم چۈشكەن...
— ۋاي - ۋۇي! نېمانداق ئاغزىڭىزنى بۇزىسىز، بوتكىڭىزدا يېگۈدەك بىرنېمە باردۇ؟
— يوقسۇ، ھەممىسى ئىچكۈلۈك...
— ئۇنداق بولسا ئاۋۇ ماگىزىندىن بولكىمۇ، پېچىنىمۇ، ئىشقىلىپ، يېگۈدەك بىرنېمە ئەكېلىپ بەرسىڭىزچۇ.

— ۋىيەي، دوُكىنىمچوُ؟
— مانا مەن قاراپ تۇرمامدىم...
بوتكىچى ئايال كېتىشى بىلەن ئاياز هوُپپىدە قىزىرىپ كەتكەن خالئايغا قاراپ كۇلۇپ قويدى. ئەجەب ئىش! بوتكىچى ئايال گەرچە بەكمۇ سەت گەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر كەپكۇر قوقاس چېچىۋەتكەندەك هەر ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىنى قىزىق بىر ئېقىن كۆيدۇرۇپ ئۆتتى. ئاياز تۇنجۇقۇپ كەتتى. خالئاينىڭ بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى.
ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتىدە ئېرەن دەرياسى قان ئۇيۇتمىسىدەك قىزارغانىدى. ئەتراپتىكى توقايلىق، ئېرەن ئورمانلىقى، دەريا قىرلىرىدىكى قومۇشلۇق هەم يېكەنلىكلەر جىمجىت سۇكۇتكە چۆمگەن شەپەق گۇگۇملىقىدا ماشىنا ئېرەن دەريا ساهىلىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ بارغانسېرى سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ سېرىقيۆگەي، يۆگىمەش گۇللەر چىرمىۋالغان قىرچىن تاللار پىنهانىغا كېلىپ ئاستا توختىدى. ئاياز خالئاينى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەدىيال بىلەنلا بىر توپ تۇخۇمەك دەرىخىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئوشۇقلا كەلگۇدەك كۆپكۆك چىمەنزار هەم ماماكاپ، يەنە قانداقتۇر ئۇششاق ئاق گۇللەر بىلەن قاپلانغان بۇ يەردىن ئېرەن دەرياسىنىڭ ئېقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئەتراپ پۈتۈنلەي بوك ئورمان هەم چاتقال بىلەن ئورالغانىدى. بىر قۇتا ئانار شەربىتى ئىچكەن خالئاينىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ خېلىلا ئوڭلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.
— خالئاي خانىم، مەن دەريا بويىغا بېرىپ يۈز- قوللىرىمنى يۇيۇپ كېلەي، — ئاياز «كىيىملىرىڭىزنى كىيىۋېلىڭ» دېيىشكە پېتىنالمىدى، — سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تۇزەشتۇرۇۋالامسىز؟
— ماقۇل، سىز كېتىۋېرىڭ، ئاپپاراتنى نەگە ئاپىرىسىز؟
— دەرياغا تاشلىۋېتىمەن.

ئاياز دەريا بويىدىكى قويۇق چاتقاللىق ئىچىدە غايىب بولغاندىن كېيىنلا خالىئاي ئەدىيالدىن بوشاندى. ئەمما ئۆزىنىڭ يالىڭاچ تۇرقىدىن قورقۇپ كەتتى. بىراق ئۆزىگە چېقىلغانلىق ئالامەت يوق ئىدى. ئايازمۇ: «قاۋۇز ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىپ، مەن ئۆيگە بېسىپ كىرگەن ئارىلىقتا ئون بەش مىنۇتمۇ ئۆتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋارقىراپ - جارقىراپ تىللاپ ئۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتتىم. قاۋۇزنىڭ مەقسىتى رەسىملەر ئارقىلىق نەئىمەنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەسمۇ...» دەپ يولدا كەلگىچە تەسەللى بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قاباھەتلىك مەلئۇننىڭ گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازدا قىلغان قەسىمىنى خالىئاي غۇۋا ئاڭلىغانىدى.

ئاياز دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەندە خالىئاي كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بولۇپ، ئەدىيالنى كۆپكۆك ئوتلاقتا سېلىپ قويغانىدى. ئەدىيال ئۈستىدە ئۈچ قۇتا ئانار شەربىتى ئىچىملىكى، ئىككى قۇتا مىنېرال سۇ ھەم بولكا - پېچىنىلەر تۇراتتى. ئاياز ئىچىملىك ھەم يېمەكلىكنى كۆرگەندىلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار «ئېلىڭ، بېقىڭ، قېنى ئىچىۋېلىڭ» دېيىشىپ قورسىقىنى تويغۇزغىچە كەچكى گۇگۇم ئورمانغا قاراڭغۇ تورلىرىنى يېيىشقا ئۈلگۈردى.

ئۇلار ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ ئەدىيال ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاياز خالىئاينىڭ سوئاللىرىغا قىسقا - قىسقا جاۋاب بېرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھاياجانغا سالغۇدەك ھايات كەچمىشلىرى يوق ئىدى.

ئاياز يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىللىرى دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاپىسى نۇربانۇم، ھەدىسى سائادەتلەر بىلەن يىغلا - قاخشا مەرھۇمنى باقىيغا ئۇزىتىپ قويۇشتى. «كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس» دېيىشىدىكەن، بەرھەق، بۇۋاي

شۇ كەتكەنچە كەتتى! خەۋىرى بولمىدى... ھەتتا بارا - بارا ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگىمۇ ئانچە كىرمەس بولدى. دېھقانچىلىق، ئاپىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش زىممىسىگە ئارتىلغان ئاياز مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈش، ھەدىسىنى قايناقا ياتلىق قىلىش جەريانلىرىدا ئەترەتكە خېلىلا كۆپ قەرزدار بولۇپ قالدى. شۇڭا ئوتتۇز ياشقىچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالمىدى.

— قايسى يىلىكى، ئەيتاۋۇر بىر يىلى، — ئاياز ئايسىمەگە ئائىت گەپ باشلانىدىغۇ ھاياجانلىنىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، — قايناقتىكى قۇدىلار قىزىنىڭ توينى قىلدى. ئاپام ئىككىمىز باردۇق. توي كاتتا بىر باغنىڭ ئىچىدە بولدى. نەغمە - ناۋا، ناخشا - پاخشا دېگەن تالقان تۆكتى بوپكەتتى دېمەمسىز. قارىسام جۇغى سىزچىلىكلا بىر قىز ئۇسسۇل ئويناپ كەتتىكى خۇدۇيۇم بولۇڭ، ئاغزىم كاككۇك بالىسىدەك ئېچىلىپلا قاپتۇ... ئۇ قىز قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، مۈرىلىرىنى سىلكىپ، ئويماقتەك ئېغىزلىرى تاتلىقىنە كۈلۈپ تېخى... پىرقىرىغىلى تۇرۇپتى، «خۇدايا تووۋا، ماۋۇ سەت ئادەم بالىسىمۇ ياكى جىنمۇ...» دەپلا قاپتىمەن... قارىسىڭىز ئۆزى جەينەكتەك، قارىقۇمچاق، كۆزلىرى چوڭ بولغىنى بىلەن بۇرنىنىڭ ئېگىرى پەس، ئاغزى ئويماقتەك خويمۇ چىرايلىقكىنە دەپ قالىسىزۇ، بىراق قاش - كىرپىكىنىڭ تايىنى يوقلا بىر قىز... ئۇھ، ئالله شەرىڭنى، ئۇدۇل كېلىپ مېنى ئۇسسۇلغا تارتىۋاتامدا... تۆگىنى ئۇسسۇلغا تارتساڭ بىر ئېتىز سەۋزىگە زىيان دېگەندەك، چۈشكىلى ئۇنىمىدىم. بىراقزە، ھېلىقى پۇچۇقنىڭ مەرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ، بىر ئوت، راست دەۋاتىمەن، ئوت... ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىقلاردىن بولمىغىنى بىلەن قىلىقى تاتلىق دېمەمسىز... ناخشىچىلارنىڭ:

قىلىقىڭنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق...

دەپ ئېيتقىنى بىكار ئەمەسكەن. مانا ئاشۇ قىز ئايسىمە... مېنىڭ ئايسىمەمنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىدى...

ئايـاز جىمىپ قالدى... خالئاي ئۇنىڭ ساددا، سەمىمىي گـەپلىرىدىن نە كۈلۈشنى، نە يىغلاشنى بىلەلمىدى. شۇنداق! ئەسلىدە مۇھەببەت ئەنە شۇنداق پاك، ئاددىي، پاكىز روھ ئىدى. كـۆڭلىدە كىر ھەم ھەسەت بولمىغان ئاۋام ئىچىدە ئۇ تېخىمۇ جىلۋىلىنىپ شولا چاچىدۇ. بىراق، شەھەرلىكلەر، ئېسىلزادە خېنىـم - بېگىملەر، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىدىغان قىز - يىگىتلەر، چىرايلىق ئايالنى ياسماي، چىرايلىق ياسانغان سەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدايدىغان ئەرلەر، بالا - نەۋرىلىرى تۆرۈلۈق قوش خوتۇنلۇق بولۇۋاتقان سودىگەرلەردىكى مۇھەببەت خـۇددى خـىمىـيە ئـوغـۇتتا ياشنىغان يېسىۋىلەكتەك ئاسانلا سېسىيدىغان مۇھەببەتتۇر!

— شۇنداق قىلىپ قاراڭ، بىز پۈتۈن جاھاننى ئاپئاق ئۆرۈك چـېچەكلىرى قاپلاپ كەتكەن چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە توي قـىلدۇق، — دېدى ئاياز ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئايغا قاراپ، — تولىمۇ خۇشاللىقىنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدىكەن. ئايسىمە تـۇغـالـماي، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بالىنى ئالدى. لېكىن ئوغلۇم ئارانلا بىر كۈن ياشىيالىدى... دوختۇرلار: «ئەمدى تۇغسا خەتەرلىك بولىدۇ» دەپ تۇغماسلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىۋەتكەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئايسىمە مەن ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى!

ھـەيـھـات! مـۇھـەبـبـەت توغرۇلۇق داستان، رومانلارنى كۆرمىگەن، ئىزگۈ تىلەكلەر، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار ھەققىدە

مەدداھلىق قىلمىغان، چىن مۇھەببەت، ۋىجدان، ۋاپا توغرۇلۇق ئــەھدۇ قەسەملەرنى ئىچمىگەن... بىر دېھقاننىڭ مۇھەببەتتىكى ساددا ئەمما ئۇلۇغ مىزاننى، دۇرۇس! ئۇنىڭ خۇددى ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرىدەك يۈرىكىنى كۆرۈڭ!...

بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي كۆكتە سەيلانە ئۈزگەچ ئېرەن دەريا بويىدىكى ئىككى دەردمەنگە قىيا باقتى... گويا ئۇ ئايازغا خەيرىخاھلىق قىلىۋاتقاندەك سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ھەم خــــالئـــايغـــا «نېمــە قېلىسەن دەرد ـ پــىغانــلارنـــى ئـىـچـىڭـدە ساقلاپ... سېنىڭ بۇ ھەمراھىڭ سىرلىرىڭنى ساقلاشتا بىباھا گۆھەردۇر...» دېگەندەك مەدەت بېرەتتى...

— خــالــئــاي، تــىــتــرەۋاتىسىزغۇ؟— سورىدى ئاياز، — ئەدىيالنى يېپىپ قويايمۇ؟

— ياق، بىرئاز جۇغجۇغ ئولىشىپ قالدى...

— مەن سىزنى يۆلەپ ئولتۇراي بولامدۇ؟

— ما... ماقۇل.

ئاياز ئېرەن دەرىخىگە، خالئاي ئايازغا يۆلەندى. شۇ بويىچە ئۇلار ئايغا تىكىلىپ قالدى. ئەرنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى مەسۇم ســەنەمنىڭ بويىندا ئىدى. مانا ئاشۇ دەقىقىدە خالئاينىڭ كۆز ئالدىدا ئايــىـمـە پەيـدا بولدى: ... «ئۇنــىڭ راسا قــىران ۋاقــتى دەڭــا... قــىـرىق ئالتە ياش ئەرلەرنىڭ بۆرە ۋاقتىمىش... ئۇ، ئۆزىنى ئازابلاش بەدىلىگە مېنى ئايايدۇ... ئاياز بەكمۇ ياخشى... قول ئىلكىمدە بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەي بىر توقالنى چېتىپ قويغان بولارىدىم...»

شۇنداق، خالئاي ھازىر ئاشۇ بۆرىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتۇ... ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىدىن ئۇرغۇغان سىرلىق ھارارەت خالئاينىڭ يۈرىكىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، بىھوشلۇق بۆشۈكىدە تەۋرەتمەكتە ئــىـدى. ئەرنىڭ تومۇرلىرىدا چاپچىۋاتقان شوخ قان خالئاينىڭ

يۈرىكىگە شىۋىرلايتتى… شىۋىرلىغانسېرى شېرىن ئازاب قېينايتتى… ئىرادىسى، كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - ئىدرىكى، ھېس - تۇيغۇلىرى قانچە پىشقان ھەم مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن زۇۋۇلىسى ئاياللىق لېيىدىن ئېلىنغان خالىئاي ئىگىسى ئاتا قىلغان چىن ھېسسىيات ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىدى…

— ئاياز…، — تولىمۇ تاتلىق شىۋىرلىدى خالىئاي ھەم يۇمشاق بىلەكلەر قاتتىق بويۇنلارغا يىلاندەك چىرماشتى… نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ئاياز غۇرتتىدە قىلىپ بىر يۇتۇندى. ئۇنىڭغا بىراۋلار نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى…

… «بېلىق، بەئەينى بېلىق… بېلىق دەۋا… ئەمچەكلىرى پىيالىدەك دۇپدۇگىلەك، تېرىسىدە تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ دۇمبە، ئىنچىكە بەللىرىنى يۇيۇپ كېلىپ ساغرىسىغا كەلگەندە قورقتۇم…»

مانا ئايسىمە دېگەن ئاشۇ بەدەنلىرى ئاقلىقتىن سۈس ھال رەڭدە پارقىرايدىغان بېلىقنى ئاياز ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ھەم دەس كۆتۈردى… مانا ئاشۇ بېلىق ئۇنىڭ قوينىدا پىلتىڭلاپ تولغىنىپ تۇرۇپتۇ! خالىئاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ نېمىنىدۇر كۈتمەكتە… يىرىك لەۋلىرىمۇ ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى… شۇنداق، يېقىنلاشتى - دە، ئۇچراشتى… ھەم بىرھازا جانلىرىغا جان قوشۇۋاتقاندەك تۇرۇپ قېلىشتى… بىراق ئاياز بېشىنى شارتلا تارتتى - دە، قاتتىق ھاسىراپ نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالدى…

— ياق، ياق… ئايسىمە ماڭا قاراپ تۇرىدۇ… لەھەت ئىچىدە ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە توپا قونماي تۇرۇپ گۇناھقا پاتتىم… گۇناھقا پاتتىم…

خالىئاي ئالىقانلىرىدا يۈزلىرىنى قامالاپ يىغلىۋەتتى…

# 10

شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خالىتاي ئۈچ ياشلىق قىزى نەئىمەنى يېتىلەپ مائارىپ ئىدارىسىغا كەلدى. باشلىق تۇردى ھەسەن نېمە ئۈچۈنكىن خالىتاي بىر كۈندە ئون قېتىم كەلسىمۇ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالمايتتى. ئەكسىچە تولىمۇ قىزغىن، سەممىي كۈتۈۋالاتتى. ھەتتا ئۈچ ياشلىق نەئىمەگە ئۈستەل تارتمىسىدىن كەمپۈت، پېچىنە، شاكىلات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى خالىتاي ھەيران بولۇپ:

— جۈيجاڭ، كىچىك بالىدەك تاتلىق نەرسىلەرگە ئامراقكەنسىز، — دېگەندى، تۇردى ھەسەن قىزارغىنىچە:

— بەزى ئوقۇتقۇچىلار بالىلىرىنى باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلار خاپا قىلىسا دەپ ئەكىرىپ قويىمەن، — دېگەندى.

خالىتاي باشلىقنىڭ ئىشكىنى ئەيمىنىپكىنە چەكتى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ قىزىنى يېتىلەپ كىرىپ، داۋاملىق ئولتۇرىدىغان دېرىزە تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، جۈيجاڭغا قىزارغىنىچە لاپپىدە قاراپ قويدى.

— خالىتاي، بىر ئايدىن بېرى كېلىپلاۋاتىسىز، شوپۇرلىرىمىز تولۇق تۇرسا مەسئۇدنى قەيەرگىمۇ قويارمىز، بۇ بىر راسا تەڭلىك بولدى دەڭا.

— ئىدارىنىڭ ماشىنا رېمونتخانىسىغا كىرگۈزۈپ قويسىڭىزمۇ بولىدىغۇ.

— ئەسلىدە رېمونتخانىغا ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بولسا بولاتتى، ئوقۇتقۇچىلار بالىلىرىنى تەڭلەپ تۇرۇۋېلىپ يەتتە ئادەم بولۇپ كەتتى.

— قـانـداقمۇ قىلارمەن، بىكارچىلىقتىن يەنە بىرەر ئىش تېرىپ قويارمىكىن دەپ يۈرىكىم ئېغىپلا تۇرىدۇ.

— خالىئاي، خالىئاي، ھەي خالىئاي، سىز نېمىدېگەن ئاق كـۆڭۈل، سـاددا ئـايالسىز، مانا بىر ئايدىن بېرى بوسۇغىنى تـېـشـۈەتكەندەك قىلدىڭىز، — تۇردى ھەسەن ئىشخانا ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ گەپ قىلىۋاتاتتى، — باشقا ئوقۇتقۇچىلار بولسا مەنمۇ زېرىككەن بولارىدىم. سىز ئۇچۇن قائىدىگە خىلاپ ئىشلارنى قـىـلـىـپ سالدىم. باشقىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىنى بولدى دېگۈچە ئاڭلىدىم.

— مـەن قـانـداق قـىلىمەن جۇيجاڭ، مەسئۇد تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن، — خالىئاي يىغلىۋەتتى، — ئۇنى ھېچقانداق ئورۇن ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇڭا تۆت مىڭ سوم بېرىپ، كازىۋەن شوپۇرلۇق مەكتىپىگە كىرگۈزدۇم. ئۈچ ئاي ئوقۇپ پراۋا بىلەن چىقتى. ماشىنا ئېلىپ بېرەي دېسەم ئۇنچىلىك كۆپ پۇل مەندە بولمىسا... شەخسلەرنىڭ كىرا سالىدىغان ماشىنىلىرى بولسىمۇ، تۇرمىدىن چىققانلاردىن قورقىدىكەن.

— خالىئاي، مۇنداق بولسۇن، رېمونتخانىدىكى بەكرى ئىش ھەققىنى ئاز كۆرۈپ دۇكان ئاچىمەن دېگۈدەك، ئەگەر شۇ كېتىپ قالسا ئېرىڭىز مەسئۇدنى ئويلىشىپ كۆرەيلى. ھە، ھەي، بولدى يىغلىماڭ... ئۆمچەيسىڭىز بىر چىرايلىق يۈزىڭىز قۇيماقتەك قورۇلۇپ كېتىدىكەن.

خالىئاي بىلىنەر ـ بىلىنمەس جىلمىيىپ تەتۈر قارىۋالدى.

— مـانـا، مـانـا كـۈلـۈپـتىڭىز، ھەشقىپىچەك گۈلىدەك ئېچىلىپلا كەتتىڭىز.

خالىئاي قىزى نەئىمەنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

... ئاتا ـ ئانىسى ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كـەتـكـەنـدە بەش ياشلىق خالىئاينى مومىسى بەرمىگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى قىرىق يىل ئۆتۈپ كەتتى. مومىسى ئاللىبۇرۇنلا

قازا قىلغانىدى. چەت ئەلدىكى ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن كېتىشتى. ئەمما ئىككى ئاكىسى قومغا چۈشكەن تامچىدەك ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. خالىداي مەسئۇد بىلەن بىر مەھەللىدە بىللە چوڭ بولۇپ بىللە ئۆسكەن، بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن قەدىناسلاردىن ئىدى. ئۇلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىللە ئوقۇدى. ئىمتىھانلارنى بىللە بېرىپ مائارىپ ئىنستىتۇتىغىمۇ بىللە كىردى. ئىككىنچى يىلىنىڭ بېشى ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشتى. بىراق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى مەسئۇد كوچا بالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ غەيرىي ئىشلارنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالدى. ئۇ بىر توپ ئاغىنىلىرى بىلەن چوڭ ماگىزىن، قاتناش بېكىتى، پويىز ئىستانسىسى، كىنوخانا ئالدىلىرىدا يانچۇقچىلىق قىلاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بەزى شېرىكلىرى شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتتىكى، بەزى كادىر ئائىلىلىرىنىڭ خىزمەتكە كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىشتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىرنەچچە يىغىنچاقلاش ئورۇنلىرى ھەم ساقچىخانىلاردىن كېپىل بولۇپ ئېلىپ چىقتى. بىر كۈنى خالىداي ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەسئۇد بۇ نازىنىن قىزنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ: «ئەتە شەنبە ياشلار باغچىسىغا بېرىپ سۆزلىشەيلى...» دېدى.

ئەتىسى كەچكە يېقىن ئۇلار ياشلار باغچىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى خىلۋەت بىر جايغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ يەرنى ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار ھەم قارىياغاچ كۆچەتلىرى قاپلاپ، چاتقاللىشىپ كەتكەچكە ھېچكىممۇ كەلمەيتتى. شۇنداقلا كۈن ئولتۇرىدىغان چاغ بولغاچقا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى...

— مەسئۇد، نېمانداق يەر بۇ، —خالىداي ئەتراپىغا

ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، — مەن قورقۇدىكەنمەن.

— كەچ تەرەپتە مۇئەللىملەر دەرستىن چۈشۈپ، تاماق سىڭدۈرگەچ باغ ئايلىنىدۇ، — دېدى مەسئۇد بىپەرۋا هالدا، — ئۇلار كۆرۈپ قالسا مەيلىما؟

ئۇلار يازدىن بېرى سۇ كۆرمىگەن سېمونت ئېرىقا پۇت ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ بىرهازا جىمىپ كەتتى. مەسئۇد يانچۇقىدىن ئىككى يۈز ئەللىك گراملىق «شىنيۇەن» هارىقىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم- بىر يۇتۇمدىن ئىچىشكە باشلىدى. مەسئۇدتىن بۇگۇن ئۇزۇل- كېسىل ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغان خالىداي ئۇنى چەكلەپمۇ ئولتۇرمىدى.

— مەسئۇد، ئويلاپ باقسام ئىككىمىزنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمىز، دۇنيا قارىشىمىز زادىلا ئوخشىمايدىكەن، — دېدى خالىداي تېلىقاندەك بولۇپ، — سىزمۇ تاللىغان يولىڭىزدا مېڭىڭ، مەنمۇ ئۆز يولۇمنى تېپىۋالاي...

— هە، يەنىچۇ، — مەسئۇد بىر كۆتۈرگەنچە بوتۇلكىنى يېرىملاشتۇردى، — قېنى سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە...

— مەن، بىزنىڭ مۇهەببىتىمىز باللىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن هەقىقىي چىن مۇهەببەت دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەمما...

— قېنى ئۈزلۈكسىز سۆزلەۋېرىڭ... ، — مەسئۇد بۇ قېتىم قالغان هاراقنىڭ هەممىنى ئىچىۋەتتى، بوتۇلكىنى قاياققىدۇر ئېتىۋەتتى. ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇلغانىدى...

— شۇڭا بىز...

— نېمە شۇڭا ئۇ؟ ئوچۇق دېمەمسەن؟ ۋۇي ۋىجدانسىز، مۇهەببەتنىڭ خائىنى...

— مەسئۇد سىز! ...

قەهرى - غەزەپ بىلەن چېكىسىگە تەگكەن بىر مۇشت خالىداينىڭ كۆزلىرىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، ئىلەڭ -

سىلەڭ بولدى ـ دە، ئولتۇرغان يېرىدىن سىيرىلغانچە سېمونت ئېرىق ئىچىگە يىقىلدى... مەستلىكتە خۇدىنى يوقاتقان مەسئۇد ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى ھەم يوپكا ئىچىگە قولىنى ئۇزاتتى...

خالىداي هوشىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ئىپپەت گۈلى ئاللىقاچان توزۇپ كەتكەنىدى...

— ھەي مۇناپىق لۈكچەك سەن... سەن مېنى نېمە قىلدىڭ ـ ھە؟— خالىداي يىغلىغانچە ئۇنى سىلكىمەكتە ئىدى، — مەن... مەن سېنى مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىگە دەيمەن... سېنى تۈرمىدە چىرىتىۋېتىمەن...

— ئۆزۈڭنى سازايى قىلىمەن دېسەڭ بېرىپ دېگىن، مەنغۇ بىرنەچچە يىل يېتىپ چىقارمەن، لېكىن سەن ئۆمۈر بويى بىر پارچە سېسىق لاتا بولۇپ قالىسەن.

مەسئۇدنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ياۋاش قىز كۆزىگە زورلىدى.

— خالىداي، خاپا بولماي مېنى كەچۈر، مەن سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئاشۇنداق ئىش يۈز بەردى. چۈنكى سەن ئايرىلىمەن دەۋاتساڭ...

— مەن... مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— «قانداق قىلىمەن» دېگىنىڭ نېمىسى، ئىككىمىز توي قىلىدىغان تۇرساق...

شۇنداق قىلىپ خالىداي مەسئۇدقا يېپىسىز باغلىنىپ قالدى. ئاردىن بىر ئايمۇ ئۆتمىدى بولغاي، مەسئۇد «قىزلارنى ئالداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇش، دەرس قالدۇرۇش» قاتارلىق خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن ھەيدەلدى، خالىداي ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەن مەسئۇد خالىداينى ئىزدەپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۆھمەت قۇربانى ئىكەنلىكى، ئەسلىدە مەكتەپ

مۇدىرنىڭ قىزى داۋاملىق خەت يازغانلىقى، لېكىن مەسئۇد: «مېنىڭ سۆيگۈنۈم بار» دەپ ئۇنىمىغانلىقى، ھەتتا بۇ توغرۇلۇق مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى چاقىرىپ: «خالئايدىن ئايرىلىپ، مېنىڭ قىزىمنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىساڭ، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن...» دەپ بېسىم ئىشلەتكەنلىكى قاتارلىق بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن خالئاينى ئېرىتىپ قويىدى. دېمىسىمۇ مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان بىر - ئىككى قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە مۇدىرنىڭ شاللاق قىزى بىلەن مەسئۇدنىڭ تانسا ئوينىغانلىقىنى خالئاي كۆرگەنىدى. خالئاي ئويلىنىپ قالدى. دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم يوق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككىسى بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ بالىلىقى، ياشلىقى بىرگە ئۆتكەن يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئەگەر خالئاي ئۇنىڭ بىلەن ئۆتمىگەن تەقدىردە ئۆمۈر بويى ئاشۇنداق سالتاڭ ئۆتۈپ كەتسە بولاتتى.

بىر كۈنى خالئاي مەسئۇدنى باشلاپ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى تۇردى ھەسەننىڭ ئۆيىگە باردى. باشلىقنىڭ ئايالى پەخرىنىسا بىلتۇرەن (دېۋىزىيە) سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى بولۇپ، يېشى خالئايدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى. جۇيجاڭنىڭ ئالدىنقى ئايالىمۇ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك ئىدى. خالئاي مەسئۇدنىڭ تۆھمەت قۇربانى بولۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغانلىقى قاتارلىق ئالدىن تەييارلىۋالغان گەپلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاندىن مەسئۇدنى بىرەر مەكتەپكە قارا ئىشچى قىلىپ بولسىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. قىزىق ئىش، خالئاي نېمىلىكى دېسە تۇردى ھەسەن باشلىقلىق كىبىرى بىلەن كېسىپلا «ياق...» دېيەلمەيتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىمۇ بىرىنچى قېتىم 3 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىدى. قالغانلار ئالدى ئۈچ ئاي، كەينى بىر يىل مېڭىشتى. مانا ھازىرمۇ مەكتەپتىن «قوغلاندى» قىلىنغان بىر ئەخلاقسىز بالىنى كېسىپ رەت

قىلالماي بوشىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان پەخىرنىسا پات ـ پاتلا ئىچكەركى ھۇجرا ئىشىكىدىن قىيا بېقىپ مەسئۇدنىڭ قاپقارا، يىرىك چاچلىرىغا، قويۇق توم قاشلىرىغا، كۆكۈچ تولغان ئېڭەكلىرىگە، قاڭشارلىق ئېگىز بۇرنىغا، قىسقىسى، قاملاشقان بەستىگە يوشۇرۇن قاراپ قوياتتى...

— جۇيجاڭ، — دېدى خالىئاي يېلىنغان تەلەپپۇزدا، — بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قاراۋۇللۇقى بولسىمۇ بولاتتى.

— قاراۋۇللۇق دېگەن نېمە ئۇ؟ — پەخىرنىسا قاپاقلىرىنى سوزۇپ بوسۇغىدا پەيدا بولدى، — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بالا بولغاندىن كېيىن، بىرەر مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق (دەيكى) ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ قويسا بولمامدۇ؟

مەسئۇد مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن پەخىرنىساغا لەپپىدە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ھازىر مەكتەپلەردە شتات كۆپىيىپ كەتتى، — تۇردى ھەسەن باش چايقىدى، — يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن كۆپ ئارتۇق.

— بۇ سىزگە موللامنىڭ سۇرۇنىسىدەك ياد بولۇپ كەتكەن گەپلەر، ئاشۇنداق دەپ تۇرۇپمۇ خېلى ـ خېلىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدىڭىز، — پەخىرنىسا بوينىنى تولغاپ كىرىپ كەتتى.

— مۇنداق بولسۇن، مەن مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ جاۋابىنى بېرەي بولامدۇ، خالىئاي...، — تۇردى ھەسەن خالىئاينىڭ دولىسىغا ئەيمىنىپكىنە بوش ئۇرۇپ قويدى. ئەمما ئەتىسى خالىئاينى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ: «مەسئۇد سىزنىڭ خېلىڭىز ئەمەس، ئۆزىڭىزنى خار قىلماڭ» دېگەن بىر نۇقتىدا كۆپ تەربىيە قىلغان بولسىمۇ خالىئاي يىغلىسا ـ يىغلىدىكى، ئۇندىمەي جىم ئولتۇرۇۋالدى.

مەسئۇد شەھەرلىك «بەخت» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ بەلگىلىنىپ ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە خالىئاي بىلەن توي قىلدى. ئۇلار توي قىلغان ئون بىرىنچى كۈنى ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىشتى. «بەخت» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دالا ساياھىتىگە چىققاندا مەسئۇد يېڭىلا توي قىلغان ياش بىر ئوقۇتقۇچىنى ئورمانلىقتا ئالداپ ئاپىرىپ باسقۇنچىلىق قىلغانىدى.

تۆت يىللىق كېسىلگەن مەسئۇد ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلىپ توققۇز ئايدىن ئاشقاندا خالىئاي قىز تۇغدى. ئۇ قىزىنى بىرەر - ئىككى يىل كۆتۈرۈپ، ئاندىن يېتىلەپ دېگەندەك يەسلىگە — خىزمەت ئورنىغا قاتنايتتى. تۈرمىگە بېرىپ ئېرىنى يوقلايتتى. قىسقىسى، بۇ تۆت يىلنى بەكمۇ تەستە توشقازدى. ئۇنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققىتىگە قارىغاندا مەسئۇدنىڭ كەلتۈرگەن خورلۇقى، دەپسەندە قىلىشى خالىئاينى ئىچىدىن تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئەمما ئارىدا بىر بالا بولغانىكەن. يەنىلا سەۋر قىلىشى كېرەك. ئەمدى تۈرمىگە كىرگەن بۇ قاشقىلىق بۆرىنى ھېچكىم قوتىنىغا يېقىن يولاتمايدىغانلىقى ئېنىق. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بالىلار ئىش تاپالماي يۈرۈۋاتسا ئۇنىڭغا نەدە تۇرۇپتۇ؟ شۇڭا خالىئاي قىزى ئۈچۈن يىغىپ قويغان تۆت مىڭ سومنى تۆلەپ، ئېرىنى شوپۇرلۇقتا ئوقۇتقان ئىدى. مانا ئەمدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رېمونتخانىسىدىمۇ ئورۇن تەگمەيۋاتىدۇ...

«يېتىمنىڭ بېشىنى خۇدا ئوڭلايدۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. بىر ئاجىزەنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرى، كۆرگەن خورلۇقلىرى، شامۇ سەھەرلەردە تۆككەن ياشلىرى، قىلغان نالە - پىغانلىرى خۇداغا يەتكەن چېغى، بىر كۈنى تۇردى ھەسەن خالىئاينىڭ مەكتىپىگە تېلېفون بېرىپ، مەسئۇد بىلەن بىللە كېلىشنى ئېيتتى. ئۇلار كەچتە بىرمۇنچە سوۋغاتلارنى

ئېلىپ كېلىشتى. پەخىرنىسا مەسئۇدنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا مېھماندوستلۇق قىلدى. تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزىپ، ئاۋۋال سىنچاي قىلدى. ئاندىن ئىككى تەخسە گۆش قورۇمىسى قورۇپ كىردى.

— خالئاي، تەلىيىڭىز باركەن جۇمۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن خالئاينىڭ گۈلدەك چىرايىدىن بەھرىلىنىپ، — مېنىڭ ماشىنامىنى ھەيدەيدىغان ئابىت ئۆمەر ئەمگەك ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەتتى. شۇڭا مەسئۇد سىناق تەرىقىسىدە ھەيدەپ باقسا، ئەگەر ئىدارىدىكىلەرگە ياراپ قالسا، كېيىنچە رەسمىيلەشتۈرۈپ ئالىمىزمۇ!

— رەھمەت، جۇيجاڭ... مەن... مەن چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن، — مەسئۇد ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھۇيت، يىگىت، — پەخىرنىسا كۆزلىرىنى ئوينايتتى، — مەن دېمىگەن بولسام نەدىكەن بۇنداق ياخشى ئىش؟ ئەمدى رەھمەت باشقىلارغا تەئەللۇق بوپقالدا...

— رەھمەت، سىزگىمۇ رەھمەت، — مەسئۇد پەخىرنىسانىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ يەرگە قارىدى.

— پەخىرنىسا، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى خىجىل قىلىش ئەخلاق مىزانىغا خىلاپ، — دەپ قويدى تۇردى ھەسەن سىپايىگەرلىك بىلەن، — خاپا بولماڭ مەسئۇد، پەخىرنىسانىڭ كۆڭلى تۈز، بەزى گەپلەرنى ئويلاشمايلا قىلىپ قويدى.

توۋا! خالئاي تۇردى ھەسەننىڭ شەھۋەتكە تولغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، مەسئۇد پەخىرنىسانىڭ ھاياسىز قاراشلىرىدىن ئەيمىنىپ يەرگە قارايتتى. بىراق كۆڭلىدە شەيتىنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى... مۇشۇ زاماننىڭ ئادەملىرىگە ھەسسىنە دېيمىزۇ، ئەمما ئامالسىز! قاراڭ، تۇردى ھەسەننىڭ خالئايغا خام تەمەدە بولۇۋاتقانلىقى خوتۇنىغا ئايان!... پەخىرنىسا مەسئۇدقا كۆرسىتىۋاتقان نازلىرىنىڭ تېگىگە جۇيجاڭ بۇرۇنلا يېتىپ قالغان

... خالئاي تۇردى ھەسەننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ... ئېرى مەسئۇدنىڭمۇ پەخىرنىساغا يوشۇرۇن قاراشلىرىدىن يۈرىكى سۇ... قىسقىسى، ئۇلار كېيىنكى پەردىدە نېمە ئوينايدىغانلىرى بىر - بىرىگە ئايان بولغان بىر سەھنىدىكى ئارتىسلار! ...

خەيرىيەت! مەسئۇد ئىشقا چۈشۈپ كەتتى... ئۇ تۇردى ھەسەننى يىراق - يېقىن كاماندىروپكىلارغا ئاپىراتتى. يىغىنلارغا قاتنىشىپ قالسا زېرىكمەي - تېرىكمەي ساقلايتتى. ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، شەھەرگە قاراشلىق تېخنىكوملارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېرىپ قالسا مەسئۇد كابىنكىسىنىڭ دېرىزىسىدىن قىز - چوكان ئوقۇتقۇچىلارنى «باھالاپ» ھەر خىل يالاڭ يوتىلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ، كۆزىنىڭ پىتىنى ئۆلتۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ئەڭ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغىنى ھەپتىدە بىرەر - ئىككى قېتىم شەھەر سىرتىدىكى دېۋېزىيە سەنئەت ئۆمىكىدىن پەخىرنىسانى ئەكېلىش ئىدى...

«— ۋىيەي، مەسئۇد، ئۆيگە نېمانچە ئالدىرايسىز؟— دەيتتى پەخىرنىسا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان مەسئۇدنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ،— شەھەرنى يەنە بىر ئايلىنايلىچۇ... ئۆيگە بارسىڭىزمۇ خوتۇنىڭىز دېگەن جادى بالىڭىزنى قولتۇقلىتىپ قويىدۇ شۇ...»

«— مەسئۇد، ئاۋۇ دەرەخلىك ئەجەب قاراڭغۇ ئىكەن... ئەشەگە ھەيدىڭا... توختاڭ تۇگمىڭىزنى ئۆزۈم يېشەي...»

«— ئۇھ يېنىكلا بولۇپ قالدىما، خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغاندەك،— دەيتتى مەسئۇدنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋالغان پەخىرنىسا، — خويمۇ سەسكەندىمغۇ ھېلىقى قېرى چوشقىدىن...»

بىر كۈنى مەسئۇد:

— ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمىگەن بىر چوڭ ئادەمگە نېمىشقا تەگدىڭىز؟— دەپ سورىدى. پەخىرنىسا ھېچ تەپتارتمايلا:

— ئۇنىڭ دېگەن پۇلى جىق ئوقتىكىزما؟ — دېگىنىچە كۆزلىرىنى قىستى.

— ناھايىتى شۇ ماقارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغۇ، — دېدى مەسئۇد مەنسىتمىگەندەك قىلىپ، — ئۇ چوڭ ئەمەلدار ياكى كاتتا سودىگەر بولمىسا!

— سىز ئۇقمايسىز، ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن كىرىپ تۇرىدۇ، — پەخىرنىسانىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە كىرەلمىگەنلەر، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار، كەسپىي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلار، ئۇ مەكتەپتىن بۇ مەكتەپكە يۆتكەلمەكچى بولغانلار، ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلار، ئۆي تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس يازغانلار، ئۇنۋان ئالماقچى بولغانلار، شياڭاڭ ئوبىيېكتىلىرى، قىسقىسى، مائاش باھالاش پەيتلىرى دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كىرىدىغان نەق پۇل، ھەر خىل بۇيۇملار ساماندەك، تېخى يېمەك - ئىچمەكتەك نەرسىلەرغۇ بىر سېسىمچىلىق…

— مۇنداق دەڭ!

— ھەي مەسئۇد، مەن ئاۋۇ قېرىدىن ئاجراشسام مېنى ئالامسىز؟

— مېنىڭ پۇلۇم بولمىسا، جۇيجاڭنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالسام ئۇ مەندىن ماشىنىنى تارتىۋېلىپ كۆتۈمگە تەپسە، سىزمۇ مەندەك دىۋانىنىڭ مەيدىسىگە تېپەرسىز…

— ھەي، غورۇرسىز ئەبلەخ، — پەخىرنىسا ھېچكىمدىن تەپتارتمايتتى، — ئۇ قېرى سىزدەك مەھبۇسنى بىكارغا قوبۇل قىلمىدى…

— بولدى، بەس! — مەسئۇد غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى، — مەن ئۇنى تۆت يىل بۇرۇنلا بىلىپ بولغان… ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن ئويىنسا، مەنمۇ ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن كۆڭۈل

ئېچىۋاتىمەنغۇ… تېخى مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ سايىسىدا سايىداي-ـمەن… ماشىنىسىنى ئۆزۈمنىڭكىدەك ئىشلىتىمەن… بۇ ئەنە شۇنداق ئۆتىنگە لايىقۇت ئالەم، ئۇقتىڭىزما؟ !…

ئاجايىپ سىرلىق بىر ئىش! پەخىرنىسا قەيەرگە بارمىسۇن، نېمە ئىش قىلمىسۇن، تۇردى ھەسەن خۇددى پال سالغاندەك بىلىپ بولاتتى… ھەم «كۆرگەن چۇشۇم» دەپ پەخىرنىسانىڭ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى…

«— قارالىڭ، پەخىرنىسا، كېچىدىن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن… سىز بىر ئاق سېرىق، ئېگىز يىگىت بىلەن تانسخانىغا كىرگۇدەكسىز… بىر چاغدا قارا، سېمىز، چىشلىرى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان بىرسى سىزنى تانسىغا تارتقانىدى. سىز تۇرغىلى ئۇنىمىدىڭىز، ھېلىقى قارا ئادەم سىزنى بىر كاچات سالغۇدەك… ئاڭغىچە ئويغىنىپ كەتتىم…»

«— توۋا دەيمەن، سەھەردە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، سىز قوللىرى، پۇتلىرى، بويۇنلىرى، توغرىسى ھەممە يېرى دىقماق بىر ئادەم بىلەن خۇشىيەنچى كۆلىدە سۇغا چۆمۈلۈۋېتىپ، ئالتۇن زەنجىرىڭىز ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتكۇدەك… ھېلىقى ئادەم: ‹بولدى، مەن ئېسىلىپ ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن› دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇۋاتقۇدەك…»

پەخىرنىسا شۇنىڭدىن بېرى نەگە بارسۇن، كىم بىلەن ئوينىسۇن، ئەتراپىغا بەكمۇ زەن سالىدىغان بولۇپ قالدى. كىمدۇر بىرى، قانداقتۇر يات كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك، يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى ئېرىنىڭ كۆرۈۋاتقان «چۈش»لىرى خۇددى ئۇستىدە قاراپ تۇرغاندەك سۈرەتلەپ بېرەلەيتتى… ئەمدى ماشىنا ئىچىدىكى ئىش بولسىمۇ بىرەر يەرگە بېكىتىپ قويغان تىڭشىغۇچتىن گۇمان قىلىشقا بولاتتى. بىراق تۇردى ھەسەن يىراق - يېقىن، ئاشكارا - پىنھان، تالا - تۈز دېمەي «چۈش» كۆرۈۋېرەتتى.

خۇدا ئىككى «ئاشىق ـ مەشۇق» نىڭ دەردىگە يەتتىمۇ قانداق، مەسئۇد بىلەن پەخىرنىسانىڭ ئىشلىرى باشلىنىپ تاكى قىيامىغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا تۆردى ھەسەن چۈش كۆرمىدى. كۆرگەن تەقدىردىمۇ دېگىنى كەلمىدى، پەخىرنىساغا تاپا ـ تەنىمۇ قىلمىدى. پەقەت سىرلىق كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى سالاپەتلىك گىلدىڭلىتىپ قويۇپ جىمجىت يۈردى. ئەمما ئۇ بېيجىڭغا يىغىنغا كېتىپ بەشىنچى كۈنى بىر ساقچى ماشىنىسى مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ساقچى باشلىقى بولسا كېرەك، شوپۇرلۇق پراۋا، رەسمىيەت تۆلەش كىنىشكىلىرىنى خالىئايغا كۆرسىتىپ: «بۇ سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن خالىئاي بېشىنى ئارانلا لىڭشىتتى. ئارقىدىن جۈيجاڭنىڭ ئايالى پەخىرنىسانىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆرسەتتى. خالىئاينىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، تىزلىرىدا جان قالمىدى. ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى دىر ـ دىر تىترەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «مەسئۇد بىلەن پەخىرنىسا بۇزۇقچىلىق ئۈستىدە تۇتۇلغان ئوخشايدۇ...» دېگەن ئوي كەلگەنىدى. لېكىن ۋەقە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. شەھەر سىرتىدىكى «قارىياغاچلىق» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئورماندا بىر كىچىك ماشىنا پارتلاپ ئىچىدىكى ئىككى جەسەت قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. كىنىشكا ھەم پراۋا دەل ـ دەرەخلەرگە ئېلىشىپ قالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ يانچۇقلىرىدىن تېپىلغاندەك قىلاتتى...

ساقچى ماشىنىسى خالىئاينى نەق مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. خالىئاي ئىنتايىن ئۈياتلىق مەنزىرىگە بىرلا قاراپ، ئايلىنىپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. دۇنيادا ئايال كىشى ئۈچۈن بۇنداق شەرمەندە خورلۇق، نادامەت ئىسكەنجىلىرى بولمىسا كېرەك. خۇدا بۇنداق قاباھەتلىك كۆرۈنۈشنى كۆرسەتكۈچە، دورىدا قىيناپ، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ، ئەڭ بولمىسا زەھەردە ئازابلاپ

جىنىنى ئېلىپ كەتكىنى مىلڭ مەرتەم تۈزۈك ئىدى! قاراڭ، ئاشۇ قۇچاقلىشىپ ياتقان· قاپقارا ئىككى جەسەتنىڭ بىرى ئۇنىڭ باغرىغا تاڭغان ئېرى ئىدى! ··· جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالغان بىغىرتاق، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەر رەڭدىكى ئىچكى كىيىملىرى··· پايپاقلار خۇددى خالئاينى مەسخىرە قىلغاندەك ئىزغىرىن شامالدا يېنىك ھىلپىرلىمەكتە ئىدى!

— ئاھ، خۇدا! بۇنداق خورلىغىچە مېنى ئېلىپ كەت! ··· خورلۇقنىڭ چەك ـ چېگرىسى، تارازا ـ مىزانلىرىڭ زادى قانچىلىك؟! ···— ، خالئاي كۆك ئاسمانغا قارىدى. ئەمما قۇياش ئۇنىڭغا:

«— ئەي، مىسكىن ئاجىزە، بىر مەلئۇندىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاغا شۈكرى ـ سانا ئېيت! ··· مانا بۇ زىناخورلارنىڭ شەرمەندە ئاقىۋىتىدۇر! ! ···» ، — دېگەندەك چاقناپ تۇراتتى···

ماشىنىنىڭ پارتلىشىدا ھەر خىل پەرەزلەر بولدى. «ماي تەڭنىسى ئېقىپ تۇرغاندا تاماكا ئوتى چۈشۈپ ۋەقە سادىر بولغان···» ، «ماشىنا سائىتىگە چېتىلغان پارتلاتقۇچ بولۇشى مۇمكىن···» ، «توك يولى كۆيۈپ سىملار يالىڭاچلىنىپ قالغاچقا، بېنزىن پارتلاپ كەتكەن···» دېگەندەك ھەر خىل گەپلەر تارقالدى. بۇلارنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان ھېچكىم بىلەلمىدى. بىراق ساقچى دائىرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ماشىنا قويۇش ئۆيىنىڭ قۇلۇپىدا، تۆمۈر ئىشىك تۇتقۇلىرىدا، ياكى يەردە بارماق ئىزى ھەم ئاياغ ئىزى بايقالمىغان. ماشىنىغا مۇددەتلىك پارتلاتقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېگەن تەقدىردىمۇ قاتىل ئىنتايىن تەجرىبىلىك، قۇۋ، ھىيلىگەر ئادەملىكى ئېنىقلا ئىدى. كىشىلەر كېيىنچە: «بۇ چوقۇم پەخىرنىسانىڭ بىرەر ئاشنىسى كەلتۈرگەن پاجىئە» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

خالئاي مەسئۇدنىڭ يىل نەزىرسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن تۇردى ھەسەن ئەلچى كىرگۈزدى. بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنىڭ

ئىزى ئۆچمەي تۇرۇپ، ئەلچىلەرنىڭ كېرىپ كېلىشى خۇددى تامدىن تاراش چۈشكەندەك بىر ئىش بولدى. خالئاي ئۇلارنى چېچىلغان ھالدا ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. يەنە كېلىپ ساپلا نازىر دەرىجىلىك چوڭ كادىرلار، ھەتتا شەھەر بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەر زاتلارمۇ كىردى. ئەمما خالئاي ئۇلارغا قىرىچە ـ يىپىنچە تېگەلمىدى. پەقەت: «سىلەر مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، بىر قىزىم بار، ئۇنى ئۆگەي ئاتا قولىغا قاراتقۇم يوق...» دەپ تۇرۇۋالدى. بىر كۈنى تۇردى ھەسەن خالئاي بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلەشتى...

— خالئاي، مەن سىزنى تا ھازىرغىچە نائۈمىد قويغان يېرىم بارمۇ؟— تۇردى ھەسەننىڭ تەلەپپۇزى تەمكىن ئىدى، — ھەرقانداق تەلەپلىرىڭىز بولسا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىم... مەكتەپتىن ھەيدەلگەن بالىنى باشلاپ كېلىپ «ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىڭ» دەپ تۇرۇۋالدىڭىز، خەقلەرنىڭ پىتنىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ تەلىپىڭىزنى ئورۇنلىدىم. كېيىن يۈزىڭىزگە نىجاسەت سۇۋاپ، مېنىڭ تىلىمنى قىسقا قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن «مەھبۇس» دېمەي شوپۇرلۇققا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەمما ماڭا ئاجايىپ سەت گەپلەر توقۇلدى... ئۇلارنىمۇ ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ سىزگە دادلىمىدىم ياكى يامان نەزەردە قارىمىدىم. بۇلار كىم ھەم نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟! بۇنىڭ ھەممىسى سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن بولدى!...

تۇردى ھەسەن ئىشخانىدىكى ئەينەكلىك كىتاب جاھازىلىرىغا، ئۇنىڭدىكى رەتمۇرەت تىزىلغان كىتابلارغا، بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇغا، دېرىزە تەكچىلىرىدىكى گۈللەرگە قارىغىنىچە بىرھازا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدىمۇ نېمە، ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىشقا باشلىدى:

— ئېرىڭىز ئايالىم بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ

يـۈرگەنلىكىنى بىلدىم، ئاڭلىدىم، ھەتتا كۆردۈم… ئۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يەنە سولتۇۋېتەلەيتتىم. لېكىن بۇ زىناخور ئـادەم مەن ياخشى كۆرگەن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي مۇھەببەتنى تونۇتقان بىر پەرىشتىنىڭ ئېرى ئىدى! شۇڭا ئېرىڭىز ياغلىق ئارتىپ قويسا ئارتىپ يۈرۈۋەردىمكى سىزگە، سىزنىڭ تـۇرمۇشىڭىزغا قارا سانىمىدىم…،— تۇردى ھەسەن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك مۇلايىملىشىپ كەتكەنىدى، — بىر چاغلاردا «خـالـئاي يۇرت ئاربلاپ، يۆتكىلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن، دېگەن نادامەت يۈكىنى يۈدۈپ يۈرگەن كۆڭلىرىممۇ بولدى…، ئـۇنداقتا مەنمۇ خىزمىتىمنى يۆتكەپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق يەرگە بېرىۋالىمەن…» دەپ ئۆزۈمگە ئەھدۇ - پەيمان قىلدىم. چۈنكى سىزنىڭ رۇخسارىڭىزنى كۆرۈش، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاش ئەمەس بـەلـكى يىراقتىن بولسىمۇ سىيمايىڭىزنى كۆرسەم، قاغجىراپ كـەتكەن قەلب بوستانلىرىم تەشنالىقتا قانغۇدەك بولاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، شۇ يىللاردىن بېرى سىز نېمە دېسىڭىز گويا پەيغەمبەر ۋەھىيسىدەك ئۇن - تىنسىز ئورۇنلاپ كەلدىم. زىنھار ئـۆزۈمـنىـڭ تـەقدىرىنى ئويلىمىدىم. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكـى، مېنىـڭ ياخـشى كۆرۈشۈم غەرەزسـىز ياخـشى كۆرۈش… سىلەر ياشلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «روھىي مۇھەببەت» ئىدى!

تـۇردى ھەسەن تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى قويغىنىچە يادەك ئېگىلىپ، يەنە بىرھازا جىمىپ كەتتى…

— ئـويلاپ كۆرۈڭ، بىر چاغدا ماڭا: «كىچىك بالىدەك تاتلىق - تۇرۇمغا ئامراق ئىكەنسىز…» دېگەن ئىدىڭىز. مەن: «بەزى مۇئەللىملەر بالىلىرىنى ئېلىپ كىرىدۇ، خاپا قىلسا، دەپ ئەكىرىپ قويدۇم» دېگىنىم ئېسىمدە، سىز گاھ ئىشىنىڭ، گاھ ئـىشەنمەڭ، مەن ھەر قېتىم مائاشىم چىققاندا نەئىمە ئۈچۈنلا تـاتـلىقلارنى سېتىۋېلىپ تارتمىغا تىقىپ قوياتتىم. بىلسىڭىز، نەئىمە بۇ يىل تۆت ياشقا كىرىپ ئەللىك ئالتە كۈن ئاشتى… ئۇنى

هازىرغىچە ئۆز قىزىم دەپ بىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئەلچى كىرگۈزۈپ، سىزنى تەڭلىكتە قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن... شۇنداقتىمۇ ئادىمىلىك پەزىلىتىڭىز، ئادىمىلىك ۋىجدانىڭىز بىلەن ئويلاپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...

تۇردى ھەسەننىڭ ئېيتقانلىرىدا قىلچە ياسالمىلىق يوق، چىن ھەقىقەت ئىدى! ... توغرا خالىئاينى تا ھازىرغىچە نائۈمىد قويۇپ باققىنى يوق! ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، خالىئاينىڭ لەۋزى ئۈچۈن بىر قاباھەتنى ئوقۇتقۇچىلىق، شوپۇرلۇق قاتارلىق خىزمەتلەرگە قويدى. بۇ ھەقتە خەقلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە قالدى... ھەتتاكى باغرىدىكى خوتۇنىنى تارتىۋالسا، خالىئاي ئۈچۈن ئۆز غورۇرىنى يۇندا ئەۋرەزلىرىدە بۇلغىدى! بۇ بىر ئەر ئۈچۈن ئېيتقۇسىز... دەپ ئېيتقۇسىز خورلۇق ئىدى! ... بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت خالىئاينى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلىق ئەلۋەتتە! ...

خالىئاي «نەئىمە بۇ يىل تۆت ياشقا كىرىپ ئەللىك ئالتە كۈن ئاشتى...» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ۋەزنىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمىدى. تو ۋا، ئۆز ئانىسى تۇرۇپ بۇنچىلىك ئىنچىكە بىلمەيدىكىنا... بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە يىللار سەۋر - تاقەت قىلىپ كۈتكىنى زادى نېمە؟ ! بىر جانانىنىڭ، ياق! ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاددىي بىر قىزنىڭ كۆڭۈل بېغىدىن گۈل ئۈزۈش ئىدى! ئەمما ئۇ، بۇ بەختكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت روھىي تۇيغۇسىنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھانلىرىغا دەپنە قىلىۋەتكەنىدى! ... بىراق خۇدا ئۇنىڭ ئەجىر - ساخاۋىتىنى مەقبۇل ئەتتى... ئىككى شەرمسار گۇناھكارنى بىر يولىلا دوزاخقا رەھلەت قىلدۇرۇپ، ئوتىدا كۆيگەن، سۆيىدە ئاققان نازىنىنىنىڭ مەھرەم بېغىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى! ... جەننەت گۈللىرىنى پۇراشقا نائىل بولدى...

مانا بۇ ئېستېتىك تىلەكلەرگە ھېرىسمەن، ھېسسىياتلارغا

باي خالئاينىڭ ئەقلىگە مەسلىھەت سالماي، يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆڭۈل خۇلاسىسى! ياراتقان ئىگىسى خالئايىنى داغدا قويمىسۇن! ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ بەرھەق بولۇپ چىقىشىنى تىلەيمىز... ئۇ سۆيۈنگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىنسابىنى تىلەيمىز... خورلۇق ھەم نادامەتنىڭ قۇربانى بولغان بۇ مەزلۇمەگە ھىدايەت يار بولسۇن، ئۆتكەن كۈنلىرى قايتا تەكرارلانمىسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ يۈز خىل ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى — ناتىقلىق» دېگەنىكەن. تۇردى ھەسەننىڭ ئېيتقانلىرى ئاشۇ «ناتىقلىق»نىڭ سېھرىي كۈچى بولۇپ قالمىسۇن! ...

بۇ چەرخى پەلەك ئاجايىپ قىسمەتلەرگە تولغان بولىدىكەن. نەئىمە تۆت ياشتىن تۆت ئاي تۆت كۈن ئاشقاندا، خالئاي تۇردى ھەسەن بىلەن توي قىلدى. ئۇلار توي قىلىپ ياندۇرقى يىلى جۈپ خۇشاللىقتا نائىل بولۇشتى. تۇردى ھەسەن مۇئاۋىن نازىرلىقتا كۆتۈرۈلدى. ئېرىنىڭ ئەمەلىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى تەبرىكلىگەندەك خالئاي ئۇنىڭغا بىر قىز تۇغۇپ بەردى. تۇردى ھەسەن خۇشاللىقىدا ئالىقانلىرىنى ئىشقىلاپ:

— توۋا، توۋا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە پەرزەنت كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەيتتىم. مانا ئاخىرى خۇدايىم بەردى. قىزىمنىڭ ئىسمى سىزنىڭ ھەم ھەدىسىنىڭ ئىسمىغا يېقىنراق «خەمىدە» بولسا قانداق؟— دەپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. باشقىلارمۇ «خالئاينىڭ ئايىغى ياراشتى» دېيىشىپ ئۇلارغا خەيرلىك تىلەشتى. شۇنداقتىمۇ تۇردى ھەسەننىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە: «ھەتتىگىنەي! ئوغۇل بولۇپ كەتكەن بولسىچۇ كاشكى» دېگەن بىر ئوي خىرە ـ شىرە يېنىپ ئۆچتى...

ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇششاق ـ چۈشەك گەپ تالىشىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا چوڭ جېدەل ـ ماجىرالار يوق ئىدى. پەقەت

ئۆيگە پات ـ پات كېلىۋاتقان، سويۇلغان پۇتۇن قوي، باكلاپ ماي، يەشكلەپ ئالىي هاراق، يەل ـ يېمىشلەرنى كۆرگەن خالئاي ئېرى بىلەن تاكاللىشىپ قالاتتى:

— قانداق قىلىسىز خالئاي، هازىر بۇ ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئالمىسىڭىز خاپا بولىدۇ، — دەيتتى تۇردى مۇئاۋىن نازىر قىزىنى ئوينىتىۋېتىپ، — مەنمۇ ئۇلارنىڭ هاجىتىدىن چىقىمەنغۇ، ئەلۋەتتە بىكارغا كەلمەيدۇ ـ دە!

— ئۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز تۇرسا.

— بۇ... بۇ، قاراڭ، خىزمەتنىڭ سىرتىدىكى پەۋقۇلئاددە ئىش...

تۇرمۇشتىكى بۇنداق بىنورمال كېلىۋاتقان مەئىشەتكە خالئاي بارا ـ بارا كۆنۈپ قالدى ھەم تاكاللاشمايدىغان بولدى. لېكىن خەمىدە بىر ياش، نەئىمە بەش يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى خالئاينىڭ خىزمەت ئىشىدا خېلى ئوبدانلا تاكاللىشىپ قالدى.

— مەن يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا پېنسىيىگە چىقىمەنما؟ ياق، بولمايدۇ!

— بۇ دېگەن ئىچكى جەھەتتىن بېجىرىلىدىغان پېنسىيە تۈزۈمى، — چۈشەندۈردى تۇردى ھەسەن، — مەن يەنىلا سىزنى ئويلاۋاتىمەن، بىر ياقتىن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئوقۇتۇش ئىشلىرى، يەسلىگە يۈگۈرۈۋاتقان... تاماق ئېتىپ هالىڭىزدىن كېتىۋاتقان، شۇڭا...

— ياق بولمايدۇ، مەن سىزگە ۋايىسىمىسامىلا بولىدىغۇ.

— سىز شۇنداق دېگەن بىلەن مەن تەڭلىكتە قالىدىكەن. مەن، — تۇردى ھەسەن سەل تېرىكتى، — ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەن مەكتەپتىكىلەرگە ئېيتاي، سىزنى مەلۇم مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا چىقارسۇن.

— بۇ... بۇ قانداق دەم ئېلىش؟ — خالئاي ھەيران بولۇپ

قارىدى، — ئوچۇقراق دەپبېقىڭا.

— بۇنى خەنزۇلار «چى لاۋبۇ» دېيىشىدۇ. بۇ تۈزۈم ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن خالىئايغا، — قانچە يىل دەم ئالسىڭىز بولىۋېرىدۇ. مائاشىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتى بېرىلىدۇ. لېكىن قايتا ئىشقا چۈشسىڭىز، دەم ئالغان يىللىرىڭىز خىزمەت ستاژىغا ھېساب بولمايدۇ.

— بۇ... بۇ... قانداق بولار ئەمدى؟

خالىئاي ئىككىلىنىپ قالدى. ھازىر مەكتەپ تۈزۈمى بارغانسېرى چىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر كۈنلۈكى خىلمۇخىل ئانكېت، جەدۋەللەرنى تولدۇراتتى. خىزمەتتىن سىرت قىسقا كۇرسلارغا ئەۋەتەتتى. دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىمتىھانى، كەسپىي ئىمتىھان، ئوچۇق دەرس سىنىقى دېگەندەك خىزمەتتىن سىرت قوشۇمچە ئىشلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك ئالدىراش قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىئاي ئىككى بالىسىدىن خەۋەر ئېلىشى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەك ـ دە! ھازىرقى ۋاقىتتا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي خىزمەتچىسى تاپماق تەس ئىدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خالىئاي ئۆي ئايالى بولۇپ قالدى. ئۇ ئېرىنىڭ كۆپ ئىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئاڭلىسىمۇ قۇلاق يوپۇرۇۋېلىپ نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى.

نەئىمە ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئون ياشلىق خەمىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى تۇردى ھەسەن «مۇئاۋىن» لىق چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ، «نازىر» دېگەن «شاھانە» تونىنى كىيدى. بۇ تون ئۇنى ھەر خىل دوقال، پۇتلىكاشاڭلاردىن ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالايدىغان، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ھېچكىمگە سالماي تەستىق سالالايدىغان، «ئۇنداق قىلىڭلار،

بۇنداق قىلىساڭلار قەتئىي بولمايدۇ...» دەپ ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئىمتىيازغا ئىگە قىلدى. بۇ ئىمتىياز خالىئاي بىلەن تۇردى ھەسەن ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرالارغا سەۋەب بولدى.

«يېكەنشور» غا سىلىنماقچى بولغان بىر ئالىي تېخنىكومنىڭ بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلىرى نەچچە يۈز مىليونلۇق قۇرۇلۇش ئىدى. بۇنى تالىشىۋاتقان شىركەتلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋاكالەتچىلىرى، خوجايىن، خوجىدارلىرى چامادانلىرىغا پۇل قاچىلاپ تۇردى ھەسەننىڭ بوسۇغىسىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلىشتى. بىراق تۇردى ھەسەن ئۇ پۇللارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى. ئەلۋەتتە پۇل دېگەن پىششىق ئاش، ئاسانلا يۇرىقى سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. ھازىرغۇ بۇنداق ئىشلار ھېچقانچە ھېسابلانمايدۇ. بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شىرىنكانە ھەققى ئوچۇق - ئاشكارا باھا تالىشىپ بىرلىككە كېلىدۇ.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا خۇددى يۈزىنى ئىشىك قىسىۋالغاندەك بىر تەرىپى ئىششىق، بىر تەرىپى سىدام چىراي، گۈللۈك چىمەندوپپا كىيگەن، بۇرنى پاناق بىر ئادەم كىرىپ كېلىپ ئۆزىنى: «ئاسىيا مېمارلىقى قۇرۇلۇش شىركىتى» نىڭ خوجايىنى شىرۋاجى، دەپ تونۇشتۇردى. بىراق ئۇنىڭ قولىدا چامادانمۇ، سومكىمۇ يوق ئىدى. تۇردى ھەسەن ئىچىدە: «بۇ غەلىتە بەندىمۇ يەنە شۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ۋەز ئوقۇغىلى كەلدى» دەپ ئويلىدى. ئەمما شىرۋاجى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا گېپىنى رۇسلاپ، بىر يۆتىلىپ قويدى - دە، گېپىنى باشلىدى:

— تۇردى نازىر ھەزرەتلىرى، مۇشۇ ئىلمخونىڭ ئېرەن دەريا ساھىللىرى ئەجەبمۇ بەلەن كۆكلەمەيدانلىق يەرلەركەن دېسىلە، — شىرۋاجى «ئاخۇنۇم قاپ بەلدىن» دېگەندەكلا گەپ باشلىدى، — تېخى چىلانلىق دېگەن بىر كەنتى بار ئىكەن، ھاۋاسى ساپ، سۈيى مول، يەرلىرى قارا چىلان تۇپراق،

مەنزىرلىرى بىھىشسىياق، تولىمۇ چىرايلىق يەركىنا… خۇدانىڭ قۇدرەت كامالىنى كۆرسەن دېگەن ئادەم شۇ يەرگە بارسا بولغۇدەك… ئۆزلىرى بېرىپ باققانمۇ؟

شىرۋاجىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئەسكى ئىشتاندىن بىرنېمە چىققاندەك سورىغان سوئالى خىيالى توزان بولۇپ كەتكەن تۇردى ھەسەننى چۆچۈتۈۋەتتى…

— ھە… ھە، بارغان… بارغان…

— ھەببەللى، مانا ئاشۇ چىلانلىقتا ئاياز دېگەن بىر ياش دېھقاننىڭ ئون بەش مو يېرى، ھەرقايسىلىرىدەك ئەھلى ئىلىم بىلەن مېڭىلىرى چاراسلاپ، سۆڭەكلىرى غاراسلاپ چارچىغان ئادەملەر ئۈچۈن چاققانراق داچا سېلىپ قويسا بولغۇدەك ئوبدان يەر ئىكەن.

تۇردى ھەسەن بۇ مايماق يۈز بەندىگە تىكىلىپلا قالدى. توغرا ئۇنىڭ ئەمەلدار بۇرادەرلىرى يۇرتىدا قاتالتىرلىق ئۆيلەرنى سالدۇردى. بەزى پېنسىيىگە چىققانلىرى ئەڭ چىرايلىق يېزىلارغا داچا سېلىپ كۆپ كۈنلىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار بىرقانچە قېتىم تۇردى ھەسەننى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ: «غۇلجىنىڭ ئىرەن دەريا ساھىلىدىكى چىلانلىق دېگەن كەنتتە بىر تەرىپى دەريا، ئۈچ تەرىپى ئىرەن ئورمانلىقى بىلەن ئورالغان ئون بەش مودەك تېرىلغۇ يەرنىڭ بارلىقى، ئەگەر شۇ يەرگە داچا سالسا ئەرزىيدىغانلىقى» نى دېگەندە، ئاغىنىلىرى: «ئۇ يەرنى چۈشۈڭدە كۆرگەنمىدىڭ؟» دەپ چاقچاق قىلىشتى. ئەمما تۇردى ھەسەن: «مەن غۇلجا يېزىلىرىدا نۆۋەتتە تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇ يەرگە كۆپ بارغان…» دېگەن گەپنى بىرقانچە سورۇندا دېگەنلىكى راست. لېكىن بۇ شىرۋاجى ئۇلارنى نەدىن ئاڭلىغاندۇ؟! يائاللا! پۇل ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلار ئوۋ ئىتلىرىدەك ھىدلىمايدىغان يەرلىرى يوقكەن ـ دە!

— خوش تۇ نازىر، تېڭىرقاپ قالدىلا، مېنىڭ گېپىم تازا

ئىسسىق باسماي تۇرامدۇ يە؟

— يا، ياق... قېنى سۆزلەۋەرسىلە.

— مانا ئاشۇ ئون بەش مو يەرگە ئۆزلىرى ئۇچۇن چىرايلىق ھەم كۆركەم قىلىپ داچا سېلىپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ھۇزۇرلىرىغا كېلىشىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مانا، نېمىشقا دېگەنمۇ ئۆزى، — شېرۋاجى ھىجايدى، — ھەرقايسىلىرى بىز ئاۋام ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ خىزمەت قىلدىلا... ھە، مانا، ئەمدى بىزمۇ قول قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيغاندەك كىچىككىنە ئىش قىلىپ بەرسەك «نېمىشقا» دېگەنلىرى قىزىق.

تۇردى ھەسەن بۇ «يۈزنى ئىشىك قىسىۋالغان» ئاداشقا گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئۇقۇش نىيىتىدە تۇيۇقسىزلا سورىدى:

— سىلى چىلانلىقتىكى يەرنى، ئۇنىڭ ئىگىسى ئايازنى نەدىن بىلىدىلا؟ — سورىدى تۇردى ھەسەن شېرۋاجىنىڭ ئىششىق يۈزى تەرەپكە قاراپ، — ئاڭلىسام ئۇ يەر ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان تەۋەررۇك يەرمىش، ساتامدۇ - ساتمامدۇ، ئۇنى نەدىن بىلىدىلا؟

— بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمىسىلە دەيمەن، تېلېفونلىرىنى ئىشلىتىۋالسام بولامدۇ، مېنىڭ تېلېفونىمنىڭ توكى قالماپتىكەن.

— قېنى ئىشلەتسىلە.

شېرۋاجى ئون بىر خانىلىق سانىنىڭ ئالدىغا نۆلنى قوشۇپ، تېلېفوننى ئۇرۇپلا قارشى تەرەپنى ئالدى. ئۇ تۇردى نازىرنى ئاڭلىسۇن دېدىمۇ قانداق، ئۈستەل تېلېفونىنىڭ بىر كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويىۋېدى، قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى.

— ۋەي شېرۋاجى خوجايىنما؟

— ھە، مەن سۆزلەۋەر، ئىنجىقلىما...

— چىلانلىقتىكى ھېلىقى ئون بەش مو يەرنى يېزا باشلىقى بىلەن كەنت ئاقساقىلى سۆزلىشىپ ئايازنى ماقۇل كەلتۈردى. بىر موسى ئىككى مىڭدىن ئوتتۇز مىڭ سوم بولدى. لېكىن يىگىرمە ئىككى مىڭنى يەر ئىگىسىگە بېرىپ سەككىز مىڭنى يېزا باشلىقى بىلەن كەنت ئاقساقىلى ئالىدىغان بولدى...

— يەر ئىگىلىرى «ساتمايمىز» دەپ بەك جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— «ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك يەر» دەپ بەك ئاۋارە قىلىۋەتتى دەيمەن. يېزا باشلىقى بىلەن كەنت ئاقساقىلى كېچە - كۈندۈزلەپ نەسىھەت قىلدى. ئاخىرى ئاياز ئەر - خوتۇنغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىش، ئايلىقىغا ئۈچ يۈز سوم مائاش بېرىپ داچىنىڭ توختاملىق ئىشچىلىقىغا ئېلىش شەرتى ئاستىدا ماقۇل بولدى، ئەمدى پۇلنى تاپشۇرامدۇق؟

— مەن نازىر ھەزرەتلىرى بىلەن سۆزلەشتىم، تاپشۇرۇۋەرگىن.

تۇردى ھەسەن شىرۋاجىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپلا قالدى. بىراق ھېچنېمە دېيەلمىدى.

— ۋاي، شىرۋاجىكا، ئەتىلەتىن شەھەردىن توپا تۇرتۇش ماشىنىسىنى ئاچىقىپ، ئۆي - پۆي، ئېغىل - پېغىلنى تۈزلەپ قۇرۇلۇش قىلىشقا لايىق قىلىپ قوياي دەيمەن.

— بىزنى ساقلا، مەن تۇ نازىر ھەزرەتلىرىنى ئاپىرىپ داچىنىڭ خەرىتىسىنى كۆرسىتەي. مۇبارەك مەسلىھەتنى ئاڭلاپ باقامدۇق.

پاھ، پاھ، پۇل تېپىشنىڭمۇ راسا ئېپىنى بىلىدىغان قاغجالمىكەندە بۇ! ... پۇت - قولۇڭنى باغلاپ بولۇپ «باغلىسام بولامدۇ؟» دېگەندەكلا ئىش قىلىدىغۇ بۇ قىيسىق يۈز. تۇردى ھەسەن شىرۋاجىنىڭ «ئىككى مىليون خەجلەپ داچىنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك سېلىپ بېرىمەن» دېگەن گېپىگە گەرچە

ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا شېرۋاجىنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىغا خۇش بولدى. ئەگەر ئىككى مىليون خەجلىگەن تەقدىردىمۇ ھېچ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان نەچچە يۈز مىليونلۇق قۇرۇلۇشتىن نەچچە ئون مىليونلۇق پايدا بار ـ دە!...

شېرۋاجى شۇ كۈنىلا تۇردى ھەسەننى غۇلجىغا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ ماشىنىسىنى ئەكەلدى. نازىر خۇشلىقىدا خالئاينى ئېلىۋالدى. تېخى خوتۇنىغا «كەلگۈسى داچىنىڭ خانىشى ئەقىلگە لايىق مەسلىھەت بەرمىسە بولامدۇ!» دەپ ھەزىلمۇ قىلدى. ئۇلار ئەتىسى سائەت ئونلار بىلەن چىلانلىققا يېتىپ كەلگەندە ئايازنىڭ ئۆيى ئەتراپىغا كەنت دېھقانلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. كىمدۇر بىرىنىڭ يىغلىغان ھەم ۋارقىرىغان ئاۋازى كېلەتتى. شېرۋاجى، تۇردى ھەسەن، خالئايلار ھويلىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. يەتمىشكە ئۇلاشقان، ئاپئاق چاچلىق بىر موماي ھويلا ئوتتۇرىسىدا پۇت ھەم غولاچلىرىنى كېرىپ يەر باغاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى توپا ھەم ياشتىن بۇلغىنىپ لاي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قېشىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان ئايسىمە تىزلانغىنىچە ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان ئاياز يەڭلىرىدە يېشىنى سۈرتۈپ قوياتتى...

— يۇرتداشلىرىم... قېرىنداشلىرىم... بۇ ئون بەش مو يەرنىڭ ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان يەرلىكىنى بىلىسىلەرغۇ، — موماي يۈزلىرىنى يەرگە سۈۋىماقتا ئىدى، — كوپېراتسىيە ۋاقتىدا بىر قېتىم تارتىۋېلىشتى... كېيىن يېڭى پادىشاھ كېلىپ يەنە قايتۇرۇپ بەردى. مانا ئەمدى كاتتا باشلىققا لازىم دەپ تارتىۋالساڭلار بولامدۇ؟... ئۇ باشلىق پادىشاھنىڭ بوۋىسىمىكەن!

قاراپ تۇرغان دېھقانلار غۇدۇراشماقتا ئىدى. بۇ چاغدا توپنىڭ ئالدىدا ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرغان توقسان نەچچە ياشلىق

بوۋاي سارغىيىپ كەتكەن ئاق ساقىلىنى تۇتامىلىغان هالدا يەر قۇچاقلاپ ياتقان مومايغا مەدەت بەردى:

— باغاشلا، نۇرۋانىخان، باغاشلا، سەن باغاشلىماي كىم باغاشلىسۇن، يەر سىنىڭ!... ماكان سىنىڭ!!... زېمىن سىنىڭ!!!... قانچە باغاشلىساڭ يارىشىدۇ... قانغۇچە باغاشلا!!...

— جېنىم ئاپا!...— ئايسىمە بوۋاينىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا نۇربانۇمخاننىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، — دېھقاننىڭ جېنى يەر ئەمەسمۇ... ئۇ جېنىدىن ئايرىلسا ئۆلگىنى شۇغۇ!

— ئاپا، ئايسىمە، سەۋر قىلىڭلارچۇ،— ئاياز ئۇلارغا ئېگىشتى، — ئۇرۇمچىلىك ئەمەلدارغا توختاملىق ئىشچى بولغاندىن كېيىن ئاشتىن ئۆلۈپ قالماسمىز، يېزا باشلىقى بۇ بىر سىياسەت دەۋاتسا قانداق قىلىمىز؟

خالئاي بۇ ئازابلىق كۆرۈنۈشتىن چىدالمىدى. ئۇ توپ ئارىسىغا كىرىۋالدى. بۇ چاغدا دېھقانلار ئىچىدە هەر خىل غۇلغۇلا بولۇۋاتاتتى...

— توختاملىق ئىشچى دېگەن هېسابتا بار هەمدەمدە يوق ئىش! كېيىنچە قوغلىۋەتسە، يەردىن ئايرىلىپ قالغان ئاياز قانداقمۇ قىلار؟

— شۇ ئەمەسمۇ! ئانىسى ياشىنىپ قالدى. ئايسىمە بولسا ئاغرىقچان...

— هەي، بىچارە ئاياز ئەجەب شور پېشانىدە سەن...

دېھقانلارنىڭ گەپلىرىدىن يۈرىكى ئېزىلگەن خالئاي ئارقىچە چېكىنىپ، كەنت ئاقساقىلىنىڭ يېنىدىن تارتتى هەم ئۇنى خالىي جايغا ئېلىپ كەتتى... ئەمما شۇ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىدىن جىددىي تېلېفون كېلىپ ئۇلار دەرهال قايتىشتى. «بىر خۇشاللىقنىڭ بىر قايغۇسى بولىدۇ» دېگەنمۇ تۇزۇك، لېكىن بىگۇناھ ئۈچ دېھقاننىڭ زار ـ زار يىغلاپ، تۆككەن ئاچچىق كۆز ياشلىرى خۇداغا يەتكەن

چېغى، ئون بىر ياشلىق خەمىدە چاقلىق كانكى بىلەن ماشىنا تېگىگە كىرىپ كېتىپ قازاغا ئۇچرىغانىدى...

..................

— شۇنداق قىلىپ كىچىك قىزىڭىز خەمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ - دە، — ئاياز ئېرەن دەريا بويلىرىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ ئېغىر خۇرسىندى، — ھەقىقەتەن بېشىڭىزغا بەكمۇ ئېغىر كۈنلەر كەپتۇ... ئەمما مەن «ئۈچ مو يەر، ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىش...» دېگەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرەتتىم. مانا ئەمدى ئايدىڭ بولدى. ئەسلىي سىز ئىكەنسىز - دە، لېكىن كەنت ئاقساقىلى ھازىرغىچە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.

— مەن ئۇنىڭغا: «بۇ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇندى. ئەگەر بىرەر پۇرىقى چىقىپ قالسا، بەرگەن پۇلۇمغا ئېچىم ئاغرىمايدۇ. پەقەت سىلىنى ‹ماڭا تۆھمەت قىلدى› دەپ سولىتىۋېتىمەن. چۈنكى بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا كىشى يوق» دەپ قورققاق سالغانىدىم.

ئايازنىڭ يېرىنى سېتىشقا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن كەنت ئاقساقىلىنىڭ بىردىن شەپقەتچىگە ئۆزگىرىپ: «ئەگەر داچىنىڭ خىزمەتچىلىكىدىن قالدۇرۇلسا ئون بەش مو يەردىن ئۈچ مو يەر ئاجرىتىپ ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىش، دېگەن شەرتتە چىڭ تۇرۇۋال، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشى...» دېيىشى ئاياز ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالغانىدى...

— ئۇ تىلخەت بەك مۇھىم جۇمۇڭ، — دېدى خالىئاي جىددىي قىياپەتتە، — ئىلاجى بار ئۆيدە قويماڭ. ئىشەنچلىك تۇغقانلار ساقلاپ بەرسۇن.

— بولىدۇ خانىم، گېپىڭىزنىڭ تېگىگە يەتتىم. مەن بارغانسېرى نازىرنىڭ كۆزىگە سىغماي قېلىۋاتىمەن... ئايسىمە كەتتى... ئەمدى تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈشۈم ئېنىق...

— ئاياز، مەن سىزگە دەيدىغان، دېمەيدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، — دېدى خالىئاي ئېغىر تىنىپ، — ئاغزىڭىزنى پاكىز تۇتارسىز...

— نېمە دېگىنىڭىز خانىم، مەن ئۇنداق نادانلاردىن ئەمەس، — ئاياز مۇ چوڭقۇر خۇرسىندى، — سىزنىڭ تارتقان خورلۇق ئازابلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ھېلىمۇ ھايات يۈرۈپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ئۇ قانچىلىك ئازابلار بولسۇن، — خالىئاي ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاب، تۆردى ھەسەن «كان ئىشلىرى ئىدارىسى» نىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن شەرمەندىچىلىكلەر...

— نېمە، تۆردى نازىر ئۇ؟!

— مېھمانخانا، سائۇنا مۇنچىلىرى، «ئۇۋۇلاپ ھوزۇرلاندۇرۇش» پارخانىلىرىدا نەچچە كۈنلەپ قونۇپ قېلىشلىرىنى دېمەيلا قوياي، — ئايىنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا خالىئاينىڭ غەزەپلىك چىرايى كۆرۈندى، — ئەتىگەنلىكلىرى يۈز ـ بويۇنلىرىدا ھەتتا كۆڭلەكلىرىمۇ لەۋسۇرۇق ئىزلىرى بىلەن بويالغان ھالدا ئۆيگە مەست كىرىپ كېلەتتى. بولدىلا ئۇ ئىشلار ئېسىمگە كەلسىلا يۈرىكىم سىقىلىپ ئاغرىيدۇ...

ئاي ئولتۇرۇپ، ئورمانلار تېخىمۇ قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. پەقەت بارغانسېرى ئېرىپ يوقىلىۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى يورۇق تۇمانغا ئايلاندى. بۇ سەھەر جىمجىتچىلىقىدا ئېرەن دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغاندەك قىلاتتى. ناگان ـ ناگاندا ئوت ئارىسىدىكى چېكەتكىلەر ئۇيقۇلۇق چىرىلداپ قويسا، قەيەردىدۇر ئۇۋىسىدا ئويغىنىپ كەتكەن قىرغاۋۇل «قى... قى... قى...» قىلىشى بىلەن خورىزى «قى ـ قۇ، قى ـ قۇ...» دەپ جاۋاب بېرەتتى... ئېرەن دەريا ئورمانلىقىدىكى تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقى روشەن بولمىغان ئاۋازلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا

يورۇماقتا ئىدى. دەريا بويىنىڭ سەھەر شامىلىدا تېنىگە جۇغ ـ جۇغ ئولاشقان خالىئاي ئايازنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئايازمۇ ئۇنى كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن كەڭ كۆكرەكلىرىگە باستى... خالىئاينىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلىغان ئاياز خېلىلا يۈرەكلىك بولۇپ قالغانىدى...

— ئاياز قايتايلى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدەك تۇرامسىز؟

— سىزلا ماڭا كۈلۈپ قارىسىڭىز...، — خالىئاي ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — ساغلام ياشلىقىمغا قايتقانىدەك بولىمەن...

ئاياز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قايغۇ ـ ئەلەم، خورلۇقلار بېشىغا كەلگەن خالىئاينى ماشىنىغا يۆلەپ چىقىرىپ قويدى.

## 11

تۇغلۇقنىڭ تۇگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، ياقىلىرى يىرتىلىپ بۇ قورۇدىن چىقىپ كەتكىنىگە بۈگۈن تۆت كۈن بولدى. دادىسىنىڭ بۇنداق يولسىزلىق قىلغىنىغا خالىئايمۇ ئۆتكۈدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمىدى. شۇڭا تۇنۇگۈن ئاپىسى بىلەن ئاياز ئەغزەم تۆرىنىڭ داچىسىغا ماڭغاندا نەئىمە ئانچە ئۇچۇق چىراي ئاچمىدى. بىراق تۆت كۈندىن بېرى ئۇ يەنە ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىلىپ يىغلاپلا يۈردى. مانا بۈگۈن كېچىمۇ قوش ياستۇقتا يۆلىنىپ مىچىلداپ يىغلاش بىلەن تاڭنى كۈتتۈۋالدى. «بايلىقمۇ، كەمبەغەللىكمۇ ئوخشاشلا مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. تۇغلۇقنىڭ «بۇنىڭدىن كېيىن كېلەلمەيمەن» دېگەن سۆزى تۈنجى ياخشى كۆرۈشنىڭ يوشۇرۇن، مەخپىي ھۇزۇرىنى تېتىپ قالغان بۇ قىزنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋەتكەنىدەك بىلىندى! ئەمما «سىزنى تۇنجى كۆرگەن كۈنۈم بىر كېچە ئايغا ھەمراھ بولۇپ

يىغلىغانلىرىم سىز ئۇچۇن ئىدى! » دېگەن بۇ بىر ئېغىز سۆز نەئىمەنى قانچىلىك روھلاندۇرۇپ، قانداق ھاياجانغا سېلىۋەتكەنلىكىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزى! كۆرۈك، بۇ رومانتىك قىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى! ئۇرۇمچىدە نى - نى يىگىتلەرنى «لاتا قونچاق»، «كاۋاك قوموش»، «ئالىچىپار كېپىنەك»، «ئۆزى بىر غېرىچ، سۆلىتى ئون غېرىچ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى غېرىب مويىغىمۇ ئالمىغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە بىر كۆمۈرچى بالىغا مەيلىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈڭ! بىراق كۆمۈرچى بالا «باي ئەمەلدارنىڭ قىزىغا باغلىنىپ قالسام ئۆمۈر بويى پەستە كۆچۈكلەردەك قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ، ئايالىمنىڭ قولى بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلىغانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ! «ئەزەلدىن زۇۋۇلىمىز مۇشۇنداق يارالغان ئىكەنمىز، شۇ تۇرمۇشقا كۆنمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق...» دېگىنى سەنمۇ شەھەردىن ئېسىلزادە يىگىت تاپ، مەن بولسام سەھرالىق قىزلارنىڭ خىلى دېگىنىدە. تېخى: «يەنە كۆرۈشمىسەم ئازابلىرىم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، يۈرەك يارىلىرىم قانايدۇ...» بۇ خىتابلاردىن نەئىمەنى چىن سۆيىدىغانلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ! بىراق قورقىدۇ! ئۇ تۇردى نازىردىن قورقۇمدۇ؟... ياق ئۇ، ئۇنداق ئادەملەردەك نەچچىسىگە تېتىغۇچىلىكى بار يىگىت. بىراق تۇردى ھەسەننىڭ نەئىمەنىڭ دادىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ يەنىلا نەئىمەنى سۆيگەنلىك، ھۆرمەتلىگەنلىك ئىدى. بولمىسا ھېلىقى كۈنىلا ئۇنى يەر چىشلىتىپ قويمامدۇ... ۋاي ئىسىت، دادىسى نېمىدېگەن يۈزسىز، ئۆكتەم ھەم تۆھمەتخور. قاراپ تۇرۇپ كۆمۈر سېتىپ جېنىنى جان ئېتىۋاتقان بىر ھالال بالىنى: «نېمانداق قىلىن نېمىسەن، ياسكىنا قىلمىغان مېنىڭ قورۇيۇم قالدىمۇ؟» دەپ كەمسىتىپ ھاقارەتلىسە، «ئوغرىمۇ، بۇلاڭچىمۇ، بۇزۇق ئەبلەخمۇ؟» دەپ تۆھمەت قىلسا، بۇ ئادىمىيلىك خىسلەتمۇ؟ ياكى «بىز ئەمەلدارلار

ئاۋام پۇقرانى نىمەدەپ تىللىساق، كەمستسەك يوللۇق بولىۋېرىدۇ» دەپ ئويلامدىغاندۇ... ئەگەر باشقا ئادەم شۇنداق قىلغىنىدا تۇغلۇق ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچۇرۇۋېتەر! بىراق تۇردى ھەسەن نەئىمەنىڭ دادىسى - دە!...

نەئىمەدە بىردىنلا تۇغلۇق بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى تۇغۇلدى. «دوست» بولۇپ ئۆتۈشكىمۇ ئۇنىمىغان بالا كۆرۈشۈشكە قوشۇلارمۇ؟ «سىز بولسىڭىز ئاسماندىكى چولپان يۇلتۇز، مەن بولسام يەردىكى پارقىراق قوڭغۇزمەن...» دېگەن سۆزدىن: «ئەمەلگە ئاشماس ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ، ئۇشۇقچە ئاۋارە بولمايلى» دېگەن ئۇمىدسىزلىك چىقىپ تۇرامدۇ. ھەي ئىست، رەھمەتلىك ئايسىمە بولغان بولسا، بۇنداق ئىشلارنى ئېپى - جېپى بىلەن ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ دېگەن ئايىغى چاققان، ئاغزى ئىتتىك، زېھنى ئۆتكۈر، زۇۋاندار پەملىك ئايال ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاڭلاپ قالسا: «ھوي قارىۋاي، نېمەڭگە نېمە يېتىشمىدى؟ تۇغلۇقىڭدىن پەرىشتە چۈشسە ئەركە كېلىندەك نىزىقايسىنا... مەن سەندەك قارا يۈز... قارىۋاتقۇ، قارا باتۇرنى كۆرمىگەن ...ۋۇي، ئىززىتىنى بىلمىگەن قارا مەدەك...» دەپ تىللاپ كېتىشى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىقلا ئىدى...

نەئىمە ئايسىمەنى ياد ئېتىپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز خىياللىرىدىن پوسۇقىنە كۈلۈۋەتتى. توغرا ئۇ ھايات بولغان بولسا تارسۇغا بارغان بولاتتى. ئادەملەر ھەرگىز گۇمان قىلمايتتى. ئەگەر ئۆزى ئىزدەپ بارسا، ھەممىسى مۇلۇن مۇشۇكتەك مارىشىپ، تارسۇلۇق ئاچ كۆز ئالىقاپلار نەئىمەنى تىرىك يەپ كېتەر!

دەرۋازىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى ۋە ماشىنىنىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭلىغان نەئىمە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز يۇيۇش ئۆيىگە كىردى - دە، ئابى دەستىدە يۈزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى

بىرقۇر رەتلىۋالدى. ئاندىن ئېگىز پەلەمپەيلەردىن پەسلەپ، ئەمدىلا ماشىنىدىن چۈشكەن ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. خالىئاي نىمە ئۈچۈندۇر قىزىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇشقا نەئىمە ئۇنىڭغا تىخىمۇ زەن سېلىپ قارىدى.

— ۋىيەي، ئاپا، مىجەزىڭىز يوقمۇ نىمە؟ چىرايىڭىز سارغىيىپ، كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ.

— شەھەرنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمىدىمۇ نىمە، تۈنۈگۈندىن بېرى تۇمۇ تېگىپ قالدى، — دېدى ئاياز نەگىدۇر قارىۋېلىپ، — شۇڭا تۈنۈگۈن كەچتە دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا ئەكىرگەنىدىم. ئاسما ئوكۇل سالدى...

— ۋىيەي، ئاپا، راستىنلا چىرايىڭ بىرقىسىملا تۇرىدۇ، جۇمۇ، — نەئىمە ئاپىسىنى قولتۇقلاپ، پەلەمپەيگە قەدەم ئالدى، — ھېلىمۇ ياخشى ئاياز ئاكام بار ئىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلارىدىڭ؟

— شۇنى دېمەمسىز، — خالىئاي كارىۋاتقا كېلىپلا ئۆزىنى تاشلىغان ئىدى، نەئىمە ئارقىسىغا ئىككى ياستۇقنى يۆلەپ بەردى، — نەئىمە قىزىم، كىيىملىرىمنى سېلىشقا ياردەملىشىڭ، ھېچ مادارىم يوق. مەن مۇنچىغا چۈشۈۋېلىپ ئاندىن بىردەم يېتىپ ئارام ئالاي...

— ئاپا سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى.

— كېيىن دېسىڭىز بولمامدۇ، مەن بەكمۇ چارچاپ كەتتىم.

— بولىدۇ ئاپا، ئەمىسە مەن ھۇجرامغا چىقىپ كەتتىم.

خالىئاي مۇنچىغا چۈشۈپ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرۇشقا ئىشىك چېكىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاياز ئىكەنلىكىنى بىلگەن خالىئاي ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىۋېلىپ ئاندىن «كىرىڭ» دەپ ئىجازەت بەردى. ئاياز ئۆيگە ئالاقزادىلىك بىلەن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ھودۇققىنىدىن دۇدۇقلاپ كەتتى.

— خالئاي··· خا··· خانىم··· چا··· چاتاق بولدى، ھېلىقى تىلخەت يوق تۇرىدۇ···

— نەگە قويغانتىڭىز؟

— يەر ساتقان قەغەزلەر بىلەن قوشۇپ تورۇس ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ قويغان.

— تـوۋا، تـوۋا، نېمانداق بىخۇدلۇق قىلغانسىز. مۇھىم ھۆججەتلەرنىمۇ شۇنداق يەرگە قويغان بارمۇ؟ ئوغرى ئەمەس، چاشقانمۇ يەپ كېتىدىغۇ، ئۆيىڭىزگە كىملەر كىرگەن؟

— ھېچكىم، ھە، راست، — ئاياز يەنە دۇدۇقلىدى، — بىـرەر··· ئـاي··· ئـالـدىدا نازىر مېنى ئىزدەپ كىرىپ تام ـ تورۇسلارغا قارىغانىدى.

— قـۇلـۇپـنىـڭـىـز چـېـقـىـلـىـپـتىمۇ؟ — خالئايغا ھەممە چۈشىنىشلىك ئىدى···

— ياق، ساق تۇرىدۇ. تۈنۈگۈن شەھەرگە مېڭىش ئالدىدا نازىر ماڭا: «پىچىقىڭنى ئېلىۋال، قاۋۇزنىڭ پەيلى يامان» دەپ ئاچقۇچۇمنى ئېلىپ ئايەتبۇگە بەرگەنىدى. ئۇ پىچىقىمنى ئاچىقىپ بەرگەن.

— ئايەتبۇ؟!

خالئاي بۇ ئىشنىڭ پىلانلىق، مەقسەتلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. بويتاق ئايازدىن پاتراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۇردى ھەسەن ئـايـەتـبـۇدىـن پـايـدىلانغان. پۇللا بەرسە ئۆزىنىڭ بالىسىنىمۇ سـېـتـىـۋېتىدىغان بۇ خوتۇن قەستەن ماشىنا تازىلىغان بولۇپ تۇرۇۋېلىپ تۇردى ھەسەننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتكەن. ئۇ ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىپ چىققاندا قۇلۇپنى باسماي ئېلىپ قويغان···

— بىرەر كىمدىن گۇمانىڭىز بارمۇ؟ — خالئاينىڭ غەزىپى يۈزىگە تەپكەنىدى، — قورقماڭ، بۇ يەردە ئىككىمىزلا بار···

— ئـەمـدى خالئاي خانىم، — ئاياز يەرگە قارىدى، —

ئۆزىڭىزگە ئايدىڭ، بۇ تىلخەت پەقەت بىرلا كىشىگە لازىم...
— چۈشەندىم...، — خالئاي باش چايقىدى، — ھازىرچە بىركىمگە تىنماڭ. ئەگەر ئۇ سىزنى داچىدىن ھەيدىمەكچى بولسا مەن، يېزا باشلىقى، كەنت ئاقساقىلى ھەم دېھقانلار سىزگە گۇۋاھچى بولالايمىز.
— رەھمەت خانىم، — ئاياز ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
ئۇنۇڭۇن خالئاي بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن ئىچىگە جىن كىرگەن تۇردى ھەسەن تىلخەتنى ئوغرىلاپ چىقىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. شۇڭا ئۇ «ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بىر بۇجاڭ ئاغىنەم داچىغا كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن يالغاننى توقۇپ چىقىپ، شەھەرگە بىللە كىرىشتىن قەستەن قېچىقالغان، قاراڭ، بۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى!
خالئاي تۇردى ھەسەننىڭ سېلىپ تاشلاپ قويغان ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن تىلخەت يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنى يىرتىپ تاشلىۋەتكەن ياكى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆپ ئاۋارىچىلىكلەر پەيدا بولاتتى. كىم بىلىدۇ، تۇردى ھەسەن ئالدىراشلىقتا ئۇ تىلخەتنى بىرەر يەرگە تىقىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇنى ئابزەر خوجىنىڭ ئۆيىدە شەھەر مۆتىۋەرلىرى ساقلاپ تۇرۇۋاتسا...
خالئاي ھۇجرا ئۆيدىكى تام ئىشكاپ، گىرىم ئۈستىلى، گۇل لوڭقىلىرىنىڭ ئىچى، كارنىۋاتتىكى پۇرژىنىلىق ماتراس تېگىلىرى قاتارلىق يەرلەرنى ئىزدەپ تۇرغىنىدا نەئىمە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىگە قاراپ سەل ھەيران بولدى.
— ئاپا، بىرنېمىڭىز يوق تۇرامدۇ؟ نېمىتى ئۇ، مەنمۇ ئىزدىشىپ بېرەيمۇ؟
— ياقەي، ئەرزىمەسلا بىرنېمە، — خالئاي نەئىمەگە قارىمىدى، — ھە، يەنە كىرىپ قاپسىزغۇ، ھە، راست، بىر

مۇھىم گېپىم بار دېگەندەك قىلىۋېدىڭىز، نېمە گەپتى ئۇ؟

تۈنۈگۈن چۈشتە ئاياز بىلەن خالىئاي ئۆزىتىپ قويغان نەئىمە ھۇجرىسىغا كىرىپ بىردەم كىتاب كۆردى. لېكىن بىردىنلا شامال چىقىپ يىپەك پەردىلەر لەپەڭلەپ ئۇچۇپ دېرىزە تەكچىلىرىدىكى تەشتەك گۈللەرگە ئۆرۈلغىلى تۇردى. نەئىمە دېرىزە قاپقىقىنى يېپىپ تۇرۇشىغا، ئايازنىڭ ئۆيىدىن ئالدىراپ چىقىپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋاتقان دادىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قۇلۇپنى سېلىپ بولۇپ ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قولىدىكى بىرنەرسىنى ئىشتاننىڭ ئارقا يانچۇقىغا سېلىۋاتقاندا يانفونى سىگنال بەردى، ئۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ بېشىنى گىلدىڭلاتتى. ئاندىن نەچچە پەلەمپەينى بىر تاقلاپ ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىقتى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— مەسىلە ئايدىڭ بولدى، — دېدى خالىئاي قىزىغا تىكىلىپ، — تېخى ئالدىڭىزدا مۇھىم بىر تىلخەتنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ ئاياز ئاكىڭىز كىرىپتىكەن.

— ئۇ مەندە، — نەئىمە كىتاب قېتىدىن تىلخەتنى چىقاردى، — دادام كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن تېپىۋالدىم.

— بەك ياخشى قىپسىز قىزىم، — خالىئاي خۇشاللىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — بۇ خەت ساددا، ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك دېھقاننىڭ تەقدىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ.

خالىئاي قىزىغا تىلخەتنىڭ قانداق شارائىتتا يېزىلغانلىقىنى، نۇربانۇمخان موماي، ئايسىمە، ئايازلارنىڭ ئىچىنىشلىق پاجىئەلىرىنى، توقسەندىن ئاشقان بىر بوۋاينىڭ دېگەن گەپلىرىنى، لېكىن ئاشۇ يەرنىڭ ئىگىسى ئايازنى دادىسىنىڭ ھازىر ھەيدىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، نەئىمە يىغلاپ سالدى.

— توۋا، ئاشۇ بىچارىلەرنى قاڭغىر قاقشىتىپ تارتىۋالغان يەركەندە بۇ؟ — نەئىمە بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغانىدى، — دادام نېمانچە تاش يۈرەك، قارا كۆڭۈل بولۇپ كەتكەن.

— تـوغـرا دەيسىز قىزىم، ئۇنى بۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەن نەرسە ئەمەل ھەم پۇل، — خالئاي ئىسسىت ئەيلىگەندەك بېشىنى چايقىدى، — ئەمەل، پۇلنى ئات قىلىپ ئۈستىگە مىنگەندە، ئۇ ئـەمـەل ئـاۋامـغـا نـۇسرەت ئەمەس، بەلكى ئاپەت ئەكېلىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنىمۇ پالاكەت دوزىخىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ!

— ئاچا، تىلخەتنى ئايازكامغا ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟

— قـىـزىـقـكـەنـسـىـز، دادىڭىز ئىككىمىزنى نېمىلەرنى قىلىۋېتەر؟ بولۇپمۇ مېنى…

— راسـت، ئۇ سىزنى ئايازكامدىن كۆنلەپ يۈرۈۋاتسا… ئەمىسە قانداق قىلارمىز؟

— قىزىم، ئەتە يەكشەنبە شەھەرگە كىرىپ، بۇ تىلخەتنى كـۆپـەيـتىش ماشىنىسىدا بىرنەچچە نۇسخا كۆپەيتىپ چىقىڭ… ئاندىن ئەسلىسىنى يەنە ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ قويۇڭ بولامدۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ زېرىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

— ھازىر ئايازكام تىلخەتنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، دەپ راسا بىئارام بولۇۋاتقاندۇ ھە؟

— سىز كىرىپ ئەھۋالنى دەپ قويۇپ چىقىڭ، ھە، راست، ئايەتبۇ كۆرۈنمەيدىغۇ.

— يېزا بازىرىدىكى بىر دۇكانچى بىلەن چىقىشىپ قىلغاندەك قـىـلـىـدۇ. بـىـكـار بولۇپ قالسىلا شۇ ياققا قاترايدۇ… بىر كۆڭلىكىمنى بەرگەن ئىدىم، شۇنى كىيگەنچە چىقىپ كەتتىغۇ.

— بـوپـتـۇ چاتىقىڭىز بولمىسۇن، ئۇنىڭ كۆزدىن يىراق تۇرغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى.

— ئاپا، — نەئىمە خالئاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — راسـتـىنـلا دوستلۇق دوختۇرخانىسىدا بىر كېچە ئاسما ئوكۇل

سالدۇردىڭىزمۇ؟
— پاھ... پاھ، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — خالىئاي قىزارغىنىچە كۈلۈمسىرىدى، — مەن سىزگە كېيىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن... ئەمما ھازىر ئۇخلايمەن.
— خوش، ئاپا، مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار... ئەمسە مەن ئايازكامنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلىشىپ بەرگەچ ھېلىقى گەپنى دەپ قوياي، — ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن نەئىمە ئاپىسىنىڭ ئىشارىتىدىن كەينىگە قايرىلدى.
— قىزىم، ئاياز ئاكىڭىزنى خىجىل قىلىپ، ھەر قىسما سوئاللارنى سورىماڭ، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.
— خاتىرجەم بولۇڭ ئاپا...
ئون بەش مو دائىرىنى ئىگىلىگەن داچىنىڭ كەڭلىكىمۇ ئاتمىش مېتىردىن ئاشاتتى. كىتابخانلىرىمىزغا ئايان بولغىنىدەك ھەيۋەتلىك دەرۋازىدىن كىرىپ سول تەرەپ ئەڭ چەت بۇلۇڭدىكى ئىككى ئېغىز ئاددىي ئۆي ئايازنىڭ غەمخانىسى ئىدى. بۇ ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن ھەر خىل ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكلەر، ئانارلىق ئېتىزلار، كۆدە، پىدىگەن، يېسىۋىلەك، كۆكمۇش، كەرەپشە، شوخلا قاتارلىق كىچىك ـ كىچىك چۆنەكلەر ئارىلىقىدىكى قىزىل رەڭلىك چاقچۇق يېيىتىلغان چىغىر يوللار بىلەن باراتتى. نەئىمە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئىچىگە قارىۋېدى، ئاياز چىنە ـ قاچا قويۇلغان ئەينەك جاۋەننىڭ ئىچىنى سۈرتۈۋاتاتتى. چېۋەر چوكاننىڭ ئىشچان قوللىرىسىز قالغان بۇ ئۆيىنى توپا ـ توزان، ئەخلەت باسقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. كۆڭلى سۇنۇق ئاياز مېھرىبان ئايالىنىڭ قولى تەگكەن قازان ـ قومۇچ، كىگىز ـ گىلەملەرنى تازىلاۋېتىپ مىچىلداپ يىغلىدى. يىغلىغانسېرى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى. شۇڭا ئۇ نەئىمەنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

— ۋىيەي، ئايازكا، مىچىلداپلا كېتىپىسىزغۇ، يىغلىدىڭىزما؟

چۆچۈپ قايرىلغان ئاياز زورمۇزور كۈلدى.

— قىزىقكەنسىز نەئىمە بىكاردىن ـ بىكار نېمىشقا يىغلىغۇدەكمەن، — ئاياز سىرتقا چىقىپ يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ كىردى، — ئىشكاپلارنى تازىلاۋاتسام تورۇستىن چۈشتىمىكىن، كۆزۈمگە بىرنېمە كىرىپ كېتىپ ئېچىشتۇرۇۋەتتى... ھە، كىرىپ قاپسىزغۇ ئايقىز.

— قۇلىقىمغا بەك يېقىملىق، بەك تاتلىق ئاڭلانغان «ئاي-قىز...» دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلىغىلى كىردىم...

— چاقچاق قىلماڭ، — ئاياز نەئىمەنىڭ بۇرنىنى بوشقىنا ئېلىپ قويدى، — سىزنىڭ گەپ قىلىشنى بىلىدىغان كۆزلىرىڭىزدىن بىلدىم. چوقۇم بىر ئىش بار.

— ئۆيلىرىڭىزنى تازىلىشىپ بەرگەچ سىزگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى.

— ئۆينى تازىلاپ بولدۇم، رەھمەت ياخشى كۆڭلىڭىزگە، ئەمىسە گەپ بولسا ئاڭلايلۇق.

نەئىمە تىلخەت توغرۇلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى. ئاندىن بۇ ئىشقا ئاپىسىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى، ھەتتا شەھەرگە كىرىپ كۆپەيتىپ ئاچىقىدىغانلىقىغا قەدەر چۈشەندۈردى.

— ئايازكا، بىر كۈنى ئىككىمىز شەھەرگە بىللە كىرىپ، كۆپەيتىلگەن تىلخەتنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر ئىسپات ئېلىۋالايلى. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز يەتمىسە ئۆزۈم بېجىرىپ بېرەي.

— رەھمەت سىلەرگە، ئانا ـ بالا ئىككىڭلار بولمىساڭلار مەنمۇ بۇ داچىدىن ئاللىبۇرۇن كەتكەن بولاتتىم، — ئاياز كىڭىزدە ئولتۇرۇپ ئاستا سۆزلەۋاتاتتى، — مەن ئەسلىي بەزى

ئىشلارنى دېمىسەم بولاتتى، لېكىن سىزنى ئەسكەرتىپ قويمىسام بولمىغۇدەك…

— قېنى دەڭ، ئاپازكا، پەقەت يۈز ـ خاتىر قىلماڭ، مېنىڭ مىجەزىم سىزگە ئايانغۇ.

كۆمۈرچى بالا تۇغلۇق بىرىنچى قېتىم كۆمۈر ئەكىرىپ بېرىپ، يەر ئاستى ئۆيىدە نەئىمە بىلەن چاقچاقلاشقانلىقىدىن غەزەپلەنگەن تۇردى ھەسەن قىزىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپلا قالماي، خالىئاپىنىڭمۇ دىلىنى رەنجىتكەن ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە ئۇيۇپ قالغان ئوغا تىنجىمىدى. ئۇ ئاپازنى «داچىغا ئوبدان قارىمىدىڭ» دېگەننى باھانە قىلىپ بىر قېتىم ئۆيىدە، يەنە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ زەمچىگە باستى: «ئەگەر قىلالمايمەن دېسەڭ داچىدىن كەشىڭنى تۇغىرلا، ساڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورايدىغانلار كۆرمىڭ» دەپ ئىچىدىكىنى ئاشكارىلىغانىدى.

— بۇ ئىشلاردىن ئاپام ئىككىمىزنىڭ خەۋىرى يوق، — نەئىمە يەرگە قارىدى، — كەچۈرۈڭ، ئاپاز ئاكا.

— ئۇنى بىلىمەن، — ئاپاز ئەيمىنىپكىنە سورىدى، — ئېيتىڭا ئايقىز، تۇغلۇق بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردىڭىزمۇ؟

— تۆت كۈننىڭ ئالدىدا كۆرۈشكەن، لېكىن دادام بەك قاتتىق تىللىۋەتتى، — نەئىمە قىزىرىپ كەتتى، — ھەتتا بىر كاچات سالغاننى ئاز دەپ ياقىلىرىنى سىقىپ، تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ، كۆڭلىكىنى يىرتىۋەتتى.

— مەن بەزى ئىشلارنى بىلىمەن، لېكىن سىزگە دېيىشكە تىلىم بارمىدى، — ئاپاز بىردەم جىمىپ قالدى، — سىز پىداغا: «تۇغلۇق مېنىڭ پۇلۇمنى ئەپقاچتى» دېگەندىن كېيىن، تۇغلۇق ئەتىسى مېنى دوختۇرخانىغا كىرىپ تاپالماپتۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ئايسىمەنىڭ مېيىتىنى ئاچىقىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇ مېنى ئىزدەپ قايىنۇقىقا چىقىپتۇ. مەن ئۆلۈملۈك بولغاچقا كۆپمۇ سۆزلىشەلمىدۇق.

ئاياز ئۇ چاغدا تۇغلۇقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە سەل ھەيرانلىق ھېس قىلدى. بىراق يىگىتنىڭ قاملاشقان سىن ـ سىپاتىغا، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى مەنە ۋە سالمىقىغا قاراپ نەتىجىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغۇدەك بالا ئىكەن، دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇلار نەسەب جەھەتتىن يېقىنمۇ كەلمەيتتى. يىگىتنىڭ دېگىنىمۇ نەق شۇ ئىدى. ئەلۋەتتە چۈش دېگەن چۈش... رېئاللىق دېگەن ئەلۋەتتە ھەممىگە رەھىمسىز كېلىدۇ. ھەتتا ئۇ رومانتىك خىياللار، روھىي ئىنتىلىشلەر، ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنىمۇ تەرك ئېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز بولماي قالىدۇ! نەسەب ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ شۇنچە چوڭقۇر ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرىكمىكى تەس، ياتلىشىشى تېز ھەم چوڭقۇر بولىدۇ... شۇڭا ئىنسان بالىسى ئەمەلگە ئاشماس خىياللارنىڭ قۇلى بولماسلىقى كېرەك!

ئاياز تۇغلۇقنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. شۇڭا ئۇنىڭغا نەتىجىنىڭ قانداق قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەملەرگە باھا بېرىشتىكى كۆزقاراشلىرىنى ئاددىي تىل بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— يەنە نېمە دېيىشتىڭلار؟ — سورىدى نەتىجە چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇنچە زىل ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن.

— ئۇ سىزنىڭ «پۇلۇمنى ئەپقاچتى» دېگەن سۆزىڭىزنىڭ تېگىگە يېتىپ بارايمۇ، بارمايمۇ؟ بارسام قانداق بولار، بارمىسامچۇ؟ دەپ ئىككىلىنىپ قىلىپ مېنى ئىزلىگەن ئىكەن. مەن: «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار چۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنى راستتىنلا ئايلاندۇرۇش ئۆزۈڭلارنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىڭلارغا، ئەقىل ـ پاراسىتىڭلارغا باغلىق... لېكىن نەتىجە بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈڭ كېرەك» دېدىم. شۇڭا سىز پەيدا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈچىنچى كۈنى تۇغلۇق كۆمۈر ئەكەلدى.

نەئىمەنى چىگىش ئويلار چىرمىۋالدى. «‹چۈشىنى راستقا ئايلاندۇرۇش غەيرەت ـ شىجائەت، ئەقىل ـ پاراسەتكە باغلىق، پاھ، بۇ نېمىدېگەن پاساھەتلىك گەپ ھە؟! بۇ گەپنى دېھقان ئاياز قىلدى دېسە كىم ئىشىنەر؟ ياق، ئۇ بۇ گەپنى قىلغانىكەن ئەمدى يېشىپ بېرىشى كېرەك...»

— مېنى يېشىپ بەر دەمسىز ئايقىز؟ بۇ... قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ئىش بولدىغۇ، — ئاياز كۈلۈپ كەتتى، — بوپتۇ، «قاغىمۇ ئۆز ئېتىنى چاقىرىدۇ» دېگەندەك بىلگىنىمچە بىلجىرلاپ باقاي.

— قېنى دەڭ، — نەئىمە ئايازغا يېقىن كەلدى.

— سىلەر ئىككىڭلار ئىلاجى بار ئوتتۇرىدىكى چوڭقۇر ھاڭنى تىندۇرۇڭلار!

— تىندۇرۇڭلار؟! — نەئىمەنىڭ كۆزلىرى قىسىلدى، — قانداق قىلىپ؟

— تۇغۇلۇقنىڭ كۆمۈر ھارۋىسى — كىچىك ماشىنىغا ئۆزگەرسە... ساتىدىغان كۆمۈرى دۇكانلاردىكى مالغا ئالماشسا... كۆمۈر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى سىنىپ ھەم پارتىلارغا ئايلانسا... ئوتتۇرىدىكى ھاڭ بارا ـ بارا تىنىپ كېتىدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىپ، جورىسىدىن يىراقلىشىش تۈگەيدۇ...

— ۋىيەي، ئايازكا، سىز بىر پەيلاسوپكەنسىز...، — نەئىمە غەرەزسىزلا ئايازنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — سىز دېگەن گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى مەن ئويلىغان. مەسىلەن، تۆت مىڭ سوم بىلەن ئۈچ ئاي شوپۇرلۇقنى ئوقۇپ، پراۋا بىلەن چىققىلى بولىدۇ. مەن ماشىنا ئېلىپ بەرسەملا ئىش پۈتمەمدۇ. لېكىن سىز دېگەندەك كۇرسلاردا ئوقۇتۇپ سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈش... دۇكانلارغا دىرېكتور، خوجايىن قىلىش بۇلارنى راستلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

— ئويلاپ كۆرۈڭ، دادىڭىزنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي

تۇرغىنىمۇ نەق شۇ «كۆمۇرچى بالا».

— بىراق، — نەئىمە بىردىنلا سولتىيىپ قالدى، — تۇغلۇقنى ئۇرۇمچىگە ئەكەتسەم قېرى دادىسى تۇرسا؟

— هەي نادان قىز، ئەمرۇللاكامنى مەن ئەكېلىۋالامدىم. هازىر بىر قورسىقىمغا تاماق ئېتىمەن، — ئاياز نەئىمەنىڭ قاپقارا چاچلىق بېشىنى سىلىدى، — ئۆزۈممۇ يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم. «بۇ مېنىڭ كىچىك دادام بولىدۇ» دېسەم هەممە خەق ئىشىنىدۇ.

— مەن چىقاي ئايازكا، سىزگە رەهمەت، — نەئىمە ئورنىدىن تۇردى.

— توختاڭ ئايىقىز، ئەتە تىلخەتنى كۆپەيتكىلى شەهەرگە كىرىمەن دەۋاتىسىز، ماشىنىدا ئەكىرىپ قويايمۇ؟

— رەهمەت، چوڭ يولدىن تاكسى توسۇپ كىرەي، — دېدى نەئىمە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، — دادام ئۈچ كۈنلۈك دالا سایاهىتىگە چىقىپ كەتتى. ئەتە تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىپ: «ماشىنىنى پالانى يەرگە ئەپكەل» دەپ قالسا سىزنى بىكاردىن - بىكار تەڭلىكتە قويماي.

— بەك ئەتراپلىق ئويلايسىز هە؟ — ئاياز قىزغا سۆيۈنۈپ قارىدى، — مېنىڭمۇ سىزدەك قىزىم بولغان بولسا، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ ئامەتلىك ئاتا هېسابلايتتىم.

— مېنىڭمۇ سىزدەك دادام بولغان بولسا، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك قىز هېسابلىغان بولاتتىم...

ئاياز نەئىمەنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىككە قۇلۇپنى سالدى - دە، چوڭ يولغا چىقتى. ئاندىن بىر مېنىبۇسنى توختىتىپ تارسۇغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۈن قىيىلىش بىلەن تۇغلۇقنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. ئاياز ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئەمرۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقىدىن كۆرۈشۈپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار تۇغلۇق دەملەپ كەلگەن چاينى ئىچىپ بىردەم پاراڭلاشتى. ئاندىن

بــوۋاي ئوغــلــنــنىڭ بىرنەچچە كۈنلەردىن بېرى غەلىتە بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بىرئاز ھال تۆكتى. ئايازمۇ داچا خوجايىنىنىڭ قىزى بىلەن بولغان ئىشلارنى ئاددىيراق قىلىپ چۈشەندۈردى ھەم ئــەيىبنى تۇغلۇققا ئارتىپ قىزنى ئاقلىدى. ئايازنىڭ گەپلىرى ئــەمــرۇلــلا بــوۋاينى قايىل قىلىپ قويغاچقا ئوغلىغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ھەم يول كۆرسىتىشنى ئۆتۈندى. شۇڭا ئاياز تۇغلۇقنى «بەگئۆستەڭ» بويىدىكى بۆك سۆگەتلىك ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئاندىن نەئىمە بىلەن بولغان سۆھبىتىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. تۇغلۇق ئاڭلىغانسېرى نە يىغلاشنى، نە كۈلۈشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر ئوغۇل بالا تۇرۇقلۇق قىزغا مەدەت ھەم ئىلھام بەرمەي، بەل قويۇۋەتكىنى نېــمــىسى! تېخى ئۆزىنىمۇ، قىزنىمۇ ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا پــاتــۇرــدىــغــان، چــۈشــكــۈنلەشتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان!

— ھەي گــۈيــنــىــڭ بــالــىــســى، — دېــدى ئــايــاز سەل ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ، — ئەر دېگەن ئەر بىلەمسەن؟ ئۇ تاز بولسۇن ياكى قېرى، مېيىپ، نامرات بولسۇن ئالىمەن دېگىنىنى ئالالايدۇ. زادى بىر ئامال قىلىپ ئالىدۇ. لېكىن قىز «تېگىمەن» دېگىنىگە تېگەلەمدۇ؟ قىسقىسى، مۆرىتى كەلسە سەكسەن ياشلىق قېرى پوتا باغلاپ يىگىت بولالايدۇ. ئــەمــما ئوتتــۇز ياشــلىق چوكان — قىز بولالمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— يــائاللا، ئــايــازكــا، نــەلەردىــن تــاپــىدىغــانسىز بۇنداق گەپلەرنى، — دېدى تۇغلۇق قىزىرىپ، — ئەمما بۇ گەپلىرىڭىز ئادەمگە يۈرەك پەيدا قىلىدىكەن.

— ھەي قاپاق باش، پادىشاھنىڭ خانىشلىرى نېمە ئۈچۈن قــاپــقــارا زەڭــگــى قۇللار بىلەن ئوينايدۇ. خاننىڭ مەلىكىزادە قــىــزلــىــرى بولسا كەيمۇۋاش پادىچى تازلارغا كۆيۈپ قالىدۇ؟ مۇشۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭمۇ پوق... ئۇلار ئۆزىگە كۆڭلىنى

ئاتا قىلغان قىز ـ چوكانلارغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ... خورلىمايدۇ... چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئۇلۇغ «ئىشقى نېمەت» نىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. ھەقىقىي چىن ئەقىدە ئاشۇ ئاددىي ئادەملەردە! بۇنى خوتۇن خەق ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ.

ئاياز تۇغلۇققا نەئىمەنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ھەققىدە يەنە بىرمۇنچە تاققا ـ تۇققا سۆزلىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ھەم نەئىمەنىڭ ئەتە شەھەرگە كىرىپ نە ـ نەلەرگە بارىدىغانلىقى، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدىغانلىقىنى تاپىلىدى:

— ھەي بىغەرەز، — دېدى ئاياز تۇغلۇقنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — ئەتە نەچچە توقاچسوپۇن كەتسىمۇ پاكىز يۇيۇنغىن، ھېيتلىق ھاي ـ ھاي كىيىملىرىڭنى كىيىپ ئاندىن كىرگىن بولامدۇ؟

تۇغلۇق ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقاندىن سۆيۈنگەن ھالدا باش لىڭشىتتى.

## 12

نەئىمە ياشلار مەيدانى يېنىدىكى بىر نۇسخا كۆپەيتىش دۇكىنىدا تىلخەتنى بەش نۇسخا كۆپەيتكەندىن كېيىن سومكىسىغا ئىككى قاتلاپ سالدى. ئۇ ئەمدى گىرىم دۇكانلىرىدىكى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ئوبوروت بولۇش ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئويىدا بىرقانچە دۇكانلارنى ئارىلىدى. چۈنكى ئۇ ئاخشام تور ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇكانلىرىدىكى ھەرقايسى گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش، بېسىلىپ قېلىش تەكشى بولماسلىقتەك بەزى ئەھۋاللارنى ئۇققانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ جەنۇب ھەم شىمالى، شۇنداقلا شەرقىي شىنجاڭدىكى گىرىم بۇيۇملىرى دۇكانلىرىغا توپ ۋە پارچە سېتىلغان ئەتىر، يۈز مېيى شۇنداقلا

بەدەن يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ بىرقانچە خىل تۇرلىرىنىڭ ئوبوروت بولۇش ئەھۋالىنى ئۇقماقچى ئىدى. بۇ مەھسۇلاتلار جۇڭگو، فرانسىيە، گېرمانىيە، كورىيە، سىنگاپورلارنىڭ بولۇپ، قايسى ئورۇننىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى تېز، مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى سودىدىكى ئۇچۇردا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.
نەئىمە «رەيھان گىرىم بۇيۇملىرى مەركىزى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان دۇكانغا كىردى. ئۇ بىرقانچىلىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى سورىغانىدى، مال ساتقۇچى قىز خۇشال هالدا: «ئۇلار ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ ھەم خېرىدارلارنىڭ ئىنكاسلىرىمۇ ياخشى!» دەپ جاۋاب بەردى. نەئىمە ياخشى سېتىلىۋاتقان، توختاپ قېلىۋاتقان، سېتىلىشى تەكشى بولمايۋاتقان مەھسۇلاتلار ئىسىملىرىنى خاتىرىلىۋالدى.
— سىلەر مالنى قايسى يەردىن ئېلىۋاتىسىلەر؟— نەئىمە مال ساتقۇچى قىزنى گەپكە سالدى،— قارىسام يېڭى مەھسۇلاتلىرىڭلار خېلىلا كۆپ تۇرىدۇ.
— دىرېكتورنىڭ دېيىشىچە،— دېدى مال ساتقۇچى قىز،— ئۇرۇمچىدىكى «نەئىمە ئاياللار دۇنياسى» گىرىم بۇيۇملىرىنى توپ ھەم پارچە سېتىش مەركىزىدىن ئاپتۇ.
— داۋاملىق شۇ يەردىن ئالامدىكەن؟
— شۇنداق ئوخشايدۇ. دىرېكتورنىڭ دېيىشىچە، نەئىمە خانىمنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىشەنچلىككەن ھەم باھاسىمۇ نورمال ئوخشايدۇ.
بۇ ئەسنادا دۇكاننىڭ ئىچكەركى بۆلۈمىدىن چىققان دىرېكتور رەيھان كەلگەنچە نەئىمەنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار قىزغىن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن رەيھان مال ساتقۇچىلار ھەم خادىملارغا قاراپ سۆزلەپلا كەتتى:
— مەن سىلەرگە داۋاملىق گېپىنى قىلىدىغان دىرېكتور نەئىمە شۇ بولىدۇ، قېنى بىر تەبرىكلەيلى.

كۆپچىلىك بىر دەك چاۋاك چېلىشتى.

— بۇ قېتىم مالغا بارسام سىزنى ھەممە ئىشلارنى شۆھرەتتايغا تاپشۇرۇپ ئۆزى غۇلجىدىكى داچىسىدا دەم ئېلىۋاتىدۇ دېيىشتى، — دېدى رەيھان نەئىمەنى ئىشخانىسىغا باشلاپ، — داچىڭىزنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئىزدەپ بارالمىدىم.

— نەدە بولاتتى سەھرادا، دادام ئەشەگە سالدۇرۇپتىكەن.

— ئۆرۈمچىگە قاچان قايتىسىز؟

— بىر مەزگىل دەم ئالاي دەيمەن، — دېدى نەئىمە، — ئىسچىكىرىگە، چەت ئەلگە قاتناپ بەك تالچىقىپ كېتىپتىمەن، دۇكانلارمۇ كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

— غۇلجىلىق يىگىتلەردىن بىرەرىنى قولىڭىزغا قوندۇرۇۋالدىڭىزمۇ يە؟

— قويىڭە سىزنى.

رەيھان «نەئىمەنى مېھمان قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاندى، نەئىمە بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. ئۇ بەكمۇ تەسلىكتە رەيھان بىلەن خوشلىشىپ، تەشلەپكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا بىركىمنىڭ «نەئىمە» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن توغرا كېسىپ ئېگىز، قامەتلىك بىر يىگىت بۇياققا قاراپ كۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

— نېمە، مېنى تونۇمىدىڭىزما؟ — يىگىت كۈلۈۋېدى ئۇنىڭ ئاپئاق نەم چىشلىرى كۆرۈندى، — نېمانداق ئادەمنى قورقۇتۇپ چەكچىيىپلا تۇرىسىز؟

— توۋا، تۇغلۇقۇسىز؟ ئەجەب ئۆزگىرىپلا كېتىپسىز...

قىز بولسا يىگىتنىڭ تۆت تەرىپىگە كەشتە قوندۇرۇلغان بېغىر رەڭ مانچىستىر دوپپىسىغا، سۇس يېشىل چاقماق كالتە يەڭ كۆڭلىكىگە، قىر چىقىرىلغان ئىشتىنىغا، مېغىز رەڭ

شىبلىتىغا قاراپ ھەيرانلا قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پاكىز بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا خوپمۇ ھۆسن قوشقان كاپكازچە بۇرۇتى، يېنىپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرى، قىرلىق بۇرۇن، كەڭ پېشانىلىرى ھەرقانداق قىزنىڭ مەيلىنى تارتىپ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى...

— شەھەر يىگىتلىرىگە ئوخشاپ قالغانلىقىمغا ئۆچلۈكىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— تولا بىلجىرلىماڭ، سىز ئۇلارغا ئوخشىمايسىز.

— ئارىمىزدىكى ھاڭغا بىرنەچچە كەتمەن توپا تاشلىيالاپتىمەنمۇ؟

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ — نەئىمەنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھاللا ئاياز كەلگەنىدى.

— بولدى، بولدى ۋارقىرىماڭ، بۇ دېگەن كوچا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر!

— ئەمىسە بايىقى گەپنى چۈشەندۈرۈڭ، قارىۋاي...

— مېنىڭ كوكۇلامغا تولا ئېسىلىۋالماڭ بولامدۇ جاپجاب! بولمىسا ياماناپ قالىمەن.

— خوتۇن كىشىدەك يامانلىسىڭىز يامانلاڭ، ئەمدى قورقمايمەن.

— ھەي ماۋۇ زۇۋاندارنىڭ ئاغزىنىڭ ئەسكىلىكىنى قارا، ھېلى بىكار...

— ئەمىسە ئۇرۇڭە قېنى...

— بولدى، بولدى نەئىمە، خەقلەر قارىشىۋاتىدۇ. كۆرۈشسەكلا ئارانلا تۇرىسىز ئۇرۇشقىلى.

— ئەمىسە ئۆتكەندە داچىدا نېمە دېدىڭىز؟ — نەئىمەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، — «سىز بىلەن كۆرۈشمەيمەن، يۈرەكلىرىم قاناپ كېتىدۇ...» دېگەن ئادەم چىرايلىق ياسىنىپ شەھەردە نېمىش قىلىسىز؟ بىرەر پاخپايغان خوتۇن سوۋۇتۇپ قويۇپتىما؟

— توۋا، توۋا، سۆزلەپ قاپتۇ، بۇ هازازۇل...
— راست سۆزلەپ قالدىم.
— هەي قىز، — دېدى تۇغلۇق قەهرى بىلەن، — مەن سىزنى ئىزدەپ شەهەرگە ئىز قوغلاپ كەلدىم. يۇرۇك، ئاۋۋال قورساقنى تويغۇزۇپ ئاندىن سىزنى ئويىنىتىمەن بولامدۇ؟ ئەمدى سوقۇشمايدىغانسىز؟
— راستلا مېنى ئىزدەپ كىرگەنمۇ؟
— ئەزبىرايى خۇدا.
— ئەمدى سوقۇشمايمەن، بىراق...
— هە، يەنە نېمە بىراق؟
— سوقۇشسا، — نەئىمە كۆزلىرى ياش يۇقى كۆلدى، — سوقۇشسا بەك پەيزى بولىدىكەن... خۇددى ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلاردەك... شۇڭا سىز بىلەن سوقۇشقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ.
— ئۇنداقتا تاماق يەۋېلىپ، مەن سىزنى سوقۇشۇشقا راسا ئەپلىك ئاسىمنى كەڭ بىر يەرگە ئاپىراي بولامدۇ؟ هە دەڭا، نېمە يەيسىز؟
— پېتىر مانتا.
— پاھ، پاھ، — تۇغلۇق تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ، كالپۇكلىرىنى تامشىپ كەتتى، — ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىلگەن دەڭا... تېخى شورپىلىرى تېمىپ تۇرغان...
ئۇلار بەيتۇللا ئالدىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ پېتىر مانتا يېيىشتى. ئاندىن ئىككىسى هەر خىل قۇتىلىق سوغۇق ئىچىملىك، مىنېرال سۇ، مايلىق توقاچ، ئىككى كاكچا نان ئارىلىقىغا يىگىرمە زىخ كاۋاپ ئالدى. تۇغلۇق بىرلا ئىسقىرتىپ قول ئىشارىسى قىلىۋېدى، بىر تاكسى ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— «كىچىك چوقۇر، ئاق قۇ ئارامگاهى» غا ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى تۇغلۇق شوپۇرغا ئېگىشىپ.

«كىچىك چوقۇر»، «چوڭ چوقۇر»لار ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ھادىس گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرى بولۇپ، كۆز يەتكۈسىز ئورمان ئىلى دەريا ۋادىلىرىنى قاپلاپ تۇرىدۇ. خۇددى يېشىل مەخمەل ئوتتۇرىسىغا قارا يىپەك يىپ ئۆتكۈزگەندەك، چەكسىز ئورمان ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئاسفالت يول، چاپچالنىڭ قوغۇنچى، قاينۇق، جاغىستاي قاتارلىق يېزا - سەھرالىرىغا ئۇزاپ كېتىدۇ.

«كىچىك چوقۇر»، «چوڭ چوقۇر»لار يولنىڭ ئىككى قانىتىدىكى پەسلىكتە بولۇپ، سېلىنىپ كەتكەن قىزىل، يېشىل، ئاق، سېرىق راۋاقلار، شىپاڭلار، ئاشخانا، رېستوران بىنالىرى، سۇ ئۈستىگە سېلىنغان ئارامگاھلار... قويۇق ئورمان ئارىسىدىن خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ ئالىيېشىل تىزما ئويۇنچۇقلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئىلى دەرياسىنىڭ دەرەخ يىلتىزىدەك ئايرىلغان تارامىلىرى قېلىن ئوتلار، چاتقاللار، توقايلىقلار، ياۋا گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان قىرلارنى ئايلىنىپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ غايىب بولاتتى.

ئىلى خەلقى توي - تۆكۈن، مەرىكە، قاتار چاي، خاتىرە كۈنلەرنى ئىلى دەرياسىنىڭ كىچىك چوقۇر، چوڭ چوقۇر ساياھەت رايونلىرىدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىلىرى رومانتىك خىياللارغا مەپتۇن ياشلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. شۇڭا يېقىندىن توي قىلغان، توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاشىق - مەشۇقلار كىچىك چوقۇر، چوڭ چوقۇر مەنزىلگاھلىرىدىكى ئىلى ناخشىلىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان، بۇلبۇللار سايراپ ھارمىغان ئىپتىدائىي ئورمانلىرىغا سىڭىپ كېتەتتى.

تاكسى «كىچىك چوقۇر، ئاق قۇ ئارامگاھى»نىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ يول چېتىدە توختىدى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى.

— ئاق قۇ ئارامگاھىدىن بىرەر راۋاقنى كىرەمدۇق؟ —

سورىدى تۆغلۇق، — قالدىسى ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ.

— ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، مەجنۇنتاللار ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، سۇلار شىۋىرلىشىۋاتقان، بۇلبۇللار سايرىشىۋاتقان توقايلىققا بارايلى.

— بولىدۇ، بىراق ئۇ يەردە سوقۇشقىلى بولمايدۇ، ئادەم سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

— بوپتۇ، ئەدەپ بىلەن سوقۇشايلى...

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلار قېلىن ئوتلاردا ئارانلا قەدەم ئېلىپ ئورمان ئىچىگە بارغانسېرى ئىچكىرىلىمەكتە ئىدى. قەيەردىندۇر دۇتار، تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلانسا، يەنە نەدىندۇر سادىر پالۋاننىڭ ناخشىلىرى ياڭرايتتى. تېخى بەزى چوڭ شىپاڭلاردىن يىگىت ـ قىزلارنىڭ شوخ جىرلاشلىرى ھەم تاقىلداپ ئوينىغان ئادۇنۇشكىلار ئورمان ئىچىنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ئۇلار بىرەر مەكتەپنىڭ دالا ساياھىتىگە چىققان ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

تۆغلۇق بىلەن نەئىمە چىغىر يولنى تاشلاپ، پۈتۈنلەي چىغىرتماق، لويلا، بۇيا، شىۋاق ھەم قىرچىن تاللار قاپلاپ كەتكەن بوككىدە بىر سايغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تارام سۇ لۆمشۈپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى مانچىستىر دوپپىدەك دۈپدۈگىلەك بىر ئارالچاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى سۆسۈن رەڭ ئېچىلغان تىلقانات، ياۋا بېدىلەر، قىزغۇچ چېچەكلىرىنى داستىخاندەك يايغان يۆگىمەچلەر، يەنە قانداقتۇر ئۇششاق، لېكىن ئاق ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر قاپلاپ تۇراتتى.

تۆغلۇق بىلەن نەئىمە قېلىن ئوت ئۈستىگىلا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا گېزىتنى يايدى. ئاندىن سوغۇق ئىچىملىكلەرنى تىزىۋەتتى. ئۇلارنىڭ تېخى قورسىقى ئاچمىغاچقا، نان بىلەن كاۋاپنى سۇلياۋ خالتىغا يۆگەپ قويدى. نەئىمەنىڭ كۈلۈپ تۇرغان

كۆزلىرى، گۈلدەك ئېچىلغان چىھرىدىن ئۇنىڭ بۇگۈنكى بۇ تاسادىپىي ساياھەتتىن بەكمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. تۇغلۇق ئۇنىڭغا ئاناناس شەربىتى قۇتىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۆزىمۇ بىرنى ئالدى.

— ھەي، تۇغلۇق، بايا سىز ھاڭنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، — نەئىمە ھەيران بولۇپ سورىدى، — مەن تۇنۇگۈنلا «ھاڭ» توغرۇلۇق دەرس ئاڭلىغان...

— كىمدىن؟

— ئايازكامدىن.

— مەنمۇ شۇ، — تۇغلۇق ئاياز بىلەن بولغان سۆھبەتنى قىسقىلا بايان قىلدى، — تۇنۇگۈن ئايازكام سىز بىلەن پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپتىكەن. ئۇ مېنى بىرمۇنچە ئەيىبلەپ تىللاپ كەتتى. دادامغىمۇ دېگەننىدى، ئۇمۇ ئاچچىقلاپ قالدى. شۇڭا بۈگۈن مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورىغىلى ئارقىڭىزدىن قوغلاپ كەلدىم.

نەئىمە بىردىنلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، كۆزلىرىنى قاچۇردى.

— تۇغلۇق، مېنىڭ قانچىلىك قۇربان بېرىپ، قايسى دەرىجىدە بەدەل تۆلەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — نەئىمە ئېغىر تىندى، — ئەگەر مەن سىز بىلەن توي قىلسام جەمئىيەتتىمىز، ئادەملىرىمىز نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. شۇڭا ئاشۇ خەقلەرنىڭ بېسىقماس زۇۋانىنى بېسىش ئۈچۈن، ئايازكام دېگەندەك ھاڭنى تارايتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. سىز ماڭا ماسلىشىپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئايازكام ھاڭنى تارايتىشنىڭ ئاماللىرىنى دېگەندۇ؟

— دېدى، — تۇغلۇق ئېغىر خىيالدا ئىدى، — مەنمۇ قوشۇلىمەن... مېنىڭمۇ ئەمدى باشقا تاللاش يولۇم قالمىدى.

— مەن پۇلدىن قىسىلمايمەن، پەقەت ماسلاشماسلىقىڭىزدىن، يېرىم يولدا بەل قويۇپ بېرىشىڭىزدىن قورقىمەن.

— سىز بىر قىز تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىرادىگە كېلىۋاتقان يەردە مەن بەل قويۇپ بەرسەم، يىگىت دېگەن نامىمنى ئىتقا تاشلاپ بەرسەم بولىدۇ!

— بىز توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئوقۇيسىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— سىزنى ئوقۇتۇپ چوڭ كادىر، ئەمەلدار قىلغۇم يوق، سەۋىيىلىك ھەم زامانغا لايىق ئادەم بولسىڭىزلا كۇپايە، پەقەت ئات ھارۋىڭىزنى كىچىك ماشىنىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىمەن خالاس.

— مەنمۇ شۇنى خالايمەن.

— مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزدەك بىر كۆمۈرچى بالىنى ھايات سەپىرىمدە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىشىم، بەلكىم سىزنىمۇ ھەيران قالدۇرار! بىلىشنى خالىسىڭىز مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي…

………

نەئىمە ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى ئۈچىنچى سىنىپتىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىكرام ئىسىملىك بىر بالىنى ئۇلارنىڭ سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويىدى. نەئىمەنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان بالىنى ئاتا ـ ئانىسى باشقا مەكتەپكە يۆتكەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىكرام نەئىمە بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇردى. ئىكرامنىڭ كىيىم ـ كېچىكى بەكمۇ كونا ھەم يىرتىق بولۇپ، تەر پۇراپ يېنىدا ئولتۇرغىلى بولمايتتى. بىر كۈنى نەئىمە ئۇنىڭغا:

— كۆڭلەك، ئىشتانلىرىڭنى ئاپاڭ يۇيۇپ، ياماپ بەرسە بولمامدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇ:

— ئاپام يوق، ئۆلۈپ كەتكەن…، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە داداڭچۇ؟ — ياندۇرۇپلا سورىدى نەئىمە.

— دادام دۆڭكۆۋرۈكتە ياماقچىلىق قىلىدۇ. پۇل بولمىسا

قورسىقىمىز ئاچ قالىدۇ، — دېدى ئىكرام بوش ئاۋازدا.
مانا شۇنىڭدىن باشلاپ نەئىمە مەكتەپكە ماڭدىيۇ بوپكىسىغا نان، پېچىنە، بولكا، باقالى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېلىۋېلىپ ئۇ بالىسىغا بېرەتتى. ئىكرام داۋاملىق قورساق، دەپتەر، قېرىنداش، يازنىڭ ھەم قىشنىڭ غېمىدە يۈرگەچكىمۇ دەرستىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا نەئىمە بالىلار دەرستىن چۈشكەندە ئىكرامغا دەرسلەرنى چۈشەندۈرەتتى. تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەشكە ياردەملىشەتتى. بىر كۈنى مەكتەپتىكى كەچلىك پائالىيەتتىن كېيىن نەئىمە دوستلىرى بىلەن بىرگە ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى، ئۇ تاسادىپىيلا ئىكرامنىڭ خوددى يوغان ساندۇققىلا ئوخشايدىغان بىر ھارۋىنى ئارغامچا بىلەن تىرەجەپ سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئوتتۇرا ياشلاردىن ئاشقان چىرايى ساپسېرىق بىر ئادەم ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ماڭغاچ توختىماي يۆتىلەتتى. شۇ كۈنى نەئىمە ئۆيىگە كېلىپلا پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئۇ ئېسەدەپ، ئۆپكىدەپ جىقلا بىرنېمىلەرنى دەپلا كەتتى. قىزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان خالىئاي ئۇنى جىملەپ:
— جېنىم قىزىم، ئۇنداقلار كۆرمىگ... سىز ئۇلارنى يۆلەپ بولالمايسىز... ئەگەر ئۇ بالا بىلەن يېقىن ئۆتىدىغىنىڭىزنى دادىڭىز ئۇقۇپ قالسا، كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرىسىز.
— ئاپا، دادام نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بىچارىلەرگە ئۆچ.
— ئۇلار نامرات، پۇرايدۇ... كىيىم - كېچەكىدە پىت - سىركە بار...
— ئاپا، پىت - سىركە دېگەن نېمە ئۇ؟
— ئۇ پاسكىنىچىلىقتىن بولىدىغان زىيانلىق ھاشارات.
— لېكىن ئۇ بالا شۇنداق بىچارە تۇرسا...
مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىكرامنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى، كىتاب، دەپتەر، قەلەملىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان نەئىمە ئاپىسىغا كۆچى يېتەتتىكى، دادىسىغا ھەرگىز

ئۇقتۇرمايتتى. ھەتتا ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغىمۇ ئاپىسىنى قاتناشتۇراتتى. نەئىمە ئىكرامىنىڭ بارلىق ئوقۇش چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشتىن سىرت، ھەر يىلى بىر قېتىم تارقىتىدىغان مەكتەپ فورمىسىنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خالىئاي باللار بايرىمى، قۇربان ھېيت، روزى ھېيتلاردا كىيىم ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بازارغا چىقسا نەئىمە ئالدى بىلەن ئىكرامغا ئالدۇراتتى. ئۇ چاغلار تۇردى ھەسەن يېڭىدىن مۇئاۋىن نازىرلىققا كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن خىزمىتى بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ نەئىمە ھەم خەمىدەنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايتتى. نەئىمە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى، بىر كۈنى مۇئەللىمى مائارىپ نازارىتىگە خىزمەت بىلەن بېرىپ قېلىپ، تاسادىپىيلا تۇردى مۇئاۋىن نازىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ نەئىمەنى شۇنچىلىك ماختاپ كەتتىكى، ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى بىر نامرات ئوقۇغۇچىنى يۆلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مەكتەپ گېزىتلىرىدە، رادىئولىرىدا تەشۋىق قىلىنغانلىقى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى «ھايات لېي فېڭ» دەيدىغانلىقى قاتارلىق ياخشى ئىش، ئىلغار پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى، لېكىن شۇ كۈنى كەچتە تۇردى مۇئاۋىن نازىر خالىئاي بىلەن نەئىمەگە خېلىلا چېچىلىپ قالدى:

— بالىنى يامان ئۆگىتىپ قويغان سىز، — دېدى تۇردى ھەسەن خالىئايغا قولىنى شىلتىپ، — ئەلۋەتتە ئانا بولغۇچى بالىغا كىملەر بىلەن دوست بولۇش، كىملەردىن يىراق تۇرۇش، كىملەرگە خەيرىخاھلىق قىلىش، كىملەرگە قىلماسلىقنى ئۆگىتىش كېرەك. بالا، ئۇنداق كېلىش ـ پەخەس، يالىڭاچلار بىلەن ئارىلاشسا پەيلى بۇزۇلىدۇ. يامان ئىدىيە، يامان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. قورسىقى نانغا، قولى پۇلغا، ئۈچىسى كىيىمگە زار ئۆتكەن باللار چوڭ بولغاندا كۆزى ئاچ،

كۆڭلى پەس، نەزەر دائىرىسى تار، پىكىر قىلىشى يۇزە، كالىكومشار ئادەملەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ! ئۇلارغا ھەرقانچە ياخشىلىق قىلساڭمۇ كىچىككىنە مەنپەئەت ئالدىدا سىنى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋېتىدۇ... خۇددى قارغۇغا سەدىقە بەرسە قىيامەت كۇنى «مەن ئۇنى كۆرمىگەن» دەپ تىنىۋالغاندەك تۇزكور نېمىلەر ئۇ!

خەيرىيەت، ئىكرامىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۇستىگە ئالغان نەئىمە بىچارە ئاپىسىنى يۇنۇپ، غاجاپ دىگەندەك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. بۇ چاغدا ئىكرامىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە بىر تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا نەئىمە نېمە بەرسە ئېلىۋەرگىنى بىلەن ياشلىقتا قەدەم قويۇش بىلەن ئىزا تارتىدىغان، خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئالماي ـ ئىشلەتمەي دېسە ئوقۇشقا بولغان مەستانىلىق ئۇنى يەنىلا قول سوزۇشقا زورلايتتى. شۇڭا دەرس تەكرارلاش، دەم ئېلىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانلىرىدا، ھەتتا ئويىنغىلى چىققان يەرلەردىمۇ ئىكرامىنىڭ قىلغان ئەھدۇ ـ ۋاپالىرى، يىغلاپ تۇرۇپ ئىچكەن قەسەملىرىنى نەئىمە ساناپ بېرەلمەيدۇ... توغرا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى باللىق، ئۆسمۇرلۇك، ياشلىقتىن ئىبارەت ئۇچ دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۇزگەن ساپ قانلىق مۇھەببەتتۇر!...

ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىنلا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئىكرامىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۇتتۇرۇشكە كۆزى يەتمەيتتى. دۆلەت چىقىمى ئارقىلىق ئوقۇدى دىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ھەر خىل چىقىملار كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر دۆلەت چىقىمى بىلەن ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇشنىڭ پەرقى قالمايۋاتىدۇ.

— راستىنلا ئىمتىھانغا قاتناشمامسىز؟— سورىدى نەئىمە.

— شۇنداق، ئالىي مەكتەپنىڭ چىقىمى ئاز بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا مەن قاتناشماي بولامدۇ؟ — دېدى نەئىمە.
— ئاتا ـ ئانىڭىزغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىسىز؟
— مېنىڭ كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بار، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمما سىز چوقۇم ئوقۇشىڭىز كېرەك. ھەممە چىقىملىرىڭىزنى مەن تۆلەيمەن.

نەئىمەنىڭ «كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بار» دېگەن سۆزىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا بىللە ئوقۇپ مەكتەپتىن قېپقالغان ئىككى دوستى بىرلىشىپ گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچقانىدى. سودىسى يۇرۇشۇپ خېلىلا ئەتلىنىپ قالدى. تېخى ئۇلار: «بىزنىڭ سالغان دەسمايىمىز بەك ئاز، دەسمايە كۆپرەك بولغان بولسا، ئاسانلا بېيىپ كېتەتتۇق» دەپ ئارمان قىلىشتى. ئەگەر ئاشۇنداق تىجارەتنىڭ بىرەر ئېپىنى قىلىۋالسا دوستلىرى ئېيتقاندەك «ئۆز بەگ، ئۆز خان» بولۇپ ئەركىن ـ ئازادە ئۆتمەمدۇ! باشقىلار ئۇنى «نەئىمە دىرېكتور» دەپ چاقىرسا نېمىدېگەن پەيزى ـ ھە! ئەمما ئىكرام ئوقۇمىسا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قوشۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس... تۇردى نازىر خىزمىتى، نە ئوقىتى بولمىغان بىر يالاڭ تۆشكە قىز بىرەمدۇ؟!...
— لېكىن سىزنىڭ بۇ پىلانىڭىزغا ئاتا ـ ئانىڭىز قېتىلمايدۇ، — دېدى ئىكرام.
— مۇنداق بولسۇن، ئىككىمىز ئىمتىھانغا بىللە قاتنىشايلى، قايسىمىز ئۆتىمىز، قايسىمىز ئۆتمەيمىز، تەلىيىمىزنى سىنايلى. ئەگەر مەن ئۆتەلمىسەم، ئاتا ـ ئانام مېنىڭ تەلىپىمگە چوقۇم قوشۇلىدۇ.

دېگەندەك نەئىمە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى تۇرماق، مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىمۇ ھەيران قالدى. بەزىلەر: «ھەي... ئىمتىھان دېگەن تەلەيگە باغلىق ئىشكەن، نەئىمەنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، دەپ كىم ئويلىغان» دېيىشتى.

نەئىمە ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى دېگەندى، تۇردى ھەسەن چېچاڭشىپ كەتتى:

— پوق يېمەڭ، مەن تۇرسام، سىزنى ئوقۇشقا بارالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ساقلاڭ، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چوقۇم چاقىرىق كېلىدۇ.

دادىسىنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزى نەئىمەنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇچۇن بەلگىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار، ئاندىن ئارخىپ چىقىرىپ بېرىدىغان مەسئۇل خادىملار بىلەن ئالاقىلەشتى. نەئىمە خېلىلا نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي مۇناسىۋەت تورلىرى ئارقىلىق ئۇرۇمچى ناھىيىسىدىكى بىر قىزنىڭ ئىمتىھان ئارخىپى بىلەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەنلىك ئۇچۇرىنى ئىگىلىدى. نەئىمە شۇ كۈنىلا ئۇرۇمچى ناھىيىسىدىكى قىزنى تېپىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي: «ئىككىمىزنىڭ ئىسىملىرى ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن ئارخىپلىرىمىز ئالمىشىپ كېتىپتۇ... سىز پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئالاقىلىشىڭ...» دەپلا يېنىپ كەلدى. ئەمما تۇردى ھەسەن ھېچ كۆرۈلمىگەن غەزەپ بىلەن ئاچچىقلاپ كەتكەنىدى. نەئىمە تەمكىنلىك بىلەن دادىسىنى ماختىدى...

— دادا، سىز ئۆزۈن يىل پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىسىز...، — نەئىمە دادىسىنى ئورۇنسىز مەدھىيىلىمەكتە ئىدى، — توغرا، مەن قىزىڭىز بولغانلىقىم ئۇچۇن ماڭا كۆيۈندىڭىز... رەھمەت سىزگە دادا، لېكىن مېنى دەپ ئاخىرقى ھېساب ئۆزىڭىزنى بۇلغىۋالماڭ...

خالئاي كېچىچە ئېرىگە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئاخىرى تۇردى ھەسەننى ئەيۋەشكە كەلتۈردى. ئۇ ئەللىك مىڭ سوم دەسمايە سېلىپ نەئىمەگە ئۇرۇمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە گىرىم دۇكىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولدى.

ئـون سەككىز يېشىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ گـــىرـىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچقان نەئىمە ئىكرامنىڭ ئالىي مـەكـتـەپ چـىقىمنى كۆتۈرۈشتىن سىرت، ئۈچ يىل ئىچىدە دۇكاننى ئىككىگە كۆپەيتىپ، خادىملارنى ئالتە قىلىپ بېكىتتى. ئـۇ دادىسـىـنىڭ ياردىمى بىلەن چەت ئەلگە بېرىپ - كېلىپ تـۇرىـدىغان پاسپورت ھەل قىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىككى دۇكىنى دۆلـەت ئېتىراپ قىلغان، سودا باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەم باج تارماقلىرى ئەنگە ئالغان نامى يوللۇق دۇكانلاردىن بولۇپ قالدى.

نەئىمە يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئىكرام ئوقۇش پۈتتۈردى. نەئىمە دادىسىغا يېلىنىپ ئۇنى شەھەر ئىچىدىكى سودا بـانـكـىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى ئۇ خەلقئارالىق مالىيە - بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغان ئىدى. ئىكرام خىزمەتكە چۈشۈپ يېرىم يىل بولا - بولماي توي تەييارلىقى باشلاندى. ئەمما توي بەزمىسى رېستوراندا راسا قىزىۋاتقان، كادىر - زىيالىيلار، كاتتا ئـەربـاب ھەم رەھـبـەرلـەر تـۇردى نـازىـر بـىـلـەن خالئايىنى مـۇبـارەكلەۋاتقان پەيتتە، ئىكرام يىگىت - قىزلارنى ھەم توي ئەھلىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرۇپ يوقاپ كەتتى... نەئىمە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. تۇردى نازىر، خالئايلار رەسۋايىئالەم بولۇپ بـاش كـۆتـۈرەلـمـىـدى! كـېـيـىـن مـەلـۇم بـولدىكى ئىكرام «تاشكەنتچىلەر» دەپ نام ئالغان كاتتا سودىگەر خالجاننىڭ توكۇر قىزىنى ئېلىش بەدىلىگە چەت ئەلدىكى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولغانىدى...

ھەپتىدىن كېيىن ئادەم تونۇيالىغىدەك بولغان نەئىمە ئاستا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

— دادام ئەۋلىيادەك گەپ قىلىپتىكەن. ئەسلىي تەبىئىتى پەس بۇنداق نائەھلىيلەر كۆپ ئوقۇغانسېرى ھىيلە - مىكىرلىرى پىشىپ يېتىلىپ تېخىمۇ رەزىللىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ، راستتىنلا كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن مېنى سېتىۋەتتى.

.........

«كىچىك چوقۇر» بويلىرى چەرخى پەلەكنىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيران بولغاندەك جىمىپ قالدى. لۆمشۈپ ئېقمۋاتقان بىر تارام ئېقىن ئېغىر پۇشۇلداپ، قايناملىرى بۇلدۇقلىدى... ئورماننى چاك كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى ئۆچتى... نەدىندۇر يىراقلاردىن كېلىۋاتقان كاككۇكنىڭ غېرىب ئاۋازى بىر ناتىۋاننىڭ نالىسىنى ئەسلىتەتتى... قېلىن ئوتلار ئارىسىدىكى چېكەتكىلەر «چىر... چىر»لىرىنى توختىتىپ بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشسا، گۈل شىرنىلىرى يىغىۋاتقان ھەرىلەر: «قىو... يۇ... ڭ...» دېگەندەك ئۇچۇپ كېتىشتى. ئېھتىمال ئۇلار: «دۇنيادا مۇنداقمۇ تۈزكورلار باركىنا...» دەپ ئادەملەردىن بىزار بولۇشقاندۇر!

نەئىمەنىڭ گۈل يۈزلىرىنى سۆيۈپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ئېڭەكلىرىدە مونچاق - مونچاق ئېسىلىپ تۇراتتى. تۇغلۇق بولسا كۈمۈش رەڭ تاغ چوققىلىرىغا قارىغانچە كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندى.

— نەئىمە، مەنمۇ بىر نامرات، مېنىڭدىن قورقماسىز؟

— ياق! سىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمەن دەپمۇ قاملاشتۇرالمايسىز... چۈنكى سىزدە رەزىللىك بىلەن يۇغۇرۇلغان بىلىم يوق! — دېدى نەئىمە باش چايقاپ، — بىلەمسىز تۇغلۇق، ئادەملەرنى بۇزۇۋېتىدىغان ھاۋا نەق شەھەرنىڭ رەڭگارەڭ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى ھەم ئويۇن - تاماشىلىرى ئىكەن! تۇغلۇقتىن شوخلۇق چىقىدىكەن، مەن سىزنى ئوقۇتۇپ، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش مىزانىغا لايىق قىلىۋالسام بولدى... ئاندىن مۇشۇنداق سەھرا - يېزىلاردا ياشايمىز...

ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئاچقان بولسا كېرەك، ئالدىدىكى سۇدا يۈز - قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن زېرە، لازا، تۇز سېڭىپ مەززىلىك بولۇپ قالغان نان بىلەن كاۋاپ يېيىشتى.

شاپتۇل شەربىتىنى سۇلياۋ نەيچە بىلەن ئىچىۋاتقان نەئىمەنى سەل مۆگىدەك باستى بولغاي ئاستا سىجىپ كېلىپ، تۇغلۇقنىڭ يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ كۆزىنى ئاستا يۇمدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر يىگىت بىلەن يۈرۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى تۇغلۇق.

— يۈرۈپ باقتىم، — نەئىمە كۈلۈۋەتتى، — مەن ئىكرام بىلەن يۈرۈۋاتقان يىللاردىن تارتىپ ئارقامغا كىرىۋالغان مالىك دەيدىغان بىر يىگىت بار ئىدى. دادام بىلەن ئاپامغا ئۇنىڭ نەلىرى يېقىپ قالدىكىنتاڭ، ماڭا سايە قىلىپ تۇرۇۋالدى. بوپتىلا دەپ بىرنەچچە ۋاقىت بېرىش ـ كېلىش قىلىپلا خۇددى ھەرە كېپىكى يېگەندەك سەسكىنىپ كەتتىم.

— نېمىشقا؟

— ئويلاپ كۆرۈڭ، سىزدەك بىر كۆمۈرچىگە نېمىشقا دەرھاللا قايىل بولۇپ قالدىم؟ — نەئىمە پاللىدە كۆزىنى ئېچىپ تۇغلۇققا قارىدى، — چۈنكى سىز بىرىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا ماڭا ئادەمدەك مۇئامىلە قىلدىڭىز... مەندىن قورقۇپ، ھېيىقىپ، قورۇنۇپ قالمىدىڭىز. تېخى ئىككىمىز ئازادە تىللىشالىدۇق... ئەمما مالىكچۇ؟ «ۋىيەي، جېنىم نەئىمە...»، «جېنىم تاتلىقىم...»، «پەرىشتە ئامرىقىم...»، «ئانۇش ـ ئانۇش...»، «چوكا ناۋىتىم...» دەپ ئالدىمدا غىلجىڭلاپ كەتسە غىدىقلىرىم كېلىپ كېتىدۇ. تېخى بىر كۈنى كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتىكەن، بىر كىم كالتە پايپىقىمنى سالدۇرۇۋاتىدۇ... ئويغىنىپ، پۇتلىرىمنى شارتلا تارتىۋالدىم. ئۇ تېخى ئىزا تارتماي... «پۇتىڭىزنى يۇيۇپ قويااي دېگەنتىم جانانىم...» دەۋاتمامدا، «ئۆتەپ بارە ئەزمايلا موت ـ موت» دەپ تىللىۋەتتىم.

— شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتتىڭىزمۇ؟

— «ئايرىلىپ كەتتىم» دېگىلى ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ

باققىنىم يوق. پەقەت دادام، ئاپامنىڭ زورى بىلەن ئارىلىشىپ باقتىم، — نەئىمە قىزىرىپ كەتتى، — ئەر كىشى دېگەن ئىسمىغا لايىق بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، ئەقلىي تەرەپلەردىن بولسۇن ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى راست! بۇنى فىزىئولوگىيە ئىلمىمۇ ئىسپاتلىغان. ئەمما مالىكتەك بىلىنى تولغاپ، ساغرىسىنى ئوينىتىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرسە ئۇنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن… بۇنداق ئەرلەر مۆرىتى كەلسە خوتۇنىنى بۇلاڭچىغا تاشلاپ بېرىپ: «مەن سىلىگە ئورۇن سېلىپ بېرەي» دېيىشتىن يانمايدۇ…

توغلۇق كۈچلۈك بىلەكلىرىنى نەئىمەنىڭ بويىنىغا سېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى دەس كۆتۈرۈپ يۈزىگە يېقىن ئەكەلدى…

— دەپپېقىڭا، ئۇنداقتا مەنچۇ؟

— سىز… سىز ئەسكى…

— شۇنداق مەن ئەسكى، ئەسكى دېگەن مۇنداق بولىدۇ.

توغلۇق نەئىمەنى شۇنداق سۆيدىكى، خېلى بىر ۋاققىچە قويۇپ بەرمىدى. نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالغان قىز ئاجىز ئىڭراپ، بېشىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ ئاجرىتالمىدى. توغلۇق قويۇپ بەرگەندىن كېيىنلا قاتتىق ھاسىرىغىنىچە توغلۇقنى تىللىدى:

— ساراڭ، ئاشۇنداقمۇ سۆيەمدىكەنە، — نەئىمە دومسايدى، — ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدى.

— تېخى سىزنى باغرىمغا چىڭ تېڭىپ، بەللىرىڭىزنى ئۇشتۇۋەتمىگىنىمگە خۇش بولۇڭ…

تۇيۇقسىز نەئىمەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زەپمۇ تاتلىق بىر قىزىق ئېقىن كۆيدۇرۇپ ئۆتتى. نەپەسلىرى تېزلىشىپ، يۈزلىرى قىزاردى… تاماقلىرى قۇرۇپ بىر شېرىن تەشنالىق يۈرەكلىرىنى دۈپۈلدىتىۋەتتى… چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا مۇنداق ئۇياتلىق كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولغانىدى:

... «ئىلى دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك بىر ئېقىنى! تۇغلۇق بىلەن نەئىمە قىپيالىڭاچ سۇغا چۆمۈلۈپ، سۇ چېچىشىپ يۈرۈشىدۇ. بەردەم يىگىت ئاق بېلىقتەك يالىڭاچ قىزنى دەس كۆتۈرۈپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە... سۇدىن شاپپىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان نەئىمە: ‹تۇغلۇق، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن...› دېگىنىچە يىگىتنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ، يالىڭاچ چىرايلىق پۇتلىرىدا تۇغلۇقنىڭ بەللىرىگە چىرماق سېلىۋالدى. ئىككى يالىڭاچ بەدەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتتى... كۈن كۆرمىگەن بىر جۈپ ئاپئاق، يۇمران كۆكسى كەڭ كۆكرەكلىرىگە چاپلىشىپ، خۇددى شاپتۇلدەك مىجىلدى... كۈچلۈك بىلەكلەر تال چىۋىقتەك نازۇك، ئەۋرىشىم بەلنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى... تۇنجى قېتىم يىگىتنىڭ يالىڭاچ تېنىدىن تارقىغان ئوتلۇق هارارەت قىزغا ئالەمشۇمۇل ھۇزۇر ئاتا قىلىپ، بىهوشلۇق گىردابىغا ئېلىپ كەلدى. نەئىمە زەئىپ ئەمما تاتلىق تووۋلىۋەتتى: ‹جېنىم تۇغلۇق، بوشراق... بەللىرىم ئۈشتۈلۈپ كېتىدۇ...›»

... مانا بۇ نەئىمەنىڭ بۇرۇن كۆرگەن چۈشى! هازىر بولۇنغان «باغرىمغا چىڭ تېڭىپ بەللىرىڭىزنى ئۈشتۈۋەتمىگىنىمگە خۇش بولۇڭ» دېگەن سۆز نەئىمەنىڭ هېلىقى سىرلىق چۈشىدە سۇرگەن شېرىن ئازابلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ نازۇك بەدىنىگە قايتۇرۇپ بېرىپ يۈرىكىنى تىپىچەكلىتىۋەتتى... تۇغلۇق ئۇنىڭ قۇلىقىغا تەجەللىنىڭ ئىككى مىسرالىق قەسىدىسىنى پىچىرلاپ دېگۈدەك ئوقۇدى:

لۇتف قىل شېرىن لەبىڭدىن بىر ئەسەل يەڭلىغ خىتاب،
كىم ئايارەج پەيقارا[1]دەك بولدى ئاچچىغ ئىنتىزار.

---

① ئايارەج پەيقارا— سەۋدا كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاچچىق بىر خىل دورا.

— يەشمىسىنى دەڭ، — نەئىمە پەس ئەمما مۇڭلۇق شىۋىرلىدى.

— ئەي، سۆيۈملۈكۈم، شېرىن لېۋىڭدىن ھەسەلدەك بىر خىتاب قىلىپ «نەدە سەن؟» دەپ سوراپ قوي، چۈنكى ئىنتىزار كۆڭلىرى ئايارەج پەيقارادەك ئاچچىق بولۇپ كەتتى...

نەئىمەنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، قېلىن كىرپىكلەر قارا چۈمپەردىدەك يېپىلدى... نېمىدۇر كۈتكەندەك تەرەددۇتلەندى... تولىمۇ پەس ھەم لەرزىز ئاھاڭدا ئىگرىغاندەك قىلدى:

— نەدە سەن؟!!

كۈچلۈك ھاياجان، تومۇرلار پاتماي سەكرەۋاتقان قان... تەرتىپسىز ئۇرۇۋاتقان يۈرەك شوخلۇقىدىن ھاسىراپ تۇرغان تۇغلۇق:

— مانا مەن!...، — دېدى ـ دە، ئۇنىڭ يىرىك ئەمما پارقىراق بۇرۇتلىرى يۇمران لەۋلەرگە قايتا سانجىلدى... قۇياش تەگرىتاغلىرى ھەم ئۇنىڭ كەڭ باغرىدىكى ئېدىر ـ قاپتاللارغا سۆسۈن رەڭ سايىلارنى تاشلاپ ماكانىغا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىلى دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنلىرى ئالماستەك يالتىراپ كۆزلەرنى چاقاتتى... قېلىن چىملىق ئۈستىدە كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا كۆك ئاسمانغا قاراپ ياتقان تۇغلۇق بىلەن نەئىمە جىمجىت ئويقىغا كەتكەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ يۈزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمايۋاتقاندەك كۆزلىرىنى خېلىغىچە ئاچالمىدى. ئەمما بۇ چاغدا ئورمان ئىچىدىن دۇتار، تەمبۇر ھەم ئىسكىرىپكىنىڭ بىر يۇرۇش مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئاجايىپ مىسكىن «ۋادەرىخا...» ئاڭلاندى. ناخشىچى گويا يۈرىكىدىكى ھەممە نادامەت داغلىرىنى ناخشىسى بىلەن يۇيۇۋاتقاندەك قىلاتتى...

— نەئىمە، — دېدى تۇغلۇق بېشىنى يېرىم قايرىپ، — نېمىدېگەن مۇڭلۇق ناخشا ـ ھە؟ ئاۋازىدىن تونۇيالىدىڭىزمۇ؟

— تونۇشلا تۇرىدۇ... توغرا، دادام قاتارچاي قىلغاندا شەھەردىن ئاچىققان، ئۆزى ۋىجىككىنە، بۇرۇنلىرى ئىگىز، يۈزلىرى قۇيماقتەك ئادەم شۇ. ئىسمى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— ئىسمى ئىنام بەرا!

— توغرا، توغرا دەل شۇ ئادەم! — نەئىمە كۆزىنى ئىچىپ قىيپاش تىكلەنگەن قۇياشقا قارىدى، — سىزمۇ تونۇيدىكەنسىز.

— مەن نوغايتۇدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە بارغاندا، ئۇ ئادەم بىر ئەما بىلەن ناخشا ئېيتقان. ئىنام بەرا باغۇ قاراڭ، قەدىمكى تېكىستلەرگە بەك ئۇستا، بىرنى ئاڭلاپ باقامدۇق.

— بولىدۇ، بىرنەرسىلەرنى ئەمدى يىغىشتۇرايلى، قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالدى.

ئۇلار بىكار بولغان قۇتا، سۇلياۋ بوتۇلكىلارنى بىر سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ چىغىر يول بويىغا قويۇپ قويدى. ئۇ يەردىن ئەسكى - تۇسكى يىغقۇچىلار يىغىپ كېتەتتى.

تۇغلۇق بىلەن نەئىمە بۇككىدە جىغان، قارىقاتلاردىن ئۆتۈپ، ياپيېشىل ئوت بىلەن قاپلانغان مەجنۇنتاللىق يالاڭلىققا چىقىپ قالدى. ئىنام بەرا ناخشا ئېيتىۋاتقان سورۇن ئەتراپىغا ناخشىخۇمارلار، ساياھەتكە چىققان تاماشىبىنلار ھەم يولوچىلار توپلىنىشۇالغانىدى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە سورۇنغا سېلىنىپ كەتكەن گىلەملەر، قوش ياستۇقلارغا جەينەكلىگەن كاتتا بايلاردىن ئەزەمباي، ئابزەر خوجا، نەزەر خەلپەتلەرنى ياندىن كۆردى. ئۇلار مەكتەپ سالغان، يول ياسىغان، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنى يۆلىگەن مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيگەن بايلار ئىدى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە داستىخانلاردىكى تونۇر كاۋاپ، زىخ كاۋاپ، پەرمۇدە، سامسا، قورداق ھەم ھەر خىل ئېسىل قورۇمىلارنى كۆرۈپ سەل ئەيمەندى. لېكىن ئۇلار خەقلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغاچقا ناخشىچىنى كۆرەلمىدى. شۇڭا ئۇلار سورۇننى ئايلىنىپ ئالدىغا ئۆتۈشى بىلەن ساقچى باشلىقى مەخمۇت

زىيا، ئاندىن ئابزەر خوجا، ئەغزەم تۆرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان تۇردى ھەسەن بولسا تۇغلۇق بىلەن نەئىمەگە خەنجەردەك قادالدى. پۇت - قوللىرى تىترەپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغان نەئىمە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئۇلار شۇ كەتكەنچە شەھەرگە كىرىپ، ئاندىن چىلانلىققا يۈرۈپ كەتتى. بىراق ئۇلارنى سورۇندا ئولتۇرغانلار ئاشكارا كۆرۈپ قېلىشتى.

— تۇ نازىر، بۇ... بۇ... بىئەمدۇللا، سىلىنىڭ قىزلىرىغا زەپمۇ ئوخشايدىكىنا...، — دېدى «توكۇر» لەقەملىك سودىگەر شەھىدۇللا چايناۋاتقان نەرسىلىرىنى چاچرىتىپ، — يا مەن خاتا كۆرۈپ قالدىمmۇ ئۆزى...

— تۇۋا دېسىلە، — تۇردى ھەسەننىڭ يۈزى پوكاندەك ئېسىلدى، — سىلىنى تۇياقتىن كېتىپ قالدىمىكىن دېسەك، كۆزلىرىدىنمۇ كەتكەن ئوخشىمامالا...

ئەغزەم تۆرە بىر چاغلاردا مۇزلاپ قالغان يۈرىكىگە ئوت سالغان نەئىمەنى ئېنىق كۆردى. ئۇنى توقاللىققا سۇرتۇپ، خام تەمەدە ئاچ كېكىرىپ يۈرگەن ئەغزەم تۆرە قىزنىڭ قېشىدىكى ئېگىز، قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىتنى كۆرۈپ ئىچى تارتىلدى. شۇڭا ئۇ زەھىرىنى تۇيدۇرماي تۇردى ھەسەنگە تىقتى.

— تۇ نازىر، ھەدىس شەرىپتا بىر رىۋايەت بار ئىكەن. بىر سورۇندا مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز ئولتۇرغىنىدا تاسادىپىي ھەزرىتى ئەلى كىرىپ قاپتۇ، روسۇلىللا ئورنىدىن تۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىگە سالام قىلىپ تۆرنى بوشىتىپتۇ، — دېدى ئەغزەم تۆرە ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ، — ساھابىلەر ھەيران بولۇپ: «يا روسۇلىللا ئۆزلىرى ئاتا، ئۇ كۈيئوغۇل تۇرسا، ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، تۆردىن ئورۇن بەرگەنلىرى نېمىسى؟» دەپ سورىغانىكەن، روسۇلىللا: «قىز بالا دېگەن بىر پارچە گۆش، ئۇنى سېستىماي ساقلىغانىكەن كۈيئوغۇلدىن ھۆرمەتلىك ئادەم يوق» دەپتۇ...

تۇردى نازىر غىققىلا بولۇپ قالدى. ئەغزەم تۆرىنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى، كۆزىنىڭ ئارقىسىدا كۆزى بار ئىچى قارا ئادەم ئىدى. ئۇ كىچىككىنە رىۋايەتنى دېيىش ئارقىلىق «قىزىڭنى سېپىستىپ بوپسەن» دەپ نەشتىرىنى ئايىمايلا سانجىپ بىر پۇخادىن چىقتى. ئۇنىڭسىزمۇ خۇددى ئاق تىكەندە ئولتۇرغاندەك، ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەيۋاتقان تۇردى ھەسەن ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن توڭلا تەگدى.

— ئەغزەم تۆرە، مەن ھەدىس، قۇرئانلارنى ئوقۇيالمايمەن ھەم چۈشەنمەيمەن، ئۇنداق رىۋايەتلەرنى ئاخشاملىقتا يوتقانغا كىرگەندە قۇشناچىلىرىغا سۆزلەپ بەرسىلە···، — دېدى تۇردى ھەسەن دىمىقىنى قېقىپ.

ئابزەر خوجىنىڭ كىچىك چوقۇر، چوڭ چوقۇرلاردا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان ئۈچ كۈنلۈك چېيى بۇگۈن ئاخىرلاشماقچى ئىدى. شۇڭا تۇردى ھەسەن ئايازغا «ماشىنىنى كىچىك چوقۇر، ئاق قۇ ئارامگاھىغا ئېلىپ كەل» دەپ تېلېفون بېرىۋەتكەچكە پات - پات چوڭ يولغا قاراپ قوياتتى. قىزى نەئىمە بىلەن ھېلىقى كۆمۈرچىنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشى، ئەغزەم تۆرىنىڭ سېسىق گېپى — خۇددى ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ پوقتا ئېغىز ئاچتىم، دېگەندەك ئۈچ كۈنلۈك تاماشانىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى.

ھازىر ئالتۇن دۆكىنى ئېچىپ بېرىش ئىشىدا ئەغزەم تۆرىنىڭ ۋەدىلىرى لىڭگىرتاقتاق ئويناۋاتىدۇ. تۇردى ھەسەن ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلمەي قالدى··· ئەگەر راستىنلا بۇ ھىيلىگەر تۈلكە قۇيرۇقنى تۇتقۇزمىسا تۇردى ھەسەن ئۆگەي قىزى نەئىمەنى يەمچۈك قىلىپ قاۋۇزنىڭ تەلپىنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرەلەيتتى. ئەزەلدىن تەبىئىتى ياۋۇز يارالغان بۇ سارالڭ نەئىمەگە ئېرىشەلمىگەنلىكى بولسا ماۋۇ دادامكەن، بۇ بولسا ئانامكەن دەپ ئولتۇرمايلا تالاۋېرەتتى··· ھازىر

تۆردى ھەسەننىڭ ئەمەلدارلىق تاجىسى بېشىدا توختىماي غىلدىرلاپ قالدى. بۇ تاج چۈشۈپ كەتسە ھەشەم - دەرەملىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان تۆردى ھەسەن ئازغىنە پېنسىيە مائاشى بىلەن قانداقمۇ جان ئەتسۇن... بىخەتەر ئىشكاپتىكى ھېلىقى پۇللارنى خالىئايىنىڭ بىلمىگىنى ياخشى، خوتۇن كىشى دېگەن بىر توخۇ، ھەممىنى چېچىپ تۆگىتىدۇ، كونىلار: «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشماس» دەپ بىكار ئېيتمىغان. شۇڭا ئۇزلۇكسىز بۆلدۈقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولمىسا قانداق بولغىنى؟ تۆردى ھەسەننىڭ ئېسىگە ئالتۇن دۇكىنى كەلسىلا ئىچىدە: «خەپ نەئىمە، خەپ... سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، شۇنچە نۇرغۇن پۇللارنى دەسمايە قىلىپ مۇشۇ كۇنگە ئۇلاشتۇرغانىدىم. ئەمما مەن ئاش بەرسەم، سەن ماڭا مۇشت بەردىڭ... بۇ دۇنيانىڭ مىزانى ياخشىلىققا يامانلىقمۇ ھە؟...» دەپ شۇۋىرلايتتى.

بۇ ئەسنادا بىرسى تۆردى ھەسەننىڭ مۈرىسىنى سىلىغاندەك شەپە بەردى. ئۇ قايرىلىپلا كۆزلىرىنى چەكچەيتتى. چۈنكى ئارقىسىدا ئاياز ئېغىشىپ تۇراتتى.

— ئەمدى كەلدىڭما، سۆرەلمە پالاس...

— خېلى بولدى، ناخشا ئاڭلاۋېتىپتىكەنلا، پەيزىلىرىنى قاچۇرماي دېدىم.

ساز، ناخشا توختاپ، سورۇندا چاقچاق - ھەزىل باشلانغانىدى. ئېگىز - پەس كۈلكىلەر راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھەركىم سورۇن قىزىقچىلىقى بىلەن بولۇپ قالغاندا تۆردى ھەسەن غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۇ چوڭ يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويغان ماشىنىسىغا چىقتى - دە، «ھەيدە» دەپ قوپاللا تەگدى.

ماشىنا ئىلى دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇزۇن كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۈرئىتىنى تېزلەتتى. تۆردى ھەسەن ماشىنىنىڭ ئارقا دېۋانىدا ئۆزىنى تاشلاپ كەڭ - كۇشادە ئولتۇراتتى. ئاياز ئالدىدىكى ئەينەكتىن ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن

چىرايىغا پات ـ پاتلا كۆز تاشلاپ قويۇاتتى. ئادەتتە ئۇ كۆڭۈللۈك ئويىنسا ياكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولسا گەپنى تولا قىلاتتى ھەم چاقچاق قىلىغان بولۇپ ياسما تىللايتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەلپازىدىن كۆڭلىنىڭ غەشلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئاياز ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدى. ھېلىقى تىلخەتنى مىڭ بىر ھىيلە ـ مىكىر، جاپادا ئوغرىلاپ، ئىشتان يانچۇقىدا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياق، ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك قورقۇپ، ئەنسىرەپ كېتىدىغان نازىر ھازىرچە تۇغۇلمىدى... ھەي چاتاق... قاۋۇز دېگەن خام كاللا تاياق ئاچچىقىدا ھەممە ئەھۋالنى دادىسىغا دېگەن بولسا، ئەغزەم تۆرە بىلەن نازىر بىرنېمە دېيىشىپ قالدىمۇ ـ يە؟ ياق، بۇ پەرەز قاملاشمىدى. ئەگەر قاۋۇز ئۇ كۇنكى ئىشنى دېسە، ئۆزىنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟ بىر نازىرنىڭ ئايالىغا ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچكۈزۈپ، ئۇنى يالىڭاچلاپ رەسىمگە تارتىش بۇ دېگەن قانۇنغا خىلاپ ـ دە! ئۇنداقتا قاۋۇز ئىششىغان، قانىغان يۈزلىرىنى، چېقىر كۆز چوكان بېلىقىنىڭ كېسىلگەن بوينىنى، سۇنغان ئىشىك، چېقىلغان ئەينەكلەرنى نېمدەپ چۈشەندۈرگەندۇ؟

ئاياز ئالدىدىكى سوقىچاق ئەينەككە قاراپلا كۆزلىرىنى قاچۇردى. تۇردى ھەسەننىڭ يۈزى بارغانسېرى كۆكىرىپ، كۆزلىرىدىن زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاچرىماقتا ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە سوقۇلغان بۇلۇت ھەرگىز بوران ـ چاپقۇنسىز ئۆتمەيتتى. داچىغا بارا ـ بارمايلا: «ئېرەن دەريا بويىدىكى ئورماندا بىر كېچە نېمە قىلىشتىڭ؟...» دەپ ئايازنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، خالىئاينى سۈر ـ توقاي قىلىۋېتەرمۇ!...

بىر ـ بىرىدىن ۋەھىمىلىك خىياللار كاللىسىغا كىرىۋالغان ئاياز ھېچبىر خۇلاسىگە كېلەلمەي كېتىۋاتقىنىدا تۇردى ھەسەننىڭ: «ئاياز!...» دەپ چاقىرىشىدىن چۆچۈپ كېتىپ

قولىدىكى رول قالايمىقان پىرقىراپ كەتتى.

— ھەي كالۋا، كۆزۈڭ يوقمۇ، ستولىبىغا ئۇسكىلى تاسلا قالدىڭا!

— كەچۈرسىلە، تۇ نازىر، ئايسىمە ئىسىمگە كېلىپ قېلىپ...

— بولدى ئەمدى، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ... ئايسىمەنى دەپ مېنى ئۆلتۈرەمسەن - يە؟

— خوش، تۇ نازىر، چاقىرغانىدەك قىلىۋىدىلە، بىرەر گەپ بارمىدى؟

— ئۆتكەندە ئەغزەم تۆرىنىڭ ئۆيىدىن قاچان قايتتىڭلار؟ ھەي، ئاياز ئىپلاس رولنى راۋۇرۇس تۇت! خۇدايا تۇۋا، بۇ خۇمىسىغا نېمە بولغاندۇ - ھە! بايا تاس قالدى ستولىبىغا ئۇسكىلى! ئەمدى بولسا ئۇدۇل چوڭ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە... ئايسىمە ئۆلۈپ بۇ ئەركەك ھايۋاننىڭ بىر يەرلىرى قۇتراپ، كاللىسىغا خوتۇن ئاتلىق جىن كىرىۋالغانمۇ نېمە! ...

— تۇ نازىر، خاپا بولمىسىلا، ئايسىمە كېچىدىن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن.

— دېمىدىممۇ، ئالىقاندەك يەرنىڭ خاپىلىقىدا ساراڭ بوپتۇ بۇ ئەۋرەز پاقىسى، — تۇردى ھەسەن سەل پەسكويغا چۈشتى، — ھە، نېمە دېمەكچىدىم، پەركايىمنى ئۇچۇرۇپلاۋەتتى بۇ چالما! توغرا، ئۆتكەندە ئەغزەم تۆرىنىڭ ئۆيىدىن قاچانراق قايتتىڭلار؟

— كۆپ... كۆپ ئولتۇرمىدۇق، — ئاياز ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى، — زەرىپخان ئاغىچا نەزىرگە كېتىپتىكەن... ھېلىقى چېقىر كۆز چوكان كۇتۇۋالدى. شۇڭا خالىئاي خانىم قويىدىغان ئادىمەتچىلىكنى قويۇپ بىردەمدىلا يېنىپ چىقتى.

— بالدۇر قايتقىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ،— دېدى تۇردى ھەسەن گارتىدا كېكىرىپ قويۇپ، — سىلەر كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى چوكاننىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى مەست كىرىپ

ئىشىكلەرنى سۇندۇرۇپ، دېرىزىلەرنى چېقىپ چوكاننى بوغۇزلىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. قاۋۇز توسقانىكەن، ئۇنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ... ئۇنىڭ ئىككى چىشى سۇنۇپ، بىر كۆزى قان ئۇيۇپ كېتىپتۇ... ھازىر يوتىسىنى كۆتۈرەلمەي ھاسا تاياقتا دىڭگۇسلاپ يۈرگۈدەك...

ئايازنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ يېنىككىنە تىن ئالدى. نەچچە كۈندىن بېرى خالئاي بىلەن ئىككىسىنىڭ ئەندىشىسى، ئېغىر تاياق يەپ كەتكەن قاۋۇزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈشى مۇھىم ئىدى. دېگەنىبىلەن ئۇ خېلىلا ئەقلىنى جورىغاندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە خالئايمۇ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن داۋراڭ كۆتۈرمەيدىغانلىقىغا ئۇنىڭمۇ كۆزى يەتكەن بولۇشى كېرەك.

قاپقارا پارقىراپ شولا چېچىپ تۇرغان سانتانا سەھراغا قاراپ جېدەللەپ چاپماقتا. تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئارقا دىۋانغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى... كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خېلىلا ئەمىنلىك تاپقان ئاياز تۇردى ھەسەننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يولنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىغا قاراپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى گاھ ئاستىلىتىپ، گاھ تېزلىتىپ ھەيدەيتتى. ئەمما تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ نەئىمە بىلەن خالئاينىڭ ئەدىبىنى قانداق بېرىش ھەققىدە قورسىقىدا چوت سوقۇۋاتاتتى...

## 13

قىزى نەئىمەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خالئاينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ھەقتائالا بۇ ئانا ـ بالىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى شۇنچىۋالامۇ ئوخشاش ھەم شور پېشانە قىلىپ ياراتقان بارمۇ! مەسئۇد خالئاينىڭ يۈزىگە نىجاسەت سۇۋاپ قىلمىغان خورلۇقى قالمىدى. ئاخىرى خۇدا ئۇنىڭ جازاسىنى

بېرىپ قاپقارا كۆيۈندىگە ئايلاندۇرۇپ شەرمىسار قىلدى. نەئىمە
كىچىكىدىن تارتىپ بېشىنى سىلاپ، شاپائەت نۇرلىرى بىلەن
ھاياتلىق بېرىپ، دىۋانىلىك گىرىيانلىرىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىققان
ئىكرامچۇ؟ بۇ تۇزكورنىڭ خۇدا جاجىسىنى بەردى. ئۇنى چەت
ئەلدە بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈپ جەسىتىنى ئون نەچچە پارچە قىلىپ
دېڭىزغا تاشلىۋەتتى. ئەمما ئاشۇ نىجىسلارنىڭ ئەلەم ـ
خورلۇقلىرىنى بولدى دېگۈچە تارتقان خالىئاي بىلەن نەئىمە
تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھېلىھەم ياشاۋاتقان بولسىمۇ لېكىن
يۈرىكىدىكى داغلار تامامەن يوقالغىنى يوق! ئانا ـ بالىنىڭ باغرى
نومۇسلۇق نادامەتلەر تىغلىرىدىن لەختە ـ لەختە قانغا ئايلانغان.
شۇڭا ئۇلار ئاشۇ «مەدەنىيەتلىك ھايۋان»لاردىن قورقىدۇ…
يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن! مانا قاراڭ، خالىئاي ئاددىي دېھقان
ئايازنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، نەئىمە كۆمۈرچى بالىنى
ئۆمۈرلۈك جورى قىلىپ تاللىدى. ئۇلارنىڭ باسقان يوللىرى
خەيرلىك بولارمۇ؟! بىرنېمە دېمەك تەس! ئىگىسى بىلمىسە،
بەندە بىلىپ بولماس!… خالىئايغۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئايازنى
غايىۋانە ياخشى كۆرۈپ، مۇھەببىتىنى ئۇ دۇنياغا ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن… ئەمما نەئىمە بىلەن تۇغلۇقچۇ؟
ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئۆزلىرىگە باغلىقتۇ! ئېيتىلىشقا شۇنداق
ئېيتىلىدۇ. ئەمما رېئاللىق ھەم ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ
تىلەكلىرىگە باقمايدۇ! گويا نەئىمەنىڭ يۈرىكىنى ئۇلار ياساپ
بەرگەندەك، بۇ قىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، سۆيگۈ ـ
مۇھەببىتى، ئۈمىد ـ تىلەكلىرىنى ئۆزلىرى بىلگەنچە باشقۇرغۇسى
ھەم تەقدىرىگە چاڭگال سالغۇسى كېلىدۇ! شۇنداق ئادەملەر
باركى، خۇددى قوتۇر ئېشەكتەك سۈركەلمەيدىغان يېرى يوق…
بىزدىكى نەسەب شەجەرىسى، پۇل ـ دۇنيا كۆزقارىشى، يۇرتۋازلىق
تار مەھكىمىچىلىكى، ئەمەل ـ مەنسەپ ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىقلار
قاچانغىچە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق، مېھىر ـ

مۇھەببەت، دوستلۇق ھەم بۇرچ مۇناسىۋەتلىرىنى تەرك ئېتەر؟!

خالىئاي دىۋاندا باش سېلىپ ئولتۇرغان قىزى نەئىمەگە قارىغانسېرى يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ شان - شۆھرەت، نام - ئاتاق، ئابرۇي - نەسەب ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىشتىن يانمايدىغان نازىر ئۇلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. يەنە كېلىپ شۇنچە مۆتىۋەر زاتلار، ئابرۇيلۇق بايلار، ئەمەلدارلىق تاجىسىغا توپا قوندۇرمايدىغان مەنسەپدارلار بار سورۇندا ھەممىسى كۆرۈپتۇ! ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشكەندۇ؟ بۇ ئادەملەر كۆرۈنۈشتە سالاپەتلىك، بىر - بىرىنىڭ نام - ئەمەلىگە بەيئەت قىلغاندەك، ئىسسىق سالاملىشىپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئىچى قوتۇر، كۆزى كىچىك، قورسىقى تار كۆرەلمەس ئادەملەر! كىمنىڭ كىچىككىنە ئەيىبى كۆرۈلسە «ھۈيت - ھۈيت» دەپ ۋارقىرىشىدىغان، بولسا ئەڭ يېقىن بۇرادىرىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىلىپ قېلىپ خەقنىڭ ئالدىدا قانغۇچە بىر كۈلۈشۈۋالسا... ئۇنى مەسخىرە قىلىپ خەس - تۈپراق بىلەن تەڭ قىلىۋەتسە شادلىنىدىغان قارا نىيەتلەر! بۇ كۆرەلمەس مەسخىرىۋازلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدىغان سەركىسى ھېلىقى ئىشقىۋاز دوك ئەغزەم تۆرە! ئۇنىڭ سېسىق ئاغزىدىن ھەرگىز ياخشى گەپ چىقمايدۇ. تۇردى ھەسەن مانا ئاشۇ ئادەملەر ئالدىدا يۈزى تۆكۈلگەنىكەن، ئائىلىدە بىرەر بوران چىقارماي قالارمۇ؟

— نەئىمە قىزىم، — دېدى خالىئاي يەر باققان پېتى، — ئۈرۈمچىگە كەتسىڭىز بولارمىكىن؟

— ئۆزۈمنىڭمۇ بېرىپ - كېلىش بىر ئويۇم بار ئىدى، — نەئىمە ئاپىسىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، — ئەمما بېرىشنىڭ ئالدىدا تۇغلۇق بىلەن بىر كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

— يەنە نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟ — خالىئاي ۋارقىرىۋەت-

تى، — مېنى ياشىغىلى قويامسىز يوق؟ دادىڭىز كېلىپ قالسا تېخى نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟

— ئاپا، سىز بىر بۇردا ناندىن ئەنسىرەۋاتىسىز، — نەئىمە ئاچچىقىدا نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالدى، — خىزمىتىڭىزدىن قەستەن قالدۇرۇۋەتكەن دادامنىڭ مەقسىتىمۇ سىزنى مۇشۇنداق بىنەزەر قىلىپ قويۇش ئىدى.

— ئۇ گەرچە ئۆز ئاتىڭىز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەجرى ئىزچىل سەممىي بولدى، — خالىئاي دېرىزە ئالدىغا كەلدى، — تۆت يېشىڭىزدىن تارتىپ باقتى. بوينىڭىزنى قىسىلدۇرماي توقۇزىڭىزنى تەل قىلىپ بەردى. ھەتتا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسىڭىز ئۇنىڭ ئامالىنى قىلدى. بىراق ئىكرامدەك بىر رەزىل مەلئۇن ئۈچۈن، ئوقۇشىڭىزنى تاشلاپ دۇكان ئېچىپ ئۇنى ئوقۇتتىڭىز، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟

— سىزدەك گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، ئۆزىنىڭ قىزىدەك بىر كىچىك ناتىۋاننى ئېلىۋالغانىكەن، بەدەل تۆلىمىسە بولامدىكەن! — نەئىمەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۈگۈن ئۇ ئىشلارنى ئېسىمگە سېلىپ ئوبدان قىلدىڭىز، ھەرقانداق ئادەمنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئازىدىغان، قايمۇقىدىغان، تۇرمۇش ئاچىلىغا دۇچ كەلگەندە يولنى توغرا تاللىيالماي تېڭىرقاپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ… سىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس!

خالىئاي نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالدى. چۈنكى نەئىمە ئۇنىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپىگە قول سالغان ئىدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەسئۇد مەكتەپتە قانداق بالا ئىدى؟ قانچىلاپ تەنقىد ئاڭلاپ، تەكشۈرۈشنامىلەرنى يازمىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق، خالىئاي ئۇنىڭ قۇرغان تورىغا چۈشۈپ قالمىدىمۇ.

— بولدى قىزىم، تاكاللاشمايلى، مەن سىزگە تەڭ بولالمايمەن، — خالىئاينىڭ يىغلىغانلىقى ئاۋازىدىن بىلىندى، —

ئىككىمىز خاپا بولۇشۇپ قالساق، بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تاتىلاپ قويىدىكەنمىز.

— خاپا بولماڭ ئاپا، — نەئىمە خالئاينىڭ ئارقىسىدىن قوچاقلىدى، — مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمىنىزە، بەزىدە كاكىل لايدا چاپلىشۋەتكۈم كېلىدۇ.

— يائالال، قىزىم، بىر گېپىڭىز يىغلىتىدۇ، بىر گېپىڭىز كۈلدۈرىدۇ، ئاغزىڭىز ئەجەبمۇ ئىتتىكقۇ سىزنىڭ...

— بۈگۈنكى ئىش توغرۇلۇق دادامغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەي.

— «جېنىم دادا ئەمدى بۇ ئىشلار تەكرارلانمايدۇ» دەپ ۋەدە بېرىڭكى، ئاغزىڭىزنى ھەرگىز قاتتىق قىلماڭ.

— مەن ئۆز بەختىمگە توپا چاچىدىغان گەپلەرنى قىلمايمەن. گەپنىڭ راستىنى دەيمەن.

— يوق يېمەڭ، دادىڭىز سىزنى ياخشى بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنىڭ يامان نىيىتى يوق.

— «يامان نىيىتى يوق»؟ — نەئىمە ئاستا تەكرارلىدى، — بۇنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ، قېنى كۆرەرمىز.

ئۇلار يەنە مۇنازىرىلەشكەن بولاتتى، لېكىن ھويلىغا ماشىنا كىرىپ كەلدى. خالئاي دېرىزىدىن ئېرىنىڭ ئالدىراپ ماشىنىدىن چۈشكەنلىكىنى كۆردى - دە، ئۇستەلدىكى نەرسىلەرنى ئىشارەت قىلدى. نەئىمە تىلخەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى دادىسىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىغا، قالغان كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى سومكىسىغا ئالدىراپ سېلىپ بولۇشى بىلەنلا تۇردى ھەسەن قارا بوراندەك ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى نەچچە كېچە ئۇخلىمىغان ئادەمدەك قىزارغان ئىدى. ئەتلەك كالپۇكلىرى بولسا تىنىمسىز مىتىلداپ سوغۇق تەلەتىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى... ئۇنىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئەيمەنگەن خالئاي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ نەئىمەگە قارىدى.

— قىزىم، دادىڭىزغا چاي دەملەپ كىرىڭ، ئۇسساپمۇ قالغاندۇ؟
— لازىمى يوق، ئۇسسىمىدىم،— تۇردى ھەسەن قاتلانما ئورۇندۇقنى جاقلا قويۇپ ئىشىك ئالدىنى توسۇپ ئولتۇردى،— ئۇسسۇغان تەقدىردىمۇ بۇنداق تۇزكورنىڭ چىيىنى ئىچمەسمىنا...
خالىئاينىڭ كۆزلىرى غىلىپاللاپ قىزىغا پاللىدە قاراپ قويدى. نەئىمەنىڭ بىردىنلا جەھلى قاتتى بولغاي، ئۇمۇ يېتىنى بۇزماي، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ تامغا يۆلەندى ھەم ھېچ ھېيىقماي تۇردى ھەسەنگە كۆزلىرىنى قادىدى. ئۇ مۇشۇ ياشلىق بولغۇچە دادىسىغا بۇنداق سوغۇق نەزەردە قارىمىغانىدى. دۇرۇس، نەئىمە تۆت ياشتىن ئاشقاندا ئۆگەي دادىلىق بولۇپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ تۇردى ھەسەننى «ئۆگەي دادا» دەپ ئويلاشقىلى تىلى كۆيەتتى. نېمە ئۈچۈن؟ خالىئاينىڭ ھۆسن - رۇخسارىغا مىلىك بالالىقتا ئېرىشكەن تۇردى ھەسەن نەئىمەنى ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزى خەمىدەدىنمۇ چارى كۆرەتتى. «ئۆگەي» دېگەن بۇ كۆڭۈلسىز ئاتالغۇنى ھېچكىمنىڭ تىلغا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى ھەم شۇنىڭغا ئائىت ھەرقانداق دارىتمىلاش، سوغۇق نەزەر، سېسىق گەپ قىلىشلارنى قەتئىي چەكلەيتتى. ھەتتا ئۇ بىر قېتىم: «خالئاي، ئەگەر بىرەرسىدىن نەئىمە ئۆگەيكەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالسام سىزدىن كۆرىمەن» دېگەنىدى. شۇڭا داچا سېلىنغان شۇ يىللاردىن بېرى ئاياز بىلەن ئايىسىمەمۇ نەئىمەنىڭ تۇردى ھەسەنگە ئۆگەي ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا بالىلىقىدىن بىرگە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئىكرامىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن.
خوش! شۇنداق ئىكەن، تۇردى ھەسەن بۈگۈنكى كۈندە نەئىمەنى «تۇزكور» دەپ تىللاش ئارقىلىق ئۆزى تۇزگەن قائىدە- نىزاملار قەلئەسىنى ئۆز قولى بىلەن بۇزغانىدى. ئۇ زادى نېمە دېمەكچى؟ «سېنىڭدەك ياتلار پۇشتىدىن بولغان بىر يېتىم

ئوغلاقنى بېقىپ چوڭ قىلمىغىنىم ئاسانغا چۈشكەنمۇ؟ سېنىڭ شۇ دېمەتلىك بولمىقىڭ كىمنىڭ ساخاۋىتى؟! مېنىڭ بۇ جان كۆيەرلىكىم بەدىلىگە بىر كۆمۈرچى بالىغا تەقدىرىڭنى باغلاپ، مېنىڭ يۈز - ئابرۇيىمنى، شان - شۆھرىتىمنى خەس - تۇپراق قىلدىڭ… بۇ تۇزكورلۇق بولماي نېمە؟!» دېگەن يالغاچ بېشارەت ئىدى! بۇ سۆز نەئىمەنىڭ يۈزىگە خورلۇق يۇندىسىنى چاچقاندەك بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتتى.

— دادا، گېپىڭىزنى مەن تولۇقلاپ قويسام خاپا بولمايدىغانسىز؟— مۇلايىم نەئىمەنى نېمىدۇر قورقماس قىلىۋەتكەنىدى، — «تۇزكور»نىڭ ئارقىسىغا «خائىن»، «ئاسىي» دېگەن ئاتالغۇلارنى قوشۇۋەتكەن بولسىڭىز، قورساق كۆپۈكىڭىز بىر يولىلا بوشايتتى… چۈنكى مەندەك بىر ئاتىسىز قىز تۇزىڭىزنى يەپ، تۇزلۇقىڭىزنى چاقتىم ئەمەسمۇ! بۇ خائىنلىق ھەم «ئاسىيلىق» بولماي نېمە؟!

— نەئىمە!…، — خالئاي چىرايى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەن تۇردى ھەسەنگە قارىدى، — ئاغزىڭىزنى تېپىڭ، ئۇ… ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز…

— شۇنداق! مەن تا ھازىرغىچە نازىر دادامغا قارا سانىماي كەلگەنىدىم ھەم سىزغان سىزىقىدىن يەقەتلا چىقمىدىم، — نەئىمەنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئارقا - ئارقىدىن دومىلاپ چۈشتى، — بىراق، دادام ئۆز ئاغزى بىلەن «سەن بولساڭ مېنىڭ پۇشتۇم ئەمەس…» دېگەن بىر نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنداققۇ؟!

— بۇ… بۇ… خال… خالئاي… زادى… نېمە بولۇپ كەتتى ئۆزى، — تۇردى ھەسەن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا ئۆرتىنىپ كەتتى، — مەن… مەن شۇنداق دېدىممۇ؟ مې… مېنىڭ سۆزۈمدىن شۇنداق مەنە چىقامدۇ ھە؟!…

— نەئىمە، نېمانداق تەتۈرلۈك قىلىدىغانسىز؟— دېدى خالىئاي كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتمەي، — ئەلۋەتتە دادىڭىز سىزنى يامان بولسۇن دېمەيدىغۇ... غېمىڭىزنى يەپ، جاپايىڭىزنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ.

— راست دەيسىز ئاپا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسەم، كىملەرنىڭدۇر ئارخىپلىرىنى تەييار قىلىپ بەردى، — نەئىمەنىڭ تەلەپپۇزى تەئەددى بىلەن چىقىۋاتاتتى، — ئەللىك مىڭ سوم خەجلەپ گىرىم دۇكىنىنىڭ خوجايىنى قىلىپ قويدى... مۇشۇنداق غېمىمنى يەپ، جاپايىمنى تارتقان يەردە مەن تۈزكورلۇق قىلمىسام بولاتتى...

— بولدى، بولدى! مەن يامان... ئەسكى!... مەن ياخشى ئاتا ئەمەس!!... «ئاتا ئۆگەيلىمەس، بالا ئۆگەيلەر» دېگەن گەپكە ئەمدى ئىشەندىم. مېنىڭ شۇنچىلىك گېپىم تاش ـ توقماقتەك بىلىنگەن بولسا... مۇشۇ ئاغزىم... ھەممىنى قىلغان مۇشۇ ئاغزىم!...، — تۇردى ھەسەن ئاغزىغا بىرنەچچە شاپىلاق سېلىۋېدى، كالپۇكلىرى قاناپ كەتتى،— بىلىپ قويۇڭ، سىز سېسىسىڭىز ئازغىنە دوستلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا سېسىيسىز، مەنچۇ؟ پۈتۈن جەمئىيەت ئالدىدا سېسىيمەن!... مېنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق!!... ماڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ! بۈگۈن شەھەردىكى ئەڭ مۆتىۋەر زاتلار، بايلار، چوڭ ئەمەلدارلار، جامائەت ئەربابلىرى ئالدىدا يۈزۈم تاپلىما تېزەك بولدى... بەزى دىلى زەھەر، تىلى نەشتەر مەلئۇنلار نەق مەيداندىلا نام ـ شەرىپىمگە نىجاسەت سۈۋىدى!...

ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ، مۇرىلىرىنى سىلكىپ قاتتىق ھاياجان بىلەن ۋارقىراۋاتقان تۇردى ھەسەن زوكىسىدا ئولتۇرۇپ، تىزلىرىغا جەينەكلىگەنچە چېكىلىرىنى قامالىلىدى.

— نەئىمە، ھەي نەئىمە!— يۇمشاق كارىۋاتقا قوللىرى

چۆكۈپ كەتكەن خالىداي بېشىنى ئىسسىق ئەيلىگەندەك چايقىماقتا ئىدى، — يۈرىكىڭىزگە قولىڭىزنى سېلىپ بېقىڭ، دادىڭىزنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇن جېنىڭىز بولسىمۇ قايتۇرۇپ بولالمايسىز.

— خاپا بولماڭە دادا… ، — نەئىمە تۇردى ھەسەننىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قالدى، — مەن… مەندىن ئۆتكەن بولسا… ئەپۇ قىلىڭ…

دۇرۇس، نەئىمە ئىزا تارتتى. «تۇزكور» دېگەن بىر ئېغىز گەپكە بۇنچىۋالا ئېسىلىۋالمىسا بولاتتى. دادىسىنىڭ نىيىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىسىمۇ، نەئىمەنى شۇ بويلۇق بولغۇچە خۇددى قولـۇلـە قـارىـدىكى مەرۋايىتتەك ئەتىۋارلاپ باققىنى راستقۇ! شۇ تۇرقىدا بۇ باغرى يۇمشاق قىز دادىسىنىڭ ئاغزىدىكى قـانـنـى كـۆرۈپ بىردىنلا ئېرىپ قالدى - دە، ئۇنىڭ ئالدىدا تىـزلىنىپ ئولتۇرۇپ كالپۇكلىرىنى سۈرتتى. بولۇپمۇ تۇردى ھـەسـەنـنـىـڭ: «ئاتا ئۆگەيلىمەس، بالا ئۆگەيلەر»، «مېنىڭ شۇنچىلىك گېپىم تاش - توقماقتەك بىلىنگەن بولسا…»، «مەن پـۈتـۈن جـەمـئـىيەت ئالدىدا سېسىيمەن»، «ماڭا يۈز كېرەك ئـەمـەسمۇ»، «نەق مەيدانـدىلا نام - شـەرىپىمـگە نـجاسـەت سۈۋىدى…» دېگەن سۆزلىرى نەئىمەنىـڭ قـەلب رىشتىلىرىنى چـېـكـىـپ، ئىزا - نومۇس كۆللىرىنى تەۋرىتىۋەتكەن بولسا، ئـاپـىـسـى خالىداي: «يۈرىكىڭىزگە قول سېلىپ بېقىڭ، ئۇن جېـنـىـڭـىـز بـولـسـىمۇ دادىڭىزنىڭ قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ بولالمايسىز» دېيىش ئارقىلىق ئېرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ساخاۋەت ھەم شاپائەتلىرىنى ئېسىگە سالغانىدى.

«توۋا، ئاجايىپ ئۇستىلىق!…» تۇردى ھەسەن بىر ئېغىز گـەپـنـى ئـارتـۇق قـىـلـىـپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى قىزنىڭ ئەزۋەيلەشلىرىدىن بىلىپ قالدى - دە، خوتنى يۆتكىدى. ئەمدى كۆمۈرچى بالىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ نەپ ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەكسىچە نەئىمەنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ كېيىنكى نازۇك

پىلانلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم بېسىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنداقتا ئەڭ توغرا ھەم ئاسايىشلىق يول زادى قايسى؟ مىجەزى تۇپتۈز، كۆڭلى ئاق، باغرى يۇمشاق، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بۇ ئانا ـ بالىلارنى ئەڭ ياخشىسى تەسىرلەندۈرۈش كېرەك. ھەتتا ئۇلار ئىچ ئاغرىتىشتىن يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كۆز يېشى تۆكۈپ ئەپۇ سورىسۇن! بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ھەممەت ـ ساخاۋەتلىرىنى مىننەت قىلماي، بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقلىرىنى دېيىش كېرەك. ھەتتا بۇ ناھەقچىلىققا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىسا نېمە بوپتۇ… ئۆتمۈشتىكى خان ـ پادىشاھلارمۇ كىچىككىنە نۇسرەت ئۈچۈن خوتۇن ـ قىزلىرىنى دوغا تىككەن ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا تۇمشۇقى ئازغىنا قاناپ كەتسە كارايىتى چاغلىققۇ!

شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەن بىر پارچە قارا بۇلۇت چاقمىقىنى چېقىپ، ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمىسى نەچچە كۈنلەرگىچە خالئاينىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلمەي ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. گەرچە تۇردى ھەسەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سۇس تەبەسسۇم ئىچىدە كىدىيىپ يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن چىۋىننىڭ قانىتىدەك كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئۇن يىللاپ ئۇنتۇمايدىغان ئاداۋەتخور ئادەم ئىدى. ئۇ قانداقتۇر مۇقاملارغا كەلتۈرۈپ ئۈچ ئالاتتى ياكى نەشتىرىنى بىر ـ ئىككى قېتىم سانجىۋېلىپ پۇخادىن چىقاتتى.

بىر كېچىسى ئەمدىلا ياتقان خالئاي قىزى نەئىمە ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىۋېدى، تۇردى ھەسەننىڭ بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭقۇر قورۇق بولسا مەڭزى تەرەپكە سەللا تارتىشتى … بۇ ئەلۋەتتە كۈلۈمسىرىگەن ئىپادە ئىدى. بىراق كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى پىلدىرلىماي بىر يەردە قېتىپ تۇرغىنىچە چېقىن چېقنۋاتاتتى… شۇنداقتىمۇ تۇردى ھەسەن ئاۋازىغا مۇلايىملىق، چىرايىغا سەممىيلىك تۇسىنى بېرىپ كۆڭلىدىكىنى دەپ باقماقچى

بولدى. چۈنكى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئايازنىڭ قولىدىكى تىلخەتنى قولغا چۈشۈرۈش ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغان تۇردى ھەسەن ئابزەر خوجىنىڭ چېيىغا كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇدۇللا كىچىك چوقۇرغا بارغانىدى. ساقچى باشلىقى مەخمۇت زىيا ئۇنىڭغا قاتلانغان بىر كونۋېرتنى بېرىپ: «قاۋۇزنىڭ تاۋى بولمىغاچقا مەن ئالغاچ كەلدىم» دېدى. ئۇلار ئىككىسى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. تۇردى ھەسەن دالدا بىر يەردە كونۋېرتنى ئاچتى. زەھەرلىك سۇيىقەستنى بەربات بولغان قاۋۇز ئاخىرقى ئۈمىدىنى تۇردى ھەسەنگە باغلىغانىدى. ئۇ خېتىدە «دادىسىنىڭ ئالتۇن دۈكىنى ئېچىپ بەرمەيدىغانلىقى» ھەققىدە توختىلىپ ئەغزەم تۆرىنى بىرمۇنچە يامانلاپ بەرگەنىدى. ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىدا: «ئەگەر نەئىمەنى توي قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرەلىسىلە بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن دۈكىنى ئېچىپ بېرىمەن...» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. قىسقىسى، قاۋۇز خېتىدە ئاسماندىكى يۇلتۇزنى قوينىلىرىغا سېلىپ بېرىمەن دېمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقىنى ۋەدە قىلغانىدى. دېمىسىمۇ قاۋۇز ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلى خوش بولدىمۇ، مەردلىكى تۇتۇپ ھېچنېمىنى ئايىمايتتى. مانا ئەمدىلىكتە سۆلىتى يۈز غېرىچ، خورىكى مىڭ غېرىچ خالئاي بولسا قىزى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراۋاتىدۇ. بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتتە ئۇنى بىر چېكىپ كۆرمىسە بولمايدۇ ـ دە!

— خالئاي، — دېدى تۇردى ھەسەن پەس ئاۋازدا، — نەئىمەگە خىزمەت ئىشلەپ باقسىڭىز بوپتىكەن، قاۋۇز بەكمۇ تەخىلىككە سېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئۇرۇمچى، غۇلجىلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن بايلاردىن بولۇپ قالدى.

— نېمە؟ — خالئاي غەزەپلەندىيۇ، بىراق شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — قاۋۇز بولمىغۇر ئادەم... ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئەسكىلىك كېلىدۇ... ئەڭ ياخشىسى نەئىمەنىڭ خائىشىغا باقمىساق بولماس.

— «خاھىشىغا باقمىساق» دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ — تۇردى

ھەسەننىڭ كۆز جىيەكلىرى يىرتىلىپ ئېچىلدى، — سىزمۇ ھېلىقى كۆمۈرچى زەڭگىگە مايىل بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ، — خالئاينىڭ ئاۋازىدىن ئامالسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، — مەنمۇ سىزدىن بەتتەر خاپا بولۇۋاتىمەن.

— بىلىمەن، سىز قاۋۇزغا ئۆچ، — تۇردى ھەسەن خالئايغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى، — بىراق دادىسىنىڭ ئەسكىلىكى ئۆزىگە، ئوغلىدا نېمە گۇناھ. خەقلەرنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشەنمەڭ... ھەممىسى قاۋۇزنى كۆرەلمىگەنلەرنىڭ تاپقان پىتنە ـ ئىغۋالىرى.

— شۇنداقمۇ؟

خالئاينىڭ ئاۋازىدىن قاتتىق تەئەددى، قىنغىماس دۈشمەنلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. لېكىن تۇردى ھەسەن بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىدى بولغاي «شۇنداقمۇ» سۆزىدىن مەمنۇن بولغاندەك بولدى. خالئاي بولسا: «ئۇ مەلئۇننىڭ ئىسمىنى ئەمدى ئاڭلىماي» دېگەندەك سۆز كارۋىنىنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— نەئىمە ئۇرۇمچىگە ماڭماقچى، — دېدى خالئاي ئېرىنىڭ چىرايىغا قارىمايلا، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىزدىن خىجىل بولۇپ دېيەلمىدى. ئەتە ـ ئۆگۈن مېڭىپ قالارمىكىن.

— قايتىپ كېلىدىغاندۇ؟ — تۇردى ھەسەننىڭ قاپاقلىرى مىژىدە تۈرۈلدى، — ئالايلى، دۇكىنىنىڭ ئىشلىرىنى بىرقۇر رەتكە سېلىۋېلىپ دەيمىنا.

— ئەلۋەتتە كېلىدۇ، — كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان خالئاي سوزۇپ ئەسنىدى، — نەچچە يىللاردىن بېرى خېلىلا چارچىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يىل يازنى مەشەدە ئۆتكۈزىمەن دېگەندەك قىلىدىغۇ.

«قارا، بۇ ئانا ـ بالا ھازازۇللارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى! ئۇرۇمچىگە بېرىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالغاندۇ، ھە؟ تايىنلىق ئىككى دۇكاننىڭ بانكىدىكى ھېساباتىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئۆزگەرتىش، بانكا نومۇرىنى ئالماشتۇرۇش، توغرا، پۇلنى

يـۆتكـەش... كـىمنىڭدۇر نامىدا يۆتكەش... چۈنكى ئۇ قانچۇق ھېلىقى زەڭگىگە ئاشىق! مېنىڭ ئۆلسەممۇ قوشۇلمايدىغانلىقىم ئۇلارغا ئايان...»

تـۇردى ھـەسـەنـنـىـڭ كـالـلىسىدىن ئەنە شۇنداق خىيال كېچىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىزلا بۈگۈن كەچلىك تاماق ئالدىدىكى بىر سىـرلـىـق ئـىـش كۆز ئالدىدا ئايان بولدى: «بۇككىدە ئانار كۆچەتلىرى يېنىدىكى چىغىر يولدا نەئىمە ئايازغا نېمىدۇر دېدى بـولـغـاي ئـۇمۇ بېشىنى گىلدىڭلاتتى ھەم ئۇلار تولىمۇ قىسقا بىرنەرسە دېيىشىپ ئايرىلىشتى. ئۇ ئىككىسىنى نېمە مەجبۇرىيەت ئۇچراشتۇرغاندۇ، نېمىلەرنى دېيىشكەندۇ؟ ياكى نەئىمە— خالئاي بىلەن ئاياز ئوتتۇرىسىدا دەللاللىق قىلىۋاتامدۇ؟ ياق، بۇ قىز ئۇنـداق كـېلـىش ـ پەخـەش باللاردىـن ئەمـەس! مانا مۇشۇنداق تاقىقا ـ تۇققا سوئاللار بىلەن تېڭىرقاپ قالغان تۇردى ھەسەننىڭ بـىـردىنـلا كۆز ئالدى يورۇپ سىرلىق ئۇچرىشىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى،— توغرا، نەئىمە ئۇرۇمچىگە مېڭىش ئالدىدا ھېلىقى كۆمۈرچى زەڭگى بىلەن ئۇچرىشىش كېرەك!»

— خالئاي...،— تۇردى ھەسەن ئۈنلۈكرەك توۋلىدى،— ھەي، خالئاي!

ئايالىنىڭ يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان تۇردى ھەسەن يەنە بىردەم ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن ئاستا تـۇردى. ئـاندىن شىپىلداپ كارىدورغا چىقتى ـ دە، چەتتىكى ھۇجرا ئالدىغا شەپە چىقارماي يېتىپ كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق بولۇپ، دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئۆي ئىچى سۇس يورۇپ تۇراتتى. تۇردى ھەسەننىڭ قېلىن قاپاقلىرى دەھشەتلىك تۈتۈلۈپ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ئۇ ئويلىغاندەكلا نەئىمە ھۇجرىسىدا يوق ئىدى.

تـۇردى ھـەسـەن پـەلـەمـپـەيلەردىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا گـىـرىمسەن ھاۋا رەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان ھويلا ـ باغلارغا زەن سالماقتا ئىدى. داچا گويا يەر تىڭشاۋاتقاندەك جىمجىت ئۇيقۇدا بولۇپ، كۆل بويىدىكى راۋاق ھەم شادا ئورۇندۇقلار قارىيىپ

تۇراتتى. يۇلتۇز تۇدىلىرى قاپلىغان نىل رەڭلىك ئاسمان شۇنچىلىك گۈزەل ھەم ماتا تەنلىك ئىدىكى، كىشى بۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىگە تەسەننا ئوقۇيتتى. ئەمما بۇ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن تۈن كېچىدە ئايازنىڭ ئىككىلا دېرىزىسى خۇددى پارقىراق قوڭغۇزدەك يورۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن گۇمانى كۈچەيگەن تۇردى ھەسەننىڭ قارىچۇقلىرى گويا قۇشقاچ چاڭگىسىغا قادالغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يالتىراپ كەتتى. ئۇ ئايازنىڭ ئۆيىگە ئاستا يېقىنلاشتىيۇ، دەرھاللا ئانار كۆچەتلىرى دالدىسىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. چۈنكى ئىشىك ئېچىلىپ ئايازنىڭ قامەتلىك، كېلىشكەن گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سالغاندىن كېيىن نېمىدۇر دەپ شىۋىرلىغاندى، كەڭ كۆكرەكلىك، ئېگىز بوي بىرسى بىلەن سەۋرى بەدەن نازۇك بىر كۆلەڭگە ئۆيدىن چىقتى. تۇردى ھەسەن ئانار كۆچەتلىرى ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ بىرسى نەئىمە، يەنە بىرسى كۆمۈرچى بالا ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونىدى.

— ۋۇي، رەسۋا سولامچى، — شىۋىرلىدى تۇردى ھەسەن، تۇغلۇق بىلەن نەئىمەگە نېمىدۇر دەۋاتقان ئايازنى تىللاپ، — توقسىنىڭ تولدى مۇناپىق! تېۋىنىدىغان پاكىت - ئىسپاتلىرىڭمۇ كۆيۈپ كۈل بولدى! قېنى نېمەڭ بىلەن سەكرەيسەنكىن ئەمدى!

تۇردى ھەسەننىڭ ئىچىگە ئۇيۇپ كەتكەن ئوغا بىردىنلا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئۇچلىسىنى رەسۋا قىلغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنىڭ تۇتەۋاتقان غەزەپ يالقۇنىنى، كېيىنكى يەتمەكچى بولغان ئارزۇلىرى چۆلدىكى يېشىندەك ۋاشىدا ئۆچۈردى! قىسقىسى، مۇھەببەت ئوت - پىراقىدا كۆيۈپ، شېرىن ئازابىدىن لەزەتلىنىۋاتقان قىزنىڭ ھېچنېمىدىن يانمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ جەننىتى رىزۋانغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئاياز بىلەن نەئىمەنىڭ تۇغلۇقنى شوتىغا ياماشتۇرۇپ، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتكەنگە قەدەر سۈكۈت قىلىپ جىم ئولتۇردى.

# 14

دۇمباق ئاخىرى يېرىلدى. نەئىمە ئۇرۇمچىگە مېڭىپ ھەپتە بولمايلا تۇردى ھەسەننىڭ پېنسىيىگە چىققانلىق خەۋىرى كەلدى. ئۇ قۇلاقلىرىغا، خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى. ھەتتا «بۇرادەرلىرىمدىن بىرەرسى چاقچاق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىدتە: «ۋەي··· ۋەي، كاتىپ، ئېنىقراق سۆزلە··· ئاڭلىيالمىدىم···» دەپ بەكمۇ زەئىپ ئىڭىشىدى. بىراق «پېنسىيىگە چىقىرىش رەسمىيەتلىرىڭىز يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ چۈشتى···» دېگەن سۆز ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ، تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى راست! شۇڭا تۇردى ھەسەن ھېلىقى كېچىسى داچىغا ئەيمەنمەي كىرگەن «كۆمۈرچى زەڭگى»نىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتىدىن ۋاقتىنچە ياندى. ئەلۋەتتە بۇ شۇم خەۋەر ئەغزەم تۆرىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا بۇ ئىسكەتسىز دوك خۇشاللىقىدا چاسۇدا ئۇسسۇل ئويناشتىن يانمايدۇ. تېخى ئالتۇن دۈكىنى ئېچىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «مەن سېنى نەدە كۆردۈم، مۇتتەھەم···!» دەپ تىللىشى تۇرغانلا گەپ! شۇڭا ئۇ دەرھاللا شەھەرگە كىردى. لېكىن ئەغزەم تۆرە ھېلىقى سۇر باسقان داچىدا بولماي بەلكى ئالتۇن كانغا كەتكەنىدى. تۇردى ھەسەن «ھۆزۈرى جەننەت» سائۇنا مۇنچىسىغا باردى. نازىرنى تونۇيدىغان لىك تاسما باش مۇلازىم ئۇنى ئىچكىرى ـ تاشقىرى بۆلۈملەردىن ئۆتكۈزۈپ ئايرىم خانىغا ئاپاردى. ئۇ ئالدىدىكى غەلىتە «مەنزىرە»نى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. خۇددى قايناق سۇدا پاتلاش ئۈچۈن تاختوپۇشقا ئېلىپ قويغان توڭگۇزدەك قاپقارا بىر ئادەم كارىۋاتتا لېغىرلاپ دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كىيىمگە تالىق بىرەر تال

يـىپمۇ بولمىغاچقا، بۇقا بوينىدىن تارتىپ سۆگەت كۆتىكىدەك دۈمبىسىنى، بىر داس لەگىپۇگدەك ساغرىسىنى، جۇۋاز ئوقىدەك بىلەك - يوتىلىرىنى سوۋارى چۇپۇر قاپلاپ كەتكەچكە، گويا ئالامەت زور تۈكلۈك قۇرتقىلا ئوخشايتتى. ئەمما بەللىرى ئىنچىكە، ئاپئاق بەدەنلىك، نازۇك بىر قىز بۇ قارا قۇرتنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، يۇمران ئالىقانلىرىدا ئۇنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى. تۇردى ھەسەن قىزنىڭ قىپيالىڭاچ تۇرقىدىن ئەيمىنىپ كەينىگە يانماقچى بولىۋېدى، قىز لىككىدە ئىرغىپ پەسكە چۈشتى. شۇ چاغدىلا ئايان بولدىكى، قىز ھەر ھالدا پۈتۈنلەي يالىڭاچ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك قوش كۆكسىنىڭ توپچىلىرىنى يېپىپ تۇرغان قۇتا ئاغزىدەك بېغىرتاق، ئۇياتلىق يېرىگە تارتىۋالغان تورسىمان قىزىل «گۈل يايقۇ...» لار ئىنچىكە يىپ بىلەن تارتىلغاچقا ئارقا تەرىپى يالىڭاچ كۆرۈنەتتى...

— قاۋۇز بېگىم، — باش مۇلازىم بەچچىلەردەك تولغىنىپ، مۇڭلۇق خىڭلىدى، — ھاي قاۋۇز بېگىم... نازىر غوجام كەپتىكەن... ئۆزلىرى بىرنېمە دېگەندەك قىلىۋېدىلە...

— تۇ... تۇ نازىر كەلدىمۇ؟ — قاۋۇز قايرىلىپ ئەسنىۋىدى ھاراقنىڭ سېسىق بۇسى گۇپپلا ئۇرۇلدى، — مەرھابا، تۇ نازىر، كىيىملىرىنى سالسىلا... مې... مېنىڭ كەلگۈسى قېيناتام... قېنى سىلىمۇ «ھۆزۈرى جەننەت» نىڭ پەيزىنى بىر تېتىپ باقسىلا...

— بولدى... بولدى... مەن... مەن باشقا چاغدا كېلەي...

— ھەي قانجۇق، ئاختا ئاتىنىڭ كاكىسىدەك گىلدىڭلاپ تۇرغۇچە، نازىر بېگىمنى يېشىندۇرمەمسەن... ، — قاۋۇز يېرىم يالىڭاچ قىزغا ۋارقىرىدى، — تېز بول، مادا ئېشەك...

— قاۋۇز بېگىمنىڭ نېمە دېگىنىنى سەمىڭگە ئالالمىدىڭما؟ — باش مۇلازىم بوينىنى قېقىپ، قاشلىرىنى ئېتىپ، ئاۋازلىرىنى سازلاپ، كۆزلىرىنى ئويناتتى، — خۇدايىم ئالىقاندەك يەرنى سەنلەرگە بەرگىچە ماڭا بەرسىچۇ كاشكى، ۋۇي

قەدرىگە يەتمىگەن ئەقىلسىز پوقلار!...

«ئاپئاق قىز» تەرەببالا تۇردى ھەسەننىڭ بەل تاسمىسىغا ئېسىلدى، نازىر ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتكەنىدى، ئۇ ئىشتاننىڭ تۈگمىسىگە قول ئۇزاتتى. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلغان تۇردى ھەسەن چۇمۇلىگە يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان كەسلەنچۈكتەك غىلدىرلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىققاندىن كېيىن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى. ئەلۋەتتە ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر «پاجىئە» دىن قۇتۇلغانىدى. ھېلىقى يىللاردا نەق مۇشۇنداق چۇمۇلە بەل نازىنىنلار ناز - كەرەشمىلىرى ئارقىلىق خىلمۇخىل دورىلارنى يېگۈزۈپ ئۇنى كاردىن چىقارغان ئەمەسمىدى. بايا، قاۋۇز ئاپئاق قىزنى ئاختا ئاتنىڭ بىرنېمىسىگە ئوخشىتىپ تىللىغاندا تۇردى ھەسەن خۇدۇكسىنىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.

خەيرىيەت، پېنسىيە خەۋىرىنىڭ ئاتا - بالا مىليونېرلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تۇردى ھەسەن دەسلەپ قېرى چايان ئەغزەم دوكىنى ئىزدەپ ئالتۇن كانغا بەش كۈنگىچە باردى. لېكىن تاپالمىدى. بەزىلەر ئۇنى: «تاغدىكى ماللاردىن ئىككى مىڭ تۇياق قوي - كالىنى بىر چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئۆتكۈزىمەن» دېگەندەك قىلغان دېسە، يەنە بەزىلەر: «بانكىغا سېتىلغان ئالتۇندىن مەسىلە كۆرۈلۈپتۇدەك، تايىنلىق ئۇرۇمچىدىكى باش ئاپپاراتقا كەتتىمىكىن» دېيىشتى. ئالتۇن كاندىكى تېخنىك بۆلۈم باشلىقى بولسا: «تاغلىقلار يەنە قۇتراپ قالدى. شۇڭا يۇقىرى رەھبەرلىك بىلەن سۆزلەشكىلى كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى. لېكىن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق پەرەزلەر ئىدى. دۆلەت بانكىلىرى ئۆتكۈزۈۋالغان ئالتۇنلار يۇقىرى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈلگەچكە ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. تاغلىقلارغا يېڭى يايلاق كۆرسىتىپ بېرىلگەنگە تېخى ئۇزۇن

بولمىدى. ئۇلارنىڭ جېدەل چىقىرىشىغا تۇردى ھەسەن ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئەمدى تاغدىكى ماللارنى ھەر يىلى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس خادىملار بار بولۇپ، ئەغزەم ئۇنداق جاپالىق ئىشلار بىلەن ئۆزىنى ئۇپرىتىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى.
تۇردى ھەسەن پېنسىيە شۇم خەۋىرىدىن ئۇلارنىڭ خەۋەر تاپقان - تاپمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قاۋۇزنى ئىككىنچى قېتىم ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىمۇ تاپالمىدى. بۇ ئاتا - بالا ھىيلىگەرلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قارىسىنى كۆرسەتمەي ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تاقىتى تاق بولغان تۇردى ھەسەن بۈگۈن سەھەردىلا ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ يولغا چىقتى. ئۇ «ھۆزۈرى جەننەت» سائۇنا مۇنچىسىنىڭ باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا بېرىپ ساقلىماقچى ئىدى. ئەمما ئېرەن دەريا ساھىللىرىنى قاپلاپ كەتكەن قىزىل يوپۇرماقلىق ئېرەن ئورمانلىقىدىن ئۆتۈپ ئۇق يولغا قايرىلىشىغىلا، ئالدىدىن بىر كىچىك ماشىنا قۇيۇندەك يېتىپ كەلدى. تۇردى ھەسەن ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تونۇشلا بىر ئاۋاز ئۇنى چاقىرىپ قالدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇ نازىر! — ماشىنا دېرىزىسىدىن قاۋۇزنىڭ يوغان ياپيا يۈزى كۆرۈندى، — قاق سەھەردىلا سەپەر قاياققا؟
تۇردى ھەسەن ئېرەن ئورمانلىقىنى ئىشارە قىلىپ نېمىلەرنىدۇر ئۇقتۇرغانىدى، قاۋۇز ماشىنىسىنى سولغا قايرىپ، پەسلەپ ئورمان ئىچىگە كىردى. ئارقىدىن تۇردى ھەسەننىڭ ماشىنىسىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىلىرىدىن چۈشۈپ، ئېرەن دەريا بويىدىكى كۆپكۆك چىملىققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. قاۋۇز «قىزىل مۇنار» ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى. تۇردى ھەسەننىڭ تاماكا چەكمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا تەڭلىمىدى.
تۇردى ھەسەن كىچىك چوقۇردا قاۋۇزنىڭ خېتىنى

تاپشۇرۇۋالغىنىغا يىگىرمە كۈندىن ئاشقانىدى. قاۋۇز نەئىمە تىوغىرۇلۇق خۇش خەۋەرنى ساقلاپ شۇنچە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. ئەمما ئۆتكەندە تۇردى ھەسەن ئۇنى ئىزدەپ بارغاندا ئىغىر مەستلىك ھەم ھېلىقى نازىنىنىڭ سىلاپ - سىيپاشلىرىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان قاۋۇز بولسا، نەئىمەنى ئۇنتۇغانىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن تۇردى ھەسەنىنىڭ ئۆتكەندە نېمە ۋەجىدىن ئىزدىگەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە ئەتىگەندىلا داچىغا قاراپ يولغا چىققانىدى. لېكىن ئۇ نەئىمەنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ لەسسىدە بولۇپ قالدى.

— نەچچە كۈن بولدى؟ — سورىدى قاۋۇز ئاغزىدىكى تۈتۈننى پۈۋلەۋېتىپ، — ئەجەب ئۇقماي قاپتىمەنا.

— ئۇن سەككىز كۈن بولدى، — تۇردى ھەسەن قوپاللا تەگدى، — ئۆتكەندە كىرسەم مەي بولۇپ كېتىپتىكەنسىز.

— ئۇ كۈنى پىغانىم ئۆرلەپ، شۇنداق بولۇپ قالدى، — دېدى قاۋۇز نەگىدۇر تىكىلىپ، — خەپ قېرى... خەپ قېرى... يوشۇرۇن ئۆيۈڭنى تېپىۋالسام... ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ كۆسەيگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتىم.

— زادى نېمە ئىش يۈز بەردى بايۋەچچە؟

— سورىمايلا قويۇڭ نازىر، — قاۋۇز سۇغا شالاققىدە تۇكۈردى، — دادام دېگەن قېرى ھاڭگا ئۇن يەتتە ياشلىق بىر قىزنى نىكاھلاپ ئېلىپ، شەھەردىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمەي يۈرىدۇ. ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى بىرتوقاي ئادىمىم شۇنىڭ پېيىدا.

— خاتا ئاڭلاپ قالغانسىز بايۋەچچە، — دېدى تۇردى ھەسەن گەپ ئېلىش نىيىتىدە، — بۇ، تۆرەمنىڭ كۆشەندىلىرىنىڭ تاپقان ئىغۋاسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— سىز ئۇ مەيدىۋاز پەسەندىنى تولۇق چۈشەنمەيسىز، — قاۋۇز تاماكا قالدۇقىنى پىرقىرىتىپ دەرياغا

تاشلىدى، — مەن بىكاردىن ـ بىكار كۆكلەۋاتقىنىم يوق. ئاشۇ نىكاھقا قاتناشقان تۆلەندى مەخسۇمنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، يەرگە بىرلا نىقتاپ تۇرۇۋالسام جان ئاچچىقىدا «جارتتىدا» بىرنى قويۇۋېتىپ، ئاندىن دەپ بەردى.

— مۇنىداق دەڭ، تۆرەم بىرەر پايدا ـ كۆنىسەم يەتكۈزمىسە، — تۇردى ھەسەن قاۋۇزنىڭ ئىچىشقان جاراھىتىگە تۇز سەپتى، — كىچىككىنە بىر قىزنى بوۋىسىدەك ئادەمگە بېرەمتى!

— شۇ ئەمەسمۇ، — قاۋۇزنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى، — قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تونۇر ياساپ ساتىدىغان كۆك نامراتلار ئىكەن. ئۇلار توققۇز بالىنى باقالماي، قىزىنى سودىلىشىپ دادامغا بېرىپتۇ. بۇ ئىشقىۋاز دوك ئاخىرى روزغارىمىزنى قىز ـ چوكانلارنىڭ جىگدىلىك باغلىرىدا ۋەيران قىلىدىغان بولدى...

بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدە يۈرگەن بۇ ئاتا ـ بالىنىڭ ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى يوقاپ كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن تۇردى ھەسەن ئىختىيارسىز خالئاينى ئەسلەپ قالدى. ئەغزەم تۆرە نەئىمەگە ئەلچى كىرگۈزۈپ بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن، خوتۇنباز قاۋۇز قانات سۆرەپ داچىدا پەيدا بولدى. شۇ چاغدا خالئاي: «بەزىلىرى باي بولسا مائارىپقا ياردەم قىلىپ نامراتلارنى يۆلەيدىكەن، ئەمما بىزنىڭ بەزى بايلىرىمىز پۇلى كۆپەيگەنسېرى خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ، شەھۋەتخورلۇققا بېرىلىدىكەن» دېگەنىدى. مانا ئاۋۇ دوك قېرىنىڭ ئىككىلا پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالسىمۇ، يەنىلا ياش قىزلارنىڭ تەپتى ـ ھارارىتىگە مەيدىسىنى قاقلاپ يۈرۈپتۇ... قاۋۇز بولسا ئاتىسىنىڭ يىلىكىنى شوراپ، سائۇنا سەتەڭلىرىنى سەمرىتىۋاتىدۇ... ئانىسىنىڭ غىمى نېمە بولسا بولمامدۇ! ئۇنىڭ بىلەن تۇردى ھەسەننىڭ نېمە ئىشى! ئۇلار پاھىشە خوتۇنلارنىڭ يۈندا ئەۋرەزلىرىگە چىلىشىپ قالامدۇ ياكى

بىر — بىرىنى تالاپ قان چىچىشامدۇ، ئۆزلىرىنىڭ شورى! ئۇلارنىڭ بۇنداق چىشلىشىشلىرى تۇردى ھەسەن ئۈچۈن زىيىنى يوق. مانا ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ پېيىدە يۈرۈپ، پىنسىيىدىن ئىبارەت شۇم خەۋەردىن خەۋەرسىز قالدى... ئاتا - بالىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قويسا، بەزىدە ئوتتۇرىدىن پايدا ئالغىلىمۇ بولىدۇ تېخى...

تۇردى ھەسەن «ئالتۇن دۇكان» ھەققىدە گەپ باشلاپ، ئۆزىنىڭ قىلغان سىخىي ساخاۋەتلىرىنى، ئالتۇن كان ئېچىش ئىشلىرىنى تەستىقلاش، مەركەزنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش، ھەر خىل رەسمىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەھەتلەردىكى تارتقان جاپا - ئەجىرلىرىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئەغزەم تۇرىنىڭ ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن دۇكان ئېچىپ بېرىش ۋەدىسىدە تۇرمايۋاتقانلىقىنى يورىتىپ ئۆتتى. ئەمما قاۋۇز ئىچىدىن قىستاپ كەلگەن مەسخىرە كۈلكىسىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. چۈنكى ئۇ نەئمەگە ئېرىشكۈچە تۇردى ھەسەننى «كۈچۈكۈم، كۈچۈكۈم، ئوماق كۈچۈكۈم...» دەپ ئەركىلەتمىسە بولمايتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۆزى شېرىكلىرى بىلەن نىقابلىنىپ بۇلاپ كەتكەن ئىسپاتنى ئەسلىتىپ تۇردى ھەسەننى تۇيدۇرماي كولدۇرلاتتى:

— قولىڭىزدا دادام قىلىپ بەرگەن ئىسپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىڭ، بۇ قېتىم تونۇرچىغىلا قىزنىڭ سۈت ھەققى ئۈچۈن ئەللىك مىڭ سوم بېرىپتۇ، خوتۇنلارغا خەجلىسە بولىدىكەنۇ، ئۆزى ھۆججەتلەشكەن سودىغا ئىگە بولمىسا بولامدىكەن، — دېدى قاۋۇز مەسخىرىلىك بىلەن ھىجىيىپ، — بولمىسا سوتقا ئەرز قىلىڭ... ئۈچ يىل ئالدىدىكى ھېلىقى ئىسپات قولىڭىزدا باردۇ ھە؟! لېكىنزە...

— لېكىن دەيسىزغۇ بايۋەچچە؟

— ئۈمىد ئاز دېمەكچىمەن، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئالتۇن دۆكىنىنى مەنلا ئېچىپ بېرەي. ھېلىقى خېتىمنى ئوقۇغانسىز، — قاۋۇزنىڭ تەلەپپۇزى تەمكىن ئىدى، — مەن ئەگەر ئاشۇ خېتىمدە دېگىنىمدەك قىلمىسام، ئادەم بولماي كېتەي.

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن، — تۇردى ھەسەن دادىلاشتى، — سىز قولىڭىز ئوچۇق، ھىممەتلىك ئادەمسىز.

قاۋۇز كىچىك چىڭ چاسا، ئەمما ئاجايىپ نەپىس ياسالغان قىپقىزىل مەخمەل قۇتىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، تۇردى ھەسەنگە تۇتقۇزدى. قۇتا ئىچىدە مەخمەلگە پاتۇرۇلغان ئاجايىپ زىننەتلەنگەن بىر ئۈزۈك تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى ئاپئاق پارقىرايتتى. بولۇپمۇ سەككىز قىرلىق ئاق كۆزى يالت ـ يۇلت چاقناپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

— سىز بۇنداق ئۈزۈكنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دېدى قاۋۇز مەغرۇر قىياپەتتە، — بۇ دېگەن «ئالماس كۆزلۈك، ئاق ئالتۇن ئۈزۈك!»

— «ئالماس كۆزلۈك، ئاق ئالتۇن ئۈزۈك؟»، — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — بۇنىڭ باھاسىمۇ بەلكىم قىممەتتۇ؟

— ئون ئىككى تۈمەن!

— نېمە، مۇشۇ بىر ئۈزۈك بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سومما؟ — تۇردى ھەسەن ئاچچىققىنە كۈلدى، — بۇنى كىملەر ئالار؟

— بۇ ئۈزۈكنىڭ خېرىدارلىرى بانكىرلار، لىدېر، دىرېكتورلار ھەم شىركەت، زاۋۇت، فابرىكا خوجايىنلىرى! ئۇلار توي ـ مەرىكە، بايرام، خاتىرە كۈنلەردە بىر ـ بىرىگە تەقدىم قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىغا سوۋغا قىلىش ئارقىلىق كۆپ ئىشلارنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ. گېپىمدىن

رەنجىپ قالمىغانسىز، تۇ نازىر...

— يوقسۇ، يوقسۇ، — تۇردى ھەسەن غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — مېنىڭ خوتۇنۇم ھېلىغۇ ئون ئىككى تۇمەنلىك ئۈزۈككەن، ئون ئىككى مىليونلۇق گۆھەر بولسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدۇ...

قاۋۇزنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، غۇرتتىدە يۇتۇندى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاپقارا يوڭ ئەديىال ئۈستىدە ياتقان سۇس ھال رەڭ بەدەنلىك ھېلىقى گۈزەل پەيدا بولغانىدى: «خەپ، شۇ چاغدا ئاياز دېگەن داڭگال ئىلەشتۈرمىگەن بولسا بۇ نازىرنىڭ مېغىزىنى چېقىپلا قالماي، بەلكى ئالىقىنىدا ياڭاقتەك ئويناتقان بولاتتى. ھازىرقىدەك قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى سوۋغا قىلىش ئەمەس، بەلكى يالىڭاچ بەدەنلىك سۈرىتىنى كۆرسىتىپ مايمۇندەك ئوينىتىۋەتكىلى بولاردى... توۋا، سەھرالىق تومپايىنىڭ ئاپپاراتنى ئاچىقىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان! بۇ كۈندە ئەخمەق ئادەم قالماپتۇ...»

— تۇ نازىر، — قاۋۇز قايرىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، — بۇ ئۈزۈكنى قىزىڭىز نەئىمەگە سوۋغا قىلدىم. بۇنى چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك... ئۆزىڭىزنى ئايرىم تارتۇقلايمەن...

— بولىدۇ، بولىدۇ، چوقۇم بېرىمەن...، — تۇردى ھەسەن قىزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان كۆمۈرچى بالا ھەققىدە بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر تىلىنى تىيدى.

— ئەگەر ئۈزۈككە كۆڭۈل توختىتالمىسىڭىز ئەتىلا شەھەردىكى بىرەر بانكىغا ئەكىرىپ تەكشۈرتۈپ، جىڭ - جالىقى ھەم باھاسىنى ئۇقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — تۇردى ھەسەن ھىجايدى، — سىزگە ئىشىنىمەن، مالنىڭ تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇرمامدۇ.

— ئەمىسە مەن قايتاي، — قاۋۇز ئورنىدىن تۇردى، — شەھەردە نۇرغۇن ئىشلار مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

قاۋۇز ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئارقىغا قايدۇردى ـ دە، دېرىزىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. تۇردى ھەسەن ماشىنىسىغا چىقىپ ئۇزۇكنى قايتا قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ خېلى ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئۇزۇكنى بانكىغا سېتىپ، ئاچماقچى بولغان ئالتۇن دۇكاننىڭ دەسمايىسى ئۇچۇن ئېلىپ قويماقچى بولدىيۇ، لېكىن بۇ نىيىتىدىن دەرھاللا ياندى. ئەلۋەتتە قاۋۇز ئۇزۇكنى سۇرۇشتۇرمەي قالمايتتى. ئۇنداقتا ئۇزۇك تۇرماق «ئايرىم تارتۇق» تىنمۇ قۇرۇق قالاتتى.

تۇردى ھەسەن ماشىنىسىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ئورمان ئىچىدىكى يىلان باغرى تار ئاسفالت يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئېرەن دەرياسىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ئېقىنلىرىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى قىزىل يوپۇرماقلىق ئېرەن ئورمانلىقى خۇددى بوياقچىنىڭ تۈڭلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك كۆك، يېشىل، قىزىل، سېرىق، ئاق، بىنەپشە رەڭلەرگە ئۆزگىرىپ بۆلەكچىلا ئۆزلىشىپ ھۆسنىگە تولاتتى ھەم بارا ـ بارا ئارچا، قېيىن، دۇب، تۇخۇمەك، مۇشا قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان چەكسىز ئورمان بەلۋېغىنى ھاسىل قىلاتتى. ئورمان ئىچىدە قارىقات، ئالىقات، مارجان ئالما، ئاچچىق ئۆرۈككە ئوخشاش تىكەنلىك ھەم تىكەنسىز ياۋا مېۋىلەردىن تەركىب تاپقان توقايلىقلارمۇ كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئورمان تۆپىرىقىنى باغاشلاپ ئۆسكەن قولۇپنىڭ، مالىنا، بۆلجۈرگەنلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى پۈتۈن دەريا ساھىلىنى قاپلاپ كېتەتتى.

تۇردى ھەسەن قىزىل مەخمەل قۇتىنى ئېچىپ ئاپتاپقا تۇتۇپ كۆرۈۋېدى، ئۇزۇكنىڭ ئالماس كۆزى بۆلەكچىلا چاقناپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرمايلا قويدى. بۇ قىممەت باھالىق نەپىس بۇيۇم نازىرىنىڭ كۆڭلىنى شادلىققا تولدۇرغاندىن كۆرە، ئۇنىڭ يەلكىسىگە تۇگمەن تېشىنى ئارتىپ قويغاندەك كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى. بىر قارىسا ئادەمنىڭ بەھرى ئېچىلغۇدەك، بىراق

تۇتۇپلا قويساڭ قولۇڭ كۆيۈپ كۇل بولغۇدەك بۇ ئوتنى نەئىمەگە قانداق بېرىش كېرەك؟ راست گەپنى قىلساڭ، ئۇ بۇ نەرسىنى پىرقىرىتىپ ئەۋرەزگە تاشلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئەلۋەتتە ئۇ، ھېلىقى كۆمۈرچى زەڭگى زەھەر تۇتسا قوش قوللاپ ئالىدىكىن، قاۋۇز سۇنغان ئەنقا①سۈتىنى تۇغلۇقىنىڭ بىر تال غېرىب مويىغىمۇ تەڭ قىلمايدۇ.

تېز كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىردىنلا ئاستىلاپ، خــۇددى غــازاڭنى كۆپ يەۋالغان ئېشەكتەك ئېغاڭلاپ مېڭىشقا باشلىدى. چۈنكى تۇردى ھەسەننىڭ تاقىر كالللىسىغا تۇيۇقسىزلا نازۇك بىر پىلان كەلگەنىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئالماس كۇزلۇك، ئاق ئالتۇن ئۈزۈكنى نەئىمەنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇش كېرەك. ئۇ ئاسماقچىلاپ سوراپ قالسا: «‹قىزىم ئۈزۈمنى يە، ساپىقىنى سورىما›، دېگەن گەپ بارغۇ» دەپ ھەزىل قىلىپ قويسا، نەئىمە تۇز كۆڭلى بىلەن «دادامنىڭ سوۋغىتى» دەپ بىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۈزۈكنى «يىتمەيدۇ» دەپ كىم ئېيتالايدۇ. تەمسىلان ئالغاندا، مۇنچىدا، يېتىپ ئۇخلىغاندا، قولياغلىق، پايپاقلىرىنى يۇغاندا... دېگەندەك... ئۇ چاغدا «ئاپلا! يامان قىپسىز قىزىم، بۇ ئۈزۈك پــالانــىــنــىڭ ئەمەسمىدى...» دېسىمۇ ئۇلگۈرىدۇ. ئىشقىلىپ، گىرىم دۇكانلىرى، بانكىدىكى پۇل ھەم ئۈزۈكلەرنىڭ ھەممىسى نەئىمەنىڭ پۇت - قولىنى باغلايدىغان ئىسكەنجە بولالايدۇ. لېكىن ھــېــلــىــقــى قــارا كــۆسەيىنى قانداق قىلغاندا ئۆز مەيلى بىلەن تــەزدۇرگــىــلــى بولا؟! تېخى تۇردى نازىرنىڭ بېشىغا دەسسەپ كېچىلىرى داچىغا كېلىۋاتسا، ئاياز دېگەن خۇمسى ئۇلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ سولامچىلىق قىلىپ يۈرسە... كىم بىلىدۇ، خالىئايمۇ ئۇلارنىڭ دۇمباقچىسىمۇ؟

تۇردى ھەسەندە بىردىنلا كۆمۈرچى بالا بىلەن كۆرۈشۈش ئــىــســتــىــكــى تــۇغــۇلــدى. «نامرات بىر بالىدا نەئىمەنى رام

① ئەنقا: — رىۋايەتتىكى جەننەت قۇشى، ئۇنىڭ سۈتى ئادەمگە جان ئاتا قىلىدۇ.

قىلىۋالغۇدەك قانداق خىسلەت باردۇ؟ » دېگەن قىزىقىش شۇنداقلا نەۋەككۈل دەرياسىغا كېمە سېلىپ تەلىيىنى بىر سىناپ بېقىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. شۇڭا ئۇ ئوق يولغا چىقىپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن «چوكانتال» كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككى ئويلۇق بولۇپ توختاپ قالدى. بۇ يەردە كۆپ توختاشقا بولمايتتى. سۆگەت تاللىرى ساڭگىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ ئىككى يۈز قەدەمدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا داچىنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسى ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇردى نازىرغا قاراپ تۇراتتى... ئەلۋەتتە قورۇدىن خالىئاي، ئاياز، نەئىمە، ئايەتبۇلەرنىڭ بىرەرسى چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شەيتىنى: «ماشىنىغا ماينى بېرىپ، بىرلا ئوت ئالدۇرساڭ ‹تارسۇ› غا بىر ئاش پىشىمغا قالماي يېتىپ بارىسەن... تۇغلۇق بىلەن سودىلاشقىن، ئۇ دېۋانە پۇلنى كۆرسە ھېلىغۇ نەئىمەكەن، جەننەتنىڭ ھۆرلىرىنىمۇ تاشلايدۇ...» دەپ دەيدەيگە سالاتتى...

تۇردى ھەسەن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئالدىغا ئوتتۇز قەدەمچە ماڭە - ماڭمايلا چاقلار گويا ماڭغۇسى كەلمىگەندەك، خۇشياقماي ئايلىنىپ يول چېتىدە توختاپ قالدى. تۇردى ھەسەن نېمە ئۈچۈندۇر تارسۇغا بېرىشنى خالىمايتتى. خالىمايتتى ئەمەس بەلكىم قورقاتتى... نېمىدىن قورقاتتى؟ ياشلىق چاغلىرى... ياشلىق چاغلاردىكى تاتلىق - ئاچچىق ئەسلىمىلەر... تونۇش دەريا بويلىرى... ھە، راست، ھېلىقى جىلغا غولىدىكى يالغۇز ئېرەن دەرىخىچۇ، ئۇ بارمىدۇ؟!... بولغان تەقدىردىمۇ قېرىپ كەتكەندۇ! ئۇنىڭ ئاستىدىكى يۇمشاق مىسىللار بەلكىم ھەر يىلى ئۆسۈپ چىقىدىغاندۇ... خەيرىيەت، ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنىڭ قايتا ئەسكە چۈشۈشىدىن يۈرىكى سىرقىرايتتى! دەرۋەقە جىلغا غولىدىكى يالغۇز ئېرەن ناگان - ناگاندا تۇردى ھەسەننىڭ چۈشىدە ئايان بولاتتى. يۇمشاق مىسىلغا چۆكۈپ ياتقان بىر قىز بولسا يىگىتنىڭ سول قولىقىنىڭ ئاستىدىكى بادامدەك

قىزىل خالنى سىلىغىنىچە: «قىزىلگۈلگە ئوخشايدىكەن»! دەيتتى. يىگىت سەھرا ئاتا قىلغان بېجىرىم رۇخسارغا تويماي قارايتتى... قاپقارا مۇلايىم كۆزلەر... شەبنەم قونغان مايسىدەك نەم كىرپىكلەر... بىر جۈپ جېنەستىسىدەك هال رەڭ كىچىك لەۋلەر... شاكىلىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان چۈجىدەك يۇمران قوش ئېڭەكلەر... سەھرا توقىچىدەك قىزارغان ئاي يۈزلەر... تووا!... ئۇ... ئۇ ئازغان هۆر بۇ دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەنمىدى؟... ياش قۇرۇمىغان كۆزلىرى بىلەن ۋاپاسىزلىققا تولغان بۇ ئالەمنى كىرىمسەن كۆرگەن بولغىيتتى... ياق! بەلكىم بۇ چۈشتۇر! چۈش بولغاندىمۇ بۇنىڭدىن ئۆزۈن يىللار مۇقەددەم غىل - پاللا كۆرۈنگەن مەۋھۇم بىر چۈشتۇر... تۇردى ھەسەن بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ... چۈشەندۈرۈشنى ھەم خالىمايدۇ... بۇ سىر ئۇنىڭ قاپقاراڭغۇ قەلب ھەپسىلىرىگە بەند قىلىپ باغلان- غان!... ئۇ، بۇ سىرى مەھكۇمنى ئەسلەشتىنمۇ قورقىدۇ... شۇڭا ئۇنىڭغا سىپىلىنغان قۇلۇپ، ھەتتا ۋىجدان قەسىرلىرىنىڭ قۇۋۇقلىرىمۇ داتلىشىپ كەتكەن!!...

كابىنكا ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئولتۇرغان تۇردى ھەسەن ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىرى تۇغلۇقنى ئاياز ئارقىلىق چاقىرتىپ كەلمەكچى بولدى. لېكىن بۇ ئويدىن شۇ هامانلا ياندى. چۈنكى ئايازغا ئىشەنگىلى بولمايتتى. ئۇ دەرھاللا خالىئايغا يەتكۈزسە، خالىئاي نەئىمەگە خەۋەر قىلاتتى. شۇڭا تارسۇغا ئۆزى بېرىشى كېرەك. بارغاندىمۇ كەنت ئىچىگە كىرمەي ھېلىقى... ھېلىقى ئىسمى نېمىدى؟ توغرا توپ سۆگەت ئىچىدىكى «بەگئۆستەڭ» قېشىدا توختاپ بىرەر دېھقاننى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىش كېرەك. تېخى ئۇ يەرلەر ئوتتۇز يىللاردىن بېرى بارمۇ يوق؟

تۇغلۇقنى پۇل ئارقىلىق نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئىشەنگەن تۇردى ھەسەن تارسۇغا قاراپ ماشىنىسىنى قۇيۇندەك قويۇۋەتتى. ئەگەر تۇغلۇقنى ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلالىسا

ئايازنىڭ كۆتىگە تەپمەك ئاسان ئىدى. بوي ـ بەستى بولغىنى بىلەن ئەقلى چولتا بۇ دېھقان بەلكىم ھېلىقى «ھۆججەت»نى تورۇس يوچۇقىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتىدۇ...» دەپ ئويلاۋاتقاندۇ. ئۇ نېمە دەپ ئويلىسا ئويلاۋەرمەمدۇ! ئەمدى داچىدىن ئۇچ مو يەر، ئۇچ ئېغىز ئۆي تەلەپ قىلىشى تىكەستە بەنى... (ئۇخلاپ چۇشى، يوق گەپ)، ئۇ «ھۆججەت»نى چىقىرىپ بېرەلمىگەنىكەن، بارلىق دەۋا ـ دەستىرلىرى، سۇرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈشلىرى، تەرەپ ـ تەرەپتە ۋايساشلىرى ئىغۋا، تۆھمەت، پىتنە ـ پاسات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ! خالىئايمۇ لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇكى، زۇۋان ـ ئەكبەر قىلالمايدۇ. پاھ! ئائىلىنى تەرتىپكە سېلىشتا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىسلاھات بولامدۇ! ئاياز، تۇغۇلۇقتەك پۇتلىكاشاڭلار سۇپۇرۇپ تازىلىنىدۇ... كۆمۈرچى زەڭگىدىن ئۇمىدى ئۇزۇلگەن نەئىمە نازىرنىڭ ئىنچىكە پىلانلىغان ئىسكەنجىلىرى ئالدىدا نائىلاج تەسلىم بولىدۇ! شۇ چاغدىلا تۇردى ھەسەن ھاردۇقى چىقىپ چوڭقۇر تىن ئالىدۇ، ئەلۋەتتە! تومۇرلىرىدا قانداقتۇر بىر لۇكچەكنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان ئۆگەي قىزنى يىگىرمە يىل باققاننىڭ ئەجرىسىنى كۆرمىسە بولماس!... ئەگەر نازىرنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىغا كۆنمەيدىكەن، ئۇنىڭ گىرىم دۇكانلىرىدىن، بانكىدىكى پۇللىرىدىن، ئائىلىدىكى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، رەھىمسىزلىك ئىسكەنجىسىدە چىرقىرىتىۋېتىش كېرەك... شۇ چاغدىلا ياشاشنىڭ ئۇلۇمدىن ئاسان بولمايدىغانلىقىنى چۇشىنىپ ياۋاشلايدۇ... پەسكويغا چۇشىدۇ... ئالدىڭدا چۆكۈلدايدۇ... دېمىسىمۇ تۇردى ھەسەننىڭ «ئىسكەنجىگە ئېلىش» ئامال ـ چارىلىرى ئىنتايىن كۆپ!

ئەمدى تۇردى ھەسەن بىر ئۇندە، بىر تۇندە ياشاپ كېلىۋاتقان ئايالىدىن ئانچە ۋايىم يەپ قالمايدۇ. بۇ چاغقىچە ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئالىقىنىغا تەلمۈرۈپ كەلگەن خالىئاي ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيارمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس!

ئەدناسى نەچچە يىللاردىن بېرى ئايالىلىق «رىزقى ـ نېسىۋىسى» گىمۇ ئېرىشەلمىگەن بۇ ناتىۋان بىرەر قېتىم ئېرىگە قاش كۆتۈرۈپ قاراپ باققىنى يوققۇ! ئەگەر قىسىر كېيىكتەك چاپچىپ تۇرغان مۇشۇ ياشلىق چوكانلار بۇنداق بەختسىزلىككە دۇچ كەلسە: «بىر چۈگۈن سۇ ئىشلەتمىگىلى مۇنچە يىللار بولدى...»، «ئىككى ئايال بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتىمىز...»، «بېلىنىڭ ئاستىغا سويۇقئاش بارمىغان...» دېگەندەك هاياسىز گەپلەر بىلەن ئېرىنىڭ يۈزىنى تاپلىما تېزەك قىلىۋېتەر!... دەرۋەقە خالىئاينى كېچىككە كىرگۈزمەك پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ئاسان!

خىياللار تۇگۇچىگە چىرمىلىپ قالغان تۇردى هەسەن تارسۇ كەنتىگە كىرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. شۇڭا ماشىنىسىنىڭ سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئەتراپقا قاراپ ماڭدى. ئەمما كەنت ئىچىگە خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەچكە، ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇردى. شۇنداقتىمۇ «بەگئۆستەڭ» كۆرۈنمىدى. ئۇ مۆسەللىگەن جايدا بىرقانچە تۈپ سۆگەت ئەمەس، قويۇق بىر ئورمان پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن شارقىرىغان بىر ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. تۇردى هەسەن ئورمان ئىچىگە كىرىپ هايال بولمايلا يېنىپ چىقتى. چۈنكى ئۇ نىشانلىغان جاينى تاپقانىدى.

— هەي، ئۇكاموي، — تۇردى هەسەن كەتمەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ياش بالىغا يېقىنلاشتى، — مۇشۇ كەنتتىكى تۇغلۇق دېگەن بالىنى تونۇمسىز؟

— دادىسى كىم بولىدىكىن، — دېدى ياش دېهقان كەتمىنىنى يەرگە قويۇپ، — تارسۇدا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ ئۈچ تۇغلۇق بار.

— دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن، لېكىن خالتا كۆمۈر ساتىدۇ.

— هە، بىلدىم، تۇغلۇقكامكەن ـ دە، ئۆزى ئېگىز،

گەۋدىلىك، كۆكرەكلىرى كەڭ، چاسا يۈزلۈك، قاملاشقان يىگىتتۇ؟

— شۇ، شۇ، — تۇردى ھەسەن ئىچىدە «قاملاشقىنى قۇرۇسۇن» دەپ غودۇڭشىدى، — نەق شۇ، ئۇنى مەشەگە چاقىرىپ بىرەلەمسىز؟

— چاتاق يوق، — ياش دېھقان پارقىراپ تۇرغان ماشىنىغا، تۇردى ھەسەنگە زەن سالدى، — دەپ قويسام بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدۇ.

دېھقان يىگىت كېتىپ قالدى. تۇردى ھەسەن سۆگەت ئورمانلىقىغا كىرىپ، بەگئۆستەڭ شارقىراتمىسىنىڭ توسمىسىدا ئولتۇردى. ئىككى قاسىنقىنى يالپۇز، ياۋا بېدە، تىلقانات قاپلاپ كەتكەن بۇ ئۆستەڭ ئوتتۇز يىل ئىلگىرىمۇ ئەنە شۇنداق تىنچ ـ تىۋىشسىز ئاقاتتى. ئۇنىڭدىن بىر خىل يالپۇز بىلەن ئەمەن پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. بىر قارىساڭ ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغاندەك ئىسىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاغدىكى ئىت بېلىقلىرى سەكرىشىپ ئوينايدىغان ياغاچ كورىكىرام ھازىر سېمونت ئازمىغا ئۆزگىرىپ، بىرنەچچە تۈپ دوڭغاق سۆگەت كۆچىتى ئالىقاندەك كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان قېلىن ئورمانلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئورماننىڭ پەس تەرىپىدىكى تۈگمەن بۇرۇنقىدەكلا گۈركىرەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆگزىسىدە پالاقلىرى ئاجرىغان چاقپەلەك، سۇنۇق خامپا، يەنە قانداقتۇ قاغجىرىغان جاھازىلار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. بىر چاغلاردا سۇغا تاقاق سالغىلى كەلگەن تۈگمەنچى ياكى ئۆگۈت يۇتكەن دېھقانلار مۇشۇ كورىكىرامغا توغرا قويۇلغان ياغاچتىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتىشەتتى. ئايدىڭ كېچىلەردە بۇ يەرلەر تولىمۇ جىمجىت سالقىنلىقا چۆمۈپ، تۈگمەننىڭ گۈركىرىشىدىن بۆلەك ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ئەنە شۇ كورىكىرامدىن قويۇلغان ياغاچتا ئولتۇرغان سەھرا قىزى پۇتلىرىدا سۇنى شالاپلاتقاچ يىگىتكە قىيا بېقىپ سورىدى:

— تۇردى ئاكا، بىلىقلار نېمە ئۈچۈن پەستىن ئېگىزدىكى شارقىراتمىغا سەكرىشىدۇ؟

— چــۈنكى ھــەممــە نــەرسە ئېــگىــزگــە ئــۆرلــەشنــى ياخشى كۆرىدۇ...

— سىزمۇ شۇنداقمۇ؟

... تۇردى ھەسەننىڭ خىياللىرى بەگئۆستەڭ كوركىرامىدا يەنە قانچىلىك پىرقىرايتتىكى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن ماشىنا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر يىگىتنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تــۇردى. ئــۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقىمۇ تېلىقىپقىنا ماشىنا ئالدىغا كەلدى ھەم قامەتلىك يىگىتكە بويۇنداپ قارىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم نازىر ئاتا، ئوبدان تۇردىلىمىكىن؟

تــۇردى ھــەسەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قــويدى. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك ھەم دىمىقىدا پىننە سۇرۇيدىغان يوغانچىلىق سالاپىتىنى كۆرگەن تۇغلۇق قول ئۇزىتىشنى خالىمىدى.

ئۇلار سۆگەت ئورمانلىقىغا كىرىپ كۆپكۆك ئۆستەڭ بويىدا تــوختــاشتى. تۇردى ھەسەن يىقىلغان دەرەخ غولىدا، تۇغلۇق ئوتلاقلىلا بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى. كۆڭلىدىن ھەر خىل پەرەزلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كۆمۈرچى بالا بىر تال ئوتنى چىشلەپ ئــۇزگــەچ يــەر بېقىپ تۇراتتى. تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ ياۋاش، مــۇلايــىــم تۇرقــىــنــى كۆرۈپ «مەندىن قورقۇۋاتىدۇ...» دەپ ئويلىدى:

— مــەن گــەپــنــى ئــەگــىــتىپ، سۇلكەت قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، — تۇردى ھەسەن نوپۇزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە گېلىنى قىرىپ قويدى، — شۇڭا گەپنى تۇزلا قىلاي.

— بۇ جەھەتتە ئىككىمىز ئوخشاشكەنمىز.

تــۇردى ھــەسەننىڭ بىردىنلا ئاچچىقى تۇتتى. «ئىككىمىز

ئــوخشاشكەنمىز» دېگەن قانداق بىمەنىلىك ئۇ؟ بىر كۆمۈرچى ئۆزىنى چاغلىماي «نازىر» بىلەن «ئوخشاشمەن» دېسە، بۇ خۇددى پــاقــىنىــڭ پىــل بىــلەن مەنــمەنلىك تالاشقىــنىدەك كۈلكىلىك گەپقۇ! ؟

— قېنى دەپ باقە، نەچچە پۇل ئالىسەن؟

تــەرەپــبا دېيىلگەن بۇ گەپنى ئاڭقىرالماي قالغان تۇغلۇق دەمــالــلــىــقــا بــىــرنــېمــە دېــيەلمەي قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە تۇردى ھەسەنگە قارىدى.

— نــېــمــىــگــە چــەكچىيىسەن؟ پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويمۇۋاتامسەن نېمە؟

— نازىر ئاتا!

تــۇردى ھەسەننىڭ ئوغىسى قاينىدى: «بايىمۇ كۆرۈشە ــ كــۆرۈشمەيلا ‹نازىر ئاتا› دەۋاتىدۇ بۇ ئەبگار. قانداق ئۆزىنى چاغلىمايدىغان دۆۋانە بۇ... كىم سېنىڭ ئاتاڭكەن؟ خىيالىڭدا: ‹قــىــزىــڭــنى بەرىبىر ئالىمەنغۇ› دەيدىكەنسەن ــ دە! سەندەك كۆمۈرچىنىڭ ئاتىسى بولغۇچە، ئۆلۈۋالارمىنا...»

— ســەن تــولا «ئاتا، ئاتا» دەۋەرمە ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ! كۆڭلۇڭدىكىنى دېگىن.

«ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ» دېگەن سۆز تۇغلۇقنىڭ غۇرۇرىغا خۇددى يۇندا چاچقاندەك تــەســىر قىلــدى. شۇڭا ئــۇ يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمىدى.

— ئۆزلىرى ئاتا يوللۇق ئادەمكەنلا، شۇڭا ھۆرمەتلەپ «ئاتا» دەپ ســاپتىمەن، — تۇغلۇق ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — مۇســۇلمانچىلىقتا چوڭلارنى «بوۋا»، «چوڭ دادا»، «تاغا»، «ئــاكــا» دەپ ھۆرمىتىنى قىلىمىز... بولمىسا سىلىدەك كاتتا ئەمەلدارنى مەندەك كۆمۈرچىنىڭ «ئاتا» دېيىشكە ھەددىمۇ!

تــۇغــلــۇق ئەسلىدە «سىلىنى ئاتا دېيىشكە مەنمۇ خۇشتار ئــەمــەس» دېمەكچىدى، لېكىن ئۇ نەئىمەنى ئويلىدى. تۇردى

ھەسەن ھەرقانچە نوپۇزلۇق ئەربابلار كىبىرىنى ئىشلىتىپ مەمەدانلىق، مەنمەنلىك قىلسىمۇ، ئۇ بەرىبىر يەنىلا نەئىمەنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن ئۇسال ھالەتتە دىمىقىپ كەتكەن تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى غىل - پاللاپ، ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالدى.

— بولدى، بولدى، — تۇردى ھەسەن قاياققىدۇر قاراپ قول سىلكىدى، — كۆڭلۈڭدىكىنى دە، قانچە پۇل ئالىسەن؟

— تۇردى، مەن...

— نېمە، نېمە! نېمە دېدىڭا؟ — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، كالپۇكلىرى مىتىلداپ بىرقىسمىلا بولۇپ كەتتى، — مې... مېنى نېمە دېدىڭا؟...

— «تۇردى» دېدىم، — «نومۇسۇمنى كەلتۇرۇپ» دېگەن سۆز يۇرىكىدىن كۆچمىگەن تۇغلۇق ئۇنىڭ ئىسمىنى قەستەن ئاتىغان ئىدى، — «نازىر ئاتا» دېگەنگە ئاچچىقلاپ قالغان يەردە، «ئاكا» دېسەم يەنە سىلىنى خاپا قىلىپ قويغۇدەكمەن، «تۇردى ئاخۇن» دەي دېسەم ھەرقايسىلىرى ئاخۇنغا تېخىمۇ ئۆچ.

— ئەستاغپۇرۇللا، — تۇردى ھەسەن بوشىشىپ كەتتى، — ئەجەب قورسىقىڭدا ئىلمىكىڭ تولا نېمىكەنسىنا، ھە، بوپتۇ...، — نېمە دېسەڭ دېگىنە، قېنى نەچچە پۇل ئالىسەن؟

— مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — تۇغلۇق راستىنىلا چۈشىنەلمەي قالغانىدى، — ماڭا... ماڭا نېمە ئۈچۈن پۇل بەرمەكچى بولۇپ قالدىلا؟ ئارىمىزدا ھېچقانداق پۇل ئېلىم- بېرىم بولمىغان تۇرسا.

— راست چۈشىنەلمىدىڭمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسەن؟

— راستىنىلا ئۇقالمىدىم...

— ئەمىسە قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — مەن ساڭا ئون مىڭنى، بوپتۇ، ئون بەش مىڭنى بېرەي، بىرلا شەرت نەئىمەدىن ئۈزۈل- كېسىل

ئۈمىدىڭنى ئۈزسەن!

تـوغلۇق گاراڭلا بولۇپ قالدى. ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم راسـتـتـىـنـلا نازىرمىدۇ؟! ئۆلكىدە ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئالغان، دۆلەتنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ، خـىـلمۇخىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يوليورۇق بېرىپ تۇرىدىغان، ئاۋامنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭار يوللىرىغا شولا چاچىدىغان، قانۇن - نىزاملارنى تـۈزەيـدىغان سىياسىئونغا ھېچ ئوخشىماي تۇرىدىغۇ! ئۇ... ئۇ نـېـمـانـچـە چۈپەي! ئاددىي بىر كۆمۈرچىنىڭ كۆڭلىنى پۇلغا سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقىنى قىزىق...

تۇغلۇق — تۇردى ھەسەننىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن چار چاچلار تولغىشىپ تۇرغان تاقىر چوققىسىغا، جىيەكلىرىنى قات - قـورۇق باسقان ياپما قاپاقلىرىغا، سالپىيىپ چۈشكەن ئىككى ئـېڭىكىگە، قولاق ئاستىدىكى بادامدەك قىزىل خالىغا بىرھازا تىكىلىپ قالدى.

— ھە، دېمەك ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — بۇنداق كۆپ پۇلنى تۇتۇش ئـەمـەس، كـۆرۈپـمـۇ باقمىغانسەن؟ ئەمما شۇ نەرسە ئېسىڭدە بـولسۇنكى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كېلىشىم مەڭگۇ مەخپىي بولىدۇ... شۇنداقلا نەئىمەگە ئۆزلۈكىڭدىن: «ئىككىمىز بـىـر - بـىرىـمـىزگـە مـاس كـەلـمـەيدىكـەنمىز...» دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىسەن... چىلانلىقتا ئىككىنچىلەپ قەدەم باسمايسەن.

— ئەگەر مەن ئۇنداق قىلالمىسامچۇ؟
— نېمە؟ پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟
— سىلى پۇلنى شۇنچە چوڭ بىلەملا؟

— بـۇ نېمە دېگىنىڭ، قارىغاندا خورىكىڭ خېلىلا يوغان نـېـمىدەك قىلىسەن، — تۇردى ھەسەن بولسا تۇغلۇقنىڭ چوڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى، — مەن ساڭا پۇل بەرمەيمۇ سېنى نەئىمەدىن

تەزدۇرەلەيمەن.

— ئۇنداقتا نېمە ئۇچۇن ماڭا پۇل بەرمەكچى بولۇپ قالدىلا؟ — تۇغلۇقنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — سىلى قىزلىرىنىڭ مەندىن كەچمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە مېنى سېتىۋالماقچى بولدىلا، لېكىن شۇنى دەپ قوياي، ئۆزۈم كۆمۈرچى يىگىت بولساممۇ، ماڭا كۆڭۈل بەرگەن قىزغا خائىنلىق قىلىشنى، يۈرىكىم ئىككىلا دۇنيا كۆتۈرمەيدۇ.

— قارا، يىگىت، ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە، ئاسمانغا مىخ قاقىدىغان يوغانچىلىق ساڭا ياراشمايدۇ، — تۇردى ھەسەن قولىنى شىلتىدى، — ساڭا كىم قويۇپتۇ بىر نازىرىنىڭ قىزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىشنى! قوغلىغان تەقدىرىڭدىمۇ، بۇ ئىش ئۇقتامىسىغا كېلەرمۇ؟ سەن نەدە، قىز نەدە؟! بۇ بىر كۈلكىلىك كومېدىيەغۇ! ئەگەر ۋاقتىدا ھوشۇڭنى يىغىپ ئېتىڭنىڭ تىزگىنىنى تارتمىساڭ، بۇ كومېدىيە مۇقەررەركى تراگېدىيەگە ئايلىنىدۇ.

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇئەللىم: «تۇرمۇشتا كومېدىيە تۈسىنى ئالغان بەزى ئىشلار ئاقىۋەتتە تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ...» دېگەنىدى، — تۇغلۇق ئىسپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى، — سىلىنىڭ سېلىۋاتقان قورققاقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. قوللىرىدا ھوقۇق ـ ئىمتىياز كالتىكى بولغاندىن كېيىن مېنى سولاملا، ئاتاملا مانا ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن. بىراق پۇللىرىنى ئالمايمەن.

تۇردى ھەسەن تۇغلۇقنىڭ قاغا پېيىدەك توم قارا قاشلىرىغا، روشەن چاقناپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىگە، قىرلىق بۇرنىغا، تومۇرلىرى كۆپكۆك پۇلتىيىپ چىققان بويۇنلىرىغا، قىسقىسى، مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك مەزمۇت ھەم نۇرانە سىيماسىغا قارىغىنىچە: «توۋا، ماۋۇ كۆمۈرچىنى كۆرۈڭ...

مۇنازىرىدە مېنى توساپ قويغۇدەك ئەقىل ـ پاراسەت نەدىن كەلگەن بۇنىڭغا! قارا، تىلىنىڭ ئاچچىقلىقىنى! بىر گېپى زىخ، بىر گېپى مىخقۇ بۇ زەڭگىنىڭ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر لەت بولۇپ قالماي دېدىمۇ ئەيتاۋۇر ئورنىدىن تۇردى. بىراق «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دېگەندەك تۇغلۇقنى ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر چېكىپ كۆرمەكچى بولدى:

— بىز تولا دەتالاش قىلمايلى، — دېدى تۇردى ھەسەن يەر بېقىپ تۇرغان تۇغلۇققا قاراپ، — مەن ساڭا يىگىرمە مىڭ سوم بېرەي. ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ سەن بۇ پۇلغا ئۆي سالامسەن، خوتۇن ئالامسەن، ئات ـ ھارۋا سېتىۋالامسەن، بۇ ئۆزۈڭنىڭ مەيلى. ئەمما بۇ ئامەتنى قولدىن بېرىپ قويغان ئادەمنى ئانچە ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ!

— تۇ نازىر، مەن ئۆزلىرىدەك رەھبەرلەرنى، «ئەس ـ يادى ئاۋام خەلقتە بولىدۇ،» دەپ بەكمۇ چوڭ بىلەتتىم، بىراق ئۆزلىرى پۇل، پۇللا دەپ تۇرىدىكەنلا، — تۇغلۇق خىجىللىق ئىلكىدە ئارانلا سۆزلەۋاتاتتى، — بىز دېھقانلار قورسىقىمىز ئاچ، ئۇچىمىز يېلىڭ ـ يوپۇڭ قالمىسىلا شۈكرى ـ قانائەت قىلىمىز. ھەرگىز پۇل، پۇل، يەنە پۇل دېمەيمىز. سىلى پۇلنى شۇنچە چوڭ بىلىدىكەنلا، مەن سەككىز مو يېرىمنى، ئات ـ ھارۋامنى، ھويلا ـ ئاراملىرىمنى، ھەتتا قوي ـ كەپتەرلىرىمنى سېتىپ پۇلنىڭ ھەممىسىنى بېرەي... نەئىمەنى تەڭلىككە سالمىغان بولسىلىرى!

تۇردى ھەسەن تۇغلۇققا باشتىن ـ ئاياغ چەكچىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن «تۇفى!» دەپ يەرگە تۈكۈردى. ئاندىن لوڭ ـ لوڭ چامداپ ئورماندىن چىقتى. ئۇنىڭ كىلەڭسىز بەستى سۇس تىترەۋاتاتتى. تېخى بېشىنى كابىنكا ئۈستىگە ئۇرۇۋېلىپ نېمىدۇر دەپ غودۇڭشىدى ھەم ماشىنىنى ئوت

ئالدۇرۇپ، يانغا قېيىۋاتقاندا كابىنكا دېرىزىسىدىن: «سەن، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىقىڭ كېرەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن...» دەپ خىرقىرىدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

سانتانا سەھرا يولىدا ئوي ـ كاتاڭلارغا قارىماي چاپماقتا ئىدى. خۇددى بازارغا ئالدىرىغان ئوتتۇنچى «قېخە قوتا...» دەپ ئېشىكىنى ھەدەپ قامچىلىغىنىدەك تۇردى ھەسەنمۇ ماينى توختىماي بېرىپ، ئاچچىقىنى ماشىنىدىن ئالماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ شۇ كەمگىچە بىرەرسى ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايدىغان، تاكاللىشىدىغان ياكى گەپتە توساپ قويىدىغان ئىشلار بولۇپ باقمىغان! ئاددىيسى ھېچكىم ئالدىدا توغرا تۇرالمايتتى! «قارا، ماۋۇ شۇمنى، خەپ كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم... سەن دېگەن تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۈكۈلداۋاتقان بىر چۆجە... تۇردى نازىر بولسا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان بىر بۈركۈت! سەن ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىق پەنجىلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرمىگىچە سۈت ئۇيقۇڭدا ئۇخلاۋېرىدىغان ئوخشايسەن. بىراق، نازىر ساڭا قول سېلىپ ئۆزىنى بۇلغىمايدۇ... ئەڭ ئەپلىك چارە قاۋۇز بەتبەشىرە ئارقىلىق توۋاڭغا تاياندۇرۇپ، ئادەم بولغىنىڭغا مىڭ توۋا قىلىسەن!»

تۇردى ھەسەننىڭ توختىماي لىپىلداۋاتقان زاڭاقلىرى، غۇچۇرلاۋاتقان چىشلىرى بىردىنلا توختاپ، ماشىنىنى يول چېتىگە تارتتى. چۈنكى يانفون تۇيۇقسىزلا سايراپ كەتكەنىدى.

— ۋەي، ۋەي، ۋەئەلەيكۇم، ھە، كاتىپما؟ بۇ مەن ھە، مەن، بولىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقاي... نېمە، شۇنچە جىددىيمىكەن؟، بۇ، لى نازىرنىڭ پىكرى دېدىڭما؟ بولىدۇ، بولىدۇ... مەن بۈگۈنلا يولغا چىقاي!

تۇردى نازىرنىڭ چىرايى بىردىنلا ئوغا ئىچىپ، يىڭنە يۇتقاندەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنى چوڭ يولغا سالغاندا مادارى كەتكەن قوللىرى رولنى ئارانلا قايرىدى. ئەتلىك

شاپتۇلدەك قېلىن كالپۇكلىرىمۇ توختىماي نېمىلەرنىدۇر دەپ مىتىلدايتتى: «يېڭى نازىر، ھەيۋەتلىك بېزەلگەن ئىشخانامغا، قوڭۇر رەڭلىك خىزمەت ئۈستىلىمگە، نازىرلىق ئورۇندۇقۇمغا، مەخسۇس ماشىنامغا شۇنچىۋالامۇ ئالدىراپ كەتكەن بارمۇ؟ تېخى ‹خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەم ئۆزئىتىش مۇراسىمى ئېچىلماقچى!›، قارا، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى! ... ئۇنىڭدىن كۆرە، ‹كۆتۈڭگە تېپىش مۇراسىمى› دېسىلا بولمىدىمۇ! تايىنلىق ئورنىمغا كەلگەن يېڭى نازىرچاق لى نازىرنىڭ ئالدىدا كۇچۇكلىنىپ، ئوت قويغان گەپ. ھەي... دەرىخا، ‹ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن› دېگىنى راستكەن ئەمەسمۇ، ھەرقانداق چوڭ كادىر ھوقۇقتىن قېپقالغان دەقىقىدىن باشلاپ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. بۇرۇنلاردا تىرناق تاتىلاپ، ئۇنلۇكرەكمۇ كېكىرەلمەيدىغان كاتىپنىڭ ئاۋازى چېغىدا خۇددى بايرامدا چالىدىغان دۇمباقتەك ‹بوك - بوك› چىقىدا... خەير، بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە ئەلھۆكمىلىللا دېمەي نېمە چارە! ...»

ئىچى ھەسرەتلىك پىغانغا تولغان تۇردى ھەسەن كابىنكا دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قارىماقتا ئىدى. بۇغداي ئېكىنزىلىقلىرى، ئوتلاۋاتقان قوي - كالىلار، ئاددىي دېھقان ھويلىلىرى، قاتار كەتكەن سۇۋادان تېرەكلەر، ئورۇسگۈل، تاجى خوراز پىلپىلگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلەكلەر سۇۋارى تۇتۇشۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. تۇردى ھەسەننىڭ قوناقتا سۇ تۇتۇۋاتقان بىر دېھقانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. دېھقان يوغان كەتمىنىنى يالتىرىتىپ گۈپپلا قىلىپ يەرگە پاتۇردى - دە، بىر پاتمان توپىنى ئېلىپ ئېرىق ئېچىقىغا تاشلىدى. ئېتىزغا شۇرقىراپ شۇنچە تېز كىرىۋاتقان سۇ شۇ ھامان چىپپلا توختىدى. بۇ مەنزىرە ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. راست ئەمەسمۇ، پىنسىيىدىن ئىبارەت ئىتتىك كەتمەن ئۇنىڭ كۆلگە نەچچە تەرەپتىن كىرىۋاتقان سۇنىڭ

يىلتىزىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى! ئەمدىلىكتە كۆلنىڭ سۈيى بارا ــ بارا ئازلاپ يوقايدۇكى، ئۇنى تولدۇرىدىغان مەنبە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە ماشىنىنىڭ يۇمشاق دىۋانىغا كۆنگەن قوڭلار سەھرانىڭ ئات ــ ئېشەكلىرىگە ھەرگىز كۆنەلمەيدۇ... ھەر كۈنلىكى ئۈچ ــ تۆت ۋاخلىق ھەر خىل قورۇما، قىيمىلىق تائاملارغا ھەم ئوزۇقلۇق ماددىسى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرگە دەندەپ قالغان ئېغىزغا ئاددىي ئاۋامنىڭ ئادەتتىكى ئەتكەنچىيى بىلەن تونۇر نانلىرى تېتىمايدۇ... توڭلاتقۇلاردا ساقلانغان خىلمۇخىل سوغۇق ئىچىملىك، قوغۇن ــ تاۋۇز، يەل ــ يېمىشلەر تومۇز ئىسسىقلاردا جاننىڭ راھىتى! ۋاقتى ــ قەرەلىدە زامانىۋى ئەسلىھەلىرى تولۇق مۇنچىلارغا چۈشۈپ تۇرۇش نېمىدېگەن ھۇزۇر!... كۆلدە كۆمەچ بولۇپ خىزمىتىگە قىلىۋاتقان چاكارلىرىڭ «خوجايىن» دەپ قويسا روھىي چىنارىڭ مىڭ گەز ئۆرلەيدۇ... كونىلار: «ھايۋان تۇيىقتىن، ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر» دەپ بىكار ئېيتمىغان ــ دە! ئەدناسى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن كاتتا ــ ئېسىل ئۆيلەردە ياشاش، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، VCD پلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭۈللەرنى كۆكەرتىش ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. توغرا، راھەتتىن جاپاسى، شادلىقىدىن خاپىلىقى تولا بۇ كونا راباتقا كىم تويۇپ ئۆتۈپتۇ! قارچىغىنىڭ پەنجىلىرىدە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان توشقان چېغىدا ئادەم چىشلەيدۇ... خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟ ئەگەر مەئىشەت بۇلاقلىرىڭ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق توققۇزۇڭ تەل، باي ــ غەنىلەردىن بولساڭ جەننەت دېگەن مۇشۇ دۇنيادا!... ھەرگىز رىۋايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك نېسى ئەمەس!... نەق! !... بىراق ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا دۇمبىسى قىزىل سەلىياخۇن ــ پۇل كېرەك! توغرا پۇل، يەنىلا پۇل!...

سانتانا چىلانلىقا كىرىپ كېلىشى بىلەن تۇردى ھەسەننىڭ كاللىسىدا كۆتۈرۈلگەن قۇيۇن قۇتراشقا باشلىدى. بۇ قېتىم

ئىدارە ماشىنىنى تارتمۇۋېلىشى ئېنىق. تاغدىكى يۈز دانە تۆمۈر ساغلىق هازىر ئۈچ يۈزدىن ئاشتى. چوڭ ـ كىچىك دانىسىنى ئۈچ يۈز سومدىن ساتقاندىمۇ ئارانلا يۈز مىڭ سوم ئەتراپىدا بولىدۇ... بۇ «سانتانا 2000» ماركىلىق ئەمەس، بەلكى ئاددىيلىكى سانتانانىڭ پۇلى. بىراق تاغدىكى تۆمۈر ساغلىقتىن ئىبارەت بۇلاقنى قۇرۇتۇۋەتسە سۈنئىي كۆلچەكنى ياشارتىپ تۇرغان كىچىككىنە مەنبە توزۇپ كەتمەمدۇ! ئىشەنچ قىلغۇدەك ھېچنېمە قالمايدۇ ـ دە! ئەمدى بەختەرلىك ئىشكاپتىكى پۇلغا ھەرگىز چېقىلماسلىق كېرەك... ئۇنىڭغا قوشۇشقا بولىدۇكى، تىرناقداپ يۇنۇشقا بولمايدۇ... خالىغاي بىلەن نەئىمە ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى جۈۋىسىنى تەتۈر كىيىشى مۇمكىن. مانا شۇ چاغلاردا بەختەرلىك ئىشكاپتىكى گۆھەر ئۆزىنىڭ ساخاۋەتلىك نۇرلىرى بىلەن تۇردى ھەسەننى يەنىلا ئاسماندىكى زۆھەل يۇلتۇزىدەك چاقنىتىدۇ...

بىراق ھازىرچە «ئالتۇن دۇكان» ئۇقتاسىغا كەلگەن بولسا، گېپى چوڭ، يۈرىكى پۈتۈن بولغان بولارىدى. ئۆزىنى چاغلىماي ئون يەتتە ياشلىق قىزنىڭ جىگدىلىك باغچىسىغا كىرىپ قالغان ئەغزەم دوك تۇمشۇقىدا چىۋىن قورۇپ نەلەردە يۈرۈيدىكىن؟ ئەگەر ئۇ «پېنسىيە» شۇم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالسا ئالتۇن دۇكان ئېچىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ساغرىسىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلاشتىن يانمايدۇ...

— ئۇھ ۋاي، تەتۈر پەلەك!...، — تۇردى ھەسەن مەھەللىگە كىرىپ كېلىش بىلەن ئېغىر ئۇھسىندى، — ئەجەب يامان ۋاقىتتا ئېلان قىلىندا بۇ دەردىسەر!... ئەمدى ئائىلىگە كېتىدىغان ئىقتىسادنى ئويلاشمىسام بولمىغۇدەك. نەئىمەنىڭ دۇكان كىرىم ـ پايدىسىنى ئۆزۈمنىڭ كارتوچكامغا كىرگۈزۈۋېلىشىم كېرەك! توغرا، باغنىڭ بارلىق مېۋىلىرىنى باققاللارغا سېتىپ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئۆز ئىلكىمدە بولغىنى

ياخشى. بۇ چاغقىچە ئاياز بىلەن ئايسىمەنىڭ يىللىق ئىش ھەققىگە ھېساب قىلىپ بەرگىنىمۇ يېتەر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايازنى قوغلاش كېرەك، بۇگۇنلا كۆتىگە تەپمىسە بولمايدۇ...

تۇردى ھەسەن ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىنى دەرۋازىغا تاقاپ، سوزۇپ سىگنال بېرىشى بىلەنلا، ئاياز ھايال بولمايلا دەرۋازىنى چوڭ ئاچتى ھەم نازىرغا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئەمما تۇردى ھەسەن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، سانتانانى رەڭلىك چاقچۇق يېيىتىلغان يولدىن ئايلاندۇرۇپ، ماشىنا ئۆيى ئالدىدىكى سېمونت سەيناغا توختاتتى.

— تۇ نازىر، ماشىنىنى ماشىنا ئۆيىگە ئەكىرىۋېتەيمۇ؟ — سورىدى ئاياز قاياقلارغىدۇر قارىۋالغان نازىردىن، — ياكى يەنە بىرەر يەرگە بېرىشنى ئويلاۋاتامدىلا؟

— بولدى، ماشىنىنى ئەكىرمەي جايىدىلا پاكىز يۇيۇۋەت، — تۇردى ھەسەن يەنىلا ئايازنىڭ چىرايىغا قارىمىدى، — مەن سالقىن چۇشكەندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغاندەك تۇرىمەن. ماشىنىنى يۇيۇپ بولۇپ مېنىڭ قېشىمغا كىر...

— پاھ، خالىئاي نېمىدېگەن ھوشيار ئايال، — دەپ پىچىرلىدى ئاياز تۇردى ھەسەننىڭ ئارقىسىدىن، — بۇ ئادەمنىڭ ئەلپازىدىن مېنى بۇگۇنلا قوغلايدىغانلىقى چىقىپ تۇرامدۇ...

## 15

تۇردى ھەسەننىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىدىن ئۈز ۋاقتىدىلا خەۋەر تاپقان خالىئاي بولسا ئېرىنىڭ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلغانلىقى، ئىشخانا، ئۇستەل، تېگىشلىك ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ھەم ماشىنىنى تاپشۇرۇش ۋاقتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشتىن ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمىدى. تۇردى ھەسەننىڭ دېگەنلىرى ئەلۋەتتە ھەقلىق ئىدى. «قوشۇمچە كىرىم» لەر

مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىسا بولمايدىغانلىقى، ئوشۇقچە چىقىملارنى ئىلاجى بار قىسقارتىش ھەققىدىكى مەسلىھەت ھەم نەسىھەتلىرى خالىئاينى تەبىئىي ھالدا قايىل قىلدى. ئەمما باغنىڭ مېۋىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئايازنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئاشپەز ئايەتبۇنى ئېلىپ قېلىش ھەققىدىكى قاراردىن ئۇنىڭ ئىچى تارتىلدى. خالىئاي ئوچۇق - ئاشكارا ئايازنىڭ تەرىپىنى ئالالمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ تۇردى ھەسەن ھەر خىل گۇمانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئۈرۈمچىدىكى كاتىپ تۇردى ھەسەنگە بىۋاسىتە تېلېفون بېرىش ئالدىدا داچىدىكى ئۆيگە تېلېفون بەرگەنىدى. خالىئاي تېلېفوندا ئېرىنىڭ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامانلا ئايازدىن ئەنسىرىدى. ئۇ دەرھاللا ئايازنى چاقىرىپ بەزى ئېھتىماللارنى چۈشەندۈرۈپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىگە ماسلىشىپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى. مانا ھازىر خالىئاي بولسا ئاياز بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان پىلان بويىچە ئىنتايىن ئەپلىك بىر ھېكايىنى توقۇغانىدى، تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى.

— راستىنلا ئۇنىڭدا تىلخەتنىڭ كۆپەيتىلمىسى بارمىكەن؟

— ئىشەنمىسىڭىز، ئايازنى چاقىرىپ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ باقامسىز، — دېدى خالىئاي تەمكىن تەلەپپۇزدا، — ئۆتكەندىمۇ بىر كىرىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ چىقىرىۋەتكەن. بۇگۈن چۈشتە يەنە كىرىپ مېنى بىرمۇنچە تەڭلىكتە قويدى.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— «نازىرنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. مېنى كۆرەر كۆزى يوق. شۇڭا ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىمەن، دەپ ئاۋارە بولمىسۇن، ھازىرقى ئىككى ئېغىز ئۆيۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ مو يەر ئاجرىتىپ بەرسىلا بولىدى.

سەي ـ كۆكتات تېرىپ جېنىمنى باقاي…» دېگەندەك بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى دېدى.
— قولىدىكى ئىسپاتنامىنى راستتىنلا كۆردىڭىزمۇ؟
— مەندىن سوراۋەرگىچە، ھازىرلا ئۆزىڭىز چىقىپ كۆرسىڭىز بولىدىغۇ. تېخى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن يېزىپ بەرگەن تىلخەتنىڭ كۆپەيتىلمىسىدىن سىرت، ئەدلىيە ئىدارىسى، جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «جامائەت گۇۋاھلىقى» ئىسپاتنامىسىمۇ بار ئىكەن.
— نېمە؟! — تۇردى ھەسەن خېلى ئۇزۇنغىچە تۇنجۇقۇپ كەتتى، — پاھ، بۇگۇنكى زاماندا ئەخمەق، گول، نادان، ساددا ئادەم قالماپتۇ… تېخى «جامائەت گۇۋاھلىقى» ئىسپاتنامىمۇ قىلدۇرۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان…
— «نەدە يىتتۈرۈپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەسلىي نۇسخىسىنى تاپالمىدىم، لېكىن بۇ كۆپەيتىلمە نۇسخىسى بىلەن ‹جامائەت گۇۋاھلىقى› نۇسخىسىنى ئايىمە كونا كۆڭلىكىگە يۆگەپ يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن» دەپ ئەكىرىپتۇ…
— توۋا، بۇنداق قىلىش بۇ كالۋالارنىڭ ئاددىي كاللىسىغا قانداق كەلگەندۇ؟
— ئۆز ۋاقتىدا ئايىمەنىڭ مۇئەللىم ئۆكىسى شۇنداق قىلدۇرۇپتىكەن، — خالئاي قىزى نەئىمەنىڭ «جامائەت گۇۋاھلىقى» نىڭ يىلىنى ئالدىغا سۈرۈۋەتكەنلىكىگە ھازىرغىچە ھەيران ئىدى، — دەسلەپتە مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئىشەنمىگەن ئىدىم… لېكىن ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ تامغىسىغا قاراپ ئاغزىم ئوچۇقلا قالدى.
— مۇنداق دەڭ، — تۇردى ھەسەن باش چايقىدى، — مۇئەللىم دېگەن ئاشۇنداق لالما ئىتتەك تۇمشۇقىنى تىقمايدىغان يېرى يوق. بولمىسا ئۇ قاپاق باشلارنىڭ نەدىن خىيالىغا كەلسۇن.
تۇردى ھەسەن يەنە نېمىدۇر سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى

ئۆمەللىشىگە، ئىشىك چېكىلىپ ئايازنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى بوسۇغىدا كۆرۈندى.

— تۆ نازىر، ماشىنىنى يۇيۇپ، ماي تولۇقلاپ قويدۇم، يەنە بىرەر يوليورۇقلىرى بارمىكىن؟

— ھە، بار، پا، يوق، بولدى ئىشىڭنى قىلىۋەر...

— توختا، — خالىئاينىڭ خوجايىنلارچە تەلەپپۇزىدىن ئاياز كەينىگە قايرىلدى، — ئاياز، بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن سەنمۇ خەۋەر تېپىپ قال. ئەلۋەتتە ئالتە يىلدىن بېرى مۇشۇ ئائىلىنىڭ تۇز - تائامىنى يەپ كەلدىڭ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆز ئادەمسەن!

— خوش، خانىم، — ئاياز يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئېڭىشىپ تۇراتتى. خالىئاينىڭ تەكەببۇرانە تەلەپپۇزى ھەم ئېغىر ۋەزنىلىك بۇيرۇقلىرى تۇردى ھەسەننى خۇش قىلىۋەتتى. ھەتتا بۇ چاغىقچە كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغان تۇمانلار بىردىن تارقىلىپ كەتكەندەك بولدى.

خالىئاي ئېرىنىڭ پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى دۇچ كېلىۋاتقان تەڭلىك - قىيىنچىلىقلارنى تۆپتۆزلا دېدى. شۇنداقلا ئاياز ھەم مەرھۇم ئايسەمەننىڭ بۇ داچا ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ماختىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىد - تەلەپلىرىنى تۇزۇت قىلمايلا دەۋەردى.

— خالىئاي خانىم، بۇ باغنىڭ ھەر يىلقى كىرىمى بەش - ئالتە مىڭ سومغا باراتتى. ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم بىرنەچچە يىل سوغۇق ئۇرۇپ كېتىپ ھېچنېمە بولمىدى، — ئاياز يەردىن ئۇستۇن قارىماي سۆزلەۋاتاتتى، — بۇ يىل ئۈزۈم، شاپتۇل، ئالمىلار قىلىقسىز بولۇپ كەتتى. ھېلىتىن باققاللار كېلىپ ئون يەتتە - ئون سەككىز مىڭ سوم قىلدى. لېكىن مەن ئوتتۇز مىڭدىن چۈشمىدىم. ئەلۋەتتە تۆ نازىر ماشىنىسىز قېپقالسا بۇ قانداق بولغىنى. مەن باغنىڭ مېۋىسىدىن قىلغان كىرىمنى

شۇنداقلا تاپشۇراي... ھەرقايسىلىرىدىن تۇرمۇش پۇلىمۇ تەمە قىلمايمەن. قورسىقىم تويسىلا بولدى. تۇ نازىرنىڭ ھازىرغىچە بېشىمنى سىلاپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى مۇشۇنداق چاغدا ياندۇرمىسام قارا يۈز بولۇپ كەتمەمدىم.

— ياخشى، ئىشقىلىپ، نازىر ئاكاڭنىڭ شاپائىتىنى ئۇنتۇمىساڭلا بولدى، — خالىئاينىڭ چىرايى ئىنتايىن تەمكىن ئىدى، — شۇ تۇرقىدىمۇ سېنىڭ غېمىڭنى قىلىپ سۆزلىشىپ تۇراتتۇق...

— بولدى، مېنىڭ غېمىمنى قىلىشمىسىلا، — دېدى ئاياز مۇلايىملىق بىلەن، — باغدىكى ئۆرۈكلەردىن ئىككى تۈپنى ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى قاق سېلىۋەتتىم. قۇرۇسا سېتىپ ئاش-تۇزغا ئىشلىتىمەن...

— نازىر ئاكاڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئايەتبۇ بىر كىشىلىك تاماقنى ئوشۇق ئېتىدىغان بولدى. يالغۇز جېنىڭغا قازان ئېسىپ يۈرمە، — خالىئاي ئېرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى، — بۇنداق يالغۇز ئۆتىۋېرەمسەن، داچىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىكەنسەن. قانداق بىرەر پۇتۇشكەن يېرىڭ بارمۇ؟

— تۇغقانلار بىرقانچە يەرنى سايە قىلىپ باقتى، — ئاياز قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — لېكىن ئايىسمەننىڭ يىلى توشماي تۇرۇپ توي قىلىشقا زادىلا رايىم يوق... شۇڭا توختىغاچ تۇردۇم.

— ئەگەر شۇنداق ئىشنىڭ شەپىسى بولسا، — دېدى تۇردى ھەسەن چىرايى ۋىللىدە ئېچىلىپ، — بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوي، قولىمىزدىن كېلىشىچە قىلىمىز...

— تۇ نازىرغا رەھمەت، خالىئاي خانىمغا رەھمەت...

ئاياز چىقىپ كەتتى. تۇردى ھەسەن خالىئايغا ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر خىل مېھىر ھەم سۆيۈنۈش بىلەن قارىدى-دە، ئاستا قۇچاقلىدى. بۇرۇنقى جەڭنامىلەردە «ئايال كىشىنىڭ بىر ئېغىز لەۋزى، بىر قارىشى — جەڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ»

دەپ يېزىلغانىكەن. مانا خالىئاي بىرنەچچە ئېغىز سۆزى ھەم ئاددىي تەدبىرى بىلەن داچىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشتىن سىرت، تۇردى ھەسەن يەتمەكچى بولغان رىجىمغا نائىل قىلدى. تېخى ئاياز ھەقسىز ئىشلىمەكچى بولدى. ئۇنى ھەيدىۋەتكەن تەقدىردە يەنە بىر ئادەم ياللىمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىش ھەققى يەنىلا تۇردى ھەسەنىنىڭ زىيىمىسىگە چۈشەتتى. مانا ئەمدىلىكتە تۇردى ھەسەنىنىڭ چىرايى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك لاپىپىدە ئېچىلدى. ئۇ، خوتۇنىدىن سۆيۈنۈپ ئاستا ئېگىشتى... ئاندىن خالىئاينىڭ پېشانە، مەڭزىلىرىگە، ھال رەڭ جىنەستىدەك لەۋلىرىگە ئىشتىياق بىلەن سۆيدى... سۆيگەنسېرى خالىئاينىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ ئارانلا تاقەت قىلىپ تۇردى... بۇ سۆيۈش ئېرەن دەريا بويىدىكى بىر قېتىملىق قاتتىق سۆيۈشكە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇ سۆيۈش خالىئاينىڭ گۈل بەدىنىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، چەكسىز لەرزىگە سالغاندى...

— ئۇرۇمچىگە ماڭىمەن دەۋاتىسىز... ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى خالىئاي ھاسىرىغىنىچە، — ئۇزۇن تۇرۇپ قالمايدىغانسىز؟

— ياق، كۆپ بولسا بىر ھەپتە تۇرىمەن ـ دە، قايتىمەن. بۇ يەردە بېجىرىدىغان مۇھىم ئىشلىرىم بار.

— پىېنسىيىگە چىقىپ بارلىق خىزمەت بېسىمىدىن ئازاد بولدىڭىز، — دېدى خالىئاي ئېچىنغان قىياپەتتە، — ئەمدى دەم ئالماي يەنە قانداق مۇھىم ئىش ئىكەن ئۇ؟

— ئەغزەم تۆرە دېگەن دوك ئۈچ يىل ئالدىدا «ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىمەن» دەپ مەندىن ئىككى يۈز مىڭ سوم قەرز ئالغاندى، — تۇردى ھەسەنىڭ قىياق كۆزلىرى قىسىلدى، — بۇ قېتىم ئۇ قېرى ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىدۇ ياكى پۇلنى قايتۇرىدۇ.

— ئەجەب مەن ئۇقمايدىكەنمەن؟

— سىزنى كوتۇلداپ كەتمىسۇن دەپ، دېمىگەن ئىدىم.

— سىززە ئاجايىپ ئادەم - دە!— خالىئاي يالغان - راستلاردىن ئالىيىپ قويدى، — مەن نېمىمۇ دەيتتىم، ھە، راست، ئۇرۇمچىگە بېرىپلا نەئىمەنى ئىزدەڭ. ئۇنىڭ ئىشلىرى تۇگىگەن بولسا ئۆزىڭىز بىلەن بىللە قايتۇرۇپ كېلىڭ.

— گىرىم بۇيۇملىرى ئالغىلى سىنگاپورغا كېتىپتۇ دەۋاتامتىڭىز؟

— بۇ چاغقىچە قايتىپمۇ كەلگەندۇر؟...

خالىئاي تۇردى ھەسەننىڭ بىرنەچچە قۇر كىيىم ھەم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سەپەر چامادانىغا قاچىلاپ بەرگەندىن كېيىن ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار ئېگىز پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئانارلىق ئېتىزىدا ئىشلەۋاتقان ئايازنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئانار تۈۋلىرىنى كەتمەن بىلەن يۇمشىتىۋاتقاچقا بوككىدە ئانارلىق ئىچىدە بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەيتتى.

— ئاياز!— ۋارقىرىدى تۇردى ھەسەن، — ماشىنىنى دەرۋازا ئالدىغا ئاچىق!

— خوپ، نازىر، — ئاياز كەتمىنىنى تاشلاپ ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ ئىككىلا قانىتىنى چوڭ ئېچىۋەتتى، ئاندىن ماشىنا قويۇلغان سەيناغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنى گۈللۈك، ئانارلىقلارنىڭ ئارىلىقىدىكى چاقچۇق يېيىتىلغان يوللاردىن سىلىق ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كەلگەندە نازىر بىلەن خالىئاي ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— ئاياز، داچىنىڭ بارلىق ئامانلىقى ساڭا قالدى، — تۇردى ھەسەننىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مېنىڭ مىجەزىمنى ئوبدان بىلىسەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، نازىر، ھويلا ئوتتۇرىسىدا ياتسامۇ بولىدۇ، — دېدى ئاياز جىددىي قىياپەتتە، — ئۆيقۇم ئىنتايىن سەگەك، بوسۇغىدىن ئۆمىلەپ كىرگەن قوڭغۇزنىڭ شەپىسىنىمۇ

ئاڭلاپ ياتىمەن. ئەگەر تامدىن سەكرەپ چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان قانچىكى ئادەم بولسا، بىر ئۆزۈم تېتىيالايمەن.

— توغرا، سەندە قارا كۈچمۇ بار، پەممۇ بار، — تۇردى ھەسەن كۈلۈپ قويدى، — شۇنداقتىمۇ دەرۋازىنى مەزمۇت تاقاپ ياتقىن. كېچىلەردە قولچىرىغىڭنى ئېلىپ داچا ئەتراپىنى پات ـ پات ئايلان. ھەي، ھەي، مۇشۇنداق چاغلاردا بىر ئوغلۇم بولغان بولسا ـ ھە؟! خۇدايىم ئەجەبمۇ ئېيتماپتىكەن.

خالىئاي ئېرىنىڭ داۋاملىق ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بۇ قۇرۇق ئارمانىنى ئايازنىڭ يېنىدا دېگەنلىكى ئۈچۈن بۆلەكچىلا ئىزا تارتىپ نەگىدۇر قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئوڭايسىز ھالىتىنى ئاياز دەرھاللا گەپتە يۆتلىۋەتتى:

— داچىدىن تامامەن خاتىرجەم بولسىلا نازىر، تاپشۇرۇقلىرىنى بىجاندىل ئورۇنلايمەن.

— ئايەتبۇنىڭ نارەسىدە بىر يېتىم بالىسى ھەم قېرى ئانىسى بولغاچقا كەچ تەرەپلەردە داچىدا بولالمايدۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن كابىنكىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — شۇڭا ئايال خوجايىنىنىڭ يىراق ـ يېقىن ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بول.

— خوپ نازىر، ئاقىول بولسۇن.

— سىزگە دەيمەن، دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى خالىئاي كابىنكا دېرىزىسىگە ئېڭىشىپ، — بايا ھېلىقى قاۋۇز دېگەن قارا توڭگۇزدىن تېلېفون كەپتىكەن، «يوق» دەپلا قويۇۋەتتىم.

— سىزنىڭ مۇشۇ پەيلىڭىز زە! تەيپىنەم زامانىسىدىكى كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ بىر ئادەمنى يامان دەۋېرىدىكەنسىز... قاۋۇز سىز ئويلىغاندەك...

— بولدىلا، شۇنىڭ ئېتىنى زادىلا ئاڭلىغۇم يوق، سۈيىقەستچى ئوغرىنىڭ!

— سۈيىقەستچى؟ — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. بۇ چاغدا ئاياز تۇيدۇرماي خالىئايغا كۆزىنى

چىمچىقلىتىپ شەپە بەردى، — نېمە دېگىنىڭىز بۇ ھە؟
— ئىشقىلىپ ياخشى نەرسە ئەمەسمىكى دەپ ئويلايمەن...
— ئۇنداق قاپقارىسىغا گەپ قىلماڭ، مەن ھازىر شۇنىڭ قېشىغا بارىمەن.
— ئۇنى ئىزدىگۇدەك قانداق مۇھىم ئىشىڭىز بار ئىدى، — خالىئاي قىزى نەئىمەدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى، — قېنى دەڭا، نېمە ۋەجىدىن ئىزدىمەكچى؟
— بۇ... بۇ...
ئالدىن ئويلىنىۋالمىغان تۇردى ھەسەن دەرھاللا جاۋاب بېرەلمىدى. ئەلۋەتتە قاۋۇز ئارقىلىق تۇغلۇقنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ دۇدۇقلاشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالغان خالىئاي ئەندىكىپ سورىدى:
— ئۇنى نېمىگە ئىزدىمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟ چوقۇم بىر سەۋەب بار.
— ئۆزىڭىز بايا تېلېفون كەلدى دېدىڭىزغۇ، نېمە ئىشى بارلىقىنى ئوقۇپ باقمادىم. خوش، مەن كەتتىم.
تۇردى ھەسەن ماشىنىنى ئىككى يۈز قەدەمدەك چوكانتال كوچىسىدىن ئاستا ئىغاڭلىتىپ، چوڭ يولغا چىققۇچىلىك قاراپ تۇرغان خالىئاي بىلەن ئاياز ماشىنىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئاياز دەرۋازىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كىلىتاڭلىرىنى سېلىپ ئانار ئېتىزلىقىغا باردى. ئۇ ئەمدىلا كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا خالىئاي ئانار كۆچەتلىرى ئارىسىدىن ئېگىشىپ، تىكەنلىك شاخلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگىچە تەرلەپ كەتكەنىدى.
— بايا ماڭا ماسلىشىپ بېرىپ ئوبدان قىلدىڭىز، — دېدى خالىئاي پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — چاندۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمدەك جاۋاب بەردىڭىز.

— سىزنىڭ چىرايىڭىز، تەلەپپۇزىڭىز، چۈشەندۈرۈشلىرىڭىزنىڭ ئۇرانىدىنلا ئاراڭلاردا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بولغانىدىم، — دېدى ئاياز ئانار تۈۋىنى يۇمشىتىۋېتىپ، — شۇنداقتىمۇ قورقىنىمدىن تەرلەپ كەتتىم.

— سىزمۇ قورقۇمسىز؟ — خالىئاي قىيا بېقىپ كۈلۈمسىرىدى، — ھېلىقى چاغدا چېقىر كۆز چوكان بېلىقىز بىلەن قاۋۇزنى ئۇرغاندىكى ئەلپازىڭىزدىن ھەزەر ئەيلىگەن سىزدىن... تاسلا قاپتىكەنسىز، ئىككىلىسىنى بىر يولىلا جەھەننەمگە يوللىغىلى.

— ئۇ... ئەلۋەتتە سىز ئۈچۈن ئىدى...

خالىئاي قىزىرىپ كەتتى. مۇشۇ قامەتلىك ئەر ئۇنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرگەن! ئەدىيالغا ئورىغان... ئېرەن دەريا بويىدىكى پىنھانغا ئېلىپ كەلگەن... ئەمما تاغۇ تاشلارنى غولىتىپ كەلگەن قىياندەك تومۇرلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان قان — يۈرەكلىرىنى ئويىنىتىۋەتكەن ۋەھشى تۈيغۇلىرىنى زۇلۇم بىلەن بېسىپ، دەريا بويىغا كەتكەن... ھەم كېچىنىڭ مۇزدەك سۈيىدە ئۆزىنى سەگىتكەنىدى...

— بايا قورقىنىممۇ يەنىلا سىز ئۈچۈن بولدى، — ئاياز خالىئاينىڭ قىزارغان چېھرىگە، چىرايلىق نومۇسچان كۆزلىرىگە قاراپ بىرقىسملا بولۇپ قالدى، — ئەگەر نازىر سەللا گۇمانلىنىپ قالدىمۇ سىزگە كۆڭۈل ئاغرىق تېپىپ بېرەتتىم...

— ماڭا... سىز ماڭا...، — خالىئاينىڭ كەڭ بادام قاپاقلىرى لەپپىدە چۈشۈش بىلەن، قېلىن كىرپىكلەر مۇلايىم چوڭ كۆزلەرنى چۈمپەردىدەك يېپىۋالدى، — نېمانچىلا كۆيۈنىسىز؟

— سىزمۇ ماڭا...، — ئايازنىڭ نەپىسى بوغۇلدى، — قانات يېيىپ كېلىۋاتىسىزغۇ... بۇ... نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى سىز... سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ، — خالىئاينىڭ

كۆزلىرى نىمىدۇر دەۋاتاتتى...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بۇ... بۇ...، — خالئاي كۆڭلىدىكىنى دېيەلمىدى، — سىز مۇشۇ داچىنىڭ ئىگىسى تۇرسىڭىز...

— داچىنىڭ ئىگىلىرى خالئاي خانىم بىلەن تۇردى نازىردە!

— يەر سىزنىڭدە...

ئاياز ھېچ كۆرۈلمىگەن جۇرئەت بىلەن خالئاينىڭ مۇرىلىرىدىن ئاستا قۇچاقلىدى. سىلىقلىنا باغرىغا باستى. يۇمران ئېڭەكلىرىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى... ئەمما خالئاي ئۇزۇن كىرپىكلەر يوشۇرۇۋالغان ئۇياتچان كۆزلىرىنى ئاچمىدى...

— راست گېپىڭىزنى قىلمىدىڭىز...، — ئاياز خالئاينىڭ يۇزلىرىگە يۇزلىرىنى سۇۋاۋېتىپ ئاستا شىۋىرلىدى... ھەم بىردىنلا بويۇن، مەڭزى، كۆز، لەۋلىرىگە ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈپ كەتتى... ئۇ ھاسىرايتتى...، تىترەيتتى... بىر ۋەھشىي، شېرىن كۈچ ئۇنى لەرزىگە سالاتتى... ئەمما پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، بىھوش سىياق بولۇپ قالغان خالئايدا ھېچقانداق قارشىلىق يوق ئىدى! ئۇ ئىختىيارسىنى ئاشۇ كۈچلۈك بىلەكلەرگە تاپشۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى... ئاياز خالئاينى دەس كۆتۈردى ـ دە، ئانارلىقتىن ئاۋايلاپ مېڭىپ ئېتىز قىرىغا چىققاندىلا خالئاي كۆزلىرىنى ۋاللىدە ئاچتى:

— ئاياز... ئاياز مېنى قويۇۋېتىڭ... ئۇنداق قىلماڭ... ياق، ياق... مېنى ئۆيىڭىزگە ئەكىرمەڭ... ئايەتبۇ كېلىپ قالىدۇ... مەن... مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي...

ئاياز ئاناردەك قىزىرىپ كۆزلىرىدىن نۇر چېقىن چېقىۋاتقان خالئاينى قىرغا قويدى. خالئاي ئەتراپىقا ئالاق ـ جالاق قارىدى ـ دە، كۆڭلەك ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تىك پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى...

خالئاي هۆجرىسىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋىتىغا ئېتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك تەرتىپسىز سوقۇۋاتاتتى. نەچچە يىللاردىن بېرى ئەر زاتىنىڭ قولى تەگمىگەن سەرۋى بويى چاقماق ئۇرغاندەك سىلكىنەتتى. ھۆسنى - بەدىنى كامالىغا يەتكەن، ئايالـلىق زۆۋۈلىسى گۈل ياقىلىرىنى شەربەتكە تولدۇرغانۇ، بىراق تۆكۈلمىگەن... ئۇنىڭ بەرنا سىيماسى بىردىنلا قىزلىقىغا يانغاندەك بولدى... شۇنداق، ئەرنىڭ سىرلىق باغرى، ئوتلۇق سۆيۈشلىرى ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللار ئايرىلغان، لېكىن ئۇنتۇيالمىغان شېرىن - لەزىز جەننەت ھۇزۇرىنى ئاتا قىلغانىدى.

خالئاي ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان يۈزلىرىنى سىلىدى، يېرىك ئېگىزلىغان قاپقارا ساقال - بۇرۇتلار تىكەندەك سانجىلىپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، يۈرىكى شادلىقتىن كۆلۈۋاتاتتى. ئۇ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ مارايتتى. ئاياز نىڭ قامىتى ئانار شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ھامان يۈزىنى قاچۇراتتى. ئەگەر كۆرۈنمەي قالسا تەقەززا بولۇپ ئۇزاق تەلمۈرۈپ قارايتتى... ئۇ مۇشۇنداق بىتاقەتلىك ئىچىدە سىرتقىمۇ چىقماي كەچمۇ كىردى. ئايەتبۇ ئىشىكنى چېكىپ بوسۇغىدا پەيدا بولدى - دە، ئۆزىگە تەتۈر قاراپ دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان ئايال خوجايىنىغا قارىدى. ئوتتۇز ئالتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ چوكان كېيىنكى كۈنلەردە ياسىنىپ - تارىنىپ يۈرۈيدىغان، ئاش - تاماق ئېتىۋېتىپ ئايازنىڭ ئۆيىگە پات - پاتلا قارايدىغان، ئەگەر ئاياز ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا قىزىرىپ - تولغىنىپ قىلىغلىق قىلىق تاپالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— خالئاي ھەدە، كەچلىك تاماققا كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدىكىن؟

— ئاچچىق - چۈچۈك قورۇما بىلەن ھورنان يېسەك قانداق؟ چايىنى قويۇۋۇراق دەملەڭ، — خالئاي ئايەتبۇگە تىكىلىپ قارىمىدى، — ھە، راست، بۈگۈندىن باشلاپ ئاياز سىز ئەتكەن

تاماقنى يەيدۇ، ئوشۇقراق قىلارسىز.

— ۋىيەي، خويمارا، بەك ئوبدان بوپتۇ خالئاي ھەدە، — ئايەتبۈنىڭ چىيىنىڭ چىچەكلىگەنلىكى ئاق پوسمىلاق يۈزىدىن بىلىندى، — ئاياز كام يالغۇز جىنىغا قازان ئېسىپ نېمە كەپتۇ. شۇنچە داچىنىڭ ئىش - كۈشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىسمۇ چوڭ گەپ. كۆكتاتلىق، ئانارلىق، گۈل تەكچىلەر، مېۋىلىكلەر، يەنە...

— بولدى، بىرىڭ، — خالئاي قولىنى كۆتۈرۈشى بىلەن ئايەتبۇ چىقىپ كەتتى، — ۋاي - ۋۇي! نېمانداق تولا گەپ بۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ... ياش تۇل قالسا، ئەر خاپىلىقىدا سۆزلەپ قالامدۇ نېمە...

ئايەتبۈنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭ ۋىت - ۋىت گەپلىرى خالئاينىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. بايىقى قىيامىغا يەتكەن ھېس - تۇيغۇلار ھۇزۇرى ئەمدىلىكتە پەسكويغا چۈشكەن ئىدى. بىراق كەچلىك تاماقلار يېيىلىپ گۈگۈم پەردىسى قاپلاش بىلەن، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق، تەقەززالىق، قىزغىنىش زەھەر - زوقۇملىرى ئارىلاشقان كۈندەشلىك خالئاينىڭ يۈرىكىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىۋالدى. مانا ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا تىكىلىپ ئولتۇرغىنى نېكەم؟ لېكىن تاماق سۇنۇپ بېرىش ئۈچۈن ئايازنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئايەتبۇ تېخىچىلا چىقمىدى. ئەگەر تامىقىنى يەپ بولغۇچە ساقلىغان تەقدىردىمۇ يېرىم سائەت كەتمەس. ئاياز تاماق يېسە ئايەتبۇ چاينىشىپ بەرمىگەندىن كېيىن! بىر بويتاقنىڭ ئۆيىدە نومۇس قىلماي شۇنچىۋالا ئولتۇرغان بارمۇ؟ ۋۇي جىگدە چېچىكى پۇراپ قالغان ئېنەك.

قاراڭغۇ چۈشتى. خالئاي تىت - تىت بولغىنىدىن ھۇجرا ئىچىدە توختىماي مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئانارلىقتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كېتىشلەر، ھەتتا

قىپىيالىغاچ بىر چوكاننىڭ قاۋۇل ئەر قوينىدا بىلىقتەك تولغىنىشلىرى دېگەندەك كۆرۈنۈشلەر ئايدىلەڭ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاقىتى تاق بولغان خالىئاي ئۇ ئىككىسىنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھۇجرىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئايازنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئايەتبۇ چىقتى. ئارقىدىن ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان ئايازنىڭ ئېگىز گەۋدىسى كۆرۈندى. ئىككىلا قولىدا چىنە ـ تەخسە، چاي چۆگۈنى بار ئايەتبۇ گۇللۇكلەر ئىچىدىكى تار يول بىلەن تاكاسلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ خالىئاينى كۆرۈپلا ھودۇققاندەك بولدى ـ دە، «ئايازكامغا تاماق ئاپىرىپ بەرگەنىدىم» دەپلا ئاشخانىغا ماڭدى. بىراق خالىئاينىڭ «توختاڭ» دېگەن ئاۋازى ئۇنى تۇرغان يېرىگە مىخلاپ قويدى.

— سىز تاماقنى ئايازغا چايناپ يېگۈزۈپ قويمىغانسىز، — خالىئاينىڭ تەئەددىسى ئايەتبۇنى تەمتىرىتىپ قويدى، — قانداق دېگەن گەپ بۇ، بىر بويتاقنىڭ ئۆيىدە شۇنچىۋالا ئولتۇرۇۋالغان بارمۇ؟

— ئايازكام تاماق يەپ بولغۇچە قاراپ تۇردۇم شۇ.

— ئاياز بىر سېۋەت ھەلەپ يېمىگەندۇ؟

— ئۇ... ئۇ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئازراق مۇڭداشتۇق شۇ...

— مۇڭداشتۇق؟! — خالىئاينىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى مۇز چۈشكەندەك سەسكىنىپ كەتتى، — ھىم، ماقۇل... مۇڭداشتۇق دەڭ... قالتىسقۇ... مۇڭلىرىڭلار يىغىلىپ قاپتىكەن ـ دە؟!

— خالىئاي خانىم، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، — «مۇڭداشتۇق» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن كەتكۈزۈپ قويغان ئايەتبۇ ئاخىرىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى، — ئەمدى شۇ زېرىكىپ...

مانا كۆرۈڭ! «تېرىق پاتمىغان گېلىمغا، ئات كاللىسى غولدۇرغوپ» دېگەندەكلا ئىش بولدى. «مۇڭداشتۇق»نىڭ

ھېسابىنى بىرەلمەيۋاتقان ئايەتبۇ «زېرىكمىپ»تىن ئىبارەت نەشتەر بىلەن بالانىڭ قېپىنى ياردى. خالئاي چۈشىن يۇتتۇۋالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى.

— بۇ تۆردى نازىرنىڭ داچىسى، — خالئاي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — مۇڭدىشىدىغان، زېرىكمىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان جاي ئەمەس. ئۇنداق ئىشلارنى ئاسىنى كەڭ قوناقلىق، خامانلىرىڭىزدا قىلىڭ!

خالئاي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنى ئاچچىق تۇتتۇۋالدى بولغاي، جالاقلاپ تىترەيتتى، ھاسرايتتى، كۆزلىرىنى نېپىز پەردە قاپلىۋالغاچقا ھەممە نىمە گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ئاياز نىڭ ئۆيىدىن ئۇزۇنغىچە چىقمىغان ئايەتبۇ ئۇنىڭ كۆندەشلىكىنى قوزغاپ قويغانىدى. ئەمدى، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك «مۇڭداشتۇق»، «زېرىكمىپ» كە ئوخشاش گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئىككى بىسلىق سۆزلەر ياۋاش، مۇلايىم، سەمىمىي خالئاينى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئىسولتۇرغىنىدا كارىدوردىن ئايەتبۇنىڭ: «خالئاي ھەدە، چاينى دەملەپ، پىلتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم» دېگەن سۆزى، ئاندىن پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشكەن شەپە ئاڭلاندى. خالئاي ئايەتبۇنىڭ ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەبىئىي ئاۋازىدىن كېيىن سەل ئەسلىگە كەلدى. توختا! خالئاي سۇنى كۆرمەيلا ئىشتان سالغاندەك ئىش قىلدىمۇ قانداق؟ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۇشۇ داچىنىڭ خىزمەتچىلىرى، مۇنداقچە ئېيتقاندا كەسىپداشلار، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ دېيىشىدىغان گەپلىرى بولىدىغاندۇ، بولمىغان تەقدىردىمۇ خالئاينىڭ ئۇلار بىلەن نىمە ئىشى ـ تەتۈرى! ئۇنىڭ ئېرى تۇرسا! ئەردىن ئىبارەت قولىدا كويزا، پۇتىدا ئىشكەل، بويىنىدا زەنجىر تۇرۇقلۇق يەنە باشقىلارغا بويۇنىدىسا بۇ... ئەخلاق — پەزىلەتنى تەرك ئەتكەنلىكقۇ! ئەمدى ئاياز بىلەن ئايەتبۇلەردە بۇنداق ئىسكەنجىلەر يوق، ئۇلارنىڭ بىرسى

بـويـتـاق، بـىرسى تۇل... ئۆزئارا مۇڭداشسا، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسا نېمە بوپتۇ؟

«ئۆزئـارا مۇڭـداشسا، ئىـچ پۇشۇقـىنى چىقارسا نېـمە بـوپـتـۇ!» بـۇ سـۆز خـالىئاينىڭ ئېغىزىغا رەسمىيەت ئۈچۈنلا كەلگەندەك قىلامدۇ، قانداق؟! بولمىسا يۈرىكى نېمە ئۈچۈن: «ياق... ياق! زىنـهار بولمايـدۇ!» دەپ ناله قـىلـىدۇ. هەي، هـەي... نـېـمە دېگۈلۈك، يەنىلا ئايال كىشى ـ دە! هەرقانچە لاتاپەتلىك هەم سالاپەتلىك، ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولغىنى بىلەن يۈرەككە تالىق ئىشلارغا كەلگەندە هېچكىمگە شەپقەت قىلغۇسى كەلمەيدۇ... مانا كۆڭۈلنىڭ ئۇلۇغلۇقى هەم ساراڭلىقى مۇشۇنداق نازۇك ئىشلاردا ئاسانلا چاندۇ...

خـالىئاينىڭ گېلى قۇرۇپ ئۇسساپ قالغانىدى. ئۇ ئايەتىۇ دەملەپ قويغان چاينى ئەكىرىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقىپلا چۆچۈپ كەتـتـى. چـۈنـكـى هويلىدىكى گۈل تەكچىسى يېنىدا بىركىم پۈتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى. خالئاي پەلەمپەي چىرىغىنى ياقتى ـ دە، «ئۇھ» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. كېچىدە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن بۇ غەلىتە نەرسە يالغۇز قالغان خالىئاينى قوغداش ئۈچۈن ئايازنىڭ سېلىپ قويغان ئورۇنى ئىدى. خالئاي چـەيـنەكنى ئەكىرىپ دېرىزە ئالدىدا چاي ئىچكەچ، بىر پارچە كىگىز، كونا كۆرپە هەم بىر دانە يىپ ئەدىيال بىلەن تەييارلانغان ئـاددىـي ئـورۇنغـا قـاراپ قويـاتتى. بىر چاغدىلا قولچىرىغىنى كۆتۈرگەن ئاياز باغ تەرەپتىن كەلدى. ئۇ، پەلەمپەي چىرىغىنى ئۆچۈرگەندىن كېيىن، چاك ياقىلىق ئاق كۆڭلىكىنى بېشىدىن سۇغۇرۇپ ياستۇق يېنىغا قويدى. ئاندىن تامبىلىنى سېلىپ ئاياغ ئـاستى تەرەپكە تاشلىدى. گەرچە قاراڭغۇدا ئايازنىڭ كۈچلۈك بىلەك، توم يوتا، كەڭ كۆكرەكلىرىنىڭ ئىزناسى غۇۋا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، خالئاينىڭ گۈل تېنى جىمىرلاپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كـەتـتـى... هـەم شۇ هامان ئايىسمە بىلەن مۇنچىدا دېيىشكەن

گەپلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى:

«— ئەر خەق دېگەن بەك ئاچ كۆز كېلىدۇ... بىللە ياتقاندىن كېيىن ئايال كىشىنى بىكار قويامدا... تېخى سىز شۇنچە چىرايلىق تۇرسىڭىز...

— ئېرىڭىز ئاياز بەك ئاچ كۆز ئوخشىمامدۇ؟

— ۋىيەي، ئۇنى بىر دېمەڭ، ئۇنىڭ راسا قىران ۋاقتى دەڭا... قىرىق ئالتە ياش ئەرلەرنىڭ بۆرە ۋاقتىمىش...»

... ئايازنىڭ كېچىدىكى گىرىمسەن سىيماسىغا قاراپ ئولتۇرغان خالنىئاينىڭ كۆڭلىگە بايىقى ئىش يەنە كىرىۋالدى. توغرا، ئۇلار شۇنچە ئۇزاق زادى نېمىش قىلىشقاندۇ؟ ئاياز قىرانغا يەتكەن بۆرە... ئايەتبۇ بولسا قىسىر قالغان ئىنەكتەك بۇقىنىڭ غېمىدە... ئۇنداقتا ئۇلار «ھە» دەپ بولغۇچە «ھۇ...» دەپ يەملىشىپ كەتكەندۇر... چوقۇم شۇنداق! ئايەتبۇ ياش ھەم شوخ چوكان... ئايازدەك قامەتلىك ئەرنى تاپقاندا كىچىك تىللىرىمۇ سايراپ كېتەر!

خالنىئاينىڭ كۆز ئالدىغا ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشۈش، يوملاقلىشىۋاتقان قىپيالىڭاچ ئاياز بىلەن ئايەتبۇ كېلىۋالدى... ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلىشاتتى... تاتلىق كۈلەتتى... ئايەتبۇ ئىڭرايتتى... كۈچلۈك بىلەكلەر نازۇك بەللەردىن قاماللىۋالغانىدى.

بارغانسېرى بىئاراملىق ئىچىدە قالغان خالنىئاي كىيىملىرىنى سېلىپ يېتىپ قالدى. ئەمما ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى... خىيالىدىكى ھېلىقى ئىككى يالىڭاچنىڭ ھەرىكەتلىرى، لەززىز سۆخەن تىللىرى قىيامىغا يېتىپ خالنىئاينى شېرىن ئازاب ئىچىدە قىينايتتى... شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، كۆڭۈل ئېكرانىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان يەنە قانداقتۇر بىر خالنىئاي بىلەن تاكاللاشماقتا ئىدى...

— ئاياز، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن ـ دە... شۇڭا دەريا

بويىدا··· ئانارلىقتا··· بۆرە بولالمىدىغۇ···
— ياخشى كۆرسۇن ـ كۆرمىسۇن، سىنىڭ ئېرىڭ تۇرسا···
— ئۇ··· ئەر ئەمەس. ئۇ، ئەرلىكىنى شالتاقلارنىڭ يۇندا ئەۋرەزلىرىدە يوقاتقان بىر بۇزۇق!
— شۇنداقتىمۇ ياۋايى نەپسىڭنى يىغ!
— بىلەمسەن، مەن ئادەم! ··· خۇدا مېنى نەپسىم بىلەن تەڭ ياراتقان··· بۇ دۇنيادىكى ئاللا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك··· ھېلىمۇ پەزىلەت بابىدىن چىقماي ياشاپ كەلدىم، ئەمدى! ···
— ھە، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن؟
— ئاللا «يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەنىكەن، شۇڭا ئازغىنە غەنىيمەت ئۆمرۈمدە مۇشۇ دۇنيادىن ئۆز نېسىۋەمنى ئالماقچىمەن···
— بۇ سېنىڭ قارارىڭمۇ؟ نېمانداق بۇ خىياللارغا كېلىپ قالغانسەن؟
— مەن ئۆمۈر بويى سادىق بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنى خورلىدى، دەپسەندە قىلدى، ئازابلىدى··· خورلۇقنىڭ تەمىنى ئۇلارمۇ تېتىسۇن باقسا دەيمەن···
— ھەي بەندە··· قىساسخور بەندە··· يەنە شۇ بەندىچىلىكىڭنى قويماپسەن ـ دە! ! ···
··· ئاي تۇغدى. ئۇنىڭ سىرلىق كۆكۈچ نۇرى دېرىزىلەردىن ماراپ كىرىپ ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا يورۇتتى. خالىئاي نېپىز يىپەك رۇباشكىسى بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، پۇتىغا ساپما كەشنى كىيمەيلا گىلەمدە يۇمشاق ماڭغىنىچە ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئاچتى ـ دە، لىپپىدە كارىدورغا چىقىۋالدى. ئاندىن پەلەمپەيلەردىن شەپە چىقارماي شىپىلداپ چۈشتى. ئاياز رىۋايەتلەردىكى پالۋانلاردەك قوللىرىنى تاشلاپ ئوخلىسىغا ياتاتتى. يىپ ئەدىيال سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭ كەتمەن يۇزىدەك كەڭ

كۆكرەكلىرى ئاي نۇرىدا ئېگىز ـ پەس دۆڭ ـ ئېدىرلاردەك كۆرۈنەتتى. خالئاي ئۇنىڭ قېشىغىلا چوقچايدى… ئۇ تىترەيتتى… نەپەسلىرى تېزلىشىپ ھاسىرايتتى… تاماقلىرى قۇرۇغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى بېسەرەمجان يالتىرايتتى. ئۇنىڭدىكى قورقۇش، ئەندىشە ئايازنى كۆرۈش بىلەن ھاياجان ئىزتىراپىغا ئايلانغاندەك قىلاتتى… ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان نۇر ـ چېقىنلاردىن بىر تەشنالىق تەرەددۇتىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى… خالئاي نازۇك بارماقلىرى بىلەن سوغۇق تەرلىگەن كۆكرەكنى ئاستا سىلىدى…

— سىز؟ ! — ئاياز كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ خالئاينىڭ يالاڭ بىلەكلىرىنى ئۇشلىدى، — بۇ… راستىنلا…

— تىنچ… چ، — خالئاي ئايازنىڭ ئېغىزىنى بارماقلىرىدا توستى، — ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

— خالئاي! …، — ئاياز خالئاينىڭ بېلىدىن قامالىغانچە ئاستىغا بېسىۋالدى، — بۇ… بۇ… توۋا… چۈش ئەمەستۇ ھە؟ ! …

— ئەدىيالنى يېپىڭ… تېز بولۇڭ… نېمانداق رۇباشكامنى سالدۇرۇۋېتىسىز؟… ھەي، ھەي، ئۇنداق قوپاللىق قىلماڭ… توۋا، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئەسكىلىكىنى… نېمانچە قوپالسىز؟… ئەمدى… ئۇنى، ئۇنى تارتماڭ… ۋايجان… ئاستا…

ئەدىيال ئىچىدىكى ئىككى تەن يالىڭاچ ئىدى. بازغاندەك چىڭ قوللار ئۇقادەك ئاق ھەم يۇمران قولتۇقلار ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خالئاينىڭ قوندۇزدەك قاپقارا چاچلار قاپلىغان مۇبارەك بېشى كەڭ ئالىقانلاردا ئىدى!

— ساقاللىرىڭىزنى ئالسىڭىز بولمامدۇ؟—… ھاسىراپ شىۋىرلىدى خالئاي، ئۇ مەرمەردەك سىلىق بىلەكلىرىدە ئايازنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغانىدى، — يۈزلىرىم ئېچىشىپ كەتتى…

— ئۇنتۇمايدىغان بولىسىز…

— ئاستىمىز قاتتىقكەن...
— قاتتىق بولغىنى ياخشى، شۇڭا كەمبەغەلنىڭ بالىلىرى كۆپ...
كۆپكۆك نىل رەڭلىك ئاسمان گۈمبىزى چاراقلىغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى! گويا كېنىزەكلەر ئارا سەيلانە ئۆزۈۋاتقان پەرىزاتتەك بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي تەرەببا باغقا نەزەر تاشلىدى... نەزەر تاشلىدىيۇ ئۆزىنى ئەپقېچىپ، نېپىز بۇلۇت پەردىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇندى... شۇنداقتىمۇ تولىمۇ مۇڭلۇق ھەم تاتلىق ئىڭراش بىرپەس ئاڭلىنىپ تۇردى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ كەتتى...
— تۇۋۋا مەن... مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم، — خالىئاي بىلەكلىرىدە كۆزلىرىنى توسۇۋالدى، — ئەر زاتىنىڭ تىنىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن... ئەمدى...
— نېمە؟ پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟ — سورىدى ئاياز بىلەكلىرىگە بېشىنى قويغان ھالدا، — ھېلىمۇ شۇنچە يىللار سەۋر ـ تاقەت قىلىپ كەلدىڭىز... بۇ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئاسانمۇ؟
— سىز... سىز نەدىن بىلىسىز؟
— رەھمەتلىك ئايىسمە دەپ بەرگەن...
— ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنىمۇ ئېرىگە دەپ يۈرگەن بارمۇ؟
— سىز ئەر ـ خوتۇنچىلىقنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، ھەقىقىي بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا سىر بولمايدۇ.
— ئۇنداقتا سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— سىزنى كۆرگەندىن بېرى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، — ئاياز خالىئاينىڭ يالاڭ دۈمبە ـ بىلەكلىرىنى سىلىدى، — ئەمما مەندە نېمە ئامال؟ سىز بەرىبىر باشقىلارنىڭ

ـ دە!

— ئەگەر ئۆيلىنىپ قالسىڭىز ئۇنتۇپ كېتەرسىزمۇ؟

— مۇشۇ ئايدىلڭ كېچىدىكى «بەندىچىلىك» يۈز بەرمىگەن بولسا بەلكىم ئۇنتۇپ كېتەر ئىدىم، — ئاياز ئايغا قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىدى، — ئەمدى... باشقا ئاياللار ھەرگىز سىزنىڭ ئورنىڭىزنى باسالمايدۇ... كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم سىز ئاتا قىلغان لەززەتنى بېرەلمەيدۇ!...

— ئايەتبۇچۇ؟

— ئايەتبۇ؟— ئاياز ئاچچىققىنا كۈلۈمسىرىدى، — سىزمۇ سېزىپ قاپسىز ـ دە!

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق. ئايەتبۇنىڭ ئايسىمە قازا قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇزەپ، ئەپچىل ياسىنىپ، پات ـ پات ئۇسما قويۇپ، چاچلىرىنى يىلىملاپ تاراپ يۇرۇشمۇ يەنىلا شۇ ئاياز ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ «ۋاي ئايازكا، ئۇسسىمىدىڭىزمۇ؟»، «ئايازكا، چارچاپ قالغان ئوخشىماسىز؟»، «ئايازكا، ئۆيىڭىزگە كىرىپ تاماق ئېتىپ بېرەيمۇ؟ ...» دېگەندەك ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ كېتىشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئاياز ئۇنىڭغا سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلدى. ھەتتا ئايەتبۇ بىر قېتىم توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇۋېدى. ئاياز كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئايەتبۇ، ئايسىمەنىڭ يىلى بولمىغۇچە مەن بۇنداق ئىشلارنى ئويلاشنىمۇ ئۆزۈمگە راۋا كۆرمەيمەن...، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئەلۋەتتە كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان مۆتىدىل جاۋاب ئىدى.

ئېرەن دەريا بويلىرىدىكى ئۇرغان سالقىن شامال خالىئاينىڭ يالاڭ بىلەكلىرىنى، يۇمىلاق مورىلىرىنى مۇزلىتىپ قويدى بولغاي، ئۇ ئەدىيالنى يۇقىرى تارتىپ، ئايازنىڭ ئىسسىق باغرىغا تېخىمۇ سىڭىپ كىردى. ئايازمۇ ئۇنىڭ ئارقىلىرىنى قىپچىپ

يۆگەپ، نازۇك بەللىرىدىن سىلىققىنا ئۆزىگە تارتتى.
— ياخشى كۆرمىگەن ئىكەنسىز، ئۇچۇقلا جاۋاب بەرسىڭىز بولامدۇ؟ ئۇ چوكاننى ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويغۇچە، — خالئاي يۈزىنى چىلىڭ كۆكرەكلەرگە ياقتى، — تايىنلىق «مىنىڭمۇ مەيلىم بار» دەڭا؟
— قىزىقكەنسىز خالئاي، ئايەتبۇ تۇردى نازىرىنىڭ كۆز ـ قۇلىقى تۇرسا... ئەگەر مەن ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويغۇدەك بولسام، ئۇ يەنە قانچىلىك شۇملۇقلارنى قىلار؟ تىلخەتنى ئوغرىلاشتا ئۇنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلىسى سىزگە ئايانغۇ.
ئايازنىڭ دېگەنلىرى ھەقلىق ئىدى. داچا سېلىنغان ئالتە يىلدىن بېرى قانچىلىغان ئاشپەز چوكانلار كەلدىيۇ ـ كەتتى. تۇردى ھەسەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى تاز، بىرسىنى بەز، ئۇ چوقۇپ يەيدىكەن، بۇ غاجىلاپ... دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن كۆتىگە تەپتى. بىراق چىلانلىق كەنتىنىڭ ئاقساقىلى تېپىپ بەرگەن ئايەتبۇ گەرچە بۇ يىل باھاردا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سوغا چۆككەن تاشتەك تۇردى ھەسەننىڭ كۆڭلىگە سىڭىپلا كەتتى. تۇردى ھەسەن بىرنەچچە كۈنلەر يوقاپ كېتىپ، قايتىپ كەلگۈدەك بولسا، بۇ چوكان ئاياز بىلەن ئايسىمە ئەمەس ھەتتا خالئاي، نەئىمەلەرنىڭمۇ ماڭغان ـ تۇرغان، يۆتەلگەن، كېكەرگەنلىرىدىن تارتىپ گەپ ـ سۆزلىرىگىچە دوكلات قىلاتتى. شۇڭا تۇردى ھەسەن ئۇنىڭغا ئىشەنگەچكە، ئايازنىڭ قولىدىكى «تىلخەت» نى ئوغرىلاش ئىشىنى قورقمايلا دېگەنىدى.
— خالئاي، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — ئاياز ئۇنىڭ سىلىق مۇرىلىرىدىن تۇتۇپ قويدى، — مەن خاتا قىپتىمەنمۇ؟
— ياق، سىز بەك ھىيلىگەر ئىكەنسىز...
— نېمە ھىيلىگەر، مانا ئەمىسە! — ئاياز ئەدىيالنى يۇقىرىغا بىرلا تارتىشى بىلەن ئۇلار پۈتۈنلەي كۆرۈنمەي قېلىشتى. ئەدىيال ئىچىدىن چىرقىراش، تاتلىق كۈلۈشلەر... زەئىپ ئىڭراشلار

...تېپىرلاشلار يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى...

ئۇلار ئەتىسىدىن باشلاپ باغدا بىللە ئىشلىدى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بىرى ئېرى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئايسىمەگە ھەۋەس قىلىدىغان خالىئاي تۇنجى قېتىم ئارزۇسىغا يەتكەندى. ئۇ ئاياز بىلەن ئانارلىقلارنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ، ئوتىنى ئېلىش، ئۈزۈملەرنىڭ هارام شوخلىرىنى قىرقىپ شالاڭلىتىش، تۈۋىگە چۈشكەن ئالمىلارنى ياپما قاق سېلىشتەك ئىشلارغا شۇنداق كىرىشىپ كەتتىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي دېھقان ئايالى بولۇپ قالمىغىنىغا ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆكۈندى، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ ئادەتتىكى تاماقمۇ شۇنچە مەززىلىك تېتىيدىغان بولدى. مانا بۇگۈنمۇ ئۇلار بىر كۈن كەچكىچە ئالما قىيامىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شىرە ھەم تاختايلارنى مايلاپ، ياپما قاق سېلىشتى. كەچتە بولسا ئىككىسى نازىرنىڭ ھەيۋەتلىك ھوجرىسىدا بىللە يېتىپ قېلىشتى.

لېكىن، «خوشاللىقنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ» دېگەندەك تۇردى ھەسەن ئۇرۇمچىگە ماڭغانىنىڭ بەشىنچى كۈنى چوڭ دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى. ئاياز باغدىن چىققانچە ئالدىراپ بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىشىغا تۇغلۇقنىڭ دادىسى ئەمرۇللا تەمبۇر چىرايلىرى ئۆمسۈرۈن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئاياز تۇغلۇق بىلەن كۆرۈشكىلى تارسۇغا بارغاندا، بۇ ئادەم بىلەن خېلى ئۇزاق ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقى كىتابخانلارنىڭ يادىدا بولسا كېرەك. ئەمرۇللا تەمبۇر ھويلىغا كىرە ـ كىرمەيلا ۋارقىراپ كەتتى:

— ھوي، ئاياز! ئاۋۇ بوبى خوجايىنىڭنى چاقىر، — دېدى ئەمرۇللا داچا بىناسىغا قول شىلتىپ، — ھەرقانچە نازىر ـ پازىر بولۇپ كەتسىمۇ بىر بېشى باردۇ ئۇ خومسىنىڭ! مەن ئۇنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قويغىلى كەلدىم... قېنى مېنىڭ ئالدىمدا دەللىك تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ باقسۇن!

بۇ ئەسنادا ئۈزۈمنىڭ ھارام شوخلىرىنى پۇتاشقا

ياردەملەشكەن خالىئاي باغدىن چىقىپ ئۆلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، يوچۇنلا بىر بوۋاينىڭ كىرگەنچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېتىشلىرىگە قاراپ ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالمىدى. شۇنداقتىمۇ «نازىر ـ پازىر» دېگەن گەپتىن يۈرىكى ئېغىپ دادىللەشتى.

— بولدى قىل ئەمرۇلكا، ھەرقانچە ۋارقىرىغىنىڭ بىلەن تۆ نازىر يوق. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەتكەن، — ئاياز بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ ۋارقىرىدى، — نېمىگە بۇنداق جۇدۇنۇڭ ئۆرلەپ، سەپرالىق قىلىسەن؟ گېپىڭ بولسا يولىدا قىل، مانا نازىرنىڭ ئايالى يېنىڭدا تۇرامدۇ.

بوۋاينىڭ قويۇق ئاپئاق قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان روشەن چوڭ كۆزلىرى خالىئايغا تىكەندەك قادالدى ھەم قولىنى شىلتىغىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ھوي، خان ئاغىچا، ئوغلۇم قىزىڭىز بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قاپتۇمۇ دەيلى ماقۇل، — ئەمرۇللا ئاپئاق ساقاللىرىنى تۇتاملىدى، — بۇنىڭ نېمە يامىنى ھە؟! خېرىدارى بولمىغان قىزنىڭ نېمە ئەتىۋارلىقى ھە؟!… ، ئوغلۇم خېرىدارلىقنى قىلىپ يامان قىپتۇما؟… ئەمما، بېرىش ـ بەرمەسلىك ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىنساپىغا باغلىق…

— چوڭ دادا، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى خالىئاي مۇلايىملىق بىلەن، — ئېدىتلىق قىلىپ سۆزلەپ باققان بولسىلا.

— ئەمىسە ئاڭلاپ قويۇڭ، ئېسىلزادە خانىم، — ئەمرۇللا ئاچچىقىدىن پۇشۇلداپ، رەڭگى تاتىرىپ، يىقىلىپ چۈشكىدەك بولۇپ كەتتى، — ئېرىڭىز ئوغلۇم تۇغلۇقنى لۈكچەكلەرگە ئۇردۇرۇپ، مانا ھازىر يېزىلىق دوختۇرخانىدا بىھوش ياتىدۇ…

— چوڭ دادا، ئېنىقراق دېسىلە، — خالىئاينىڭ يۈرىكى دەرھاللا بىر ئىشنى سەزگەندەك قىلدى، — قاچان، قەيەردە

بولغان ئىش ئىكەن بۇ؟
— ئاخشام خالىڭ يولىدا ئالتە ـ يەتتە لۈكچەك تاياق ـ توقماق، قامچىلار بىلەن ئۇرۇپتۇ، — بوۋاينىڭ قورۇق باسقان يۈزىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپ چۈشتى، — هازىر بالىنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ تۆۋەن.
— ئەمىرۇلكا، — دېدى ئاياز بوۋاينىڭ دولىسىنى پەپىلەپ، — نازىرنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكىنىگە بۈگۈن بەش كۈن بولدى، زادى تۇغلۇقنى نازىرنىڭ ئۇرغانلىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئىسپاتىڭ بارمۇ؟
— مەن... مەن، — بوۋاي ئارىسالدىلىق ئىچىدە دۇدۇقلىدى، — تۇغلۇقنىڭ ئاغىنىلىرىدىن سورىسام ئۇلار «چوقۇم نازىرنىڭ ئىشى» دېيىشتى...
— تۇغلۇق ئۆزى نېمە دەيدۇ؟
— ئۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايمەن ھەم «ماڭا ھېچنېمە دېمىدى» دېگەن گەپنىلا تەكرارلايدۇ، — بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ئۇششاق ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى، — تۇغلۇق ئاشۇنداق ئاق كۆڭۈل بالا، بەلكىم قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا گەپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان چېغى.
خالىئاينىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئاغدى. چۈنكى تۇردى ھەسەن ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان كۈنى قاۋۇز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكى ئاغزىدىن پوسۇققىدە چىقىپ كەتكەنىدى. خالىئاي سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇۋالغاندا ئۇ دۇدۇقلاپ ئاچچىقلاپ قالدى. ئەلۋەتتە تۇردى ھەسەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ بەش كۈندىن كېيىن يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئاياز بىلەن ئەمرۇللا بوۋاينى ئارىسالدى قىلىپ قويغىنى بىلەن، خالىئاينىڭ كۆڭلىگە ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم يۈز بەرگەن بىر پاجىئە سايە سېلىپ ئۆتتى...
— ئاياز، بۇ مويسىپىت بوۋاي يولدا چاڭقاپمۇ قالغاندۇر، باغقا باشلاپ مېھمان قىلىڭ، — دېدى خالىئاي ئالدىرىغان

قىياپەتتە، — مەن ئۆيگە كىرىپلا چىقىمەن.

خالىئاي يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاياز بوۋاينى تال بوستانغا ئەكىرىپ ھەر خىل چېكىلگەن ئۈزۈملەردىن ئالدىغا قويدى. ئۆزى بىردەمدىلا ھەر خىل ئالما، ئارگىلات، شاپتۇللاردىن قېقىپ تەييارلىدى. ئاڭغىچە خالىئاي ئالدىراپ يېتىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى سومكىنى ئايازغا تۇتقۇزدى.

— يەل ـ يېمىشلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن قاچىلايلى، — خالىئاي ئۆزىمۇ ئالدىراپ ئالمىلارنى سومكىغا سېلىشقا باشلىدى، — چوڭ دادىمىزنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، تۇغلۇقنىڭ جاراھىتى ئېغىردەك قىلىدۇ، شۇڭا دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بولدى، ئەڭ ياخشىسى شەھەرگە يۆتكەيلى.

— خانىم، — ئەمىرۇللا بوۋاي خىجىل بولۇپ قالغاندى، — ئۆزلىرى پەرىشتىدەك چوكان ئىكەنلا، مەن ئاچچىقىمدا سەل بىمەسەل ئىش قىلىپ قويغاندەك قىلىمەن. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بولسىلا؟

— ھازىر بۇ گەپلەرنى دەيدىغان چاغ ئەمەس، قېنى تېز ماڭايلى.

ئۇلار تاكسى ياكى مېنىبۇس توسۇش ئۈچۈن دەرھال چوڭ يولغا چىقىپ كېتىشتى.

## 16

ئۇرۇمچىدىن پالتا ـ كەكىسىنى قاقتۇرۇپ يېنىپ كەلگەن تۇردى ھەسەن داچىغا كېلىپلا خالىئاي بىلەن «سەن ـ پەن» دېيىشىپ قالدى. نېمە كەلگۈلۈك، قانداق تارتقۇلۇق بۇ؟ پېشانىسىدە چاقناپ تۇرغان نازىرلىق تاجىسىدىن، ئەيمىنىپ كىرگىلى بولمايدىغان سۈرلۈك ئىشخانىسىدىن، ئەمەل ئورۇندۇقىدىن، ئەڭ ئېچىنىشلىقى بىر قەدەم ئۇيان، بىر قەدەم بۇيان پىيادە

ماڭغۇزمايدىغان قۇلىقى يۇمشاق ماشىنىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن يىلاندەك بولۇپ قالغان تۇردى ھەسەن ئەمدى خەقلەر ئالدىدا، بولۇپمۇ ئەغزەم تۆرىدەك كۆشەندىلىرىنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەر... بۇلار يەتمىگەندەك ھېلىقى لى نازىرىنىڭ سالغان قورققاقلىرىچۇ؟! ئۇ مۇشۇنداق مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك ئانىكوم ـ مۇنىكوم بولۇپ قايتىپ كەلسە خوتۇنى دېگەن ئۈندىمەس «ھالىڭ نىچۇك؟» دېمەي، «قاۋۇز دېگەن توڭگۇز بىلەن نېمە ئىبلا تەتۇرىڭىز بار؟»، «سىزنىڭ قولىڭىز بولمىسا ئۇ قارىۋاتقۇ چوقۇر تۇغلۇقنى نەدىن بىلىدۇ؟»، «ئەگەر تۇغلۇقتا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا نەئىمەگە قانداق جاۋاب بېرىسىز...» دەپ سوئال ـ سوراقنى ياغدۇرۇۋەتتى دېسە! تېخى ئۇ زەڭگى دىۋانىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ شەھەردە داۋالاتقىنىنى كۆرمەمدىغان! بۇ نېمىدېگەن تەتۈر جاھان ـ ھە؟! مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز دېگەندەكلا گەپ بولىدىغۇ بۇ! توۋا، كۆمۈرچى دېگەن نائەھلىنى كۆزدىن يىتتۇرەلمەي ھەلەك بولۇۋاتسام، خوتۇن دېگەن ئەقىلسىزنىڭ ئۇنى پۇل خەجلەپ قۇتقۇزۇۋالغىنى نېمىسى؟

مانا شۇ تۇرقىدىمۇ، ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشاشقا ئامراق ئايەتىبۇ چوڭ ھۇجرىدا بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە ئېغىزىنى تۇتقان ھالدا قۇلاق ياقماقتا ئىدى. راستلا ئۆي ئىچىدە غەزەپتىن جاقىلداپ تىترەۋاتقان خالئاي قوللىرىنى شىلتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— سىز ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان كۈنىڭىز ئەتىگەندە تارسۇغا نېمە دەپ باردىڭىز؟ — خالئاي ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى، — ئاشۇ سالاپىتىڭىزنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويۇپ، بىر ئاددىي كۆمۈرچى بالا بىلەن سودىلاشتىڭىزما؟ ۋىيەي، ۋىيەي، نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن. سىزنى قانداق كۈچ، قانداق مەنپەئەت مۇشۇنداق پەس، چۈپەي قىلىۋەتتى؟...

— خالئاي، ئاغزىم بار دەپلا دەۋەرمەڭ، — تۇردى ھەسەن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىدىن ئوسال ھالەتتە قالغانىدى، — راست، نەئىمەنىڭ كەلگۈسى ئىقبالى ئۈچۈن تارسۇغا باردىم. لېكىن بۇنىڭ كۆمۈرچى بالىنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— مۇناسىۋىتى بارمۇ يوقمۇ ئۆزىڭىز دەڭسەپ بېقىڭ، — خالئاي يۈز - خاتىر قىلمىدى، — «ئەگەر ۋاقتىدا ھوشۇڭنى يىغىپ ئېتىكىڭنىڭ تىزگىنىنى تارتمىساڭ بۇ كومېدىيە، مۇقەررەركى تراگېدىيەگە ئايلىنىدۇ...»، «سەن يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىقىڭ كېرەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيسەن!» قېنى، بۇ گەپلىرىڭىزنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— توغرا، مەن نەئىمەنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇ دىۋانىغا قورققاق سالدىم. بۇ پۈتۈنلەي نورمال ئىش، — تۇردى ھەسەنمۇ بوش سىياسىئون ئەمەس ئىدى، — بىراق مەن ئۇرۇمچىگە مېڭىپ بەش كۈندىن كېيىن ئۇ خاڭ يولىدا تاياق يېگەن تۇرسا، قانداقمۇ بۇ ئىشتا مېنىڭ قولۇم بولسۇن؟

خالئاي بالىنىستىتا بىر كېچە تۇغلۇق بىلەن پاراڭلىشىپ ئېرىنىڭ قاۋۇز ئارقىلىق تۇغلۇقنى ئۇردۇرغانلىقىغا ئىشەندى. شۇندىلا ئۇ، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرى مەسئۇدنى نېمە مەقسەتتە ئۆزىنىڭ شوپۇرى قىلغانلىقى ھەم خوتۇنى پەخرىنىسا بىلەن ئىككىسىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغانلىقى، بولۇپمۇ بېيجىڭغا ماڭغاندا ماشىنا ئاچقۇچىنى مەسئۇدقا قەستەن قالدۇرغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. شۇڭا غەزەپ ئاچچىقىدا دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى سىرلار ئاغزىدىن يوسۇققىدە چىقىپ كەتتى:

— سىز بۇنداق ئىشلارنىڭ پىركاملى! — خالئاينىڭ پۈتۈن

ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى، — ئېسىڭىزدىدۇر، يىگىرمە يىل ئىلگىرى سىز بىيجىڭغا كېتىپ بەش كۈن بولغاندا ئىككى ياش ماشىنىڭىزدا پارتلاپ، قاپقارا كۆسەيگە ئايلانغان...

تۇردى ھەسەن خوتۇنىغا خەنجەردەك قادالدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى گويا ئوغا ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقلىرىدەك قېتىپ قالغانىدى. نەپسىمۇ توختاپ قالغاندەك تىنغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما بارغانسېرى بۇزۇپ، تاتىرىپ، كۆكىرىۋاتقان چىرايىدىن، يېرىم قىسىلغان قىياق كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگىدەك سۈرلۈك بىر چېقىن دەممۇدەم ئۇچقۇنلايتتى... چۈنكى تۇردى ھەسەننىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇخلاپ ياتقان بىر چايان بارلىق پۇتلىرى بىلەن ئۆملەشكە باشلىغانىدى...

«ئايال كىشى شېرىن دۈشمەن» دېگىنى بەرھەقكەن! شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. قانۇن ئۇچۇنمۇ مەڭگۈ يېشىلمەس سىر بولۇپ قالغان ئاشۇ مەخپىيەتلىك كىشىلەر كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلدى، ئۇنتۇلدى، ئۇنتۇپ كېتىشتى... خەيرىيەت، ئۆزىنىڭ باغرىدا ياتقان ئۆمۈرلۈك ھەمراھى، بىر ياستۇقتا باش قويغان سىردىشى، مۇڭدىشى، مەسلەكدىشى ياشلىقىدىكى ۋاپاسىز ئېرىنى ئۇنتۇيالماي ئۇنىڭ ئۇچۇن قىساس پەيتىنى كۈتۈۋېتىپتۇ - دە! بەلكىم ئۇ: «ھېچبىر يامانلىق ئىنتىقامسىز بولمايدۇ» دېگەن بۇ سۆزنى ئۆمۈر بويى زىكرى قىلىپ كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن! مەسئۇد بىلەن پەخرىنسانىڭ پارتلاپ ئۆلۈشىنى دەسلەپتە «پەۋقۇلئاددە ھادىسە» دەپ چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يىللار ئۆتكەنسېرى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ساۋاق بەرگەن. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى «بەش كۈن» بىلەن ئەينى يىللاردىكى «بەش كۈن» ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقان! ... ياخشى، بەك ياخشى بولدى. بۇ خوتۇن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇردى ھەسەننى سەگەكلەشتۈردى! بولمىسا كۆنلەرنىڭ بىرىدە گۆپپىدە يىقىلىپ چۈشكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي

قالارسدى! خۇددى دېگىنىز قەھرىدىكى قۇلۇلە بولسا قارنىدىكى تاشنى پىنھان تۇتۇپ مەرۋايىتقا ئايلاندۇرغىنىدەك، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاشۇ قورقۇنچلۇق سىرنى ئىچىدە خۇپىيانە ساقلاپ ھەم يېتىلدۇرۇپ «قىساس»قا ئايلاندۇرغان بۇ خوتۇن ئادەتتىكى شېرىن دۇشمەنلەردىن ئەمەس! ... شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن، ياق، ئۆلگىچە ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ پەپىلەش كېرەككى، ئاچچىقلىتىپ قويماسلىق كېرەك! ئۇنداقتا ئۇ قاچان ئۆلىدۇ؟ بەلكى، خۇدايىمنىڭ بالا - قازالىرى ئازمىدى! كىيىملەرگە دەزمال سىلىۋېتىپ توك تۇتۇۋالىدۇ... پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ كۆڭلى ئاينىپ يۇمۇلىنىپ، بېشى سېمونت قىرغا قاتتىق ئۇرۇلۇشى مۇمكىن... ھەتتا كۆلدە چۆمۈلۈۋېتىپ پېيى تارتىشىپ تۇنجۇقۇپ قالىدۇ...

— نېمە، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى خالىئاي ئېرىگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — دېگەنلىرىم كاللىڭىزدىن ئۆتمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ھە؟ — تۇردى ھەسەن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، بىرقىسمىلا كۈلۈپ قويدى، — ئەمدى خالىئاي ئويلاپ باقسام سىزنىڭ خاپا بولۇشىڭىز يوللۇقكەن... قاۋۇز نەئىمەنىڭ گېپىنى قىلىۋەرگەچكە «قىزىم ھازىر تۇغلۇق دېگەن كۆمۈرچى بالىنى تېپىۋاپتۇ» دەپ قويغانىدىم، لېكىن ئۇ ئىپلاسنىڭ بۇنداق قىلارىنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن...

— زادى شۇنىڭ بىلەن دادى - مۇئامىلە قىلمىسىڭىز بولمامدۇ؟

— قىزىكەنسىز، مەندىن قەرز ئالغان پۇلنى تىرىلدۇرۇپ ئالمىسام بولامدۇ؟ — تۇردى ھەسەن بىردەمدىلا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى، — ئىككى يۈز مىڭ سوم ئاز پۇلمۇ... قاۋۇز دادىسىدىن ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولغانىدى.

— قاچان كىرىسىز؟

— بۈگۈن ئەتىگەن قاتناش بېكىتىدىن ئۈدۈللا سائۇناغا بارغان ئىدىم،— تۇردى ھەسەن ئېغىر تىنىپ قويدى،— قاۋۇز ئەتە ماڭا بىر يولۇقۇڭ دېگەنىدى.

— ئاشۇ ئىپلاسنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزما؟

— ئۇ بەرسۇن - بەرمىسۇن، ئالدىسۇن - ئالدىمىسۇن سۈرۈشتە قىلمىسام بولامدۇ؟— ئۇ بىرئاز چېچىلىپ قالدى،— ياكى ئىككى يۈز مىڭ سوم مازارغا ياڭاق ئاتقاندەك ئىز - دېرەكسىز يوقالسۇنمۇ؟

بۈگۈن ئەتىگەن تۇردى ھەسەننىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپلا سائۇناغا بارغانلىقى راست ئىدى. خۇددى «ئۆردەكنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول دېگەندەك» ئۇ بىرىنچىدىن، تۇغلۇقنىڭ ئەدىبىنى بېرەلىدىمۇ يوق؟ بۇنى بىلىش بولسا؛ ئىككىنچىدىن، «پېنسىيە» دىن ئىبارەت شۇم خەۋەرنى ئاتا - بالىنىڭ ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى تىڭ تىڭلاپ كۆرمەكچى بولدى. لېكىن قاۋۇز سوئال - سوراقلارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇ نەئىمەنىڭ ئۇن ئىككى تۈمەنلىك ئۆزۈكنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى قويار جاي تاپالمايلا قالدى. بۇ خۇشاللىقتا تۇردى ھەسەننىڭ داد خۇلقىلىرىغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا: «ئەتە دادام بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈڭ، مەن سىزنى سىرتتا ساقلايمەن. سىزگە مۇكاپاتىم بار» دېدى - دە، ئالىچىپار ياسىنىۋالغان، ئۆزۈن چاچ بىر ئەر بىلەن سائۇناغا كىرىپ كەتتى. تۇغلۇق توغرۇلۇق ياكى «پېنسىيە» ھەققىدە ھېچقانداق ئۇقۇمغا ئىگە بولالمىغان تۇردى ھەسەن خامۇش ھالدا ئېرەن يېزىسىغا كېتىدىغان بېكەتكە ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

— بوپتۇ، بېرىپ سۈرۈشتە قىلسىڭىز قىلىڭ، بۇ ئاز پۇل ئەمەسكەن، — دېدى خالىداي چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — نەئىمە توغرۇلۇق گەپ قىلمايسىزغۇ، ئۇ قاچان كەلمەكچى؟

— ئۇلار جىددىي ھالدا ئىككى دۇكاننىڭ ھېسابىنى

تەكشۈرۈۋاتىدۇ، بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن كېلىپ قالارمىكىن...

تۇردى ھەسەن ئەسلىدىمۇ ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان تىلسىملىق ئۆڭكۈردەك ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئارقىسىدا كۆزى، يۈزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر يۈزى باردەك سىرلىق ھەم سۈرلۈك ئىدى. خالئاي شۇنچە يىللار بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۇردى ھەسەن نېمىدېگەن سۈيىقەستچى، رەزىل، قارا كۆڭۈل ئادەم ھە؟ قىزى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر يىگىتنى شۇنچىۋالامۇ ئۇردۇرۇۋەتكەن بارمۇ؟ خالئاي بۇرۇنلاردا پەقەت ئۇنىڭ «پارا» يېيىشتەك ئەيىبىلا بار، دەپ يۈرگەچكىمۇ ئانچە سىنەكەپ كەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى تۇردى ھەسەننىڭ ئەغزەم تۆرە، بولۇپمۇ قاۋۇزدەك لۈكچەكنىڭ قولچوماقچىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى خالئاينى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى...

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئازراقلا ناشتا قىلغان تۇردى ھەسەن چوڭ يولغا چىقىپ ماشىنا كۈتتى. يۇقىرىدىكى «توپتېرەك»، «قارغوجا»، «تارسۇ»، ئاندىن «چىلانلىق» قاتارلىق ئېرەن دەريا ياقىلاپ جايلاشقان يېزا ــ كەنتلەرنى ئايلىنىپ شەھەرگە ياندىغان ھەر خىل كىرا ماشىنىلىرى ناگان ــ ناگاندا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. لېكىن تاكسى شوپۇرلىرى ماشىنىسىغا تۆت ئادەمنى تولدۇرۇپ ماڭغاچقا، ئۇلار ئادەتتە توختىمايتتى. چوڭ ــ كىچىك بولىكىۋايلار بولسا قاتناش نازارەتچىلىرى بولمىغان بۇ سەھرالاردا يولدا ئۇچرىغانلىكى يولوچىنى نىقتاپ ــ قىستاپ سالىۋېرەتتى. تەرلەپ پىشىپ تولغىنىپ ئېشىلىپ كەتكەن ئادەملەر شەھەرگە كىرگۈچە «مومىسى»نى كۆرەتتى. مانا تۇردى ھەسەنمۇ خۇددى پانا قاقىقاندەك يولوچىلار ئوتتۇرىسىدا چوقچايدى. بىرنەچچە سەھرالىق ئالىقاپلار چاقچاقنى باشلىۋەتتى:

— ھەي ئاغىنىلەر، چىلانلىقتىكى مىڭ يىللىق پور

قارىياغاچنى ماشىناڭغا كۆچۈرۈۋالدىڭمۇ نېمە؟...
— پاھ، پاھ، ئاقئۆستەڭگە تاقاق بولغۇدەك نېمىلەر بار جۇمۇ...
— ھوي ماشىناڭ ئىگراۋاتامدۇ قانداق؟
— تۇغۇۋەتمىسۇن يەنە...
تۇردى ھەسەن ئۆزىگە دارىتمىلاپ قىلىۋاتقان ھەزىل - چاقچاقلارنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇرۇۋەردى. ئەمما قاپىقىنى شۇنداق تۇردىكى، ئىككى قېشى بىر يەرگە يىغىلىپ خۇددى شىرىنگە چاپلىشىپ قالغان بىر توپ چىۋىنگىلا ئوخشاپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ زۇۋانىمۇ ئۆچتى. تۇردى ھەسەننىڭ بۇنداق غەزەپكە كېلىشى چاقچاقچى ئالىقاپلار ئۈچۈن بولماي بەلكى نازارەتتىكى لى نازىر ئۈچۈن ئىدى.
تۇردى ھەسەننى ئۆزىتىش يىغىنى ئادەتتىكىدەكلا ئۆتتى. ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى، ئىش - ئىزلىرىنى مەدھىيىلەپ سۆزلەيدىغانلارمۇ بولمىدى. تۇردى ھەسەن ئىشخانا، ئورۇندۇق، ماشىنا، ھەر خىل ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى لى نازىر ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. سۆھبەت بەكمۇ سوغۇق ھەم سىرلىق بولدى. قانداقتۇر ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن رېۋىزىيە ئىشخانىلىرىغا «چېقىم» يوللىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا لى نازىر ئالتۇن كان، مىس كان، كۆمۈر كان ھەم كان ئاچقۇچىلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر بولسا، تەشكىلگە ئىشەنگەن ھالدا تاپشۇرۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى، ھەتتا مائارىپتا ئىشلىگەن چاغلىرىدىكى بەزى ئالغان «سوۋغات» لىرىنىمۇ پۇرىتىپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:
— ئەگەر رېۋىزىيە ئورۇنلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىسا، بۇنىڭ خاراكتېرى ئېغىرراق بولىدۇ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.
تۇردى ھەسەن ئىدارىسىدىن چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك قايتىپ چىقتى. «بىر ئاي روزا تۇتۇپ، پوقتا ئېغىز ئاچتىم» دېگىنى

شۇكەندە! شۇنچە يىللار جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ پارىخور، خىيانەتچى بولۇپ قالغىنى قىزىق... ناھايىتى شۇ ئۆزىنىڭ چەككەن رىيازىتىگە چۇشلۇق ئەجرىنى كۆرگەن يېرى بار. بۇنىڭ نېمىسى يامانكەن؟ ھازىرقى زاماندا كىملەر قىلمىغان ئىش بۇ! تېخى سىياسەت سۆزلەپ، تەربىيە بېرىپ، نەسىھەت قىلىپ كەتكىنىنى كۆرەيمۇ!

تۇردى ھەسەن گەرچە ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ ھەم بەزلەپ، بەڭگىنىڭ خىياللىرىنى قىلغان بولسىمۇ، بىراق «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگەن تايىنلىق» دېگەندەك قانداقتۇر ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. پەقەت ئۇ، قىزى نەئىمە ئۇزۇكنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، دادىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيگەن چېغىدىلا ئۇ ئۆزىنى سەل يېنىك ھېس قىلدى... شۇڭا ئۇ، ئورۇمچىدىن غۇلجىغا يولغا چىققان چېغىدا: «بىر ئۇششۇك سوغۇقنىڭ شەپىسى بارمۇ قانداق؟» دېگەن ئويى ئاستا سۇرۇلۇپ ئۆتتى...

بولكىۋاي شەھەرگە كىردى. بىراق قاتناش بېكىتىگە بارمايلا ھەممىنى چۇشۇرۇۋېتىشتى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى غودۇڭشىپ، بەزىلىرى يوشۇرۇن تىللاپ ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. تۇردى ھەسەن كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ دەريا بويى — «ئايدىڭساي» مەنزىلگاھىغا يۇرۇپ كەتتى.

*

غەزەپ ھەم ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرە بىلەن بىر سائەتتەك تاكاللىشىپ ھاردى بولغاي، ھەر ئىككىلىسى خۇددى تەرەببا ئولتۇرغاندەك جىمىپ قېلىشتى. ئەغزەم تۆرە پېشانىسىگە چاپلانغان تۆت چاسا داكا ھەم كۆز قۇيرۇقى، ئېڭەكلىرىدىكى قان ئۇيۇپ ئىششىغان قاپقارا،

كۆپكۆك جاراھەتلىرىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ داچا بېغىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ كەلگەن ـ كەتكەن ھەقسەمسايىلىرىگە ماشىنىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىرھازا چۈشەندۈرەتتى.

دىۋانغا چۆكۈپ ئولتۇرغان تۇردى ھەسەن «ماشىنىنىڭ تېگىدە مىجىلىپ ئۆلسەڭچۇ!» دەپ ئىچىدە قاغاپ، ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە تاقەتسىزلىنىپ كېلىۋاتقىنى «ئالتۇن دۇكىنى ئىشقا چۈشۈپ بولغۇچە ئاشۇ ‹پېنسىيە› دېگەن لەنتىنىڭ خەۋىرى ئەغزەم دوكىنىڭ سالپاڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسىكەن» دېگەن ئەنسىرەش ئىدى. ھازىرغىچە «ئەنە ـ مانا» دەپ تىلىنى چايناپ تۆگىدەك ئارقىغا سىيىپ كېلىۋاتقان ئەغزەم تۆرە ئاڭلاپلا قالسا ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن دۇكىنى ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەك قەدىرسىزلا يوقايدۇ... شۇڭا بۇ خەۋەرنى ئەغزەم تۆرە ئاڭلاپ بولغۇچە نازىرلىق ھوقۇقىنى پەش قىلىپ، ئالتۇن دۇكىنىغا مال سېلىشنى قولغا كەلتۈرمىسە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! ئەمما تۇردى ھەسەن كۆردىكى، ئەغزەم تۆرە بىر ئاينىڭ ئالدىدىكى ئەغزەم تۆرە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدىكى سېرىقمايدەك سىلىق ھەم يۇمشاق مۇئامىلىلەر قاياققىدۇر چۆرۈۋېتىلگەن بولۇپ، تۇردى ھەسەنگە تاراڭ ـ تۇرۇڭ تەگمەكتە ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاتاڭغۇر چىرايىدا بىر خىل مەنسىتمەسلىك، مەسخىرە ھەم خورلاشتەك كۆلەڭگىلەر ئەلەڭلەپ تۇراتتى... سودا دېگەن شۇنچىلىك نازۇك ئىشكى، مۆرىتى كەلگەندە ئاناڭ بىلەن داداڭنىمۇ ئالدىيالىساڭ ئاندىن خەقنىڭ يانچۇقىدىكى بىر تەڭگىنى يۇلۇپ ئالالايسەن! ئىككى تەڭگىلىك نەرسىنى بىر تەڭگىگە بېرىۋېتىدىغان ئۇنداق سوپۇرگە زىيانكەش سودىگەر بولمىسا كېرەك... خوش، خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟! باشقىلار تاش سانىغان يەردە ئۇلار قوم سانايدۇ... ئالايلى، تۇردى ھەسەن ئۆتكەن ئاي بۇ داچىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەغزەم تۆرە

ھەر ئىككى كۈندە بىر ئۇرۇمچىدىكى ئايغاقچىلىرىغا تېلېفون بېرىپ تۇردى ھەسەننىڭ پېنسىيىگە چىقىش مەسىلىسىنى سۈرۈشتە قىلدى. قىزىق ئىش، پېنسىيىگە چىققان تۇردى ھەسەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغىلى ئون ئالتە كۈن بولغان بولسا، ئەغزەم تۆرە يىگىرمە بىر كۈن ئالدىدا خەۋەر تاپتى. شۇ چاغدا ئۇ ئوغلىغا:
— بالام قاۋۇز، ھازىر تۇردى قورساقنىڭ لازىمى قالمىدى... ئۇ يۇندا ئەۋرىزىدىكى كارغا كەلمەس پاقا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ياش بىرنېمە چىقىپتۇدەك... شۇڭا بىرەر - ئىككى يۈز مىڭنى تەييارلا، — دېدى. لېكىن قاۋۇز ئېرەنشىمىگەن ھالدا:
— دادا، ئۇنى سەل پرىنسىپال دېيىشىدىغۇ، — دېۋىدى، ئەغزەم تۆرە كۈلۈپ كېتىپ:
— يۈز گەز قېلىنلىقىدىكى مۇزمۇ باھار ئاپتىپىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك پۇلنى كۆرسە ئېرىمەيدىغان پرىنسىپالچى يوق...، — دەپ ئاتا - بالا ئىككىسى مەسخىرە بىلەن ھىجايغانىدى...
مانا ھازىر بولسا مۇنۇ سوغۇق زەللە نازىر ئالىجۇقا سۆزلەپ ئەغزەم تۆرىنىڭ قولتۇقىنى تەرلەتمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چايغا قاراپ ئېغىر پۇشۇلدايتتى.
— ئەلۋەتتە ئۆزلىرىدەك دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان بىر مۆتىۋەر باي لەۋزىدە تۇرمىسا خەلقئالەم نېمىلەرنى دېمەس، — تۇردى ھەسەننىڭ سۆزلىرىدە ھەم خۇشامەت ھەم بېسىم بار ئىدى.
— مېنىڭ ھۆرمەت تۆھپەمنى، نام - نىشانەمنى ئېسىمگە سالغانلىرىغا مىڭ مەرتەم رەھمەت، ھى، ھى، ھى...، — ئەغزەم تۆرە خىرقىراپ كۈلگىنىچە ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى، — ھاي قايسىڭلار بارۋي، چېيىڭلار مۇزلاپ كەتتى دەيمەن... شۇ چاغقىچە قارىسىنى كۆرسەتمىگىنىنى قارىمامدىغان بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ...

بويندا قىپقىزىل، ئىنچىكە ئايسىمان تارتۇق پەيدا بولۇپ قالغان چىقىر كۆز چوكان بىلىنىز شىپىلداپ كىرىپ كەلدى. ئۇ چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتكىچە ئەغزەم تۆرە ئۇنىڭغا قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇردى.

— بايا نېمە گەپلەر بولۇنۇۋاتاتتى هە؟ ئەجەبمۇ ئىلەشتۇردىغۇ بۇ رودۇپاي، — ئەغزەم تۆرە چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئالىيىپ قويىدى، — هە، توغرا، «ئۆز لەۋزىدە تۇرمىسا، خەلقىئالەم نېمىلەرنى دېمەس...» دېگەندەك بىرقىسمىلا گەپلەر بولۇنغاندەك قىلىنىۋېدى...

ئەغزەم تۆرە «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ئۆي خىزمەتچىسىنى «مۇتتەهەم»، «رودۇپاي» دېيىش ئارقىلىق تۇردى هەسەننى تىللاپ بىر پوخادىن چىقتى. ئەلۋەتتە تاغدىكى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مالغا قانائەت قىلماي يەنە ئالتۇن دۆكىنى هەققىدە جۆيلۈپ يۈرسە، ئەغزەم تۆرە: «هەي مۇتتەهەم، ماڭا رۇدۇپايدەك نېمانچە ئېسىلىۋالىسەن» دېمەي نېمە دەيدۇ. لېكىن مال - دۇنيا كويىدا بېشى چۆرگىلەپ قالغان پاراسەتسىز تۇردى هەسەن بۇ تەئەددىنى چۈشەنمەي ئولتۇراتتى.

— تەئەسسۇپكى، ئۈچ يىل ئالدىدا شۇنداق لەۋزە قىلغانمىدىم؟... ، — ئەغزەم تۆرنىڭ بۇ گېپىدىن تۇردى هەسەننىڭ گەجگىسى قورۇدى، — بوپتۇ لەۋزى قىلغانمۇ بولاي، ئەمما لەۋزى دېگەن ئېغىزدىكى گەپ، قانۇن هەرگىز ئىلىك ئالمايدۇ...

— تۆرەم ئۇ... ئۇ چاغدا لەۋزىلا ئەمەس بەلكى ئالتۇن دۆكىنىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن مەندىن يىگىرمە تۈمەن سوم ئالغانلىق هەققىدە هۆججەتمۇ يېزىپ بەرگەن. تېخى «بۇ هۆججەت قانۇنىي كۈچكە ئىگە» دەپ مۆهۈرلىرىنى باسقان...

— نېمە؟... مەن سىلىدىن يىگىرمە تۈمەن سوم پۇل ئالغانما؟! سىلى مۇشۇ قوللىرى بىلەن پۇلنى ماڭا بېرىپتىلا -

دە؟ — ئەغزەم تۆرە تۇردى ھەسەننىڭ تىزلىرىغا قويۇپ ئولتۇرغان ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈردى، — مۇشۇ قوللىرى بىلەن...

— ئەغزەم تۆرە! — تۇردى ھەسەن قوللىرىنى شارتلا تارتىۋېلىپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — سىلى تولا خۇپسەنلىك قىلمىسىلا بولامىكىن. ئەگەر ئۇ ھۆججەتنى سوتقا ئاپارسامىلا كارامەتلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

— توغرا، قانۇن مېنىڭ گەجگەمگە دەسسەپ تۇرۇپ ئىككى يۈز مىڭ سومنى سىلىگە ئېلىپ بېرىدۇ، لېكىن، — ئەغزەم تۆرە تەنلەر شۈركەنگىدەك غەلىتىلا ھىجايدى، — ئۇ ھۆججەتنى ئۆزلىرى ياسىۋالمىغانلا؟ ياق - ياق! بۇنداق ئەخمەقچىلىقنى سىلى ھەرگىز قىلمايلا، چۈنكى ھازىرقى قانۇنلار ئەسكى قەغەزگە يېزىلغان مىڭ يىللىق نەرسىلەرنى دورىغا چىلاپلا بىردەمدىلا ئېنىقلاپ چىقىدۇ...

— خۇدايا تو... توۋا دېسىلە، — تۇردى ھەسەن دۇدۇقلاپ كەتتى.

— ئۇنداقتا راستىلا ھۆججەت قىلىپ بېرىپتىمەن - دە؟ — ئەغزەم تۆرە تۇردى ھەسەننى كولدۇرلاتماقتا ئىدى، — مانا قارا، سودا دېشۋارچىلىقىدىن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ - دە... ئۇنداق ھۆججەت بولسا راستىلا قانۇنلۇق بولىدۇ. تېخى مۆھۈرۈم بېسىلغانىكەن دېسىلە؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق...

— ئاشۇ ھۆججەت راستىلا بار دېسىلە؟ توۋا، توۋا، «ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمىش قىلسۇن» دېگەندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ... بوپتۇ، سىلىمۇ چوڭ ئەمەلدار، ھەرگىز يالغان ئېيتمايلا، ئەگەر ئاشۇ ھۆججەت بولسىلا مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن.

ئۆي خىزمەتچىسى چېقىر كۆز چوكان چىنىلارغا چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى. بىراق بېشى پىرقىراپ، گاراڭلا بولۇپ قالغان

تۇردى ھەسەن چاي ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى...

ھەيھات! كاتتا سودىگەرلەر بىلەن بۇرادەر بولۇش، دادى مۇئامىلە قىلىش خۇددى شىرنىڭ ئۇستىگە مىنىۋېلىپ چۇشەلمىگەندەكلا بىر ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ! بۇ لەنىتىي دوكىنىڭ قايىسى گېپى راست، قايسىسىغا ئىشىنىپ، قايسىسىغا ئىشەنمەسلىك كېرەك. تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا «دۇڭكۇۋرۇكتىن دۇكان ئېلىپ» ئالتۇن دۇكىنىغا كايىش قىلغىنى راستمۇ ياكى ئۆز قولى بىلەن قىلغان ھۆججەتنى ئۇنتۇپ قالغىنى راستمۇ؟! ئەگەر ئۇنتۇپ قالغان بولسا ئۆز ۋاقتىدا نېمە ۋەجىدىن ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغان؟!...

تۇردى ھەسەننىڭ كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا، سالپىيىپ قالغان ئېغىر گەۋدىسىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ تۇرغان ئەغزەم تۆرىنىڭ كۆڭلىدىن: «سېنىڭ يۇرىكىڭنى توم قىلىپ سەكرەتكەن نەرسە يىگىرمە تۇمەنلىك ھۆججەتتۇ؟... مېنى بىلمەيدۇ دەپ خېلىلا ئويۇنلارنى ئويناپ باقتىڭا ھەي بايقۇش! ئۆپكەڭنى ئىچىڭدىن قېقىۋەتكىنىمنى تېخىچە بىلمەي يۈرەمسەن؟!...» دېگەن ئوي لاي سۇدەك ئېقىپ ئۆتتى.

تۇردى ھەسەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى. ئۇ پەلەمپەيگە ئەمدىلا قەدەم ئېلىشى بىلەن ئەغزەم تۆرە سىڭايان دەسسەپ كەلدى ـ دە، غالىب بولغان سەركەردىدەك دۇمچەك مەيدىسىنى كېرىپ تەئەددى بىلەن گەپ باشلىدى:

— تۇ نازىر، ئەلۋەتتە ھەممە ئىشلار قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە بولغىنى ياخشى، — ئەغزەم تۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — دۇكانغا مال سېلىشتىن بۇرۇن قوللىرىدىن يىگىرمە تۇمەنلىك ھۆججەتنى ماڭا تاپشۇرۇشلىرى ئەقەللىي ساۋاتقۇ دەيمەن! ئەگەر تاپشۇرمىسىلا ماڭا راستلا تۆھمەت قىلغان بولۇپ قالىلا! ئۇ چاغدا مەنمۇ يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرماي-

مەن··· سىلى بارغان قانۇنغا مەنمۇ بارالايمەن جۇمۇسلا!
كىنايە، تەئەددى ھەم زەھەردەك ئاچچىق گەپلەردىن گىلدىڭلاپلا قالغان تۇردى ھەسەن ئىككى تەرىپى يېشىل توپتەك سىپىدىلەر بىلەن قاپلانغان ئۆزۈن يولدا ئىلەڭ - سىلەڭ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھوسنى بەرقارار، ئەمما سۇرلۇك بۇ داچىدىن پاتراق چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى. يىراق ئارقىسىدىن ئەغزەم تۆرىنىڭ دەز كەتكەن تەشتەكتەك خىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— تۇ نازىر، يولدا سالتاڭ قالغانلىرى بولماپتۇ··· ئەڭ بولمىسا يارام ئىشەكتىن بىرنى ئېلىۋالغان بولسىلىرى بوپتىكەن···
«— ئۇ··· ئۇ··· مېنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىمنى بىلىپ بوپتۇ، — دېدى تۇردى ھەسەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاھ ئۇرۇپ، — ئەمدى مەن كېرەكسىز جابدۇققا ئايلىنىپتىمەن··· پاھ، ھوقۇقنىڭ ئىمتىيازى نېمىدېگەن چوڭ··· تۇنۇگۇنلا شاھ ئىدىم، بۈگۈن ئەرزىمەس بىر سايىققا ئايلاندىم! ···»
ئەي! تۇردى ھەسەن ھەم ھەسەن تۇردىلار! كۈن ئولتۇرۇپ كەچ بولغاندا، ئۆمرۈڭلار ئاخشام قاراڭغۇلۇقىغا كىلىپ قالغاندا ئاھ ئۇرغىنىڭلار نېمىسى؟··· پېشانەڭلەردە زۇھەل يۇلتۇزى چاقنىغان شۇ چاغلاردا بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلماي، «مېنىڭمۇ مېنىڭ، سېنىڭمۇ مېنىڭ» دەپ جاھانغا پاتمىدىڭلار. ئەمدى جان تۇمشۇقىڭلارغا كەلگەندە ئاھ ئۇرغىنىڭلار نېمىسى؟··· شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «تاج - تەخت بىلەن ۋاپاسىز خوتۇن ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق···» دېگەن بېشارەتنى نەق سىلەردەكلەرگە قالدۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!
تۇردى ھەسەن داچا دەرۋازىسىدىن چىقىپلا يىغلىۋەتتى. توغرا، ئۇ بۈگۈنكىدەك خورلانغان ئەمەس! ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولسا، بەلكىم ئۆمۈر بويى خورلۇقنىڭ تەمىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولاردى. بۇمۇ ياخشى بولدى،

يىغا دېگەن ئەجەب خاسىيەتلىك نېمىكىنا، مانا ئۇ يېنىككىنە بولۇپ قالدى.

تۇردى ھەسەن ئالدىدىكى چوڭ يول ئېغىزىدا بىر كۈمۈش رەڭ ھەيۋەتلىك ماشىنىنىڭ يولنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، چاندۇرماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېلىپ بۇرنىنى قاقتى. ئۇ ماشىنىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى، كابىنكا دېرىزىسىدىن قاۋۇزنىڭ ئىششىپ قالغاندەك چوقۇر يۈزى كۆرۈندى.

— ۋۇي، بۇ قاۋۇز بايۋەچچىغۇ، — تۇردى ھەسەن ئۈنىڭغا ئېغىشتى، — ھە، بۇ يەردە بىركىمنى ساقلاۋاتامسىز؟

— شۇنداق، سىزنى ساقلاپ تۇرغان.

— نېمە، مېنىما؟

— شۇنداق، قېنى ماشىنىغا چىقىڭ.

— پاھ، قالتىس ماشىنىكەنغۇ بۇ، — تۇردى ھەسەن ماشىنىغا چىقىپلا ماشىنىنىڭ بارلىق زامانىۋى ئەسلىھەلىرىگە زەن سېلىشقا باشلىدى، — يېڭىدىن ئالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق!

— ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئوبدان ماشىنىسى بار ئىدىغۇ.

— ئۇمۇ بار، بۇنى سىزگە ئالدىم...

— نېمە، ماڭا؟...، — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى غىل ـ پاللىدى، — تولا چاقچاق قىلماڭا...

— ئۆزىڭىز بىلىسىز نازىر، مەن چاقچاقنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، — قاۋۇزنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى، — بۇ بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوملۇق «نىسسان» ماركىلىق ماشىنا، قاراڭ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلايدىغان CD لىرىمۇ بار.

ئەسلىدە بۇ ماشىنا بىر شىركەت باشلىقىنىڭ بولۇپ، قىماردا قاۋۇزغا قىرىق مىڭ سومغا تەۋە قىلىپ ئۆتتۈرۈۋەتتى. ماشىنىنى

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئىشلەتكەنلىكتىن بەزى يەرلىرىنىڭ سىرلىرى ئۆچكەن بولسىمۇ سىنىدىن كەتمىگەنىدى. قاۋۇز ئۇنى رېمونت قىلدۇرۇپ قايتىدىن سىر پۈركۈپ يېڭى ھالغا كەلتۈردى. مانا ئەمدى ئۇنى «پىچەت» ماشىنا قاتارىدا تۇردى ھەسەنگە سوۋغا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ.

— تۇ نازىر، قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، — دېدى قاۋۇز ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋېتىپ، — يۈرۈڭ، ئەمەت ھاجى قەشقەرلىقنىڭ مانتىسى داڭلىق، بېرىپ يەپ كېلەيلى.

قاۋۇز ھەيۋەتلىك بېزەلگەن «نىسسان»نى ھەيدەپ دەريا بويىدىكى بىر كۆتۈرمە ئاشپۇزۇلغا باردى. ئۇلار قىپقىزىل پاياندار سېلىنغان تىك ھەم ئېگىز پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. قاياقتىندۇر كۆرۈپ قالغان ئەمەت ھاجى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قاۋۇزغا بۆلەكچىلا مېھماندوستلۇق قىلىپ كەتتى. ئاشخانىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك دەرياغا ئۇسۇپ كىرگەنىدى. ئەمەت ھاجى ئۇلارنى ئاستىدا سۇنىڭ شارقىراشلىرى ئاڭلىنىۋاتقان، سالاسۇندىن دەريانىڭ ئۇ قانىتىدىكى مەنزىرىلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەپلىك يەرگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم بىر لېگەن پېتىر مانتا بىلەن ئىككى تەخسە خام سەي كەلتۈرۈلدى.

ئەمەت ھاجى ئۇلارنى «ئېلىشسىلا ـ بېقىشسىلا» دېگىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ پەسكە قاراپ: «ھاي باللار دەيمەن، ئىككى ئەزىز مېھمانغا چاينى قويۇق ـ قويۇق بېرىپ تۇرايلى، ماقۇلمۇ...» دەپ ۋارقىرىدى. قاۋۇز پېتىر مانتىنى شوپۇلاپ، ھەدەپ ئاغزىغا تىقماقتا ئىدى. لېكىن تۇردى ھەسەن ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى «نىسسان»غا پات ـ پاتلا كۆز تاشلايتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ماشىنىلار ئىچىدىكى «بەگزادە» گىلا ئوخشايتتى.

— تۇ نازىر، «نىسسان»غا تېخىچىلا كۆڭۈل توختىتالماي تۇرۇۋاتامسىز قانداق؟ — قاۋۇز خام سەيدىن ئاغزىغا تولغىچە

سالدى، — بۇرادەرلىك كەمەرىنى باغلىغان ئاغىنىلەر ئۈچۈن ئۇ قانچىلىك ئىشتى... تېخى بۇمۇ بار.

قاۋۇز سۇنغان ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق چەكنى كۆرگەن تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى يالتىراپ غۇرتتىدە يۇتۇندى! ئۇ كۆڭلىدە «بايۋەچچە نەئىمە ئۈچۈن جىنىنىمۇ ئايىمايدىكەن ـ دە!» دېگەن ئوي لىپپىدە قىلىپ ئۆتتى.

— قاچانكى نەئىمە بىلەن بولغان ئىشىم ئۇقتاسىغا كەلگەندە، — دېدى قاۋۇز تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — چەكنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بېرىمەن. بولدى، بولدى خىجىل بولماڭ دەيمەن، دادام دېگەن نائەھلى سىزنى قانداق يولغا سالغانلىقى غەمكىن چىرايىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرامدۇ. مۇشۇ پۇل بىلەن ئالتۇن دۇكىنىنى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىمەن.

ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق چەكنىڭ راستلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئەمما تۇردى ھەسەن ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى تامشىپ، كۆزلىرىنى ھېيتلاتسا بولىدۇكى، تامدىكى جاناننىڭ سۈرىتىدەك ئەسقاتمايتتى. قاۋۇز ۋاقتانى ـ ۋاق كەلگەندە بانكىغا بېرىپ: «ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق چېكىم يوقالدى» دەپ چەكنىڭ نومۇرى ھەم مەخپىي نومۇرىنى دەپ بەرسە، بۇ چەك تۇردى ھەسەننىڭ يانچۇقىدا ئاغرىماي ـ سىلىماي تۇرۇپلا قازا قىلاتتى... ئەمدى قىرىق مىڭ سوملۇق كونا نىسسانمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوملۇق يېڭى ماشىنىغا ئايلىنىپ ئۈچ ھەسسە پايدىسىغا ماڭاتتى. قاۋۇزنىڭ پىلانى ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ، نەئىمەنىلا قولغا كىرگۈزۈش بولماي بەلكى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئىككى گىرىم دۇكىنى ئاساسىي نىشان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل — دۇنياغا ھېرىسمەن تۇردى ھەسەننى قارماققا ئىلىندۇرۇپ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن قانۇنىي جاۋابكارلىقلارنى شۇنىڭغا ئارتمىسا بولمايتتى.

شۇڭا بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوملۇق ئۆزۈك، ئىككى يۈز

مـىڭ سوملۇق چەك، بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوملۇق ماشىنا ئەمەلىيەتتە تۇردى ھەسەننى گۆرگە سۆرەپ بارىدىغان يەمچۈك ئىدى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدە: «پاھ، قاۋۇز بايۋەچچە نەئىمەنى ئالماي تۇرۇپ بەش يۈز مىڭ سومدەك خەجلەپ بولدى» دەپ تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئەمما نەئىمەنىڭ رازىلىقى مەسىلىسىدە راسا كۆڭۈل توختىتالماي تۇراتتى...

— بۇ... قاۋۇز بايۋەچچە، بەك... بەك كايىپ كېتىپ-سىز، — تۇردى ھەسەن ھاياجان شادلىقىدا نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالدى، — بىراق مەن سىزنىڭ دېگەن يېرىڭىزدىن چىقالماي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن... ھەممىنى قىلىۋاتقىنى خوتۇن دېگەن ھازازۇل...

— بىلىمەن، سىز ئۆگەي قىزىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزنى لەت قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەۋاتىسىز، — قاۋۇز ئۇنىڭ مۇرىسىنى پەپىلىدى، — نەئىمە ئۇزۇكنى قوبۇل قىلىپ بارمىقىغا سالدىمۇ، بولدى، قالدىسىدا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە مەندىن ئالغان نەرسىلەرگە تېنىۋالمىسىڭىزلا بولىدۇ.

— توۋا دەڭ، بايۋەچچە، شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ؟...

— چاقچاق، ھە، چاقچاق، — قاۋۇز غەلىتىلا ھىجايدى. ئۇنىڭ ھىجىيىشىغا ھىيلە- مىكىر بىلەن يۇغۇرۇلغان شۇملۇق يوشۇرۇنغانىدى. قاۋۇزنىڭ پۇرسەت يېتىلگەن ھامان نەئىمەنى بۇلاپ كېتىپ نومۇسىنى بۇلغاش ئارقىلىق ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئويى بار ئىدى. ئەگەر نەئىمە يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقماي داۋراڭ كۆتۈرۈپ قالسا، قاۋۇز: «تېگىمەن دەپ مۇنچىلىك پۇلۇمنى خەجلىدى، لېكىن باشقا بىرسىنى تېپىۋېلىپ مەندىن يۈز ئۆرىدى. بۇنىڭغا دادىسى گۇۋاھ...» دېيىش ئارقىلىق ئاتا- بالىنىڭ يۈزىنى تۆكمەكچى ئىدى. تۇردى ھەسەن دەسلەپتە قاۋۇزنىڭ مەقسىتىنى ئاڭقىرالماي ۋەھىمىگە چۈشتى. لېكىن ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان چىرايىدىن: «ساڭا گەپ كەلمەيدۇ،

ئۆگەي قىزىڭمۇ زۇۋانىنى ئاچالمايدۇ. ئەگەر ئۇ پوپالڭ كۆتۈرسە، يۈزى كېتىدۇ... چۈنكى ئۇزۇكنى قولىغا سالغان تۇرسا...» دېگەن سۈيىقەست بىلەن قېزىلغان ئورىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇندىلا ئۇ، ئۆگەي قىزى نەئىمەنىڭ نومۇسىنى بۇلغاپ ئاندىن نىكاھىغا ئالماقچى ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەن تۇردى ھەسەن بېشىنى گىلدىڭلاتتى.

— ئۇقتۇم!

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ ماشىنا قېشىغا كەلگەندە كۆمۈرچى بالا ھەققىدە خېلىغىچە كۇسۇرلاشتى. تۇردى ھەسەن بىرنېمىنى ئويلىدى بولغاي، خالىئاينىڭ ئۇنى داۋالاتقانلىقىنى دېمىدى.

— ئەمدى ئۇ قەلەندەر ھوربىدىن چۈشتى، — دېدى قاۋۇز ئاچچىقىدا، — بۇنىڭدىن كېيىن نەئىمەنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالمايدۇ. ئەگەر يەنىلا بۇرنىغا سۇ كىرمىسە ماڭا دەرھال خەۋەر قىلىڭ، ئۇنى بىر يولىلا جەھەننەمگە يوللايمەن...

— بولىدۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — تۇردى ھەسەن ماشىنىنىڭ خۇشلۇقىدا خۇشامەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزمەكتە ئىدى، — ھە، راست، دادىڭىزنىڭ ئون يەتتە ياشلىق قىزغا ئۆيلىنىشۋالغىنى قانداق بولدى؟

— كۆمۈرچىنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن يىگىتلەر بىر ھەپتە تىلىڭ تىڭلاپ يۈرۈپ، دادام دېگەن زىناخورنىڭ تۇتقان ئۆيىنى تاپتى، — دېدى قاۋۇز گارتتىدە كېكىرىپ، — ئاندىن بىر كېچىدە بېسىپ كىرىپ، ئىككىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ، ھازىر ھېلىقى پاسكىنا جالاپ دوختۇرخانىدا...

— نېمە؟... ئەغزەم تۆرىنىمۇ ئۇردى دەمسىز؟

— شۇنداق قىلمىساق مەندىن گۇمانلىنىپ قالامدۇ، شۇڭا ساقچىلار: «قىزنى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ قىلغان ئىشى» دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى.

— مۇنداق دەڭ، — تۇردى ھەسەن ئەغزەم تۆرىنىڭ يۈز -

پېشانىلىرىدىكى جاراھەت ئىزلىرىنىڭ ھەرگىز ماشىنا ھادىسىسىدە بولمىغانلىقىنى، شۇنداقلا قاۋۇزنىڭ دادىسىغىمۇ رەھىم قىلماسلىقتەك ياۋۇزلۇقىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ، يوللاردا ئاۋايلاپ ھەيدەڭ، مەن تاكسى يالاپ كېتىمەن.

تۇردى ھەسەن قاۋۇزنىڭ ئىككى قولىنى قاتتىق سىقىپ بىر چاغقىچە سىلكىدى. ئاندىن ماشىنىغا چىقتى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتىگەنكى بولكىۋاينى ئەسكە ئالدى. دېھقانلار ئۇنىڭغا «قاسقان» دەپ بىكارغىلا ئات قويماپتىكەن. تىنجىقلىقىدىن نەپەس بوغۇلۇپ سېسىق تەر ھىدىدىن كۆزلىرىگىدىن ياش قۇيۇلۇپ، قىسىلىپ، ئېشىلىپ ... خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق كۈننى.

تۇردى ھەسەن چوڭ يولغا چىقىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەرلەرنىڭ يوللىرى كەڭ ـ ئازادە بولغىنى بىلەن ماشىنا ھەم ئادەم شالاڭ بولغاچقىلا خېلىلا تېز ھەيدىگىلى بولاتتى. تۇردى ھەسەن ئەمدىلا شەھەر بوسۇغىسىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن يول چېتىدىكى ماشىنا بېكىتىدە تۇرغان ساقچى باشلىقى مەخمۇت زىيانى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ماشىنىسىنى ياندىغاچ كابىنكا ئىشىكىنى ئېچىپ ئىشارەت قىلىشى بىلەن مەخمۇت زىيا دەرھاللا چىقىۋالدى. تۇردى ھەسەن ماشىنىنى ھەيدىگەچ كونا ساۋاقدىشى بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— پاھ، پاھ، جاھانغا ئوت كېتەمدۇ نېمە؟ — دېدى مەخمۇت زىيا گەدەنلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ، — مەشەدە ياشىنىپ قالغان بىر ھەدەم بار، شۇنى يوقلاپ كېلىشىم.

— ساقچى باشلىقى، بېكەتتە ماشىنا ساقلىسا غەلىتىلا تۇرىدىكەن، — تۇردى ھەسەن كۈلۈپ قويدى، — ھە، ماشىناڭچۇ؟

— ماشىنىنىڭ ماتورىدىن چاتاق چىقىپ ئىدارە رېمونتخانىسىدا.

— هازىر ئۆيگە كېتەمسەن، ئىدارىگىمۇ؟
— ئۆيگە، — مەخمۇت زىيا سائىتىگە قارىدى، — چۈش بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەپ ماڭارسەن؟
— تاماقنى باشقا بىر كۈنى يەي، هازىر چىلانلىققا قايتمىسام بولمايدۇ.
— يائاللا، قاچانلا بولسا ئاشۇنداق ئالدىراشلا يۈرىدىكەنسەن. ئەمدىغۇ ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەرسەن... پېنسىيىگە چىقىپسەن مانا.
— كىمدىن ئاڭلىدىڭ، — تۇردى ھەسەن ئىتتىكلا قارىدى.
— ئەغزەم تۆرىدىن.
— ئەغزەم تۆرىدىن دەمسەن؟ قاچان؟...
— ئۈنىڭغا، — دېدى مەخمۇت زىيا چېكىسىنى تاتىلاپ، — ئون بەش - يىگىرمە كۈندەك بولۇپ قالدى. ھەي... بۇ ئادەم يەتمىشكە ئۆلىشىپ قالدى، قاچانغىچە ئىشقىۋازلىقنى تاشلىمايدىكىنتاڭ... يېقىندا بولغان بىر ئىشنى ئاڭلىدىڭمىكىن؟
— قايسى ئىش ئۇ؟
— ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزنى نىكاھلاپ ئېلىپ، شەھەر سىرتىدىن ئۆي تۇتۇپ بەرگەن ئىشچۇ؟
— ھە، ھە، ئازراق ئاڭلىغان.
— قاۋۇز تىمىسقلاپ يۈرۈپ ئۆيىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە نىقابلانغان ئادەملىرىنى كىرگۈزۈپ شۇنداق ئۇرۇپتىكى، ھېلىقى قىز ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. ئەغزەم تۆرە قوڭىدا ئىشتان يوق ئۆزىنى دېرىزىدىن تاشلاپتۇ... ئەمما ئۇمۇ تاياقنى ئۆلگىدەكلا يەپتۇ.
— خوپ بوپتۇ، — تۇردى نازىرنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى، — ئۆلتۈرۈۋېلاۋەتسىچۇ بۇزۇق قېرىنى.
— ئەغزەم تۆرە: «بۇ قاۋۇز دېگەن تەلۋىنىڭ ئىشى، ئۇنى ئون يىللىق سولاپ بېرىڭلار» دەپ كېلىدۇ. قاۋۇز بولسا: «بۇ

قىرى پاھشۋازنى قوش نكاھلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغلار» دەپ بېسىم ئىشلىتىدۇ··· ۋاي - ۋاي! بۇ ئامراق ئاتا - بالىلارنىڭ ئىشىنى دېمەيلا قوي.

— ئاتا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىنى يانپاشقا ئېلىپ يىقىتىش ئۈچۈن قۇرۇق كەلمەيدۇ دېگىنە.

— قوي بۇنداق گېپىڭنى، بىز ساقچى ئورۇنلىرى ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي.

ماشىنا ھەرەمباغ كوچىسىغا كىرىپ ئۇزۇن ماڭمايلا يېشىل دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. مەخمۇت زىيا تاماققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدى. باياتىن بېرى بولۇنغان گەپلەر، ئەغزەم تۆرە بىلەن بولغان زېرىكىشلىك سۆھبەت كاللىسىغا كىرىۋالغان تۇردى ھەسەن سەھرا يولىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنى چىگىش خىياللار ئۆز ئىلكىگە ئالدى···

خۇدايا توۋا، بۇگۈن ئەغزەم تۆرە نېمىلەرنى دەپ كەتتى - ھە؟! نېمىدېگەن يۈزسىز دوك ئۇ! كونىلار: «قاساپ مالنى پىچاق بىلەن سويار، سودىگەر ئادەمنى پىچاقسىز سويار···» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن - دە! يىگىرمە تۈمەنلىك «قەرز» ھۆججىتى راستىنلا ئەغزەم تۆرىنىڭ ئېسىدە يوقمىدۇ؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سودىگەر دېگەن ئون يىل ئالدىدىكى تورۇس يوچىقىغا قىستۇرۇپ قويغان ئون تىيىننى ئۇنتۇمايدۇ دەپ بىكار دېمىگەن. ئۇنداقتا «لەۋزى قىلغانمۇ بولاي»، دېگىنى «قەرز» ھۆججىتىدىن ئۇزۇل - كېسىل تانغانلىقى! «لەۋزى دېگەن ئېغىزدىكى گەپ» دېيىش ئارقىلىق «ساڭا ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىم يوق» دېگىنى ئەلۋەتتە. ئەمىسە «ئۇنداق ھۆججەت بولسا، راستىنلا قانۇنلۇق بولىدۇ···» دېگىنىچۇ؟

تۇردى ھەسەننىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز بىر كالتەك چۈشكەندەك قالتىراپ كەتتى··· چۈنكى دەھشەتلىك بىر گۇمان ئەغزەم تۆرىنىڭ

سۇيىقەستلىك ئىنچىكە پىلاننى يالىڭاچلاپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.
... ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالتۇن كان ئېچىش رەسمىيەتلىرى مەركەزدىن تەستىقلىنىپ كەلگەندىن كېيىن تۇردى ھەسەن ئۇنى پولات ئىشكاپىغا سېلىۋېلىپ قەستەن ئارقىغا سۇردى. يۈز ساغلىق — يوغان چايناپ ئۆگىنىپ قالغان چىشلارنىڭ كامىرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئەغزەم تۆرە: «كان ئىشقا كىرىشتۇرۇلۇپ ئىككى يىل بولغاندا يىگىرمە تۇمەنلىك بىر ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىش»نى ۋەدە قىلدى. بۇ ھۆججەت ئەينەن يېزىلسا ئوچۇق - ئاشكارا پارا بولۇپ قالاتتى. كېيىنچە قارشى تەرەپ تېنىۋالسا قانۇن ئورۇنلىرىغا كۆرسەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا تۇردى ھەسەن ھۆججەتنى: «مەن ئالتۇن دۇكىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، تۇردى نازىردىن يىگىرمە تۇمەن سوم ئالدىم. بۇ ھۆججەت قانۇنىي كۈچكە ئىگە» دەپ يازدۇرۇپ، ئەغزەم تۆرىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇۋالدى.
شۇ كۈنى ئۇلار بۇ توختامنى ھەم كان رەسمىيەتلىرىنى تەبرىكلەپ ئاشخانىدا تاماق يېيىشىپ ئازراقتىن مۇسەللەس ئىچىشتى. كەچتە تۇردى ھەسەن يەنئەن يولىدىكى ئۆيى ئالدىغا بېرىپ ماشىنىنى ئەمدىلا توختىتىشىغا دەرەخ ئارقىسىدىن پىچاق كۆتۈرگەن ئىككى نىقابلىق ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى ھۆججەت بىلەن قوشۇپ ئېلىشتىن سىرت، قول سائىتى ھەم كاستۇم - بۇرۇلكىلىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ قويدى... ئەغزەم تۆرىنىڭ «ھۆججەتنى تاپشۇرمىسىلا راستىلا ماڭا تۆھمەت قىلغان بولىدىلا» دېيىشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە! ئەسلىدە ھېلىقى بۇلاڭچىلار ئاشۇ قىرى دوكىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇرامدۇ! ئەگەر مەن ھۆججەتنى چىقىرىۋالمىسام «ماڭا تۆھمەت قىلدى» دەپ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىشى مۇمكىن... ئۇنداقتا زەھەرلىك پىلاننى ئويغاتماي، سىڭگەن نېنىمنى يەپ يۈرۈشۈم كېرەكمۇ!

— ۋا!! !...

كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى كەسلەنچۆكتەك بەدرەڭ بولۇپ كەتكەن تۇردى ھەسەن قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە ماشىنىسى بىر پىرقىرىتىپ يول چېتىدىكى كىچىك ئورمانغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ۋەھىمىلىك خىياللار ئىلكىدە كۆزلىرى تورلىشىپ ئالامەت چوڭ بىر يۇك ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدى. ساقاللىق شوپۇر كابىنكا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ، پور قورساق ئەبلەخ، — دېگىنىچە شالاقىدە تۇكۇرۇپ كېتىپ قالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ پېشكەللىكنى كۆرۈڭ... ھېلىمۇ ياخشى ئۆرۈلۈپ كەتمىدى، بولمىسا ماشىنا كاردىن چىقاتتى.

تۇردى ھەسەن «بەگزادە» سىنىڭ جاراھەتلەنگەن ياكى جاراھەتلەنمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ماشىنىنى چۆرگىلەپ سىلاشقا باشلىدى...

## 17

سايلار قىسقىراپ، چىڭقىچۆش بولۇپ قالغانىدى. ئەمرۇللا تەمبۇر كاۋا بارالڭ تېگىدىكى سۇپىدا ھاسىسىغا ئېگەك تىرەپ، بېغىدىن كېلىۋاتقان بوش تەمبۇر ئاۋازىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. پەس، لېكىن مۇڭ - زار بىلەن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ مىسكىن جاراھەتلەنگەن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان پىغانلىق بىر ندا ئىدى! ئەمرۇللا تەمبۇر ياشقا تولغان گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن تونۇر كاۋىسى، مانتا كاۋىلىرى يۇمىلىنىپ ياتقان ئۆگزىگە قارىدى. مانا ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان كەپتەرخانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باغدىن ھېلىقى ھەسرەتلىك مۇڭ يۈرەكلەرنى ئەلەمزادە قىلىپ سالقىن تارىماقتا ئىدى. غۇلجىنىڭ ئەڭ قەدىمي

ئالمىلىرىدىن سارىمئالما، مەنپەزە، لىمون، ئىستولۇۋۋي، ئىستاكان ئالمىلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بۇ باغنى مۇشك - ئەنبەر ھىدلىرىغا تولدۇرغان... باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇچاق يەتكۈسىز بىر تۈپ ئاق ئۆرۈك بار. ئۇنىڭغا يۆلەپلا سېلىنغان ياغاچ سۇپىدا باش ھەم جەينەكلىرى تېگىلغان، يۇزلىرىدىكى جاراھەت ئىزلىرىدىن يادنامە بولۇپ كۆكۈچ، قىزغۇچ داغلار سۇس كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇغلۇق ئۆرۈككە يۆلەنگىنىچە دادىسىنىڭ تەمبۇرىنى چېرتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنى خالئاي بىلەن ئاياز ئىككىسى ئۇچ كۈننىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىدىن ئاچىقىپ باغدىكى مۇشۇ سۇپىغا ئورۇن سېلىپ بەردى. ئۇلار تۈنۈگۈن يەنە يوقلاپ كەلدى. ئەكەلگەن دورىلىرىنى قانداق ئىچۇرۇش ھەققىدە ئەمرۇللا بوۋايغا چۈشەندۇردى. قايناق سۇ ساقلاش ئۈچۈن خالئاي چايدانمۇ ئېلىپ چىققانىدى. تۇغلۇقنىڭ نەئىمە توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغۇسى بارلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئاشۇ مېھرىبان قىزنى كۆرمىگەنگە ئوتتۇز ئالتە كۈن بولغانىدى. خالئاي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك: «نەئىمە بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە كېلىپ قالارمىكىن...» دېيىشى بىلەن تۇغلۇقنىڭ چوڭ كۆزلىرى شۇ ھامان لىپمۇلىق ياشلارغا تولدى. ئەلۋەتتە بۇ يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان شادلىق شەربەتلىرى ئىدى.

خالئاي ئەمرۇللا بوۋاي بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى. بوۋاي خالئايغا مىننەتدارلىقىنى ئېيتىپ يىغلىۋەتتى. دېمىسىمۇ دەسلەپكى كۈنلەردە تۇغلۇقنى كۆرگەنلىكى ئادەم بېشىنى چايقايتتى. ھەتتا دوختۇرمۇ ئۇمىدسىزلىنىپ:

— قېنى ئامالىنى قىلىپ باقايلى، لېكىن بىز خۇدا ئەمەس، — دېگەنىدى.

باغ ئىچىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازلار كېلىش بىلەن تۇغلۇق تەمبۇرنى ئۆرۈككە يۆلەپ قويۇپ قارىدى. ئۇنىڭ

كۆمۈرچى ئاغىنىلىرىدىن مۆنۈر، پىدا ھەم ھاراقكەش بۇرادىرى زىكرى ئوراكۆزلەر ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. تۇغلۇقنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى ئۇلار ئوتتۇرا كېچىگىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدى. بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر مۆنۈر بىلەن پىدانىڭ چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى.

— تۇغلۇق، ئۇلۇشكۈن سېنى دوختۇرخانىدىن ئەمدىلا ئاچىققاچقا ئۈندىمەي چىقىپ كەتتۇق، — دېدى مۆنۈر يۇمۇق ئېغىر تەلەپپۇزدا، — بىز تارسۇلۇق ئاغىنىلەردىن ئىسراپىل، دانى، پەقرۇل، ئابۇكلار بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. سېنى ئۇرغان ھەزىلەكلەردىن قىساس ئالىمىز...

— راست گەپنى قىلسام، — پىدا كىرىپە قوللىرىنى شىلتىدى، — ئاچچىقىمىزنى چىقارمىساق خاپىچىلىقتا قورسىقىمىز تاراسسىدە ئېتىلىپ كېتىدۇ دېگىنە.

— ھەي، مۆنۈر، — زىكرىنىڭ ئورا كۆزلىرى چىمچىقلىدى، — سېنىمۇ ئاغىنە دەپ يۈرۈپتۇق، بايىقىلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئىسمىم چىقمىدا؟

— ئەمدى قارا، ھېلىقى گۇيلار ئىككى رومكا ھاراق بېرىپ قويسىلا، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىگە پەشۋا ئېتىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىدۇق دېگىنە.

مۆنۈرنىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەنوي مۆنۈر، كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپلا گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەنسىنا، — ھەممىسى كۈلۈشتى. چۈنكى زىكرى مۆنۈرنىڭ «يۇمۇق» لەقىمىنى چىشلەپ تارتقانىدى، — مەنچۇ قارا، بىر - ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ مۇشتلىشىدىغان بولسام، ۋۇسۇڭ پىيەنچۇكنىڭ ئۆزىلا بولىمەن دېگىنە.

— ۋۇسۇڭ ئەمەس، شىر بولۇپ كېتىسەن - دە، شىر! — دېدى پىدا مەسخىرە بىلەن.

— ئاغىنىلەر چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، لېكىن كۆڭلۈڭلار ماڭا

تېگىل بولدى، — دېدى تۇغلۇق تەمكىن هالدا، — ئۇلارنى تونۇمىساق نەدىن تاپىمىز؟

— بىرەرسىنىڭ چىراي شەكلىنى دەپلا بەرسەڭ، شەھەردىن ئىزدەپ يۈرۈپ تاپاتتۇق، — دېدى مۇنۇر كەسكىن هالدا، — شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بىر - بىرلەپ ئەدىبىنى بەرگىلى بولاتتى. زادى بىرەرسىنى تونۇۋالالمىدىڭما؟

— ھەممىسى نىقابلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە تۇرسا، — تۇغلۇق بەزى ئىشلارنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى، — قانداقمۇ تونۇغىلى بولسۇن.

— ھەي، «ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ» قىلمايلىمۇ؟ — مۇنۇر ئاغىنىلىرىگە ئېگىشتى، — بىزمۇ نىقابلىنىپ تۇردى نازىرنى ھۇجرىسىدىلا بېسىۋېلىپ، كانىيىغا پىچاقنى بىرلا تاقايدىغان بولساق چوقۇم بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىمىز.

— مۇنۇر، تولا ساراڭلىق قىلما، — تۇغلۇق ئالايدى، — بۇ ئىشتا تۇردى نازىرنىڭ شېپىگەرچىلىكى بارمۇ يوق بىلمىسەك، قولىمىزدا ئىسپات بولمىسا بىكاردىن - بىكار يولسىزلىق قىلساق بولامدۇ؟

— ئەمىسە مۇشۇنداقلا بولدى قىلىمىزمۇ؟ — پىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — راست گەپنى قىلسام، تارسۇلۇقلارنىڭ گاڭگۇڭلىقىنى بىر تونۇتۇپ قويساق بولاتتى.

— سەۋر قىلايلى، نەئىمەنىڭ ئاپىسى خالئاي، ئاياز كاملار شەھەرلىك ساقچىغا مەلۇم قىلدى، — ئاغىنىلىرىنىڭ بىرەر قاراملىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن تۇغلۇق يالغان ئېيىتتى، — ئۇلار تەكشۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق چاغدا قالايمىقان ھەرىكەت قىلساق بولماس.

— ئەمدى خالئاي خانىمغۇ خېلىلا ئىنساپلىق ئايالدەك قىلىدۇ، — دېدى مۇنۇر ئىككى ئويلۇق بولۇپ، — لېكىنزە يەنىلا

شۇ ھېلىقى پور قورساقنىڭ خوتۇنى ـ دە!
— ھەي زىكرى، — دېدى تۇغلۇق ئاغىنىلىرىنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، — سەن قاچانغىچە يەپ قاچا بىكار قىلىپ يۈرىدىغانسەن، ئاپاڭ بىچارىنى قاقشاتمىساڭ بولمامدۇ؟
— شايىكام بوتكىچى: «سىنىڭ نېسىگە ئىچكەن ھارىقىڭنى ئۈچ يۈز سومدىن ئاشتى» دەيدىغۇ، — مۇنۇر ئۇنىڭغا گۆلەيدى، — نېمانداق ئادەم بولمايدىغان نېمىسەن.
— مەن دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىدا «ئوقەت قىلىمەن» دەپ ئىككى يۈز سوم ئالغانىدىڭ، ئۇنى قانداق قىلدىڭ؟ — تۇغلۇق زىكرىگە مىختەك قادالدى، — ئاڭلىسام شايىكامغا بېرىپسەنغۇ؟
— قەرز بەش يۈز سومدىن ئېشىپ كەتكەچكە، شايىكام نېسى ھاراق بەرمىگەن گەپ، — دېدى مۇنۇر ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — شۇڭا سەن بەرگەن ئىككى يۈز سومنى بېرىپ ئاران قۇتۇلدى.
ئاغىنىلەر زىكرىگە كۆيۈنگەن ھەم ئېچىنغان ھالدا بىرھازا تەربىيە ۋە تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن مۇنۇر بىلەن پىدا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. تۇغلۇق زىكرىنى ئېلىپ قېلىپ، قىلمىغان ياخشى گېپى قالمىدى. زىكرى مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. باغرى يۇمشاق تۇغلۇق بولسا، خالئاي «خەجلەڭ» دەپ، ئۇنىمىسا ـ ئۇنىماي يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بىر يۈز ئەللىك سومنىڭ ھەممىسىنى زىكرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.
— قارا، زىكرى، ۋېلىسىپىتىڭ بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلىساڭ بىر كۈندىلا ئون ـ يىگىرمە تېرە يىغىۋالىسەن، خەنزۇ بازىرىغا ئەكىرىپ تېرە يىغىۋاتقان جاللاپ باللارغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يەتمىش ـ سەكسەن سوم، بولمىسا بىرەر يۈز سومغا ئىشلەيسەن. تىرىكچىلىك تۇرمۇشنىڭ زىننىتى دېگەن شۇ، — تۇغلۇق زىكرىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئويلاپ باقە، پىدادىنمۇ پۇل ئاپسەن، ئىشلىمەيدىغان قانداق كاللا

بۇ! ساڭا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئادەمدىن پۇل سوراشقا نومۇس قىلمىدىڭما؟... كېيىنچە سىڭلىمنىڭ يۈزىگە چىپىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ بېشىرئايىنى ئايىساڭ بولمامدۇ؟...

زىكرى كۆزلىرىنى سۈرتكەچ باغدىن چىقىپ كەتتى. يالغۇز قالغان تۇغلۇق ئۆرۈككە يۆلەندى. ئاندىن تەمبۇرنى ئېلىپ ئاستا چېلىشقا باشلىدى.

ئەمرۇللا بوۋايغا تەمبۇر دېگەن لەقەمنىڭ قاچان سىڭىپ قالغانلىقى نامەلۇم. بىراق ياشلىقىدىن تارتىپلا توي - مەرىكە، بولۇپمۇ مەشرەپلەردە ئېلى ناخشىلىرىغا تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ داڭ چىقارغانىدى. دانەم موماي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەمرۇللا كىچىك تۇغلۇقنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ نە- نەلەردىكى مەشرەپلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. خۇددى «ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېقى يۇقىدۇ» دېگەندەك تۇغلۇقمۇ بارا - بارا تەمبۇرگە ئىشتىياق باغلاپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇ تەمبۇرنى چالدىيۇ، بوۋاي ھاسىسىغا ئېگىكىنى تىرەپ، كۆزنى يۇمغان ھالدا ئېلى ناخشىلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ ئالقىنىنى تىزىغا ئۇرۇپ بوش ئېيتىلغان سادىر پالۋان ناخشىسىنى زوق - ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى...

تەمبۇر چېلىۋاتقان تۇغلۇقنىڭ بىردىنلا كۆز ئالدىدا نەئىمە پەيدا بولدى. ئۇ تۇغلۇققا كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇرۇشساق بەك پەيزى بولىدىكەن» دەۋاتاتتى. تۇرۇپلا بۇ ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ كىچىك چوقۇردىكى سىيماسى پەيدا بولاتتى - دە، تۇغلۇقنىڭ ياش قاپلىغان كۆزلىرىدە ئېرىپ يوقاپ كېتەتتى. تۇغلۇق بىردىنلا غوڭۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاسمانغا قارىدى. ئۆرۈك، ئالمىلارنىڭ شاخلىرى ئارىلىرىدىن كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلىرىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ دادىسىنىڭ ئوغلىنى ھەسرەتلىك خىياللاردىن خالاس قىلىش ئۈچۈن كەپتەرلەرنى كۆككە قويۇۋېتىش چارىسى ئىدى. دېگەندەك كەپتەرلەر ئۇنىڭ كۆز

ياشلىرىنى، ھەسرەت ـ پىغانلىرىنى نەئىمە تامان ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن تۇغلۇق سۈزۈك ئاسماندىكى كەپتەرلىرىگە قارىغىنىچە تەمبۇرنى قايتا سازلىدى. بۇ چاغدا ئەمرۇللا بوۋاي دەرۋازىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سومكا كۆتۈرگەن ئاجايىپ نازىنىن بىر قىز تۇراتتى. باشتىن ـ ئاياغ ئاپئاق كىيىنىۋالغان بۇ قىز بەئەينى جەننەتتىن ئۇچۇپ چىققان پەرىزاتقىلا ئوخشايتتى.

— چوڭ دادا! — نەئىمە بوۋايغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى، — تۇغلۇق... ئۇ قېنى؟...

نەئىمە بوۋاينىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆي تەرەپكە مېڭىۋېدى، بوۋاي ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، باغدىن كېلىۋاتقان پىغانلىق ناخشا ھەم مىسكىن تەمبۇر ئاۋازىنى ئىشارە قىلدى...

...كەپتىرىم قاقما قانات،
كۆڭلۈم پاراكەندە مېنىڭ...

— ئاڭلىدىڭىزمۇ قىزىم، — بوۋايمۇ يىغلىۋەتتى، — سىزدەك ئاق كەپتىرىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئۇ ناتىۋان يىگىت كەپتەرلىرىگە ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ...

نەئىمە سامانخانا بىلەن ئات ئېغىلى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك باغ ئىشىكىگە قەدەم ئالدى. بوۋاي «مېڭىۋېرىڭ» دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى. نەئىمە باغدىكى ئالما تۈپلىرىنى دالدا قىلىپ، ئۆرۈكنىڭ ئارقىسىغا بېرىۋالدى. شۇندىلا ئۇ ناخشىنى ئېنىق ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى...

ئايرىلىپ ياردىن ئەزىز،
يالغۇز بېشىم غەمدە مېنىڭ...

نەئىمە ئۇنسىز يىغلىۋەتتى... تۇغلۇق كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا كىم بىلەندۇر مۇڭداشماقتا ئىدى...

كەپتىرىم كەتمە ئۇچۇپ،
سالما جۇدالىققا مېنى.
بۇ جۇدالىق زۇلمىدىن،
كەتتى چىرايىمنىڭ خۇنى...

تۇغلۇقنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار يۇمىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تەمبۇر مۇڭلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئاھ ـ زارلىرى خۇددى بورانلىق دەشتتە تېنەپ قالغان بوتىلاقنىڭ نالىسىغا، قوزىسىدىن ئايرىلغان ئاھۇنىڭ پەريادىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

كەپتىرىم، ئۇچما ئېگىز،
ئاسماننى كەزمە، پەستىمەن.
تاڭلا كۆرسەڭ خار ئەمەس،
مەيدەڭدىكى گۇلدەستىمەن...

تۇغلۇق هاردۇق يەتكەندەك چوڭقۇر تىندى... ئاندىن تەمبۇرنى ئۆرۈك شېخىغا ئىلدى. ئەمما تاقەت قىلالمىغان نەئىمە ئۆرۈك ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— تۇغلۇق! ! ...

— نەئىمە! ! ! ...

ئۇلار سۇپا ئۈستىدىلا قۇچاقلاشتى... قىز كۆزلىرىدىكى قىيانىدەك يامراپ كەلگەن ياشلىرىنى سۈرتمەي، يىگىتنىڭ جاراهەت ئىزلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى... يۇمشاق ئالىقانلىرىدا بويۇن ـ يۈزلىرىنى سىلايتتى... ئۇلار جانلىرىغا جان

قوشۇۋاتقاندەك قېتىپ قېلىشتى... يىگىت ھەم قىزنىڭ ياشلىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، ئېقەك يۈزلىرىدىن تامچىلايتتى. قىزنىڭ كىرپىكلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان قەترىلەر خۇددى گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەمگە ئوخشايتتى...

— ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، — دېدى نەئىمە تۇغلۇقنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — لېكىن ئائىلىمىزنى ئاياپ ھېچنېمە دېمەپسىز، سىز... سىز نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل...

— بولدى، يىغلىماڭ، — تۇغلۇقمۇ قىزنىڭ مەڭزىلىرىنى سۈرتتى، — مانا مەن بىر ئوبدان تۇرمامدىم.

— ساقچىلارغا ئۇلارنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئاڭلىمىدىم ھەم تونۇمىدىم دەپسىز، بۇ راستمۇ؟

— ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق پەقەت خالىئاي ھەدەم قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا شۇنىڭغىلا دېدىم، — تۇغلۇق پېشانىسىدىكى جاراھەتنى سىلاپ قويدى، — ئەمما دادامغىمۇ تىنمىدىم...

— نېمىشقا ئەمدى؟

— سىز بىلمەيسىز، دادامنىڭ ئىچى كۆچلۈك ئادەم، ئۇ بىلىپلا قالسا تۇردى نازىرنى ئىزدەشتىن يانمايدۇ.

— مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇپلا بۇ تەرەپكە ماڭغاچقا، ئاپام بىلەن كۆپ سۆزلىشەلمىدىم.

تۇغلۇق بىلەن نەئىمەنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى باغ ئىشىكىدىن كۆرگەن ئەمرۇللا بوۋاي بىر لېگەنگە راسا مەي باغلاپ پىشقان ئالما، شاپتۇل، ئارگىلاتلاردىن ئېلىپ باغقا كىردى. ئۆرۈكنىڭ غولى بەكمۇ يوغان بولغاچقا، بوۋاينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى مۇڭدىشىۋاتقان قىز ـ يىگىت كۆرمەي قالدى. لېكىن بوۋاي ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆرۈكنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

— مېنى ئۇرغانلار سەككىزدەك ئادەم، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا توك كالتىكى، تاياق ھەم بەل تاسمىلىرى بار...

— نېمە شۇنچە كۆپما؟ ۋاي خۇدايىم، ھېلىمۇ ياخشى ئاشۇ غالجىر ئىتلاردىن جېنىڭىز ئامان قاپتۇ.

— يوغان، گەۋدىلىك، توغرا، تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ يالپا يۈزىنىڭ چوقۇر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ مەيدەمگە دەسسەپ تۇرۇپ: «بىلىپ قوي دىۋانە، نازىر ئاللىبۇرۇن نەئىمەنى ماڭا بەخشەندە قىلىۋەتكەن...» دەپ بېقىنىمغا بىرنەچچىنى تەپتى...

— يالغان! تېخى بەدەل تۆلەپتىمىش... پوق يەپتۇ ئۇ قارا تونگۇز...

— تېخى ئۇ، «بۈگۈندىن كېيىن نەئىمەنىڭ ئارقىسىغا يەنە كىرىۋالساڭ، سېنىڭ جېنىڭنى ئالماق خۇددى چىشىمنىڭ ئارىسىدىكى چىرىندىنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەنچىلىكلا ئىش ئۇقتۇڭمۇ؟» دەپ ئاغزىدىكى تاماكا ئوتىنى يۈزۈمگە ياقتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدا توك كالتىكى بولمىغان بولسا مېنى ئۇنچىلىك بوزەك قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ بىرنەچچىسىنىڭ چىشىنى تۆكۈپ، قاپاقلىرىنى يېرىۋەتتىم.

بولۇنغان گەپلەرنى ئۆرۈك ئارقىسىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان بوۋاينىڭ پاخما قاشلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار چاچرىدى.

— نەئىمە، ئۇ زادى كىم؟ — تۈغلۇقنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى.

— قاۋۇز سەتەڭ دېگەن خوتۇنپەرەس، ئۇ ئالتۇن كان خوجايىنى ئەغزەم تۆرىنىڭ ئوغلى.

— ئۇقتۇم، ئەسلىدە سىزنى شۇنىڭغا بەرمەكچى ئىكەن ـ دە؟

— ياق، ئاپام ئۇنى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىپ قوغلىۋەتكەن. لېكىن دادام نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا دادىڭىز مېنى قاۋۇز ئارقىلىق ئوردۇرۇپتۇ ـ دە! بولمىسا ئۇ ئەبلەخ مېنى نەدىن بىلسۇن؟

— پەرىزىڭىز توغرا، ئاپام دادامنى قىيىن ـ قىستاقىغا ئالغاندا، ئاخىرى ئۇ ئىقرار قىلىپتۇ.

ئۆرۈك دالدىسىدا تۇرغان بوۋاي قولىدىكى لېگەننى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇشىنىمۇ ئۇنتۇپ ئارقىغا ياندى. ئۇ ئىچىدىكى غەزىپىنىڭ بىردىنلا پارتلاپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلدى. نېمىلا دېگەنبىلەن نەئىمە ئاشۇ ئائىلىنىڭ قىزى ـ دە…

— نەئىمە، بولدى، ئۇ ئىشلارنى تەگمەيلى، — دېدى تۇغلۇق قىزنىڭ قولىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، — ئۆزىڭىز قانداق تۇردىڭىز، ئىش ـ ئوقەتلىرىڭىز خېلى سەرەمجان تاپقاندۇ؟

— سىزگە بىر خۇش خەۋەر، مەن ئورۇمچى كازىۋەندىكى شوپۇرلۇق مەكتىپىگە بېرىپ سىزنى ئىزدىمىلىتىپ، ئوقۇش پۇللىرىنى تۆلىۋەتتىم، — نەئىمە تۇغلۇقنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، — بىراق ئوقۇش باشلاشقا يەنە بىر ئايدەك ۋاقىت بار ئىكەن.

— دادام، ئاپازكامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئۇنارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىڭىز بىلىپ قالسا…

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادىڭىز ئاپازكامنىڭ تاغىسى ياكى كىچىك دادىسى بولۇپ بارىدۇ… ئاپام: «ئەمرۇللاكام مېنىڭ گېپىمنى يىرمايدۇ» دەيدۇ.

— ئاپىڭىز خالىئاي ھەددەم باھاسىز ئايال ـ دە! دۇنيادا ئۇنداق پەرىشتىدەك ئاياللار كەم ئۇچرايدۇ…

تۇغلۇق بىلەن نەئىمە خالىئاينى چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ تەرىپىنى قىلىۋاتقاندا، ئاياز ئۇنى تال بوستان تېگىدە چىلەك قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ تۇراتتى. خالىئاينىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى.

— ئاياز، قانداقمۇ قىلارمەن، — خالىئاي قىزىرىپ

كەتتى، — ئادەت كىلىدىغان ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتتى. قورسىقىمدا قالغان ئوخشايدۇ...
— نېمە، قورسىقىمدا قالغان ئوخشايدۇ؟ — ئاياز چۆچۈپ كەتتى، — ئۇنداقتا دوختۇرخانىغا ئەكىرەيمۇ؟
— مېنىڭ... مېنىڭ، — خالىئاي يۈزىنى ئەپقاچتىيۇ، مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — زادىلا ئالدۇرۇۋەتكۈم يوق... شۇڭا تەلەي سىناپ باقاي دەيمەن...
— سارالڭ بوپسىز، بۇ... بۇ تەلەي سىنايدىغان ئىشما؟ ئېرىڭىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزىڭىزگە ئايان تۇرسا...
— ئەگەر سىز «ئالىمەن» دېسىڭىزلا مەن چوقۇم ئاجرىشىمەن...
— ئاجرىشىمەن؟
— شۇنداق! ھەقىقىي ئەھۋالنى دېسەم، ئۇمۇ مېنى قويۇۋېتىشى مۇمكىن، — خالىئاينىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، — مېنىڭ... مېنىڭ دېھقان ئايالى بولغۇم بار...
— ئۆمرىڭىز پاراغەتتە ئۆتكەن، دېھقان تۇرمۇشىغا چىدىيالمايسىز.
— سىزلا ۋاپاسىزلىق قىلمىسىڭىز ھەممىگە چىدايتتىم...
— تۇردى نازىر ھەر ئىككىمىزنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ...
— ئۇلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ... نېمىلەر ئۆتۈپ كەتمىگەن...
ئاياز چەكسىز مېھرى بىلەن خالىئايغا ئۇزۇن قاراپ كەتتى ھەم جىنەستىدەك سۈس ھال رەڭ لەۋلىرگە لەۋلىرىنى باستى... بىراق ئارقىسىدىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشى ھەم گۈللەرنىڭ شالدىرلىشىدىن ئۇلار دەرھال ئايرىلغان بولسىمۇ كېچىككەنىدى. ئايەتبۇ ئۇلارغا زەھەر تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى...
— ئايەتبۇ... سىز...

— چۈشلۈك نېمە تاماق ئېتىشنى سوراي دەپ كەلگەنىدىم. لېكىن سىلەر بۇ يەردە مانتا شوپۇلاپ يەۋېتىپسىلەر...

ئايەتبۇ ئارقىغا قايرىلىپلا نېمىلەرنىدۇر غودۇرىغاچ كېتىپ قالدى...

— ئەگەر بۇ چوكاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە، — دېدى ئايـاز ئـۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، — داچىدا بىر قارا بوران كۆتۈرۈلىدۇ!

— مەن قورقمايمەن... بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن! — خالئاينىڭ چىرايى بىردەمدىلا سارغىيىپ كەتكەنىدى، — بولسا پاتراق چىقسۇن... مېنى ئۇچۇرۇپ دەشت ـ چۆللەرگە تاشلىۋەتسە تېخى ياخشى...

خالئاي گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى تار چىغىر يوللار بىلەن ئاستا كىـپتىپ قالدى. ئاياز ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئارقىغا قاراپمۇ قويمىدى.

ئـۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، قارا بوران چىقمىدى. تۇردى ھەسەن خالئايغا «قاۋۇز يىگىرمە تۈمەنگە ھېسابلاپ بەردى» دەپ مـاختىنىپ بەرگەن «بەگزادە» نىسانىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كۈندىلا شەھەرگە كىرىپ كېتىپ كەچتە چىقاتتى. بەزىدە قونۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئىخلاسمەن چىرايىدىن ھـەرگىز بوران چىقىرىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى. ئايەتبۇ يەنە نـېمىگە ساقلايدۇ؟... ئۇ ھازىر ھېچكىمگە قارىمايدۇ. خۇددى ئاغـزىـغـا تالقان سېلىۋالغاندەك زۇۋان سۈرمەيتتى. تامىقىنى ئېتىپ، چېيىنى قايىنىتىپ بولۇپ خوش دېمەيلا ئۆيگە كەتتى. ئۇ ئايازغا تاماق سۇنۇپ بېرىپ، كېچىكىپ چىققىنىغا خالئاي قانداق ئاھانەتلەرنى قىلىپ، نېمىلەرنى دەپ كەتمىدى!... ئايەتبۇ ئېرى يوق چوكان تۇرسا... خالئايدا بار كۆڭۈل ئۇنىڭدا يوقمىكەن؟! «پـىـچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىغا» دېگەن گەپنى نېمىشقىمۇ ئويلىمىغان بولغىيتتى...

هازىر ئاياز كۆنگە بىرەر قېتىممۇ بۇ تەرەپكە ئۆتمەيدۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئوچاق ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگىنىگە قارىغاندا تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يەۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن خالئاينىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. نەئمە ئاپىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن تىت - تىت بولۇپ قانچىلاپ كوچىلاپ سورىسىمۇ ئاپىسى: «ھېچنېمە بولمىدىم، مىجەزىم يوق» دەيتتى. دوختۇرخانىغا بارايلى دېسە ئۇنىمايتتى.

دەرۋەقە خالئاي راستتىنلا ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ ئاياز بىلەن چىن تۇرمۇش مىزانلىرىدىن بەھرە ئالغاندىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەلۋەتتە ئۇ قانداقتۇر بىر ئەمەلدارنىڭ ئەينەك جاھازا ئىچىگە تىزىپ قويغان نەپىس بۇيۇمى، كوچا - كويىلاردا خەقلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان پىستە كۆچۈكى ياكى كۆز تاشلاپ، ئىگەلەپ بېرىدىغان قونچىقى ئەمەس - تە!... گېزى كەلگەندە ئۇ ئۇلۇغ «ئانا» بولالايتتى... بىر ئەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاللا يولىدا ساۋاب ئالالايتتى... ئەلۋەتتە ئەر رازى، خۇدا رازى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ ... بىراق ھازىر ئۇ نازىرنىڭ گۇناھلىرىغا شاھىت بولۇپ، ھارام مەئىشەتتىن ئۆزىنى بۇلغاپ مۈشۈ كۈنگىچە بىر ئۇندە، بىر تۇندە ياشاپ كەلدى... ئۇنىڭدىن كۆرە، قارا بوران چىقامدۇ، ئون ئىككى بال تەيفىنىڭ بورىنى كۆتۈرۈلەمدۇ... مەيلى قارار تاپسۇن ... خالئاي يا قايىنامدىن چىقار ياكى سايرامدىن...

ئايازمۇ خۇددى خالئايدەك سوغۇق بىر جۇدۇننى كۆتمەكتە! پۈتۈن ئۇگە - ئۇگىلىرىدىن، بوغۇم - بوغۇملىرىدىن قارا كۈچ تېمىپ تۇرغان بۇ بەردەم دېھقان— شەھەردىكى شاخ - تاللىرىنى غولىغا باغلاپ قويغان تەتۈر سۆگەتتەك داچىدا ئايىقىن - سايىقىن يۈرەلمەيتتى. تۈردى ھەسەننىڭ چىرايىغا قاراپ يالغان ھىجىيىپ، ئاغزىنى ئاچسا ئاچ كېكىرىپ، خالادىن چىقسا

ئاپتوۋا ـ چىلاپچا تۇتۇپ دېگەندەك ئەرلىك غۇرۇرىغا يۇندا چىچىپ كەلدى. نازىرنىڭ ئالا كۇچۇكلىرى كېلىپ قالسا: «كۇدە ـ كۆرپەڭنى ئېلىپ يوقال» دەيدىغان يۇزسىزلىكلىرىچۇ تېخى··· بۇ داچا تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ. بولدى خالئاينى ئېلىپ چىقىپ كەتسە جېنىنى جان ئەتمەمدۇ! «ئۇچ مو يەر، ئۇچ ئېغىز ئۆي» نى چېكىسگە تاڭسۇن. بولسىغۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان چىلانلىقتىكى يەردىن ئالىقانچىلىك بولسىمۇ تېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ياققىنى ساۋابلىق ئىش ئىدى. بىراق تۇردى ھەسەن ئۇزى يېيىزىپ بەرگەن ھۆججەتنى ئۆزى ئوغرىلاپ، بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىۋاتسا بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟··· «ئاق قۇشقاچىنىڭ تەرگىنى يوق، ئاچتىن ئۆلگىنى يوق» دەپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىكار دېمىگەن··· خۇدايىم رىزقىمىزنى بىر يەردىن ئېيتار! دېھقان دەۋالىشىپ ئۇتقان نەدە بار؟ يەنە كېلىپ ئەمەلدار بىلەن!··· بۇ خۇددى ئۆلگىسى كەلگەن چاشقان مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىگەندەكلا ھاماقەتلىك ـ دە! شۇڭا زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق دەپتىكەن. مەيلى خالئايلا ئۇنىڭ باغرىدا بولىدىكەن، پۇتۇن جاھان ئۇنىڭ قوينىدا!···

ئاياز ئەنە شۇنداق تاققا ـ تۇققا خىياللارغا چىرمىلىپ ئولتۇرغىنىدا ئىشىك چېكىلمەيلا بىر تەخسە لەڭمەن كۆتۈرگەن ئايەتبۇ كىرىپ كەلدى. بۇ «تال بوستان» ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۆتىنچى كۇنىنىڭ كەچلىكى ئىدى. بوغماق چوكان قولىدىكى تەخسىنى ئۇستەلگە تاققىدە قويدى ـ دە، ئۆزى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن دۇپدۇگىلەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ ئۇزۇنغىچە پۇشۇلداپ جىمىپ كەتتى. ئايازمۇ بۇ تۇل چوكاننىڭ سۇكۇت بىلەن خىرىس قىلىشىغا چىداپ ئۇندىمەي ئولتۇردى. ئايەتبۇ «ئەمىسە مەن گەپ قىلىمەن، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا···» دېگەندەك بوشقىنا يۆتىلىپ قويۇپ، گېلىنى رۇسلىدى:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «ئايسىمە، ئايسىمە» دېسىڭىز «ئايالىغا بەكمۇ سادىق ئەر ئىكەن» دەپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى ئايەتبۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — ئەسلىدە خالىغاي بىلەن ئاشنىدارچىلىقىڭىز بار ئىكەن ئەمەسمۇ… كۈپكۈندۈزدە قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشكەن يەردە نازىر ئۇرۇمچىگە كەتكەن كۈنلەردە نېمىلەرنى قىلىشقىنىڭلار ئاياقتىكى قېتىقتەك ئاپئاشكارا ئىش ـ دە! شۇڭا مېنى پۇچۇق سەرگە سېلىپ ئالداپ كەپتىكەنسىز … ئەمدى ئەقلىڭىزنى جورۇپ، ماڭا ئەتە كەچكىچە جاۋاب بەرسىڭىز تەلىيىڭىز، بولمىسا بۇ داچىدا تۇرىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ…

ئايەتبۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشى بىلەن ئاياز بېشىنى كۆتۈردى:

— ئايەتبۇ، ماڭا ئەتە كەچكىچە ساقلاپ ئاۋارە بولماڭ …هازىرلا جاۋابىنى بېرىۋېتەي! قولىڭىزدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىڭ… مەنمۇ بۇ داچىدىن زېرىكتىم، لېكىن سىزمۇ ئەقلىڭىزنى جورۇپ، ماڭا خام تەمەدە بولمىغان خام خىياللارنى قىلىپ يۈرمەڭ…

ئاياز هېچ كۆرۈلمىگەن تەمكىنلىك بىلەن ئايەتبۇغە تىكىلىپ تۇراتتى. تولۇق ئىشەنچ بىلەن بۇ ئۆيگە كىرگەن بوغماق چوكان «ئايازنى يىغلاپ يالۋۇرىدۇ، تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ كۈچۈكلىنىدۇ» دەپ چوت سوققانىدى. ئەمما هېچ ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن جاۋاب خۇددى تاش ـ توقماقتەك كاللىسىغا تەگدى. بىردىنلا دىمىقىپ، غىققىدە بولۇپ قالغان ئايەتبۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ياھ، قالتىسقۇسىز…

— قالتىسى تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى ئاياز تەئەددى بىلەن، — سىز نازىرغا چېقىم قىلىپ پۇخادىن چىقىسىز… مەن ئايالىم ئايسىمەنىڭ يۇرتىغا كېتىپ دېھقانچىلىق قىلىمەن. خالىغاي

ئاجرىشىپ ئۇمۇ كېتىدۇ، تەنها قالغان نازىرنىڭ بۇ يەردە ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، ئۇمۇ بۇ يەردە تۇرمايدۇ… سىزمۇ ئۇچ يۈز سوم مائاش، ئۇچ ۋاخ سەرخىل تاماقتىن قۇرۇق قېلىپ بوز خالتىڭىز جىمىيدۇ… كۆندە چولاق كەتمىنىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا قاترايسىز… قانداق قالتىسمىكەن؟ !

ئايەتبۇ ئۆيدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتتى… بۇ سىرلىق سۆھبەتتىن كېيىن يەنە تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قارا بوراندىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى. بەشىنچى كۈنى گۇگۇم بىلەن تۇردى ھەسەن قايتىپ كەلدى. ئۇ «بەگزادە»نى ئۆز ئۆيىگە ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن خالئاي، نەئىمە ئۇچى چايخانىدا تاماققا ئولتۇرۇشتى. ئايەتبۇ ئىككى خىل قورۇما بىلەن ھورنانىنى تاماق شىرەسىگە قويۇپ بولۇپ، ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەر - خوتۇن، بالا ئۇچى جىمجىت تاماق يېيىشتى. بولۇپمۇ خالئاي بىلەن تۇردى ھەسەن تاكاللىشىپ قالغاندىن بېرى تۇردى ھەسەن زۆرۈرىيەت بولمىسا گەپ قىلمايتتى. ئەمما بەكمۇ سىلىق - سىپايە ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سىپايىگەرلىكى قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئاداۋەت ئوتىنىڭ شىددەتلىك تۇتۇشۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. «ئۇرۇمچىگە كېتىپ بەش كۈن بولغاندا…»، «بېيجىڭغا كېتىپ بەش كۈن بولغاندا…»، «سىز بۇنداق ئىشلارنىڭ پىركامىلى…» دېگەن جۈملىلەر تۇردى ھەسەننىڭ نەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك شۇملۇق بولۇپ ئۇنى قىساس ئېلىشقا ئۈندەيتتىكى، ھەرگىز بوشىمايتتى…

— دادا، مەن مۇنچىغا چۈشۈپ بالدۇرراق ياتىمەن، — دېدى نەئىمە دادىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، — ئەتە ئاپام بىلەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بارىمىز…

— ئاياز ئەكىرىپ قويسۇنمۇ؟ — سورىدى تۇردى ھەسەن.

— ياق بولدى، — خالئاي دەرھاللا رەت قىلدى، — نەئىمە ئىككىمىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ بازار ئارىلايمىز، شۇڭا

مېنىبۇس ياكى تاكسىدا كىرگىنىمىز ئەپلىك.
ئۇلار شۇ كۈنى كەچ ئۆز خانىلىرىغا كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. لېكىن ئەتىسى ئەتىگەن نەئىمە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئەنسىزلىك بىلەن قاقتى.
— ئاپا، ئاخشام ئۇزۇكۇم مۇنچىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن، سىز ئېلىپ قويدىڭىزمۇ؟
— سىز يۇيۇنۇۋاتقاندا بىز يېتىپ قالغان تۇرساق.
بۇ گەپلەر شۇنچە ۋارقىراپ دېگۈدەك بولۇنۇۋاتقاندا يۇڭلۇق قۇرتىدەك پۈتلىرىنى يوتقان سىرتىغا چىقىرىۋېلىپ، ئوڭدىسىغا ياتقان تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. چەيدۇنىڭ بىر خىلدا تاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان نەئىمە ئاشخانىغا كىردى. ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان ئايەتبۇ ئەتىگەنلىك چايغا قورۇما تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى.
— ئايەتبۇ ھەدە، مۇنچىدا ئۇزۇكۇم قاپتىكەن كۆردىڭىزمۇ؟— نەئىمە خىجىللىق بىلەن سورىدى.
— تاماقنى مۇنچىدا ئەتمىگەندىن كېيىن كىرىپ نېمە قىلاي...،— ئايەتبۇ نەئىمەگە قاراپمۇ قويمىدى.
— ۋىيەي،— نەئىمە بوسۇغىدا تۇرۇپلا قالدى،— نېمانداق سېسىق گەپ قىلىسىز؟ كۆرمىدىم دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ.
— جېنىم نەئىمە، خاپا بولماڭ،— ئايازغا بولغان ئاچچىقى يانمىغان ئايەتبۇ نېمە دېگىنىنى بىلمەي قالغاندى،— ئۆيدە ئاپام بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالغان، شۇنىڭ خاپىلىقىدا سىزگە قاتتىق تېگىپ ساپتىمەن.
— قارىسام ئەخلەت قاچىسى قۇرۇق تۇرىدۇ، سىزنى تۆككىلى مۇنچىغا كىردىمىكىن دەپتىمەن.
— بولدى، بولدى، تاكاللاشماڭلار، — ھۇجرىدىن چىققان خالنىساي نەئىمەنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ كەتتى، — سىز ئۇرۇمچىدىن كەلگەندىلا: «قىزىم، بۇ قىممەت باھالىق ئۇزۇكتەك

قىلىدۇ، يىتتۈرۈپ قويماڭ جۇمۇڭ» دېمىگەنىمىدىم.
— يۈيۈنۈپ بولۇپلا يېنىپ چىقىپتىمەن.
— ئەمدى دادىڭىز ئاڭلىسا...
خالىئاينىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا تۇردى ھەسەن كىچىلىك كىيىمى بىلەنلا كىرىپ كەلدى.
— ھە، نېمە ئىش بولدى؟ ئەتىگەندىلا ھەرىنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك بۇ نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ؟
خالىئاي ئۈزۈكنىڭ مۇنچىدىن يوقاپ كەتكەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشى بىلەنلا، تۇردى ھەسەننىڭ ئىششىپ قالغاندەك سېمىز يۈزى پۈرۈشۈپ، قىياق كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇ ئانا - بالىغا بىرھازا چەكچەيگەندىن كېيىن لوڭ - لوڭ چامدىغىنىچە بۇلۇڭدىكى ئىشكاپنى ئاچتى. ئاندىن ئۇنىڭدىكى كىچىك ساندۇقتىن بىر پارچە قەغەزنى ئالدى - دە، خالىئاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. خالىئاي قەغەزگە سىنچىلاپ قارىغانسېرى چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇن ئۇچلىرى تەرلەپ كەتتى...
— ۋاي توۋا، نېمانچە قىممەت ئۈزۈك بۇ؟ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوم! ؟...، — خالىئاي يالتىيىدە ئېرىگە قارىدى، — تۇتقىلى بولمايدىغان ئوتلىغۇ بۇ... نېمىشقىمۇ ئالغانسىز؟
— بىلەمسىز بۇ باشقىلارنىڭ سوۋغىتى! — تۇردى ھەسەن نەئىمەگە قولىنى شىلتىدى، — ئاپىڭىزنىڭ قولىدىكى ئۇ قەغەز ئالتۇننىڭ ساپلىقى، ئالماس كۆزنىڭ جىڭلىقىنى تەكشۈرۈپ باھا قويغان بانكىنىڭ ئىسپاتى! !...
— ئۆز ۋاقتىدا سورىسام، — دېدى نەئىمە قىزىرىپ، — «ئۈزۈمنى يە، سېپىقىنى سورىما» دەپتىكەن قىزىم، دەپ كۈلۈپ تۇرۇۋالدىڭىز... مانا ئەمدى يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن بولدىمۇ؟
— «مۇنچە پۇللۇق ئۈزۈك دېسەم قىزىم ئوڭايسىزلىنىپ قالمىسۇن» دېگەن ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟...، —

تۇردى ھەسەن سىرتقا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — ھاي ئايەتبۇ! ئايەتبۇ بېرى كېلىڭ دەيمەن.

تۇردى ھەسەننىڭ ۋارقىرىشى ئاياغلاشمايلا ئايەتبۇ «مانا مەن نازىر» دېگىنىچە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھۆل قوللىرىنى پەرتۇقىغا ئېيتقاچ بوسۇغا ئالدىدا توختىدى.

— ئاخشام سىز قايسى ۋاقىتتا ئۆيىڭىزگە قايتتىڭىز ـ ھە؟ — تۇردى ھەسەن كۆزلىرىنى ئايەتبۇگە تاقىدى، — قېنى سۆزلەڭ!

— ئاخشام قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تازىلىقىنى قىلدىم. تاماق شىرەسى، ئورۇندۇق، دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ بولغۇچە كېچە سائەت ئوندىن ئېشىپ قاپتىكەن.

— ئۇ چاغدا نەئىمە مۇنچىدىن چىققانمىدى؟

— مەن ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، خانقىزنىڭ قاچانلاردا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكىنىگە دىققەت قىلماپتىمەن، — ئايەتبۇ بىردىنلا جانلاندى، — ھە، راست، مەن ئۆيگە قايتقاندا ئايازكامنىڭ مۇنچا ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، — ئايەتبۇ خالئايغا لەپپىدە قاراپ سۈس كۈلۈمسىرىدى. بۇ تۇيدۇرماي نەشتەر ئۇرۇش ئىدى...

— نېمە، ئاياز؟!

مېھمانخانىنى گۆرستان جىمجىتلىقى باستى. خالئاي ئېغىر خۇرسىندى. چۈنكى ئايەتبۇ ئايازدىن ئاشكارا ئۆچ ئېلىپ، ئىنتىقام لەززىتىنى سۈرۈۋاتاتتى. نەئىمە قاتلانما ئورۇندۇققا، خالئاي دىۋانغا چۆكۈپ كىرىپ كېتىدىغاندەك تۈگۈلۈپ قالغاندى. تۇردى ھەسەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى جاققىدە ئالدىغا سۈردى ـ دە، ئايەتبۇگە قولىنى جۇڭدى:

— بېرىڭ، ئاياز دېگەن داڭگالنى چاقىرىپ كېلىڭ، تېز بولۇڭ...

— خوپ نازىر، — ئۇ قايرىلىپلا چىقىپ كەتتى. ئايەتبۇ چايخانىدا تۇرۇپلا ئۆي ئالدىدا قوللىرىنى يۇيۇۋاتقان ئايازغا ۋاقىرىدى:
— ئاياز! نازىر چاقىرىدۇ.
ئاياز قوللىرىنى ئىككى قولتۇقىغا سۈرتۈپلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېھمانخانىغا كىرىپ، بوسۇغىدا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. ئۇ خالئاي بىلەن نەئىمەنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپلا «قارا بوران» چىققان چېغى دەپ ئويلىدى ھەم ئاخىرقى «جەڭ» گىچە خالئاينى قوغداشنى كۆڭلىگە پۈكتى.
— ھە، دېگىنە، كېچىدە مۇنچا ئەتراپىدا نېمىش قىلدىڭ؟
— تۇ نازىر، ئۆزلىرىگە ئايان، مەن ھەر كۈنى كېچە سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا داچىنىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ بولۇپ، يەر ئاستى ئۆيىدىكى پار قازىنىنى تەكشۈرىمەن. ئاندىن مۇنچا، ئامبار، دەرۋازا، يەر ئاستى ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ياتىمەن.
— ئاخشام مۇنچىخانىغا كىردىڭمۇ؟
— كىردىم، ئەخلەت چېلەكى توشۇپ كېتىپتىكەن، ئۇنى ئەخلەتخانىغا تۆكۈۋېتىپ، ئاندىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويدۇم.
— خوش، مۇنچىخانىغا كىردىم دېگىن، — تۇردى ھەسەن خالئايغا زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىدى، — ئۇنداقتا ئۈزۈكنى سەن ئاپسەن ـ دە؟
— ئۈزۈك؟ — ئاياز تېڭىرقاپ قالدى، — نېمە ئۈزۈككەن ئۇ؟
— تولا خۇپسەنلىك قىلما، ئۈزۈك دېگەن ئۈزۈك بولمامدۇ...
— تۇ نازىر، مۇنچىنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىقلىقكەن، مەن بوسۇغا تۇۋىدىكى ئەخلەت چېلىكىنى ئالدىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم ... مۇنچا ئىچىگە كىرمىدىم.

— نېمە؟… بايا كىردىم، دەپ ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئىقرار بولۇۋىدىڭ… ئەمدى بۇسۇغىدىن ياندىم دەيسىنا، سېنىڭ زادى قايسى گېپىڭ راست؟

— تۇ نازىر، مەن كۆزلىرىگە سىغماي قالدىم، ھەيدىۋېتەي دېسىلە كىچىككىنە تاقىشىدىغان يېرى بار، — دېدى ئاياز ئاچچىقىدا، — بولدى، مەن ئۇچ مو يەر، ئۇچ ئېغىز ئۆيدىن كەچتىم. لېكىن مېنى ئوغرى تۇتمىسىلا، ئەمدى كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولغاندۇ؟

— مەن ئۇچ مو يەر، ئۇچ ئېغىز ئۆينى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ سېنى ئوغرى تۇتۇپتىمەن ـ دە!

— گەپلىرىدىن ئوپئوچۇق چىقىپ تۇرمامدۇ،— ئايازنىڭ قوللىرى تىترەۋاتاتتى،— مەن قىرىق ئالتە يېشىمغىچە بىر كىمنىڭ يىڭنىسى چاغلىق نەرسىسىگە كۆز قىرىمنى سالغان بەندە ئەمەس! بۇ… بۇ مەن ئۇچۇن ھاقارەت!…

— سەن… سېنىڭ گېپىڭ يوغانغۇ تېخى…، — تۇردى ھەسەنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— دادا، بولدى قىلىڭ،— دېدى نەئىمە يىغلامسىراپ، — ئايازكام ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس! ئۇزۇكىڭىزنى تۆلەپ بەرسەم بولىدىغاندۇ!

— تۆلەپ بەرسەم؟!— تۇردى ھەسەننىڭ يۈزى تەنلەر ئەيمەنگىدەك ئۆزگىرىپ كەتتى، — قانداق تۆلىمەكچى؟ تايىنلىق دۇكىنىڭىزنىڭ پۇلىدىندۇر! پاھ، بۇ قانداق ئۇستاتلىق، ھە! سالغان دەسمايە مېنىڭ ئىكەن، دەسمايىدىن باشقا پايدىنىڭ سەكسەن پىرسەنتى مېنىڭ دېگەن گەپ… ئۇنداقتا سىز ساغرامنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ يۈزۈمنى يامىماقچىما؟!…

— دادا سىز؟!…

— بولدى گەپ قىلماڭ!— جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى خالئاي،— نازىر ئەپەندىم بۇ چاغقىچە يۈرىكىدە ساقلاپ كەلگەن

ھەقىقىي غەرىزىنى ئاشكارىلىدىغۇ… بۇنىڭغا يەنە گەپ كېتەمدۇ؟ سىزدەك ئۆگەي قىزدىن يىگىرمە يىللىق نان قەرزىنى ئالمىغانغا خۇش بولۇڭ…

تۇردى ھەسەننىڭ قۇلاقلىرى ۋاڭشىپ، ئىچىدە بىر يېرى تاراسىدە ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ نېمە خىياللار بىلەن بەند بولۇپ قېلىپ بۇنداق خاتالىققا يول قويغاندۇ؟ بۇ ھېساباتنىڭ تېخى ۋاقتى بار ئەمەسمىدى… نەئىمەنى ئۈزۈك ئارقىلىق ئەمدىلا بىرىنچى قاپقانغا دەسسەتكەن تۇرسا… ئاياز بولسا كۆڭۈلدىكىنى تاپتى، شۇنىڭ ئۆزى غەنىيمەت! … ئەمما بايىقى تەنتەكلىك قانداق بولۇپ رۇي بەردى! … توغرا، ھەممىنى قىلغان ئەشۇ ئەرسىرەپ قالغان قانجۇق ئايەتبۇ! … ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سىرلىق پاراڭلىشىش بولدى:

« —خالىئاي بىلەن ئاياز قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى… تېخى سىز ئۇرۇمچىگە كەتكەندە…

— بۇنىڭدىن كېيىن كۆز ـ قۇلاق بول، ئىش ھەققىڭنى كۆڭۈلۈڭ تىنغىدەك بېرىمەن…

— ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسىڭىز، سىز قانداقمۇ ئەر بولىسىز! …

— ئاغزىڭنى يىغ، ۋاقتى ئەمەس…»

… توغرا نازىر ئۆزىنى كونترول قىلالمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ئايازنى كۆرۈش بىلەن ھېلىقى «سۆيۈشۈش» كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى… شۇڭا ئۇ ئوتقاشتەك قىزارغان كۆزلىرىنى ئاياز بىلەن ئايەتبۇگە تىكتى.

— سىلەر… سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، — تۇردى ھەسەننىڭ بەكمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چۈشكۈن كەيپىياتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — مەن سىلەرگە گەپ قىلىۋاتىمەن، چىقىپ كېتىڭلار…

ئاياز بىلەن ئايەتبۇ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

تۇردى ھەسەنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ئېغىر نەزەر بىلەن خوتۇنى ھەم ئۆگەي قىزىغا قارىدى:

— مېنى كەچۈرۈڭلار... مەن، مەن سەل ئاشۇرۇۋەتتىم.

تۇردى ھەسەن بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك دۈمچىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئېرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ قەلبى نەپرەتكە تولغان خالىئاي قىزىنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ گۈللۈكتە ئىشلەۋاتقان ئايازنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— نەئىمە، پاتراق ماڭىلى... بولمىسا سائەت بەشكىچە قايتىپ كەلگىلى بولمايدۇ.

دەرۋازىدىن چىقىپ ئالدىدىكى ئىككى يۈز قەدەمدەك چوكانتال كوچىسىدا قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان ئانا ـ بالىنى مېھمانخانا دېرىزىسىدىن كۆزىتىپ تۇرغان تۇردى ھەسەن بېشىنى چايقىغىنىچە «ۋۇي، بۇزۇقلار!...» دەپ تىللىدى. بىراق ئۇ ئەسلىدە «قارا نىيەتلەر...» دەپ تىللىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇلار تۇردى ھەسەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ بەش كۈندىن كېيىن تاياق يېگەن تۇغلۇقنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈشەندىسىنى پال سېلىپ بىلىۋالدى... بولۇپمۇ يىگىرمە يىل ئالدىدىكى «بەش كۈن»نى ھازىرغىچە ئۇنتۇماي كېلىشىدىن نىيىتىنىڭ نەقەدەر قارىلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ!

راست، تۇردى ھەسەن ئۇ چاغدا شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى. ئۆزىدىن ئون سەككىز ياش چوڭ ئېرىدىن نومۇس قىلىدىغان پەخىرنىسا جېنى سۆيۈنگۈدەك مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن كوچىغا قارىدى... ئۇ، كوچىغا قارىغانسېرى تۇردى ھەسەن ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ، ئىچ ـ سىرىنى تۆكۈپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن مەئىشەت كۆلىگە كىرىۋاتقان بايلىق مەنبەلىرىنى

دەپ قويدى ياكى ئۇنىڭ بىلەن ماختاندى... پەخىرنىسا جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتكەندىن كېيىن راستىنلا ئېرىگە تېكە بولدى ... بۇ چاغلاردا تۇردى ھەسەن خالىئايغا خۇپىيانە كۆيۈپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ پەخىرنىساغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇۋېدى، بۇ ئىنساپسىز خوتۇن بەش ئېغىز ئۆيدىكى تامغا قاققان مىخنىمۇ تەلەپ قىلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىنى ئالىمەن، دېيىشتىن سىرت يەنە نەق بەش يۈز مىڭ سوم بەرمىسە بولمايدىغانلىقى، بولمىسا رېۋزىيە كومىتېتىغا بېرىپ ھەممىنى دەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تېخى قېرىغا تەگكەن چوكاننىڭ خېرىدارى بولمايمىش... شۇڭا ياشلىق باھارىنى نابۇت قىلغان تۇردى ھەسەن چوقۇم تۆلەم تۆلىشى لازىممىش!...

ئاقىۋەت، تۇردى ھەسەن خالىئاينىڭ ئېرىنى شوپۇرلۇققا قوبۇل قىلىشتەك كەلگۈسىنىڭ يېقى پىلانىنى تۈزدى... بۇ تولىمۇ نازۇك ئويۇن ئىدى. شۇڭا ئۇ مەسئۇدنى بىرنەچچە قېتىم قەستەن ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ياش خوتۇنىنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى... شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ قويدى. شارائىت يارىتىپ بېرىپ بىلمەسكە سالدى. تېخى بۇ چاغقىچە پەخىرنىسانىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويغان ئايغاقچىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك ئوينىشىغا قويۇپ بەردى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ «ئۇلۇغۋار» پىلانى ئەمەلگە ئاشسا، پەخىرنىسا ئۆزلۈكىدىن ئاجرىشىپ مەسئۇد بىلەن كېتەتتى. ئۇ چاغدا تۇل قالغان خالىئاينى ھەر ئامالالاپ قولىغا قوندۇرۇۋالاتتى. ئەمما مەسئۇدنىڭ خالىئايدىن ئاجراشمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تۇردى ھەسەن پىلانىنى قايتا ئويلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى...

تۇردى ھەسەننىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەمەلدار دوست - يارەنلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە ئولتۇرۇش، چايلارنى قىلىپ تۇراتتى لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئويۇنلىرى خوتۇنى پەخىرنىسانىڭ ئويۇنلىرىغا ياماق بولالمايتتى. ئۇ ئارا كۈندە بىر قېتىم ئۆزىگە

ئوخشاش مودا ياشلار يىغىلىپ تالڭ ئاتقۇچە ئويىنايتتى. يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇلاردىن چىقىۋاتقان ئالىتاغىل مۇزىكىلارغا كەلتۈرۈپ ھەر خىل تانسلارغا، دىسكولارغا چۈشەتتى. ئۇ چاغلاردا تۈردى جۇيجاڭنىڭ ئۆيى بىنادا بولغاچقا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ناخشا ـ مۇزىكا، قىيقاس ـ چۇقانىنىڭ دەستىدىن پۈتۈن بىنا تىترەپ كېتەتتى. ئىدارە خىزمەتچىلىرى جۇيجاڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىرنېمە دېيەلمىگىنى بىلەن پېنسىيىگە چىققان كادىرلار يۈز ـ خاتىر قىلماي ھايۋانىسىغا تىللايتتى ياكى نازارەتكە ئىنكاس قىلىپ جۇيجاڭنى گەپكە قويۇشاتتى. شۇڭا تۈردى ھەسەن بىرنەچچە قېتىم بۇنداق «رەڭلىك» ئولتۇرۇشلارنى ئازايتىشنى دېگەن بولسىمۇ، پەخىرنىسا «ساۋاقداشلىرىم»، «ئۆمەكتىكى دوستلىرىم»، «چولپانلار» دېيىش ئارقىلىق تۈردى ھەسەننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى.

خەيرىيەت، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ چاي، ئولتۇرۇش، تۈرلۈك خاتىرىلەش يىغىلىشلىرىنىڭ تولىمۇ پەيزى بولغانلىقىنى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھەر خىل ئىچىملىك بوتۇلكا قۇتىلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. ھەپتە قارارىدا بولىدىغان بۇنداق «مەمۇرچىلىق»، «تالقان تۆكتى» لەرنى ھەتتا بەزى ئەسكى ـ تۈسكى يىغىدىغانلارمۇ بىلىپ كەتتى. بۇ ئۆيگە بوتۇلكا يىغىدىغان ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى چاچلىرى پاخپايغان بىر ئادەم كۆنۈۋالدى. ئۇ ھەر كەلگەندە ھەر خىل بوتۇلكا، سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى تاغىرىغا توشقۇزۇپ ئەكېتەتتى ھەم تۈردى ھەسەنگە قوش ـ قوشلاپ ئېگىلىپ، تەزىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىزھار قىلاتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇ پىۋا، ھاراق بوتۇلكىلىرىنى، سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىنى تاغىرىغا قاچىلاۋاتقاندا شوپۇر مەسئۇد پەخىرنىسانى ئۆمەكتىن ئېلىپ كەلدى. پەخىرنىسا ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا مەسئۇدقا ئېسىلىپ، قوللىرىدىن تارتىپ ئاپىرىپ ھەر خىل پاسوندا چۈشكەن رەسىملىرىنى كۆرسىتىپ

رەڭگارەڭ غىلجىڭلىقلارنى ئوخشىتىۋەتتى. بوتۇلكا يىغقۇچى پەخىرنىسا بىلەن تۇردى ھەسەنگە سىڭايان قاراپ، مەسئۇدقا غەلىتىلا ئالىيىپ قويا تتى. ئۇ، تۇردى ھەسەنگە «سەن كۆڭلۈك ياخشى، ئەمما ياۋاش ئىكەنسەن...» دەپ كېتىپ قالاتتى.

بىر كۈنى تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ تاغىرىغا بوتۇلكىلارنى سېلىپ بەرگەچ مۇڭدىشىپ قالدى:

— گەپ - سۆزۈڭگە قارىغاندا خېلىلا سەۋىيەڭ باركەن، بۇرۇن نېمىش قىلاتتىڭ؟ — دېدى تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ چار بۇرۇتىغا قاراپ.

— بۇنى سوراپ قالدىڭىز باشلىق، — بوتۇلكا يىغقۇچى بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى، — ئەسلىدە مەنمۇ بىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىدىم. لېكىن مەلۇم خاتالىق سەۋەبىدىن يىگىرمە يىل كېسىلىپ كەتتىم.

— نېمە، يىگىرمە يىل؟ — تۇردى ھەسەن چۆچۈپ كەتتى، — خاتالىقىڭ نېمە ئىدى؟

— مېنىڭ خوتۇنۇم سىزنىڭ خوتۇنىڭىزدىنمۇ ياش ھەم چىرايلىق ئىدى... لېكىن ئۇ باشقارما باشلىقىمىز بىلەن ئاۋۋال يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا ناشايان ئىشلارنى قىلدى. ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا خەيرىخاھلىق قىلاتتى، — بوتۇلكا يىغقۇچى مىچچىدە يىغلىۋەتتى - دە، قاپقارا يېرىلىپ كەتكەن بارماقلىرىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى، — كېيىن غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان ئىشلار بولۇۋەرگەندىن كېيىن، مەن ئۇ ئىككىسىنى ماشىنىسى بىلەنلا پارتلىتىۋەتتىم... خوتۇنۇم ئۆلدى. باشلىقىمىز ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى.

— نېمە بىلەن پارتلىتىۋەتتىڭ؟

— مەن ئەسلىي ئالىي مەكتەپنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن... ئۇنداق نەرسىلەرنى ياساش ماڭا سىر ئەمەس...

تۇردى ھەسەن بوتۇلكا يىغقۇچىغا قىزىقسىنىپ ئۇزۇن قاراپ

كەتتى… لېكىن بوتۇلكا يىغقۇچى غەلىتىلا كۈلۈپ قويۇپ:
— «چىرايلىقتا ۋاپا يوق…» دېگەن گەپنى كىملەر دەپتىكىن، ئەجەبمۇ بەلەن گەپكەن، — دەپ قويدى.
بورانلىق بىر كېچىسى تۇردى ھەسەن يامغۇرلۇق چاپىنىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاستىغا كاھىش يېپىشتۇرۇلغان تار ھەم ئەگرى - بۈگرى، پاسكىنا كوچىلاردىن ئۆتتى. چېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل چىرىندا ئەخلەتلەرنىڭ دەستىدىن يەرگە دەسسىگىلى بولمايتتى. تۇردى ھەسەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇنداق مەھەللە - كوچىلارنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بوران خۇددى يەر - جاھاننى يالماۋىتىۋەتمەكچى بولغاندەك ھۇۋۇلايتتى، شىددەتلىك نەرە تارتاتتى. ئارقىدىن يامغۇر تۆكۈۋەتتى. تىنىم ئۆتمەيدىغان قاراڭغۇلۇق ئىدى. تۇردى ھەسەن بىر تۇپ قاخشال دەرەخ تۈۋىدە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان قاپقارا سايىغا بىر بولاق كېرەكتەك ئورالغان نەرسىنى بېرىشنى بىلەنلا، سايە دەرھاللا قوينىغا تىقتى. ئارقىدىن تۇردى ھەسەن پىچىرلاپ بىر نەرسىنى سۇندى:
— ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىنىڭ، ماشىنا قويۇش ئۆيىنىڭ ھەم ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچلىرى بار…
شەھەردىكى قاتناش قارىياغاچلىقتا مەسئۇد بىلەن پەخرىنىسا پارتلاپ كۆسەيگە ئايلانغاندىن كېيىن ھېلىقى بوتۇلكا يىغقۇچىمۇ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئەلۋەتتە خۇدايىم «ئال، قولۇم!» دېگەن بولسا باي بولۇپ كەتكەندۇر. ئەمدى بوتۇلكا يىغمىسىمۇ بولىدۇ - دە….

… تۇردى ھەسەن ئاشۇ كۆڭۈلسىز ھەم ۋەھىمىگە تولغان ئىشلارنى ئويلىماي دەيتتى. بىراق بۇ قېتىم خوتۇنى خالىماي ئاشۇ كۆڭۈلسىز جاراھەتنى تاتىلاپ قانىتىپ قويدى.
تۇردى ھەسەن مېھمانخانىدىكى دىۋانغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ جاھاننى يەنە قانچىلىك تاسقايدىكىن، بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما

ھـويـلـىدا كىمنىڭدۇر ۋارقىرىغان خىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كارىدورغا چىقىپ تىك پەلەمپەيلەرگە قەدەم ئېلىشى بىلەن ئاپئاق كەتمەن ساقال، پاخما قـاشـلىرى ئاستىدىكى چوڭ روشەن كۆزلىرى ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان تەمبەل بىر بوۋاينى كۆردى.

— ھە، نېمىش، كىمنى ئىزدەپ كەللە، — دېدى تۇردى ھەسەن كىبىرى بىلەن.

— ھـوي، كـىمنى ئىزدەيتتىم سېنى ئىزدىمەي، ئەجەب ئـۆردەكـتـەك ئۆزۈڭگە سۇ يۇقتۇرمايسىنا، — بوۋاي چىرايلىق ساقىلىنى سىيپاپ قويدى، — ئەممازە، سەن بىر ئوقۇمۇشلۇق كاتتا ئەمەلدار تۇرۇپ بىزدەك دېھقانلارنى بوزەك قىلساڭ خۇدا راۋا كۆرەمدۇ ھە؟

— ھـەي، ئـاقـسـاقـال، مەن كىمنى بوزەك قىپتىمەن، نېمانداق ئالىجۇقا ئادەمسىز.

— ھوي ئۇنداق ئادەم تىللىما... بىراقزە، قىزىڭ بىلەن ئوغلۇم ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالمىغان بولسا، سېنىڭ بىلەن باشقىچە زوكۇنلىشاتتىم.

بـوۋايـنـىـڭ سـۆزلىرىدىن تۇردى ھەسەن ئۆزىنى تىڭشاپ قـالـدى. چـۈنـكـى ئۇ تۇغلۇقنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى.

— ئۆزلىرى كۆمۈرچى بالىنىڭ دادىسى ئوخشىمامىلا، — تۇردى ھەسەن پەلەمپەيدىن بىرنەچچە بالداق پەسكە چۈشتى، — ئـوغۇللىرىغا ئوبدان نەسىھەت قىلسىلا ئاقساقال، ھەركىم ئۆز خىلى بىلەن دېگەن گەپ بار. ئۆزىنى چاغلىماي ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلسا بۇرنى قانايدۇ...

— شۇڭا ئوغلۇمنى لۇكچەكلەرگە ئۇرغۇزۇپسەن ـ دە! سەن بىر ئەمەلدار تۇرۇپ قانۇن ـ نىزامنى بىلمەمسەن يوق؟

تۇردى ھەسەننىڭ غۇژلا گەجگىسى قورۇدى. ئۇ بوۋايغا تىل

سالماقچى بولدى. ئەمما بۇ چاغدا باغدىكى كۆكتاتلىقنى ئوتاپ قوللىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئاياز يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، تۇردى ھەسەننىڭ ئالدىنى توستى.

— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا تۇ نازىر، ياشىنىپ قالغان ئادەم نېمىدەپ قويغىنىنى بىلمەيدۇ.

— سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن، ئۆت بۇياققا، — تۇردى ھەسەن ئايازنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ پەسكە چۈشتى، — ۋۇي، گەپ قىلمىسام ماڭا قانۇن ـ نىزامدىن گەپ ساتىدىغۇ بۇ قېرى.

— ھوي، نازىر بولساڭ ئۆزۈڭگە، ماڭا نېمە يوغانلىق قىلىسەن، — بوۋايمۇ ئالدىغا ئىككى قەدەم سىلجىدى، — بولغۇسى قۇدامكەن دەپ ئايىغاننى بىل، ئەگەر قانۇنغا ئەرز قىلسام ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ.

— گەپ قىلمىسام ئىنچىكە تىللىرىڭ چىقىۋاتىدا سېنىڭ، — تۇردى ھەسەن ئالدىغا داپىشىنىپ كەلدى، — كىم سېنىڭ قۇداڭكەن، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە!

— قىزىڭدىن سورا، ئەمەلدار تۇرۇپ خوتۇن ئېلىش، ئەرگە تېگىشنىڭ يوسۇنلىرىنى بىلمەيدىكىنا بۇ جانىۋار، — بوۋاي ئۆزىنى ئارقىغا ئىتتىرىۋاتقان ئايازغا قاراپ ئالايدى، — سەھرالاردا چېغىدا كادىرلار تولا سۆزلەپ قۇلاقلىرىمىز يادلاپ كەتتى... ھازىر قىز ـ يىگىت ئاتا ـ ئانىغا باقامدۇ؟

— ھەي، چاۋاش قېرى، تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي داچىدىن چىق، — تۇردى ھەسەن قولىنى شىلتىپ ئالدىغا كېلىشى ئاياز ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— تۇ نازىر، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، ئۇ ياشانغان ئادەم ئىكەن.

— گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەت ئۇنى... نېمە ئوغامنى قايىنىتىدۇ.

— بولىدۇ تۇ نازىر، مەن چىقىرىۋېتەي...

مــانا شۇ چاغدىلا ئەمرۇللا بوۋاي تۇردى ھەسەننىڭ سول قولىقىنىڭ ئاستىدىكى بادامدەك قىزىل خالغا تىكىلىپ قالدى. تــىكىلگەنسېرى كۆز چاناقلىرى يوغىناپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئىچىدە «تۇ نازىر ... تۇ نازىر...» دەپ ئاستا شىۋىرلىدى ھەم ئارقىغا ئىككى قەدەم چېكىندى...

— ســەن... سەن...، — ئەمرۇللا بوۋاي تۇردى ھەسەنگە قولىنى جۆڭدى، — سەن تۇردى ھەسەن بولىسەنغۇ دەيمەن...

— شــۇنــداق، مېنى نەدىن بىلىسەن؟ — تۇردى ھەسەن ھەيرانلىق ئىلكىدە بوۋايغا قادىلىپ قالدى.

— سەن ... سەن ئاخىرى پۇشايمان ئازابىدا قان قۇسۇپ ئۆلــسەن، — بوۋاي ئارقىغا چېكىندى، — مەن بۇ يەرگە... كــىرمــسەم بوپتىــكەن... مــەن، مــەن... سېــنى خاتا تونــۇپ قاپتىمەن...

بوۋاي ئىلەڭ - سىلەڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشىغا ئاياز ئۇنىڭ قــولــتــۇقــىــدىــن يۆلىۋالدى. لېكىن ئۇ ئايازنى ئىتتىرىۋېتىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى... شۇنداقتىمۇ ئاياز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچىغا چىقتى.

## 18

ئاياز ئېرەن دەريا بويىدىكى ھېلىقى پىنھان توقايلىققا يېتىپ كەلگەندە، خالىئاي بىر توپ ئارچىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، سىلىق قەدەملەر بىلەن كەلگىنىچە ئايازنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى. يىرىك ئالىقانلار باشلىرىنى، يۇزلىرىنى سىلىۋىدى، ئۇ تېخىمۇ ئېسەدەپ كەتتى.

— ئەتىگەن «سائەت بەشكىچە» دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بالدۇرراق كــەلــدىم، — دېدى ئــايــاز خــالــئــايــنــى ئوتلاقتا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — نەئىمەچۇ؟

— مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم، ئۇ ئۇدۇللا تارسۇغا كەتتى، دوختۇرخانىدىن بىرمۇنچە دورا، ئۇنىڭدىن باشقا قۇۋۋەت بولىدىغان نەرسىلەردىن ئالغانىدۇق، تۇغلۇققا ئاپىرىپ بەرمەكچى.

— بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىشتىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى ئاياز خالئاينىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — دېگەنىبلەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ھەممىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

— سىز بىر ئىشقا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ — خالئاي ئايازنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — سىز ئۆيگە كىرگەن ھامان نازىرنىڭ چىرايى ئاقىرىپ، كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك پۇلتىيىپ، تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرى پۇتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تىترەپ كەتتى... شۇ چاغدا نازىر بىلەن ئايەتبۇ غەلىتىلا قاراشتى.

— سىز نېمە دېمەكچى؟ — ئاياز جىددىيلەشتى، — قېنى ئويلىغىنىڭىزنى دەپ بېقىڭ.

— ئەتىگەن سىزگە بەرگەن ئىشارىتىم مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئىدى، — خالئاي بىردەم جىمىپ قالدى، — مېنىڭچە ئايەتبۇ ھېلىقى ئىشنى نازىرغا دەپ بولدى. سىز ئايەتبۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇلار، باغدىن يەل - يېمىش ئاچىقىش باھانىسىدا كىرىپ كېتىپ ئۇزۇندا چىقتى. نازىرنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە؟! — ئاياز چۆچۈپ كەتتى، — دەپ بولدى دەمسىز ... ئۇنداقتا؟

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ھازىرچە نازىر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى، — خالئاينىڭ تاۋۇشى بارغانسېرى پەسەيدى، — مېنىڭچە ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغالدى.

— قانداق كېسەل ئۇ؟

— قىساس ئېلىش كېسىلى! — خالئاي ئېغىر خۇرسىندى، — بۇنىڭدىن كېيىن «خالئاينى بىر يەرگە ئاپىرىپ

كېلىدىغانلىقىڭ» دەپ ماشىنىنى بەرسە، ئامال بار ئۇنىماڭ، بەك تەڭقىسلىقتا قالسىڭىز، ماشىنىنى تەكشۈرۈپ، بولۇپمۇ تورمۇزنى...
— خالئاي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، — ئايازنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، — ئۇنچىۋالا ئەمەستۇ؟
— سىز كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز... مەن ئۇ ئادەمنى ئوبدان بىلىمەن.
ئۇلار ئىرغاي، ئارچا، دۇب، ئېرەن، ھۇشا ھەم كۆك تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان ئورمان ئىچىنى ئاستا ئايلانغاچ، ئېرەن دەرياسىنىڭ قومۇش، يېكەن، يۇمشاق مىسىل، چىغىرتماقلار قېلىن ھەم ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئېرەن دەرياسى بىر خىلدا شاۋۇلداپ، لۆمشۈپ ئاقماقتا ئىدى.
ئاياز — خالئاي بىلەن نەئىمە شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن داچىدا يۈز بەرگەن ئىشنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئەمرۇللا بوۋاي ھەم نازىرنىڭ تىللاشقانلىرىدىن تارتىپ، بوۋاينىڭ ئاخىرىدا غەلىتىلا بولۇپ، نېمە دېگەنلىرىگىچە ھەممىنى ئالا قويمىدى. خالئاي ئاڭلىغانسېرى ھەيرانلىقتىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. «سەن ئاخىرى پۇشايمان ئازابىدا قان قۇسۇپ ئۆلىسەن»، «مەن بۇ يەرگە كىرمىسەم بوپتىكەن»، «مەن سېنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن» دېگەن دەھشەت بىزارلىق ھەم نەپرەتلىك بۇ خىتابلار بوۋاينىڭ «سەن تۇردى ھەسەن بولىسەنغۇ؟» دېگەن تونۇشلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە. «بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن بوۋاي شۇنچىلىك غەزەپلىنىدۇ؟ چىرايى ئۆمسۈرۈن، ھەرىكەتلىرى غەيرىي بولىدۇ؟...» مانا بۇ سىرلىق ھەم مەۋھۇم سوئاللار خۇددى سىڭمىگەن تاماقتەك خالئاينى بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بولغان بىر ئىش يادىغا كېلىپ قالدى. تۇردى ھەسەن بىلەن خالئاي توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇردى

ھەسەن مېھمان چاقىردى. خالىئاي ئاشخانىدا قورۇما قورۇپ، چاي قۇيۇپ يۈرۈپ قۇلىقىغا مۇنداق گەپلەر كىرىپ قالدى:

— تۇردى، تارسۇغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەن ۋاقتىڭدا سىنىپىي كۈرەشنى بەك چىڭ تۇتۇۋەتكەن ئوخشايسەن. سەن قايتىپ كېلىپ ئارقاڭدىن بىرنەچچە دېھقان ئەرز ئەۋەتىپتىكەن. مەن خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا بېسىپ قويغان...

— بىلىمەن، 1962 - يىلى 29 - ماي ۋەقەسىدە سوۋېتكە قاچقانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىر قېتىمدىن غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ چاغدا شۇنداق تۇتمىساق بولمايتتى.

بولۇنغان بۇ گەپلەرنى خالىئاي ئۆزۈنچە ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ ئېرىدىن بىرنەچچە قېتىم كوچىلاپ سورىغان بولسىمۇ، ئۇ: «بولدى، بولدى، كونا ئىشلارنى چوقچىلاپ نېمە قىلىسىز...» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ھەتتا «تارسۇ دېگەن قەيەردە؟» دەپ سورىسىمۇ ئاچچىقلاپ قالاتتى...

— ھىم، ئەسلىدە تۇردى نازىر ياشلىقىدا تارسۇدا تۇرۇپتىكەن - دە، — دېدى ئاياز دەريادا قولىنى يۇيۇۋېتىپ، — بىراق ئۇ نېمە ئۈچۈن يوشۇرىدىغاندۇ؟

— ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، — خالىئاي خىيال بىلەن دەرياغا قارىدى، — ئۇ سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتۇۋېتىپ، بىر قىسىم دېھقانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، پەرىزىمچە، ئەمرۇللا بوۋايمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرسى.

— پەرىزىڭىز يوللۇقتەك قىلىدۇ، ئەمرۇللا بوۋاي نازىرنىڭ قۇلاق ئاستىدىكى قىزىل خالنى كۆرۈپلا تونۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

— ھەببەللى، توغرا دېدىڭىز، — خالىئاي قولياغلىقىنى

ئايازغا سۇندى، — دەسلەپتە دىققەت قىلمىغاچقا تاكاللاشمىغان.
سۇزۇك ئاسماندا ئالىقاندەكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. بىر توپ كەپتەرلەر ئورمان ئۈستىنى بىر ئايلاندى ـ دە، كەنت تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى. قۇياش ئېرەن دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلار ئىزنىلىرىغا باش قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قىيپاش چېچىلغان شولىلىرىدا دەريا سۈيى بىنەپشە رەڭ ئۇنچىلەردەك ۋىلقىلداشقا باشلىدى. ئورماندىن ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، ياۋا مېۋىلەرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. ئورماندىكى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ يىللار بويى چىقارغان ھەسەللىرى قەدىمىي دەرەخ قوۋزاقلىرىدا ئېقىپ «تاش ھەسەل» گە ئايلىنىپ كەتكەچىمۇ، دەريانىڭ ئىللىق شاماللىرى ناگان ـ ناگاندا بال پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئادەمگە ياشلىق ھۇزۇرى بەخشەندە قىلىدىغان بۇ ھادىس گۈزەل مەنزىرىلەرگە پايلىمىغان ئاياز بىلەن خالئاي ئولتۇرۇۋاتقان غايەت زور ئوتلۇق شارغا قاراپ تۇراتتى.
— ئاياز، بىر ئىش بار ئىدى، دېيىشكە تىلىم بارمايۋاتىدۇ، — خالئاي ئايازنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — قانداق دەيمۇ؟
— قېنى دەڭ، ھەرقانداق ئىش بولسا سىز ئۈچۈن جېنىم قۇربان!
— بۈگۈن مەن دوختۇرخانىدا ئۆزۈمنى تەكشۈرتكەنىدىم، — خالئاي قىزىرىپ تەتۈر قارىۋالدى، — دوختۇر...
— ھە، دېمەمسىز؟ — ئاياز تاقەتسىزلەندى، — چوقۇم ھېلىقى...
— راست دەيسىز، بويۇمدا قاپتۇ...
ئاياز خالئاينى بىردىنلا باغرىغا بېسىپ قاتتىق قۇچاقلىدى...
— ئۆتكەندە سىزنىڭ «بۇ بالىنى تۇغقۇم بار» دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندىم... ئاخىرى مۇنداق

ئـويـغـا كـەلدىم. خۇدايىم ھەركىمگە ئۆزى خالىغان نەرسىنى بېرىدىكەن. نازىرغا ئەمەل ھەم ئامەت بەرگەندىن كېيىن، سىزنى ماڭا بېرىۋەتكىنى تۇزۇككەن.
— قاراڭە سىزنىڭ مەنتىقىڭىزنى...
— مەن مەنتىقە، يەنە بىرنېمىلەرنى بىلمەيمەن. ئەمما ياخشى كۆرگەن ئايالىغا چەكسىز مېھرى - ۋاپا كۆرسىتىشنى ئاللانىڭ سۈنـنـىـتـى دەپ بـىلـىمەن. سىزنى ئۆمۈر بويى ئاسرايمەن، پەپىلەيمەن، قانات ياپىمەن، قوغدايمەن...
— ئېيتقانلىرىڭىز كەلسۇن، — خالئاي بىردىنلا ئۆڭۈپ قالدى، — لېكىن ئاشۇ كۈنلەرگە خۇدا يەتكۈزەرمۇ؟ ياكى نازىر قويۇپ بەرمەي گال پىچاقتا جېنىمنى قىينارمۇ؟ ئاسماققا ئېسىپ قويۇپ كۆڭۈل ئاچارمۇ؟
— ئۇنداقتا سىزنى ئېلىپ قاچىمەن - دە، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىگە ئېلىپ كېتىمەن!
— ماڭا شۇنچىلىك ئەقىدە قىلغان ئىكەنسىز، مەنمۇ سىزگە ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتى ھەمراھ بولالايمەن...
— خـالـئاي، بۇنىڭدىن كېيىن نەئىمە بىلەن تۇغلۇقنىڭ ئـىـشـىغا ئىككىمىز بىردەك كۆڭۈل بۆلەيلى، ئۇلار گاڭگىراپ قالمىسۇن!
— رەھمەت ئاياز، كۆڭلىڭىز دەريادەك ئادەمسىز! سىز... سـىـزگە ياشلىقىمنى ياشلىق ئىشقىمنى بېرەلمىگەن بولسامۇ، ئەمدىكى ئۆمۈر مەنزىلىڭىزدە چىن ۋاپادار ئايالىڭىز بولالايمەن...
كۆپكۆك چىملىقتا يانمۇيان ئولتۇرغان ئىككى تەن بىر - بىرىگە ئاستا يېقىنلاشتى...
دەريا كۈنـدەشلىك قىلغانـدەك شاۋقـۇنلىدى، ئۆركـەشلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۇگۇرۇشتى... قۇشلار قىن - قىنىغا پاتماي بەس - بەستە سايرىشىپ كېتىشتى. ئېرەن ياپراقلىرى ئـۆزىـگە ئوخشاش قىزىرىپ كەتكەن يۈزلەرنى كۆرۈپ، چاۋاك

چىپىلىشتى. ئوتلار ئارىسىدىكى چىكەتكىلەر چىرىلداپ، ياۋا ئۆردەكلەر قانات قاقتى!

— ئۇھ، ۋاي··· نەپەس ئالالماي قالدىم، — پىچىرلىدى خالىئاي، — ئاياز ئەمدى كېتەيلى، نەئىمە بىزدىن بۇرۇن داچىغا كىرسە قاملاشمايدۇ.

— بەلكىم تۇغلۇق بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىگە پايلىماي مۇڭدىشىۋاتقاندۇر···

ئاياز بىلەن خالىئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ گەپلەر بولۇنۇۋاتقاندا تۇغلۇق نەئىمەنى «بەگئۆستەڭ» بويىدا ئۇزىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— نەئىمە، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى تۇغلۇق خىجىللىق ئىلكىدە، — دادام ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى، نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلەلمىدىم.

— تۇغلۇق، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، دادىڭىزدا چوقۇم بىر ئۆزگىرىش بولدى، — نەئىمەنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى، — مېنىڭ گۇمانىم دادام بىرنېمە دېدىمىكىن دەيمەن.

— ئېھتىمال، ھە، راست، ئەتىگەن يېزا بازىرىغا بېرىپ كېلەي دەپ يوقاپ كەتكەن. مەن بۇنى ئېنىقلىماي قويمايمەن.

— ھەرگىز قوپاللىق قىلماڭ، خوش!

نەئىمە مېنبۇسقا چۇشۇپ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا تۇغلۇق قايتىپ كەلدى. ئەمرۇللا بوۋاي كاۋا بارىڭى تېگىدىكى سۇپىدا ھاسىسىغا ئېڭەك تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

— دادا، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز، — تۇغلۇق توپىدىلا ئولتۇردى، — «بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ، سىز دېگەن كاتتا ئەمەلدارنىڭ قىزى، بىز بولساق نامرات··· ئۆلسەكمۇ قېنىمىز قوشۇلمايدۇ···» بۇ··· بۇ سىزنىڭ زادى نېمە مەقسىتىڭىز بار؟ بۇ گەپلەرنى قىلىپ نومۇستىن ئۆلتۈردۈڭىزغۇ!

— ئەمىسە يالغانمىدى ھە؟ — بوۋاينىڭ پاخما قاشلىرى مىژژىدە تۇرۇلدى، — سەن ئۆزۈڭنى ھېكىمبەگ غوجىنىڭ ئوغلى قېيۇمبەگ خوجا چاغلاپ قالدىڭما؟ بىلىپ قوي، كۆمۈرچى بىلەن ئۇرۇمچىلىك ئېسىلزادە خانقىز قانداقمۇ بىر قازاندا قاينىسۇن؟... بۇ خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەكلا ئىشقۇ...

— ئەمىسە بۇ چاغقىچە نەئىمەنى «قولدا ياسىۋالغاندەك ئېسىل قىز...»، «خۇدايىم بەرگەندەكلا قىز...»، «سۇندۇكىنىڭ ئۈۋىسىدىن چىققان كاككۇك بالىسى...» دەپ ماختىغانلىرىڭچۇ؟

— بولدى قىل، — بوۋاي گەپتە تۇتۇلۇپ تېرىكىپ قالدى، — تۇرۇلغىنىڭ بالىسىدەك ۋىچىرلاپ كەتتىڭا...، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز! يا داداڭغا تۇر، يا ئاشۇ قىزغا! مەن كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ سېنىڭ ئۇ قىزنى ئېلىشىڭغا يول قويمايمەن.

— ۋاي خۇدايىم، دادا ساڭا زادى نېمە بولغاندۇ؟ — تۇغلۇق تېرىككىنىدىن پۇشۇلداپ كەتتى، — بىر كېچىدە جىن تەگكەندەكلا بۆرە جۇۋاڭنى كېيىپلا قوپۇپسەنغۇ!

— بولدى، زۇۋانىڭنى يىغ، — بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ ئارانلا تۇردى، — بۇنىڭدىن كېيىن چىلانلىققا بارغىنىڭنى بىلىپلا قالسام، ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ بىر يوللا قۇتۇلىمەن بۇ كاكونچىلىقتىن!

بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۇغلۇق ئولتۇرغان يېرىگە مىخلاپ قويغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆزۈنغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇنىڭ ئەقلى ھېچنېمىگە يەتمىدى. دادىسىنىڭ بۇنداق تاسادىپىي ئۆزگىرىپ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولاتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر خىيال كېلىش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ھەم ئاستاغىنە تۈۋلىدى:

— دادا، مەن دۇكان ئالدىغا كەتتىم.

تارسۇ كەنتى ئۇزۇن كەتكەن بىر غول كوچا بولۇپ، «تارسۇ بازىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئادەتتە ئۇ جۇمە كۈنىلا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان قاينام بازار بولغاچقا يىراق - يېقىن يېزا - كەنتلىكلەر «ئازنە بازار» دەپمۇ قوياتتى. مانا شۇ بازارنىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك تارماق كوچىلار بار ئىدى. شايىكامنىڭ بوتكىسى، يەنە ئۇششاق - چۇششەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرى ساتىدىغان بىرقانچە دۇكان چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خامائىنىڭ مومىسىدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ مەھەللىدىكى قېرى - ياش بىكارچىلارنىڭ يىغىلىدىغان ئورنى ئىدى. ئۇلار سورۇن تۈزۈشۈپ قارتا، قاتار ئوينىشاتتى. مۇنۇر دائىم كۆمۈرلىرىنى سېتىپ بولۇپ، دۇكان ئالدىدا ئاق ھەم قارا تاشلارنى تىزىپ قاتار ئوينايتتى.

تۇغلۇق دۇكان ئالدىغا كەلگەندە كۆز باغلانغان چاغ بولۇپ قالغانىدى. دۇكاننىڭ ئالدىدىكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىشۇالغان لەمپىدە چىۋىن پوقىدىن ئالىچىپار بولۇپ كەتكەن چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېگىدە قارتا ھەم قاتار سورۇنلىرى جىددىيلىشىپ ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئويۇننىڭ يارىشىغىنى قىلماقتا ئىدى. تۇغلۇق مۇنۇرنى نوقۇپ چەتكە ئېلىپ چىقتى. ئاندىن ئۇنى «بەگئۈستەك» بويىغا ئاپىرىپ بولغان ئىشنى ئاددىيلا چۈشەندۈردى. مۇنۇر يۇمۇق كۆزلىرىنى تېخىمۇ يۇمۇپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى يېرىم ئاچتى:

— ھەي ئاداش، بۇنداق بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۇرگىچە ئۇدۇللا چىلانلىققا بارمامسەن، — مۇنۇر ئاسمانغا ھاڭقىيىپ قارىدى، — داچىدىكى ھېلىقى نەسىللىك بۇقىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ ئەجەب ئۇنتۇپ قالدىما ئۇ گۇينىڭ ئىسمىنى؟

— ئايازنى دەمسەن؟ ماۋۇ يۇمۇقنىڭ قويۇۋالغان ئىسمىنى كۆرەيمۇ!

— بەللى، بەللى، شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەمسەن.

بوۋاينىڭ ئۇ يەرگە بارغان ـ بارمىغانلىقىنى، ھېلىقى پور قورساق بىلەن نىمە دېيىشكەنلىكىنى ئاشۇ چوقۇم بىلىدۇ.

— توغرا، ئەجەبمۇ يادىمغا كەلمەپتا، — تۇغلۇق مۇنۇرنىڭ بېشىغا بوشقىنە ئۇرۇپ قويدى، — يائاللا، سېنىڭ مۇشۇ سوقا باش كاللاڭ ئىشلەيدۇ جۇمۇ.

— ھەي، بېرىشتىڭغۇ مېنبۇستا بارارسەن، كېلىشتە قانداق قىلىسەن؟

— ۋۇي راست، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن.

— داداڭنىڭ گېپىدىن كاللاڭ ئايلىنىپلا كېتىپتۇ ـ دە بىچارە ئاشىق، — مۇنۇر تۇغلۇقنىڭ دولىسىغا شاقىلدە بىرنى ئۇردى، — مېنىڭ ۋېلىسىپىتىم بىلەن بارغىن. خوتۇنۇمغا دېسەڭ ئاچىقىپ بېرىدۇ. ھەيىپ، بۇ قول جەزمەن ئۇتاتتىم، ئويۇننى بۇزدۇڭ ـ دە، دوزاخ شوتىسى.

تۇغلۇق— مۇنۇرنىڭ ۋېلىسىپىتى بىلەن چىلانلىققا قاراپ بوراندەك يۈرۈپ كەتتى. ئاسفالىت يول ھەم يەر تۆۋىنى بولغاچقىمۇ پىدالنى بىرلا تېپىپ قويسا چاقنىڭ ئىس ـ پىسلىرى كۆرۈنمەي قالاتتى. تۇغلۇق ئاي تۇغماستىن بۇرۇن چىلانلىقنىڭ چېگرىسىغا كىرىپ بولدى. ئۇ داچىنىڭ سول تەرەپتىكى چېگرا تېمىغا بېرىپ ئايازنىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلىدى… ئۇ تەرەپتىن ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم يوغانراق چالمىدىن بىرنى تاشلىغاندا، ئايازنىڭ بېشى تامدىن كۆرۈندى. ئەمما مۇشۇ چاغدا تۇغلۇقتىن ئەنسىرەپ قالغان ئەمرۇللا بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ دۇكان ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردىكىلەر «مۇنۇر ئىككىسى بەگئۆستەڭ تەرەپكە كەتكەن» دېيىشتى. شۇڭا ئۇ مۇنۇرنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى، قارىقۇمچاق كېلىن ئېرىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە: «ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، دەپ تۇغلۇق بىللە چىقىپ كەتكەنىدى، پىدانىڭ ئۆيىدىمىكىن، يە زىكرىنى ئىزدەپ كەتتىمىكىن» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى.

بوۋاينىڭ باللارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئىزدەشكە ھەپىلىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ سۇپىغا سېلىپ قويغان قوراق كۆرپىگە يانپاشلاپ يېتىپ يىغلاپ سالدى... راست، بۇ يىغا ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ، خۇددى قىيانىدەك يامراپ كەلدى ـ دە، ئۇ ئېسەدەپ ـ بوغۇلۇپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى.

ۋەللاھى ئەلەم بېسەۋەب ئەش يوقتۇر، ئاشۇ قوراق كۆرپە بوۋاينىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن يىگىرمە سەككىز يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، تاتلىق، مۇلايىم قىزى ئومايقىز ئۆزى يىغقان قوراق لاتىلاردىن تىككەن بۇ قوراق كۆرپە ئۆڭۈپ، يىرتىلىپ، ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشۈپ ھېچ مەسلىھەتى قالمىغان بولسىمۇ بوۋاي ئۇچۇن يەنىلا قەدىرلىك ئىدى! شۇ چاغدا ئۇ رەھمىتى مەرھۇمە: «دادا، قوراق كۆرپىدە ياتسىڭىز ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولىدۇ...» دېگەنىدى. راست مانا، ئەمرۇللا بوۋاي بۇ يىل يەتمىش بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. بىراق، ئالمىقاندەك، قولاقتەك پارچە رەختلەردىن بىر يىگنە، بىر يىپ قىلىپ قوراق كۆرپىنى تىكىپ چىققان ئومايقىز ئاشۇ قوراق كۆرپىچىلىكمۇ ياشيالمىدى. كىم بىلىدۇ، قوراق كۆرپىدە ياتىدىغان دادىسىغا ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى قوراقلارغا ئايلاندۇرۇپ، قوراق كۆرپىگە سىڭدۇرۇۋەتكەنمۇ نېمە؟ ئەزرائىل ھازىرچە ئەمرۇللا بوۋاينى ئىزدەيدىغاندەك ئەمەس!...

بوۋاي دەرەخ يىلتىزىدەك يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن كۆرپىنى سىلىدى... سىلىغانسېرى كۆز ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزلىرىدىن سىيرىلىپ تۆكۈلۈپ ئاپئاق ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياشلىرىغا ئايالى دانەم موماي، قىزى ئومايىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى، بۇ دۇنيادا يېتەلمىگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ قان ـ زەردابلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن!... ئەمرۇل بوۋاينىڭ ئون بالىسى يوق! ئاشۇ بىر تاللا جىگىرى بار ئىدى. ھەقتائالا پەرزەنتكە كەلگەندە بۇ ئائىلىگە شۇنچىۋالامۇ بېخىللىق

قىلغان بارمۇ؟ راست بەرمىدى ئەمەس، ئىككى ئوغۇل، بىر قىز بەردى، بىراق ئۆزى بىرىپ بولۇپ پايلىماي يەنە ئېلىپ كەتتى! ئاخىرىدا بەرگەن تاغار قىغىندىسى ئۇماي تۇغۇلۇپ، بۇ ئائىلىگە خۇددى شۇقەدىرى نۇرى چۈشكەندەك ئەر- خوتۇن ئىككىسى قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. بالىنىڭ «قىرىق سۇيى»دە قىرىق توقاچ يېقىپ، قىرىق بالىغا تارقىتىپ بەردى. بىر تال توقاچ، بىر ئۇچۇم تاتلىق - تۈرۈم ئالغان بالىلار مەھەللىمۇ مەھەللە يۈگۈرۈشۈپ، ئۆز سېپىگە قېتىلغان دوستىنى بىر خۇدادىن تىلەپ قوشاق ئېيتىشتى:

ئاللا، ئۆزۈڭ قۇدرەتلىك،
بىز نامىڭنى قىلدۇق ياد.
بەردىڭ بىزگە ئۇماينى،
بارچە بالا بولدۇق شاد.

*

توشتى بۈگۈن قىرىقى،
«قىرىق سۇيى» قۇيۇلدى.
بىزگە يەنە بىر قانات،
قېتىلغاندەك تۇيۇلدى.

*

ئارىمىزدا ئەي بولسۇن،
ئېلىپ كەتمە ئۇماينى.
رەھمىڭ كەلسۇن ئانىغا،
يېتىم قىلما ئاتىنى...

نەچچە كۈنلەرگىچە ئەتىسى ـ ئاخشىمى تارسۇ ئاسمىنىدا ياڭرىغان غۇبارسىز نارەسىدىلەرنىڭ تىلىكىنى خۇدايىم مەقبۇل ئەتتى بولغاي، ئۇماي ئەمرۇللا بىلەن دانەمنىڭ يالغۇز چىرىغى بولۇپ يېنىپ قالدى… ئۇماي ياۋاش، مۇلايىم، ساددا قىز ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا قىزىل چىققان باھانە بولدى ـ دە، قىزىل يانماي، ئوقۇشتىن قېپقالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر تال تەۋەررۈكى بولغاچقا، كۆزىگە قاراپ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى. قول ئىلكىدە بار دېھقان قىزلىرىمۇ كىيەلمەيدىغان كىيىملەرنى ئۇماي كىيەتتى… چېھرى سۈت قۇيۇپ ياققان توقاچتەك ئاپئاق ھەم يۇمىلاق، لەۋلىرى ئىككى تال قىزىل مارجاننى پاتۇرۇپ قويغاندەك ئوماق، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەن ناۋات سۈيىدەك پاكىز، قايرىلما كىرپىكلىك كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ قىز سەھرانىڭ گۈلى ئىدى! ئەپسۇس، بۇ گۈلنىڭ يىگىرمىنچى باھارى كەچ كۈزنىڭ سوغۇقىدا ئۈششۈككە ئۇچرىدى!

*

1970 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلىپ ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇرۇش ـ چېقىش، بۇلاش — تالاش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان «ئۈچ خىل» ئادەملەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىش باسقۇچى — «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى. مەملىكەت بويىچە «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» خىزمىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن جاي ـ جايلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى. يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر تۇردى ھەسەن تارسۇغا بەلگىلىنىپ، «سىنىپىي كۈرەش قاپقىقىنى ئېچىش» خىزمىتىگە

يېتەكچىلىك قىلدى. ھۆججەت، ماتېرىيال ئۆگىنىش، تەھلىل ـ تەنقىد، ئۆزىگە تەتبىقلاش، قەلب تاپشۇرۇش باسقۇچلىرى ئارقىلىق بىر قىسىم دېھقانلار تارتىپ چىقىرىلىپ ئىنقىلاب پونكىتى بوپقالدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىگە «ئىككى يۈرەك» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ ئەدىپى بېرىلدى. شەھەر ياكى سەھرا ـ يېزىلار بولسۇن خېلىلا كۆپ ئائىلىلەردىن ئەڭ بولمىسا بىر ئادەم 1962 ـ يىل 29 ـ ماي ۋەقەسىدىكى «قاچ ـ قاچ»تا سوۋېت تۇپرىقىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۆتۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ تەرەپتە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم قېرىنداشلىرى بارلار كۆپ ئىدى. مانا ئەمدى «ھالۋا يېگەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى» بولۇپ، ۋەتەنگە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قېپقالغانلار تۇردى ھەسەننىڭ نەزىرىدە «ئىككى يۈرەك» سىنىپىي دۈشمەنلەر بولۇپ قالغانىدى. تارسۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ گۇمانلىق «ئۇنسۇرلار» دەپ قارالغاچقا، كۈرەش قىلىش، تەھلىل ـ تەنقىد مەيدانلىرىدا خاتىرە يېزىش، ئەنزە تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلاردا يىگىرمە ياشلىق ئۇماي بولسا تۇردى ھەسەننىڭ كاتىپى بولۇپ قالدى...

— تۇردىكا، مەن... بۇ ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى ئۇماي بىر كۈنى قەلەمنى جاقىدە ئۈستەلگە قويۇپ، — قورقىدىكەنمەن.

— نېمىدىن قورقىدىكەنسىز؟

— سىز «مەسىلە ئېنىقلايمەن» دەپ كېچىلىرى دېھقانلارنى ئەكىرىپ ئۇرۇدىكەنسىز.

— ئەخمەق قىز، بۇ دېگەن ئىنقىلاب، — تۇردى ھەسەن ئوتتۇرىدىن بۆلۈنگەن چېچىنى بارماقلىرىدا تاراپ قويدى، — مۇشۇنداق ئىنقىلابتا ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇرمىسىڭىز مەن سىزنى ئۇرۇمچىگە قانداق ئېلىپ كېتىمەن.

— قاس ـ قۇس، پاق ـ پۇق ئۇرۇپ كەتسىڭىز، — ئۇماي

يـسغـلىۋەتتى، — مېنىڭ يۈرۈكۈم سېلىپ ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالىدىكەن.

— چۈنكى سىز ئىنقىلاب بورانلىرىدا چېنىقمىغان... مانا بۇ سىزگە پۇرسەت! ئىنقىلاب ئاۋانگارتلىرىدىن بولسىڭىز، ئاندىن ئۆرۈمچىنىڭ سىياسىي ھاۋاسىغا ماسلىشالايسىز.

تۇردى ھەسەن ئىشخانىدا بىكار قالسىلا ئۇمايىنىڭ ھۆسن ـ جـامـالـىـدىـن بەھرە ئالغاچ ئۈرۈمچىنى ماختاپ بېرەتتى. ئۇ بـاغچىلار، ئېگىز بىنالار، ئالىي مەكتەپلەر، ئاسفالت يوللار، ئـايـىـغـى ئـۈزۈلـمـەي قـاتـنـاۋاتقان ھەر خىل ئاپتوموبىللار، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش قاتارلىقلارنى ماختىغىلى تۇرسا، ئۇماي ئـېـگـەك تىرىگىنىچە كېچە بىر ۋاق بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قالاتتى.

— ۋاي خـۇدايـىـم، تـۇردىـكـا، گـېـپـىـڭـىزگە قىزىقىپ ئـولـتـۇرۇۋېرىپتىمەن، قاراڭە سائەتنى، — ئۇماي ئۇستەلدىكى چىكىلداپ تۇرغان سائەتنى ئىما قىلاتتى، — مەن قايتاي، دادام، ئاپام خاپا بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەخمەق قىز، تۇردىكام ئەكېلىپ قويىدى، دېسىڭىز گەپ قىلالمايدۇ، يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

كۈندۈزلىرى ئېشەكلەر ھاڭراپ، ئاتلار كىشنەپ، كالىلار مۆرەپ، دېھقانلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ يۈرىدىغان تارسۇ كـەنـتـى كـېـچـىـلىرى تولىمۇ جىمجىت بولىدۇ. پەقەت زەئىپ غىڭشىپ قۇلىقىڭغا ئۇرۇلغان پاشا ـ كۇمۇتىلارلا ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. ناگان ـ ناگاندا يولنى كېسىپ ئۆتكەن كىرپە تىكەنلىرىنى دىڭگايتىپ قوغۇنلۇقلارنىڭ چۆنەكلىرىگە كىرىپ كەتسە، قۇشلار ئـۈيـقـۇلـۇق چـۇرۇقـلاپ قويىدۇ. نەدىندۇر يىراقلاردىن گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ يوقايدىغان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى يۈرىكىڭدىكى كونا يىراقلارنى ئېسىڭگە سېلىپ، كۆزلىرىڭنى لىپمۇلىق سۆزۈك ياشلارغا تولدۇرىدۇ...

— تۇردىكا، ئۇنداق قىلماڭە، — ئۇماي تۇردىدىن يىراقلىشىپ ماڭدى، — ئەجەب سەت تۇردىكەن.
— سىز قاچانمۇ ئۇرۇمچىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنەر-سىز، — دېدى تۇردى قىزنىڭ تولغان بىلىكىدىن ئۇچلاپ، — ئۇرۇمچىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قولتۇقلىشىپ ماڭىدۇ، بۇنى پادرۇشكىلاپ مېڭىش دەيمىز.
— مەن ئۇنداق مەدەنىيەتكە كۆنەلمەيدىكەنمەن.
— كۆنەلمىسىڭىز ئۇرۇمچىگە بارسىڭىز چېنىپ قالىسىز.
— مەن ئۇرۇمچىگە بارالايمەنمۇ؟
— نېمىشقا بارالمايسىز، مانا مەن ئۆزۈم ئاپىرىمەن، — تۇردى ھەسەن قىزنىڭ بەللىرىدىن سىلىققىنە قۇچاقلىدى، — ئۇماي مەن... سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم...
— مېنى... سەھرالىق تومپاي كۆرمەمسىز؟
تارسۇنىڭ نېرىسىنى كۆرمىگەن بۇ سەھرا قىزى ئۇچۇن ئۇرۇمچى راستىنلا رىۋايەتلەردىكى جەننەتتەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىزنىش، ساددا ئىنتىلىشلىرىنى كۆرگەن تۇردى ھەسەن: «ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىمەن» ، «ئۇرۇمچىدە ئوقۇتىمەن» دېگەن يەمچۈك بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى ھەم بىرنەچچە قېتىم ئۆيىگە كەچ قايتقان ئۇماينى «بەگىئۆستەڭ» بويىغا ئاپىرىپ «يېڭى مەدەنىيەت» كە كۆندۈرۈشكە باشلىدى...
مارت ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، ئاپرېل كىرىش بىلەن دېھقانلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى. يەر ئاغدۇرۇش، سۆرەم سېلىش، تېرىش، سۇغىرىش، چۆنەك تارتىش، ئوغۇت يۆتكەشتەك دېھقانچىلىقنىڭ راسا قاتىلاڭچىلىق مەزگىلى باشلاندى. ئىنقىلاب بەزەن - كېچىلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش تۇتۇلدى. ئىنقىلاب ئاۋانگارتلىرى بىر - ئىككىدىن گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە دېھقانلارنىڭ تېرىش، سۇغىرىش، ئوغۇت يۆتكەش

ئىشلىرىنى تۈتتى. ئۇماي بىلەن تۇردى ھەسەن مەلۇم ئەترەتكە مەسئۇل بولماي، تارسۇنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمرۇللا، دانەملەر قىزنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. بەزى دېھقانلار قەنت، چاي، رەخت، گۆشلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەمرۇللا بىلەن دانەمگە:

— قىزلىرى ئۇمايغا دېگەن بولسىلا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدا بولغاندىن كېيىن، دادامنى ئۆيدە قونۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، مەيدىسى ئاغرىيدىغان كېسىلى بار ئىدى، — دەپ يالۋۇرسا، بەزىلىرى تۇغقانلىرىنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىپ چارە كۆرۈشنى ئۆتۈنەتتى. قىزنىڭ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئەمرۇللا بىلەن دانەم تۇردى ھەسەندىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى.

ماي ئايلىرى كىرىش بىلەن توپتېرەك، قارغوجا، تارسۇلاردىكى قىز ـ يىگىتلەر شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنىشىپ چىلانلىقتىكى ئېرەن ئورمانلىقىغا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ مېڭىشاتتى. ماي ئايلىرىدا ئېرەن ئورمانلىقى بىنەپشەرەڭ، قىزىل، سېرىق تونلارنى كىيىپ بۆلەكچىلا رەڭدار تۇسكە كىرەتتى. قىز ـ يىگىتلەر ئۇنىڭ نازۇك يوپۇرماقلىرىنى مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى قىلىپ بىر ـ بىرىگە تەقدىم قىلىشاتتى. دەريا قىرغاقلىرىدا، بۇلاق باشلىرىدا سۇ چېچىشىپ، قاراڭغۇ سايىلاردا پىچىرلىشىپ، كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشلىرى ھەققىدە مۇڭدىشىپ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى. بولۇپمۇ ھېيت ـ بايرام، خاتىرە كۈنلەردە «ئېرەنلىك» بەجايىكى توي تۇسىنى ئالاتتى. بىر كۈنى تۇردى ھەسەن ئۇماينى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ چىلانلىقتىكى «ئېرەنلىك»كە كەلدى. ئۇلار چۈشكىچە ئوينىغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن نانلىرىنى بۇلاققا چىلاپ

يېيىشتى. ئاندىن ئېرەن ئورمانلىقىدىن يۈقىرىلاپ مېڭىشتى. ئېرەن دەريا قىرغاقلىرىدا قوغلىشىپ تۆيۈقسىزلا جەننەتتەك بىر باغقا كىرىپ قالدى. ئارىلىقنى كەڭ قالدۇرۇپ تىكىلگەن ئالما، نەشپۈت، ئالگىرات، شاپتۇللارنىڭ يوپۇرماقلىرى خۇددى مايلاپ قويغاندەك كۆپكۆك پارقىراپ تۇراتتى. يېتىلگەن غورىلىرىمۇ شۇنچىلىك سەرخىل ئىدى. مېۋىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى تاختا ئېتىزلارغا تېرىلغان بۇغداي، قوناقلارنىڭ بېغىشلىرى توم، ياپراقلىرى قارا بولۇپ، ھېلىتىن باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. بۇ ئەسنادا چار ساقاللىق، ۋىجىككىنە بىر ئادەم بىلەن ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر بالا قوللىرىدا باغۋەن قايچىسى تۇتقان ھالدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ مېۋىلەرنىڭ ھارام شۇڭلىرىنى پۇتاش ئۈچۈن كەلگەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى.

— بالام ئاياز، — دېدى ۋىجىك بوۋاي تال بوستاننى ئىشارە قىلىپ، — سەن تال بوستاننى تارا، نەشپۈت، ئالمىلارنىڭ ھارام شۇڭلىرىنى ياخشى پەرق ئېتەلمەيسەن.

تۇردى ھەسەن باغنىڭ نۇقسانسىز چىرايلىقلىقىغا، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنىڭ ئۈنۈمگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانلىقىغا ئىچىدە ئاپىرىن ئوقىدى. دېمىسىمۇ باغنىڭ ئالدى تەرىپى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئېرەن دەرياسى… ئەتراپى گويا باغنى جۇدۇن - چاپقۇنلاردىن ئاسرىماقچى بولغان قورغانلاردەك بۈك ئورمان! ئورمان ئىچىنى كېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - بۈگرى يول… يول ئەتراپلىرىدا بۆلجۈرگەن، قۇلۇپنىڭ، مالىنالارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يىراقتىن ئاۋرال تېغىنىڭ ئاق باشلىق چوققىلىرى كۈمۈش رەڭ پارقىرايتتى.

— پاھ، — دېدى تۇردى ھەسەن باغقا تويماي قاراپ، — مۇشۇنداق يەردە ئۆيۈڭ بولسا ئۆمۈر بويى قېرىمايسەن - دە!

تۇردى ھەسەننىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك چار ساقاللىق باغۋەن چىقىۋالغان ئالما ئۈستىدىن ۋارقىرىدى:

— ھە، كادىرىمىز قاراپ كەتتۇقۇ، كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك.

— زوقۇم كېلىپ! دېمىسىلىمۇ كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن...

— راست دەيسىز، ئېرەن دەريا بويىدىكى بۇ ئون بەش مو يەر ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان تەۋەررۇك گۆھەر دەڭا! قارىماسىز، قوڭۇر چىلان تۇپراق، ھاۋاسى ساپ بولغاچقا مېۋىلەرگە قۇرت چۈشمەيدۇ. ئەدناسى بۇ يەرلەر تاش تېرىسىڭىزمۇ ئۈنىدۇ.

— مېۋە ھەم زىرائەتلىرىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرمامدۇ.

— تېخى مېۋىلەر يېتىلگەندە بىر كېلىڭ، باغدىن مېھرىڭىزنى ئۈزەلمەيلا قالىسىز، — باغۋەن ئوغلىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھاي ئاياز، ئۈزۈمنىڭ پىشقان شىڭىلىرىغا دىققەت قىل - ھە!

— بولىدۇ دادا، — ئاياز غودۇڭشىدى، — تولىمۇ ئەنسىز - دە سەن، ھەر يىلى قىلىۋاتقان ئىشىم تۇرسا بىلمەمدىم.

تۇردى ھەسەن بۇ يەرگە كۆڭلى قىيمىغان ھالدا قايتتى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئومايغا:

— ئەگەر قول ئىلكىڭدە بولسا مۇشۇنداق يەرگە ھەيۋەتلىك بىر ئۆي سالساڭ ئارمانسىز ياشايسەن - دە، — دەپ قويدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ بۇ ئون بەش مو جەننەتنى ئۇنتۇيالماي ئەل - ئاغىنە، يار - بۇرادەرلىرىگە بىرنەچچە يىللارغىچە ماختاپ يۈردى.

— بىزنىڭ ئېرەن دەريا ساھىللىرىدىكى يېزا - سەھرالار ماي ئايلىرىدىن باشلاپ ئاشۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئوماي تارسۇغا قايتىۋېتىپ، — بىزنىڭ تارسۇ كەنتىمىزنىمۇ كۆرگەنسىز؟

— كۆردۈم، — تۇردى ھەسەن ۋېلىسىپتنىڭ ئارقىسىدىكى

ئومايغا قايرىلدى، — لېكىن چىرايلىقلىقتا سىزگە يەتمەيدۇ···
— ئەسكى··· ئەسكى···، — ئوماي تۇردى ھەسەننىڭ دۈمبىسىگە بوشقىنا مۇشتلىدى.

راست، ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تارسۇنىڭ ئېدىر قىرلىرى لەيلىقازاق، سېرىقچېچەك، كاككۇكگۈللىرى بىلەن پۇركىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا كۆز يەتكۈسىز كۆپكۆك بۇغدايزارلىقلار ئارىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن قىپقىزىل لەيلىقازاق گۈللىرى كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئەسكە سالاتتى··· دەريا بويلىرى بەجايىكى بىر سۈرەت ئىدى! مەخمەلدەك ساھىللار تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ قۇياش نۇرىدا ئۈنچە ـ مارجانلاردەك يالتىرايتتى. دەريانىڭ ئۇ قانات ھەم بۇ قانىتىدىكى زىرىق، قارىقات، ئالىقات، جىغان قاتارلىق تىكەنلىك توقايلىقلار، ئورمانلار، ئېرەن كۆچەتلىكلىرى يېپىلىپ ياتاتتى. سۇنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياپىېشىل ئاراللاردا ئات ـ كالا، قويلار ئوتلىشىپ يۈرەتتى. تارسۇدىن دەريا بويىغا چۇشۇپ كېتىدىغان چىغىر يول ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ياتقان ئۆلۈك يىلانغىلا ئوخشايتتى··· ئېدىر غولىدا بىر تۇپ ئېرەن دەرىخى بولۇپ، تۇردى ھەسەن كۈندۈزلىرى ئوماي بىلەن ئەنە شۇ ئېرەن تۈۋىدە سايداپ يېتىشاتتى. ئېرەن تۈۋىدىكى يۇمشاق مىسىل قېلىن ھەم ئېگىز ئۆسكەشكىمۇ ئۇلارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۇردى ھەسەن شېشىدەك پاكىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىنغا قاراپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يانتۇ ياتقان ئوماي بىر تال ئوتنى ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە، بويۇنلىرىغا، قۇلاق ئارقىسىغا تەگكۈزۈپ كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ تۇردى ھەسەننىڭ سول قولىنىڭ ئاستىدىكى بادامدەك قىپقىزىل خالىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئاستا سىلىدى.

— تۇردىكا، بۇ خالىڭىز قىزىلگۈلگە ئوخشايدىكەن···

— سىزمۇ قايسى بىر گۈلدىن كەم ئامرىقىم···

كىچىلىرى بەگئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلىكتە ئوبدانلا كۆندۈرۈلگەن ئوماي بۇ پىنهان ئىرەن ئاستىدا تۇردى ھەسەننىڭ قانماي سۆيۈشلىرىگە، قۇچاقلاشلىرىغا، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى مۇجۇشلىرىغا قارشىلىق قىلالمىدى ھەم شەھۋانىي نەپسىنىڭ ھاياجىنىدا ھاسىراپ كەتكەن تۇردى ھەسەن ئومايىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. يۈزلىرى قىزىرىپ ھەم ھۇپپىدە ئىسسىپ كەتكەن ئوماي:

— يەنىما؟! — دەپ پىچىرلىدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، بىر قېتىم...، — دېدى تۇردى ھەسەن ھىجىيىپ...

— سىز مېنى «ئالىمەن، ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتىمەن» دېگەچكە ئۆزۈمنى بۇلغۇدۇم، — دەپ يىغلىۋەتتى ئوماي، — ئەمما كېيىن يېنىۋالسىڭىز ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بېرىمەن...

— توۋا دەڭا، ئوماي، ئۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلسام خۇدامۇ كەچۈرمەس مېنى...

— مېنىڭ شۇنداق ئوقۇغۇم بولغاچقا سىزنى چوڭ كۆرمەي تېگەي دېدىم، بولمىسا ماڭا شەھەردىنمۇ ئەلچى كەلگەن.

كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى تۇردى ھەسەن بىلەن ئوماي بەگئۆستەڭ بويىسىدا ئۇچراشتى. قىزنىڭ ئوماق چېھرى تاتارغان بولۇپ، كەيپىياتىمۇ چىگىش كۆرۈنەتتى.

— تۇردىكا، قورسىقىمدا قاپتۇ، — قىز يىغلىۋەتتى، — قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى...

— نېمە، قورسىقىمدا قاپتۇ؟ — تۇردى ھەسەننىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى، — مەن... مەن سىزگە پۇل بېرەي... مانا تۇتۇڭ، — تۇردى ھەسەن قىزنىڭ قولىغا يىگىرمە سوم تۇتقۇزدى، — شە... ھەرگە كىرىپ ئالدۇرۇۋېتىڭ...

— ئالدۇرۇۋېتىپسىلەڭ؟! — قىزنىڭ كۆزلىرى يالتىنىدە ئالايدى، — ئالدۇرۇۋەتكەن بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئەلچى كىرگۈزۈڭ، دەرھال توي قىلىۋالايلى.

— توي؟— تۇردى ھەسەن چۆچۈپ كەتتى، — ھەي ئەخمەق قىز، تەشكىل مېنى خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ ئەۋەتكەن، «خوتۇن ئېلىپ، ئۆي تۇت» دەپ ئەۋەتمىگەن.

— ئەمىسە بۇ بالىنى،— ئومايقورسىقىنى ئىما قىلدى، — قانداق قىلىمەن، سىزمۇ كېتىمەن دەۋاتسىز.

دەرۋەقە بۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە جاي ـ جايلارغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش بۇيرۇقى چىققانىدى. تۇردى ھەسەنمۇ ھەر كۈنى خىزمەت گۇرۇپپىسى باش شتابىدىكى بۇرادەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ تىنىڭ تىڭلاپ يۈرۈۋاتاتتى.

— ئوماي، تۈگمەن تەرەپتىن ئىككى ئادەم كېلىۋاتىدۇ، — تۇردى ھەسەن ئومايىنىڭ بىلىكىدىن ئۇشلاپ ماڭدى، — بۇ ھەقتە كېيىن پاراڭلىشايلى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى بولغاي، تۇردى ھەسەنگە قايتىش ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالدى. لېكىن ئۇ ئومايدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتاتتى. بىر كۈنى ئوماي «ئىنقىلابنى تۇتۇش» ئىشخانىسىغا كىرىپلا ئۇنىڭ يىغلىۋەتتى. ئەگەر باشقا تۇرگۈن قىزلار بولغان تەقدىردە: «يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن»، «ئىدارەڭگە بېرىپ باشلىقىڭغا دەيمەن»، «سولىتىۋېتىمەن» دەپ غوۋغا كۆتۈرگەن بولاتتى. لېكىن بۇ ياۋاش، مۇلايىم، ساددا سەھرا قىزى ئۆزىنىڭ يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈشكە رازى بولىدىكى ئۇنداق بېشەملىك قىلالمايتتى. لېكىن تۇردى ھەسەن ئومايىنىڭ يىغىسىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى. ئەلۋەتتە باشقىلار كىرىپ قالسا نېمە دەپ چۈشەندۈرەلەيدۇ؟ شۇڭا ئۇ، «بۇگۈن كەچ سائەت ئونلاردا بەگئۆستەڭ بويىغا چىقىڭ» دەپلا ئۇنى ئىشخانا بوسۇغىسىدا ئۇزىتىپ قويدى.

تۇردى ھەسەن كېتىپ بولغۇچە بىرەر چاتاقنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ دېگەن ۋاقىتتا بەگئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. قىز تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. تۇردى ھەسەن بۇ كېچە ئىلاجى بار چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئومايىنى ئالداپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ، قىزنى قۇچاقلاپ سۆيدى، ئەركىلەتتى… ھەرگىز چىدىمايدىغانلىقىنى دېدى.

— ئوماي، مەن ئەتە كەتمەكچى،— دېدى تۇردى ھەسەن قىزنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ، — بىرىپلا خىزمىتىمنى قولۇمغا ئالىمەن - دە، ئىدارىدىن توي قىلىش خېتى ئەكىلىمەن. بىرەر - ئىككى ئاي سەۋر قىلىڭ.

— كېتىشتىن بۇرۇن نىكاھ قىلىپ قويساق بولمامدۇ، — قىز كۆڭلى تۇيغاندەك تۆكۈلۈپلا تۇراتتى،— مەن خەلقئالەم ئالدىدا ئىشەنچلىك يۈرەلەيمەن.

— ھەي… نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئۆستۈرۈدىغان كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ چېنىقتۇرىدۇ،— دېدى تۇردى ھەسەن مەغرۇر قىياپەتتە،— مەن دېگەن ئۆستۈرۈلىدىغان نامزاتلار تىزىملىكىدە ئىسمىم بار ئادەم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خىزمەتكە چۈشۈرۈلگەن جايدا توي قىلىۋالسام ئۆسۈش ئەمەس، خىزمەتتىنمۇ ئايرىلىپ قالىمەن… ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل قەغەز ئالماي نىكاھ قىلساق قانۇنغا خىلاپ!

— ۋاي - ۋۇي! نېمانداق جىق گەپلەر بۇ…، — ئوماي يېشىنى ئېرتىپ ئۇلگۇرتەلمەيتتى، — ئەگەر مېنى ئالداپ كەلمەي قويسىڭىز، بالىڭىز بىلەنلا دەرياغا ئۆزۈمنى ئاتىمەن.

— بولدى يىغلىماڭ، نېمىدېگەن تۇگىمەيدىغان ياش بۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— مېنى كۈتۈڭ، قاراڭ بۇ نېمە؟ — تۇردى ھەسەن كۆڭلەك ياقىسىغا قولىنى تىقىپ، يېشىل يىپەك يىپقا

ئۆتكۈزۈلگەن سۇس هاۋا رەڭ كەهرىۋا تۇمارنى ئېلىپ قىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى، — بۇ موماممدىن قالغان تەۋەررۈك، هەرگىز يىتتۈرۈپ قويماڭ...
«مېنى كۈتۈڭ» دېگەن قۇرۇق سوسكىنى ئومايىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ قويغان تۇردى هەسەن بىر كەتكەنچە يوقالدى... كۈنلەر يىل، يىللار ئەسىر بولدى... ئۇ باغرى تاشنىڭ خەۋىرى بولمىدى ... ئومايىنىڭ كۆز ياشلىرى يىلتىزسىز بۇلاقلاردەك قۇرۇپ تۈگىدى! كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، يوللارنى غۇۋا كۆرىدىغان بولدى. ئەجىبا ئومايدەك سەهرا گۈلىنى هېلىقى قارا كۆڭۈل دوزىخى نېمە قىلىپ قويدى هە؟!
بارغانسېرى يوغىناۋاتقان قورسىقىنى خام خەسە، رومالىلىرىدا تېڭىپ يۈرگەن ئوماي ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بىراق «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك ئۇنىڭ قورسىقى تۆت ئايدىن ئېشىپ قالغاندا ئاپىسى دانەم سېزىپ قالدى. ئەمرۇللا كىچىچە ئېتىزغا سۇ ئالغاندا دانەم قىزىنى زەمچىگە باستى. لېكىن ئوماي يىغلاشتىن باشقا هېچنېمە دېيەلمىدى. دانەم قىزىنى ئۇردى، تىللىدى، قاغىدى، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى. ئەمما چىققان كۆز ئورنىغا كەلمىگەندەك، قانچە قىلغان بىلەن بىكار ئىدى.
بىر كۈنى كېچىسى دانەم ئورۇندا يېتىپ تۇرۇپ ئەمرۇللا تەمبۇرگە بۇ ئىشنى ئېيتتى. كۆزلىرى جامدەك يوغىناپ، چىرايى سۇپسۇر بولۇپ كەتكەن ئەمرۇللا «ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ قولىغا پالتىنى ئېلىۋالدى. دانەم ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يالۋۇردى. دۇنيادىكى بارلىق ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يېلىندى. هەتتا: «مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقلىرىنى چىقارسىلا» دېدى. ئۇنىڭ بىچارە، بىقول، مۆمىن، ئانىكوم هالىتىنى كۆرگەن ئادەم ئەمەس، مالائىكىلەرنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كېتەر! هەي!... دەرىخا ئايال كىشى بولماق بولۇپمۇ ئانا بولماق نېمىدېگەن

تەس ـ ھە! ؟ ئەنە قاراڭ! ياندىكى ئۆيدە مۆل ـ مۆل يىغلاپ ياتقان ئوماي دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك تولغىنىۋاتاتتى.

— سەن ئاپىسى تۇرۇپ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بولماي قالامدۇ؟ — ئەمرۇللا ئېڭەككە قاراپلا سالدى، — ئانا دېگەن بويىغا يەتكەن قىزى بىلەن سىرداش، مۇڭداش بولىدىغانغۇ ھەي غورالداي...

— خەۋىرىم بار دادىسى، ئومايىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىدىن سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرىدە بار...، — دېدى دانەم تىزلانغان پېتى، — ئۆزلىرى: «بوپتىلا ئوقۇتىمەن دېگەندىن كېيىن ئۆزىدىن چوڭ بولسىمۇ بېرەيلى» دېگەنىدىلىغۇ.

— ھەي ئۆلەرمەن غورالداي، ئۇ دېگەن مۇسۇلمانچىلىقتا بار ئىش، — ۋارقىرىدى ئەمرۇللا، — لېكىن بۇ نىكاھسىز قورساق كۆتۈرۈش مۇسۇلمانچىلىقتا جايىز ئەمەس، ئېغىر گۇناھ بىلەمسەن، ئۇنداق قىزنى ئۆتمۈشتە چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ...

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دانەممۇ ئۈن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى، — سىلىمۇ بوپتۇ دېگەچكە ئوماي ئۇ ئادەم بىلەن نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلغانلىرىنى دەپ بەرسە، مەنمۇ: «بوپتىلا توي قىلغاندىن كېيىن» دەپ سەل قاراپتىمەن... مانا ئەمدى.

— ھەي كالۋا غورالداي، — ئەمرۇللا دانەمنىڭ پېشانىسىدىن نوقۇۋەتتى، — قىزىڭ ھەممە ئىشلارنى ساڭا ماختىنىپ دەپ بەرگەندە، مۇشۇنداق شەرمەندە بولۇشنى ئويلىمىدىڭما؟

ئەمرۇللا بىلەن دانەم دەتالاش قىلىپ تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار گۇڭشېغا، ئۇرۇمچىدىكى چوڭ ئورۇنلارغا ئەرز قىلماقچى بولۇشتى، لېكىن دەرھاللا يالتايدى. رەھبىرى

كادىرلارنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار» دېگەن قالپاق ئاستىدا كۈرەش قىلىپ، سازايى قىچقىرىپ هالىنى قويمىدى. مۇشۇنداق قالايمىقان ۋەزىيەتتە كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خەق ئۇقمايدىغان سەتچىلىكنى ئۆزلىرى ئاشكارىلاپ قىزىنى هەم ئائىلىنى رەسۋايىئالەم قىلغاننىڭ پايدىسى نېمە؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئالدىغا ماڭسا هارۋا ئۆرۈلىدىغان، ئارقىغا ماڭسا ئات ئۆلىدىغان ئاچالدا گاڭگىراپ قالدى. لېكىن ئۇلار قىزىنىڭ ئىچكەركى ئۆيدە يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئاتا ـ ئانىنىڭ كېچىچە قىلىشقان گەپلىرى، تارقاتقان تەڭلىكلىرىنى ئاڭلىغان ئۇماي دېرىزىدىن چۈشۈپ نەگىدۇر كەتكەنىدى. ئەمرۇللا بىلەن دانەم يىغلاپ ـ قاخشاپ هەپتىگىچە ئىزدەپ دېرىكىنى ئالالمىدى. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ئۇلارغا هەمقان بولۇشتى. ئاخىرى «ئۇماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋاپتۇ، كۆرگەنلەر بار ئىكەن...» دېگەن گەپ تارقالدى. ئەمرۇللا، دانەم ئەر ـ خوتۇن ئاددىي بولسىمۇ قىزىنىڭ روهىغا ئاتاپ نەزىر بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يالغۇز قىزىدىن ئايرىلغان بولدى.

دەرۋەقە، دۇنيا تاسادىپىي ۋەقەلەرگە باي بولىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ رابات كۆڭۈلسىز بولغان بولار ئىدى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق بىر كېچىسى دەريا تەرەپتىكى چىغىر يولدىن بىر قارا كۆلەڭگە ئىككى بېقىننى قامالىغان هالدا ئاجىز ئىڭراپ، بەزەن ۋاي ـ ۋايلاپ هەم تۇيۇقسىزلا ئولتۇرۇپ قېلىپ، يەنە ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئەمرۇللانىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتى... ئۇ باغدىكى شور تامدىن چۈشۈپ كالا ئېغىلىنىڭ ئارقا تېمىگە كەلدى. ئاندىن باغ ئىشىكىنى ئاستا ئىتتىرىپ هويلىغا كىردى. مانا بۇ دەريانىڭ ئۇ قانىتىمدىكى قازاقلارنىڭ ئاۋۇللىرىدا كالا سېغىپ، يۇڭ ساۋاپ، يىپ ئېگىرىپ كۈننى ئالغان، ئەمما تەۋەللۇتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەن ناتىۋان

قۇش — ئۇماي ئىدى… ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھىدلىرىنى پۇرىماقچى بولغاندەك، مېھرىبان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئىشىككە يۈزلىرىنى ياقتى. بوۋاي بىلەن ئومايىنىڭ ئاجىز يۆتەلگىنى ئاڭلاندى:

— دادىسى، كۆزۈم ئېلىنىپ كېتىپتىكەن، ئومايىنى چۈشەپتىمەن دېسە، — دېدى موماي يىغلامسىراپ، — شۇنداق ئاشكارا كۆردۈم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاپا، بالامنى باقالارسەنمۇ؟ كىچىكىمدىن جاپايىمنى تارتىپلا كەلدىڭ، ئەمدى يەنە سېنى جاپاغا سالىدىغان بولدۇم…» دېگۇدەك.

— ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمۇ بىر سىر، ئوبدان بوپتىكەن. بولمىسا سېنىڭ بىلەن مەن ئەل - مەھەللە ئىچىدە قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەر ئىدۇق. تېخى ئوماي ئۆزىچۇ؟

— ئەمما بالىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ يامان قىلدى، ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن پاك نارەسىدە - دە…

— راست دەيسەن خوتۇن، بىر بوۋاقنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ گۇناھ قىلدى، گۇناھ…

دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئوماي تېلىقىپقىنا ئارقىغا ياندى. ئۇ نەگىدۇر كەتمەكچى ئىدى. بىراق بىردىنلا تۇتقان تولغاق ئۇنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بۇ قېتىمقىسى پارچە تولغاق بولماي بەلكى ئارقا - ئارقىدىن مۇجۇپ، ئۇنى قوپالماسلا قىلىپ قويدى. ھەم يوتىسى بويلاپ قىزىق بىرنېمىنىڭ ئاققانلىقىنى سەزدى - دە، ئۆمىلەپ، يەر سىجىلاپ سامانخانىغا كىرىپ كەتتى…

ئەتىگەنلىكى كالىغا ھەلەپ ئېتىش ئۈچۈن دانەم سامانخانىغا كىردى. كىردىدە چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى سامانلار تىلغىنىپ، قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن بولۇپ، چىت كۆڭلەككە چىڭ يۆگەلگەن بىر نەرسە مىدىرلايتتى ھەم بوش مىقىرلايتتى… يۆگەك ئۈستىدىن يېشىل يىپەك باغلىق كەھرىۋا

تۇمار ئېسىلىپ تۇراتتى. دانەم چىت كۆڭلەكنى، كەھرىۋا تۇمارنى ھەم يۆگەكنى باغلىغان رومالنى تونۇپ قالدى.

— قىزىم ئوماي!... سەن نەدە؟!...

دانەمنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن ئەمرۇللا ئۆڭسۈلى يوق ھالدا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ھويلىدىن دەريا تەرەپكە قاراپ كەتكەن قانلىق ئىزلارنى كۆردى. قاتتىق يەردە قالدۇرغان بەش بارماق ئىزلىرىمۇ بار ئىدى.

— ئوماي كەپتۇ! قىزىم ئوماي كەپتۇ! ! تاتلىق قىزىم، قېنى سەن؟...

ئەمرۇللا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى... ئارقىدىن دانەممۇ چىت كۆڭلەككە يۆگەلگەن بوۋاقنى باغرىغا باسقان پېتى ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەمما، ئەمما... ھېلىقى قانلىق ئىز تىك يار ئۈستىدە يوقاپ كەتكەن بولۇپ، يارنىڭ ئاستى بۇژغۇن چاچرىتىپ، پىرقىراپ تۇرغان قاينام ئىدى!... ئەمرۇللا بىلەن دانەم ئىككىنچى قېتىم نەزىر بەردى.

ئۇلار بوۋاقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە خېلىلا تاققا ـ تۇقىا بولۇشتى. ئاخىرى مەسلىھەت بويىچە دانەم بىر كېچىسى بوۋاقنى جاغىستايدىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ: «ئوماي تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئېرى بالىنى بىزگە تاشلاپ بەردى» دەپ بالىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدى. تارسۇغا قايتىپ كەلگەندە بولسا: «جاغىستايدىكى سىڭلىم بەدبەختساخان تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتتى، بالىسىنى مەن ياندۇرۇپ كەلدىم» دەپ «ھارامدىن بولغان شۇم» دېگەن ئاھانەتلىك تامغىدىن كىچىك تۇغلۇقنى خالاس قىلدى.

بىز دەسلەپتىلا قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق. دانەمنىڭ جۇغى كىچىك، ئەمما چاققان بولغاچقا ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنى «غورالداي...» دەپ قوياتتى. شۇڭا تۇغلۇقنىڭمۇ «غورالداي» دەپ تىلى چىقتى. ئۇ، غورالداي

ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ تاپ باستۇرمايتتى. دېمىسىمۇ دانەم ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇ يالغۇز قىزى دەردىدە بىرەر كۇنمۇ كېسەلدىن خالىي بولالمىدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە تۇغلۇق ئون تۆت ياشتا بولۇپ، يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتى...

.................

قۇراق كۆرپىدە يېتىپ كۆڭلى ئەلەمزادە بولغان ئەمرۇللا بوۋاي ياشلىق كۆزلىرى بىلەن باراڭدا ئېسىلىپ كەتكەن كاۋىلارغا قارىدى. ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىغا زەن سالدى. ھويلىنىڭ شور تېمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئىشىك ئالدىدىكى كۆكتات ئېتىزلىرىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. لېكىن ئۇلار بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىگە يىغا يامىشىپلا تۇراتتى. راست، ئەمرۇللا بوۋاي يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ قارىمامدىغان بۇ جاھاننىڭ تارلىقىنى! ئۇ ئەشەددىي دۇشمىنى بىلەن ئېرەن دەريا ۋادىلىرىدا يەنە ئۇچرىشىپ قالغىنىنى كۆرۈڭ... ئۇمايىنى خورلۇق ئىچىدە ئۆلتۈرگەن، دانەمنىڭ ھەسرەت يۇتۇپ بۇ ئالەمدىن بالدۇرلا كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ... تۇغلۇقنى قارا يېتىم قىلىپ قويغان زادى كىم؟! ئەمرۇللا ئائىلىسىنى تۇزغاقتەك توزۇتۇپ بېشىغا ئۇنتۇلغۇسىز كۇلپەتلەرنى سالغان قايسى تاش يۈرەك مەخلۇق ئۇ؟! ئۇ ئاشۇ «نازىر» تاجىسىنى كىيىۋالغان مەلئۇن تۇردى ھەسەن! ... تۇۋا دەپ ياقىنى تۇتماقتىن باشقا چارە يوق! بىر زامانلاردا قارار تاپقان كۆڭۈل زېدىلىرى يەتمىگەندەك، يەنە ئاشۇ نجىس بىلەن باغلىنىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان! ياكى خۇدايىم ئوغلى بىلەن قىزىنى بىر - بىرىگە ئاشىقى - شەيدا قىلىپ قويۇپ، تۇردى ھەسەننىڭ گۇناھلىرىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋاتامدۇ - يە؟! ياق، ئەمدى تۇغلۇق ئوتتۇرىدا قۇربانلىق قوي بولسا بولمايدۇ. ئۇنى بۇ دوزاختىن تارتىۋېلىش كېرەك... ئاكىسى بىلەن سىڭلىسى توي قىلسا، قۇياشمۇ قارىيىپ كېتىدۇ... بۇنى ئايازغا دېمىسە

بولمايدۇ. ئۇ، بۇ ئاكا ـ سىڭىللارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن قۇتقۇزۇپ قېلىشى كېرەك. ئەممازە تۇغلۇقنىڭ تۇردى ھەسەننىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماسلىق كېرەك... مەن... مەن قېرىغان چېغىمدا تۇغلۇقتىن ئايرىلىپ قالسام زادى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك...

بوۋاي ئۆيگە كىرىپ كېتىپ تورۇس لىمى ئارىسىغا تىقىۋەتكەن، مۇشتۇمدەك بىر تۇگۈچنى كۆتۈرۈپ چىقتى ھەم ئۇنى ئاۋايلاپ ئاچتى. بۇ قاتمۇقات لاتىلارغا ئورالغان نەرسە مەرۋايىت تۇمار ئىدى. بوۋاينىڭ قايتىدىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلدى:

— بۇ... بۇ لەنەت تەگكۈر تۇمار، — دېدى ئەمرۇللا غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا، — قىزىم ئومايىنىڭ بوينىغا چۈشكەن بىر سىرتماق... شۇنداق ئەجەل سىرتمىقى... بۇنىڭغا ئالدىنىپ قانچە كېچىلەر ئۇ نىجىسنىڭ يولىغا قارىمىغان!

بوۋاي قۇراق كۆرپىگە «بىسمىللا» دەپ قايتا باش قويۇۋاتقاندا تۇردى ھەسەن داچىسىغا ئوغرىلىقچە چۈشكەن تۇغلۇق شوتا ئارقىلىق تامغا چىقىپ پەسكە سەكرەۋاتاتتى. ئۇ قېلىن ئوت ـ چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان ۋېلىسىپىتنى مىندى ـ دە، تارسۇغا قاراپ شۇنچە تېز قويۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئايازنىڭ ھېلىلا دېگەن گەپلىرى ئۇنى ھەيرانلىق ئىلكىدە قىينايتتى. ئەگەر تۇردى نازىر ياشلىقىدا تارسۇغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەن تەقدىردىمۇ ئەمرۇللا بوۋايغا نېمە ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زادى نېمە توقۇنۇش بولغان! بوۋاينىڭ چەت ئەلگە قاچقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولمىسا ... ئەگەر راستتىنلا ئەمرۇللا بىلەن تۇردى ھەسەن ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلدە قالغۇدەك ئاداۋەت بولغان بولسا تۇغلۇق ئەلۋەتتە خەۋەرسىز قالماس ئىدى.

— مەن بارغۇچە، — پىچىرلىدى تۇغلۇق، — دادام ئۇخلاپ قالمىسا بولاتتىغۇ.

تـۈگـلـۈك ۋېـلـسـىپـتـنـىڭ پىدالـىنى جان ـ جەھلى بىلەن تېپىشقا باشلىدى...

## 19

داچا دەرۋازىسىدىن «بەگزادە»نى يالت ـ يۇلت پارقىرىتىپ ھەيدەپ چىققان تۇردى ھەسەن ئىشىك ئالدىدىكى سېدىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئەمرۇللا بوۋاينى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سالدى. ئۇ: «ئاياز بىلەن قىلىشىدىغان بىرەر مۇھىم ئىشى بولمىسا نېمىدەپ كېلىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، چوكانتال كوچىسىدىن ئۆتۈپ غول يولغا چىققاندا ئارقىسىغا قارىدى. ئىككىلا قانتى چوڭ ئېچىلغان دەرۋازىنى تاقاپ بولغان ئاياز ئەمرۇللا بىلەن نېمىدۇر دېيىشتى. تۇردى ھەسەن ئۇلارنىڭ قولىلىرىنى شىلتىپ باشلىرىنى چايقاپ سۆزلەشكەنلىكىنى، ئاندىن داچىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا نېمىنىدۇر تىللاپ يولغا راۋان بولدى.

«دېمىسەم بولمايدىغان مۇھىم مەخپىي گېپىم بار، ئىككىمىزلا سۆزلىشەيلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ئاياز بوۋاينى ئۆيىگە باشلاپ كىردى ھەم قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ، باغنىڭ ھەر خىل مېۋىلىرىدىن پەتنۇستا ئېلىپ كىردى. بوۋاي تىنجىق ماشىنىدا چاڭقاپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، تۇرۇت قىلمايلا قوغۇن ـ تاۋۇزدىن بىرنەچچە تىلىم يەۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئاغزىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئايازغا بۇنىڭدىن يىگىرمە سەككىز يىل ئىلگىرىكى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىدى... ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئايازنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنىڭ بۇنچىۋالا چىگىش ھەم مۇرەككەپ بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئامال قانچە؟ تۇردى ھەسەن پات ـ پاتلا: «ھەي، ھەي... بىر ئوغلۇم بولغان بولسا، داچىنىڭ ھەممە ئىشىنى

ئىلكىگە ئالماسىدى» دەپ ئارمان قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۆز ئوغلى بارلىقىنى بىلسە بېشى كۆككە يېتەر! بىراق بۇنداق قىلىشقا بوۋاي ھەرگىز ئۇنىمايتتى. ئەلۋەتتە قىرىغان چېغىدا بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى كىم خالىسۇن!؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇردى ھەسەن ئۇششۇقلۇق، ئۆكتەملىك قىلىپ سوتلارغا ئەرز تۇتسا، بىر دېھقانىنىڭ كاتتا بىر ئەمەلدار بىلەن تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ بۇ خۇددى قەستەن چىنىنى تاشقا تاشلىغاندەكلا بىر ئىش ـ دە! بوۋاينىڭمۇ ئەنسىرەيدىغان يېرى شۇ ئىدى.

— ئاياز ئىنى، گەپلىرىم روشەن بولغاندۇ؟— دېدى بوۋاي يۆتىلىپ قويۇپ،— ئەمدىكى ئىش، توغلۇق بىلەن نەئىمەگە چەك قويمىساق ھەممىمىز گۇناھكار بولۇپ قالىمىز.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ۋۇي، نېمىشقا دېگەنمۇ گەپمۇ، — ئەمرۇللا ئايازنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئاكا ـ سىڭىل توي قىلسا مۇسۇلمانچىلىقتا راۋا بولارمۇ؟

— شۇ ئىشمىدى، مەسىلە ئەمدى روشەنلەشتى،— ئاياز كۈلۈۋەتتى،— ئەمرۇللاكا، خاتىرجەم بولسىلا ئۇنداق ئىش يوق، نەئىمە نازىرنىڭ ئۆز قىزى ئەمەس...

— ئۆگەيما؟

— شۇنداق، ئۇ خالئاينىڭ قىزى...

— ھىم، ماقۇلە. مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە!

— ئەمدى يەنە قانداق گەپلىرى بار؟

— ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى خالئاي بىلەن ئىككىڭلارغا تاپشۇردۇم... ئەمما، تۇردى چوڭامغا توغلۇق توغرۇلۇق ھەقىقىي ئەھۋالنى ھەرگىز دېمەسلىككە قەسەم ئىچىپ بەرگىن ئىنى.

— دېمىسەم بولىدىغۇ، — ئاياز ئىككىلەندى، — خالئايغىمۇ دېمەيمەنما؟

— ياق، دېمىگىن، «ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا سىر بولماس،

پاك كۆڭۈلدە كىر» دېگەن گەپ بار. مەن ئۇلارغا ئىشەنمەيمەن.

— بۇ يەردە ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئىش مەۋجۇت، — دېدى ئاياز پەس ئاۋازدا، — ئەگەر نەئىمە توي قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، تۇردى نازىر تۇغلۇققا ئۆچمەنلىك قىلىپ...

— توغرا، بۇنداق نازۇك يېرىمۇ بار، — دېدى ئەمرۇللا بېشىنى سالغان هالدا، — ئۆتكەندىغۇ خالئاي ئاغىچا ۋاقتىدا سەۋەب قىلىپ قۇتقۇزۇۋالدى، ئەگەر نازىر غەزەپ ئاچچىقىدا...

— مېنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنىم شۇ...

بوۋاي بېشىنى سالغان هالدا خېلى ئۇزاق ئۈندىمىدى. كېيىن بىردىنلا مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ يانچۇقىدىن كەھرىۋا تۇمارنى ئېلىپ شىرەگە قويدى.

— ناۋادا تۇردى چوڭام ئاشۇنداق قارا كۆڭۈللۈك قىلىپ، قول سېلىش ئېهتىمالى سېزىلسە، — دېدى بوۋاي بىرپەس جىمىپ قېلىپ، — بۇ تۇمارنى كۆرسەتكىن... ئەگەر ئۇنىڭ باغرىدا ئاتىلىق مېهرى ـ شەپقەتلىرى ئۆلمىگەن بولسا، يامانلىقتىن دەرهال قول تارتىدۇ...

— ئەمرۇلكا، — ئاياز بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — بۇ ئىشنى راستىنلا خالئاي خانىمدىن خۇپىيانە تۇتىمىزما؟

— ئا! ...، — بوۋاي تېرىكىپ قالدى، — مەن ئەتىگەندىن بېرى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سەتە چالمىدىم...

— بولىدۇ، بولىدۇ، خاپا بولمىسىلا.

ئاياز— تۇغلۇق توغرۇلۇق نەئىمەنىڭ پىلانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئەمرۇللانىڭ كۆڭلىگە چىراغ يېقىۋەتتى. بوۋاي ئەلۋەتتە يالغۇز ئوغلىنىڭ مەڭگۈ كۆمۈرچى بولۇپ ئۆتۈشىنى خالىمايتتى. ئۇ سەهەرلەردە قاتناپ پۇل تېپىۋاتقان شوپۇر بالىلارنى كۆرسە پۇتۇن بىساتىنى سېتىپ تۇغلۇقنى ئوقۇتقۇسى، ئەنە شۇنداق زامانغا لايىق ئادەم قىلغۇسى كېلىپ كېتەتتى. نەدىكى تۇكۇۋاشلار قىلىدىكەنۇ، تۇغلۇقتەك ئەقىللىق، زېهنىياتلىق، پەزىلەتلىك بالا

ئۇلارنى چۆلدە قويار... مانا ئەمدى بوۋاينىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئاشۇ مۇشتۇمدەك قىز قىلىمەن دېگەنىكەن، ئۇنىڭ سادىغىسى بولسا ئەرزىيدۇ.

— شۇڭا ئەمرۇلكا، مەن خالىئاي، نەئىمە، تۇغلۇقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۈچ ئايغىچە ئۆيۈمگە ئەكىتىۋېلىپ، ھاللىرىدىن خەۋەر ئالماقچى ئىدىم، — دېدى ئاياز بوۋايغا ئالما ئاقلاپ بېرىۋېتىپ، — بىراق سىلى ئۆتكەندە كىرىپ جېدەل قىلغانلىرىدا تۇردى نازىر سىلىنى تونۇپ قالدى.

— ئا... شۇ ئىشمىدى، مەندىن ئەنسىرىمە، — ئەمرۇللا قول سىلكىدى، — پۇل بار، ئوتياش كۆكتاتلىقتا. ئۆزۈم تاماق ئېتىپ يېيەلەيمەن. ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارغا تۇغلۇقنىڭ ئاغىنىلىرى «ھە ـ ھۇ» دېيىشىدۇ. ئاياز ئىنى ئۇلار ئۇرۇمچىگە قاچانراق ماڭماقچى؟

— ئوقۇش باشلاشقا ئۇلگۇرۇپ بارماقچى، — ئاياز بارماقلىرىنى ساندى، — ئون كۈن ئەتراپىدا قايتۇ.

— ھە، راست، تۇغلۇق ئاخشام «تۇ نازىر بىلەن ئوتتۇراڭلاردا بۇرۇن نېمە ئىش ئۆتكەن» دەپ قىستاپ تۇرۇۋالدى، — ئەمرۇللا گېلىنى قىرىپ قويدى، — مەن: «ئۇ نىجىس مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مېنى ئېسىپ ئۇرغان» دەپ يالغان ئېيتتىم. سەنمۇ شۇنداق دەپ قوي. ئۇ، تۇردى نازىرنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز بىلىپ ـ تارتىپ قالمىسۇن.

— بالىدىن ئايرىلىپ قالىمەن، دەپ ئەنسىراۋاتىدىلا شۇنداقمۇ؟ — ئاياز بېشىنى چايقىدى، — ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسىمۇ، تۇغلۇق سىلىنى تاشلاپ كېتىدىغان بالا ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بالىنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

— بەربىر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئاڭلايدۇ.

— بۇ سىرنى ئىككىمىز بىلىمىز، ئۈچىنچى ئادەم يوق، — ئەمرۇللا بۇ سۆزنى ئاچچىقى بىلەن دېدى، — خۇدا بولسا ھەرگىز

دەپ قويمايدۇ، سەنلا دېمىسەڭ...

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، سىلىدىن قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك...

— ئۇقساڭلا بولدى، مەن قايتاي، — ئەمرۇللا دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى، — يەنە ھېلىقى تۇ نازىر دېگىنىڭ قورسىقىنى سۆرەپ كېلىپ قالمىسۇن.

— ھازىرچە كېلىشى ناتايىن، يانفونىنىڭ سايراپ كېتىشى، — دېدى ئاياز بوۋاينى سۇپىدىن يۆلەپ چۇشۇرۇۋېتىپ، — ناھايىتى جىددىيلىشىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

— مېنىڭچە، نەئىمەنىڭ كويىدا يۈرگەن ھېلىقى قارا توڭگۇز قاۋۇزدۇر بەلكىم.

— ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

ئەمرۇللا بىلەن ئاياز گېپىنى قىلىۋاتقاندا تۇردى ھەسەن بىلەن قاۋۇز سائۇنا مۇنچىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىشىپ ئولتۇراتتى. ياپما قاپاقلىرى توخۇمدەك پۇلتىيىپ، ئەتلىك كالپۇكلىرى قوش بۆرەكتەك ساڭگىلاپ قالغان، قاپقارا مۇدۇر - چوقۇر يۈزى بولسا زەھەردەك ئۇچقۇنلار بىلەن سۇرلۇكلىشىپ كەتكەن قاۋۇز چوكىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ، كۆزقارىچۇقلىرى قېتىپ قالغانىدى.

— ھىم تۇ نازىر، ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق چەكنى، ئون ئىككى تۇمەنلىك ئۇزۇكنى، بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوملۇق «نىسسان»نى قايتۇراي دەمسىز ياكى باشقا دەيدىغانلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟

قاۋۇزنىڭ سۆزى تۇردى ھەسەننىڭ كېلەڭسىز ۋۇجۇدىنى تولۇق تاشتەك ئېغىرلىتىۋەتتى. شۇ ھامان خام سېمىز تېنىدىن شوررىدە تەر قۇيۇلدى. ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن قولياغلىقىدا تاقىر بېشىدىن ساقىۋاتقان ئېرىقچىلارنى، مايلىق گەدەنلىرىنى سۈرتۇپ ئۇلگۇرتەلمىدى. بىر چاغدىلا يېرىم يۇموق كۆزلىرىنى ئارانلا ئېچىپ ئۇدۇلىدا ھومىيىپ ئولتۇرغان قاۋۇزغا قارىدى.

— ئۆتكەندە بەگزادەم: «نەئىمە ئۇزۇكنى ئالدىمۇ، بولدى، قالدىسىدا مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بار. لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئۇزۇك، ماشىنا، چەكنى مەندىن ئالغانلىقىڭىزغا گۇۋاھ بولسىڭىزلا بولدى...» دېگەندەك قىلىۋېدىڭىز...، — ئامالسىز قالغان تۇردى ھەسەن قاۋۇزنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى، — ئەمدى بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز؟

— توغرا، مەن شۇنداق دېگەن، — قاۋۇز سوزۇپ كېكەردى، — لېكىن شۇنىڭ يارىشقىنى قىلمىسىڭىز.

— يارىشقى؟ بۇ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟

— ئېسىڭىزدىمۇ نازىر، بىر چاغدا دادامغا دېگەن گېپىڭىز؟ ئەلۋەتتە مېۋىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن يەردە، شېخىنى ئېگىپ بەرسىڭىز نېمە بوپتۇ... مەنمۇ سىزگە ئاز بەدەل تۆلىمىدىم...

تۇردى ھەسەننىڭ گەجگىسىدىن قورۇدى. قارا، بۇ تۇكلۇك قۇرت: «قىزىڭنى كۆرسىتىپلا قويماي سولاپ بەرگىن، دەمدۇ نېمە؟» دېگەن ئوي كاللىسىغا كېلىشى بىلەن ياندۇرۇپلا سورىدى:

— بايۋەچچە، «مېۋىسىنى كۆرسىتىپ قويماي، شېخىنى ئېگىپ بەر» دېگەن گېپىڭىزنى راسا ئاڭقىرالمىدىم.

— نازىر، زېھنىياتىڭىز ئۇنچىۋالا گال ئەمەستى، نېمە بولدى سىزگە؟ خالىئاي پېرىخوندەك ئوينىتىۋەتتىمۇ يە؟

قاۋۇز گەپلىرىنى يېرىمى يېپىق، يېرىمى ئوچۇق ھالدا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە نازىر قىزنى بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن شەھەرگە ياكى شەھەرنىڭ خالىيراق يېرىگە ئەكېلىپ، تەرىتى قىستاپ قېلىشى، كۆڭلى ئاينىپ چەت ياقىدا قەي قىلىپ قىزنى يالغۇز قويۇشى كېرەك ئىدى... مانا بۇ شېخىنى ئېگىپ بېرىش دېيىلەتتى... قاۋۇزنىڭ ئادەملىرى نەئىمەنى ماشىنىدا ئەپقېچىپ ئەكەلگەندىن كېيىن ئۇنى ئوكۇل، سوغۇق ئىچىملىك ياكى دورا پۈركۈش بىلەن ھوشىدىن

كەتكۈزۈۋېتىش… شۇ ئارقىلىق نەئىمەنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىۋېلىش … ئۇ يۈزىنىڭ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قانۇنغا بارالمايدۇ. ئەگەر پوپاڭ كۆتۈرگۈدەك بولسا قاۋۇز:

— «ئۇ مېنىڭ لايىقىم، شۇڭا دادىسىدىن ئون ئىككى تۈمەنلىك ئۈزۈك ئەۋەتسەم موكلا قولىغا سالدى. بىراق بىر كۆمۈرچى بالىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ياشلىقىغا، ئىسكەتىگە مەھلىيا بولۇپ، مېنىڭدىن يۈز ئۆردى…» دەۋېرىدۇ. بۇنىڭغا نازىرمۇ گۇۋاھ بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. قۇربان قىلسا ناھايىتى بىر ئۆگەي قىزكەنغۇ! ياكى ئۆزىنىڭ پۇشتى بولمىسا! … ئەمما بەش يۈز مىڭ سوم ئاز پۇل ئەمەس ـ تە! …

— بايۋەچچە، نەئىمە سىز بەرگەن ئۈزۈكنى يىتتۈرۈۋەتتى، ئۇ…

— نېمە، يىتتۈرۈۋەتتى؟ — قاۋۇز خۇشاللىقىدا نازىرنىڭ گېپىنىڭ كۆتىگە تەپتى، — نېمە ئۈچۈن باياتىن بېرى دېمەيسىز؟ بۇ… بۇ تۈمەن سومغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان خۇش خەۋەر ئىكەن ئەمەسمۇ. ئەگەر سوتقا بارغان تەقدىردىمۇ ئۇشۇقىمىز ئالچۇ چۈشىدىغان بولدى!

— كۆڭلۈم پاراكەندە، بايۋەچچە، داچىدا يۈز بەرگەن ئىشلار كاللامنى ئېلەشتۈرۈۋەتتى، — قاۋۇزنىڭ ۋەھشىي چىرايىنىڭ ۋىللىدە ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن تۇردى ھەسەن بىردىنلا جانلاندى، — مۇنداق بولسا، مەن بۈگۈن ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم بىر ئولغۇماش سېلىپ باقاي. چۈنكى قولۇمدا ئۇلارنى رەسۋا قىلغۇدەك، ياۋاشلاتقۇدەك پاكىتىم بار… ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۆنمىسە، مەندە شېخىنى ئېگىپ بەرگۈدەك ئەپلىك بىر ئامال بار…

— ھەببەللى! سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم… قېنى دەپ بېقىڭا؟…

— بۈگۈنكى چارەم ئەمەلگە ئاشمىسا، — تۇردى ھەسەننىڭ

تەلەپپۇزى جىددىيلەشتى، — ئايازغا ماشىنىنى ھەيدىتىپ، خالئاي ئىككىمىز مېھماندارچىلىققا شەھەرگە كىرىپ كېتىمىز... ئۇ چاغدا داچا...
— بارىكاللا بۇ... بۇ ئەپچىل چارىكەن... بۇرۇنلا شۇنداق قارارغا كەلگۈلۈكىدى... باشقىلارنىڭ شالتىقىدىن بولغان يېتىم ئوغلاقنى بېقىپ شۇنچىلا قىلىپ قويسا، نازىرنىڭ كىچىككىنە تەلپىگە ئۇنىماي، يۈزىنى سۆرۈن قىلىۋاتقىنىنى قارا... «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» دەپتىكەن. بۇ قارا يۈزنىڭ ئەدىبىنى بەرمىگۈچە باققان جاپاغا چۈشلۈق ھاردۇقىڭىز چىقمايدۇ...
تۇردى ھەسەن قاۋۇز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇ، نىسسان «بەگزادە» سىنى ئايىغانلىقى ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ بولغۇچە سالقىن ھەيدەپ، سەھرا يولىغا چۈشۈش بىلەن ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يىقىلىۋاتقاندەك تېز ھەيدىدى.
بۈگۈن ئايەم ناغرىسىنىڭ چېلىنىدىغان كۈنى! قېنى، تۇردى ھەسەن ناغرىنى چېلىپ يېرىۋېتەلەمدۇ؟ ياكى يېرىم يولدا قولى تېلىپ ناغرا چوكىسىنى تاشلىۋېتەمدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە، يىگىرمە يىللىق پەردىشەپنى بۇزۇۋېتەلەيدىغان جاسارىتىگە باغلىق! بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بۇزماق قانچىلىك ئىشتى! خالئاي ھازىر كۆيلەپ قالغان بايتالدەك ئايازنىڭ يۈندىسىنى يالاپ يۈرسە! ئۆزى ئايغىر بولاي دېسە مادارى بولمىسا... ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى لەنتىيلەر: «ۋاي، نازىر، بۇ دېگەن ئۇنداق قۇۋۇەت، بۇنداق كۈچ» دېسە بەزىلىرىنى قازاقنىڭ قورتىدەك سومۇرۇۋېرىپتۇ... بەزىلىرىنى كۆزنى يۇمۇۋېلىپ يۇتۇۋەرگىنىنى كۆرمەمدىغان! مانا ھازىر خالئاي بولسا نازىر ئۈچۈن ئارتۇقچە بىر يۈك! يېپىشكە، كىيىشكە، ئىچىشكە، خەجلەشكە، قىسقىسى، كۆرۈك توخۇدەك چېچىشقا ئەسقاتىدۇ...

ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بۇرادەرلىرىنىڭ تولىسى قېرىغان چېغىدا خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ، ئۆيىگە ياشقىنا ئۆي خىزمەتچىسى ئەكىرىۋالدى. ئۇلار بەخىرامان كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ. خوتۇنلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىرىغۇ ئاللىقاچان شۇنداق قىلدى… تۇردى ھەسەنگە ئۇنداق قىلىشمۇ كەتمەيدۇ… ھەيتاڭەي! ياش ھەم يېڭىنى كۆرگەندە سارالڭ كۆڭۈل ئويغىنىپ قالسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس… ئەڭ بولمىسا قاۋۇزنىڭ ھېلىقى چەت ئەل دورىلىرىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدىغۇ… شۇڭا بۇگۈن ئانا ـ بالىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقىدۇ. ئەگەر كۆنۈك بولمىسا شۇنداق قامچىلايدىكى، تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى پاكىتلار خالىئاي، نەئىمە، ئاپازلارنى قان سىيدۇرۇۋېتىدۇ. ئايەتبۇنىڭ كۆرگەنلىرى، بىلگەنلىرى ئازمۇ؟ تال بوستان ئاستىدىكى ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەندىن بېرى، ئۇ ئۆيىگە ئوتتۇرا كېچىلەردە قايتىدىغان، بەزىدە ئايەتبۇ ئاشخانىدا قونۇپ، ئاپازنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىدىغان بولدى. ئەگەر ئۇنى «ھۇيت كۇش ـ كۇش …» دەپلا قويسا يات ـ ئۆز دېمەي پاچىقىدىن ئالىدىغان قانجۇق ئىت! … بىراق ئۇ نەئىمەگە ئامراق، چۈنكى بۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئۇنىڭغا: «ئايەتبۇ ھەدە، كونىكەن دەپ قالماڭ، ئۇچامغا بىر قېتىملا ساپقان» دەيدۇ ـ دە، خېلىلا قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى بېرىۋېتىدۇ. بەزىدە پۇل ـ پۇچەكمۇ تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. تېخى شەھەرگە كىرىپ قالسا: «ئوغلىڭىزغا ئالغاچ كەلدىم» دەپ بالىلارنىڭ مودا كىيىملىرىنى ئېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئايەتبۇ نەئىمەگە قارا سانىمايدۇ. مانا داچىدا «كۆمۈرچى بالا» ۋەقەسى تۇغۇلغاندىن بېرى ئايەتبۇ تۇردى ھەسەنگە بىر ئېغىزمۇ نەئىمە توغرۇلۇق ئاقكەن ـ كۆككەن دېمىدى. ۋاي پەلەك! مەنپەئەت دېگەن ئەجەبمۇ شېرىن نېمىكەنغۇ! … ئەقەللىيسى، تۇردى ھەسەنمۇ خالىئاي بىلەن توي قىلغاندا نەئىمەنى كەلگۈسىدە ئۆز ئارزۇلىرىغا يەمچۈك قېلىش ئويى يوق ئەمەس

ئىدى! چۈنكى نەئىمە كىچىك چاغلىرىدىمۇ قەلەندەرچىلىكنىڭ مەنپەزە ئېرىتمىسىدەك سۆزۈك، ئەدناسى سۈرەتتەك چىرايلىق قىز بولۇپ، كۆرگەنلا ئادەم تامىقىنى چاكىلدىتاتتى. بىراق ھازىر ئۇ چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسساۋاتىدۇ. قېنى بۇگۈن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوملۇق ئۆزۈككە نېمىدەپ جاۋاب قايتۇراركىن؟!

تۇردى ھەسەننىڭ تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كېلىش بىلەن يانفوننى ئېلىپ نومۇرلىرىنى باستى. ئاندىن قۇلىقىغا تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن: «ھە، سەن مۇئاۋىن دىرېكتور شۆھرەتتايمۇ؟» دەپ سۆزىنى باشلىدى:

— گېپىمگە قۇلاق سال، شۆھرەتتاي، ئىككى گىرىم دۇكىنىنىڭ ھېساباتىدىن ھېچكىم پۇل ئاجراتماي تۇرسۇن! نېمە؟ مەن شۇنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن... ھەي، مەن دېگەن ئىككى دۇكاننىڭ مۇۋەققەت دىرېكتورى تۇرسام... مېنىڭ گېپىم بۇيرۇق!... ئەگەر ئۇنىڭ بېسىمىغا چىدىماي پۇل ئاجراتساڭ ئورنىنى ئۆزۈڭ تولدۇرىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ھەي، ئەگەر ئۇ تېلېفون بېرىپ قالسا «يۇقىرىدىن بانكىدىكى پۇلنى توڭلىتىۋەتتى» دەپ ئېيت!

تۇردى ھەسەن يانفونىنىڭ قاپقىقىنى ئاچچىقى بىلەن تاقاپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئانا - بالىغا ئەنە شۇنداق تۇزاق قۇرۇپ، قۇرغان تۇزاقلىرىدىن ئۆزى مەمنۇن بولۇپ كېلىۋاتقاندا، خالىئاي بىلەن نەئىمە «چوڭ ھۇجرا» دا ئەنسىزلىك ئىچىدە مۇڭ تۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۆتكەندىكى ماجىرادىن كېيىن بۇ ئائىلىدە زادىلا ئاسايىشلىق بولمىدى. شادلىق، خاتىرجەملىك ئورنىغا ئەندىشە - تەشۋىش ئالماشتى. بۇ خۇددى قىيان ئېلىش ئالدىدا تۇرغان تىپتىنچ كۆلنى ئەسكە سالاتتى... بولۇپمۇ يىتىپ كەتكەن قىممەت باھالىق ئۈزۈك ئاشۇ كۆلنى قىيان ئالدۇرىدىغان پارتلاتقۇچ دورا ئىدى. بۇ ئىش خالىئاينىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىدى! ئۈزۈك

يـــتـكـەن كـېـچـىسى خالـئاي تۇردى ھەسەننىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى سەزمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كىرگىنىنى خىرە - شىرە سىزىپ ياتتى. ئۇ چاغدا تۇردى ھەسەن بوشراق يۆتەلگەنىدى.

نەئىمەنىڭ قولىدا ئاشۇ ئۈزۈكنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ خالئاي خاتىرجەم بولالمىدى. ئەلۋەتتە شۇنچە يىل بىر ياستۇققا باش قويغان ئېرى ئۆزگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. خالئاي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا تۇردى ھەسەن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، خوتۇنى پەخىرنىسا سەنئەت ئۆمەكتە ئىشلەيتتى. ئايال ئوقۇتقۇچىلار يىغىلىپ قالدىمۇ غەلىتە پاراڭلا چىقىشقا باشلايتتى:

« — پەخىرنىسانىڭ ئىككى نۆۋەت زىبۇ زىننەتلىرى ئۆيدىن يوقاپتۇ...

— جۇيجاڭنىڭ ئالدىنقى خوتۇنىمۇ داۋاملىق زىبۇ زىننەتلىرىم مۇنچىدا يوقايدۇ، دەپ قاقشايدىغان...

— تــوۋا ئەجەب سىرلىق ئىشكىنا بۇ! ئوغرى ئاسماندىن چۈشەمدۇ ـ يە! ...»

بۇنداق ئۈزۈك، ھالقا، ئالتۇن زەنجىر يوقاش خالئاي — تۇردى ھەسەنگە تەگكەندىن كېيىنمۇ يۈز بەرگەنىدى...

— ئاپا، ئۇنداقتا ئۈزۈكنى دادام ئۆزى ئالغانمىدۇ؟ — دېدى نەئىمە قورققان ھالدا، — ئۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟

— مــەن ئــۇنىڭ ئالدىراپ شەھەرگە كىرىپ كەتكىنىدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈۋاتىمەن قىزىم، — خالئاي مەيدىسىگە قولىنى قويدى، — ئۇ قاۋۇز بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا چوقۇم بىر سەۋەب بار.

— نېمە سەۋەبتۇ ئۇ ئاپا... ئادەمنى قورقۇتمىغىنا...

— ئۈزۈكنىڭ كېلىش مەنبەسى سىرلىق، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم قاۋۇزنىڭ...

— نېمە، قاۋۇزنىڭ؟!

— توغرا، — خالئاي تەسەۋۋۇر كۆچىگە باي ئىدى، — ئۇلار ئۆزۈكنى سىزگە قانداق بېرىپ، قانداق ئوغرىلاشنى ئالىلىبۇرۇن ئويلاشقان... شۇڭا ئۆزۈك قولىڭىزغا چىققاندىن تارتىپ ئۇنىڭ كويىدا يۈرگەن ئادەم نەق دادىڭىز!...

— تۇۋا، ئاشۇ ئۆزۈك ئارقىلىق مېنى قاۋۇزغا باغلاپ قويارمۇ؟

— تېخى دادىڭىز ھەيدەپ يۈرگەن ماشىنىمۇ بار. قاۋۇز ئۇنى ئىككى يۈز مىڭغا ھېسابلاپ بەرگىنى پۇتۇنلەي يالغان...

— ۋاي، خۇدايىم، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدە راستلا بىر سۇيىقەست يوشۇرۇنغاندەك قىلىدۇ.

— گەپ مەشەدە قىزىم، ئالدىمىزدا بىر جۇدۇن بار... ئاپەت ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى ئامەتمۇ، بۇ بىزگە قاراڭغۇلۇق...

— ئاپەت ـ ئامەت؟! — نەئىمە تېڭىرقاپ قالدى، — ئاپا نېمىنى كۆزدە تۇتىۋاتىسىز؟

— ئۆزۈك ئىگىسى ئەگەر ئەرز قىلىپ قالسا، — خالئاي بىردەم جىمىپ قالدى، — بىز يېڭىلىمىز، چۈنكى قانۇن «يىتىپ كەتتى» گە ئىشەنمەيدۇ. سىزنى ئۆزۈكنى ئېلىۋېلىپ يىگىتنى تاشلىغان دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۆزۈكنى سىز قولىڭىزغا سالغان تۇرسىڭىز. ئامەت دېگىنىم بۇ قېتىمقى جۇدۇن بەلكىم مېنى بۇ داچىدىن ئازاد قىلىدۇ. سىزنى ئېلىپ ئەركىن تۇرمۇشقا قەدەم ئالىمىز...

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاپا، مەن گىرىم دۇكىنىنىڭ پۇلىدىن تۆلەپ بېرىمەن.

— بالام، سىز نېمىدېگەن ساددا، — خالئاي ئاچچىق كۈلدى، — شۇنچە ئىشلارنى چوڭقۇر پىلانلىغان ئادەم دۇكىنىڭىزنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرارما؟ ئۆتكەندە دېگەن گېپى يادىڭىزدا باردۇ؟

— بار، — نەئىمەنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلدى، — ئاپا،

ئاياز كامدا يۈز مىڭ سوملۇق بىر چەك بار... يامىنى كەلسە شۇنى ئىشلىتىمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالىسىز، ھازىرچە ئۇ چەكنى قىمىرلاتقۇچى بولماڭ، — خالىئاي قىزىنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — توغلۇق بىلەن ئۇرۇمچىگە قاچان ماڭىسىز؟

— ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئىچىدە.

— مېنىڭ ۋاقتىڭلارنى دادىڭىز ھەرگىز ئۇقمىسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇمچىگە بېرىپلا ئەرزانىراق بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇڭ، ئۇ يەرنى باشقىلار زىنھار بىلمىسۇن، — مەن ئەتە تارسۇغا بېرىپ توغلۇق بىلەن ماڭىدىغان كۈننى بېكىتىپ قويۇپ كېلىمەن.

ئانا ـ بالىنىڭ مەسلىھەت ـ مۈڭلىرىنى ماشىنىنىڭ ئۆزۈن ھەم ئۈنلۈك بېرىلگەن سىگنالى بۆلۈپ قويىدى. خالىئاي بىلەن نەئىمە دەرھاللا دېرىزىدىن قاراشتى. كۆكتاتلىقتىن ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن ئاياز دەرۋازىنى ئاچتى. تۇردى ھەسەن داچا ھويلىسىغا سىلىق كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ماشىنا ئۆيى ئالدىدىكى سېمونت مەيدانغا توختىتىپ، ئۆزى تىك پەلەمپەيلەرگە قەدەم ئالدى. ئۇنىڭ نېمىدىندۇر ھودۇقۇۋاتقانلىقى ئالغان قەدەملىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئاياغ ئۇچىنى پەلەمپەي قىرىغا ئۇرۇۋېلىپ پۇتلىشاتتى... ياكى ئىككى باسقۇچنى بىرلا ئاتلاپ، تىزلىرى مۇدۇرۇپ كېتەتتى. ئۆتكەنكى جېدەلدىن كېيىن خالىئاي بىلەن نەئىمە تۇردى ھەسەنگە «ۋاي...» دەپ كەتمەيدىغان، بىر يەرلەرگە كېتىپ قايتىپ كەلسە ئالدىغا ھاردۇق سوراپ چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش تەكەللۇپى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، خۇددى يات ئادەملەردەك كۆرۈشكەندە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇشاتتى ياكى «تىنچلىقمۇ؟» دېگەندەك گەپلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. مانا ھازىرمۇ تۇردى ھەسەن ئايەتبۇگە «ئاۋۇلار مېھمانخانىغا

كىرسۇن» دەپ قويۇپ، ئۆزى ئاۋۋال كىرىپ كەتتى.
تۇردى ھەسەن چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىدا ئازادە چوقچىيىپ تۇرغان ئۇزۇن ھەم پاكار شىرە ئەتراپىدىكى دىۋانلارغا بىرقۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، قاتلانما بولۇت ئورۇندۇقنى دېرىزە تۈۋىگە سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە خالئاي بىلەن نەئىمە ئاستا كىرىپ كەلدى ـ دە، چەتتىكى دىۋاندا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. تۇردى ھەسەن ئۇلارغا خېلى ئۇزاق ھومىيىپ قارىغاندىن كېيىن گېلىنى رۇسلىدى:
— نەئىمە، مەن سىزدىن سەممىيلىك بىلەن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، ئاچچىقلاپ قالماي جاۋاب بېرىڭ.
— سوراڭ دادا، مەن ھازىر سىزنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىۋاتقاندەك قىلىمەن... نېمىنى سورايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ بولدۇم...
— ياخشىغۇ! — تۇردى ھەسەن ئەتراپىغا بىسەرامجان قارىدى، — ئۇنداقتا قاۋۇزغا ياتلىق بولۇش ئىشىغا قانداق قارايسىز؟
— قاۋۇزغا؟! ...، — ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىگە يالتىيىدە قاراشتى، — ئۇنىڭغا تەگكىنىمدىن بىر يولىلا يەرگە تەگكىنىم تۈزۈك!
— گەپنى ئۇنداق ئۇزۇۋەتمەڭ، — تۇردى ھەسەن ئېغىر نەزەردە قارىدى، — چېكىنىدىغان ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرۇڭ.
— چېكىنىپ، ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، سىزنى ساقلاتماي دېدىم، — نەئىمە ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەندى، — سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئۇ چوشقىغا ئۆلۈككۈمۇ نېسىپ بولماس!
— ئەمىسە ئالماس كۆزلۈك، ئاق ئالتۇن ئۈزۈكنى قانداق قىلىسىز؟ يەنە كېلىپ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوم دەڭا...
— ئۇ ئۈزۈكنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭغا تېگىش ـ تەگمەسلىكىم

بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— بەللى، بۇ غەلىتە گەپ بولدى ـ دە، — تۇردى ھەسەن زەھەرلىك ھىجايدى، — ئۇزۇك قاۋۇزنىڭ تۇرسا... ھازىر ئۇ تۆلەپ بەرمىسەڭ سوتقا ئەرز قىلىمەن دەۋاتىدۇ... ئۇ، ئەرز قىلىپ قالسىلا ھەممىمىز رەسۋا بولىمىز. چۈنكى ئۇزۇك يېتىپ كەتكەن تۇرسا...

— نېمە، سىز ئۇنى ماڭا سوۋغا قىلمىغانمىدىڭىز؟ — نەئىمەنىڭ كۆزلىرىدىن نەپرەتلىك ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — ئەجەب ھازىر قاۋۇزنىڭ بولۇپ قاپتۇ.

— مەن سىلەرگە بۇ قاۋۇزنىڭ سوۋغىتى دېمىگەنمىدىم.

— سىز! — دېدى خالئاي ئاچچىقىدا، — «قاۋۇز» نىڭ دېمىدىڭىز، «باشقىلار» نىڭ دېدىڭىز شۇنداقمۇ.

— مېنىڭمۇ ئۇنداق دېگىنىم ئېسىمدە يوق، بوپتۇ دېگەنمۇ بولاي، — دېدى تۇردى ھەسەن بوشىشىپ، — يەنە بەرىبىر سوۋغات ــ دە! بۇنداق قىممەت باھالىق سوۋغاتنى كىملەر كىملەرگە بېرىدۇ؟ بۇ سىلەرگە ئايان!

خالئاي بولسا تۇردى ھەسەننىڭ گەپلىرىدىن بەكمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن قۇرۇلغان قاپقاننى كۆرگەندەك بولدى. ئەگەر قاۋۇز ئەرز قىلىپ قالغۇدەك بولسا، تۇردى ھەسەن قوڭىنىڭ تېرىسىنى يۈزىگە چاپلاپ: «مەن ئۇزۇكنى قاۋۇزنىڭ سوۋغىتى دەپ نەئىمەگە بەرگەن» دېيىشتىن يانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەئىمە ئەسلىدە قاۋۇزنىڭ لايىقى بولۇپ، كېيىن تۇغلۇققا بۇزۇلغان ئالدامچى بولۇپ قالىدۇ.

— سىز، مايمۇن ئويۇنىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ، — خالئاينىڭ چوڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇزۇكنى دەسلەپتە «ئۇزۇمنى يە، سايىقىنى سورىما» دەپ گويا ئۆزىڭىز سوۋغا قىلغاندەك ئۇقۇمنى پەيدا قىلىسىز... ئۇزۇك يىتكەندىن كېيىن قاۋۇزنىڭ بەرگەن سوۋغىتى بولۇپ قالغىنى قىزىق! دەپ بېقىڭا، قاۋۇزنىڭ

نېمانچىلا كەتمىنىنى چاپىسىز، ئېرىقنى ياقىلايسىز؟! سىز ئۇنىڭغا قانچىلىك قەرزدار؟ ئاراڭلاردا قانداق ئىپلاس سودا بار؟...

— سىز تولا بىلىجىرلىماڭ... ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلىمەڭ!

— دادا، بولدى ئاچچىقلىماڭ... مەن ئۇزۇكنى تۆلەپ بېرەي، — نەئىمە ئۇن سىلىپ يىغلىمىغان بولسىمۇ، ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلمەكتە ئىدى، — ئۆتكەندە يىگىرمە پىرسەنت سىزنىڭ دېگەنتىڭىز، دۇكاندىكى مال، بانكىدىكى پۇلنىڭ پىرسەنتىنى چىقىرىپ، كەملىگەن قىسمىنى مەن دوستلىرىمدىن تولدۇرۇپ بېرەي.

— تولدۇرۇپ بېرەي، — تۇردى ھەسەن غەلىتىلا ھىجايدى، — تېخى سىز تۇخۇمىنىڭ ئىچىدە چۇكۇلداۋېتىپسىز، ئىككى دۇكاننىڭ كىرىم - چىقىم ھېساباتى يوشۇرۇلۇپ، باج ئوغرىلىغانلىقى ئۇچۇن بانكىدىكى پۇلنىڭ توڭلىتىۋېتىلگەنلىكىنى تېخى ئۇقمامسىز دىرېكتور قىزچاق!

خالئاي بىلەن نەئىمە بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ھېلىلا قىلغان سۆزلىرى بىر - بىرلەپ ئىسپاتلانماقتا ئىدى!... شۇڭا بىردىنلا غەزىپى چېكىگە يەتكەن خالئاي تەقدىر تارازىسىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قورقمىدى.

— بولدۇ، نازىر ئەپەندىم، — دېدى سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتكەن خالئاي، — قاۋۇز سوتقا ئەرز قىلسا بەك ئوبدان بوپتۇ... ئەمدى ئۇنىڭ توقسىنى تولدى. ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭ قولىغا كويزا چۈشكەندە ئاندىن ئىشىنىسىز...

— نېمە، نېمە؟ ماڭا تولا قورققاق سالماڭ!

— سىزدەك نازىرغا قورققاق سالغىلى بولامدۇ؟ قالدىسى قاۋۇزنىڭ كارامىتىنى سوتتا كۆرۈڭ...

تۇردى ھەسەن راستتىنلا چۆچۈدى. چۈنكى خالئاينىڭ

چىرايى يېنىكلىك بىلەن قورققاق سىلىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى… غەزەپ ـ نەپرەت، سالاپەت ھەم تەمكىنلىك مۇجەسسەملەنگەن سۈرلۈك چىرايى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ تۇردى ھەسەن ئاتىسىن چۈشسە ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي تۇراتتى.

— ئەجەب يوغان سۆزلەيسىزغۇ، مەن… مەن ھەرگىز قورقۇپ قالمايمەن. قاۋۇزنىڭ سوتتا كارامىتى ئاشكارا بولغۇدەك نېمە جىنايىتى بار ئىكەن؟

— سىز بىر چاغدا «ئەغزەم تۆرىنىڭ ئۆيىدىن بالدۇر چىققىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ… سىلەر كېتىشىڭلار بىلەن چېقىر كۆز چوكاننىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى مەست كىرىپ ئىشىكلەرنى چېقىپ، داچىغا بېسىپ كىرىپ، چېقىر كۆز چوكان ھەم قاۋۇزنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ» دېگەن گەپنى قىلمىغانمىدىڭىز؟

— شۇنداق، ھە، نېمە بوپتۇ؟

— ئەغزەم تۆرە داچىسىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىپ جېدەل چىقارغان قاۋۇزنىڭ چىشىنى تۆكۈپ، ھېلىقى چوكاننىڭ بوينىنى تىلىۋەتكەن لۈكچەك بىلىسىز ئاياز!…

— نېمە، ئاياز؟ بۇ… بۇ قانداقچە مۇمكىن بولسۇن، — تۇردى ھەسەن ئىپادىسىزلا كۈلدى، — ئەغزەم تۆرە ئۇنداق دېمىگەن ئىدىغۇ؟

— قانۇننىڭ جازاسىدىن قورققان قاۋۇز ئەنە شۇنداق دېمىسە بولمايتتى…

— قانۇنغا يانتقۇدەك ئۇ نېمە ئىش قىپتىكەن؟

خالىئاي ئەغزەم تۆرە داچىسىغا بارغاندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتى. تۇردى ھەسەن خۇددى بىرسىم مىڭ پاتمان ئومۇت بىلەن بېشىغا ئۇرغاندەك گاراڭلا بولۇپ تونجۇقۇپ قالدى. نەئىمە بۇ سىرنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن دەسلەپتە ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، كېيىن خالىئاينىڭ جان تۇمشۇقىغا كەلگەندە ئامالسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەمما تۇردى ھەسەن قىپيالىڭاچ ئايالنى ئەدىيالغا ئوراپ كۆتۈرۈپ چىققان ئايازغا دەھشەتلىك كۈندەشلىكى تۇتتى. شۇڭا ئۇ سىرتقا قاراپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھاي ئايەت! ئايەتبۇ دەيمەن!

— ئوۋ، مانا مەن، — ئىشىك ئارقىسىدا گەپ تىڭشاپ تۇرغان ئايەتبۇ دەرھاللا كىردى، — نېمە ئىشلىرى باركىن نازىر؟

— تېز بېرىپ ئاياز دېگەن داڭگالنى باشلاپ كەل!

ئايەتبۇ «خوپ» دېگىنىچە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

تۇردى ھەسەن ئۇچۇن ئەغزەم تۆرە داچىسىدىكى ئىش ئۇنچىۋالا چوڭ ھەم ئۇياتلىق بىلىنمىدى. چۈنكى ئىككى يۈز مىڭ يۈەنلىك چەك، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوملۇق ئۈزۈك، بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوملۇق نىسسانغا سىلىشتۇرغاندا خالئاي قانچىلىك نېمىتى!؟... ئۇنىڭ راسا تولغان چاغلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭ خۇلقى ـ نازلىرى بولسۇن! «قويغا قىرىق قاداق ئېغىرلىقتىكى قۇيرۇقنىڭ نېمە لازىمى؟ ياكى ئۇنىڭدا چىۋىن، كۆكۈيۈنلەرنى قورۇيالمىسا، پەقەت ئۇ قۇيرۇق ئويۇنىنى يېپىپ تۇرۇش ئۈچۈنلا لازىم. خوتۇن مەن ئۈچۈنمۇ ئۇ يېتىمنى يېپىپ تۇرۇشقىلا ئەسقاتىدۇ...» تۇردى ھەسەن بۇ سەھىپىلەرنى قايسىدۇر بىر چەت ئەل رومانىدا كۆرگەندەك قىلغان. مانا ھازىرمۇ خالئاينىڭ تۇردى ھەسەن ئۈچۈن «بويتاق» دەيدىغان ئۇ نىيىتىنى يېپىپ تۇرۇش رولىلا قالدى...

ئايازنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن تۇردى ھەسەننىڭ تۇتۇرۇقسىز خىياللىرى ئۈزۈلدى.

— ھەي بەغەرەز، پېتى قۇلاق، — تۇردى ھەسەن قولىنى شىلتىدى، — سېنىڭ نېمانداق دېنىڭ قېيىق نېمىسەن؟ ئەغزەم تۆرە داچىسىدا شۇنچە ئىشلارنى تېرىۋېتىپ، تېخى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك زۇۋانىڭنى ئېچىپمۇ قويمايسىنا.

— ئەمدى ئۇ ئىشلارنى دەپ كۆڭۈللىرىنى پاراكەندە قىلماي

دېدىم،— ئاياز بوسۇغىدا قول باغلاپ تۇراتتى،— قاۋۇز دېگەن مۇناپىق، ئادەم ئەمەسكەن… ئەسلىدە خالئاي خانىم شۇ چاغدىلا قانۇنغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان، لېكىن سىلىنى ئايىدى.

— بــولدى، بولدى، قارا تېخى ياخشىچاق بولۇپ ئالدىغا ئۆتۈۋالغىنىنى، — تۇردى ھەسەن غۇرتتىدا يۇتۇنۇپ، قۇرۇپ كەتكەن كانىيىنى نەمدەپ قويدى، — سەنمۇ ئىنامىڭغا پېتىپ يۈر، تــال بــوســتــان كالـلاڭغا ئۆرۈلۈپ چۈشمىسۇن… ھە، كېچىلەردە تامغا تولا چىقىپ، شوتىدىن يىقىلىپ توكۇرمۇ بوپقالما … مــەن ھــازىــرغــىــچــە سەۋر قىلىپ كەلدىم. بولمىسا سەن رودۇپاينىڭ كۆتىگە تېپىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان.

تــۇردى ھەسەن ئەسلىدە «ئۇزۇك»تىن ئىبارەت سىرتماق كــارغا كەلمىگەندە «تال بوستان» ۋەقەسىنى ئوچۇق كۆتۈرۈپ چــىقــىــپ ئــايــازنــىــڭ كــۆتىگە تېپىش، ئانا ـ بالىنى قىمىر قىلالمىغاندەك ئىسكەنجىگە ئېلىش ئويى بار ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئەغزەم تۆرە داچىسىدىكى غەلىتە «ئەنزە» ئاشكارىلىنىپ نەئىمەنى يەنە قىستاشـقا ئامالسـىـز قالـدى… چۈنـكى قاۋۇزنـىـڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئايازنى تىللىغان بولۇپ، «تال بوستان»، «شوتا» دېگەندەك مەخپىي «پــارول»لار ئــارقــىــلىق ئانا ـ بالىغا ئۆزىنىڭ قولىدا قانداق گۆھەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. تۇردى ھەسەن ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى خالىمىدى. چۈنكى قاۋۇزغا «شېخىنى ئېگىپ» بېرىدىغان مۇھىم ئىش ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇراتتى… شۇڭا بۇ ئانا ـ بالىنى يەنىلا سىلاپ ـ سىيپاپ تۇرمىسا تۇردى ھەسەن ئېغىر زىيان تارتىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى «بەگزادە»دىن ئايرىلىپ قــالــىــدۇ… بــۇنىڭ ئۈچۈن خالئاي بىلەن نەئىمە يەنىلا ئۇنىڭ قــولــىــدىكى گۆھەر ھېسابلىناتتى. قانداقتۇر باھانە ـ سەۋەبلەر بــىــلــەن نــەئــىــمــەنى شەھەرگە ئەكىرىشتە ياكى داچىدا يالغۇز قالدۇرۇشتا ئۇنىڭ رايى بولمىسا سۆرەپ ياكى باغلاپ ئەكىرگىلى

بولمايدۇ ـ دە! خالىئاينى مېھماندارچىلىققا ئاپىرىمەن دەيدىكەن، ئۇ كۆڭلىدىن خالىشى كېرەك ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇلارغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش مانا بۇ تاكتىكا!

... تــۇردى ھەسەن كونا ھۇنىرى بويىچە دەبدەبىلىك گەپلەرنى ئــىچىدە سايلاپ ئۇلگۇرمەيلا چېھرى ـ رۇخسارىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان خالىئاي ئېغىز ئاچتى:

— نــازىــر ئــەپەندىم، ئارىمىزدىكى پەردىشەپ يىرتىلدى، ســىــزمــۇ قــارىــنــگــىــزدا ســاقــلاپ كەلگەن غۇم ھەم ھىيلە ـ مىكىرلىرىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز، — خالىئاي غەزىپىدە سارغىيىپ كەتكەنىدى، — مەنمۇ بۇ گۆرى زىنداندا شۇنچە يىللار ئەركىسىز تۇتقۇن، كىشەنسىز مەھبۇستەك ياشاپ كەلدىم... ئەمدى بىزگە ئېسىلىۋالماڭ. بۇ داچىدىن ئانا ـ بالا ئىككىمىز كېتىمىز...

— خالىئاي... بۇ... بۇ... نېمە دېگىنىڭىز؟ ئا... ئارىمىزدا، كــۆ... كۆڭۈل سۆيۈنگىدەك ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

خالىئاينىڭ كەسكىن ھەم بىزارلىق ھېسسىياتى بىلەن بۇنداق دېــيــىشــىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن تۇردى ھەسەن خېلىغىچە ھاڭغىيىپ نېمە دېيەرىنى بىلمەي قالدى. راست، تۇزاققا چۈشۈپ قــالــغــان قۇشقاچ چېغىدا ئادەم چوقۇلايدۇ. ياۋاش، مۇلايىم، ســەممىي ـ ساددا، كۆڭلى تۇز خالىئاينىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىققانىكەن... ئۇ قامچىسىغا تۈكۈرۈپتۇ! سەۋر قاچىسى تولۇپتۇ ... توقۇمىنى قارىنغا ئاپتۇ!...

— «ئــارىــمــىــزدا كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك ئىشلار بولمىغان» دېــسەم سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدىغان بولىمەن، بىراق ھازىر ئۇلاردىن گۇمان قىلىپ قالدىم، — خالىئاي ئۇزۇل ـ كېسىل سەسكەنگەنىدى، — سىز نەئمەنى ئادىمىيلىك خىسلىتى يوق بىر ھايۋانغا سېتىش ئۈچۈن مەقسەتلىك باققان ئىكەنسىز. ئەگەر ئۆز پــۇشــتــىــڭىزدىن بولغان بولسا، ئەنە شۇنداق مەلئۇننىڭ قانلىق

پەنجىلىرىگە تاشلاپ بېرەمتىڭىز؟ مەن... مەن سىزنى ئەمدى تونۇدۇم، ئەپسۇس بەكمۇ كېچىكىپ تونۇدۇم... سىزمۇ ھەقنىقىي قىياپىتىڭىزنى ئۆزۈن يىل يوشۇردىڭىز...

بەزىدە تەڭرى بېشىڭدا نازىل بولغاندەكلا مەلۇم بولىدىكەن! شۇ تۇرقىدا تۇردى ھەسەن شۇنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «‹خۇدا خالىسا›، ‹خۇدايىم بۇيرۇسا›، ‹ئاللا نېسىپ قىلسا›، دېمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەر دائىم ئىرادە قىلغان ئىشىمدا شەرمىسار بولۇۋاتامدىم...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. دېمىسىمۇ قانچە ـ قانچىلاپ: «توغلۇقنى مۇنداق قىلىمەن»، «ئايازنىڭ ھازىرلا كۆتىگە تېپىمەن»، «خالىئاي ئانا ـ بالىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، قىيمىر قىلالماس قىلىپ قويىمەن» دەپ ھاپىلداپ كەلدىيۇ، ئەمما ئۆزى لەت بولۇپ قېلىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالدى. بۇگۈنچۇ؟ توغرا بۇگۈن جەڭدىكى «غالىب جياڭجۈن» بولۇپ، «ئەسىر» لەرنىڭ تەقدىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانىدى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۆزى ئاق بايراق چىقىرىپ، ئىككى يېنىغا قاراپ قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا خۇدا ئۇنداقلارغا بىرمەھەل زامان بەرسىمۇ، ئاقىۋەت ئامان بەرمەيدىكەن... شۇڭا تۇردى نازىر ھەم نازىر تۇردىلارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىمىزكى، غاپىل بەندە ھەقتائالانىڭ ئىختىيارىنى بىلمەكتىن ئاجىزدۇر... ئىنامىڭغا پېتىپ يۈر... مۇدۇرۇپ كەتكىنىڭنى تۇيماي قالىسەن... ئېتىقاد بىلەن ياشا، ئېتىقادسىز ئادەم ھەرقانداق رەزىللىكتىن يانمايدۇ ... مانا قاراڭ! ئۆيگە جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك قارا بورانىنى باشلاپ كىرگەن تۇردى ھەسەن ئەمدىلىكتە قۇيرۇقىنى چىۋىسىگە تىقىۋالغان كۈچۈكتەك شۈمشىيىپ قالدى. ئۇ چىرايىغا بىردىنلا مۇلايىملىق تۈسىنى بېرىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما قىسمەت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى... ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى.

ئۇ يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ: «ھە، راستىما؟ قاچان؟ نېمىشـ
ـقا؟…، چاتاق بوپتۇ… ئەدلىيەنىڭ؟ مەن ھازىرلا باراي…»
دېگەن گەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ چىقتى. بىراق ئۇنىڭ
چىرايىدىن ئېچىنغانلىقى، جىددىيلەشكەنلىكى ياكى خۇشال
بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۇردى ھەسەن خۇددى ھېچ ئىش
يۈز بەرمىگەندەك خالئاي، نەئىمە، ئاياز، ئايەتبۇلەرگە تەكشى بىر
قارىۋېتىپ:

— بولدى، ئىشلىرىڭلارنى قىلىڭلار، ھە، خالئاي، نەئىمە
سىلەرمۇ ياتىناپ يۇرمەڭلار، مەن شەھەرگە كىرىپ چىقاي، —
دەپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋېتىپ ئاستا
غودۇڭشىدى:

— تېخى ئەتىگەندىلا قاۋۇز بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ چاغدا
تىنچ ئىدى… نېمە بولغاندۇ ئۇ قېرىغا؟ — تۇردى ھەسەننىڭ
چىرايى مەسخىرىلىك تۈس ئالدى، — خوپ بوپتۇ ئۇ دوكقا!
ئەمدى تۈرمىدە چىرىپ ئۆلسۇن!

ئەمما دەقىقە ئۆتمەي تۇردى ھەسەننىڭ چىرايىدىكى شادلىق
ئىپادىسى بىردىنلا ئۆچۈپ ۋەھىمىلىك بىر قارا سايە ئېگىلىدى:

— ئىپلاس قېرى مېنىمۇ چىشلەپ ـ تارتىپ يۈرمەس…
ھېلىمۇ ياخشى ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن دۇكاننى
ئاچتۇرمىغىنىم ئوبدان بوپتىكەن.

ئەندىشىلىك خىياللاردىن تېنى شۈركىنىپ كەتكەن تۇردى
ھەسەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئەمدىلا ھويلىغا چىقىشىغا ئايەتبۇ
يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، كابىنكا دېرىزىسىگە ئېگىلدى.

— تۇ نازىر، ئۆيدە چاي، تۇز، تاماق ھەم قورۇمىغا
ئىشلىتىدىغان دورا ـ دەرمەكلەر ئۆكسۈپ قاپتىكەن، شەھەردىن
ئالغاچ چىقامدىلىكىن.

— ئۇ نەرسىلەر كەنت دۇكىنىدا بارمۇ؟

— بار.

— ئەمسە ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — تۇردى ھەسەن ئەللىك سومنى چىقىرىپ بەردى، — مېنىڭ شەھەردە مۇھىم ئىشلىرىم بار، ئۇ نەرسىلەرنى نەدە ئىزدەپ يۈرىمەن.

— ماقۇل ئەمسە، يول بولسۇن، — تۇردى ھەسەننىڭ ئاچچىقىدا سەنلەش، تاتلىقىدا سىزلەشلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن ئايەتىبۇ ئەللىك سومدىن خېلىلا تاپان ھەققى قالىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ بولدى.

تۇردى ھەسەن دەرۋازا قاناتلىرىنى چوڭ ئېچىپ قويۇپ، يول چېتىدە قول قوشتۇرۇپ بويىنىنى ئېگىپ تۇرغان ئايازغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. ئۇ دەرۋازىنى يېپىپ، كىلتاڭلىرىنى سېلىپ تۇرۇشى بىلەنلا سومكا كۆتۈرگەن ئايەتىبۇ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويۇپ دەرۋازىنىڭ كىچىك قانىتىنى ئاچتى. خورلۇقنىڭ زەھەر - زوقۇملىرىنى تۈنجى قېتىم ئاچچىق ھېس قىلغان ئاياز ئانارلىقنىڭ قىرىغا بېرىپ ئولتۇردى. ھازىرقى ۋاقىتتا بىرەر باي ياكى ئەمەلدار ھەم چوڭ خوجايىنلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى يولۋاسنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلغان قارا قۇلاقنىڭ ھالىدىنمۇ خاراب بولىدىكەن. قارا قۇلاق يولۋاستىن ئاشقان - تاشقاننى يېگىنى بىلەن ئۆزىنىڭمۇ بىر ۋاخ تاماق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمما ئايازدەك تىل - ئاھانەت، مەسخىرە، كەمسىتىش، تەئەددى قىلىش، خورلۇقلاردىن خالىي. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئاشۇ بايلارنىڭ پىستە كۈچۈك، ئاسلان - مۈشۈكلىرىنىڭ كۈنى مىڭ مەرتەم ياخشى. ئۇلار خورلۇققا ئۇچراش ئەمەس بەلكى ماموق ياستۇق، يېپەك كۆرپىلەردە جانلىرىنى بەھۇزۇر راھەتتە ئۆتكۈزىدۇ. ئاياز ھازىر ئۈچ مو يەر، ئۈچ ئېغىز ئۆيىدىنمۇ كېچىپ قالدى. ھەتتا ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان خالىئاي، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن ئون بەش مو يەرگە بولغان مېھرىمۇ كۆزىگە ھېچنېمە بىلىنمىدى. ئادەم دۇنيادا ئازاب - ئوقۇبەت، ھەسرەت -

نادامەت، دەرد ـ ئەلەم، كىبىرلىك، تورمە، جۇدالىق، ئېغىر ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ كېتىدىكەن. بىرلا خورلۇققا چىدىمايدىكەن... چۈنكى خورلۇق ۋىجدان، غۇرۇر، ئادىمىيلىككە چېچىلغان يۇندا ئىكەن!

— ئاياز ئاكا، بۇ يەردە ئەجەب مۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ، — نەئىمە ئۇنىڭغا ئېگىلىشىپ قارىدى، — ۋىيەي، يىغلىدىڭىزمۇ نېمە؟ كۆزلىرىڭىز ياش تۇرىدۇ.

— نېمىشقا يىغلاي، ئايقىز، — ئاياز زورمۇزور كۈلدى، — ھە، نەگە ماڭدىڭىز؟

— تارسۇغا بېرىپ كېلەي، تۇغلۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار ئىدى.

— ئوبدان قىپسىز، تۇغلۇق ھەم ئەمرۇللاكاملارغا مەندىن سالام ئېيتىڭ.

— بولىدۇ، ئايازكا.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچە قايتىپ كېلىڭ، ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن.

— ئايازكا، — نەئىمە دېرىزىنى ئىما قىلىپ بىر تاتلىق كۈلدى، — ئاپام ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرىدۇ... زېرىكىپ قالماس ـ ھە؟!...

— شۇنداقمۇ؟ — ئاياز قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

نەئىمە كېتىپ قالدى. ئاياز ئۆزىمۇ خالئاي بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ھۇجرىنىڭ يىپەك پەردىلىرى ئارىسىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خالئاينى كۆرۈپ قالغان ئاياز دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئايەتبۇنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن، تۇردى ھەسەنگە چېقىشىدىن قورقماي بىنا پەلەمپىيىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئاياز ھۇجرا ئىشىكىنى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە خالئاي دېرىزە تۆۋىدىكى ئۇستەلدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— كېلىدۇ ئاياز، ئولتۇرۇڭ، — خالىئاي ئورنىدىن تۇردى، — نازىرنىڭ سىزگە قىلغان سېسىق گەپلىرىگە مەن چىديالماي قالدىم. سىزدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتىم.

— ھاجىتى يوق خالىئاي، — ئاياز ئېغىر خۇرسىندى، — مەن... مەن كېتەي دەيمەن...

— نېمە، كېتەي؟! — خالىئاي ئايازنىڭ كەڭ دولىسىغا بارماقلىرىنى تەگكۈزۈپ بىردەم تۇردى، — نېمىشقا كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— مەن... مەن چىديالمىدىم. ماڭا يەر، ئۆيمۇ كېرەك ئەمەس، بۇ چاغقىچە ئاتا - بوۋامنىڭ تىنىقلىرى تارقىغان ھاۋا، ئىزلىرى چۈشكەن يەر، دەپ كۆز قىيالمايتتىم. ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ مېھرىمنى ئۈزدۈم!

— شۇنداقمۇ؟ — خالىئاي دېرىزىدىن باغلارغا قارىدى، — مېنىڭدىن، قورسىقىمدىكى بالىڭىزدىنمۇ مېھرىڭىزنى ئۈزگەن ئوخشىمامسىز؟

— خالىئاي! — ئاياز خاپىلىقتا قاتتىقراق ۋارقىرىۋەتتى، — سىز بىلمەيسىز، خورلۇق دېگەن بىر ئېكەككەن!... يۈرىكىم، ۋىجدانىم، غۇرۇرۇم، ئادىمىيلىكىم ئېكەكدىلىپ، جاراھەت ئۈستىگە جاراھەت بولۇپ كەتتى. بۇ نېمە خورلۇق ماڭا! ساغلام بەدىنىم، يېتىلگەن كۈچۈم، ساپ قانلىرىم تۇرۇپ، قانداقتۇر بىر ناچار ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاش، ئۇنىڭ تىل - ئاھانەتلىرىنى ئاڭلاش... كەمسىتىشلىرىگە سۈكۈت قىلىش... مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟!

— سىز كۆرگەن خورلۇقنى مەن كۆرمىدىمما؟ مېنىڭ بىر ئۆمۈر كۆرگەن خورلۇقلىرىم سىزگە سىرما؟ ھەممىدىن خەۋىرىڭىز بار. ئەجەب مەن چىداپ كېلىۋاتىمەنغۇ... ، — خالىئاي تۈكۈلۈپلا كەتتى، — توغرا، خۇدايىم بىز ئايالالارنى ئەنە شۇنداق

چىداملىق يارتىپ قويۇپتىكەن. قىز ۋاقتىمدىن تارتىپ كۆرگەن خورلۇقلىرىم، ھەقدادىغا يەتمىگەندەك تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، قەلبىمنى خورلۇق دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى... مەسئۇد قانچىلىغان پاسكىنا يۈندىلارنى يۈزۈمگە چاچمىدى. ھەتتا ئۇ ئۆلگەندىمۇ پەخىرنىسانىڭ قىپيالىڭاچ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ياتاتتى ... قەدرىمگە يېتەرمىكىن، دەپ چوڭ بولسىمۇ تەگكەن ئېرىم تۇردى نازىر چېغىدا سائۇنا مۇنچىلىرىدا، ئىشرەت قاۋاقخانىلىرىدا، كېچىلىك بەزمىخانىلاردا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ يۈرەكلىرىمنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋەتتى...

— بولدى سۆزلىمەڭ، — ئاياز چىدىيالمىدى، — مەن... مەن...

— مېنى سۆزلىگىلى قويۇڭ، ئاندىن كەتمەمسىز، — خالىئاينىڭ يۈزلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، — توغرا، مەن ھاياتىمدا چىن سۆيگۈ، چىن ياخشى كۆرۈشكە نائىل بولالمىدىم. لېكىن، خۇدايىم مەسخىرە قىلغاندەك يېشىم قىرىق بەشكە كەلگەندە يۈرەككە تالىق مۇھەببەتنى كۆڭلۈمگە سېلىپ قويدى... بۇ چاغقىچە لەھەتتەك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن باغرىمنى بىر چىراغ ۋىللىدە يورۇتتى... ئۇ... ئۇ سىز ئىدىڭىز... ئاھ خۇدايىم، ئاھ تەڭرىم! — خالىئاي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — بۇ دۇنيادا بىرىمۇ ئىچ كۆيەر ئادەم قالمىغانمۇ نېمە؟ قەلبىڭدە پارلىغان ئاخىرقى يۇلتۇز چېغىدا سېنى زۇلمەتكە تاشلاپ كەتكىلىۋاتسا...

ئاياز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، تېلقىپقىنا كەلدى ـ دە، خالىئاينى قۇچاقلىدى. خالىئاي ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە يۈزلىرىنى يېقىپ ئۆپكىدەيتتى، ئېسەدەيتتى، تېلىقىپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى.

— خالىئاي، مېنى كەچۈرۈڭ، — ئايازمۇ يىغلىغانىدى، — مەن كۆپ ئوقۇمىغان ئادەم، بەزى ئىشلارغا كەلگەندە سىرتىنى كۆرۈپ ئىچىنى كۆرەلمەيدىكەنمەن.

— مەن… مەن… ، — خالىئاي ئېسەدەپ كەتتى ، — ئەسلىدە بۇگۇنكى جېدەلدە ھەممە ئىشلار بىر يولىلا ھەل بولۇپ ئاجرىشىپ كېتىمەن دېگەنىدىم. لېكىن نازىرنىڭ ئۈچ ـ ئاداۋەت ئېلىشتىكى خۇمارى تېخى يېشىلمىدى. شۇڭا سىزگە «تال بوستان بېشىڭغا ئۆرۈلۈپ چۈشمىسۇن» ، «شوتاڭ سۇنۇپ، توكۇرمۇ بوپقالما» دېگەندەك كىنايە سۆزلەپ ھەممىمىزنى بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرغان بولدى… بىلىپ قويۇڭ، بۇ ئاگاھلاندۇرۇش چوقۇم بوران ـ چاپقۇنسىز ئۆتمەيدۇ…

— مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا خالىئاي، — ئاياز ئۇنىڭ يۇزلىرىنى سۇرتتى، — مېنىڭ بايىقى خامىلىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ.

ئاياز خالىئاينى باغرىغا چىڭ باستى ھەم ئۇنى دەس كۆتۈردى ـ دە، چوڭ كارىۋاتقا ئاستا ياتقۇزدى…

… ئاياز ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئاشخانىدا كۆكتات ئادالاۋاتقان ئايەتبۇ «ئەخ، تۇفى! » دەپ گېلىنى قىرىپ غەزەپ بىلەن تۇكۇردى…

## 20

زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. تۇغلۇق نەئىمەنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۇچۇن تارسۇ كەنتىنىڭ چوڭ يول ئېغىزىغا چىقتى. دۇكان ئالدىغا مەھەللىنىڭ پاراڭچىلىرى يىغىلىپ قالغاچقا، نەئىمە ئۇ يەرگە بېرىپ ماشىنا ساقلاشنى بىئەپ كۆردى بولغاي، كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇشتى. «توپتېرەك» ، «قارغوجا» لادىن قايتقان ماشىنىلار دۇكان ئالدىنى بېكەت قىلىۋالغانىدى. لېكىن ئۇلار يول بويى ئادەم سېلىپ ماڭغاچقا، يولوچىلار قەيەردە قول كۆتۈرسە، شۇ يەردە توختاۋېرەتتى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە بۇگۇن كۆڭۇلدىكىدەك مۇڭداشتى. ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان كۇنى، قانداق ئۇسۇلدا مېڭىشنى مەسلىھەت قىلىشىۋالدى.

ئاندىن كەلگۈسى ئۇرۇمچىدە، غۇلجىدا تۇتماقچى بولغان ئۆيلىرى، قىلماقچى بولغان ئىش ـ ئوقەتلىرى، ھەتتا بالىلىرىنى قانداق تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلارمۇ قالمىدى. ئەمرۇللا بوۋاي كونا ئۆيلىرىنى چېقىپ ئورنىغا داچىدەك ھەيۋەتلىك ئۆي سالدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىر ياقتىن كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ نەئىمەنىڭ ئۆمرىگە ئاتاپ دۇئا قىلدى. شۇنداق! تۇغلۇقنىڭ نىيىتى خالىس بولغاچقا، خۇدايىم بۇ پەرىشتىنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بەردى. ئوغلى ئىككىسىنىڭ خۇددى قىرىق يىللىق قەدىناسلاردەك سىر تۆكۈشۈپ كېتىشلىرىچۇ! تېخى كىچىك بالىلاردەك غاژ ـ غۇژلا ۋارقىرىشىپ ـ چىرقىرىشىپ، ئارقىدىن ئىچى ـ ئىچىدىن تېلىقىپ كۈلۈپ كەتسە، بۇ ئىككى بەڭۋاش ساراڭغا مەستلىكى كەلگەن كەپتەرلەر سۈيۈشكەن پېتى تېگىرقاپ قېلىشاتتى. مانا ئىككىسى بىرلىشىپ لەڭمەن ئەتمەكچى بولۇشۇپ كۆكتاتلىققا كىرىپ كېتىشتى. بىر چاغدىلا ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ چىققاندى. ئەمرۇللا بوۋاي تونۇمايلا قالدى. چۈنكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلەكلىرى بويىلىپ، يۈزلىرىدىن قىپقىزىل شوخلا سۈيى ساقىپ تۇراتتى. چاپلىشىپ كەتكەن ئۇرۇق ھەم شوخلا پىسەپلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆز، بۇرۇن، قۇلاقلىرى پۈتۈپلا كەتكەنىدى. تېخى نەئىمە ھېچنېمە بولمىغاندەك:

— ھەي، تۇغلۇق، سىز كۆكتاتلارنى ئادالىغاچ تۇرۇڭ، مەن كۆڭلەك، مايكىڭىزنى يۇيۇۋېتەي، — دەپ يەڭلىرىنى تۇرۇپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. «—توۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئەمرۇللا بوۋاي، — بۇ زاماننىڭ ياشلىرى ئەجەب ھە؟ توي قىلماي تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇندىن بەتتەر ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن...» ، بولمىسا بوۋاي بەكمۇ يىراقتا قالغان ياشلىقىنى خىرە ـ شىرە ئەسكە ئالدۇ... ئۇ زامانەمدە ئەمرۇللا بولسا دانەمنى ھۇجرىغا كىرگەندىلا كۆرگەنىدى. مانا ھازىر نەئىمە ماڭماقچى

بولۇۋېدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ: «يامان سۆز، يامان كۆزدىن نېرى قىل، كۆرۈنە ـ كۆرۈنمەس بالا ـ قازادىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا ... ئىككىسىنىڭ مۇبارەك باشلىرىنى ئامان قىل...» دەپ تىلەك تىلىدى. ئاندىن خىجىل بولغان ھالدا:

— قىزىم، ئۆتكەندە دادىڭىزنىڭ بەزى سۆزلىرى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە جەھلىم قېتىپ، سەپرايىم ئۆرلەپ، سەل تەتۈرلۈك قىلىپ قويدۇم، كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز؟...— دەپ ئۆزرە سورىدى.

—... تۇغلۇق، ماشىنا كەلمەيدىغۇ؟ — دېدى نەئىمە سەل جىددىيلىشىپ، — دادام شەھەردىن چىققۇچە ئۆيگە يېتىۋالسام بولاتتى.

— كېلىدۇ، تېخى بالدۇر تۇرسا، بولمىسا سىزنى ئاتقا مىنگەشتۇرۇپ ئاپىرىپ قويىمەن.

— راستما؟— نەئىمە چاۋاك چېلىۋەتتى، — ئات مىنسە قانداق بولىدۇ؟ كېيىن ماڭا چوقۇم ئات مىنىشنى ئۆگىتىپ قويىسىز.

— مەيەرلا چىدىيالىسا، — تۇغلۇق كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ئۆزىنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

— بېشىڭنى يەيدىغان قارا مەدەكنىڭ گېپىنىڭ سەتلىكى-نى،— نەئىمە تۇغلۇقنىڭ بۇرنىنى بارماقلىرىدا چىڭ قىسىۋال-دى، — ھە، مانا، ئەسكىلىك قىلامسىز؟

— بولدى، قويۇۋېتىڭ، كوچىدا سەت، — تۇغلۇق بۇرنىنى تارتىۋالدى، — تاس قالدى بۇرنۇمنى ئۈزۈۋالغىلى ماۋۇ كۆكەرمە ئۆششۈق.

— خوپ بوپتۇ، — نەئىمە كۆزلىرىنى ئويناتتى، — ھە، راست، تۇغلۇق، دادىڭىزنى ئايازكام، ئاپاملار يوقلاپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ. ئاش ـ

تاماقتىن، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردىن قىينىلىپ قالمىسۇن.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەتە ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىپ، دادامنى شۇلارغا تاپشۇرىمەن.
— ئاغىنىلىرىڭىز ئىشەنچلىكتۇ ھە؟
— نېمە دەۋاتىسىز، قىيامەتلىك ئاغىنىلەر دەڭا بىز...
— ئېتىڭە پونى!
— پو ئاتالىغۇدەك دەسمايە بولسا پو ئاتىدۇ...
ئۇلار چۈجە خورازلاردەك ئەمدىلا كىرىشىپ قېلىشى بىلەنلا دۇكان ئالدىدا كىملەردۇر مۇشتلىشىپ كېتىشتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا يېقىن كېلەلمىگەچكە كىمدۇر بىرسى تاياق زەربىدىن ۋارقىرىماقتا ئىدى.
— ۋۇي، بۇ زىكرىنىڭ ئاۋازىغۇ! — تۇغلۇق ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپلا، ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى، بۇرۇتلۇق چوڭراقىنىڭ كانىيىدىن بوغقانچە ئارقىغا ئېتىۋەتتى. يەنە بىرسىنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.
— ھەي، قانداق نامەرد نېمىلەر سەنلەر،— ۋارقىرىدى تۇغلۇق،— ئىككىڭلار بىرلىشىپ ئاشۇ نىمجان رەزگىنى ئۇرۇشتۇڭما؟
— ھەي ساڭا نېمە ئاتىكارچىلىق، — دېدى بۇرۇتلۇق چوڭ يىگىت تۇغلۇققا قولىنى شىلتىپ، — ئۇنىڭ تاياق يېگۈسى بار، بىزنىڭ ئۇرغۇمىز بار، قانداق؟
— ھەي، قولۇڭنى شىلتىمەي گەپ قىل! — تۇغلۇقنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى، — بىكار ھېلى ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ئىزدەپ يۈرمىگىن.
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ رەپرەپ، — بۇرۇتلۇق مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ كەلگىنىنى بىلدى، لېكىن پەشۋانىڭ ئۇچۇپ كەلگىنىنى بىلەلمەي نەچچە غۇلاچ يەردە يېتىپ قالدى. بىردەمدىلا ئۇنىڭ قاپىقى مۇشتۇمدەك ئىششىپ چىقتى. بۇ ئەسنادا

ئەتراپتىكىلەر ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىشتى.
— تۇغلۇق ھەرقايسىڭنى ئاجرىتىۋاتسا تېخى ئۇنىڭغا مۇشت ئاتماقچى بولۇۋاتىسىنا...
— ھېلىغۇ سەن بىر بۇرۇتلۇقكەن، تۇغلۇققا سەندەكتىن بەشى تەڭ كېلەلمەيدۇ...
— ھە، دېيىشە قېنى، زىكرىنى نېمىشقا ئۇرۇشىسەن؟
— جېنىم ئاكا، بىز قارغوجىلىق، مەن خەنزۇ بازىرىدا ئــوقەت قىلىمەن دېگىنە. ئۆيدىكىلەرنى تۇمشۇق تىرەپ ئارانلا باقىمەن، — دېدى جۇغى كىچىك يىگىت، — بۇ ئاداش «ھېلىلا بېرىمەن» دەپ ئەللىك سوم ئالغان. ئەنە ـ مەنە دەپ ئالدىغىلى بىر يىل بولدى.
— زىـكـرى راسـتـما؟ — تۇغلۇق مىختەك قادالدى، — راستىنلا شۇنداق قىلدىڭما؟
— ئەمدى... ئەمدى، — زىكرى دۇدۇقلىدى، — قولۇمغا پۇل كىرگەندە بەرمەمدىم.
— ئۇنداقـتا راست ئىـكەن ـ دە، تۇتە ئۇكا ما پۇلنى، — تۇغلۇق يانچۇقىدىن ئەللىك سوم چىقىرىپ ھېلىقى بالىغا بەردى، — ھەي ئىنى، ما ئاداش نېمەڭ بولىدۇ؟
— ئـۇ... ئـۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام بـولـىدۇ، سەل قېنـى قىزىق...
— ھەي، ئادىشەي، — دېدى تۇغلۇق بۇرۇتلۇققا، — ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ مۇشت ئاتارسەن بولامدۇ؟ تارسۇ دېگەن يامان يەر، بىردەمدىلا ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى يىتتۇرۇپ قويىسەن...
دۇكـان ئـالـدىـدىـكـىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زىكرىنى ئەيىبلەپ:
— ئۆتكەن ئايدىمۇ شايىكامنىڭ قەرزىنى بەرمەي ئوغلىدىن تاياق يېدىڭ، ھېلىمۇ ياخشى تۇغلۇق ئارقاڭدىن دۇرۇت ئوقۇپ تۇرغىنى، — دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى بۇرۇتلۇققا:

— چاشقان، مۇشۇكىنىڭ بۇرۇتىنى يۇلغاندەك، تۇغلۇققا مۇشت ئېتىپ يۈرگىنىنى كۆرۈڭلا ماۋۇ چالا كۆرەڭ ئاداشنىڭ، — دېيىشەتتى.

— تۇغلۇق، ئۆتۈڭە بۇياققا،— نەئىمە ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى، — نەدىكى ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرىدىكەن!

— مانا، مانا، — قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن تۇغلۇق قىز تەرەپكە ماڭدى، — نېمانچىلا ۋارقىرايدىغانسىز؟

— ئۇھ... قاراڭلار،— دېدى تاقىر باش بىر دېھقان، — تۇغلۇقنىڭمۇ قورقىدىغان ئادىمى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

— قورقمىسا بولامتى، — دېدى يەنە بىر كەكە ساقال ياش دېھقان چاقچاقىقا كۆز چىقىرىپ،— سەنمۇ ھېلىقى يىگىناغۇچتەك خوتۇنۇڭغا يەتمىش تەزىم قىلىپ، پۇچۇق چىشلىرىڭنى كۆرسىتىپ، كەچتە يوتقانغا ئاران كىرىسەن...

دېھقانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. لېكىن ئۇلار تۇغلۇقنىڭ قايرىلىپ ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى.

— خاپا بولماڭا،— تۇغلۇق ئاستا پىچىرلىدى،— ماشىنا كەلمىسە سىزنى ھاپاش قىلىپ بولسىمۇ ئاپىرىپ قويسام بولىدىغاندۇ!

— ئىككى ماشىنا كېلىپ ـ كېتىپ بولدى، مانا ئەمدى...

تۇغلۇقنىڭ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى، مەردلىكىنى، ئوغۇل بالىلىق تۇرگۇنلىكىنى كۆرگەن نەئىمە تارسۇلۇقلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ كىمنىڭ مەشۇقى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولغاندەك ئۇنلۇك گەپ قىلىۋاتاتتى... دېمىسىمۇ دېھقانلار بۇ ئېسىلزادە سەرخىل قىزغا بەزىلىرى ھەۋەس بىلەن قارىسا، بەزىلىرى ھەسەت كۆزلىرىنى تىكەتتى. قېرىلار بولسا قىزىقسىنىپ قارىشاتتى... بۇ ئەسنادا قارغوجا تەرەپتىن بىر مېنبۇس كېلىپ قالدى. شوپۇر كەچ بولغاندا شەھەرگە كىرىدىغان خېرىدار تاپالمىغانمۇ، ماشىنىسى قۇرۇق دېگۈدەك ئىدى. تۇغلۇق

شوپۇر بالىنى تونۇغاچقا، نەئىمەنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ پۇلىنى بەردى ـ دە: «چىلانلىقتىكى داچا دەرۋازىسى ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويغىن، چوڭ يولدىلا چۈشۈرۈپ قويما!» دەپ تاپىلىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن بىرھازا قاراپ تۇرۇپ، يولدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان يوقالغاندىلا ئۆيىگە ماڭدى.

تۇغلۇق بۇ كېچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. خۇشاللىق، ياق، بەخت! توغرا بەختمۇ ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن. بۇ خۇددى ھەممە نېمىسى تەل بايلارمۇ يوقنى بار، بارنى ئىككى قىلىش، شۇنداقلا ئوغرى، بۇلاڭچى قاراقچىلاردىن خاتىرجەم بولالمىغانغا ئوخشاش، «بەخت» تۇغلۇقنى ئۇخلاتقىلى قويمىدى. ئۇ ئۆگزىدە ئوگدىسىغا ياتقىنىچە ئاينى كۈتۈۋالدى. ئاي كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ نەق ئۇستىگە كەلدى ـ دە، كۈلگەندەك قىلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى مەدھىيەمۇ، مەسخىرىمۇ ياكى پىغانلىق نىدامۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بىراق بۇلاردىن تۇغلۇقنىڭ پەرۋايى پەلەك.

نەئىمە ئۇرۇمچىدە توي خېتىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇلار ئاددىيغىنە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ. تۇغلۇق بولسا كازىنۇەندىكى ئوقۇشىنى ئوقۇپ، ھەپتە ئارىلىقلىرىدا مەھبۇبىنى يوقلايدۇ... ئۇلار كەلگۈسىدە ئۆي ـ دۇكانلىرىنى غۇلجىغا يۆتكەپ ئۆمرىنى ئاشۇ بوستان شەھەردە ئۆتكۈزىدۇ... تارسۇدىكى تۇغلۇقنىڭ ئۈچ مولۇق چوڭ قورۇسىغا يەر قېتىپ زامانىۋى باشلانغۇچ مەكتەپ سالىدۇ... تېخى بىر كۈتۈپخانا سېلىش پىلانىمۇ بار... ئۇلارنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى بولىدۇ... ئاھ خۇدا، مۇشۇ ياپيېشىل كائىنات، قۇياشلىق ئالەمدە ياشاش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە! گەرچە بەختسىزلىك ساڭا يار بولسىمۇ! ...راست ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ شادلىقىدىن خاپىلىقى، ئامەتىدىن ئاپىتى، بەختىدىن ئازابى كۆپ بولسىمۇ، ئادەم يەنىلا كۈنىنىڭ سىرىقىغا تويمايدۇ... جەبرائىل ئەلەيھىسسالام شەيتانغا: «سەن دوزاخقا مەھكۇمسەن» دېگەنىكەن، شەيتان: «ئۇ يەردە كۈن

نۇرىنى كۆرگىلى بولامدۇ…» دەپ سورىغانىكەن…

ھەي… پەلەك! … خۇدا بەندىسىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ يارىتىپ قويۇپ، يەنە ئۇنى ئېلىپ كەتكىنى نېمىسى؟ بوپتۇ، ئېلىپ كېتىش ئۇنىڭ مىزانى ئىكەن، ئەڭ بولمىسا ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىل ھوما ئاتا قىلسىچۇ كاشكى!

تۇغلۇق شېرىن خىياللار قۇچىقىدا قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. لېكىن ئۇ ئەجەب سىرلىق بىر چۈش كۆردى…

… تۇغلۇق بىلەن نەئىمە ئىككىسى تىك چېقىل ئۈستىدە قۇچاقلىشىپ تۇرۇمىش! يەر قاتتىق تەۋرەۋاتقۇدەك… تاغ ـ تاشلار گۇمتۇرۇلۇپ، دەريا سۇلىرى ئاسماندا ئۇچۇپ، دەل ـ دەرەخلەر قىزىل قىيامەت ئىچىدە كۆيۈۋېتىپتۇ… نەئىمە: «تۇغلۇق چېقىلدىن ھاڭغا يىقىلىپ چۈشمەيلى!» دەپ چىرقىراۋاتقۇدەك… قىسقىسى، جاھان گۇمبۇر ـ گۇمبۇر، قاراس ـ قۇرۇس، تاقۇر ـ تۇقۇر، تالڭ ـ تۇڭ، ۋارقىرىغان ـ چىرقىرىغان، ئايانچلىق يىغلىغان ئاۋازلارغا تولۇپ، يەر دولقۇنسىمان، ئېگىز ـ پەس، شىددەت بىلەن تەۋرىگۇدەك… بىردىنلا ئاپئاق ساقاللىرى تىزىغا كەلگەن ئەمرۇللا بوۋاي ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدىن پەيدا بولۇپ، ئاسمانۇ مۇئەللەقتە تۇرغۇدەك، تۇغلۇق: «دادا، بۇ نېمە ئالامەت… قانداق كۆرگۈلۈك؟!» دەپ سوراپتۇ. ئەمرۇللا بوۋاي ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىپاپ: «بالام، ئالەمدە گۇناھ كۆپىيىپ كەتتى. ئادەملەردە دىيانەت، ئىنساپ، پاكلىق قالمىدى. ئېتىقاد يوقالدى، ئەقىدە سۇسلاشتى… ھېچقانداق ئېتىقادى يوق ئادەم يامانلىقتىن يانمايدۇ… ئۇلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا زىناخورلۇق، ھارامخورلۇق، غەممازلىق[①]، پارىخورلۇق، مۇناپىقلىق، رەزىللىك، كۆرەلمەسلىكتەك پىتنە ـ پاساتلار قۇرتتەك يامراپ

① غەممازلىق — چېقىمچىلىق، گەپ توشۇش، مۇناپىقلىق.

كەتكەنلىكى ئۇچۇن يەر كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ... شۇڭا ئاللادىن ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى ئازايتىپ يارىتىشىنى تىلەيلى... ئۇلار قانچە ئاز ياشىسا، گۇناھىمۇ شۇنچە ئاز قىلىدىغان بولىدۇ!...»

— جېنىم دادا، ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلما...، — دەپ يالۋۇردى تۇغلۇق، — نەئىمە ئىككىمىزنىڭ ئەجەب ساۋابلىق پىلانلىرىمىز بار. ئازغىنا ئۆمۈر قانداقمۇ يەتسۇن!؟

— بالام، ساۋابنىڭ كۆپىدىن، گۇناھنىڭ ئازى ياخشى! ناشۇكۇرلۇك قىلما، ئۇنداق بەندىدىن ئاللا بىزار!!...

جاھان قاراڭغۇلىشىپ، يەرلەر يېرىلدى... ئالەم چاقماق نۇرىدا يالت - يۇلت يورىدى. لېكىن تۇغلۇق بىلەن نەئىمە قۇچاقلاشقان هالدا چېقىلدىن تېگى كۆرۈنمەس هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى...

—... ئاپا!!...، — تۇغلۇق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى... ئۇ تۇرۇپ ئولتۇردى - دە، پېشانىلىرىدىكى مونچاق - مونچاق تەرلەرنى ئالىقىنىدا سىيرىپ ئېرتىۋەتتى.

— تىۋۋا، غەلىتىلا چۈش كۆردۈما...، — تۇغلۇق چۈش ۋەھىمىسىدىن سۈس تىترەۋاتاتتى، — ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىممۇ كۆرمىگەن ئاپامنى چاقىرغىنىم نېمىسى!...

تۇغلۇق ئەتىگەندە ئەمرۇللا بوۋاي بىلەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسەن، بالام؟ «ئۇرۇمچىگە ماڭىمەن» دەۋاتىسەن، ئات هارۋىلىرىڭنى، كەپتەرلىرىڭنى قانداق قىلىسەن؟ — بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك قىلاتتى، — ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ كەتمىسەڭ، مەن نېمىمۇ قىلالايمەن؟

— مەنمۇ شۇنىڭ غېمىدە دادا، — دېدى تۇغلۇق دىمىقى زىڭگىدە قىلىپ، — شۇڭا مۇنۇر بىلەن پىدانى چۈشلۈك تاماققا چاقىرىپ قوياي دەيمەن. ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار بار ئىدى.

— ئۇنداقتا زىكرىنىمۇ چاقىرىپ قوي.

— دادا، ئۇ ھاراقكەشتىن خۇشام كەتتى، يۆلگەنسېرى سېلىنىۋالىدىغان بىرنېمىكەن.

— ئۇنداق دېمە بالام، — بوۋاينىڭ دەممۇدەم ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇراتتى، — سەن خاڭلارغا چىقىپ كەتكەندە، كۆمۈر سېتىپ سىرتتا يۈرگەنلىرىڭدە ئاشۇ بالا سۇلىرىنى ئەكېلىپ، كەپتەرلەرگە دان سېلىپ، كۆكتاتلىقلارنى ئوتاپ، سۇغىرىپ ئېغىرىمنى يېنىك، يىراقلىرىمنى يېقىن قىلىپ كەلدى... ئەمدىزە، بىر ۋاخ تامىقىڭنى ئايىساڭ قانداق بولغىنى.

— تاماقنى ئايىغانلىق ئەمەس دادا، — تۇغلۇق كېتىدىغان چاغدا دادىسىنى رەنجىتىشنى خالىمىدى، — بوپتۇ، دادا، چاقىرىپ قوياي.

تۇغلۇق چىقىپ كېتىپ مۇنۇرنى قوناقتا سۇ تۇتۇۋاتقان يەردىن، پىدانى بېغىنىڭ ئارقىسىدا دەرەخ كۆتەكلىرىنى قومۇرۇۋاتقان يەردىن تاپتى. لېكىن زىكرىنى دۇكان ئالدىدىن ياكى ئۆيىدىن تاپالماي يېنىپ كەلدى. ئەمرۇللا بوۋاي ئاڭلاپ ئۇنچىقمىدى.

تۇغلۇق سەۋزىنى قىرىپ سۇغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن تەڭنىدىكى گۇرۇچكە سۇ قۇيۇپ قويدى، ئاندىن ئۇ دۇكان ئالدىدىن گۆش ئەكېلىش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، دادىسى: «پولۇغا كەپتەر گۆشى باسسا ئوبدان بولىدۇ...» دېمەكچى بولۇپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى تۈنۈگۈندىن بېرى تۇغلۇقنىڭ ئېغىلدىن، كەپتەرخانىدىن كېلەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالغانىدى.

تۇغلۇقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەردە غىڭ قىلماي ۋاپادارلىق، دوستلۇقنى يەتكۈزگەن قەدىناس كۆك بوز ئېتىغا، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى نازۇك بۇقۇلداشلىرى، موللاق ئېتىشلىرى بىلەن ئۇنتۇلدۇرىدىغان كەپتەرلىرىگە قىيالماي ۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن

چىقىپلا تۇراتتى. تۈنۈگۈن كەچ ئېتىغا قوناق، ئارپا، سۇلۇلاردىن ئوخشىتىپ «پولۇ» ئېتىپ بەردى. تۆخۈم ئىچۈردى ھەم پېشانىلىرىدىن سىلاپ ئۇزۇن مۇڭداشتى... كېيىن كەپتەرخانىغا كىرىپ كېتىپ كۆزلىرى ياش ھالدا قايتىپ چىقتى. ئەلۋەتتە شۇنچە يىللار، سوغۇق جۇدۇنلاردا، شىۋىرغانلىق خالىي يوللىرىدا، ئاچ - زېرىن كۈنلەردە، يامغۇرلۇق پاتقاقلىق يوللاردا بىللە ئۆتكەن ئاشۇ ھايات قەدىرلەشكە تېگىشلىك سائادەتلىك كۈنلەر ھېسابلىناتتى. ئۇلار تالاي - تالاي ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، ئەمگەك مۇشەققەتلىرىدە سىنالغان دوستلاردىن ئىدى ... كۆك بوز ئات تۇغلۇقنىڭ «پۇتۇڭنى كۆتۈر...»، «ئارقاڭغا يان...»، «ئالدىڭدا كاتاڭ بار...» دېگەندەك جىق گەپلىرىنى بىلىدۇ. ئەمدى ئاشۇنداق سىرداش دوست خوشمۇ دېمەي يوقاپ كەتسە: «ئادەم دېگەن ئەسلىدە ۋاپاسىز نېمىكەن» دەپ قالامدۇ ... ئەمدى كەپتەرلىرىچۇ؟ كونىلار: «كەپتەرنىڭ مېھرى — قىرىق يىللىق خوتۇن مېھرىدىن يامان» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. بىر تەقۋادار مۇنەججىم ئۆگزىدە تۇرۇپ ئاسمانغا ھاڭقىيىپ قالغان كىشىنى كۆرۈپ: «ئى خۇدايا ئىبارا، بۇ بەندەڭ ساڭا مەھلىيا بولۇپ، مۇبارەك جامالىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەرشكە قاراۋاتامدۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، ئاللادىن ۋەھىي كېلىپ: «ياق! بۇ بەندەم كەپتەرلىرىگە قاراۋاتىدۇ...» دەپتىكەن.

بۇۋاينىڭ مۇڭلۇق خىياللىرى راسا قىيامىغا كېلىۋاتقاندا تۇغلۇق گۆش كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى. ئۇ كېلىپلا يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. سەۋزىلەرنى قەلەمچە قىلىپ، گۈرۈچلەرنى يۇيۇپ، ئوچاققا ئوت قالىۋەتتى. كاۋا بارالىڭ تېگىدىكى سۇپىدا ھاسىسىغا تايىنىپ ئولتۇرغان ئەمرۇللا ئوغلىنىڭ كەپكۇر بىلەن سەۋزىنى قورۇشلىرىغا، تۇزلىرىنى تېتىپ كۆرۈشلىرىگە، ئوچاق ئاغزىغا قورايىنى پۇرلاپ تىقىشلىرىغا سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا قۇلىقىدا بىر زىل ئاۋاز ئەكس

سادا بەرگەندەك قىلدى:

— دادا، قۇراق كۆرپىدە ياتساڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولىدۇ...

— دادا، قورۇمىدىن بىر ساپلىق ئېلىپ بېرەي تېتىپ باقامسەن؟ قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتتى ھە؟

بوۋاي تۆكۈلۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ جىيەكلىرىنى قورۇق باسقان كۆزلىرىدىن چۇشۇۋاتقان ياشلار ساقاللىرىدىن تامچىپ، ئېڭەك تېرەپ تۇرغان ھاسىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى... راست، ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزلىرىگە ئاشۇ بىر تال تاغار قېقىندىسى — ئومايقىز كۆرۈنگەندى. ئەنە ئۇ يىڭنىدە قۇراق كۆرپە تىكىۋاتىدۇ. قارىغىنا ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقىنى! ساپلىقتا كۆتۈرۈپ كەلگەن قورۇمىنى نازۇك بارماقلىرىدا دادىسىنىڭ ئاغزىغا بىر - بىرلەپ سېلىۋاتىدۇ... ئەجەب ئىش! ئوغۇل بالا تولىسى ئاپىسىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن... قارىغىنا، تۇغلۇقنىڭ چىرايى سويۇپ چاپلاپ قويغان ئوماي... ئەمما ئۆڭى ھېلىقى نائەھلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ...

بوۋاينىڭ ياشلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. راست، تۇغلۇقتىن ئايرىلىدىغان دەقىقىلەر يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئۇنىڭ ئالاڭغۇ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى ئېسەدەۋاتقاندەك قىلاتتى... بوپتىلا، يىغلىسا - يىغلىمامدۇ! قىپقىزىل ئەتلىمە گۆش چېغىدىن تارتىپ ئېتىكىدە بېقىپ ئايرىلىپ باقمىغان، خاڭدىن كىرىپ بولغۇچە يوللارغا تەلمۈرۈپ قارايدىغان... «غورالداي ئاپا، نان! ...» دەپ يىغلايدىغان ئاشۇ جاپاكەش كۆمۈرچى بالا كەتمەكچى! ...

پاھ، بوۋاينىڭ ئىچىدە بىر ئىدىش سۇ بارمىدۇ؟! قارىغىنا، ئاياغ ئاستىدىكى توپا لاي بولۇپ كەتتى! ... ئەي دەريخا... بالا مېھرىنى ئاتا كۆڭلىگە شۇنچىمۇ تېرەن سالغان بارمۇ؟ راست، ئاتا ھامان ئەرلىك غۇرۇرىدىن نومۇس قىلىپ چاندۇرمىغىنى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىچىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن... چۈنكى

ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتىنىڭ تومۇرىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ... يۈرىكىگە هايات بەخش ئەتكەن ئاشۇ قان ئاتىنىڭ ـ دە!... مانا تۇغلۇق ماڭماقچى بولۇۋېدى، تەرەپىا ئومايمۇ پەيدا بولدى. جاپاسىنى تولا تارتىپ، هالاۋەت كۆرمىگەن قەدىنىسى دانەم: «بولدى، دادىسى، يىغلىماڭلار...» دەپ ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتىدۇ ... ئۇلار تۇغلۇقنى ئۇزىتىپ قويغىلى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئەمرۇللا بوۋاي توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى بېلىدىكى پۇتىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ ئۇلگۇرتەلمىدى.

— دادا، ئاشنى دەم يانتۇزۇپ قويدۇم، — تۇغلۇق قايرىلىپ دادىسىغا تىكىلىپلا قالدى، — ۋۇي، يىغلاپسەنغۇ؟

— نەدىكىنى بالام، ئوچىقىڭدىن ئىس يېنىپ...

— ئىس يانىغانغا يەرلەر لاي بولغۇدەك ياش ئاقامدۇ؟— تۇغلۇق قولىياغلىقىدا دادىسىنىڭ كۆزلىرىنى، ساقاللىرىنى سۈرتتى، — دادا، سەن بۇنچىۋالا بىئارام بولساڭ مەن بارماي، كۆمۈرۈمنى سېتىۋېرەي، — تۇغلۇقمۇ يىغلاپ سالدى، — نەئىمەنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن.

— پوق يېمە، بىر قىزنىڭ بۇنچىلىك غەيرەتكە كېلىشى ئاسانمۇ، — بوۋاينىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سېنىڭ ئىشقى ـ سەۋدايىڭنى سېلىپ قويغان. ئۇ، مەن ئارزۇ قىلىپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى قىلماقچى! پەقەت ئاش ـ تامىقىمنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭلا بولىدۇ.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، مۇنۇر بىلەن پىدا ئۇچ ۋاخ تامىقىڭنى ئۆكسۈتمەي ئەكېلىپ بېرىدۇ، — تۇغلۇق دادىسىنىڭ ساقىلىنى بارماقلىرىدا تارىدى، — ئايازكام، خالئاي هەدەممۇ سېنى يوقلاپ تۇرماقچى.

— بارغىن بالام، بارغىن، ئۇچ ئاي دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تۇغلۇق «لىگزى»[1] دە چاي قاينىتىپ، دەملەپ قويغاندىن كېيىن باغدىكى سۇپىغا كىگىز سالدى. ئاندىن شىرەنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قويدى. ئۇ شىرەگە داستىخان سېلىپ تۇرۇشىغا مۇنۇر بىلەن پىدا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بوۋاي بىلەن سالامىلىشىۋاتقاندا تۇغلۇق چۆگۈندە سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى. مۇنۇر، پىدالار قوللىرىنى يۇيۇشۇپ باغقا كىرىپ كېتىشتى. بوۋاي ياش بالىلار بىلەن ئولتۇرغۇسى كەلمىدى بولغاي، ئۇنىڭغا كاۋا باراڭ تېگىدىكى سۇپىغىلا داستىخان سېلىپ ئاش ئۇسۇپ بەردى. تۇغلۇق گۆش بېسىلغان بىر لېگەن پولۇنى باغقا ئېلىپ مېڭىشى بىلەن زىكرى كىرىپ قالدى.

— كەل، كەل، زىكرى بالام، خۇيمۇ ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭ، — بوۋايىنىڭ خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن بىلىنەندى، — بالام، تۇغلۇق، لېگەننى ئەمدى ئىككى قىل، قازىنىڭدا ئېشىڭ بولغاندىن كېيىن...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمرۇل دادا، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟ — زىكرى بولسا بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا تۇغلۇققا قارىدى، — مېنى ئىزدەپ بېرىپتىكەنسەن. يۇقارقى مەھەللىدىكى ئىسمىن قاسساپتا تېرە بار ئىكەن دەپ كېتىپ قالغان. خوتۇنۇمدىن ئاڭلاپلا كېلىشىم...

— يۈر، باغقا كىرەيلى. مۇنۇر، پىدالار كېلىپ بولدى، — تۇغلۇق بىلەن زىكرى ئىككى لېگەن پولۇنى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىپ كەتتى.

پولۇ يېيىلىپ داستىخان بىرقۇر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن دوستلار قىزىق دەملەنگەن چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى. تۇغلۇق ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپ، شوپۇرلۇقتا ئۈچ ئاي ئوقۇيدىغانلىقى، دادىسىنىڭ يالغۇز قېلىۋاتقانلىقى، شۇنداقتىمۇ

[1] لىگزى — سېغىز لاي بىلەن نەقىشلەپ خۇددى ساماۋەردەك ئىنتايىن نەپىس ياسالغان ئوچاق. ئۇنى ئاق ھاكتا ھەم كۆك سىنكىدا بويايدۇ. يۆتكەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئـۇنـىـڭ تۇرمۇشىدىن، ئاش ـ تاماق، كىر ـ قات، يىراق ـ يېقـىـنـنـىـڭ ھـۆددىسىدىن مۇنۇر بىلەن پىدا چىقىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى دېگەندە، زىكرىنىڭ ئورا كۆزلىرى غەلىتىلا ئالىيىپ تۇنجۇقۇپ كەتتى.

— مۇنۇر، پىدا، مەن سىلەرگە ئۆتكەندىلا دەپ بولغان، — دېدى تۇغلۇق ئىككى دوستىغا، — ئاتنى، هارۋىنى، كەپتەرلەرنى خېرىدارى كېلىپ قالسا غاچچىدىلا سېتىۋېتىڭلار، دادام پۇلسىز قالمىسۇن، ئۆيدىكى پۇلنى مەن ئېلىپ ماڭىمەن...

— ئات، هارۋىغا مۇشۇ كەتتىمىزدىلا خېرىدار بار، — دېدى مـۇنـۇر چـېيىنى ئوتلاپ قويۇپ، — سېتىپ، سەن دېگەندەك بوۋاينىڭ ئاش ـ تامىقىغا يەتكۈدەك ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى قولىغا بېرىمەن.

— كـەپتەرلىرىڭمۇ تارسۇدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، — پىدا ئىشەنچلىك كۈلۈپ قويدى، — مۇشۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى دەرا كەپتەرۋاز ئۆيۈمگە نەچچە قېتىم كېلىپ بولدى.

— زىكرى ئاغىنە، — تۇغلۇق زىكرىنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى، — بۇ چاغقىچە دادامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلدىڭ، مەن سەندىن رازى. داداممۇ گېپىڭنى تولا قىلىدۇ.

— بەخـۇدۇك مـېڭىۋەر، — زىكرىنىڭ قورساق كۆپۈكى بـاردەك قـىلاتتى، — باشقىلارغا ئوخشاش جان ئاغىنىلىرىڭدىن بولمىسامۇ، ئەمرۇل دادامدىن ئۆزۈم بىر قوللۇق خەۋەر ئالىمەن ... كېچىلىرى ھەمراھ بولۇپ مەشەدە ياتىمەن.

— زىكرى، مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىللە ئويناپ، بىللە چوڭ بولدۇق، — دېدى تۇغلۇق يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — بۇ يەردە جـان ئـاغـىـنـە، جا ئاغىنە دەيدىغان گەپ يوق. پەقەت بەزى قاملاشمىغان ئىللەتلىرىڭدىن بەزىدە ئاغرىنىپ قالىمىز.

— ھەي، زىـكرى، بايـقى گېپىڭ قاملاشمىدى جۇمۇ! — مۇنۇر سەل چېچىلىپ قالدى، — تۇغلۇق ساڭا قانات يېپىۋاتامدۇ

ياكى بىزدەك جان ئاغىنىلىرىگىمۇ؟ گېپىم بار دەپلا قىلىدىكەنسەن.

— ئەمدى، ئەمدى...، — زىكرى قىزىرىپ كەتتى، — ھەممىسى چاقچاق ئاغىنىلەر.

زىكرىنىڭ سىبىق گەپ قىلىپ ئالىيىپ ئولتۇرۇشىدىكى سەۋەب دوستلارغا ئايان بولغاچقا، تۇغلۇق بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئات، ھارۋا، كەپتەرلىرىنى سېتىشنى مۇنۇر بىلەن پىداغا تاپشۇرغانىدى. ئۇلار دىيانەتلىك باللار بولۇپ، بىراۋنىڭ ھەققىگە، ھارامغا قول سوزىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە خىيانەت قىلىشنى ئەسلا راۋا كۆرمەيتتى. تۇغلۇق ئۇلارنىڭ ساپ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ قېتىمقى ئات ـ ھارۋا، كەپتەرلەرنى شۇلارغا ھاۋالە قىلىشنى زىكرى خۇددى «مۇدىكى بارنىڭ خۇدىكى بار» دېگەندەك «تۇغلۇق ماڭا ئىشەنمىدى» دەپ بىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇنچە پۇللۇق نەرسىلەرنىڭ مۇنۇر بىلەن پىدانىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكىنىدىن ئىچى تارتىلدى. شۇڭا ئۇ: «باشقىلارغا ئوخشاش جان ئاغىنىلىرىڭدىن بولمىسامىمۇ» دەپ قورساق كۆپۈكىنى چىقارغانىدى.

— تۇغلۇق، — دېدى زىكرى بېشىنى كۆتۈرمەيلا، — مەن ئەمرۇل دادامدىن خەۋەر ئېلىپ مۇشۇ قورۇدا ياتاي دەيمەن، قانداق دەيسەن؟

— سېنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلەتتىم، ئاداش، ئۇنداق قىلساق خوتۇنۇڭنىڭ پىكرى چىقارمىكىن...، — ھەممىسى كۈلۈۋېتىشتى.

— قارا، زىكرى، — مۇنۇر زىكرىنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇپ قويدى، — بىز ئۇچىمىز نۆۋەتلىشىپ ياتايلى. سەن ئۆيلەنگاندەك ياشىنىپ قالغان ئادەم يالغۇز ـ يېرىم يېتىپ قالسا ياخشى ئەمەس.

— تۇغلۇق ئاداش، — مۇنۇر ئېغىر تىنىپ

قويدى، — ئۆگۈنلۈككە ماڭىمەن دەۋاتىسەن، سائەت نەچچىلەردە مەشەدىن قوزغىلىسەن؟ دېمەكچى بولغىنىم ھەممىمىز سېنى ئۆزىتىپ قويمىساق سەت تۇرار؟
— بۇنى ئەسلى دېمىسەم بولاتتى، — تۇغلۇق ھەممىسىگە تەكشى قارىدى، — ئەمدى سىلەر قىيامەتلىك ئاغىنىلىرىم، شۇڭا سىلەردىن يوشۇرسام بولماس. مەن ئۆگۈنلۈككە كېچە سائەت بىردە مەشەدىن پىيادە ماڭسام سائەت ئۈچلەر بىلەن چىلانلىققا يېتىپ بارىمەن. ئاپازكام نەئىمەنى سائەت ئۈچتىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە داچىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپ قويماقچى...
— سىلەر ئېرەن دەريا ئورمانلىقى ئىچىدىن مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىسىلەركەن ـ دە؟ — پىدا ئويلىنىپ قالدى، — ئۇنداقتا شەھەرگە كۈن چىقىپ كۆتۈرۈلگەندە كىرىپ بارىسىلەر.
— تۇغلۇق، قارا، تارسۇدىن چىلانلىققىچە، چىلانلىقتىن شەھەرگىچە پىيادە ماڭسا چىدىيالماي قالىسەن، — دېدى مۇنۇر، — شۇڭا سېنى چىلانلىققىچە ۋېلىسىپىتتە ئاپىرىپ قوياي، قانداق دەيسەن؟
— بەك ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالارسەنمىكىن؟
— ھەي، ئاغىنىلەر، كېچىسى مېڭىپ نېمە كەپتۇ، بۇ قىز ئەپقاچىدىغان ئىش بولمىسا، — دېدى زىكرى سەل ھەيران بولۇپ، — ماشىنا قاتنىغاندىراق ماڭسىمۇ بولىدىغۇ!
— زىكرى، ئۆتكەنكى ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقتەك گەپ قىلىسەنغۇ، — مۇنۇر زىكرىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، — ئەگەر بۇ قېتىم نازىر بىلىپلا قالسا ئۆتكەنكى لوكچەكلەرگە پۇل خەجلەپ ئورغۇزۇش ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭىنى قىلىدۇ، دەپ ئەنسىرەۋاتقان گەپ.
— ئۆتكەندىمۇ تۇغلۇق قىل ـ قىل قالمىدىمۇ، — پىدامۇ سۆز قىستۇردى، — ئەگەر خالىئاي ھەدىمىز بولمىغان بولسا

تۇغلۇق يوقتى...

— بۇ... بۇنداق تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى زىكرى، — ئۇنداق بولسا، مۇنۇر سېنىڭ ۋېلىسىپىتىڭ كونىراق ھەم ئېغىر، شۇڭا مېنىڭ ۋېلىسىپىتىم يېنىك، شۇنى ئىشلەت.

— مۇنۇر، زىكرى راست دەيدۇ، — پىدا بېشىنى لىڭشىتتى، — مەن ئۇ ۋېلىسىپىتنى ئىشلىتىپ باققان، بەك يېنىك.

— ئاغىنىلەر، ئوتتۇرا كېچىدە سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىچە، — دېدى تۇغلۇق، — ۋېلىسىپىتكە سومكىلىرىمنى ئارتىپ ئۆزۈملا كەتسەم بولىدىغۇ، ۋېلىسىپىتنى ئايازكام ئۆزى ئەكېلىپ بېرىدۇ.

— توغرا، بۇمۇ بولىدىغان گەپ، — پىدا دەرھال قېتىلدى، — تارسۇدىن چىلانلىققىچە بىر ئادەمنى ۋېلىسىپىتتە ئاپىرىش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغلۇقنى دەڭلا...، — ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

مۇنۇر، پىدا، زىكرىلەر ئۆگۈنلۈككە كېچە سائەت ئىككىلەردە كېلىپ تۇغلۇقنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ تارقىلىپ كېتىشتى. ئەمما گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك بىر خىل بىئارامچىلىق ئىچىدە قالغان زىكرى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاراق خۇمارى تۇتۇپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا قالغان بوتۇلكىلارنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ تاپتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تامغان بىرنەچچە تامچە «زەمزەم» تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئويغىنىپ كەتكەن ئورۇق خوتۇنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغانىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن زىكرى ئاستىلا ئورۇنغا كىرىۋالدى. لېكىن بۇ كېچە زىكرىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇيان ئۆرىلە، بۇيان ئۆرىلە، زادىلا ئۇخلالمىدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا تاماكا ئوراپ چېكىپ، تەخسىدىكى تاماكا قالدۇقىمۇ دۆۋىلىنىپ كەتتى.

يىغىناغۇچتەك رەزگى خوتۇن يوتقاندىن تۇرغانچە:
— نېمانداق چۈچۈك بولۇپ قالغان بالىدەك قىمشىپ ياتالمايسىز، سوپۇن سۈيىدە ھەمەل قىلىپ قويايمۇ ـ يە، — دەپ گەپىنىڭ سىپسىقىنى چىقاردى. زىكرى خوتۇنىنىڭ سوغۇلۇپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئەمچىكىگە ھومايغىنىچە: «كۆزۈڭگە ئۇخلا، تولا كاسىلدىماي» دەپ غودۇڭشىپ قويدى. دېمىسىمۇ زىكرىنى ئۇخلاتماي بىئارام قىلىۋاتقىنى: «ئات ئىككى مىڭ، ھارۋا بىر مىڭ بەش يۈز، كەپتەرلەر بىر مىڭ...» دېگەندەك ھېساب ئىدى. بۇ، زىكرى ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ـ دە! ئەمرۇللا قېرىنىڭ بىر كۆنلۈك تاماق راسخوتى قانچىلىك بىر نېمىتى؟ ناھايىتى بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇقراق ئېتىپ ئاپىرىپ بەرسە ياكى چاقىرىپ قويسىمۇ بولىدىغۇ. خەپ، تۇغلۇق! سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم. داداڭنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتىنى قالاپ مەدىكارچىلىقنى قىلىۋاتقان زادى كىم؟ سەنزە «زىكرىگە بەرسەم ھاراق ئىچىپ تۈگىتىدۇ» دەپ ئويلاپ قاپسەن ـ دە! بىلدىم، ناھايىتى شۇ كۆكتاتلىقىڭدىن ئالغان ئوتياش، بېغىڭدىن ئەكەلگەن بىرەر سېۋەت يەل ـ يېمىش، كەپتىرىڭدىن بىرنەچچىنى سېتىپ خەجلىگىنىمگە ماڭا كۆڭۈل توختىتالماس بولۇپ كەتتىڭما؟ مۇنۇر يۇمۇق، پىدا كىرپىلەر ساڭا نېمە قىلىپ بەرگەن؟
زىكرى تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە پىچىرلاپ كىملەرنىدۇر قاغاپ، تىللاپ تاڭمۇ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ تاڭ نۇرى غۇۋا چۈشۈۋاتقان دېرىزىگە قارىدى ـ دە، «شۇنچە پۇل ـ ھە!...» دەپ پىچىرلاپ قويدى. لېكىن شۇ ھامان: «تۇردى نازىر بىلىپلا قالسا...»، «لوكچەكلەرگە پۇل خەجلەپ...» دېگەن سۆزلەر قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىنىش بىلەن تۇردى نازىر بىرنەچچە كاللەك پۇلنى زىكرىگە سۇنۇۋاتقاندەك ھەم: «سانىۋال، نەق پالانچى مىڭ...» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا يوتقاندىن دىككىدە تۇرۇپ ئولتۇردى. ئاندىن مۇشتۇمىنى

تۇگدى… ھەم بىلىدەر ـ بىلىنمەس «بەش مىڭ» دەپ پىچىرلىدى … ئۇ چاغدا شايى دېگەن بەدرەكنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئۆيگە نەچچە يەشىك پىچەت هاراق ئەكىرىپ قويىماي… ئەمما ئەنە شۇنداق ئىسامەت بىلەن بىللە تۇغۇلۇقنىڭ قانغا مىلىنىپ بىهۇش ياتقان هالىتى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن دىلغۇل بولۇپ ئويلىنىپ قالاتتى… بۇ ئىككىلىنىش تاڭ قاراڭغۇلۇقى سۈزۈلگىچە داۋاملىشىپ، تاڭ ئاتقان هامان ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ تۇرغان ئارىسالدىلىق كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلدى…

## 21

ئەغزەم تۆرىنىڭ ئالتۇن كانى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، كان ئۆڭكۈرىدە ئون يەتتە ئادەم سولىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياردار ھەم ئېغىر ياردارلاردىن ئون ئۈچ ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالغان بولسىمۇ دوختۇرخانىدا تۆت ئادەم ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ كاننىڭ نورمال بولمىغان مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئېچىلغانلىقى، كان بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ كان ئىشلىرى قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ياكى ئۆلچەمگە يەتمەيدىغانلىقى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يايلاقلارنىڭ بۇزۇلۇشى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى قاتارلىق ئەرز ھەم ئىنكاسلار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا تۇردى ھەسەن دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. خۇددى قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك، تېخى يېرىم سائەت ئىلگىرىلا ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بىرمۇنچە سوئال ـ سوراقنى ياغدۇرۇۋېتىپ، ئۇمۇ ئاز كەلگەندەك بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن: «بۇنىڭدىكى سوئاللارغا ئەستايىدىل جاۋاب يېزىڭ، بىز

سىزنى يەنە ئىزدەيمىز» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى خالئاي بىلەن نەئىمە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. (ئەلۋەتتە يول تەييارلىقى) ئاياز بولسا توك پۇلى، سۇ پۇلى، ئەخلەت پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېتىپ قالغانىدى. پەقەت ئايەتبۇلا ئاشخانىدا پۇسۇرلاپ يۈرەتتى. ئەگەر خالئاي، نەئىمە، ئايازلار ئەدلىيەنىڭ قاسقان شەپكىلىكلىرىنى كۆرگەن بولسا ئېشىكى تۆت چىشلىق بولۇپ، كېپىش ـ تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئاتقان بولاردى.
«يامانغا يولۇقساق يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساق قارىسى يۇقار»، دېگەن گەپ خويمۇ جايىدا دېيىلگەن گەپكەن. ئەغزەم تۆرە دېگەن دوك تۇتۇلغاندىن كېيىن نازىرنى ئورنىغا ئىتتىرىپ، ھەممە توقىناق بالانى شۇنىڭغا ئارتىپ قويغىنى نېمىسى؟ بولمىسا ماۋۇ لەنتىي قەغەزگە: «تاغدىكى قويلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈڭ...»، «ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق ئالتۇن دۈكىنىنى سىزگە نېمە سەۋەبتىن ئېچىپ بەرمەكچى بولغان ...»، «كۆكتاش يايلىقىنىڭ قوغدىلىش رايونلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن كان ئېچىشقا رۇخسەت قىلغان؟ بۇنىڭدىن قانداق ھەم قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشتىڭىز؟...»، «كان ئېچىشتا مەركەزنى قانداق ئالداپ رۇخسەت ئالدىڭىز؟...» دېگەندەك ئادەمنى ئۈتتۇرلا ھەپسىگە سۆرەيدىغان گەپلەر يېزىلارمىدى! ... بۇ كۆرۈمسىز دوكنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىغىلى بولماسمۇ! «مەسىلىسى ئېنىقلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى كۆرۈشتۇرۇشكە بولمايدۇ...» دەپ ھېلىقى قاسقان شەپكىلىكلەر دېگەن تۇرسا. ئەممازە قانچىلىك بىرنېمە كەتسە مەيلىدى... لېكىن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ تىتاڭ تومۇرى بوش، قايسىسىنىڭ چىڭ، بىلگىلى بولمايدۇ ـ دە! بۇ ئىشتا قىلدىن قىيىق كەتسە، ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ پالتا ئۇرۇسەن! ھەي ئىست... ھەي ئىست... شۇنچە چوڭ ھەم شۇنچە كۆپ

ئىشلار ئۆز يولى بويىچە تۈگەپ، قۇمغا سىڭگەن تامچىدەك، يەرگە قونغان چاڭدەك ھىد ـ پۇسى چىقمىدى. ھەتتا ھېلىقى «بوتۇلكا يىغقۇچى» بىلەن «چوڭ» ئىشمۇ بوراندىكى تۈتۈندەك يوقاپلا كەتتى. ئەمما ماۋۇ ئىسكەتسىز مەخلۇق، پاسكىنا بورسۇق سېسىق ئوسۇرۇپ جاھاننى بۇلغاپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان! تېخى ئۇنىڭ كۈچۈكى قاۋۇز بەتبەشىرە بولسا نەئىمەنىڭ «تۇز ـ تەمىنى» تېتىشقا ئالدىراپ، بەرگەن تېلېفونلىرىدىكى بېسىملىرىچۇ! ئەتتەڭ! ئاتا ـ بالىنى بىللىلا تۇتۇپ كەتسىچۇ... ئىككى غالجىر ئىتتىن بىر يولىلا قۇتۇلاتتى. لېكىن... ئەمما... بۇمۇ بولمايدىكەن... ئىككىسى ئوڭ ـ تەتۈر قاۋىغىلى تۇرسا، سولاقخانىنىڭ تاش تاملىرىمۇ چىداشلىق بەرمەس ... ئۇ چاغدا ھېلىقى «قاسقانلىق» لار: «ئۇزۈك قېنى؟ ماشىنىنى چىقار! ... چەكنى تاپ...» دېگىلى تۇرسا... ئاچچىق ئۇچەينى سىيرىغاندەك ھەممىنى بىر يولىلا قۇستۇرىدۇ... ئەگەر دېمىسەڭ: «پوزىتسىيەڭ ناچار، تەقدىرىڭنى ئويلا، خەتەرلىك يولغا قەدەم ئالدىڭ...» دېگەندەك قورقۇنچلارنى سېلىپ، ئۆلۈمدىن بۇرۇن تىرىك ئۆلۈپ بولىسەن!

تۇردى ھەسەن قورقۇنچ، ئەندىشە ھەم ۋەھىمىلىك خىياللار ئىلكىدە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپلا: «ۋاي، بولدىلا، ئۇلارنىڭ بىلىپ بولغىنى تاغدىكى قويلار ئىكەنغۇ، ئېلىپ كەتسە كەتمەمدۇ، ناھايىتى شۇ يېيىپنىك بولۇپ قالارمەن...» دەپ چوتنى خام سوقۇپ ئۆزىنى ئەللەيلەيتتى. بەزىدە بۇ «ئەللەي» مۇ ئۇنى ئۇخلىتالمايتتى...

تۇردى ھەسەن ئەنە شۇنداق ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۇ، «قاسقانلىق» لارغا تاغدىكى قويلارنى بېرىپ قۇتۇلار! ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي يەنە «پۇراپ»، «تىمىسقىلاپ» كەتسە، ياۋاش، مۆمىن، يىغلاڭغۇ بولۇۋېلىپ قۇتۇلۇپمۇ كېتەر! ئەمما قاۋۇز چوقۇردىن قانداقمۇ قۇتۇلار... «شېخىنى ئېگىپ بېرىش»

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاسان ئەمەس ـ دە! قىزنى شەھەرگە (يەنە كېلىپ خالىيراق يەرگە) ئاپىرىپ «قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى» دەپ تەرەتخانىغا كىرىۋالسا ياكى «كۆڭلۈم ئايىنىۋاتىدۇ» دېيىش ئارقىلىق قىزنى يالغۇز تاشلاپ بىرەر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالسا... ئاندىن ئۇلار قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئەپقاچسا... بۇ... بۇ... ئەجەپ ئاقىلانە ۋەھشىي پىلانكىنە!...

تۇردى ھەسەننىڭ بىردىنلا كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ۋۇي، باياتىن بېرى نېمىشقىمۇ ئېسىگە كەلمىگەن بولغىيتتى؟ خالىئاي بىلەن نەئىمە شەھەرگە كىرىپ كەتسىمۇ، «موزاينىڭ يوگۇرۇشى سامانلىقىچە» دېگەندەك خوتۇن خەقنىڭ بازارغا كىرسە بارىدىغان يېرى ئېنىقلىقغۇ، يەنىلا شۇ كىيىم ـ كېچەك، گىرىم ـ پىرىم دېگەندەك نېمىلەر بار يەرگە كىرىشىدۇ. قاۋۇزنىڭ ئادەملىرى شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشسە بولىدىغۇ...

تۇردى ھەسەن دەرھال يانفونىنىڭ نومۇرلىرىنى بېسىپ، قۇلىقىغا بىردەم تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن بىردىنلا چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى:

— ۋەي، قاۋۇز بايۋەچچىما؟ «ھېلىقى»، ئاپىسى بىلەن ئەتىگەندە شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، ئەمدى شېخىنى ئېگىپ بېرىشمۇ كەتمەس... دەرھاللا تۇتۇش قىلىسىڭىز، بەلكىم...

— ھەي قاپاق باش نازىر بېگىم، — تېلېفوننى يېرىۋەتكۇدەك غەزەپلىك ئاۋاز تۇردى ھەسەننىڭ قۇلىقىنى سىرقىرىتىۋەتتى، — بۇنداق خەۋەر دېگەننى ئەڭ بولمىغاندا بىرەر كۈن ئىلگىرى دەيدىغان گەپ... مەن ھازىر ئادەملىرىمنى قانداق يىغىپ بولالايمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى خالىيراق ھەم ئەپلىك يەرگە ئاپىرىپ بەرسىلە، ئادەم قايىنىغان يەردە ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بېرەيمۇ؟ قانداق دېگەن بىمەسەل ئادەم بۇ...

تۇردى ھەسەن غىققىلا بولۇپ دىمىقىپ قالدى. ئەمدى

خالئايغا يالۋۇرۇپ ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئايازغا ماشىنىنى ھەيدىتىپ شەھەردىكى ساقچى باشلىقى مەخمۇت زىيانىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئەكىرىش كېرەك. ئايەتبۈنى «بىر كۈن دەم ئېلىڭ» دەپ قويسىلا كۆزدىن يىتىدۇ. ئەمدى شۇنداق قىلماي ئامال قالمىدى. تۇردى ھەسەن بۇ ئامالنى دېگەنىدى، قاۋۇزنىڭ ۋەھشىي ئاۋازى بايىقىدىنمۇ بەتتەر ياڭرىدى:

— ھەي نازىر، ئەمدى تولا غىلجىڭلىماي، ئەتە كەچ سائەت ئالتە ئەتراپىدا نەئىمەنى «ئايدىڭساي» ئورمانلىقىغا ئېلىپ كەلسىلە، بولمىسا بەش يۈز مىڭ سومنى ئۆسۈمى بىلەن ئەكەلسىلىمۇ بولىدۇ. ئۆزۈڭ ھەم ماشىنىنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا نەق پۇل ئالىمەن…

تېلېفون ئۈزۈلدى. تۇردى ھەسەننىڭ بېشى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ دەلدۇگۇنۇپ كەتتى. قاۋۇز ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدە تۇرغۇزۇپ قېقىۋەتكەنىدى. «بەگزادە» نىسساننىڭ ماتورىدىن چاتاق چىققاندا رېمونتچى ئۇستام تەكشۈرۈپ: «ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ئىشلەتكەن كونا ماشىنا ئىكەن، ئەڭ مۇھىم زاپچاسلىرىنى يېڭىلىمىسا بولمايدۇ…» دېدى. كېيىن بۇرادەرلىرى بىلەن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا قاۋۇزنىڭ نىسساننى قىرىق مىڭ سومغا تەۋە قىلىپ قىماردا ئۇتتۇۋېلىپ، رېمونت قىلىش ھەم سىرلاپ زىننەتلەشكە بەش مىڭ سوم خەجلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالغانىدى. مانا ئەمدى بىر كونا ماشىنىغا بىر يۈز سەكسەن مىڭ سوم تۆلىمىسە قاۋۇزدىن قۇتۇلالمايتتى. تۇردى ھەسەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان زەنجىرلەردە باغلىنىپ قالغان مۈشۈك پەيتتە دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى، بىردەم توختاپ، يەنە ئۇرۇلدى.

— ئايەتبۇ، ھاي ئايەتبۇ، دەرۋازىنى بىر كىم ئۇرىدىغۇ، كىمدۇ ئۇ؟

— مانا مەن، — ئايەتبۇ پەلەمپەيلەردىن تاكاسلاپ چۈشۈپ

دەرۋازىنىڭ كىلىتاڭنى ئېچىپلا ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، چىرايى سېرىق، ئورا كۆز، ياڭاق سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ، قوۋۇزلىرى چۆككەن، ئەتتىكەنلىشىپ كەتكەن بويۇن تېرىلىرىدە كۆپكۆك داغلار پۇلتىيىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى بىر كەپكە شەپكىلىك ئادەم تۇراتتى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— كەنت... كەنت ئاقساقىلى نازىرغا بىر گەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى، دەپ قويۇپلا چىقسام بولىدۇ.

— ماڭا دېسىڭىز بولمامدۇ؟

— كەنت ئاقساقىلى «ئۆزىگە دېگىن، بولمىسا يېنىپ كەل» دېگەن.

— ئەمىسە، — نازىرنىڭ سىلكىنىشلىرىدىن قورقۇپ قالغان ئايەتبۇ ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى، — بىردەم توختاڭ، مەن سوراپ باقاي.

ئايەتبۇ كىرىپ كەتتى. ماتاڭچىنىڭ كەكىسىدەك ئېڭىكىنى ئۇچلاپ، بېشىنى گەجگىسىگە پاتتۇرۇپ تۇرغان مېھماننىڭ تۇرقىدىنلا زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى. توغرا، ئۇ دوستىنىڭ ھاياتىنى دوغا تىكىش بەدىلىگە پۇل تاپماقچى بولغان ئاسىي بەندە زىكرى ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى داچىغا كىرەلمەي ئەتراپنى بويۇنداپ يۈرگەن زىكرى ئاخىر «كەنت ئاقساقىلى» ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ تۇردى ھەسەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ يوچۇقلىرىدىن داچا ئىچىگە قاراپ تېنى ئەيمەنگەندەك بولدى ھەم بىر تەرەپتىن «پۇلنى ئالدىمغا قويمىغىچە مەخپىيەتلىكنى دېمەيمەن» دېگەن خىيالغا كەلدى. ئۇ، «بەش مىڭنى تەلەپ قىلسام بولارمۇ؟» دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇشىغا دەرۋازا ئېچىلىپ ئايەتبۇ كۆرۈندى.

— كىرىڭ، نازىر مېھمانخانىدا، مەن سىزگە يول باشلاي.
مېھمانىنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئايەتبۇ بىردىنلا ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. بۇ يىل باھاردا كەنت ئاقساقىلى ئۇنى نازىرغا تونۇشتۇرغانىدى. «ماۋۇ ئادەم بولسا يوچۇنلا تۇرىدۇ. بەلكىم كەنت ئاقساقىلىنىڭ تۇغقىنى بولۇشى مۇمكىن... بۇنى ئايازنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرماقچىمۇ ياكى بۇ ئورا كۆزنىڭ خوتۇنىنى مېنىڭ ئورنىمغا دەسسەتمەكچىمۇ؟» دېگەن ئەنسىزلىك ئايەتبۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. شۇڭا ئۇ زىكرىنى كىرگۈزۈۋېتىپ ئۆزى ئىشىك تۈۋىدە تىڭ - تىڭلىماقچى بولدى. ئايەتبۇ ئىشىكنى چېكىشى بىلەن ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن خىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. زىكرى مېھمانخانىغا قەدەم ئېلىپلا ئاغزى ئوچۇق قالدى. ئۇ، بۇ چاغقىچە بۇنداق ھەيۋەتلىك بېزەلگەن ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانىدى. تۇردى ھەسەنمۇ ئۇنىڭغا سۇرلۇك قاراپ تۇراتتى. زىكرىنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، يۈرىكى دۇپۇلدەپ، پۇت - قوللىرى كالۋالىشىپ كەتتى. تۇردى ھەسەن ئۇنىڭ ئورۇقلىقىغا قاراپ: «نەدىن كەلگەن ياچىۋەك بۇ...» دەپ غىجىنىدىيۇ، لېكىن «ئولتۇر» دەپمۇ قويمىدى.
— كەنت باشلىقىنىڭ نېمىسى بولىسەن؟ ئۇ سەندىن نېمە گەپ ئېيتىپ بەردى؟ — تۇردى ھەسەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى.
— نازىر بېگىم، — زىكرىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — مېنى كەنت باشلىقى ئەۋەتمىدى. مېنىڭ ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى...
— نېمە، سەن تېخى ھالىڭغا باقماي مېنى ئالدىدىڭما؟
— ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىلا، چوقۇم قىزىقىپ قالىدىلا...
— ۋۇي، خېلىلا يوغان سۆزلەيسەنغۇ، قېنى دەپ باقە؟
— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىلىنىڭ ھۆرمەت -

ئىناۋەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش!

— شۇنداقمۇ؟ — تۇردى ھەسەن ئارقىغا قايرىلدى، — قېنى ئولتۇر، مېۋىلەردىن ئال، ئۇسسۇلۇق ئىچەمسەن؟

تۇردى ھەسەن سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىنى توڭلاتقۇدىن ئالدى - دە، ئاغزىنى ۋاكىدە ئېچىپ زىكرىنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە قويۇپ قويدى. تۇردى ھەسەن بۇ «ياچىۋەك» نىڭ جىددىيلەشكەن بەدرەك چىرايىدىن «مۇھىم خەۋەر» ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

— سىلىنىڭ قىزلىرى نەئىمە، تۇغلۇق بىلەن بىرلىشىپ يۈزلىرىنى تۆكمەكچى...

— شۇمىدى دېمەكچى بولغىنىڭ، — تۇردى ھەسەننىڭ چىرايى مىژژىدە تۇرۇلدى، — ئۇ ئىنساپسىزلار ئاللىبۇرۇن يۈزۈمنى تۆكۈپ بولغان.

— بۇ قېتىمقىسى ئوخشىمايدۇ.

— زورۇقمايلا قوي، بەرىبىر ئوخشاش...

— قىزىقمىسىلا مەن چىقاي...، —زىكرى ئورنىدىن تۇردى، — لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلسىلىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىدىلا، مەن ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردە، سائەت نەچچىدە نېمىش قىلىدىغانلىقىغا قەدەر بىلىمەن.

زىكرى ئىشىك تەرەپكە مېڭىشى بىلەنلا تۇردى ھەسەننىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى - دە، ئۇنى توسۇپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئەمىسە دېگىنە، ئۇلار نېمىش قىلماقچى؟

— ئۇنداقتا سودىلىشايلى...

— نېمە؟ — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — قانداق سودىلىشىمىز؟

— مەن بۇ خەۋەرنى جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇن ئاڭلىدىم، تۇغلۇق، نەئىمە ھەم ئۇلارنىڭ دوستلىرى

مېنى تۇتۇۋالغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا مانى بېرىدىلا، — زىكرى بەش بارمىقىنى چىقاردى.

— نېمە، ئەللىك سوم؟ — تۇردى ھەسەن قەستەن خۇپسەنلىك قىلدى، — ھە، بېشىڭنى چايقايسەنغۇ، بەش يۈز دېمەكچىمۇ سەن؟

— ئا! ··· نازىر بېگىم نامىشەرىپىلىرىگە لايىق گەپ قىلسىلا، — زىكرى بېشىنى چايقىدى، — بەش يۈز سوم ئۈچۈن جېنىمنى دوغا تىكمەيمەن.

— ئەمىسە؟

— بەش مىڭنى بېرىدىلا···

— بەش مىڭ؟ ! — تۇردى ھەسەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سەن مېنى قاقتى ـ سوقتى قىلماقچىمۇ، قانۇندىن قورقمامسەن؟

— سىلىمۇ قانۇندىن قورقماي تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدىلىغۇ! ياكى قانۇن دېگەن دېھقاننى بوزەك قىلىش ئۈچۈنلا چىقىرىلغانمۇ؟

— ھىم···، — تۇردى ھەسەن زىكرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يەۋەتكۈدەك قارىدى. قارىغاندا بۇ «ياچىۋەك» بوش نەرسىدەك قىلمايتتى. ئەمما ئۇنى بىر تېپىك بىلەن چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخپىيەتلىك بەلكىم تۇردى ھەسەننى كۆزگە كۆرۈنمەس ئىسكەنجىدىن ئازاد قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇ «مەخپىيەتلىك»نى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغىنىدىن بىردەمدىلا مۇلايىم تۇسكە كىردى.

— قارا، ئىنى، سەنمۇ بەش مىڭ دەپ تۇرما··· ئىككى مىڭ سوم بېرەي.

— سىلى نېمانداق گىرى ئادەم، بۇ ئۇنداق ـ مۇنداق خەۋەرلەردىن ئەمەس··· ئاڭلىغاندىن كېيىن بىلىدىلا، تۈزۈك گەپ قىلسىلا.

— بوپتۇ، ئىككى مىڭ بەش يۈز بولسۇن.

— يۈھ... ھوي، مەن سىلىدەك تاشپۈرچاق باينى كۆرمىگەن، — زىكرىنىڭ ئورا كۆزلىرى پىلدىرلاپ كەتتى، — بوپتۇ، ئۈچ مىڭ بەرسىلە.

— ئۈچ مىڭ؟! — تۇردى ھەسەن قەستەن مۇلايىم بولۇۋالدى، — لېكىن ئۆيدە نەق پۇل ساقلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھازىرچە ئىشكاپتا بارى تۆت يۈز سومنى ئېلىپ تۇر، قالغىنىنى ئەته بانكىدىن ئېلىپ بېرىمەن، بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ئامال يوق.

— ھازىر تېخى ئەتىگەنغۇ. بانكىغا بارساقلا بولمىدىمۇ؟

— ئايالىم بىلەن قىزىم شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، بۈگۈن كەچكىچە كېلەلىسە چوڭ گەپ، — دېدى تۇردى ھەسەن ئاۋازىغا سەمىمىيلىك تۈس بېرىپ، — پۇل چېكى سېلىنغان چامادانىنىڭ ئاچقۇچى ئايالىمدا ئىدى.

زىكرى ئويلىنىپ قالدى. ئۇ تۇردى ھەسەننىڭ دېگىنىگە كۆنمىسە زىيان تارتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئەته تاڭ ئاتسىلا ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنىڭ ئون تىيىنلىق قىممىتى قالمايتتى. زىكرىنىڭ بوشاپ قېلىشىدىن، ئەكەلگەن خەۋىرىنىڭ ۋاقىت خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان تۇردى ھەسەن تۆت يۈز سومنى شىرەگە تاشلاپ قويدى.

— قېنى دېمەمسەن؟

— دېسەممۇ دەي، لېكىن قالغان پۇلنى قاچان بېرىسىز؟

— ھەم، — تۇردى ھەسەن قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ ئاندىن بىرنېمە دېمەكچى بولدى، — ئاۋۋال ئەكەلگەن خەۋىرىڭنى دېگىن، قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بولۇپ بىرنېمە دېمىسەم بولماس.

زىكرى بىرھازا جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل دېلىغوللۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، تۇغلۇق، نەئىمەلەرنىڭ قاچان، سائەت نەچچىدە، قەيەرلەر بىلەن نەگە

قاچماقچى ئىكەنلىكىنى دەۋەتتى. تۇردى ھەسەننى بىردىنلا ھاياجان شادلىقى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، يۈرىكى شادلىقتىن تېپچەكلەپ كەتتى... «پاھ! تەلەي ئوڭغا تارتسا، ئىشتان قوڭغا تارتمدۇ» دېگەن شۇ ـ دە! ئىككىسى يوشۇرۇن قاچقانىكەن، ئۇلار ئاخىرىغىچە يوشۇرۇن بولۇپ يوقىلىپ كەتكىنى تۇزۇك... ئۇ ۋاقىتىدا خالىغاي، ئايازلار بېشىنى چىشلىسە قاتتىق، كۆتىنى چىشلىسە سېسىق، ئۆز مېيىدا ئۆزى قورۇلىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ پېيىدە ئۆزلىرى ئېسىلىدىكەن ئەمەسمۇ! تېخى قاچىدىغان يوللىرى ئېرەن دەريا بويلىرى، پىنھان ئورمان، ئادەمسىز يوللار!... ھىم، كۆمۈرچى زەڭگى، مۇئەللىملىك دەپ بەرگەن تراگېدىيىنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىيسەن!»

تۇردى ھەسەن قاۋۇز بىلەن بىرلىشىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ بولغانىدى. «ئىش» پاكىزە توگىگەندىن كېيىن شالتاقنى ئۇزۇل ـ كېسىل تازىلاش ئۇچۇن قاۋۇزنىڭ قايچىسى بىلەن زىكرىدەك سۆرۈلۈپ قالغان يىپنى قىرقىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى... بولمىسا ھەر ئىككىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتى. شۇڭا زىكرىغا دان تاشلاپ، ئۆزى چۈشىدىغان ئورنىنىڭ قېشىغا ئەكېلىش كېرەك ئىدى.

— بۇ خەۋەرنى خوتۇن ـ باللىرىڭغا دېدىڭمۇ يوق؟

— نېمە دەۋاتىدىلا نازىر، مەن قاغا مېڭىسى يەۋالغان ساراڭ بولمىسام...

— ياخشى، ياخشى... مېنىڭ ئەنسىرىگىنىم، بۇ يەرگە كېلىدىغىنىڭنى بىرەرسىگە دەپ سالغان بولساڭ. كېيىنچە سېنى تۇتۇپ بەرمىسۇن دەيمىنا... ئۇ چاغدا ھەممىمىز توگىشىمىز دېگىنە.

— قالغان پۇلنىڭ گېپىنى قىلىڭا، قاچان بېرىسىز؟

— مۇنداق بولسۇن، — تۇردى ھەسەن زىكرىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئەتە دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. چۈنكى

شەھەرگە كىرىپ، بانكىدىن پۇلنى ئاچىقىپ بولغۇچە بىر ۋاق بولىدۇ. شۇڭا ئۆگۈنلۈككە كېچە سائەت ئون بىرلەر بىلەن ئېرەن دەريا بويىدا ئۆز قولۇمدىن ئىككى مىڭ ئالتە يۈز سومنى ئالىسەن.
— بەك كېچە بولۇپ كەتكۈدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەريا بويىغا بېرىپ نېمە كەپتۇ؟
— سەن تېخى نادانكەنسەن، قىلمۇاتقانلىرىڭنى ياخشى ئىش دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ — تۇردى ھەسەننىڭ گەپلىرى زەردە بىلەن چىقتى، — باشقىلارنى سېتىش بەدىلىگە پۇل ئېلىۋاتقان ئادەم ئىلاجى بار ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى، باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىقى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پۇل بەرگۈچىمۇ يوشۇرۇن بولغىنى ياخشى. چۈنكى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى خۇدا بىلىدۇ...
— ماقۇل، ماقۇل بولىدۇ...، — زىكرى سالاپەتلىك نازىرنىڭ گېپىگە ئىشەندى. شۇڭا ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە ئاستا كارىدورغا چىقىشى بىلەنلا، ئايەتبۇ ئالدىراپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى... ئۇ قورقىنىدىن دەرھاللا ساپلىقنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ قوللىرى تىترەۋاتقاچقا، ساپلىق قازان قىرىغا بىر خىلدا تاقىلداپ تېگىۋاتاتتى. ئۆتكەندە خالئاي ئېرى بىلەن تاكاللاشقاندا، گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان تۇردى ھەسەن بولسا تۇغلۇقنى قاۋۇزنىڭ لۈكچەكلىرىگە ئۇرغۇزغانلىقىغا ئىقرار بولغانىدى. ئەمدى بايىقى «ئەرۋاھ» كۆتۈرۈپ كەلگەن خەۋەرنى شۇنچە پۇلغا سېتىۋالغان تۇردى ھەسەن چوقۇم ئۆتكەنكىدىن يوغان ئىش تەۋرىتىشى تۇرغانلا گەپ. «توۋا، نەئىمەنىڭ نازىرنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكى راستىكەن ـ دە! ئۆگەيلىكىنى كۆنچىلىكى يامان خوتۇنلار قىلىدىغان، ئەجەب بۇ ئادەمنىڭ ئۆگەيلىكى يامانكىنا!...»
ئايەتبۇنىڭ ئەنسىز خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مېھمانخانىدىن تۇردى ھەسەننىڭ كىمگىدۇر ئۇنلۈك قىلىۋاتقان

گېپى ئاڭلاندى. ئايەتبۇ دەرھاللا سامساق ئاقلىغان بولۇپ، ئىنىشىڭ تۇۋىگە پۇتىنىڭ ئۇچىدە باردى ـ دە، ئىشىككە قۇلاق ياقتى:

— ھەي، ھەي قاۋۇز بايۋەچچە، بۇ... تېلېفوندا دەيدىغان گەپ ئەمەس... ماشىنىڭىز بىلەن دەرھاللا كېلىڭ... نېمە، نېمە؟ ئۇلار يوق، بايا سىزگە «شەھەرگە كىرىپ كەتتى» دەپ ئېيتتىمغۇ، ئەمىسە ساقلايمەن...

ئايەتبۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى كالۋالىشىپ ئۆزىگە بويسۇنمايلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالماقچى بولۇپ باقتى، لېكىن مېھمانخانىنىڭ قېشىغا كەلگەندە يەنىلا گاچىلىشىپ، ئاۋازى تىترەپ چىقتى:

— تۇ... تۇ نازىر، چۇش... چۇشكە، نېمە... نېمە تاماق قىلسام بولار؟

ئىشىك غاچچىدە ئېچىلدى ـ دە، تۇردى ھەسەن كارىدورغا چىقتى. ئۇ «نېمە قىلسىڭىز مەيلى» دېگەنچە پەسكە ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان ئايەتبۇ تۇردى ھەسەن كوچىغا چىقىپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ تۇردى. ئاشخانىغا كىرىپ كۆكتاتلارنى ئادالاپ، يۇيۇۋېتىپمۇ قورقۇنچلۇق بىرەر ھادىسە ھېلىلا يۈز بېرىدىغاندەك يۈرىكى تەرتىپسىز سالاتتى: «ئەمدى بۇ ئادەم قاۋۇزدەك يىرتقۇچ بىلەن نېمە مەسلىھەت سالار؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەر؟ ئۇلار نەئىمە خانقىزغا قانداق ئورا كولار؟! ئۆتكەندىغۇ تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى قىللا قالدى. بىراق بۇ قېتىمقىسى ئۆتكەنكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇ، بۇ دېگەن ئۇچ مىڭ سومغا سېتىۋالغان مەخپىي خەۋەر تۇرسا... چوقۇم ئۇلار بىرەر چوڭ ۋەقە تۇغدۇرىدۇ...»

ئايەتبۇ گۆش توغراۋېتىپ بارمىقىنى كېسىۋالدى. ھېلىمۇ

ياخشى ئىشكاپتا دورىلىق چاپلىغۇچ بولغاچقا دەرھاللا تېڭىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قويغان - پۈتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. چۆمۈچنى ئالماقچى بولۇپ پىچاقنى، چىنىگە قول ئۇزىتىپ قوشۇقنى ئېلىپ دېگەندەك گاراڭلا بولۇپ قالدى. ئەمما چۈشكە ئاز قالغاندا دەرۋازا ئالدىدىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇردى ھەسەن بىلەن قاۋۇز ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشكەچ ئۇدۇللا باغ تەرەپكە كەتتى - دە، قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تاقەتسىزلەنگەن ئايەتبۇ پەلەمپەي ئۈستىدىن قاراپ باقتى. پەسكە چۈشۈپ باغقا كىرىپ كېتىدىغان چاقچۇقلۇق يولدىن بويۇنداپ كۆردى. لېكىن ئۇلار كۆرۈنمىدى. ئاخىر ئايەتبۇ پېشايۋان سالاسۇنىغا ئاۋايلاپ چىقىپ، قىيما تۈۋرۈكنىڭ ئويما گۈللىرىگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلىۋېدى، تال بوستان ئاستىدىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى گەۋدە غىل - پال كۆرۈندى. ئايەتبۇنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، كۆكتات سېۋىتىنى ئېلىپ كۆكمۈچ ھەم شوخلىلىق ئېتىزلىرىدىن ئۆتۈپ، جاڭدۇ، پۈرچاق تېرىلغان چۆنەكلىككە كىردى. جاڭدۇ، پۈرچاقلار ئېگىز شاخلارغا يامىشىپ كەتكەچكە ئۆرە تۇرغان ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما بۇ چۆنەك تال بوستانغا تۇتاشلا بولۇپ، بىرلا ئېرىق ئايرىپ تۇراتتى. شۇڭا تال بوستان ئاستىدىكى ئادەتتىكى بوش ئاۋازلارمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئايەتبۇ جاڭدۇ، پۈرچاقلارنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى شالدىرلىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىككى قىر ئوتتۇرىسىدىكى نەم ئېرىق ئىچىدە ئۆمىلەپ تال بوستاندىكى شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى سايىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ پۇشۇلداشلىرىدىن ئېغىر تىنىغانلىرىغىچە ئېنىق ئاڭلاندى...

— مېنىڭچە، تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، — دېدى تۇردى ھەسەن پەس ئاۋازدا، — دەريا ئەتراپىغا كۆمۈۋېتىڭلار، باغلاپ دەرياغا

تاشلىغان بىلەن بەرىبىر سۇ جەسەتنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىدىكەن. ئۇ چاغدا...

— بولمايدۇ، ئۇلار يوقاپ كەتكەندىن كېيىن خالىئاي، ئايازلار چوقۇم ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ، — قاۋۇزنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — ئۇ چاغدا ساقچى ئىتلىرى بىردەمدىلا پۇراپ تېپىۋالىدۇ...

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— بىزدە بىر خىل چىرىمەيدىغان قېلىن سۇلياۋ تاغار بار. جەسەتنى تاش بىلەن قوشۇپ ئاغزىنى بوغۇپلا تاشلىۋەتسەك دەريانىڭ تېگىدە مەڭگۈ قالىدۇ...

— لېكىن، بايۋەچچە، نەئىمەنى مەڭگۈ قاچالمايدىغان، يىراق بىر يەردە ساقلاڭ، ھەرگىز قېچىپ كەتمىسۇن!...

— مەن ماڭمىسام بولمايدۇ، — قاۋۇز ئورنىدىن تۇردى، — شەھەردە ئورۇنلاشتۇرىدىغان كۆپ ئىشلار بار.

— بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە يەنە ئۆزىڭىز قاتنىشامسىز؟

— قاتنىشىمەن، — قاۋۇز سەتلا ھىجايدى، — مەن سىزگە دېگەنغۇ، جىددىيلىشىدىغان، قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ئىشلارنى قىلسام جېنىم ياشىرىپ كېتىدۇ دەپ.

— توغرا، توغرا، توغلۇقنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېگىنىڭىز ئېسىمدە...

— يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلارنىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، — قاۋۇز دەرھاللا ئارقىسىغا قايرىلدى، — ھە، راست، ئۇلار كېچە سائەت ئۈچتە يولغا چىقىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، نەق ئۈچتە. داچىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورمان بىلەن ماڭىدۇ.

— تۇ نازىر، ئۇلارنىڭ ئېرەن دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتىن ماڭىدىغىنى ئېنىقمۇ؟ — قاۋۇزنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، — ئەمما خەۋەر ئىشەنچلىك بولماي ئالدىنىپ قالمايلى.

— پىيادىلەر ئەشەدىن ماڭسا ئوق يولغا يېقىن... ئەمما خەۋەردىن خاتىرجەم بولۇڭ، پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك.

— تۇ نازىر، ھېلىقى خەۋەر ساتقان مۇناپىق ئەڭ خەتەرلىك جۇمۇڭ، — قاۋۇزنىڭ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى، — ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى سېتىۋەتكەن يەردە، بىزگە ئاللىقاچانلا ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ پوقتا ئېغىز ئاچمايلى.

— سىز ئۆزىڭىزلا ئۆگۈنلۈككە كېچە سائەت ئون بىرلەردە ئورماندا مېنى ساقلاڭ، — تۇردى ھەسەن كۆزىنى قىستى، — ئۇ مەندىن ئىككى مىڭ ئالتە يۈز سومنى ئالغىلى كېلىدۇ...

— پاھ، پاھ، تۇ نازىر، پىشىپ قاپسىز جۇمۇڭ...

قاۋۇز خوشمۇ دېمەي ئارقىغا قايرىلدى ـ دە، لوڭ ـ لوڭ دەسسىگىنىچە دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىللە ماڭغان تۇردى ھەسەن كوچىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئايەتىۇ چۆنەك ئىچىدىن بەكمۇ تېزلىكتە تۇردى ھەم تال بوستان يېنىدىن يىراقلىشىپ يولغا چىقىۋالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ «ئۇھ» دەپ يېنىك تىن ئالدى...

## 22

بۈگۈن تولىمۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىگە تولغان ئەڭ ئۇزۇن ئايدىڭ كېچە بولدى. زىكرى ئۆيگە كىرمەي، ئاي تۇغقىچە قوتاز يايلىمىدەك قاراڭغۇلۇقتا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈردى... ئاي تۇغقاندىن كېيىن بولسا ئايغا تەلمۈرۈپ، يۇلتۇزلارغا بويۇن قىسىپ، تارسۇنىڭ ئويمان ـ دۆڭ كوچىلىرىنى مەقسەتسىز ئايلاندى. تەرەپ ـ تەرەپتىن قاۋاپ كەلگەن ئىتلارمۇ ئۇنى كۆرۈپلا «ۋاي، ھېلىقى مەستكەن» دېگەندەك قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ كېتىپ قېلىشتى. دېمىسىمۇ ئۇ مۇشۇ ئىتلار

بىلەن مۆگدىشىپ تۇنلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ ئۆتكۈزگەن چاغلىرى كۆپ بولغان... ئۇلار مۇنداقچە ئېيتقاندا كونا ئۇلپەتلەر...

ئاي نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈش بىلەن دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سېنتەبىرنىڭ سوغۇق شامىلى دوللارنى قوروپ، زىكرىنى دۈگىدەيتىپ قويغانىدى. ئۇ ئالقانلىرى بىلەن جەينەكلىرىنى قامالاپ ماڭغاچقا، قوللىرى گىرەلەشكەن هالدا ئالدىغا ئېڭىشىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. زىكرى ئەنە شۇنداق نىشانسىز، قارارسىز ھەم سەۋەبسىز مېڭىپ تارسۇنىڭ ئايلانمىغان كوچا ـ مەھەللىلىرى، ئويمان ـ دۆڭلىرى قالمىدى! دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال بارغانسېرى تەيلىنىپ ئورۇق ھەم نىمجان بىر تەننى بوزەك تاپماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆكسىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى توختاۋسىز مىتىلداپ نېمىدۇر دەپ پىچىرلاۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى... بەزىدە ئۇنلۇك، بەزىدە شىۋىرلاپ كىمگىدۇر بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرەتتى:

... بۇ... بۇ زادىلا قاملاشمىدى! داۋاملىق بېشىنى سىلاپ، قانات يېيىپ كېلىۋاتقان جانجىگەر بىر ئاغىنىسىنى ئەجەب ئەرزان سېتىۋەتتا! ئارانلا تۆت يۈز سوم... تېخى ئىككى ئادەم تۇرسا، توغرا، بىرسى ئىككى يۈز سومدىن بوپتۇ... قالغان پۇلنى ئالغىلى بولامدۇ؟ بولمايدۇ! ئالىمەن دېسە جېنىنى سىلىپ بەرسە بولىدۇ... دەسلەپتە «نازىردەك ئۇلۇغ ئەمەلدارنىڭ لەۋزى تۇرسا» دەپ ئويلاپتۇ. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ چوڭقۇرراق ئويلىساڭ، ھېلىقى «ئۇلۇغ زات» زىكرىگە تۇزاق قۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! زىكرىنى كېچە سائەت ئون بىرلەردە ئېرەن دەريا بويىغا ئەكەلدۈرۈپ نېمە قىلماقچى؟! يىپ ئۇچىنى يوقاتماقچى! ئۇنىڭ دېيىشىچە، زىكرى ئىلاجى بار ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىكى، «باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىقى» لازىمكەن. چۈنكى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى خۇدا بىلىدىكەن. «بۇ خەۋەرنى خوتۇن ـ بالىلىرىڭغا دېدىڭمۇ؟»، «بۇ يەرگە كېلىشىڭنى

بىرەرسىگە دەپ سالغان بولساڭ...» ، «سېنى تۇتۇپ بەرمىسۇن يەنە...» ، «ئۇ چاغدا ھەممىمىز تۇگىشىمىز...» مۇشۇنداق ئۆلۈمدىن بېشارەت بېرىپ تۇرغان سۆزلەرنى ئاڭقىرالماي ئەكسىچە بىر ياۋۇزنى مەدھىيىلەپ، تەلۋىلەردەك ھاڭقىيتىپ تۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان...

ھەيھات! زىكرىدەك پىيەنچۇكنى خۇدا ئۇردى! ئۇنى ۋەيلۇن دوزىخىغا ئىتتىرىۋەتتى. ئەمدى ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقمىقى بەسىمۇشكۇل. ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئويلىغاندا، زىكرى ئىككى مىڭ ئالتە يۈز سومىنىڭ مەرىدىن كېچىپ، ئېرەن دەريا بويىغا بارمىغان ھالەتتىمۇ قاۋۇز بىلەن تۇردى ھەسەننىڭ ياللانما «قوشۇن»لىرى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ، ئىزىنى قەدەممۇقەدەم قىدىرىپ قانداق تۆشۈككە كىرىۋالمىسۇن، ئۇنى بەرىبىر يىغنىشتۇرىدۇ. بولمىسا ئۇلار خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ... ئۇلارنىڭ مىزانى — بىر قازان شورپىنى بۇلغاش ئالدىدا تۇرغان چاشقاننى قانچە بالدۇر يوقاتسا شۇنچە ياخشى ـ دە! ئەمدى زىكرى قانداقمۇ قىلار؟ «ۋاي، بوپتىلا، بەرىبىر بىر ئۆلۈمغۇ؟!» دەپ ئۆزىنى بەزلەپ باققان بىلەنمۇ كىملەردۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغداپ سىقىپ: «قېنى كۆرۈپ باقايلى، بۇنىڭدا قانچىلىك پاسكىنچىلىق ھەم رەزىللىك زەردابلىرى باركىن؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. راست، ئۇنىڭ يۈرىكى — يۈرەك ئەمەسكەن. ۋىجدانسىزلىق، ئاسىيلىق، شەرمەندىلىك، ئىپلاسلىق قان ـ يىرىڭلىرى بىلەن تولغان مۇشتۇمدەك خالتىكەن! ئۇ شۇ ياشلىغىن بوغىچە ئاشۇ قان ـ يىرىڭ بىلەن تولغان ھەمياننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ! تۇغلۇقنىمۇ ئاشۇ ھەميان نابۇت قىلدى...

ئاھ خۇدا، تۇغلۇقنى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ! ئۇنداقتا ئەمرۇللا بوۋاي قانداقمۇ قىلار؟ ئۇ زىكرىنى كەچۈرەرمۇ؟ ياق، ياق! بۇنداق ئاسىي بەندىگە يەر ـ ئاسمان، پۈتۈن كائىناتمۇ لەنەت ئوقۇيدۇ... ئۇنىڭدىن كۆرە، قاۋۇزنىڭ لۈكچەكلىرىنى كۈتۈپ

ئـولـتـۇرسۇنمۇ؟ ئاھ… تەڭرىم، مەندەك بىر ئازغۇن بەندەڭگە شـاپائەت قوللىرىڭنى سوز… قىلـغان تۇۋىلىرىمـنى مەقـبۇل ئـەت! … مـەن دۇنيادا ئەڭ نجىس، دىيانەتسىز بەندەڭمەن… ئۆزۈمنىڭ يېقىن دوستۇمغا تۇزكورلۇق قىلىپ ئۇنى ساتتىم… قىـرىـغـان چـىـغـىـدا ئـەمرۇللا بوۋاينى يېتىملىك، تەنھالىق گىرىيانلىرىدا سەرسان قىلدىم…

زىكرى دەريانىڭ ئەڭ ئېگىز يار ئۈستىدە تۇراتتى. ئاستى بۇلدۇقلاپ تۇرغان قايناملىق بولۇپ، بۇ تىك يار ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم ئومايىنمۇ بۇ دۇنيا ئازابلىرىدىن خالاس تاپقۇزغانىدى! مانا ئەمدى زىكرىمۇ ئاشۇ قايناممدىن ئۆزىگە ئاسايىشلىق تىلەپ تۇرۇپتۇ… بىردىنلا دەريا شاۋقۇنلىرىدىن: «دوستۇڭنى ھازىرلا توس، ئۆلگۈرىسەن!» دېگەندەك بىر سادا كەلدى. زىكرى ئۆز ئۆۋىسىغا ئالدىراۋاتقان ئايغا، يۇلتۇزلار قاپلىغان كۆك ئاسمانغا قارىدى ـ دە، خۇدا مېنى كەچۈر… دېگىنىچە مەھەللىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ تۇغلۇقنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويغان ئەمرۇللا بوۋاي كاۋا باراڭ تېگىدىكى سۇپىدا بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا رۇكۇدا ئولتۇراتتى. ئۇ تۇغلۇق ھەم نەئىمەنىڭ سەپىرىگە ئاقيول، ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق، تۇرمۇشىغا بەخت ـ ئـامـەت، مـۇبارەك تەنلىرىگە ئامانلىق تىلەۋاتاتتى. ئۇچقاندەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەلگەن زىكرى پوتلا ـ مىشىقلىرىنى ئېقىتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، يەرلەرگە يۈزىنى يېقىپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ گۇناھىنى تىلەپ، قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى دەۋەتتى… بوۋاي تــىــزلــىــرىنى قۇچاقلاپ تۇرغان زىكرىنى بىرلا تېپىپ ئارقىغا ئۆرۈۋەتتى ـ دە، ئۇچقاندەك ئات ئېغىلىغا كىرىپ كەتتى… بۇ چاغدا ئىماندىن ئازغان بىر ئەرۋاھ كۆلەڭگىسى دەريا تەرەپكە ھۇۋلاپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى.

ئەمرۇللا بوۋاي كۆك بوز ئاتنى قامچىلاپ يولغا چىققان مۇشۇ پەيتتە خوتۇنى خالئاينىڭ قېشىدا ئوڭدىسىغا ياتقان تۇردى ھەسەن،

جەينەكلىرىگە بېشىنى قويغان پېتى تەشۋىشلىك خىياللار پاتقىقىغا پاتقان ئىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتە قاۋۇزنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىكى جىددىيلىك زادىلا پەسەيمىدى. نۇرغۇنلىغان كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاندەك، «بىغۇبار ئىككى ياشنىڭ قاتىلى»، «مەسئۇد، پەخىرنىسالارنى ئۆلتۈرۈپمۇ قانمىدىڭ-مۇ؟»، «پۈتۈن تېنىڭدىن قان پۇرايدۇ...» دەپ قولىنى شىلتىۋاتقاندەك تېنى شۈركۈنۈپلا يۈردى. خۇددى ئۇنىڭغا-يۇنىغاندەك كەچكە يېقىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەخمۇت زىيا ھويلىغا ئۇسۇپلا كىردى. تۇردى ھەسەن ئۇنى ئۆيگە باشلىۋېدى، زادىلا ئۇنىمىدى.

— مەن مەشەددىنلا قايتاي... ساڭا دېمەكچى بولغان گەپلەرنى تېلېفوندا دېگىلى بولمىغاچقا ماشىنام بىلەن كەلدىم. كۆپ ھاللاردا بۇنداق ئەنزىلەر خاتا ياكى تۆھمەت بولۇپ چىقىدۇ. شۇنداقتىمۇ ساۋاقداشلىق، ئاغىنىدارچىلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن دەپ قويمىسام بولمايدۇ. سېنى ئۇرۇمچىگە يالاپ ئاپىرىش ھەققىدە يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپ بولدى. سەن يىگىرمە نەچچە يىللار ئالدىدىكى بىر قاتىللىق ئەنزىسىگە چېتىلىپ قاپسەن. شۇڭا ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قوي! ئەتە سېنى ئېلىپ كەتكىلى ساقچىلار يېتىپ كېلىدۇ...، — دەپ قويۇپلا مەخمۇت زىيا قانداق تېز كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز كېتىپ قالدى.

خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىغۇ: «ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە دەرھال يېتىپ كېلىڭ» دەپ ئۇقتۇرغانىدى. ئەمدى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇنى تۇتماقچى بولغانلىقى ھېلىقى ئىشمىدۇ- يە؟!...، «يىگىرمە نەچچە يىللار ئالدىدىكى قاتىللىق ئەنزە» دېگەنىكەن، چوقۇم شۇ ... ئۆلگۈر «بوتۇلكا يىغقۇچى» تۇتۇلۇپ قاپتۇ- دە... ئۇنداقتا تۇردى ھەسەننى دارغا ئاسسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! ئەگەر ۋاقتى ئۆتكەن ئەنزە دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە

ياتىدۇ. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى شالىتاقنى قانداق ئادالاشنى بىلمەي تۇرغىنىدا پۇتقا پۇتلىشىپ نەدىن ئارا پەيدا بولدى بۇ بالا ـ قازا! بۇ... بۇ زادى نېمە كۆرگۈلۈك؟ قانداق قاباھەتلىك چۈش! تۇردى ھەسەننى پەخىرنىسا، مەسئۇد، ئومايلارنىڭ قىساسى تۇتۇۋاتامدۇ؟... ھاپىزلارنىڭ:

«ياندۇرۇپ كۆرسىتەر پەلەك ھەر ئەمەلنى كۆزۈڭگە،
غەيرىگە قىلغىنىڭنى قىلغان بولۇرسەن ئۆزۈڭگە.»

دەپ ھۆكمەت ئېيتقانلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە!

تۇردى ھەسەن «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىندى ـ دە، يانغا ئۆرۈلۈپ خالىئايغا ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى. راست، ئۇ شۇنچە يىللار ئەمەل ئېتىغا مىندى، پېشانىسىدە ھوقۇق تاجىسى چاقنىدى! بىرەرىگە كۆڭۈلدە قالغۇدەك بولسىمۇ، ئەقەللىيسى قارىمۇقنىڭ قاسىرىغىدەك ياخشىلىق قىلىپ باقتىمۇ؟ قىلمىدى ئەمەس، قىلدى... ئاشۇ قىلغانىنىڭ بەدىلىگە بەزىلىرى بارمىقىنى ئۇزاتسا، قولىنىڭ بېغىشىدىن ئۈزۈۋالدى... يەنە بەزى ئورۇغاتلار نېپىزىنى بەرسە، «قېلىنىنى كىمگە بەرگەن» دەپ دوق قىلدى. بولمىسا خەلق «مۇشۇ ئىشنى قىلغىنىڭ ئۈچۈن» دەپ يەپ ئاشقۇدەك ھەق بەردى. ھەي... دەرىخا، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ: «پارىخورلارنىڭ كۆڭلىدەك قاپقاراڭغۇ كېچىلەر...»، «پارىخوردىن ئىنساپ تەمە قىلىش ـ لەھەتتىن نۇر تەمە قىلغان بىلەن باراۋەردۇر...» دەپ تەسۋىرلىگىنى تۇردى ھەسەن ھەم ھەسەن تۇردىدەكلەرنىڭ قارا نىيىتىگە ئوقۇغان نەپرەت ـ غەزىپى ئىكەن ـ دە! ... ئۇلار ھۆكۈمەتنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ غاجىسا، ھاجەتمەنلەرنىڭ يانچۇقىنى كولىسا، نامرات ـ يوقسۇل دېمەي تەمە بىلەنلا كۆنلىرى ئۆتسە، تۇۋا، ئۆلمەيدىغان ئادەملەرمىدۇر

ئۆلار؟!

تۇردى ھەسەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئىشنى زادىلا ئۇنتۇيالماي كېلىۋاتىدۇ. ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئۆلگەن قىزى خەلىمەنى گۆلساي قەبرىستانلىقىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلغاندا بىر جۇلدۇر كېيەن دىۋانە ساپايىنى شاراقلىتىپ مۇنداق ھۆكمەت ئېيتقانىدى:

«تاتلىق ـ تاتلىق يېگەنلەر،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك كىيگەنلەر.
ئالتۇن تەختكە چىققانلار،
تۇپراق ئارا ياتمىشدۇر...

*

دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مالىن ئالغانلار.
ئاچ كۆز قۇشتەك بولۇبان،
ئول ھارامغا پاتقانلار...

يائاللا دوست يائاللا،
ھەق دوست ئىللاللا...»

— ئاشۇ دىۋانە قورقماي ھەقىقەتنى جاكارلاپتۇ...، — دەپ پىچىرلىدى تۇردى ھەسەن ئاھ ئۇرۇپ...

ئادەم مەئىشەتكە، دۇنياغا، ئەمەل، ـ مەنسەپكە تويماي ئۆتۈپ كېتىدىكەن... ھەم يېمەي ـ ئىچمەي يىغىدىكەن. ئەمما يىغقان ـ تۇگكەننىڭ ھەممىسى قېلىپ، ئۆزى بۇ دۇنيادىن يالىڭاچ كېتىدىكەن. ئالتۇن تەختكە چىققانلارمۇ، بىر بۇردا نانغا زار

بولغانلارمۇ، غەممازلىق قىلىپ باشقىلارنى ئوتقا ئىتتىرگەنلەرمۇ، ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققانلارمۇ دىۋانە ئېيتقاندەك «تۇپراق ئارا ياتمىشتۇر...» بولىدىكەن... ئەمما بەزىلىرى ئاۋامنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇزۇن يىللار ھۆرمەت - تۆھپىسى ئۇنتۇلمايدىكەن، ئارمىنىنى يەيدىكەن... بەزىلىرى بولسا پانىيدىن - باقىيغا رەھلەت قىلىپ پۇرسەت ئۆتمەي ئۇنتۇلىدىكەن ... تېخى: «ۋۇي بىردەمدىلا يەتتە نەزىرى بولۇپ قالدىما؟» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشىدىكەن... ھەتتا: «ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىتاب كۆيدۈرگەن ھېلىقى توخۇ پوقىنىڭ بالىسى... دادىسى ئىنتايىن ئوت قۇيرۇقى، كۆيدۈرگە، غەمماز بىرنېمىدى...» دېگەندەك ھاقارەت تامغىلىرىنى ئۆز بالىلىرىغا بېسىپ قويۇپ كېتىدىغان ئاتىلارمۇ يوق ئەمەس...

تۇردى ھەسەن مۇشۇلارنى نېمىشقىمۇ بالدۇرراق ئويلاپ يەتمىگەندۇ - ھە؟ «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسى» چوتىنى تاراقلىتىپ، ساقچى ئىدارىسى مىلتىقىنى شاراقلىتىپ كەلگەندىلا ئۆلۈمنى، خۇدانى يادىغا ئالغىنى نېمىسى! ئۇ خۇددى قاساپ پىچىقىنى كانىيىغا تەڭلىگەندىلا ئاچچىق مەرىگەن ئۆچكىدەك بەكمۇ كېچىكىپتۇ. راست، ئۇ ئۆلۈم بۇرنىغا پۇرىغاندىلا جاينامازنى قولىغا ئېلىپ، قىبلە قاياقتا؟» دەپ سوراۋاتىدۇ... بىلسۇن - بىلمىسۇن سۈرە ياسىنىنى ئوقۇۋاتىدۇ... ئۇ بالدۇرراق ئوقۇغان بولسا بولماسمىدى. ياق! ئۇنىڭدىن بۇنى بۇرۇنراق تەلەپ قىلىش خۇددى پاقىنى قونداققا، توخۇنى كۆلگە ئۈز دەپ قىستىغاندەك كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالاتتى... مانا ئەمدى ئالەم ئۆرگىلىپ، پەلەك چۆرگىلىپ ئاخىرى پاتمان - پاتمان پۇشايمانلار ئىلكىدە ئۇيقۇسىنى ئاچتى... ئۇ، ئۇيقۇسىنى ئاچقاندا بولسا بەكمۇ ئۇزاپ كېتىپتۇ... پاھ، ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىلمىكى نېمانچە تولا! پەخىرنىسادىن قۇتۇلالماي، ئېرى بار ئايال خالىئاينى قولغا قوندۇرالماي ئويلاپ تاپقان پەلتىكىسىنى

كۆرۈڭ… چىرايلىق ياش خوتۇننىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، ياش ھەم قاملاشقان مەسئۇدنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا بىر ئەپلىك شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپ ناشايان ئىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئاخىرى پەخرىنىسادىن يىگىندىن يىپنى سۇغارغاندەك شۇنداق ئەپچىل قۇتۇلۇپ كەتتى… بەلكى قۇتۇلۇپلا قالماي خالىئايدىن ئىبارەت شاھقا «شاھ» دېيىش ئۇچۇن داغدام يول ئېچىلدى. سەھرا قىزى ئومايىنىڭمۇ ساددا، سەمىمىي ئاق كۆڭۈل، رايىشلىقىدىن پايدىلىنىپ، شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇردى. ئاندىن ئۇنىمۇ چىشىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر چىرىندىدەك ھېچ ئايانمايلا ئۆلۈم يولىغا كىرگۈزۈپ قويدى…پەخرىنىسا ئۇنىڭ ھالال خوتۇنى ئەلۋەتتە. ئوماي چىن ئەقىدىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىنى باغلىغان بىر ناتىۋان. مەسئۇد بولسا خىزمىتىنى قىلىۋاتقان بىر گۇناھسىز ياش ئىدى! ئۇلار بىلەن ئەبەدىلئەبەد ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولسا كاشكى… يولۋاس ھەرقانچە ۋەھشىي بولسىمۇ ئۆز كۈچۈكلىرىنى يېمەيدۇ… ئەجىبا تۇردى ھەسەننىڭ زوۋۇلىسى دوزاخىنىڭ كۆلىدىن يۇغۇرۇلغانمۇ؟!…

تۇردى ھەسەن يەنە چوڭقۇر «ئۇھ» دېدى ـ دە، ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى ھەم كۆزىنىڭ ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. كۆرگەندىمۇ شۇنچىلىك ئاشكارا كۆردى:

… ئۇچىسى يېلىڭ ـ يوپۇق، پۇتى يالاڭ ئاياغ، تاقىر بېشىغا قىرولار قونغان، ئاپئاق ساقاللىق تۇردى ھەسەن زىمىستان قارا سوغۇقتا دىر ـ دىر تىترەپ، ئۆيمۇئۆي پاناھلىق ئىزدەپ يۈرگۈدەك… قايسىلا بوسۇغىغا بارمىسۇن، ئادەملەر ئۇنى: ‹ئاللاھ دىيانەتسىز كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ…› دېگۈدەك! «ۋۇ… ۋۇ… توڭلاپ ئۆلۈپ قالسامۇ ‹قاچقۇن جىنايەتچى› نى ئىشىكىگە يولاتمايدىكەن…» دەپ نالە قىلغۇدەك تۇردى ھەسەن… قارا، ئۇ ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر

زامانلاردا ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەنلەرمىش...
تۇردى ھەسەن ئېڭەكلىرى كاسىلداپ، پۇتلىرى دىرىلداپ كېتىپ بېرىپ خالتا كۆمۈر سېتىۋاتقان بىر كۆمۈرچى بالىنى كۆرۈپ قاپتۇمىش... ئۇچىسىغا تاشلانمىغان ئەلتىرە جۇۋا كىيىۋالغان بۇ بالا كۆمۈردىن گۈلخان يېقىپ ئولتۇرغاندىمىش...، تۇردى ھەسەن: «بۇ بالىمۇ، ئاللا دىيانەتسىز كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ، دەپ قوغلىۋېتەرمۇ؟» دەپ ئوتقا تەلمۈرۈپ تۇرسا، كۆمۈرچى بالا: «كېلىڭ چوڭ دادا، ئوت ئىسسىنىۋېلىڭ، توڭۇپ كېتىپسىز» دېگۈدەك.
— پاھ، پاھ، ئوت! ... ئوت!! ... قايسىدۇر بىر زات: «گۈل ئۈستىگە كەشتە بېسىپ بەرمە، بەلكى سوغۇق زىمىستاندا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەر...» دەپتىكەن...
— چوڭ دادا، بەكمۇ توڭۇپ كېتىپسىز، ئۇچىڭىزمۇ يېلىڭكەن، بۇ جۇۋامنى پاسكىنا دېمىسىڭىز كىيىۋېلىڭ.
— يوغىسۇ، يوغىسۇ، ھالال ئەمگەكچىنىڭ پېتىمۇ كېسەلگە داۋامىش... پاھ، پاھ، جەننەت سىنىڭ مۇشۇ كورەك جۇۋاڭنىڭ ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ بالام...
— چوڭ دادا، ئۆتكەندە «نازىر دادا» دېسەم ئاچچىقلاپ قالغان ئىدىلە... مانا ئەمدى ئۆزلىرى بالام دەۋاتىدىلا؟
— نېمە؟ — تۇردى ھەسەن ئاپئاق ساقاللىرىنى تۇتاملاپ بىرھازا ھەيرانلىق ئىلكىدە تېڭىرقاپ قالدى، — يوغىسۇ بالام، يوغىسۇ... مەن ئىسمىنى بىلسەم ھەپسىدە ئىكەنمەن... ئاڭلىغانمۇ سەن بالام، «ھەقىقىي تۇرمە ئەلنىڭ غەزىپىدۇر، ھەقىقىي ئەلنىڭ نەپرىتىدۇر...» دەپ! مەن ئەركىن ئىقلىمغا قايتىپ كېلەي دېگەنىدىم. ئەمما بەكمۇ كېچىكىپتىمەن... ئۇلار ئۇزاپ كېتىپتۇ...
شۇ ئەسنادا بىرمۇنچە ساقچىلار ئاپشاركا ئىتلىرىنى باشلاپ كەلدى ـ دە، تۇردى ھەسەننى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

— دادا! ...، — دەپ ۋارقىرىغۇدەك كۆمۈرچى بالا، — مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ تۇغلۇق ئەمەسمۇ... ئومای ئاپام سېنى ساقلاۋاتىدۇ!

يالاڭ ئاياغ ئاپئاق قارنى غارسىلدىتىپ كېتىۋاتقان تۇردى ھەسەن ئارقىغا قايرىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاۋېتىپتۇ.

— بالام، تۇغلۇق! ئاپاڭ ئومايغا دەپ قويغىن، پات ئارىدا ئۇنىڭ قېشىغا بارىمەن... تۇغلۇق! !...

... تۇردى ھەسەن ۋارقىرىغان پېتى ئويغىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن خالئايمۇ ئەندىكىپ تۇردى. ئۇ تۇردى ھەسەننىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغانىدى.

— نېمە بولدىڭىز، قارا باسقان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى خالئاي ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا، — ئەجەبمۇ قورقاتتىڭىز.

— مېنى... مېنى ئوغلۇم، — تۇردى ھەسەن يىغلىۋەتتى، — «دادا» دەپ چاقىردى...

خالئاي ئېرىنىڭ پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويۇپ: «ئىسسىتمىڭىزغۇ يوقىرى ئەمەس» دەپ قويدى ھەم ئىچىدە: «كەچتىن باشلاپ بۇ ئادەم غەلىتىلا بولۇپ قالدا...» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەلۋەتتە ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە روشەن بولغىنىدەك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەخمۇت زىيا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن تۇردى ھەسەن ھاياتىدىكى كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىنساپ تارازىسىدا ئۆلچەپ باقتى. ئۆلچىگەنسېرى ئىزىدىن گۈل ئەمەس، تىكەن ئۈندۈرۈپ ماڭغانلىقىنى، دېنى چېچىلىپ كەتكەن قوناق شېخىدەك ئەھمىيەتسىز ئۆتكەن ھاياتىنى ئايدىڭ كۆردى!

— خالئاي، ئەتە مېنى ساقچىلار ئېلىپ كەتكۈدەك...، — تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى، — بۇ داچا، ئۆيلەر سىزگە قالىدۇ... مېنىڭ سىزدىن ئۆزگە باشقا يېقىن

ئادىمىم يوق. ھەي ئىست! ئىككىمىزنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ كەتكەن بولسىچۇ...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — خالىئاي چۆچۈپ كەتتى، — سىزنى نەگە ئېلىپ كەتكۈدەك؟

— ئۇرۇمچىگە! سىز دېگەن ھېلىقى «بەش كۈن»نى ئۇلارمۇ بىلىۋالغان ئوخشايدۇ...

— ئۇ ئىش راستتىنلا؟...، — خالىئاي ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — بولغان ئىشمىدى؟

— بولدى سورىماڭ، — تۇردى ھەسەن خوتۇنىغا قارىيالمىدى، — سىزنىڭ پەرىزىڭىز توغرا...

خالىئاي يىغلاشنى ياكى غەزەپلىنىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقمىغان ئادەمنىڭ ياش تۆكۈشى خالىئاينى ئېرىتىپ قويغانىدى. ئۇ بايا: «قورسىقىمدىكى بالامنى چۈشۈرۈۋېتىپ مۇشۇ ئادەمنى كۈتەي، قېرىغان چېغىدا تۇرمىدە خارلىنىپ قالمىسۇن» دېگەن ئىرادىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىق - ئاچچىق ياش تۆكۈشى پاراغەتلىك ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزەلمىگەنلىكى، كېلىش ئالدىدا تۇرغان قانۇننىڭ دەھشەتلىك ھەم رەھىمسىز جازاسى ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان خالىئاي ئۇنىڭغا نەپرەتلىك كۆزلىرىنى تىكتى.

— بولدى ئۇخلاڭ،— خالىئاي يەنىلا ئۆزىنى يىللىق قەدىناسىغا تەسەللىي بەردى،— كىم بىلىدۇ، بۇ خەۋەر راستمۇ - يالغانمۇ؟

تۇردى ھەسەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ قول سائىتىگە قارىدى ھەم شۇ ھامان «ئۇلار داچىدىن ئەمدىلا چىقىپ كېتىپتۇ...» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن ئۆتتى. ئۇ، بۈگۈن تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا ئېرەن دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا يۈز بېرىدىغان ۋەقەنى دېمەكچى بولدىيۇ لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى ئۇ،

«كۆمۈرچى بالا» نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا داچىنىڭ خوجايىنى بولۇشىنى ئەسلا خالىمايتتى. چۈش دېگەن مېڭىنىڭ چارچىشىدىن كېلىپ چىققان سىنىخىيىلىك پائالىيەت. بىر كۆمۈرچى قانداقمۇ تۇردى ھەسەندەك بىر نازىرنىڭ ئوغلى بولسۇن!

ئەمدى ئارقىمىزغا ئازراق چېكىنىشكە توغرا كەلدى. زىكرى ئەمرۇللا بوۋاينىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلاۋاتقان، تۇردى ھەسەننىڭ بولسا مەخمۇت زىيانىڭ خەۋىرىدىن كېيىن ئۇيقۇسى قاچقان، مۇشۇنداق ئەنسىز كېچىدە ئاشخانىدا يېتىپ قالغان ئايەتبۇمۇ يەلكىسىنى، ياق، يۈرىكىنى باسقان تۈگمەن تېشىدەك ئېغىر تەشۋىشلەر ئىچىدە قالغانىدى. تۇردى ھەسەن قاۋۇزنى ئۇزىتىپ قويغاندىن تارتىپ ئىچى ـ ئىچىدىن سوغۇق تىترەك ئولۇشۇپ كەتكەن ئايەتبۇ ئوتتۇرا كېچىگىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ قانداق قىلارىنى بىلەلمىدى. ئۇ، ئايازنى تارتىۋالغان خالىئايغا ئېغىز ئېچىپ بىرنېمە دېگۈسى كەلمەيتتى. دەي دېسىمۇ بۇ خوتۇن ئېرى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتسا، نازىر بىلىپ قالامدۇ. بەلكىم قارا كۆڭۈل نازىرمۇ ئۇخلىمىغاندۇ؟ ئەلۋەتتە ھەممە ئىشنى جاي ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزى ھېچنېمىنى بىلمىگەن، ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى ـ دە!

ۋاي خۇدايىم قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەنە چامادان كۆتۈرگەن ئاياز نەئىمەنىڭ قولىدىن تۇتقان ھالدا باغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى... ئۇ يەردە تۇغلۇق ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغاندۇ؟ ئۇلارنى ھازىرلا تۇسۇپ ئەھۋالنى ئېيتسا، نەئىمە نازىرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنداقتا داچىدىن ئايازدىن بۇرۇن مەن ھەيدىلىشىم مۇمكىن... قېرى ئاپام، يېتىم ئوغلۇم ماڭا قاراشلىق تۇرسا!... ۋاي ئىسىت، ئۇلار بەخت ـ ئامەت يولىغا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم يولىغا كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ نەئىمە خانقىزغا يامان بولدى. ئەشۇ قارا چوشقىنىڭ پاسكىنا تاپانلىرى ئاستىدا تۈگۈشۈپ كېتەرمۇ؟ مانا، ئىككى گۇناھسىز ناتىۋاننى يولغا

سىلىپ قويغان ئايازمۇ بىر ۋىلىسسىپىتنى يېتىلەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەنە چىرىغىنى ئۆچۈردى... قانداق قىلارمەن؟...

ئايەتبۇ ئاشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭماقتا ئىدى. ئۇ قوللىرىنى قايرىپ بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ، بىر ئورۇندا چۆرگىلەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان تۇغلۇق، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان نەئىمە پەيدا بولاتتى - دە، بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلەيتتى. ئاخىر ئۇ، پەلەمپەيلەردىن پايپىقى بىلەنلا چۈشۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئايازنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ئايەتبۇ ئىشىكنى چېكىشتىن ئىلگىرى تېرىسىدا تۇرغان سول كۆكسىگە ئالىقىنىنى قويدى. چۈنكى ئۇ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك ئۇرۇۋاتاتتى.

— ئايازكا... ئايازئاكا!...، — ئايەتبۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى، — ئىشىكنى تېز ئېچىڭ... ئادەم... ئادەم ئۆلۈۋاتىدۇ...

ئىشىك ئېچىلىپ ئۇچىسىغا كۆڭلەك يېپىنچاقلىۋالغان ئايازنىڭ كەڭ كۆكرەكلىك تۈكسىز گەۋدىسى بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ قورقۇپ ھەم جالاقلاپ تىترەپ تۇرغان ئايەتبۇنىڭ قولىدىن تارتىپلا ئۆيىگە ئەكىردى. ئەمما ئايەتبۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بىرھازا گەپ قىلالمىدى.

— ئايەتبۇ، بۇ سوغۇق چاينى ئىچىۋېلىڭ، قورقماڭ، — ئاياز ئۇنىڭغا بىر چىنە سوغۇق چاينى ئىچۈرۈۋەتتى، — مەن قېشىڭىزدا، قېنى نېمە ئىش بولدى دەڭا؟

— قا... قاۋۇزنىڭ ئادەملىرى، تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ نە... نەئىمەنى ئەپقاچماقچى، — ئايەتبۇ جەريان سۆزلىمەي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى، — ئېرەن... ئېرەن دەريا... بو... بويىدىكى ئورمانلىقتا...

— سىز... سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ئۇنى... ئۇنى كېيىن، ئاياز ئاكا، ئۇلار... بەلكىم جىق

… جىق ئادەم! سىزمۇ كۆچ ئىشلىشالمايسىز…، — ئايەتبۇ بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى، — زادى قانداق قىلىمىز… تېز بولۇڭ… تۇغلۇق، نەئىمە… بەك… بەك خەتەر ئىچىدە!

ئەمرۇللا بوۋاينىڭ: «تۇردى نازىرنىڭ قول سىلىش ئېھتىمالى سېزىلسە بۇ تۇمارنى كۆرستىڭ، باغرىدىن ئاتىلىق مېھرى ئۆلمىگەن بولسا، يامانلىقتىن قول تارتىدۇ…» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلگەن ئايازنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد چىرىغى يانغاندەك بولدى.

— جىددىيلەشمەڭ، بۇنى تۇردى نازىر ئۆزى توسۇيالايدۇ…

— سارالڭ بولدىڭىزمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قورساقنىڭ ئىشى تۇرسا…

— بۇنىڭغا قاراڭ، — ئاياز ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر نەرسىنى تېزلا ئالدى، — مانا مۇشۇ كەھرىۋا تۇمارنى كۆرسىلا نازىر دەرھال تېلېفون بېرىپ قاۋۇزلارنى توسايدۇ…

ئۇلار ئىككىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلگىنىچە تۇردى ھەسەن بىلەن خالىئاي ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى يېرىۋەتكۇدەك قالايمىقان ئۇرۇشقا باشلىدى:

— نازىر، تۇردى نازىر!…

— خالىئاي خانىم، ئىشىكنى تېز ئېچىڭ!…

— نازىر بولسىلا دەيمەن…

ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا چىققان تۇردى ھەسەن ئىشىكنى يېپىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئاڭغىچە خالىئايمۇ ئىچ كىيىملىرى ئۈستىدىن خالتىسىنى كىيىپ چىقتى.

— تۇ نازىر، قاۋۇزغا تېلېفون بېرىڭ، — ۋارقىرىدى ئاياز، — بولمىسا ئوغلىڭىز تۇغلۇقتىن ئايرىلىپ قالىسىز…

— ھەي نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، بۇ كېچىدە نېمە قاۋۇز، نېمە تۇغلۇقكەن ئۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلمىسىلا نازىر، — ئاياز قولىنى شىلتىدى، — تۇغلۇق سىزنىڭ ئۆز ئوغلىڭىز! ...

خالئاي ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا بىر تۇردى ھەسەنگە، بىر ئايازغا قارىدى. بولۇپمۇ چىرايىنىڭ ئۆڭسۇلى يوق يىغلاپ تۇرغان ئايەتبۇ بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ئاياز مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ — دېدى خالئاي كالپۇكلىرى تىترىگەن ھالدا، — تۇغلۇق راستىنلا...

— ئىشەنمىسەڭلار، مانا بۇ كەھرىۋا تۇمارنى نازىر ئەپەندىم كۆرۈپ باقسۇن...

تۇردى ھەسەن تۇمارنى قولىغا ئېلىپ چىرايى سۇپسۇر ئاقىرىپ كەتتى. تىزلىرى تىترەپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. پەقەت ئاغزىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس «ئوماي... ئوماي...» دېگەن سۆزلەر پىشىلداپ چىقتى.

— تۇغلۇق ئەنە شۇ ئومايىنىڭ بالىسى، ئەمرۇللاكام بۇۋىسى... سىلى بولسىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي چىن دادىسى! ...

— ئوغلۇم... ئوغلۇم! ...، — تۇردى ھەسەن تەلۋىلەرچە تەكرارلىدى، — مېنىڭ ئوغلۇم... بار... باركەن... خالئاي، خالئاي سىز بايان ئىشەنمىگەن ئىدىڭىز... ئوغلۇم مېنى «دادا! ...» دەپ چاقىرغان ئىدى. ئۇ ماڭا جۇۋىسىنى كىيگۈزۈپ، ئوت ئىسسىنغىلى قويغان... راست... راست ئوماي ئېغىر ئاياغ قالغان... ئۇنى... ئۇنى... مەن تاشلاپ كەتكەن! ...

تۇردى ھەسەنىڭ بىردىنلا كۆزى يۇلتىيىپ چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيدى. ئەمما دوملاپ چۈشۈۋاتقان يوغان - يوغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ھەپىسلىسى يوقتەك قىلاتتى.

— ۋاي بولماپتۇ... چاتاق... بەك يامان بولدى. خالئاي مېنىڭ يانفونۇم...

خالئاي ئۈستەلدىكى يانفوننى ئەكېلىپ بەرگەندى، تۇردى ھەسەن ھاياجانلىق ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئاستىدا ئۇنىڭ

نومۇرلىرىنى باسالمىدى ياكى خاتا باستى. شۇڭا خالىداي ئىرىنىڭ قولىدىن تېلېفوننى ئالدى ـ دە: «قېنى نومۇرلىرىنى دەڭ» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار تېلېفوننى قايتا ـ قايتا ئۇرغان بولسىمۇ، باش ئاپپاراتتىن: «تاقاق، بىردەم تۇرۇپ ئۇرۇڭ» دەپ خەۋەر كەلدى.

— راست، قاۋۇز بىرەر يامان ئىشقا قول تىققاندا، — غەلىتىلا بولۇپ قالغان تۇردى ھەسەن نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى، — بۇرادەرلىرىنىڭ تېلېفونلىرىنى يىغىۋالاتتى. ئۆزىمۇ تاقىۋېتەتتى. ئەمدى··· ئەمدى···

— ئەمدى ـ ئەمدى دېگۈچە بولمامسىلەر، — ۋارقىرىدى ئايەتبۇ، — ئايازكا، سىز··· ماشىنىنى دەرھال ئاچىقىڭ···

— را··· راست ماشىنىنى ئاچىق، — ئوغلىغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرى كاللىسىغا كىرىۋالغان تۇردى ھەسەن ئېلىشىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى، — ئەجەب ئۇنتۇپتىمەن··· ماشىنىنى ئۇنتۇپتىمەن دېسە! ··· خالىداي··· تېز··· تېز بولۇڭ··· بىز ئېرەن دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا بارايلى··· ئۇ··· ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمكەن ئەمەسمۇ···

ئاياز تۇردى نازىرنىڭ بىلىكىدىن يېتىلەپ ماشىنا ئۆيىگە مېڭىشىغا ئايەتبۇدىن دەھشەتلىك ۋەقەنى بىلگەن خالىداي ساقچىغا تېلېفون بېرىۋەتتى··· ئۇ، ئايەتبۇنى ئۆي ساقلاشقا بۇيرۇپ ئۆزى پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئاياز ماشىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەن ئاياز ماشىنىغا مايىنى بېرىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان تۇردى ھەسەن يول بويى «تېز··· تېز··· يەنە تېز··· ھازىر··· ئوغلۇم··· ئوغلۇم···» دەيتتىيۇ، ئاخىرىنى دېيەلمەيتتى.

تۇردى ھەسەن ئەنە شۇنداق بىتاقەت بولۇۋاتقاندا چامادان كۆتۈرگەن تۇغلۇق، قولىدا خۇرۇم سومكا تۇتۇۋالغان نەئىمە

ئورمان ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى يولدا كېتىۋاتاتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دەريا سۈيىمۇ ئوتقاشتەك تاۋلانغانىدى. لېكىن ئورماننى پۈركىۋالغان كۆكۈچ تۇمان تېخى كۆتۈرۈلمىگەن بولۇپ، يەتتە ـ سەككىز قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىلەر گۇڭگا كۆرۈنەتتى. يوپۇرماقلاردىكى شەبنەملەرنىڭ توكۇلداپ چۈشكەن ئاۋازى ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەمدىلا ئويغانغان ئورمان قۇشلىرىنىڭ چۇرۇقلاشلىرى سەھەر جىمجىتلىقىنىڭ پەيزىنى بۇزاتتى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمە ئورمان ئىچىدىكى قويۇق چاتقاللىقلار ئىچىدىكى يولدىن كېتىۋاتقىنىدا ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلى ئۆيگەندەك بولدى. دېمىسىمۇ تۇغلۇق جىغان، قارىقات ھەم ئالاقەت تۈپلىرىنىڭ بوش شىلدىرلىشى، قانداقتۇر كۆلەڭگىلەرنىڭ ئەلەڭلىشىدىن گۇمانسىراپ قالغانىدى. ئادەمسىز چاتقاللىقتىكى غەيرىي ئالامەتلەر تۇغلۇقنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— نەئىمە، ئەگەر بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، — دېدى تۇغلۇق ئەتراپقا زەن سېلىپ، — دەرھال بىرەر چاتقال ئىچىگە كىرىۋېلىڭ.

— نېمانداق ئادەم قورقۇتىسىز، — نەئىمەمۇ ئارقا ـ ئالدىغا قاراپ قويدى، — راست، بۇ يەر ئەجەب سۈرلۈككىنا.

نەئىمەنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا، ئالدىدىكى تىكەنلىك جىغان تۈپى تۈۋىدىن چىرايلىرى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، ئەمما بىرسى ئېگىز، يەنە بىرسى پاكارراق ئىككى نىقابلىق ئادەم چىقىپ يولنى توسۇپ تۇردى. تۇغلۇق نەئىمەگە: «مەن دېگەندەك قىلىڭ...» دەپ شىۋىرلىدى. نەئىمە ئارقىغا چېكىنىپ قېلىن چاتقال تۈۋىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا تۇغلۇقنىڭ ئارقىسىدا نىقابلىق يەنە ئىككىسى پەيدا بولۇپ قوللىرىنى بەللىرىگە تىرىگىنىچە پۇتلىرىنى كېرىپ تۇردى. ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن چاتاق

ئىككەنلىكىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى پىچاقتىن بىلگەن تۇغلۇق كۆڭلىكىنى سىيلاپ تاشلىدى ـ دە، ئاسما مايكا بىلەنلا قالدى. ئەگەر بىرىنچى قېتىمقى ئېلىشىشتىلا ئالدىدىكى ئىككىسىنى ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالدۇرالىسا، ئەڭ بولمىغاندا بىرسىنى بولسىمۇ ياردار قىلالىسا ئارقىدىكىلىرىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى ئۇلار قوناق شېخىدەك ئورۇق نېمىلەر ئىدى. ئەمما ئالدىدىكىلىرىنىڭ سەل ئېگىزرەك ھەم غوللۇق ئەمما بۇرنى پاناق بىرسى خېلىلا پىشقان مۇشتلاشچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى تاقىر باش بولسا شېرىكىدىن جۇغى كىچىكرەك بولسىمۇ بەدىنى تاش ـ توقماقتەك چىڭ ئىكەنلىكى بىلەك مۇسكۇللىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەرگە نېمە كېرەك؟ — سورىدى تۇغلۇق ئادەتتىكىدەك تەلەپپۇزدا، — چامادىنىدا كىيىم ـ كېچەكتىن باشقا نەرسە يوق، ئەگەر پۇل دېسەڭلار مەن باي سودىگەر ياكى شىركەت خوجايىنى ئەمەس، ئادەتتىكى دېھقان.

— بىزگە سېنىڭ كىيىم ـ كېچىكىڭ، پۇلۇڭ كېرەك ئەمەس، — پاناق لوكچەك ۋارقىرىغانچە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى، — سېنىڭ جېنىڭ كېرەك!

تۇغلۇق شارتلا ئولتۇرۇۋېلىشى بىلەن پاناق ئۆزىنى توختىتالماي موللاق ئاتقانچە ئارقىغا گۈپپىدە يىقىلدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تۇغلۇق ئۇنىڭ بېقىنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى تەپكەندى، ئۇ ئىنجىقلاپ تىنالمايلا قالدى. ئەمما تاقىر باش ئېتىلىپ كەلگەندى، ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئېڭەك ئاستىغا ئۇرۇپ تىكلا چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، چاقماقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ سۆرىگەنچە دۆب دەرىخىنىڭ غولىغا شۇنداق ئۇستۇردىكى، «گۇس…» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرەخ شاخلىرى شالدىرلاپ كەتتى… بۇ دەرەخ نەئىمە يوشۇرۇنغان چاتقال قېشىدا بولغاچقا، بېشى يېرىلىپ قان

بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇ ئەبلەخ نەئىمەنىڭ كۆز ئالدىدىلا تولغىناۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا ئارقىدىكى ئىككى ئورۇقنىڭ قىزىل مايكىلىقى پىچىقنى بىرلا شىلتىپ تۇغلۇقنىڭ مۇرىسىنى تىلىۋەتتى... قارىقويۇق مۇشتلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرغان پاناق غەزەپ ئاچچىقىدا پىچىقنى قالايمىقان شىلتىپ يۈرۈپ، تۇغلۇقنىڭ يۈزىنى تىلىپ بىلىكىگە تىقىۋەتتى. تۇغلۇق بىر مۇشت سالغانىدى، ئۇنىڭ سول كۆزى شۇ ھامان تۇخۇمدەك ئىششىپ بىر كۆزى يۇمۇلۇپلا قالدى. ئەمما دەسلەپتە پىچاق ئۇرغان قىزىل مايكىلىق ئورۇق ئۈلارنىڭ ئېلىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تۇغلۇقنىڭ يوتىسىغا پىچاق تىقىۋەتتى. ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى بېغىشىدىن كاپلا تۇتۇۋالغان تۇغلۇق بىرلا قايرىپ پىچىقنى ئۇنىڭ بويىنىغا خېلى بەكلا تىقىۋەتتى. ئۇ بويىنىنى تۇتقىنىچە دەھشەتلىك چىرقىراپ ئوتلاققا دۈملا چۈشتى. ئەمدىلىكتە كۆچتۆگگىر پاناق بىلەن يەنە بىر ئورۇق قالغانىدى. ئورۇقى سەل ئېھتىياتچانمۇ ئۆزىنى تۇتقۇزمايتتى، شۇنداقلا بەھۇدە ئېتىلىپمۇ كەلمەيتتى. بۇ چاغدا بىر قول نەئىمەنىڭ چېچىدىن قامالالاپ تۇرغۇزدى.

— چېچىمنى قويۇۋەت توڭگۇز...

— ساڭا ئويۇن كۆرسىتىپ بېرەي دەيمەن، — قاۋۇز نەئىمەنىڭ چېچىنى قامالىغانچە ئۇنى ئىتتىرىپ، تاقىر باش دۈم ياتقان ئوچۇقچىلىققا ئاچىقتى، — قارا، كۆمۈرچى ئاشناڭ نېمە بولۇپ كەتكەن؟...

تۇغلۇقنىڭ مۈرىسى، بىلىكى، يۈزى ھەم يوتىسىغا پىچاق تەگكەنلىكتىن پۈتۈن بەدىنى قىپقىزىل قان ئۆيۈتمىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئارقىسىدىن دۈمبىسىگە پىچاق ئۇرغان ئورۇقنى تۇتۇۋېلىپ جان يېرىگە بىرنى تەپكەنىدى، ئۇ پىچىقنى تاشلىۋېتىپ، ئىككى قولىدا ئالدىنى چاڭگاللىغىنىچە تىزلىنىپ قالدى. ئەمدى ئۇ چوڭ ھەم خەتەرلىك لۈكچەك ـ پاناق بىلەن

يەكمۆيەك ئېلىنىشۋاتاتتى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە يۇمىلىنىپ يولدىن چىقىپ كەتتى. پاناقنىڭ ئاستىدا قالغان تۇغلۇق يېنىدىلا تۇرغان قانلىق پىچاقنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئۆزىنىڭ بوينىغا كىرىپ كەتكەن ئورۇقنىڭ پىچىقى ئىدى. قولىغا پىچاق چۇشكەن تۇغلۇق چىچى قاۋۇز تەرىپىدىن قاماللانغان نەئىمەنى كۆرۈپ قالدى... ئۇ، غەزەپلىك بىر ۋارقىرىغىنىچە ئۇستىگە مىنىۋالغان پاناقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ئاستىغا بېسىۋالدى ... بۇنى كۆرگەن قاۋۇز قورققىنىدىن نەئىمەنىڭ چېچىنى قويۇۋېتىپ شىپپىدە تۇغلۇق تەرەپكە ماڭدى. پاناقنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇنىڭغا بىر ئىش بولۇپ قالغان تەقدىردە قاۋۇزمۇ تىرىك قالمايتتى. تۇغلۇق ئۆتكەنكى بىلەن قوشۇپ بىر يولىلا ئەنت - قىساسىنى ئالاتتى. ئامالسىز ئوڭدا ياتقان بىماردار پاناقنىڭ ھالىنى كۆرگەن قاۋۇزنىڭ كۆزلىرى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. دېمىسىمۇ تۇغلۇق قولىدىكى پىچىقىنى پاناقنىڭ كانىيىغا تاقىۋالغان بولۇپ، ئۇنى بوغۇزلىۋېتىشكە مادارى قالمىغانىدى. چۈنكى پاناق تۇغلۇقنىڭ پىچاقلىق قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان قاۋۇز غىلاپ بىلەن ئىشتان يانچۇقىغا سېلىۋالغان پىچىقىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، تۇغلۇقنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بېسىقىنىغا ئۇردى. قورقۇپ تىترەۋاتقان نەئىمە تۇغلۇقنىڭ ئىلەڭ - سىلەڭ بولۇپ قولىدىكى پىچىقىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ بېشىدىن ھېلىمۇ قان يامراپ چىقىۋاتقان تاقىر باشنىڭ سېرىق تۇچ دەستىلىك پىچىقىنى ئېلىپ، ئىككى قولىدا سىقىمدىغانچە ئۇچقاندەك كېلىپ قاۋۇزنىڭ ئارقا تەرىپىگە - نەق بۆرەككە ئۇدۇللاپ پاتۇرۇۋەتتى!...

— تۇغلۇق!... ، — نەئىمە ئۆزىنىڭ چىچىنى ئۆزى قامالاپ دەھشەتلىك بىر چىرقىرىدى - دە، تۇغلۇقنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى

ئاتتى، — تۇغلۇق! !... تۇغلۇق كۆزىڭىزنى ئېچىڭ...
ئارقا تەرىپىدە پىچاق دەستىسى قادىلىپ تۇرغان قاۋۇز سەسكەنگەندەك بىر سىلكىندى، ئاندىن ئېغىر كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇ تۇغلۇقنى قۇچاقلاپ زار - زار يىغلاۋاتقان نەئىمەگە ئاستا ئېڭىشىپ بىردەم قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن ئۇنىڭ ئاچ بىقىنىغا تۇغلۇقنىڭ قىنى ساقىپ تۇرغان پىچاقنى تىقتىيۇ، ئۆزى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى...
تۇغلۇق قانلىق بىقىنىنى چىڭ مۇجۇپ تۇتۇۋالغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بارغانسېرى خىرەلىشىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن «قۇشخانا» غا قارىدى... ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىپ بويۇنلىرىدا قېتىپ كەتكەن پاناق ئوتلاق ئىچىدە دۇم ياتاتتى. تاقىر باش قانغا چىلىشىپ ئۇ ئالەمگە كەتكەندەك قىلاتتى. بويىنىغا پىچاق يېگەن ئورۇق بىر دەرەخكە يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزغان هالدا ئۇخلاۋاتقاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىغا يىغىلىپ قالغان قان بىغىردەك ئۇيۇپ قالغاندى. ئەمما جان بېرىگە تېپىك يېگەن يەنە بىر ئورۇق مەيداندا كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تۇغلۇق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئوڭدىسىغا ياتقان قاۋۇزغا قاراپ باش چايقىدى... ئۇ ئارقىچىلاپ يىقىلغاندا دۈمبىسىدىكى پىچاق دەستىسى پۇتۇنلەي كىرىپ كەتكەنمۇ، ئىشقىلىپ، ئېچىلىپ قالغان تۇكلۇك قورسىقىدىن پىچاقنىڭ ئۇچى چىقىپ قالغاندى...
تۇغلۇق نەئىمەنىڭ بىقىنىدىكى پىچاقنى سوغۇرۇۋېلىشى بىلەن قاتتىق قالتىراپ كەتكەن نەئىمە كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ تۇغلۇققا قارىدى. تۇغلۇق ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇلار بىقىنلىرىنى چىڭ قامالىغانچە ئىككى قەدەم ئالالىدى. ئاندىن هەر ئىككىلىسى ئىككى ياققا يىقىلىپ چۈشتى...
— بالام تۇغلۇق! ...، — ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن ئەمرۇللا

توْغلوْقنى قوْچىقىغا ئالدى، — جىنىم بالام، مەن كىچىكتىم… مەن كىچىكىپ قالدىم.

— دادا! … مەن… مەن ھىچنىمە بولمىدىم، — توْغلوْق قاپاقلىرىنى ئارانلا ئاچتى، — ۋوْي، يامغوْر يىغىۋاتامدوْ؟ يوْزوْمگە سوْ تامچىلاۋاتىدوْ…

ئورمان ئىچىگە يالتىراپ توْرغان «نىسسان» ماركىلىق ماشىنا كىرىپ كەلدى. ئوْ بىر پىرقىراپ توختىشى بىلەنلا ئوْنىڭدىن توْردى ھەسەن پالاقلاپ چوْشتى ـ دە، «بالام… بالام» دىگىنىچە نەچچە پوْتلىشىپ توْغلوْقنىڭ قىشىغا يىتىپ كەلدى. ئوْنىڭ ئارقىسىدىن يوْگوْروْشوْپ كەلگەن خالىئاي بىلەن ئاياز نەئىمەنى قوْچاقلىدى.

— ئوغلوْم توْغلوْق! …، — توْردى ھەسەن توْغلوْقنىڭ قانلىق قوللىرىنى توْتتى، — مىنىڭ ئوغلوْم توْغلوْق… كۆزوْڭنى بىر ئاچقىنا…

— قىزىم نەئىمە! … ئوبدان قىزىم… تاتلىق بالام! ! — ئاياز بىلەن خالىئاي نەئىمەنى ئاۋايلاپ كۆتوْروْپ بىر دەرەخ توْۋىگە ئاپاردى ـ دە، جاراھىتىنى بوينىدىكى شارپىدا تاڭماقچى بولوْشتى…

توْردى ھەسەن بولسا بوۋاينىڭ قوْچىقىدا بىقىنىنى قامالاپ ياتقان ئوغلىغا قارىدى. ئوْنىڭ بارماق ئارىلىقلىرىدىن ھىلىھەم قان بوْلدوْقلاپ چىقماقتا ئىدى.

— جىنىم بالام توْغلوْق… مەن… مەن ساڭا، كۆپ زىيانكەشلىك قىلدىم بالام… ئىسىڭدىموْ، سەن «نازىر دادا…» دىگىنىڭدە، سىنى «دادا» دىيىشكىموْ قويمىغانىدىم. ئەسلى سىنىڭ كۆڭلوْڭ توْيغانىكەن ئوغلوْم. ئەمدى… ئەمدى «دادا» دەپ باققىنا ئوغلوْم… بىرلا قىتىم… پەقەت بىرلا قىتىم، — توْردى ھەسەن توْغلوْقنى قوْچاقلاپ يىتىۋالدى…

— بالام توْغلوْق، — دىدى ئەمروْللا بوۋاي كۆزلىرىدىكى

ياشلىرىنى سۈرتمەي، — ئۇ... ئۇ سىنىڭ داداڭ بولىدۇ، بالام... ئۆز داداڭ!...

— دادا، — كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان تۇغلۇق بوۋايغا تەلمۈردى، — دادا، سىنىڭدىن باشقا دادام يوق...

— ئۇنداق دېمە بالام...، — بوۋاينىڭ ياشلىرى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئاللادىن «بالاڭنى قۇربان قىل» دەپ ۋەھىي چۈشكەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى: «دادا، مېنى قۇربانلىق قىلىڭ» دەپ تۇر تېغىغا چىقىپ بىر تاش ئۈستىدە ياتقان. لېكىن ئۇ: «دادا، مېنى بوغۇزلىغان ۋاقتىڭدا جان ئاچچىقىمدا سىزگە ئالىيىپ سالماي، كۆزۈمنى تېڭىپ قويۇڭ» دېگەنىكەن. ئاتا دېگەن شۇنداق ئۇلۇغ. گەرچە نازىر داداڭ ئۇلۇغلۇقنى يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ...

— دادا!... ئۇ... ئۇ ئادەم... نەئىمە ئىككىمىزنىڭ قاتىلى تۇرسا...

— توغرا دەيسەن بالام، لېكىن سىنىڭ تومۇرلىرىڭدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ قاتىلنىڭ يۈرەك قېنى!!...، شۇڭا ئۇ بەربىر ئاتا...

— ئۇ ئادەمنى «دادا» دېسەم خۇش بولامسىز دادا!؟...

— ئەلۋەتتە، بالام، ئەلۋەتتە، تاڭلا قىيامەت كۈنى «ئاتا - بالىنى جەم قىلغانمەن» دەپ ئاللا ئالدىدا يۈزۈم يورۇق قوپىمەن...، — دېدى ئەمرۇللا بوۋاي تارام - تارام ياش تۆككەن هالدا، — ئۇمۇ ئازغان بەندە! شۇڭا ئازماس ئاللا، ئازغۇن بەندە ئەمەسمۇ.

كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچقان تۇغلۇق بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈردى - دە، تولىمۇ زەئىپ ئىڭرىدى:

— دادا!...

— ھە، مەن... مەن... مەن...، — تۇردى ھەسەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، — مەن بالام... مەن سىنىڭ ئەسكى

داداڭ··· يارىماس داداڭ··· ئۆمرىدە ئەمەل بىلەن پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان داداڭ! ···، — تۇردى ھەسەن بىردىنلا ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى. بۇ چاغدا نەئىمەنىڭ نەپىسى بارغانسىرى پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. قورقۇپ كەتكەن خالىئاي ئەنسىز ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— نەئىمە! ··· جېنىم قىزىم نەئىمە··· كۆزۈڭنى ئاچقىنا··· مەن ئاپاڭ··· قارىغىنا مەن كەلدىم··· ئاياز! ··· ئاياز ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى···

— ياق! ··· ياق! ···، — نەئىمە بېشىنى چايقىدى، — بارمايمەن··· بارمايمەن··· تۇغلۇق··· تۇغلۇق ئۇ؟ ···

— تۇغلۇقمۇ ياخشى قىزىم، ئەنە گەپ قىلىپ ياتىدۇ···

— ئايازكا سۇ··· سۇ··· ماڭا سۇ بېرىڭ···، — شىۋىرلىدى نەئىمە، — بەك ئۇسساپ كەتتىم···

— قان ئېقىۋاتقاندا سۇ ئىچسە خەتەرلىك قىزىم···

— قىزىم؟! — نەئىمە سۇس كۈلدى، — ئۆز دادام چاقىرغاندەك ئەجەب تاتلىق ئاڭلاندى···

باياتىن بېرى خالىئاينىڭ غەزىپىدىن ئەندىكىپ كېلەلمىگەن تۇردى ھەسەن ئەيمىنىپكىنە نەئىمەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا تىزلاندى. خالىئاي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. نەئىمە بولسا بارغانسېرى نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى.

— ئاپا ئېسىڭىزدىمۇ؟ — نەئىمەنىڭ كۆزلىرىدىن سۇزۈك ياشلار سىرغىپ چۈشتى، — مەن سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى چۆچەك···

— ئېسىمدە قىزىم، — خالىئاي ئېسەدەپ كەتتى، — ئەشرەپ ۋەزىرنىڭ قىزى خانبانۇ ئوتتۇنچى نىيازنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بىراق ۋەزىر نىيازنى تاغارغا تىقىپ ھاڭدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ···

— ئەشرەپ ۋەزىر··· ئەمەل ئىناۋىتى··· نەسەب··· نەسەب

شەجەرىسىنىڭ بولغىنىشىدىن... ئەنسىرەپ، نىيازغا... ئالتۇن - كۈمۈش... ۋەدە قىلىدۇ... نىياز ئالمىسا ئۇنى... ئۇردۇرۇۋېتىدۇ، — بارغانسېرى نەپەس يېتىشتۇرەلمەيۋاتقان نەئىمە تۇردى ھەسەنگە قادالدى، — خانبانۇ يەنىلا... ئوتۇنچى... نىيازدىن ئايرىلمايدۇ... ئاقىۋەت ئەشرەپ ۋەزىر ئوتۇنچى نىيازنى...

— بولدى گەپ قىلماڭ قىزىم...، — خالئاي ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى، — ئۇزۇلۇپ قالىسىز.

— توۋا، ئوتۇنچى نىيازغۇ ئەشرەپ ۋەزىرگە يات...، — نەئىمە تۇردى ھەسەنگە قارىدى، — ئۆز... ئوغلىنىمۇ... قەستلىسە...

— قىزىم نەئىمە، مېنى كەچۈرۈڭ...، — تۇردى ھەسەن قىزىنىڭ قوللىرىنى ئەيمىنىپكىنە تۇتتى، — تەقدىرنىڭ مېنى مۇنداق مەسخىرە قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن...

— ئا... يازكا... مېنى...، — نەئىمە ئاخىرقى دەقىقىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەندەك ئەنسىز شىۋىرلىدى، — مېنى تۇغلۇقنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭ...

ئاياز نەئىمەنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىشى بىلەنلا ئۇ تولىمۇ پەس شىۋىرلاپ: «تۇغلۇق!...» دېگەنىدى، تۇغلۇق كۆرمەس كۆزلىرىنى بىردىنلا پاللىدە ئاچتى - دە، قانلىق قوللىرىنى سوزۇپ كىمنىدۇر ئىزدىدى... نەئىمەنىڭمۇ قان تامچىپ تۇرغان قوللىرى كۆتۈرۈلدى. ئىككى قانلىق ئالىقان ئۇچرىشىپ جۈپلەشتى... بارماقلار بارماقلار بىلەن چىڭ گىرەلەشتى. قىپقىزىل پاك قانلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى!... شۇندىلا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاتىرجەم بولغاندەك جىمىپ قېلىشتى ... لېكىن ئۇلار ئورمان ئىچىدە ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئەنسىز چىرقىراشلىرىنى ئاڭلىمىدى...

## 23

تۇردى ھەسەننىڭ ساۋاقدىشى، يېقىن بۇرادىرى مەخمۇت زىيا يالغان ئېيتماپتۇ. تۇردى ھەسەننى راستىنلا ئەتىسى قولغا ئالدى. يەنە كېلىپ ئۆزى پىلانلىغان قاتىللىق نەق مەيداندا قولغا كويزا سېلىندى. ئورماندىكى يول، ئوتلاق، چاتقاللىق، ھەتتا دەرەخ غوللىرىدىكى ئۇيۇل - ئۇيۇل قان داغلىرى ئېرەن دەريا بويىدا بولۇپ ئۆتكەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ساقچىلار قاۋۇز بىلەن تاقىر باشنى جەسەت تاغىرىغا تىقىپ، سىيرىتمىسىنى ئەتكەندىن كېيىن، پاناق ھەم بوينىغا پىچاق يېگەن ئورۇقنى ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى. تۇغلۇق بىلەن نەئىمەنىڭ جەسىتىنى توغقانلىرىغا قالدۇرۇپ، ساقچى ماشىنىلىرى چىرقىرىغىنىچە شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

بىغۇبار ئىككى ياشنىڭ مېيىتى چىلانلىقنىڭ بىنەملىكتىكى قەبرىستانلىققا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنى زىكرىنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسىتىنى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىر ئارالدىن تېپىپ كېلىشتى. ئۇ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، دەريا تېگىدىكى لوژى ھەم يىلتىز - شاخلارغا ئىلىنىپ پۈتۈن بەدىنى قاپقارا قان ئۇيۇپ كەتكەنىدى.

تۇردى ھەسەن قولغا ئېلىنىپ ئەتىسى «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسى» دىكىلەر كېلىپ ئۆيىنى ئاختۇردى. ھەيران بولغىنىدىن خالىئاينىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇنىڭ ئوچۇن سىر بولۇپ قالغان بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن تۇردى ھەسەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان چەكتىن يەتتىسى چىقتى. ئۇنىڭ تۆۋىنى ئەللىك مىڭ سوم بولۇپ، يۇقىرىسى ئۈچ يۈز مىڭ سوم ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سائۇنا مۇنچىسىنىڭ تامغىسى ھەم بانكا ھېسابات نومۇرى بېسىلغان ئىككى يۈز مىڭ سوملۇق بىر چەكمۇ بار ئىدى. ھەيران

قالارلىقى، بىخەتەرلىك ساندۇق ئىچىدىن يىتىپ كەتكەن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوملۇق ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكمۇ چىقتى. سوراق جەريانىدا خالىئاينىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقنىڭ مەخپىي نومۇرىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەم ئاچقۇچنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمىگەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن خالىئاينى سوئال - سوراق قىلمىدى.

تۇغۇلغۇق بىلەن نەئىمەنىڭ قىرىق نەزىرسى داچىدا كاتتا ئۆتكۈزۈلدى. ئەمرۇللا بوۋاي، خالىئاي، ئاياز، ئايەتبۇلەر تارسۇ ھەم چىلانلىقتىن كەلگەن جامائەتنى داغدۇغىلىق ئۇزاتتى. ئىككى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتالغان خەتمىقۇرئان تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى. ئەتىسى سەھەردە بىرقانچە ماشىنىغا ئولتۇرۇشقان جامائەت قەبرىستانلىققا چىقىپ، قوش مەقبەرە ئالدىدا قۇرئان ئوقۇشتى ھەم غىرىب - غۇرۋا، مىيىپلەرگە سەدىقە تارقىتىلدى. ئاندىن تارسۇلۇق مۇنۇر، پىدالار ئەمرۇللا بوۋاينى ئېلىپ كېتىشتى.

جامائەت قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كەلگەن كۈنى كەچتە خالىئاي، ئاياز، ئايەتبۇلەر مېھمانخانىغا يىغىلىشتى. ئايال خوجايىنىنىڭ ئېغىر، تەمكىن ھەم سالاپەتلىك چېھرىدىن ئاياز بىلەن ئايەتبۇ ئەيمىنىپ جىم ئولتۇرۇشتى.

— ئاياز، ئايەتبۇ، مەن ئەمدى ئۇرۇمچىگە كەتمەكچى، قاچان قايتىپ كېلىشىمنى بىلمەيمەن، — ئاياز گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، خالىئاي قولىنى كۆتۈرۈپ توختىتىپ قويدى، — گەرچە نازىر، قىزىمنىڭ قاتىلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېنىڭ ھالال جۈپتى، ھەمراھىم! يەنى سۆرى پاتىھەنى ئوقۇپ ئالغان ئايالى بولىمەن... ئەر - خوتۇننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى نورمال ۋاقتىدا ئاجرىشىش ئۇ باشقا گەپ ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغدى... ئۇنىڭ مەندىن ئۆزگە ھېچنېمىسى يوق... بۇنداق چاغدا ئەسقاتمىغان ئايالنى ئايال ئەمەس بەلكى ئىمانسىز،

پەزىلەتسىز، شەپقەتسىز ئالۋاستى دېسە ئوشۇق كەتمەيدۇ...
خالىئاينىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئاياز نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى. لېكىن خالىئاي يەنە قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى گەپ قىلىشتىن چەكلىدى:
— ئاياز، گېپىمنى پۈتلىماي تۇرۇڭ... مەن ھەممە گېپىمنى دەۋالاي، بەلكىم سىزمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى خالىئاي ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — تۇردى نازىر خىزمەت جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇ پارتىيىلىكىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتۈشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇنىڭ تۈرمۈشىدىن خەۋەر ئالىمەن. بۇنداق قىلمىسام بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالىمەن.
— داچىغا ئارىلاپ كېلىپ تۇرارسىز؟— ئايازنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى،— ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىرەر يىلدا بىر قېتىم...
— بايا دېدىمغۇ، بىلمەيمەن،— دېدى خالىئاي ئايازنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ،— ئاياز ئەسلىدىمۇ بۇ ئون بەش مو يەر سىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭىزنىڭ تەۋەررۈك يېرى ئىدى، ئاخىرى يەنە ئۆزىڭىزگە قايتتى. مەن ئۇرۇمچىدىن يەر خەتلىرىنى سىزنىڭ نامىڭىزدا قىلىپ ھەم جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەۋەتىپ بېرىمەن...
— بۇ... بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ خۇدايىم نازىرغا ئاسايىشلىق بېرەر.
— بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئاددىي پۇقرا بولۇپ ياشايدۇ، — دېدى خالىئاي ئىشەنچ بىلەن، — شۇڭا ئۆز يېرىڭىزنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرىمەن...
— مەن يەرنى... ساتقان تۇرسام، شۇڭا قوبۇل قىلىشتىن ئاجىزمەن...
— سىز بۇ داچىغا ئالتە يىل ئەجىر قىلدىڭىز، ئايسىمەمۇ ئاز جاپا تارتمىدى... سىزنىڭ قولىڭىز بولمىسا بۇنچىلىك روناق

تاپارمىدى؟ !…

خالىئاي ئالدىن تەييارلانغان ئون مىڭ سوم پۇلنى ياستۇق تېگىدىن ئالدى ـ دە، ئايەتبۇنىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئايەتبۇ، گەرچە بۇ يىل كەلگەن بولسىڭىزمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭىز، بۇ قىزىم نەئىمەنىڭ پۇلى ئىدى. ئوغلىڭىز مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يېشىغا يېتىپ قالدى. ئۇنى ئوقۇتارسىز…

— خالىئاي خانىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭ…، — ئايەتبۇ يىغلىدى، — مىجەزىم ئەسكى بولغاچقا سىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىم كۆپ… ئايازكامنىڭغۇ بىزار قىلىۋەتتىم.

— ئۇنداق دېمەڭ ئايەتبۇ، — خالىئاي تەسەللى بەردى، — تۇرمۇشتا ئۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كۆڭۈلگە ئالغۇچىلىكى يوق.

— خالىئاي خانىم، ماشىنا، ئۆيلەرنى قانداق قىلىمەن، — ئاياز ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى خالىئايغا تىكتى، — تېخى ئۆينىڭ ئىچىدىكى سەرەمجانلارچۇ؟

— تۇردى نازىرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى تولۇق ئېنىقلىنىپ بولمىدى، — دېدى خالىئاي سەل ئويلىنىپ، — شۇڭا كېيىنچە «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ماشىنا، ئۆي ھەم ئۆيدىكى ئەسلىھەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن… ئەمما ئون بەش مو يەرنىڭ يەر خەتلىرى مەن بىلەن كەتكەچكە ھېچكىم بىرنېمە قىلالمايدۇ…

خالىئاينىڭ «كېتىش» ئىرادىسىگە كېلىشى تاسادىپىي ياكى يېنىكلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار ئەمەس ئىدى. ئېرەن دەريا بويىدىكى پاجىئە يۈز بېرىدىغان ھارپا كېچىسى تۇردى ھەسەن جۆيلۈپ ـ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىچارىلەرچە يىغلاپ تۇرۇپ: «خالىئاي، سىزدىن باشقا يېقىنىم يوق!» دېگەن سۆزى خالىئاينىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللىق دەرد ـ ئەلەم، خورلۇق زەردابلىرىنى يۇيۇۋەتتى! ھەي… دەردېگەي!…

ئادەم دېگەننىڭ كۆڭلى شۇنچىلىكلا بىرنېمىكەنغۇ! زىغىردەك ھەممەتتىن ياشناپ، تېرىقتەك خاپىلىقتىن يوقاپلا كېتىدىكەنمىز ... بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى بىرنېمە دېمەك بەك تەس!

خالئاينى روھىي جەھەتتىن ئېزىپ قويغىنى تۇردى ھەسەننىڭ قولىغا كويزا سالغان ۋاقىتىدىكى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئىدى! راست، خالئاي ئېرىنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى... تۇردى ھەسەن كۈلمەكچى بولۇپ جىلمىيىپ باقتى قاملاشتۇرالمىدى... كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، يىغلىيالمىدى... ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولدى. بىراق ئاغزى كۆڭۈللىرىنى ئەزگۈدەك ئۇمچەيدى... ئۇنىڭ قىلىپ قويغىنى بولغاچقىمۇ، خالئايغا يە ئۇنداق، يە مۇنداق دېيىشكە يۈزى بارمىدى! ھەم ئەيمەندى... شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى موزاينىڭ كۆزلىرىدەك مۆلايىملىشىپ، چىرايى شۇنچە بىچارە، مىسكىن، مۆڭلۈق بولۇپ كەتتىكىن، خۇددى ئاپىسى نان بەرمىگەن كىچىك بالىسىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى... ھەممىنى، ھەتتا قىزىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ ئۇنتۇغان خالئاي كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ تۇردى ھەسەننىڭ كۆكرىكىگە ئاستا باش قويدى.

— خالئاي! ...، — ئۇ تولىمۇ پەس پىچىرلىدى، — ئەمدى مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ... ئاياز بىلەن توي قىلىۋېلىڭ، داچا سىلەرنىڭ تويۇڭلارغا قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن! ...

— ياق، ياق! ... مەن... مەن سىزدىن ئاخىرىغىچە خەۋەر ئالىمەن...

— ئەخمەق قىز...، — ئۇ تېخىمۇ پەس شىۋىرلىدى، — تولا يىغلىماڭ، قورسىقىڭىزدىكى تۇغلۇق يىغلاڭغۇ تۇغۇلۇپ قالىدۇ...

— سىز؟! ...، — خالئاي ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — مېنى كەچۈرەلەمسىز؟

— مەن ئاللىبۇرۇن كەچۈرگەن…، — تۇردى ھەسەننىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى خالئاينىڭ ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى، — خالئاي… خالئاي، مەن… مەن ئۇمايىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن تۇغلۇقنى ئۆزۈم نابۇت قىلدىم. ئەمدى بۇ تۇغلۇقنى ئۆزۈم باقىمەن…

شۇنچە يىللىق ئەر - خوتۇنلۇق ھاياتىدا يۈرىكىدىن سۆيۈنۈپ سۆھبەتلىشىپ باقمىغان خالئايغا بۇ ئاخىرقى خوشلىشىش كۆڭۈل سۆزلىرى بىر قوياشنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ، ئۇنى ئەخلاق پەزىلەت زەنجىرلىرىدە باغلىۋالدى…

ئەتىسى چۈشتە ئاياز - خالئايىنى «نىسسان» بىلەن قاتناش بېكىتىگە ئاپىرىپ قويدى. لېكىن ماشىنىنىڭ مېڭىشىغا يەنە بىرەر سائەتتەك ۋاقىت بولغاچقا، ئۇلار قاتناش بېكىتى ئالدىدىكى بىر تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپ پىتىر مانتا بۇيرۇتتى. ئاشخانا مۇلازىمى ھايال بولمايلا، مانتا بىلەن بىر چەينەك دەملەنگەن چاي ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مانتا يېگەچ ئۇن - تىنسىز ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئايازنىڭ دەمبۇدەم ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە يىغا يامىشىپلا تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە خالئايىنى ئاقلايتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق ئىرادىگە كەلمىگەن بولسا، ئايازمۇ ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالىدىغانلىقى ئېنىقلا ئىدى.

— ئاياز، سىزگە راستىنىلا ئاچچىقىم كېلىپ قالدى، — دېدى خالئاي چاي ئوتلاۋېتىپ، — ئەتىگەن ئايەتبۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭسا، «تۇرۇپ قېلىڭ» دەپمۇ قويماپسىز! …

— سىزگە ئايان، — ئاياز نەلەرگىدۇر قارىۋالغانىدى، — مەن ئۆزۈم تاماق ئېتەلەيمەن.

— ئۇنىڭغۇ بىلىمەن، — خالئاي ئايازغا سىنچىلاپ قارىدى، — داچىدا يالغۇزلۇق تارتىپ قالارسىزمىكىن؟

— ياق، مەن يالغۇز ئەمەس، — ئايازنىڭ كۆزىدىن مىچچىدە

ياش چىقىپ كەتتى، — بىراۋلارنىڭ خىيالى ماڭا ھەمراھ...

— ئاياز، مېنى كەچۈرۈڭ، — خالىداي ئايازنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە ئالىقانلىرىنى قويدى، — مەنمۇ تۈنجى قېتىم يۈرىكىمنىڭ تەلپۈنۈشلىرىنى تەرك ئېتىپ، كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا قارشى مېڭىۋاتىمەن...

ئۇلار يەنە بىر چاغقىچە جىمىپ كېتىشتى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئەھدۇ ـ ۋاپالارنى قىلىپ، قەسەم ئىچىدىغان، ساپ يۈرىكىنى، سەمىمىي قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان ۋاق ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى قارارى يوق جۇدۇندەك بىلگىلى بولمايتتى.

— ھە، راست، — ئاياز بېشىنى كۆتۈردى، — نەئىمەنىڭ يۈز مىڭ سوملۇق چېكىنى قانداق قىلىمەن؟

— نەئىمە ئۇنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بەرگەنمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى ئالماق قىيىنغا چۈشىدۇ.

— توغرا، بىر چاغدا نەئىمە: «پەۋقۇلئاددە بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، مەن ‹ھېلىقى› دەپ كۆزۈمنى قىسسام، سىز ئۆيىڭىزنىڭ تورۇس لىمىغا قاراڭ» دېگەندەك قىلغان...

— ئۇ چوقۇم چەكنىڭ مەخپىي نومۇرى، — دېدى خالىداي، — ھازىر بانكىلار تورلىشىپ كەتتى. قايسى تۈردىكى بانكا بولسا شۇنىڭدىن ئالغىلى بولىدۇ.

— شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى ئېلىپ قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە تۇرىۋەرسۇن.

— مەن تۇنۇگۈن ئايەتپۇنىڭ ئالدىدا چەكنىڭ ئىشىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىشنى دېمىدىم.

— قايسى ئىشتىكى ئۇ؟— ئاياز ئويلىنىپ قالدى، — توغرا يەتتە نەزىر كۈنى ئەمرۇللا بوۋاينى ئەكېلىۋالايلى، دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز.

— مۇنۇر، پىدالارغۇ ياخشى قارايدۇ. لېكىن ئۇلار دېھقان، داۋاملىق ئالدىراش ئۆتىدىغان خەق. بوۋايغا ھەر كۈنى ئەڭ بولمىغاندا بىرەر ۋاخ قۇۋۋەتلىك نەرسە قىلىپ بەرمىسە بولمايدۇ.

بۇ قېتىمقى پاجىئە ئۇ ئائەمگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

— بولىدۇ، مەن ئائىلىنى قىلىپ ئەكېلىۋالاي...

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە قوزغىلىدىغان ماشىنىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرگە ئاتلىنىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئاياز بولسا خالئاينىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنا ئالدىغا كەلدى. يولۇچىلار ئالدىراپ - تېنەپ ماشىنىغا چىقماقتا ئىدى. ئاياز خالئاينىڭ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقىغا، يۈزلىرىدىكى قوڭۇر داغلارغا قاراپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى - دە، دەرھاللا تەتۈر قارىۋالدى. بۇنى سەزگەن خالئاي ئايازنىڭ قولىنى چىڭگىدە سىقتى:

— ئامان بولۇڭ، بالىڭىز ئامان ئېسەن تۇغۇلسا، رەسىمگە چۈشۈپ ئەۋەتىمەن...

ماشىنا قوزغىلىپ چوڭ يولغا چىققۇچە ئاياز ئارقىدىن يۈگۈرۈپ قول پۇلاڭلىتىپ كەلدى. كېيىن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا: «خوش، مېھرىبان خالئاي، خوش، بالام! سىلەرنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم...» دەپ پىچىرلىدى ھەم دىمىقى زىڭگىدە ئېچىشىپ كۆزلىرى ياش بىلەن تولدى... بۇ چاغدا ماشىنىدا كېتىۋاتقان خالئايمۇ: «ئامان بولۇڭ، ھېس - تۇيغۇلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن ئاق كۆڭۈل ئاياز...» دەپ پىچىرلىدى.

ماشىنا بوستان شەھەر غۇلجىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇزاپ كەتتى. خالئاي كارىۋاتلىق ماشىنىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۆڭلى ۋىلىلدە ئېچىلىپ قالدى. ھازىر قاتناشلار قۇلايلىق بولۇشتىن سىرت، رىقابەت بىلەن يولۇچى تالىشىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەچكە ئاپتوبۇسلاردا تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن تولۇق ھەم رەتلىك ئىدى. يوتقان - كۆرپىلەر پاكىز بولۇپلا

قالماي، سوغۇق ۋە ئىسسىق ھاۋا تەڭشىگۈچ، تېلېۋىزورلارمۇ يولۇچىلار ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز خىزمەت قىلاتتى.

خالىئاي يوتقاننى قاتلاپ باش تەرەپكە قويۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، دېرىزە پەردىلىرىنى ئېچىۋەتتى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغاچقىمۇ تەبىئەت تونلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. سوغۇققا چىدامسىز بولغان بەزى مېۋىلىك دەرەخلەر قىزىل، سېرىق، بىنەپشەرەڭ تونلىرىنى كىيىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. قارىياغاچ، كۆك تېرەك، سانا، تۇخۇمەك، دۇب دەرەخلىرى بولسا يېشىل لىباسلىرىنى سالغۇسى كەلمىگەندەك، باغ، ئورمان، يول بويلىرى، سالقىن ئۆتەڭلەردە كۆكىرىپ تۇراتتى. كەڭسايدىكى توقايلىقلار ـ يىراقتىن ئېسىل خىنىملارنىڭ چاقماقلىق رەڭدار كۆڭلىكىدەك قىپقىزىل، ساپسېرىق، ياپېشىل، ھال رەڭ تاۋلىنىپ ئادەمنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى. تاغلارنىڭ ھەربىر تال قاپتال، جىلغا، غوللىرىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال كۈز پەسلىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى.

— ئاھ كۈز... كۈز ئايلىرى!... كېسەل رەڭگىدەك سارغىيىۋاتقان تەبىئەت! ئادەم كۆڭلىنى مۇڭغا تولدۇرۇپ، ئۆمۈر مەنزىلىگە ئەسكە سالىدىغان مىسكىن پەسىل!...

دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەي كېلىۋاتقان خالىئاي ئاستا پىچىرلىدى ھەم چوڭقۇر تىنىپ قويدى. يوللاردا قالايمىقان ئۇچۇشۇپ، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقان ساپسېرىق غازاڭلار بىر زامان تەبىئەتكە يېشىللىق، ھايات، گۈزەللىك ئاتا قىلغانىدى. ئۇلار ئازغىنە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى... ئەنە ئاۋۇ قىپقىزىل، بىنەپشە رەڭ تۈزگەن ياپراقلارمۇ شىرتىلداپ تۈۋىگە چۈشۈۋاتىدۇ.

چۈشكۈسى كەلمىگەندەك لەرزان لەيلىشىپ يۈرگەن ئاشۇ بەرگى ــ غازاڭلار كۈزنىڭ تەنلىرىنى تىلغۇدەك سوغۇق شامالLىرىدا قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشىدۇ. ئاھ، ۋاپاسىز

دۇنيا! خالىئايمۇ بىر چاغلاردا ياپيېشىل ياپراق ئىدى. يىگىتلەرنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقلىرىنى، قىزلارنىڭ ھەسەت ـ كۈندەشلىكلىرىنى، قىرلارنىڭ قىزىقىش ـ زوقلىرىنى قوزغايدىغان جەننەتنىڭ گۈلى بولغانلىقى راست! قېنى شۇ يېشىل ياپراق؟ نەلەرگە توزۇپ كەتتى. جەننەتنىڭ خۇش پۇراق گۈلى!… شۇنداق! يىللار يېشىل ھاياتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ قاتىلى ئىكەن… شۇڭا ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى ئۆمۈر مەنزىلى ھەققىدە مۇنداق نالەقىلغان:

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى پۈتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى، كۈز كېلىپ يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان سۈيۈنچ بۇلبۇلى،
بىلمىدىم قاچانلار كەلدىيۇ ـ كەتتى…

ۋاقىت ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئەزرائىل ئىكەن! كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قاپقارا چاچلار كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئالمىدەك يۈزلەرگە يول ـ يول قورۇقلار چۈشكەن… چىناردەك بەللەر پۈكۈلۈپ، كۆز گۆھەرلىرىڭ تۆكۈلگەن… قىسقىسى، تەقدىرى ئەزەلمۇ سېنى ئاشۇ دۇنياغا لايىق قىلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن… ئەمدى نەئىمەدەك ئۈن گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان ھۆر ـ پەرىلەرنىمۇ ئاياپ قويمايدىكەن… بۇنىڭغا ئەلھۆكمىللا دېمەكتىن باشقا نېمە چارە!… ئۆمۈر دېگەننىڭ ئاشۇنداق قارارى يوق نېمىكەن… تەقدىر ـ قىسمەت بولسا قۇلۇلە قارىنىدىكى سەدەپتەك مەۋھۇم بولۇپ، ئالدىن بىلەلەيدىكەنسەن… ئەدناسى، بۇ يىلقى يەتتە ـ سەككىز ئاي ئىچىدە قانچىلىك ئىشلار يۈز بەرمىدى!؟ نەئىمەنىڭ ھاياتىدا تۇغلۇق پەيدا بولدى… خالىئايىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىپتىنچ تۇرغان قەلب كۆلىگە كىملەردۇر تاش تاشلاپ تەۋرىتىۋەتتى… ئۇلار ھاياتلىق كۆكىدە كۆڭۈل باغلىرىغا

سۇ باشلاپ، خۇددى دۇنيادا مۇدھىش ئۆلۈم يوقتەك شېرىن چۈشلەرنى كۆردى... تاتلىق ھېس ـ تۇيغۇ بۆشۈكلىرىگە بۆلەندى ... شىددەتلىك تەۋرەپ كەلگەن ئىشقى ـ سەۋدا قىيانلىرىدا ئېقىپ ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئاخىرى تەگرى ئۆلارنىڭ ئارغامچىسىنى تارتىپ، ھاياتلىقتىكى بۇ ئويۇننى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى!

... ھازىر سەھنىدە نېمە قالدى؟ ... ھېچنېمە! پەقەت يۇيۇلمىغان گىرىمدەك خالئاينىڭ دومبايغان قورسىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىلغا ئالغۇچىلىك بىرنەرسە يوق! بۇ ئالەم شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق نەرسىنىڭ پايانى يوقلۇق بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن... قاراڭ، پانىي سەھنىسىدە بىر مەزگىل ئاجايىپ روللارنى ئالغان قاۋۇز ئۆلدى، تۇردى ھەسەن، ئەغزەم تۆرىلەر ھەپسىگە قامالدى، ئۆلارنىڭ ھالى نىچۈك بىلمەيمىز. تۇغلۇق، نەئىمەلەر يوقلۇق ئالىمىدە غايىب بولدى... ئاياز يەنىلا تۇگىمەس مېھنىتىگە قايتتى. خالئاي بولسا ھەسرەت ـ نادامەت يۇكىنى يۇكلەپ ياشاۋاتىدۇ. قېرى يېتىم بولۇپ قالغان ئەمرۇللا بوۋاي بولسا سوۋۇپ كېتىۋاتقان قانلىرىنى ئىللىتىش ئۈچۈن ھاسىسىغا تايىنىپ ئاپتاپ ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ...، ئۇ تۇغلۇقنى ساقلاۋاتامدۇ؟ ياكى «ئەزرائىل ئىزدەپ قالمىسۇن» دەپ ئەنسىرەمدۇ، ئىشقىلىپ، دەرۋازىدىن كۆز ئۈزمەيدۇ... ھەسسىنە! ... بۇ دۇنيانىڭ تالاشقۇدەك زادى نېمىسى بار... (خۇدا مىڭ ياش ئاتا قىلسۇغۇ باشقا گەپتى!) تالاشساڭ، ياخشىلىقنى تالاش، ئۇ ئۆلمەستۇر! ... مەڭگۇ ياخشى نامىڭ، ھۆرمىتىڭ، ئەڭ بولمىسا ياخشى گېپىڭ قالىدۇ... باشقىلارنىڭ ھەممىسى تاڭدىكى تۇماندەك سۇسلىشىدۇ، تارايدۇ، ئاقىۋەت يوقايدۇ...

شۇڭا ئاشۇ ئازغىنە ئۆمۈرنى قەدىرلەپ، غەم ـ تەشۋىشسىز ئۆتكەنگە نېمە يېتىدۇ؟ مانا تۇردى ھەسەن ئۆمرىدە دۇنياغا تويمىدى، ھەتتا ھارام دۇنيالىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىنمۇ خۇپىيانە تۇتتى. ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ نېمە يىغقان بولسا

ھەممىسى ئەسقاتمىدى... ئاياز ھەم ئۇنىڭ قېرى ئانىسىنى زار ـ زار قاخشىتىپ تارتىۋالغان ئون بەش مو يەر ئەسقاتتىمۇ؟... ياق! بەلكىم ئۇ يەر ئۆز ئىگىسىگە قايتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا تەڭرى بەندىلىرىنى ئىنساب تارازىسىدا ئۆلچەش ئۇچۈن، ئاۋۋال ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، كېيىن بىر يولىلا تارتىدىغان ئوخشايدۇ...

... خالىئاي يول بويى ئەنە شۇنداق ئەپسۇس، تەشۋىش، پۇشايمان ئارىلىشىپ كەتكەن خىياللار بىلەن ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۇرۇمچى بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەتتە ـ سەككىز ئايدىن بېرى تاقىلىپ قالغان ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان قىزى نەئىمەنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى كۆرۈپ «ھۆ» تارتىپ ئېتىلىپلا كەتتى. ئۇنى سۆيدى، باغرىغا باستى... پايلىماي ئۇزۇن قاراپ كەتتى... ئاندىن ئائىلە بويىچە ھەم قىزى بىللە چۈشكەن بىرقانچە رامكىلىق سۈرەتلەرنى كۆرۈپ باشقىدىنلا كۆز ـ ياش تۆكتى. ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ يۈرۈپ، پۇخانى يېشىلگىچە يىغلىدى. ئەمما ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولامدۇ؟ يەنىلا تىرىكلەرگە تىرىكچىلىك لازىمغۇ؟ ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ تازىلىقنى باشلىۋەتتى. خالىئاي بۇرۇنقىدەك چاققان، تېتىك ئەمەس ئىدى. ئىككى كىشىلىك نەپەس ئالغاچقىمۇ ئېغىر ـ ئېغىر ھاسىرايتتى. كەچكە يېقىن ئىشلىرى بىرقۇر سەرەمجان تاپقاندىن كېيىن، مۇنچىغا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىسى بازارغا چىقىپ، بىرنەچچە خىل تاماق، يەل ـ يېمىش، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى ئېلىپ تۈرمىگە باردى.

خالىئاي كۆرۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى ئەمدىلا بېجىرىپ تۇرۇشى بىلەن بىر ساقچى ئۇنى تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئورۇقلۇقىغا باقماي چوڭ ھەم كەڭ ساقچى فورمىسى كىيىۋالغاچقا ئۇنىڭ كىيىملىرى خۇددى ئاسقۇدىن ئېسىلىپ

تۇرغاندەك سېلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇزمەي تاماكا چېكەمدۇ نېمە؟ ئەيتاۋۇر، كۇلدان چالا چېكىلگەن تاماكا قالدۇقى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

— سىز تۇردى ھەسەننىڭ ئايالى بولامسىز؟ — سورىدى باشلىق تاقىر بېشىدىكى بىرنەچچە تال نىمجان چېچىنى بارمىقىدا تاراپ قويۇپ، — قېنى ئولتۇرۇڭ.

— شۇنداق، مەن غۇلجىدىن ئەمدىلا كېلىشىم.

— ئۇنىڭ ئوغلىنى ئالغاچ كەلمىدىڭىزمۇ؟

— نېمە؟... ئوغلى؟...

— شۇنداق، «تۇغلۇق ئوغلۇمنى كۆرىمەن» دەپ بەك جېدەل قىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ... ئۇ... ئۇنىڭ ئوغلى غۇلجىدا ئۆلۈپ كەتكەن...

— شۇنداقمۇ؟ دوختۇرلارنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن - دە، — باشلىق خىيال بىلەن تاماكىسىنى شورىدى، — ئۆلۈپ كەتكەن دەڭ.

— دوختۇرلار نېمە دېگەنتى؟

— تۇردى ھەسەن ئېلىشىپ قالدى. دوختۇرلار: «ئۇنىڭغا بىر ئىش قاتتىق تەسىر قىلىش ئارقىلىق سېزىملىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن» دەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاۋاتقانلار ئامالسىز قېلىپ، سىرتتىن ئېنىقلاۋاتىدۇ.

— نېمە؟ ئېلىشىپ قالدى دېدىڭىزمۇ؟ — خالىدە چۆچۈپ كەتتى، — بەك ئېغىرمۇ؟

— ئىشقىلىپ، ئون گېپىڭىزنىڭ بىرەرسىنى ئاڭقىرىپ جاۋاب بېرەلىسە چوڭ گەپ.

خالىدە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقمىۋاتقاندا، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ساقچى ئۇنى كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندە -

تۇردى ھەسەن بىر بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپلا ئولتۇراتتى. ساقچى ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بىراق، ئۇ خالئايغىمۇ قارىماي قولىدىكى كەھرىۋا تۇمارنى ھېلى كۆزىنىڭ چانىقىغا ئەكىلىپ كۆرسە، تۇرۇپلا يىپىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ زوق - ئىشتىياق بىلەن تىكىلىپ قالاتتى... تېخى «ئانام بالام... ساقام، ساقام...» دەپ تۇمارنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن خالئاي يىغلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ داستىخانلارنى ئېچىپ سامسا، مانتىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— ئازراق تاماق يەۋالامسىز؟...، — تۇردى ھەسەن ئويۇن بىلەن ئىدى، شۇڭا خالئاي چىڭراق توۋلىدى، — ماڭا قاراڭ، ئىسسىقىدا ئازراق بىرنېمە يەۋالامسىز؟

تۇردى ھەسەن شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ خالئايغا قارىدى. دەرۋەقە ئۇ تونۇغۇسىز ھالدا قېرىپلا كەتكەنىدى.

— ۋارقىرىماڭ، — دېدى تۇردى ھەسەن ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا تۇتۇپ، — بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ... تۇغلۇقنى چۆچۈتۈۋەتسىڭىز تۆلەيسىز...

— ۋاي، خۇدايىم سىزگە نېمە بولغاندۇ، — خالئاي ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، ماڭا ئوبدانراق قاراڭ، مەن خالئاي... ئاڭلىدىڭىزمۇ، مەن خالئاي...

— خالئاي؟ — تۇردى ھەسەن تېڭىرقاپ قالدى، — خالئاي؟ ياق خالئاي ئەمەس تۇغلۇق... كۆمۈرچى بالا... «دادا» دېسە مەن ئۇنى تىللىغان...

— نازىر ئەپەندىم، — خالئاي قاتتىق ۋارقىرىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ بىرنېمىنى يادىغا ئالغاندەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدى، — مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز خالئاي!... شۇنداق خالئاي بولىمەن...

— خالئاي... خالئاي!...، — تۇردى ھەسەن پۇتلىرىنى

ئورۇندۇقتا ئېلىپ چىلك قۇچاقلىدى ـ دە، تىزلىرىغا ئېڭىكىنى قويۇپ، بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلگىلى تۇردى. ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. خالئاي ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ مەزگىلسىز ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى باغرىغا بېسىپ ئېسەدەپ كەتتى.

— ئاھ، خۇدايىم! سىزگە نېمە بولدى؟ سىز بۇنداق ئادەم ئەمەستىڭىز غۇ…

— خالئاي… خالئاي! … ئۆ… ئۆ… ئۆ…، — تۇردى ھەسەن ھېچنېمە دېمىدى، پەقەت خالئاينىڭ قول بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە: «خالئاي… خالئاي… خالئاي…» دەپ يىغلاۋەردى… خالئاي ئۇنى ئالداپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ بىرنەچچە سامسا بىلەن مانتىنى يېگۈزدى. سەپەر چايدىنىدىن چاي قۇيۇپ پۈۋلەپ ئىچۈردى.

خالئاي ئەتىسى «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، سىرتتىن ئىگىلىگەن ھەم ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ، شۇنداقلا تۇردى ھەسەننىڭ ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئىسپاتلارغا ئاساسەن، تۇردى ھەسەننىڭ تاغدىكى ئۈچ يۈز ئوتتۇز سەككىز دانە قوينى، بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن تېپىلغان يەتتە دانە چەك (ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليون بىر يۈز يىگىرمە مىڭ سوم)، نورمال بولمىغان مۇناسىۋەتتە ئالغان خىيانىتى ئۈچۈن مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقى، لېكىن ھېچقانداق يەردىن تۇردى ھەسەنگە ئۆزۈك سوۋغا قىلغانلىق پاكىت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈكنى قايتۇرۇدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. لېكىن خالئاي ئۆزۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېيتىپ ئۇنى ئالمايدىغانلىقىنى دېگەندى، باشلىق سەل خاپا بولغاندەك ئەلپازدا:

— قىزىڭىز دادىسى ئارقىلىق ئالغان تەقدىردىمۇ، بۇ بەرىبىر قاۋۇزنىڭ سوۋغىتى... ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قىزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ئېنىقلاۋاتقىنىمىز يوق. شۇڭا بۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى... كۆڭلىڭىز كۆتۈرمىسە سېتىپ بىرەر مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، — دەپ خالىئاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

خالىئاي ئەتىسى سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ «جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى»نىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى. كوللېگىيە باشلىقى: «مەسئۇد، پەخرىنىسا، قاۋۇز، نىزام (تاقىر باش)، تۇغلۇق، نەئىمەلەرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى تۇردى ھەسەن ئىكەنلىكى، بىراق، ئۇنىڭ «كېسەللىك» سەۋەبىنى كۆزدە تۇتۇپ ھازىرچە سوت ئېچىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

خالىئاي قىزى نەئىمەنىڭ ئىككى گىرىم دۇكىنىنىڭ كىرىم - چىقىم، كونا قالدۇق، يېڭى قالدۇق، دۇكاندىكى مال، سېلىنغان مەبلەغ، پايدا ھەم خادىملارنىڭ مائاشلىرىغىچە ھېسابات قىلىپ ئون كۈن ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، خالىئاينىڭ باش ۋاكالەتچىسى، خالىئاينى باش دىرېكتور، شۆھرەتتاينى مۇئاۋىن باش دىرېكتور دەپ ئېلان قىلدى. پەقەت باش بوغالتىردىن باشقىلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋېرىدىغان بولۇشتى. باش بوغالتىرنىڭ بەزى خاتالىقلىرى بولغانلىقتىن قالدۇرۇلغانىدى.

خالىئاي ئىشلىرىنى بىرقۇر يولغا سېلىۋالغاندىن كېيىن كۆپ كۈنلىرى تۇردى ھەسەننى يوقلاش بىلەن ئۆتتى. ئۇ غۇلجىدىن كېلىپلا بىرىنچى قېتىم ئۇنى كۆرگىلى بارغان ۋاقتى - تۇردى ھەسەننى ئېرەن دەريا بويىدىن تۇتۇپ كەتكىنىگە قىرىق تۆت كۈن بولغان بولسىمۇ تۇردى ھەسەن خالىئاينى تەستە تونۇغانىدى.

ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملاردا خېلىلا ئاسان تونۇغاندەك قىلىپ خالئاينىڭ چېچىنى، بويۇنلىرىنى ھىدلاپ كۈلۈپ كەتتى… ئەمما خالئاي تۆتىنچى قېتىمدا، يەنى تۇردى ھەسەن قولغا ئېلىنىپ تـويـتـوغـرا يـەتـمـىـش كۈن بولغاندا خالئاي ئېرىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. نۆۋەتچى خادىم ئۇنىڭغا:

— خالئاي خانىم، ئېرىڭىز چىققىلى زادىلا ئۇنىمىدى، — دېدى.

— يىراقتىن بولسىمۇ كۆرگىلى بولارمۇ؟

— مۇمكىن، — دېدى نۆۋەتچى خادىم سائىتىگە قاراپ، — يەنە قىرىق مىنۇت ساقلىسىڭىز مەھبۇسلارنى شامالداتقىلى قورۇغا ئاچىقىمىز.

خالئاي تۇرمە باشقۇرۇش قورۇسىدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا بىردەم ئايلاندى. ئۇ كۆڭلىدە ھەر خىل كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلىدى. ئەلۋەتتە ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلىپ قويغان ئەسكى ئىشلىرىدىن نومۇس قىلىدۇ. ئېرىنىڭ كۆرۈشۈشتىن قاچقانلىقى بەلكىم ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقى… شۇنداقلا مېڭىسىنىڭ نورمال خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقى - دە… بوپتۇلا، جازا مۇددىتىنى ئۆتىسىمۇ ئۇمۇ ئادەم، كۈنىنىڭ سېرىقنى كۆرسۇن… قۇۋۋەتلىك تائاملارنى ئەكېلىپ بەرسەم، ۋاقتى - ۋاقتىدا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرسام… بەلكىم…

تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆزىنى بەزلەۋاتقان خالئاي «خالئاي خانىم! …» دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. ئۇنى نۆۋەتچى خادىم ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بىرقانچە كارىدورلاردىن ئۆتۈپ، ئۈستىدىن تارتىپ ھەممە يېرى تۆمۈر توسۇق بىلەن قاپلانغان يەرگە چىقىپ قالدى. تۆمۈر توسۇقنىڭ ئۇ تەرىپى كەڭ قورۇ بولۇپ بىدەن چېنىقتۇرىدىغان ھەر خىل تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بار ئىدى. مەھبۇسلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتاپ

ئىسسىنىپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى دامكا، شاھمات ئويناۋاتاتتى. ئاز ساندىكىلىرى قورۇنى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئەمما تۇردى ھەسەن قولىدا كەھرىۋا تۇمار تۇتۇپ، نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈۋاتاتتى. ئۇنى يۈگۈرۈۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، يىرنىمىدىن قورقۇپ قېچىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ تۇمار تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى، قاچاتتى، كىملەردۇر ئۇنى ئۇرۇۋاتقاندەك قوللىرىدا بېشىنى توسۇۋېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى… قوپاتتى، ئارقىغا قاراپ - يەنە قاچاتتى…

— مېنى… مېنى ئۇرماڭلار!… ياق، مەن… مەن ئەمەس … تۇغلۇق مېنىڭ ئوغلۇم تۇرسا ئۇنى ئۇردۇرامدىم… نېمىشقا ئۆلتۈرگۈزگىدەكمەن… مەسئۇد، پەخىرنىسا قولۇڭلاردىكىنى تاشلىۋېتىڭلار!… سىلەرنى… مەن ئەمەس… ھېلىقى بوتۇلكا يىغقۇچى… نەئىمە قىزىم ئۇلارغا دەڭ، مېنى ئۇرمىسۇن!…، ئوماي مەن سىزنى ئىنتىرىۋەتتىممۇ؟، بالام تۇغلۇق! ئىككىمىز بىللە كۆمۈر ساتايلى!… ئۇ «دادا» دېدى… ئۇ «دادا» دېدى! ئاڭلىدىڭلارمۇ ئۇ «دادا» دېدى!!…

خالئاي تۆمۈر توسۇقتا يۈزىنى يېقىپ، ئېسەدەپ، بوغۇلۇپ، تىلىقىپ يىغلىۋەتتى… نۆۋەتچى خادىم ئۇنىڭ دولىسىدىن ئاستا پەپىلەپ، سىرتقا ئېلىپ چىقتى:

— خالئاي خانىم، بۈگۈندىن كېيىن تاماق ئەكەلمەڭ، ئۆتكەنكى تاماقلىرىڭىز سېسىپ كېتىپ تۆكۈۋەتتۇق، — دېدى نۆۋەتچى خادىم، — ئۇ بەربىر يېمەيدۇ. ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىگە بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى.

— ئالتە كۈن بولدى؟ بىرەر ئامالىنى قىلساڭلار بولمامدۇ؟

— ئەكىرىپ بەرگەن تاماقلارنى مىجىقداپ ئوينايدۇ، ياكى تاملارغا سۈۋايدۇ.

— ئاھ خۇدا، قانداقمۇ قىلارمەن؟

— باشقىلار تۇرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى نۆۋەتچى خادىم، — ئەگەر مۇزاكىرىدىن ئۆتۈپ قالسا 4 - دوختۇرخانىغا يۆتكىمەكچى.

— نېمە؟ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا؟ — خالىئاي ئەنسىرەپ قالغانىدى، — ئۇ يەردە پۈتۈنلەي ئەقلىدىن ئازغان ساراڭلار بارمىش، بۇ بىر ياۋاش ئادەم...

— بۇ ئەدلىيە نازارىتى ھەم تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتىدىغان گەپ، — نۆۋەتچى خادىم خالىئاينىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، — ئەگەر يۆتكىگەن تەقدىردىمۇ مەسئۇل خادىملار بار.

تۇردى ھەسەندىن ئەنسىرەپ قويغان - پۈتكىنىنى بىلمەيلا قالغان خالىئاي كۈندە دېگۈدەكلا تاماق ھەم ئالماشتۇرىدىغان كىيىملەرنى ئاپىرىدىغان بولدى، ئەمما ئۇ، تۈرمە خادىملىرىدىن: «ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىگە ئون بىر كۈن بولدى... ئون ئۈچ كۈن بولدى...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. تۇردى ھەسەننىڭ تاماق يېمىگىنىگە ئون يەتتە كۈن بولغاندا دوختۇرلار ئۇنى 4 - دوختۇرخانىغا ئەمەس، بەلكى ئائىلىسىگە يۆتكىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنى سۇسىزلىنىپ، پۈتۈن ئىچكى ئەزالىرى نورمال ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قېلىش خەۋپى تۇغۇلغانىدى.

تۇردى ھەسەننى ئۆيدە بېقىشقا رۇخسەت قىلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەرلىكى ئارام ئالدى!... ئۇ قولغا ئېلىنغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا بىرەر كۈنمۇ ئاسايىشلىق بولمىدى. ئۇ، ئوغۇل پەرزەنت ئارزۇ قىلدىيۇ، لېكىن ئوغلى تۇغۇلۇققا قىلغان ئۆچمەنلىكى، دۈشمەنلىكى، سۈيىقەستى ھەددىدىن ئاشتى. «نازىر ئاتا» دەپ قويغىنىغا ئىچىدە: «سەندەك كۆمۈرچىنىڭ ئاتىسى بولغۇچە ئۆلۈۋالارمىنا...» دېگەن خورلۇق يۈندىسىغا قانائەت قىلماي، «تولا ئاتا - ئاتا دەۋەرمە، ئادەمنىڭ نومۇسىنى

كەلتۈرۈپ…» دەپ تۇغلۇقنى يۇزىدىن ـ يۇزىگىلا ھاقارەت قىلغانىدى. بۇلار يەتمىگەندەك قاۋۇز دېگەن يىرتقۇچ مەخلۇقنى كۈشكۈرتۈپ ئۇرغۇزدى. ئەگەر خالىئاينىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا تۇغلۇق ئاللىقاچان بىر غۇلاچ يەر تېگىدە بىر سىقىم توپىغا ئايلانغان بولاتتى. ئۆيىگە كۆمۈر ئەكىرىپ بەرسە، قىزى بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىپ قويسا، نېمىلەرنى قىلمىدى ھەم دېمىدى؟ ھەتتا مەھەللىگە كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆز ئوغلى بىلەن سودىلاشتى… ئۇنىڭ نىيىتى شۇنچىلىك قارا بولۇپ كەتتىكى، ھەتتا تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ دەريا بويىغا كۆمۈۋېتىش» دېگەن ئەقىلنىمۇ شۇ ئۆگەتتى. ئانىسى تاش ئۇستىگە تۇغقاندەك، ئۇنىڭ باغرى ياشلىقىدىن باشلاپلا قاتتىق ئىدى. مەسئۇد ھەم پەخىرنىسانى ھىيلە ـ مىكىر ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇ دۇنياغا تونۇغۇسىز قىلىپ يولغا سالدى. ئۇمايىنىمۇ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ بولۇپلا، ئۇنى ئۆلۈۋېلىش گىردابىغا ئەكېلىپ تاشلىدى. بولۇپمۇ ئۆزى پىلانلىغان قاتىللىق مەيدانىدا ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆردى! شۇنداقتىمۇ تۇغلۇق ئۇنى «دادا» دەپ چاقىردى. بۇ… بۇ… تۇردى ھەسەن ئۈچۈن يەتتە دوزاخ ئازابىدىن بەتتەر ئېغىر ئازاب بولدى! مۇشۇنداق تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ۋىجدان ئازابى — ھەرقانداق غۇرۇرلۇق ئادەمنى شۇ كۈنلا ھاياتتىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئەسەبىيلىك تەلۋىلىكىدىن قىيپالىڭاچ تالاغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ھېلىمۇ دوزاخ مالائىكلىرى تۇردى ھەسەنگە ھىممەت قوللىرىنى سوزدىمۇ بىلمىدۇق، ئۇ ئۈچ ئاي ياشىيالىدى… ئەشۇ خورلانغانلار، ئازاب چەككەنلەر… يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە قان بولغانلار… ياش ھاياتىدىن بىۋاقىت ئايرىلغانلار… ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمىگەنىدى. مانا ئەمدى بىر تىنىقتىن قېلىۋىدى، ئۇ ئارام ئالدى… بۇ ئارام ئۇنى پانىيدىكى ئەددەسسىز نۇرغۇن ئازابلاردىن قۇتقۇزۇپ قالدى…

خالئاي ئېرىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ، نەزىرلىرىنى بېرىپ بولغۇچە ئارانلا چىدىدى. چۈنكى ئۇ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ھاسىراپ ئارانلا ماڭاتتى. ھېلىمۇ ياخشى گىرىم دۇكىنىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۆھرەتتاي دۇكاندىكى مېھرىنىسا ئىسىملىك بىر قىزنى ئەكېلىپ بەرگەچكە خالئاينىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ، نەئىمەننىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىدى. ئۇ كەلگەن - كەتكەن مېھمانلارنى ئۆز يولدا خېرىدارلىقىنى قىلىپ ئۇزىتاتتى. تاماق ئېتىپ، كىر - قاتلارنى يۇياتتى. ئۆيلەرنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ زادىلا جىم ئولتۇرمايتتى. تېخى خالئاينى ھەپتىدە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلەتتى. دوختۇرلار: «ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇسىز» دېگەنىدى. لېكىن خالئاي ئۈچىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى دوختۇرخانىدا ئوغۇل تۇغدى. بۇ مارتنىڭ بىر سەھىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرى دەل - دەرەخ، تېلېگراف ئىستوللىرى، توك سىملىرى، ئېلان تاختىلىرىدىن تارتىپ ھەممە يەرنى باھار چېچەكلىرىدەك ئاپئاق قىرو باغلاپ كەتكەنىدى.

خالئاي دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئەتىسىلا مەسچىتنىڭ ئاخۇنۇم باشلىق جامائىتىنى ئۆيگە چاقىرىپ قويدى. ئۇلار بامدات نامىزىدىن يېنىپلا خالئاينىڭ كەڭ - ئازادە ئۆيلىرىگە كىرىپ مېھمان بولۇشتى. ئاندىن بوۋاقنىڭ ئىسمىنى «تۇغلۇق» دەپ قويدى. ئاندىن كىچىك تۇغلۇقنى مۇبارەكلەپ چىقىپ كېتىشتى.

تۇغلۇق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاپئاق پاقلان بولۇپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. خۇدا ئۇنىڭ دېھقان دادىسىنى كۆڭلىگە سالغانمۇ نېمە، «دەدە…… دەدە……» دەپ تىلى چىققانىدى. خالئاينىڭ كۆپ ۋاقتى دۇكاندا ئۆتكەچكە، بالىغا مېھرىنىسا قارايتتى. خالئاي بالا تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايازغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا تۇردى ھەسەننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاب خەتمۇ كەلدى. ئاياز يوغان ـ يوغان، ئىرماش ـ چىرماش يازغان خېتىدە:

«خالىئاي، سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلدىمۇ؟ سىزدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. مەن يېنىڭىزدا بولمىغاچقا، خېلى بەك جاپا تارتقانسىز؟ مۇشۇ تۇرقۇمدا قانىتىم بولغان بولسا، بىرلا ئۇچۇپ ئۆيىڭىزنىڭ تۇرخۇنىغا قونسام... ئەڭ ئاۋۋال سىزنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلۇمنى قۇچاقلاپ باغرىمغا باسسام، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بىراق، مەن بارغىنىم بىلەن ئۆرۈمچىلىكلەر مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ خالىئاينى ئىزا ـ نومۇستىن يۈزىنى يەر قىلارمەنمۇ، دېگەن خىياللار مېنىڭ پۇت ـ قولۇمنى باغلاپ قويۇۋاتىدۇ... خالىئاي ئەمرۇللا دادام (مەن هازىر دادا دەيمەن) هەر كۈنى دېگۈدەك: ‹هەي›، ئاياز تۆگە. خالىئاي قىزىمنى قاچاپ ئەكېلىسەن ياكى ئەكەلگىلىك يوقمۇ سەن تۆگىنىڭ...›، دەپ تاپا ـ تەنە قىلىدۇ...، لېكىن مەن: «نازىرنىڭ يىلى توشمىغىچە قانداق كېلەلەيدۇ» دەپ قويدۇم. قانداق سىزچە بوپتىمۇ؟» دەپ يازغانىدى.

مانا ئەمدى تۇغلۇق ئالتە ئايلىق بولغاندا ئانا ـ بالا ئىككىسى رەسىمگە چۈشۈپ، ئىككىنچى قېتىم خەت يازدى. خەتتە ئايازغا بىرمۇنچە مىننەتدارچىلىقنى بىلدۈرگەن خالىئاي تۆزۈت قىلىپ ئۆلتۈرماي: «ئاياز، ئۆرۈمچىگە كېلىپ مېنى تەڭلىكتە قويماڭ، تۆردى نازىرنىڭ يىل نەزىرى بېرىلىپ بولمىغۇچە، مەن غەيرىي خىياللاردا بولسام، يەنە قانداقتۇر ئەرلەرنى قوبۇل قىلسام ئىسلام شەرىئىتىمىزگە مۇخالىپ بولىدۇ. باشقىلارمۇ هەر ئىككىمىزنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تاپىدۇ... شۇڭا سەۋر قىلىڭ. ئوغلىڭىز بىر ياشتىن ئاشقاندا ئۇزۇم ئاپىرىمەن ياكى مېھرىنىسادىن ئەۋەتىمەن، دەپ ئايازنىڭ كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلدى.

تۇرمۇش دېگەن شۇ ئىكەن. ياشاش ئۈچۈن تىنماي پوسۇرلاپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالىدىغان گەپكەن.

مانا چىرايلىق يازلار قاچانلاردا ئۇزاپ كەتتى! ئۈرۈمچىنىڭ كەڭ ئاسفالت يوللىرىدا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ساپسېرىق غازاڭلار قاچانلاردىن بېرى شىرتىلداپ تۆكۈلۈۋاتىدۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. كۈنلەر ھەپتىلەرنى قوغلىشىپ دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ، باغلار يېتىمسىراپ قالدى… يامغۇرلار پات - پاتلا قارغا ئايلىنىپ ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى قوغۇشۇندەك ئېغىر مانانلار قاپلىدى. يامالىق تېغىدىن سۈر بىلەن كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار زىمىستان چىللاپ ئىسقىرىق چالماقتا ئىدى. شۇنداق، كۈنلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە. قېرىلار بۇرادەرلىرىنى ئۇچراتسا ھەسرەت بىلەن: «ھەتتىگىنەي… نېمىدېگەن تېز - ھە؟! ئۆمۈر ئاخشام قاراڭغۇلۇقىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ… تونۇگۈنلا پالانچىنى ئۇزىتىپ قويۇۋىدۇق. بۈگۈن پوكۈنچى كېتىپ قاپتۇ…» دېيىشەتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق ھەقەمسايىلار دىدارلىشىپ: «ۋۇي! ئۆتكەندىلا چاچلىرىڭ قاپقارا تۇراتتى، مانا ئەمدى ئاپئاقلا بولۇپ كېتىپتا…» دېسە، دوستى غەمكىن كۈلۈمسىرەپ: «شۇنىڭغىمۇ ئون يىل بوپقاپتۇ…» دەپ باشلىرىنى چايقىشاتتى. مانا قاراڭ، ياشلارمۇ ئۆكۈنىدىكەن ئەمەسمۇ! «ۋاي، ئانىمەي، چېچىڭىزدا بىر تال ئاق تۇرىدۇ، ئەكېلىڭا يۇلىۋېتەي…» دەيتتى ياش چوكان تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ… ھەي… پەلەك! بۇ ۋاقىت نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغاندۇ؟ خۇددى تورمۇزسىز ماشىنا، يۈگەنسىز ئات، توغانسىز سۇ!… كۆرۈۋاتقانسىز تۇردى ھەسەننىڭ تونۇگۈنلا نامىزى ياڭخاك①مەسچىتىدە چۈشۈرۈلگەندەك قىلىۋېدى، مانا ئەمدى يىل نەزىرى!… تۇغلۇق بولسا ئون ئايلىق بولۇپ قالدى.

تۇردى ھەسەننىڭ يىل نەزىرسى بېرىلگەندىن كېيىن خالىئاينىڭ ئۆيىگە ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار «كۈيئوغۇل»نى سائەتلەپ ماختاپ، تەرىپىنى قىلىپ، بىرسى توختىسا، بىرى گەپنى ئۇلاپ خالىئاينى بىزار قىلماقتا ئىدى.

① ياڭخاك مەسچىتى — يەنئەن يولىدىكى نوغاي مەسچىتى.

ئۇنىڭغا سايە قىلىنىۋاتقان ياكى ئەلچى كىرگۈزۈۋاتقانلار پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، باشلىقلار ياكى شىركەت، كارخانا خوجايىنلىرى بولۇپ بەزىلىرىنىڭ كېلىن ـ نەۋرىلىرىمۇ بار ئىدى. خوتۇنىدىن ئاجراشقان ياكى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن خىزمەتتىكى كادىرلارمۇ خېرىدارلىق قىلىشتى. خالىئاي ئۇلارنىڭ تۆت ـ بەش بالىسىنىڭ بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەمەس، بەلكى ئارىدا ھېچقانداق چۈشىنىش ھەم ياخشى كۆرۈشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن يېقىنمۇ كەلمىدى.

تۇغلۇق بىر ياشتىن ئىككى ئاي ئېشىپ، ئاپئاق چېچەكلەرگە پۈركەنگەن يەنە بىر باھار كەلدى! بۇ كۈنلەردە خالىئاي بالىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى مېھرىنىسانى ئاكىسى يۇرتىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا خالىئاي دۇكانىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى شۆھرەتتايىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆيىنىمۇ تۇردى ھەسەننىڭ ئىدارىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئەلۋەتتە بۇ مەخسۇس قورۇلۇق نازىر دەرىجىلىك ئالىي ئۆيلەردە ئولتۇرۇش خالىئايدەك ئاددىي پۇقرا ئۈچۈن خىجالەتچىلىك پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە توك، سۇ، پار، قوغداش دېگەندەك ئەسلىھەلەر پۇللىرى يۇقىرى بولۇشتىن سىرت، بۇنداق كۆپ ھەم چوڭ ئۆيلەرنى تازىلىماقمۇ تەس ئىدى.

خالىئاي شۆھرەتتايىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تاۋار بىنالاردىن سەكسەن كۋادرات مېتىرلىق ئۆي سېتىۋېلىپ شۇ يەرگە كۆچۈپ باردى. ئۇ ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنسېرى بوستان شەھەر غۇلجىنى، بولۇپمۇ ئېرەن دەريا ساھىللىرىدىكى مىسلى جەننەت داچىنى سېغىنماقتا ئىدى. ئاياز بولسا ئۇنىڭ قەلب سارىيىدىكى بىر سۇلتان ئىدى! بۇ ئاددىي دېھقان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى... ئاپئاق چاك ياقىلىق كۆڭلەك، بىلىدە قارا پوتا... بېشىدا بېغىر رەڭ مانچىستىر دوپپا... قاپقارا يالتىراپ تۇرغان كاپكازچە بۇرۇت... ئىشتان ـ پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا

پېشانىلىرىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلىرىنى يېڭىدىلا سۈرتۈپ، يىراقلارغا تىكىلگەن سىيماسى هامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا... تېخى تۇغۇلۇقىنىڭ «دادامنىڭ قېشىغا ئاپارغىن!» دەپ قىلىدىغان جېدەللىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى. قوپۇپلا ماڭاي دېسە ئاياللىق غۇرۇرى يول قويمايتتى. داچىنى ئايازغا خەت قىلىپ بېرىۋەتكەن تۇرسا: «ئايال خوجايىن بولىمەن» دەپ بارامدۇ؟!... بۇ... بۇ بەكمۇ يۈزسىزلىكقۇ! ئەمما خالئاي بالكوندىن بىنا ئەتراپىدىكى ئاپئاق، هال رەڭ چېچەكلەپ كەتكەن جېنەستە، ئۆرۈك، شاپتۇللارنى كۆرسىلا ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى. ئەنە شۇنداق جۇدالىق پىراقلىرى خالئاينىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى سۇپسۇزۇك ياشلارغا تولدۇرغان بىر كۈنى، بىنا هويلىسىغا كۈمۈش رەڭ پارقىراپ تۇرغان «نىسسان» سىلىق ئايلىنىپ كىرىپ كەلدى هەم ئۇزۇن ئۈتمەي ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپەيلىرىدىن تاقىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى... بۇرۇنلا قېنىشمىغان يۈرەكلەر — يىراقتىنلا بىر ـ بىرىنىڭ سوقۇشلىرىنى، تىنىقلىرىنى، رىتىملىرىنى تونۇدى!!
... هەم بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈپ شىددەت بىلەن دۈپۈلدەپ: «بول ... بول... بول... تېز... تېز...» دەپ ئىگىسىنى ئالدىرىتىپ ئۇرۇۋاتاتتى... ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىققان خالئاي ئىشىكنى ئېچىپلا ۋارقىرىۋەتتى:
— ئاياز!!!...

# خاتىمە

بەش يىل ئۆتتى! ئېرەن دەريا بويلىرى باھار تونىنى سېلىپ، يازلىق يېپىنچىسىنى ئارتتى. ھەممە ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن، باغلاردىن يازلىق ئالمىلارنىڭ ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلىدۇ. دەريانىڭ سالقىن شامىلى قۇلۇپنىك، مالىنا، بۆلجۈرگەن، قارىقاتلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى ئورمانلاردىن ئېلىپ كېلىدۇ. تاغلاردىكى قارىغايلارغا ئۇۋۇلاپ كەتكەن ھەسەل ھەرىلىرى ناگان - ناگاندا ئورمان ئۈستىدىن ئازغان بۇلۇتتەك سۆرۈلۈپ ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ بوش ھەم بوغۇق ئاڭلانغان غوڭۇلداشلىرى نە - نەلەرگە ئاڭلىنىپ، دەريا شاۋقۇنلىرىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەرگە تولغان ئالەمنىڭ مىزانى شۇ ئوخشايدۇ... ئۆلگەنلەر كېتىدىكەن... ئۇنىڭغا پايلىماي يىغا - زار قىلىشىدىكەنمىز... گويا ئۇلار بىلەن بىللە كېتىدىغاندەك ئاھ - پىغانلىرىمىز پەلەككە يېتىدىكەن... بىراق رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ زورلۇق كۈچىدىن بارا - بارا ئۇنتۇيدىكەنمىز ... ھەم ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ كېتىدىكەنمىز... قاراڭ! مانا مۇشۇ يەردە تۇغلۇق، نەئىمە، قاۋۇز، نىزام (تاقىر باش) لار بىر زامانلاردا قانلىق ئېلىشىپ بىر - بىرىنىڭ جانلىرىنى قىيىشقان دېسەك كىممۇ ئىشىنەر؟ ئۇ يەرلەر ھازىر تونۇغۇسىز بۈك ئورمان ھەم گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن! قاراڭ، تۇغلۇق، نەئىمەلەرنىڭ مۇبارەك ئىزلىرى چۈشۈپ، ئىسسىق نەپەسلىرى تارقالغان مۇنۇ داچىنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟ ئۇ ھازىر راسا قىيامىغا يېتىپتۇ! يەنە بىر زامانلار ئۆتسە بۇلارمۇ غازاڭلىق دەۋرىگە قەدەم ئالىدۇ... شۇڭا ئەتراپتىكى گۈل - گىياھلار: «ھېچكىم بۇ دۇنيادا ئەبەدىي قالماس!» دەپ بىزگە بىشارەت

بەرگەندەك قىلسا، گۈل ئىشقىدا پەرۋانە بۇلبۇل: «ئۆمۈر ئۆتۈپ بارىدۇ، ھەر پۇرسەتنى تۇت…» دېگەندەك ئاھ ـ نالە قىلىدۇ… ئاڭلاڭ! خوراز چېغىدا ھەر تاڭدا ئويغىنىپ: «ئۆمرۈڭدىن تۈن ئۆتتى، ئۆزۈڭ بىخەۋەر…» دەپ ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن بىر تۈن ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ماتەمزادە بولىدۇ… بولدىلا، قايغۇلۇق ئويلىرىمىزنى توختىتايلى! بۇ ھەقتە ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرىنىڭ پىغانلىق نىدالىرى ئازمىدى؟!… ئەڭ ياخشىسى مۇنۇ جەننەتسىمان باغى ئېرەم — داچىغا كىرىپ باقايلى… پاھ! ئەجەبمۇ جانغا راھەت چاھارباغ ئىكەنا بۇ! ئاۋۇ گۈللەر ئارىسىدا قوغلىشىپ ئويناۋاتقان بىر جۈپ قىز ـ ئوغۇل كىمنىڭ بالىلىرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ پاكىز، رەتلىكلىكىنى كۆرۈڭ… نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆسكەن بالىلار ـ ھە! ئۇلار رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن نادىر ـ ئەتىۋارلىق گۈللەر ئارىسىدا كېپىنەك قوغلىشىپ، پېشانە ـ يۈزلىرى ئۈنچىدەك تەرلەپ كېتىپتۇ…

— تۇغلۇق ئاكا، — دېدى تۆت ياشلاردىكى ئاق يۈزلۈك پومپىلاق قىز، — مەن ئاپام بىلەن دادامنىڭ قېشىغا بارىمەن…

— ئاپام بىلەن دادام داچىنىڭ ئارقا تەرىپىدە قوناق، كاۋىلارنى ئوغۇتلاۋاتىدۇ، — دېدى ئالتە ياشلاردىن ئاشقان ئوغۇل بالا، — ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ قورسىقىڭ ئاچقان بولسا، مەن ساڭا ئالما ئۈزۈپ بېرەي.

— ياق، ئۇسساپ كەتتىم، ئاپام بىلەن دادامنىڭ قېشىدا مۇزدەك چاي بار.

— نەئىمە ئۇكام، ئەمىسە مەن بوۋامنىڭ قېشىغا كەتتىم…

تۆت ياشلىق نەئىمە گۈللۈكلەر ئارا يۈگۈرۈپ كەتتى. تۇغلۇقمۇ يۈگۈرگەن پېتى تال بوستان تەرەپتىكى يول بىلەن غايىب بولدى.

«يېشىل كارىدور» دەپ ئاتالغان تال بوستان راسا يېتىلگەن بولۇپ، تېخى چېكىلمىگەن كاللەك ـ كاللەك ساپ ئۈزۈملەر سانجاق ـ سانجاق ئېسىلىپ تۇراتتى. بىر زامانلاردىكى سۇ ئۈزۈش كۆلى تىندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تىكىۋەتكەن ئانار كۆچەتلىرى بولاقا كىرگەنىدى. ئانارلىق ئەتراپىدىكى بۇرۇنقى جىنەستىلىك بىرتۇتاش شاخاراپ كەتكەچكە ئاستىغا ئالىقاندەكمۇ كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. نەئىمە داۋاملىق كىتاب ئوقۇيدىغان ئېگىز راۋاق ھېلىمۇ بار بولۇپ، بىر بوۋاي باغنىڭ ھۆسنى كامالىغا، مىڭلىغان پانۇسلاردەك ئېسىلىپ تۇرغان قىپقىزىل ئانارلارغا، جىنەستىلىككە ھۆسن قوشقان يېشىل شادا ئورۇندۇقلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئاپئاق بومبا ساقاللىرى مەيدىسىگە يېيىلىپ تۇرغان، پاخما قاشلىرى ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىدەك چوڭ كۆزلىرىنى يېرىم يېپىۋالغان بۇ تەمبەل بوۋاي ئەمرۇللا تەمبۇر بولۇپ، تۇغلۇق، نەئىمەلەر قازا قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى ئاياز ئەكېلىۋالغانىدى. ئۇ ھازىر خالىداينىڭ ئاسرىشى، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلاندۇرۇشى، دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇشى بىلەن بارغانسېرى تىمەنلىشىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى پاراغەتتە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بەزىدە ئۇ: «خالىداي قىزىم، مېنى ئۆيلەيدىغان يىگىتتەك ئارى كۈندە بىر ياساپ قويىسىز، ئۇنداق قىلسىڭىز مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېسە، خالىداي: «دادا، سىلىنى ھەمراھلىق قىلىپ قوياي دەيمەن» دەپ چاقچاق قىلاتتى. ئەمرۇللا بوۋاي ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىيپاپ كۈلۈپ كېتەتتى. راست، ئەمرۇللا بوۋاينى ھېچكىم سەكسەن ياشقا كىردى دېمەيتتى. ئۇ سەھەرلىكى تۇرۇپ گۈللۈك ئىچىگە كىرىۋېلىپ گۈلنىڭ ھارام شۇڭلىرىنى ئالاتتى. كۆكتاتلىققا كىرىۋېلىپ ئوتياشلارنى ئوتايتتى. ئاياز ياكى خالىداي: «ئۇزۇلۇپ قالىدىلا، دادا» دېسە، «ھوي، سىلەر مېنى زېرىكىپ ئۆلسۇن دەمسىلەر ـ ھە؟!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. مانا ياز كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ تەمبۇرى

راۋاق ئىچىگە ئېسقلىق تۇرىدۇ. ئۇ زېرىكسە - تېرىكسە تەمبۇرنى چېرتىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. ئىككى نەۋرىسى: «بوۋا تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ!» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بوۋاي ئۇچۇن تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىش، ھېكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىش كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ كۆمۈرچى بالا ھەققىدە تالاي - تالاي ۋەقەلەرنى سۆزلىسە پەقەتلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. نەۋرىسى تۇغلۇق بوۋىسىغا قەۋەتلا ئامراق. بوۋايمۇ ئۇنى بىردەم كۆرمىسە: «تۇغلۇق، قېنى سەن؟»، «تۇغلۇق بالام، ئۇنداق مۆكۈۋالما!»، «تۇغلۇق، ھاسامنى تېپىپ بەر...» دەپ ئاغزىدىن تۇغلۇق دېگەن سۆز ئانار دانىچىلىرىدەك تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ بىرنېمىسىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك ئەتراپقا تەلمۈرمەكتە ئىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك تەرلەپ - ھاسىراپ كەتكەن تۇغلۇق راۋاققا يۈگۈرۈپ كىرگەنچە بوۋاينىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالدى.

— بوۋا، بوۋا، نەئىمە ئىككىمىز كېپىنەك تۇتۇۋالغان ئىدۇق. لېكىن ئۇ ماڭقىسىنى قولىمىزغا سۇۋاپ قويۇپ قېچىپ كەتتى.

— بەللى، تۇغلۇق بالام، كېپىنەكنىڭ ماڭقىسى بولمايدۇ. ئەمما قانات ھەم بەدەنلىرىدە بىر خىل ئاق توزۇندا بولىدۇ، شۇ نەرسە قولغا يۇقۇپ قالىدۇ، — بوۋاي ساقاللىرىنى سىيپىدى، — ئەمما جان - جانىۋارلارنى تۇتماڭلار، يامان بولىدۇ.

— نېمىشقا يامان بولىدۇ، بوۋا؟

— ئۇلارمۇ خۇدا ياراتقان بىر جانلىق، بالام، يازنىڭ يېزىدا ئۇلارمۇ ئوينىسۇن - يايرىسۇن.

— ئۇكام نەئىمە ئىككىمىزدەكما؟

— ھەببەللى، — بوۋاي تۇغلۇقنىڭ يۈزلىرىنى سىيلى-

دى،— مېنىڭ تۇغلۇق بالام ئەقىللىق.
— بوۋا، ئېچىشكىنە.
— يەنە شۇ ساقىلىمنى سىيپايدىغانسەن؟ ماقۇل بالام، ماقۇل، — بوۋاي سەل ئېچىشتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «توۋا، تۇغلۇقمۇ كىچىك چاغلىرىدا ساقىلىمنى سىيپاشقا ئامراق ئىدى. خۇدايىم ‹كۆمۈرچى بالاڭنى قايتۇرۇپ بەردىم› دېگەندەك بۇ بالىنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ قويغىنىنى قارا…» دېگەن ئوي كېزىپ ئۆتتى.
— بالام تۇغلۇق، ئاپاڭ بىلەن داداڭ بۇگۇن يەنە باغنىڭ ئارقىسىدا ئىشلەۋاتامدۇ؟
— ھەئە، بوۋا! كاۋا، قوناق، پۇرچاقلارغا ئوغۇت بېرىۋاتىدۇ.
— قارا ماۋۇ تۆگىنى، ئېغىر ئاياغ ئايالنى ئېتىزدا ئىشلىتىۋاتقىنىنى!
— ئاپام ئۆزى ئۇنىمىسا.
— ھەي… پەلەك، كۆڭلىگە دېھقانىنىڭ ئىشتىياقىنى سالغان مەزلۇم!
— بوۋا، جېنىم بوۋا، — دېدى تۇغلۇق راۋاق تۈۋرۈكىدە ئېسىقلىق تۇرغان تەمبۇرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، — تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرە!
— بالام، قايسىسىنى ئېيتىپ بېرەي، — بوۋاي سەل تۇرۇۋالدى، — «كەپتىرىم» نى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟
— ياق، بوۋا، ئۇنى ئېيتساڭ يىغلىغۇم كېلىپ كېتىدىكەن.
— ئەمىسە «ئاق ئوغلاق» چۇ؟
— ئۇمۇ بولمايدۇ، ئۇ بىچارە ئىگىسىنىڭ پىچىقىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتسە، قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئادەم ئاق ئوغلاقنى قانغا بويايدىكەن… ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم، بوۋا.
— ئەمىسە قايسىسىنى ئېيتىپ بېرەي، بالام؟

— كۆمۈرچى بالا!...

— ئۇ ناخشىنى تۈنۈگۈن كەچتە، بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ئاڭلىدىڭغۇ!

— مەيلى، يەنە شۇ كۆمۈرچى بالىنى ئاڭلىغۇم بار.

— نېمىشقا؟

— مەنمۇ چوڭ بولسام كۆمۈرچى بالا بولىمەن.

— يوق يېمە، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم كۆمۈرچى بالا بولىدۇ.

— ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسكى ئىكەن بوۋا. كۆمۈرچى بالا بىچارىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىكەن.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ توغرا، بالام.

بوۋاي تەمبۇرنى سازلىدى. تۇغلۇق بوۋىسىنىڭ تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى قويۇپ، ئالىقانلىرىدا ئېڭەك تىرىگىنىچە بوۋىسىغا تەلمۈردى. «كۆمۈرچى بالا»نىڭ پائۇزىسى ئاستا ـ ئاستا يېنىك كۈچىنىشلەر بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ مۇڭلۇق كۈي باغ ئۇستىدىن لەرزان ئايلىنىپ داچىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كاۋا مايسىلىرىنى ئوغۇتلاۋاتقان ئاياز بىلەن خالىئاينى ئىشلىرىدىن توختاتتى. گۈللۈكلەر ئارىسىدا گۈل ھەرىسى قوغلاپ يۈرگەن نەئىمەمۇ: «بوۋام كۆمۈرچى بالىنى ئېيتىۋاتىدۇ» دەپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىشتان پۇچاقلىرى تۈرۈلگەن ئاياز كەتمىنىنى قويۇپ، تەمبۇر مۇڭىغا قۇلاق سالدى. ئاندىن قورسىقى ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئايالىغا زوقى بىلەن قارىدى. خالىئاي بىر چاغلاردا ئايسىمەگە زوقلىنىپ «دېھقان ئايالى بولۇپ كەتسەمچۇ؟» دېگەن ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قىستۇرۇۋالغان، قولىدا ئوغۇت سېۋىتى تۇتقان ھالدا ناخشا مۇڭى كېلىۋاتقان راۋاق تەرەپكە قارىدى.

— ئاياز، ئەمرۇللا دادام كۆمۈرچى بالىنى كۆپ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. بالىلار كۆڭلىگە كەلگۈدەك ئىش قىلىپ

قويمىغاندۇ ـ ھە؟
— سەزدىڭىزمۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئوغلىڭىز تۇغلۇق — بوۋايدىن بىرەر قەدەممۇ نېرى بولالمايدۇ··· بوۋايمۇ ئۇنىڭدىن··· ، — ئاياز چوڭقۇر تىندى، — مېنىڭچە تۇغلۇقنىڭ سىياقىدىن، گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن ئوغلىنىڭ بالىلىق ۋاقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالسا كېرەك···
— ئاھ، ئۇنتۇلغۇسىز قانلىق پاجىئە! !···
ئاياز بىردىنلا مۇڭلىنىپ قالغان ئايالىنى باغرىغا باستى···
— ئاڭلاڭ خالئاي! ··· نېمىدېگەن مىسكىن ـ ھە؟ !
······

كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
ئۆزۈڭدەك كۆمۈرچى دوستلىرىڭ تولا.
خېرىدار ئىزدەيسەن كۆمۈرلىرىڭگە،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن يۈرىكىم يارا···

كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
قەلبىڭدە يۈلتۈزدەك دەردلىرىڭ تولا.
چىرايىڭ كۆرۈنەر شۇنچە پەرىشان،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن يۈرىكىم يارا···

*

كۆمۈردەك قاپقارا كۆمۈرچى بالا،
ساددىسەن سەھرادەك، ساۋاتىڭ چالا.
تىلەيمەن بەختىڭنى دۇئالىرىمدا،
سەن ئۈچۈن يىغلايمەن كۆمۈرچى بالا! ···

**图书在版编目(CIP)数据**

卖煤的孩子/加拉里丁·拜克拉木著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2005.7
ISBN 7—5371—5260—8

Ⅰ.卖… Ⅱ.加… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 055181 号

责任编辑：**尼加提·穆合力斯**
责任校对：**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**阿里甫·夏**

**卖煤的孩子**（维吾尔文）
（长篇小说）
**加拉里丁·拜克拉木 著**

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 15.625 印张
2005 年 7 月第 1 版 2005 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—6000

---

ISBN7—5371—5260—8 定价：25.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# كۆمۈچى بالا

ISBN 7-5371-5260-8

9 787537 152600 >

ISBN7-5371-5260-8

(民文) 定价:25.00 元